# ھەدىسلەر توپلىمى

## (جەمئۇلفەۋائىد)

## جمع الفوائد من جامع الأصول ومجمع الزوائد


مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان مەغرىبىي

**محمد بن سليمان المغربي**


**10 ـ جىلد**

(6073 ـ ھەدىستىن 6700 ـ ھەدىسكىچە)


سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

**2010**

ئالاقىلىشىش ئادرېسى

**Ördek Kasap Mah. Millet Cad Gülşen Apt. No: 108 D:5**
**Çapa Fatih / İstanbul / Türkiye.**
**Tel: +90-212-523 28 77**
**Fax: +90-212-523 28 76**

# ھەدىسلەر توپلىمى

## (جەمئۇلفەۋائىد)

**جمع الفوائد من جامع الأصول ومجمع الزوائد**

مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان مەغرىبىي

**محمد بن سليمان المغربي**

بۇ كىتاب تۆۋەندىكى مەشھۇر 15 ھەدىس كىتابىدىن ئېلىنغان:

1 ـ سەھىھۇلبۇخارى
2 ـ سەھىھ مۇسلىم
3 ـ سۇنەنى تىرمىزى
4 ـ سۇنەنى ئەبۇ داۋۇد
5 ـ سۇنەنى نەسائى
6 ـ سۇنەنى ئىبنى ماجە
7 ـ مۇۋەتتەئۇ مالىك
8 ـ سۇنەنى دارىمى
9 ـ مۇسنەدى ئەھمەد
10 ـ تەبەرانى: «ئەلكەبىر»
11 ـ تەبەرانى: «ئەلئەۋسەت»
12 ـ تەبەرانى: «ئەسسەغىر»
13 ـ مۇسنەدى ئەبۇ يەئلا مەۋسىلى
14 ـ مۇسنەدى بەززار
15 ـ زەۋائىدۇ رەزىن

# جمع الفوائد
# من جامع الأصول ومجمع الزوائد

1 ـ صحيح البخاري
2 ـ صحيح مسلم
3 ـ سنن الترمذي
4 ـ سنن النسائي
5 ـ سنن أبي داود
6 ـ سنن ابن ماجة
7 ـ موطأ مالك
8 ـ سنن الدارمي
9 ـ مسند أحمد
10 ـ معجم الطبراني الكبير
11 ـ معجم الطبراني الأوسط
12 ـ معجم الطبراني الصغير
13 ـ مسند أبي يعلى الموصلي
14 ـ مسند البزار
15ـ زوائد رزين

للإمام محمد بن سليمان المغربي
المتوفى سنة 1094 هـ

تحقيق وتخريج أبو علي سليمان بن دريع

# ھەدىسلەر توپلىمى

## (جەمئۇلفەۋائىد)

| | |
|---|---|
| مۇئەللىپ: | مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان مەغرىبىي |
| تەشكىللىگۈچى: | دوكتور/ ئالىمجان ئاتائۇللاھ (بۇغدا) |
| تەرجىمە قىلغۇچى: | سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى تەرجىمە بۆلۈمى |
| تەرجىمە تەھرىرى: | ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم (تەكلىماكان) |
| | ئابدۇلخالىق ئابدۇلباقى (ئۇيغۇر) |
| | مۆمىنجان سىدىق |

| | |
|---|---|
| مۇھەررىرى: | سابىرجان |
| بەتچىك: | ئا. روزى توختى |


سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى
2010

# جمع الفوائد

## من جامع الأصول ومجمع الزوائد

**للإمام محمد بن سليمان المغربي**

| | |
|---|---|
| ترجمه إلى اللغة الأيغورية: | قسم الترجمة بدار ستوق بوغراخان للطباعة والنشر والتوزيع |
| المشرف على الترجمة: | الدكتور/ عالـان عطاء الله (بوغدا) |
| هيئة المراجعة والتصحيح: | الشيخ عبد الحكيمخان مخدوم (تكلماكان) |
| | عبد الخالق عبد الباقي |
| | مؤمنجان صديق |
| المحرر: | صابرجان |
| الصف والتنضيد: | عبدالقادر روزي توختي |

دار ستوق بوغراخان للطباعة والنشر والتوزيع

2010

# بۇ كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ھەدىس ئاتالغۇلىرىغا قىسقىچە چۈشەنچە

**سەنەد** ــ ھەدىسشۇناستىن تاكى ھەدىسنىڭ تېكىستىگە تۇتاشقۇچە ئارىلىقتىكى راۋىيلار زەنجىرى «سەنەد» دېيىلىدۇ.

**سەھىھ** ـ بىرىنچىدىن، سەنەدى مۇتتەسىل (بىر ـ بىرىگە ئىزچىل تۇتاشقان) بولغان، يەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تاكى ھەدىسشۇناسقىچە بولغان سەنەد زەنجىرىنىڭ ھەممىسىدىكى راۋىي مەزكۇر ھەدىسنى ئۆزىدىن بۇرۇنقى راۋىيدىن بىۋاستە ئالغان؛ ئىككىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى ھەدىسنى پىششىق ياد ئېلىش ياكى يېزىپ قالدۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان؛ تۆتىنچىدىن، ھەدىس شاز بولمىغان، يەنى ئىشەنچلىك بىر راۋىينىڭ ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىكرەك يەنە بىر ياكى بىر قانچە راۋىينىڭ ھەدىسىگە زىت بولمىغان؛ بەشىنچىدىن، ھەدىسنىڭ سەھىھلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىللەت (قۇسۇر) بولمىغان (يەنى مەزكۇر بەش شەرت تېپىلغان) ھەدىس «سەھىھ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**ھەسەن** ـ سەھىھ ھەدىسنىڭ بارلىق شەرتلىرى تېپىلغان، پەقەت ئۈچىنچى شەرت ھېسابلانغان ”پىششىق ياد ئېلىش قابىلىيىتى“ بىر ئاز تۆۋەن بولغان راۋىي تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «ھەسەن» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**سەھىھ ۋە ھەسەن** ـ ئەگەر ھەدىس ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بولسا، مەزكۇر ھەدىس بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن سەھىھ، يەنە بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن ھەسەن دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق ھەدىس بىرلا ۋاقىتتا «سەھىھ ۋە ھەسەن» دېيىلىدۇ. ناۋادا ھەدىسنىڭ سەنەدى بىر بولسا، مۇنداق ھەدىس بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن «سەھىھ»، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن «ھەسەن» دەپ قارالغان دېگەنلىك بولىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**زەئىپ** ـ ھەسەن ھەدىسنىڭ شەرتلىرىدىن بىرەرسى تېپىلماي قېلىپ، ھەسەن دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن ھەرقانداق ھەدىس «زەئىپ» دېيىلىدۇ. زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ دەرىجىلىرى سەنەدتىكى بىرەر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىينىڭ شەرتكە تولۇق لايىق بولماسلىقىغا ئەگىشىپ پەرقلىق بولىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس ئىنتايىن زەئىپ بولمىسا، بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مەلۇم شەرت ئاستىدا ئەمەل قىلىشقا بولىدۇ. تەپسىلاتى ئۈچۈن «ھەدىس ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن تېمىغا مۇراجىئەت قىلىڭ).

**ئىنتايىن زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە ياكى تېكىستىدە ئۇنىڭ زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**سەنەدى سەھىھ** ـ ئەسلىدە بىر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن بولسا، سەھىھ ھەدىسنىڭ ئالدىنقى ئۈچ شەرتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىنغانلىقىنى، لېكىن ئاخىرقى ئىككى شەرتنى ئىسپاتلاشقا كاپالەتلىك قىلالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق ھەدىس تەتقىقات ئىلمىدە تونۇلغان بىرەر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن، ئەمما مۇنداق دېيىشنىڭ ئىللىتىنى بايان قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا مەزكۇر ھەدىسنىڭ تېكىستىمۇ سەھىھ بولغان بولىدۇ.

**سەنەدى ھەسەن** ـ سەنەدى سەھىھ ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشمايدىغان، پەقەت ھەسەن ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشىدىغان ھەدىس «سەنەدى ھەسەن» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرەر ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**مۇئەللەق** ـ ھەدىسشۇناستىن تاكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق سەنەد ياكى ساھابىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق سەنەد ۋەياكى تابىئىنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق سەنەد كۆتۈرۈۋېتىلىپ رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «مۇئەللەق» دېيىلىدۇ.

(ئەسلىدە بۇ تۇردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما «بۇخارى» ۋە «مۇسلىم»دا كەلگەن مۇئەللەق ھەدىسلەردە: ”دېدى... ئېيتتى...“ دېگەندەك كەسكىن لەۋزى بىلەن كەلسە، سەھىھ ھەدىسنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ”دېيىلدى... ئېيتىلدى...“ دېگەندەك ئېھتىماللىق لەۋزى بىلەن كەلسە، ئۇنداق ھەدىس تەكشۈرۈلۈپ، ئاندىن باھا بېرىلىدۇ).

**مۇرسەل** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە تابىئىندىن ئىلگىرىكى كىشى (يەنى ساھابە) چۈشۈپ قالغان، يەنى بىرەر تابىئىن مەزكۇر ھەدىسنى: ”پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن... دېگىنىچە ئۆزى بىۋاستە باشلاپ كەتكەن بولسا، مۇنداق ھەدىس «مۇرسەل» دېيىلىدۇ (ئەسلىدە بۇ تۇردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما بەزى شەرتلەر ئاستىدا ئەمەل قىلىنىدىغان مۇرسەل ھەدىسلەرمۇ بار).

**مۇئزەل** ـ سەنەدتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشۈپ قالغان ھەدىس «مۇئزەل» دېيىلىدۇ (بۇ تۇردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇنقەتىئ** ـ سەنەد مەيلى بېشىدىن ياكى ئوتتۇرىسىدىن ۋەياكى ئاخىرىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۈزۈلۈپ قالسا، يەنى ئارىدىن بىرەر راۋىي چۈشۈپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنقەتىئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۇردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇدەللەس** ـ سەنەدتىكى بىرەر ئەيىبنىڭ يوشۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ (سەنەدنىڭ) تاشقى ھالىتىنىڭ چىرايلىق كۆرسىتىلىشى «مۇدەللەس» دېيىلىدۇ (بۇ تۇردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مەترۇك** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە يالغان ئېيتقانلىقى بايقالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مەترۇك» دېيىلىدۇ (بۇ تۇردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇنكەر** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە كۆپ خاتالاشقان ياكى بىپەرۋالىق قىلغان ۋەياكى پاسىقلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنكەر» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەدىسى زەئىپ بىرىنىڭ رىۋايىتى ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايىتىگە زىت بولۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىسى «مۇنكەر» دېيىلىدۇ (بۇ تۇردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇزتەرىب** - بىر - بىرىدىن پەرقلىق بىرقانچە شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان، ئەمما دەرىجە كۈچى جەھەتتە ھەممە شەكلى تەڭلىشىپ قالىدىغان، لېكىن مەزمۇنى بىر - بىرىگە زىت بولغان، قايسىسىنىڭ قايسىسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان ھەدىس «مۇزتەرىب» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسنى تەكشۈرۈپ، بىر رىۋايەتنىڭ يەنە بىرىدىن كۈچلۈك ياكى ساغلام ئىكەنلىكى بىلىنسە ئەمەل قىلىنىدۇ، بولمىسا ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**شاز** - ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىك بىرىنىڭ ھەدىسىگە زىت بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «شاز» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**قۇددۇسىي** ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرۋەردىگارى الله تائالادىن بىزگە رىۋايەت قىلىپ بەرگەن، لەۋزى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، مەنىسى الله تائالاغا ئائىت بولغان ھەدىس «قۇددۇسىي» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەرفۇئ** - پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئائىت سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەت ياكى ماقۇللۇق ۋەياكى بىرەر سۈپەت تەسۋىرلەنگەن ھەدىس «مەرفۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەۋقۇف** - بىرەر ساھابىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت ۋەياكى ماقۇللۇق تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەۋقۇف» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەرمۇ ھەدىسكە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەقتۇئ** - بىرەر تابىئىنگە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەقتۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەر ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مۇتتەسىل** - سەنەدى مەرفۇئ ياكى مەۋقۇف ھالەتتە تۇتاشقان ھەدىس «مۇتتەسىل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار ھەدىس ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز پەقەت ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بىلىشۋېلىشىغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە ۋە ئاتالغۇلارنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. كىتابخانلىرىمىزنىڭ ھەر بىر ھەدىسنى ئوقۇش جەريانىدا، شۇ ھەدىسكە بېرىلگەن باھانىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىنى ۋە شۇنىڭغا قارىتا پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. الله تائالادىن بۇ كىتابنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن پايدىلىق قىلىپ بېرىشىنى چىن دىلىمىزدىن تىلەيمىز.

2010 - يىل
ئىستانبۇل

# جىھاد بۆلۈمى

## چېگرا قوغداش (پوستا تۇرۇش) ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى

6073 - عَنْ أَبِي صَالِحٍ مَوْلَى عُثْمَانَ قَالَ سَمِعْتُ عُثْمَانَ وَهُوَ عَلَى الْمِنْبَرِ يَقُولُ إِنِّي كَتَمْتُكُمْ حَدِيثًا سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَرَاهِيَةَ تَفَرُّقِكُمْ عَنِّي ثُمَّ بَدَا لِي أَنْ أُحَدِّثَكُمُوهُ لِيَخْتَارَ امْرُؤٌ لِنَفْسِهِ مَا بَدَا لَهُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ رِبَاطُ يَوْمٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ يَوْمٍ فِيمَا سِوَاهُ مِنَ الْمَنَازِلِ.

6073 ـ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ سالىھ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: مەن سىلەرنىڭ ئەتراپىمدىن يىراقلىشىپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرەپ، بۇگۈنگە قەدەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى يوشۇرۇپ كەلگەنىدىم. كېيىن ھەركىم ئۆزى ئۆچۈن مۇناسىپ بولغان ئىشنى قىلار دېگەن مەقسەتتە ئۇنى سىلەرگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولدۇم. مەن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «الله يولىدا بىر كۈن پوستا تۇرۇش باشقا يەرلەردە مىڭ كۈن پوستا تۇرۇشتىن ياخشىدۇر»[1].

(تىرمىزى: 1667)

---

[1] ئەلبانى (1361): ھەسەن، ـ دېگەن.

6074 - عن سَلْمَانَ الْفَارِسِيِّ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ رِبَاطُ يَوْمٍ فِي سَبِيلِ اللهِ أَفْضَلُ وَرُبَمَا قَالَ خَيْرٌ مِنْ صِيَامِ شَهْرٍ وَقِيَامِهِ وَمَنْ مَاتَ فِيهِ وُقِيَ فِتْنَةَ الْقَبْرِ وَنُميَ لَهُ عَمَلُهُ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ.

6074 ـ سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«الله يولىدا بىر كۈن پوستا تۇرۇش بىر ئايغىچە كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرغاندىن ياخشىدۇر. كىمكى پوستا تۇرىۋېتىپ ئۆلسە، قەبرە پىتنىسىدىن ساقلىنىدۇ. پوستا تۇرغان ئەمەلىنىڭ ساۋابى قىيامەت كۈنىگىچە كۆپىيىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 1665)

6075 - عن أبى الدرداء عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال رباط شهر خير من صيام دهر ومن مات مرابطا في سبيل الله أمن من الفزع الاكبر وغدى عليه برزقه وريح من الجنة ويجرى عليه أجر المرابط حتى يبعثه الله عز وجل.

6075 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئاي پوستا تۇرۇش ئۆمۈر بويى روزا تۇتۇشتىن ياخشىدۇر. كىمكى الله يولىدا پوستا تۇرغان ھالدا ئۆلسە، قىيامەت كۈنىدىكى ناھايىتى چوڭ قورقۇنچتىن ئامان قالىدۇ، رىزىق بىلەن غىزالىنىپ تۇرىدۇ، جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇرايدۇ. الله تائالا ئۇنى تىرىلدۈرگەنگە قەدەر ئۇنىڭ ساۋاب دەپتىرىگە مۇجاھىدنىڭ ئەجرى يېزىلىپ تۇرىدۇ»[②].

(«ئەلكەبىر»)

---

[①] ئەلبانى (1361): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (9504): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6076 - عن أنس بن مالك عن رسول الله صلى الله عليه وسلم أنه قال من حرس ليلة على ساحل البحر كان أفضل من عبادته في أهله ألف سنة.

6076 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىراۋنىڭ دېڭىز بويىدا بىر كېچە پوستا تۇرۇشى، ئۆيىدە مىڭ يىل ئىبادەت قىلغىنىدىن ياخشىدۇر»[1].

(مەۋسىلى: 4283)

6077 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ الساعِدِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ رِبَاطُ يَوْمٍ فِي سَبِيلِ اللهِ خَيْرٌ مِنْ الدنْيَا وَمَا عَلَيْهَا وَمَوْضِعُ سَوْطِ أَحَدِكُمْ مِنْ الْجَنةِ خَيْرٌ مِنْ الدنْيَا وَمَا عَلَيْهَا وَالروْحَةُ يَرُوحُهَا الْعَبْدُ فِي سَبِيلِ اللهِ أَوْ الْغَدْوَةُ خَيْرٌ مِنْ الدنْيَا وَمَا عَلَيْهَا.

6077 ـ سەھل ئىبنى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله يولىدا بىر كۈن پوستا تۇرۇش دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. بىرىڭلارنىڭ (جىھادتا ئات چاپتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن) قامچىسىنىڭ جەننەتتىكى ئورنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. الله يولىدا ئەتىگەن ـ ئاخشام يۈرۈش قىلغان بەندىنىڭ يۈرۈشى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر».

(بۇخارى: 2892)

[1] ھەيسەمى (9497): بۇ ھەدىستىكى «دېڭىز بويىدا» دېگەن جۈملىدىن باشقا قىسمىنى ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلغان. بۇنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەئىد ئىبنى خالىد ئىبنى ئەبۇ تەۋىل قۇرەشى ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپتۇر. گەرچە ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، «زەئىپلەر» ناملىق كىتابتا: ”ئۇنىڭ ھەدىسىنى دەلىل قىلىشقا بولمايدۇ“ دەپ بايان قىلغان، ـ دېگەن.

6078 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ السَّاعِدِيِّ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ غَدْوَةٌ أَوْ رَوْحَةٌ فِي سَبِيلِ اللَّهِ خَيْرٌ مِنْ الدُّنْيَا وَمَا فِيهَا.

6078 ـ سەھل ئىبنى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله يولىدا ئەتىگەن ــ ئاخشام يۈرۈش قىلىش دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر».

(مۇسلىم: 1882)

6079 - عَنْ عَبْدِ اللَّهِ هُوَ ابْنُ عَمْرٍو عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ قَفْلَةٌ كَغَزْوَةٍ.

6079 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(غازىنىڭ ئائىلىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ياكى جەڭ ئاخىرلىشىپ ئۆيىگە) قايتىش ئۈچۈن ماڭغان قەدىمىگە غازاتتا تۇرغانغا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2487)

6080 - عن سَهْلٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ أَمَرَ أَصْحَابَهُ بِالْغَزْوِ وَأَنَّ رَجُلًا تَخَلَّفَ وَقَالَ لِأَهْلِهِ أَتَخَلَّفُ حَتَّى أُصَلِّيَ مَعَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الظُّهْرَ ثُمَّ أُسَلِّمَ عَلَيْهِ وَأُوَدِّعَهُ فَيَدْعُوَ لِي بِدَعْوَةٍ تَكُونُ شَافِعَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَلَمَّا صَلَّى النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَقْبَلَ الرَّجُلُ مُسَلِّمًا عَلَيْهِ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَتَدْرِي بِكَمْ سَبَقَكَ أَصْحَابُكَ قَالَ نَعَمْ سَبَقُونِي بِغَدْوَتِهِمْ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَقَدْ سَبَقُوكَ بِأَبْعَدِ مَا بَيْنَ الْمَشْرِقَيْنِ وَالْمَغْرِبَيْنِ فِي الْفَضِيلَةِ.

6080 ـ سەھلنىڭ دادىسى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىنى غازاتقا بۇيرۇدى. بىر ئادەم سەبداشلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە:

---

[1] ئەلبانى (2173): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ مەن پېشىن نامىزىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئوقۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىش ۋە ئۇنىڭ ماڭا قىيامەت كۈنى شاپائەتچى بولىدىغان بىر دۇئا بىلەن دۇئا قىلىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن سەبداشلىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا سالام قىلىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن:
ـ سەبداشلىرىڭنىڭ قانچىلىك ئالغا كەتكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:
ـ ھەئە، ئۇلار بۈگۈن ئەتىگەن مەندىن بۇرۇن يولغا چىقىپ، ئالغا بېسىپ كەتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار بىلەن سېنىڭ ئاراڭدىكى پەزىلەت جەھەتتىكى پەرق مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك يىراقلىشىپ كەتتى، ـ دېدى[①].
(ئەھمەد: 15195)

6081 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ مَر رَجُلٌ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِشِعْبٍ فِيهِ عُيَيْنَةٌ مِنْ مَاءٍ عَذْبَةٌ فَأَعْجَبَتْهُ لِطِيبِهَا فَقَالَ لَوْ اعْتَزَلْتُ الناسَ فَأَقَمْتُ فِي هَذَا الشعْبِ وَلَنْ أَفْعَلَ حَتى أَسْتَأْذِنَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ ذَلِكَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَا تَفْعَلْ فَإِن مُقَامَ أَحَدِكُمْ فِي سَبِيلِ اللهِ أَفْضَلُ مِنْ صَلَاتِهِ فِي بَيْتِهِ سَبْعِينَ عَامًا أَلَا تُحِبونَ أَنْ يَغْفِرَ اللهُ لَكُمْ وَيُدْخِلَكُمْ الْجَنةَ اغْزُوا فِي سَبِيلِ اللهِ مَنْ قَاتَلَ فِي سَبِيلِ اللهِ فَوَاقَ نَاقَةٍ وَجَبَتْ لَهُ الْجَنةُ.

6081 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى تاتلىق سۇ

---

[①] ھەيسەمى (9469): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە زەببان ئىبنى قائىد ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

چىقىدىغان كىچىك بىر بۇلاق بار جىلغىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ سۇنىڭ سۈزۈكلىكىدىن ھەيران قالدى ۋە كۆڭلىدە:

— مەن ئىنسانلاردىن ئايرىلىپ، مۇشۇ جىلغىغا يەرلەشسەم بولغىدەك، بىراق مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىجازەت ئالماي تۇرۇپ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ نىيىتىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتتى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇنداق قىلمىغىن. بىرىڭلارنىڭ الله يولىدىكى جىھادتىن ئايرىلىپ قالماي تۇرۇشى ئۆيىدە 70 يىل ئوقۇغان نامىزىدىن ئەۋزەلدۇر. سىلەر اللهنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزىشىنى خالىمامسىلەر؟ الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار. كىمكى تۆگە سۈتى يېلىنىغا يىغىلغانچىلىك (قىسقا ۋاقىت) بولسىمۇ الله يولىدا جىھاد قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1650)

6082 - عن مُعَاذ بْن جَبَلٍ أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَـنْ قَاتَلَ فِي سَبِيلِ اللهِ فُوَاقَ نَاقَةٍ فَقَدْ وَجَبَتْ لَهُ الْجَنةُ وَمَنْ سَأَلَ اللهَ الْقَتْلَ مِنْ نَفْسِهِ صَادِقًا ثُم مَاتَ أَوْ قُتِلَ فَإِن لَهُ أَجْرَ شَهِيدٍ زَادَ ابْنُ الْمُصَفى مِنْ هُنَا وَمَنْ جُرِحَ جُرْحًا فِي سَبِيلِ اللهِ أَوْ نُكِبَ نَكْبَةً فَإِنهَا تَجِيءُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ كَأَغْزَرِ مَا كَانَتْ لَوْنُهَا لَوْنُ الزعْفَرَان وَرِيحُهَـا رِيـحُ الْمِسْكِ وَمَنْ خَرَجَ بِهِ خُرَاجٌ فِي سَبِيلِ اللهَ فَإِن عَلَيْهِ طَابَعَ الشهَدَاءِ.

6082 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«كىمكى تۆگە سۈتى يېلىنىغا يىغىلغانچىلىك ئاز ۋاقىت بولسىمۇ الله يولىدا جىھاد قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ. كىمكى چىن كۆڭلىدىن الله يولىدا ئۆلۈشنى تىلىسە، ئاندىن ئۆلسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە،

[1] ئەلبانى (1348): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئۇنىڭغا شېھىدنىڭ ئەجرى بولىدۇ. كىمكى الله يولىدا يارىلانسا ياكى زەخمىلەنسە، قىيامەت كۈنى يارىسىدىن رەڭگى زەپىران، پۇرىقى ئىپاردەك خۇش پۇراقلىق قان بۇلدۇقلاپ تۇرغان ھالدا كېلىدۇ. كىمنىڭ بەدىنىگە الله يولىدا بىرەر نەرسە چىقىپ قالسا، ئۇنىڭغا شېھىدلەرنىڭ تامغىسى ئۇرۇلىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2541)

6083 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَضَمنَ اللهُ لِمَنْ خَرَجَ فِي سَبِيلِهِ لَا يُخْرِجُهُ إِلا جِهَادًا فِي سَبِيلِي وَإِيمَانًا بِي وَتَصْدِيقًا بِرُسُلِي فَهُوَ عَلَي ضَامِنٌ أَنْ أُدْخِلَهُ الْجَنةَ أَوْ أَرْجِعَهُ إِلَى مَسْكَنِهِ الذِي خَرَجَ مِنْهُ نَائِلًا مَا نَالَ مِنْ أَجْرٍ أَوْ غَنِيمَةٍ وَالذِي نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ مَا مِنْ كَلْمٍ يُكْلَمُ فِي سَبِيلِ اللهِ إِلا جَاءَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ كَهَيْئَتِهِ حِينَ كُلِمَ لَوْنُهُ لَوْنُ دَمٍ وَرِيحُهُ مِسْكٌ وَالذِي نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ لَوْلَا أَنْ يَشُق عَلَى الْمُسْلِمِينَ مَا قَعَدْتُ خِلَافَ سَرِيةٍ تَغْزُو فِي سَبِيلِ اللهِ أَبَدًا وَلَكِنْ لَا أَجِدُ سَعَةً فَأَحْمِلَهُمْ وَلَا يَجِدُونَ سَعَةً وَيَشُق عَلَيْهِمْ أَنْ يَتَخَلفُوا عَني وَالذِي نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ لَوَدِدْتُ أَني أَغْزُو فِي سَبِيلِ اللهِ فَأُقْتَلُ ثُم أَغْزُو فَأُقْتَلُ ثُم أَغْزُو فَأُقْتَلُ.

6083 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله ئۆزىنىڭ يولىدا جىھادقا چىققان كىشىگە كېپىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: "كىمكى ماڭا ئىمان ئېيتقان ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىمنى تەستىقلىغان ھالدا پەقەت مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ جىھادقا چىقىدىكەن، مەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ياكى نۇرغۇن ئەجىرگە ۋەياكى نۇرغۇن غەنىمەتكە ئېرىشكەن ھالدا ئۆيىگە قايتىشىغا كېپىل بولىمەن" دېدى. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات (الله) بىلەن قەسەمكى، الله يولىدا يارىلانغان ھەرقانداق كىشى قىيامەت كۈنى يارىلانغان چاغدىكى ھالىتىدە، لېكىن رەڭگى قان رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا كېلىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى

[①] ئەلبانى (2216): سەھىھ ـ دېگەن.

ئىلكىدە بولغان زات (الله) بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كېلىپ قالمايدىغان بولسا ئىدى، مەن الله يولىدا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ھەرقانداق قوشۇندىن قالمايتتىم. مەن ئۇلارنى مىندۈرگىدەك ئۇلاغ تاپالماي قالىمەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۇلاغ تېپىش ئىمكانىيىتى يوق. مەندىن ئايرىلىپ ئۇرۇشقا چىقماي قېلىش ئۇلارغا تېخىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات (الله) بىلەن قەسەمكى، مەن: "الله يولىدا ئۇرۇشقا چىقسام، ئاندىن ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە (تىرىلدۈرۈلۈپ) ئۇرۇشقا چىقسام، ئاندىن يەنە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە (تىرىلدۈرۈلۈپ) ئۇرۇشقا چىقسام، ئاندىن يەنە ئۆلتۈرۈلسەم" دەپ ئارزۇ قىلىمەن».

(مۇسلىم: 1876)

6084 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قِيلَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا يَعْدِلُ الْجِهَادَ فِي سَبِيلِ اللهِ عَز وَجَل قَالَ لَا تَسْتَطِيعُونَهُ قَالَ فَأَعَادُوا عَلَيْهِ مَرتَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا كُل ذَلِكَ يَقُولُ لَا تَسْتَطِيعُونَهُ وَقَالَ فِي الثالِثَةِ مَثَلُ الْمُجَاهِدِ فِي سَبِيلِ اللهِ كَمَثَلِ الصائِمِ الْقَائِمِ الْقَانِتِ بِآيَاتِ اللهِ لَا يَفْتُرُ مِنْ صِيَامٍ وَلَا صَلَاةٍ حَتى يَرْجِعَ الْمُجَاهِدُ فِي سَبِيلِ اللهِ تَعَالَى.

6084 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

- قايسى ئەمەل الله تائالا يولىدا جىھاد قىلىشقا تەڭ كېلىدۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇنى ئۆلچەشكە تاقەتىڭلار يەتمەيدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار بۇ سوئالنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم ياندۇرۇپ سورىدى. ھەر قېتىمدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇنى ئۆلچەشكە تاقەتىڭلار يەتمەيدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى. ئۈچىنچى قېتىمدا:

- الله يولىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ مىسالى كۈندۈزى ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتقان، كېچىسى ئۇخلىماي قىيامدا تۇرغان، ھەمىشە اللهنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇغان، الله تائالا يولىدا جىھادقا چىقىپ كەتكەن شۇ

مۇجاھىد قايتىپ كەلگەنگە قەدەر روزا تۇتۇشتىن ۋە ناماز ئوقۇشتىن قىلچە سۇسلاشماي قائىم تۇرغان كىشىگە ئوخشايدۇ. - دېدى.

(مۇسلىم: 1878)

6085 - وفي رواية: كَمَثَلِ الصائِمِ الْقَائِمِ الْخَاشِعِ الراكِعِ الساجِدِ.

6085 ـــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كۈندۈزى ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتقان، كېچىسى ئۈخلىماي قىيامدا تۇرغان، اللهنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قورققان ھالدا باش ئەگكەن، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغان (يەنى ناماز ئوقۇغان) كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ»[①].

(نەسائى: 3127)

6086 - عن أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ حَدثَهُ قَالَ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ أَي الناسِ أَفْضَلُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُؤْمِنٌ يُجَاهِدُ فِي سَبِيلِ اللهِ بِنَفْسِهِ وَمَالِهِ قَالُوا ثُم مَنْ قَالَ مُؤْمِنٌ فِي شِعْبٍ مِنْ الشعَابِ يَتقِي اللهَ وَيَدَعُ الناسَ مِنْ شَرهِ.

6086 ــ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! قانداق كىشى ئەڭ ئەۋزەل؟ ــ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ الله يولىدا جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلغان مۇئمىن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار:

ــ ئاندىن قالسىچۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ اللهتىن قورقۇپ، ئىنسانلارغا زىيىنىم تەگمىسۇن دەپ، ئۇلارنى تاشلاپ، تاغ جىلغىلىرىدىن بىرىدە ياشىغان مۇئمىن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 2786)

---

[①] ئەلبانى (2930): سەھىھ ـ دېگەن.

6087 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ أَلَا أُخْبِرُكُمْ بِخَيْرِ النَّاسِ مَنْزِلًا قُلْنَا بَلَى يَا رَسُولَ اللَّهِ قَالَ رَجُلٌ آخِذٌ بِرَأْسِ فَرَسِهِ فِي سَبِيلِ اللَّهِ عَزَّ وَجَلَّ حَتَّى يَمُوتَ أَوْ يُقْتَلَ وَأُخْبِرُكُمْ بِالَّذِي يَلِيهِ قُلْنَا نَعَمْ يَا رَسُولَ اللَّهِ قَالَ رَجُلٌ مُعْتَزِلٌ فِي شِعْبٍ يُقِيمُ الصَّلَاةَ وَيُؤْتِي الزَّكَاةَ وَيَعْتَزِلُ شُرُورَ النَّاسِ وَأُخْبِرُكُمْ بِشَرِّ النَّاسِ قُلْنَا نَعَمْ يَا رَسُولَ اللَّهِ قَالَ الَّذِي يُسْأَلُ بِاللَّهِ عَزَّ وَجَلَّ وَلَا يُعْطِي بِهِ.

6087 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەن سىلەرگە مەرتىۋە جەھەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى. بىز:

ـ شۇنداق قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېدۇق. ئۇ:

ـ ئېتىنىڭ يايلىسىدىن تۇتۇپ، الله تائالا يولىدا ئۆلگەن ياكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلغان كىشىدۇر، ـ دېدى. ئاندىن:

ـ مەن سىلەرگە ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى. بىز:

ـ شۇنداق قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېدۇق. ئۇ:

ـ بىرەر جىلغىغا چىقىپ كېتىپ، نامازنى ئادا قىلغان، زاكاتنى بەرگەن، ئىنسانلاردىن ئايرىلىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلانغان كىشىدۇر، ـ دېدى. ئاندىن:

ـ مەن سىلەرگە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى. بىز:

ـ شۇنداق قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېدۇق. ئۇ:

ـ بىرى الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ نەرسە تىلىسە، ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ ھېچ نەرسە بەرمىگەن كىشىدۇر، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 2569)

[1] ئەلبانى (2409): سەھىھ ـ دېگەن.

6088 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَلِجُ النَارَ رَجُلٌ بَكَى مِنْ خَشْيَةِ اللهِ حَتى يَعُودَ اللَبَنُ فِي الضَرْعِ وَلَا يَجْتَمِعُ غُبَارٌ فِي سَبِيلِ اللهِ وَدُخَانُ جَهَنمَ.

6088 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله‌تىن قورقۇپ يىغلىغان كىشى سۈت ئەمچەككە قايتقانغا قەدەر دوزاخقا كىرمەيدۇ. الله يولىدا قوزغالغان چاڭ ــ توزاڭ بىلەن جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى جەم بولمايدۇ (يەنى الله يولىدا جىھاد قىلغان كىشى جەھەننەمگە كىرمەيدۇ)»[1].

(تىرمىزى: 1633)

6089 - عن أبي عَبسٍ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ جَبْرٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا اغْبرتْ قَدَمَا عَبْدٍ فِي سَبِيلِ اللهِ فَتَمَسهُ النارُ.

6089 ـ ئەبۇ ئەبس ئابدۇرراھمان ئىبنى جەبر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىككى پۇتى الله يولىدا (يەنى جىھادتا) توپىغا مىلەنگەن بەندىگە دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ».

(بۇخارى: 2811)

6090 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ عَيْنَانِ لَا تَمَسهُمَا النارُ عَيْنٌ بَكَتْ مِنْ خَشْيَةِ اللهِ وَعَيْنٌ بَاتَتْ تَحْرُسُ فِي سَبِيلِ اللهِ.

6090 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

---

[1] ئەلبانى (1333): سەھىھ ـ دېگەن.

«اللهتىن قورقۇپ يىغلىغان ۋە الله يولىدا (يەنى جىھادتا) پوستتا تۇرۇش ئۈچۈن ئۇخلىمىغان ئىككى كۆزگە دوزاخ ئوتى يېقىنلاشمايدۇ»[1]. (تىرمىزى: 1639)

6091 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا يَجْتَمِعَانِ فِي النَّارِ مُسْلِمٌ قَتَلَ كَافِرًا ثُمَّ سَدَّدَ وَقَارَبَ وَلَا يَجْتَمِعَانِ فِي جَوْفِ مُؤْمِنٍ غُبَارٌ فِي سَبِيلِ اللهِ وَفَيْحُ جَهَنَّمَ وَلَا يَجْتَمِعَانِ فِي قَلْبِ عَبْدٍ الْإِيمَانُ وَالْحَسَدُ.

6091 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله يولىدا (يەنى جىھادتا) كاپىرنى ئۆلتۈرگەن، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ۋە ئوتتۇراھال يول تۇتقان مۇسۇلمان (دوزاختا) كاپىر بىلەن جەم بولمايدۇ. مۇئمىنىنىڭ قورسىقىدا الله يولىدا كىرىپ كەتكەن چاڭ ـ توزاڭ بىلەن جەھەننەمنىڭ تۇتۇنى جەم بولمايدۇ. اللهقا ئىمان كەلتۈرگەن بىر مۇئمىنىنىڭ قەلبىدە ئىمان بىلەن ھەسەت جەم بولمايدۇ»[2].

(نەسائى: 3109)

6092 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ يَا أَبَا سَعِيدٍ مَنْ رَضِيَ بِاللهِ رَبًّا وَبِالْإِسْلَامِ دِينًا وَبِمُحَمَّدٍ نَبِيًّا وَجَبَتْ لَهُ الْجَنَّةُ فَعَجِبَ لَهَا أَبُو سَعِيدٍ فَقَالَ أَعِدْهَا عَلَيَّ يَا رَسُولَ اللهِ فَفَعَلَ ثُمَّ قَالَ وَأُخْرَى يُرْفَعُ بِهَا الْعَبْدُ مِائَةَ دَرَجَةٍ فِي الْجَنَّةِ مَا بَيْنَ كُلِّ دَرَجَتَيْنِ كَمَا بَيْنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ قَالَ وَمَا هِيَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ الْجِهَادُ فِي سَبِيلِ اللهِ الْجِهَادُ فِي سَبِيلِ اللهِ.

6092 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[1] ئەلبانى (1338): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2912): ھەسەن، ـ دېگەن.

ـ ئى ئەبۇ سەئىد! كىمكى پەرۋەردىگارىنىڭ اللە، دىنىنىڭ ئىسلام، پەيغەمبىرىنىڭ مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ، ـ دېدى. مەن بۇ سۆزدىن ھەيران قېلىپ:

ـ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ سۆزنى ماڭا قايتا ئېيتىپ بەرسەڭ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايتا ئېيتىپ بەردى. ئاندىن:

ـ يەنە بىر ئەمەل باركى، بەندىنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىسى ئۇ ئەمەل بىلەن يۈز دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ. ھەربىر دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك كېلىدۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ قايسى ئەمەل؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ اللە يولىدا جىھاد قىلىشتۇر، اللە يولىدا جىھاد قىلىشتۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 1884)

6093 - عَنْ أَبِي موسى رضي الله عنه قال قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إن أَبْوَابَ الْجَنةِ تَحْتَ ظِلَالِ السيُوفِ فَقَامَ رَجُلٌ رَث الْهَيْئَةِ فَقَالَ يَا أَبَا مُوسَى أَنْتَ سَمِعْتَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ هَذَا قَالَ نَعَمْ قَالَ فَرَجَعَ إِلَى أَصْحَابِهِ فَقَالَ أَقْرَأُ عَلَيْكُمْ السلَامَ ثُم كَسَرَ جَفْنَ سَيْفِهِ فَأَلْقَاهُ ثُم مَشَى بِسَيْفِهِ إِلَى الْعَدُو فَضَرَبَ بِهِ حَتى قُتِلَ.

6093 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر» دېگەنلىكىنى ئېيتقانىدىم. باش ـ كۆزلىرىنى توپا ـ چاڭ بېسىپ كەتكەن بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئى ئەبۇ مۇسا! سەن ھەقىقەتەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ــ ھەئە، ـ دېدىم. ئۇ ئادەم دەرھال سەبداشلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇلارغا سالام قىلدى. ئاندىن قىلىچىنىڭ غىلىپىنى پارچىلاپ، شۇ يەرگە تاشلىۋەتتى. ئاندىن قىلىچىنى ئېلىپ دۈشمەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ۋە ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر (شۇ قىلىچى بىلەن) ئۇرۇش قىلدى.

(مۇسلىم: 1902)

6094 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنْ عَمْرَو بْنَ أُقَيْشٍ كَانَ لَهُ رِبًا فِي الْجَاهِلِيةِ فَكَرِهَ أَنْ يُسْلِمَ حَتى يَأْخُذَهُ فَجَاءَ يَوْمُ أُحُدٍ فَقَالَ أَيْنَ بَنُو عَمي قَالُوا بِأُحُدٍ قَالَ أَيْنَ فُلَانٌ قَالُوا بِأُحُدٍ قَالَ فَأَيْنَ فُلَانٌ قَالُوا بِأُحُدٍ فَلَبِسَ لَأْمَتَهُ وَرَكِبَ فَرَسَهُ ثُم تَوَجهَ قِبَلَهُمْ فَلَما رَآهُ الْمُسْلِمُونَ قَالُوا إِلَيْكَ عَنا يَا عَمْرُو قَالَ إِني قَدْ آمَنْتُ فَقَاتَلَ حَتى جُرِحَ فَحُمِلَ إِلَى أَهْلِهِ جَرِيحًا فَجَاءَهُ سَعْدُ بْنُ مُعَاذٍ فَقَالَ لِأُخْتِهِ سَلِيهِ حَمِيةً لِقَوْمِكَ أَوْ غَضَبًا لَهُمْ أَمْ غَضَبًا لِلهِ فَقَالَ بَلْ غَضَبًا لِلهِ وَلِرَسُولِهِ فَمَاتَ فَدَخَلَ الْجَنةَ وَمَا صَلى لِلهِ صَلَاةً.

6094 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەمر ئىبنى ئۇقەيش جاھىلىيەت دەۋرىدە جازانە ئالاتتى. ئۇ ئالىدىغان جازانىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بولغىچە ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالاپ كەتمىدى. كېيىن ئۇھۇد ئۇرۇشى بولدى. شۇ كۈنى ئۇ:

ــ تاغامنىڭ ئوغۇللىرى قېنى؟ ـ دەپ سورىدى. كىشىلەر:

ــ ئۇلار ئۇھۇدتا، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ:

ــ پالانى قېنى؟ ـ دېدى. ئۇلار:

ــ ئۇمۇ ئۇھۇدتا، ـ دېدى. ئۇ يەنە:

ــ پالانى قېنى؟ ـ دېدى. ئۇلار:

ــ ئۇمۇ ئۇھۇدتا، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ، ئېتىغا مىندى ۋە ئۇھۇدقا قاراپ ئاتلاندى. مۇسۇلمانلار ئۇنى كۆرۈپ:

ــ ئى ئەمر! بىزدىن يىراق تۇرغىن! ـ دېيىشتى. ئۇ:

ــ مەن ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتتىم، ــ دېدى ۋە جەڭگە كىرىپ يارىلاندى. كېيىن، ئۇ يارىدار ھالەتتە ئائىلىسىگە ئاپىرىلدى. سەئد ئىبنى مۇئاز ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ھەمشىرىسىگە:

ــ ئۇنىڭدىن سوراپ باققىن، ئۇ بۇ ئۇرۇشقا قەۋمىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن قىزىققانلىق قىلىپ قاتناشپتىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ قاتناشپتىمۇ ۋەياكى اﷲنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قاتناشپتىمۇ؟ ــ دېدى. ھەمشىرىسى ئۇنىڭدىن بۇ سوئالنى سورىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ اﷲنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنى ئېيتتى. كېيىن، ئۇ ئۆلدى. نەتىجىدە، ئۇ اﷲنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بىر رەكئەت ناماز ئوقۇماستىن جەننەتكە كىرىپ كەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2537)

6095 - عَنْ أَبِي نَجِيحٍ السلمِي قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ بَلَغَ بِسَهْمٍ فِي سَبِيلِ اللِهِ فَهُوَ لَهُ دَرَجَةٌ فِي الْجَنةِ فَبَلَغْتُ يَوْمَئِذٍ سِتةَ عَشَرَ سَهْمًا قَالَ وَسَمِعْتُ رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ رَمَى بِسَهْمٍ فِي سَبِيلِ اللِهِ فَهُوَ عِدْلُ مُحَررٍ.

6095 ـ ئەبۇ نەجىھ سەلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى (دۈشمەنگە) اﷲ يولىدا (يەنى جىھادتا) بىر تال ئوق تەگكۈزسە، شۇ ئوق جەننەتتە ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شۇ كۈنى 16 تال ئوق تەگكۈزدۈم. مەن يەنە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «كىمكى اﷲ يولىدا بىر تال ئوق ئاتسا، بىر قۇل ئازاد قىلغانغا تەڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ»[2].

(نەسائى: 3143)

6096 - عَنْ شُرَحْبِيلَ بْنِ السمْطِ قَالَ لِكَعْبِ بْنِ مُرةَ يَا كَعْبُ حَدثْنَا عَنْ رَسُولِ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَاحْذَرْ قَالَ سَمِعْتُهُ يَقُولُ مَنْ شَابَ شَيْبَةً فِي الْإِسْلَامِ فِي سَبِيلِ

[1] ئەلبانى (2212): ھەسەن، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2946): سەھىھ ـ دېگەن.

اللهِ كَانَتْ لَهُ نُورًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ قَالَ لَهُ حَدِّثْنَا عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَاحْذَرْ قَـالَ سَمِعْتُهُ يَقُولُ ارْمُوا مَنْ بَلَغَ الْعُدُو بِسَهْمٍ رَفَعَهُ اللهُ بِهِ دَرَجَةً قَالَ ابْنُ النحامِ يَا رَسُولَ الـلهِ وَمَا الدرَجَةُ قَالَ أَمَا إِنهَا لَيْسَتْ بِعَتَبَةِ أُمكَ وَلَكِنْ مَا بَيْنَ الدرَجَتَيْنِ مِائَةُ عَامٍ.

6096 ـ شۇرەھبىل ئىبنى سەمت مۇنداق دەيدۇ: مەن كەئب ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ ئى كەئب! بىزگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەدىس سۆزلەپ بەرگىن ۋە بىزنى يامان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرغىن! ـ دېدىم. ئۇ:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «الله يولىدا مېڭىپ چېچى ئاقىرىپ كەتكەن كىشىنىڭ شۇ ئاق چاچلىرى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇر بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى. مەن يەنە ئۇنىڭغا:

ــ بىزگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەدىس سۆزلەپ بەرگىن ۋە بىزنى يامان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرغىن! ـ دېدىم. ئۇ:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «دۈشمەنلەرنى ئېتىڭلار. كىمكى دۈشمەنگە بىر تال ئوق تەگكۈزسە، قىيامەت كۈنى الله شۇ ئوقنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ دەرىجىسىنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ» دېگەنلىكىنى، ئارىدىن ئىبنى نەھھام ئىسىملىك بىرىنىڭ: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بىر دەرىجە بىلەن يەنە بىر دەرىجىنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندا: «ئۇ ئۆيۈڭنىڭ بوسۇغىسىچىلىك ئارىلىق ئەمەس، بەلكى ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى 100 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[①].

(نەسائى: 3144)

6097 - عن أنس بن مالك عن النبي صلى الله عليه وسلم قال من رمى رميـة في سبيل الله قصر أو بلغ كان له مثل أجر أربع اناس من بنى إسماعيل أعتقهم.

[①] ئەلبانى (2947): سەھىھ ـ دېگەن.

6097 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كىمكى الله يولىدا (يەنى جىھادتا) بىر تال ئوق ئاتسا، مەيلى تەگكۈزەلىسۇن ياكى تەگكۈزەلمىسۇن، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن تۆت قۇلنى ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ»[①].
(بەززار؛ «ئەلئەۋسەت»)

6098 - عن أبى هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم من رمى بسهم في سبيل الله كان له نورا يوم القيامة.
6098 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كىمكى الله يولىدا (يەنى جىھادتا) بىر تال ئوق ئاتسا، قىيامەت كۈنى شۇ ئوق ئۇنىڭغا نۇر بولىدۇ»[②].
(بەززار: 1707)

6099 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَضْحَكُ اللهُ إِلَى رَجُلَيْنِ يَقْتُلُ أَحَدُهُمَا الْآخَرَ كِلَاهُمَا يَدْخُلُ الْجَنةَ فَقَالُوا كَيْفَ يَا رَسُولَ اللِهِ قَالَ يُقَاتِلُ هَذَا فِي سَبِيلِ اللِهِ عَز وَجَل فَيُسْتَشْهَدُ ثُم يَتُوبُ اللهُ عَلَى الْقَاتِلِ فَيُسْلِمُ فَيُقَاتِلُ فِي سَبِيلِ اللِهِ عَز وَجَل فَيُسْتَشْهَدُ.
6099 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[①] ھەيسەمى (9397): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ سەنەدىدە شەبىب ئىبنى بىشر ئىسىملىك بىرى بار. بەزىلەر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ ھەدىسىنىڭ زەئىپ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.
[②] ھەيسەمى (9398): بۇ ھەدىسنى ئىمام بەززار ئۇستازى ئابدۇرراھمان ئىبنى فەزل ئىبنى مۇۋەففەقتىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مەن ئۇ كىشىنى بىلمەيمەن. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ــــ بىــرى يەنە بىرىنـــى ئۆلتــۈرگەن بولــسىمۇ، ھەر ئىككىلىــسى جەنــنەتكە كىــرگەن ئىككــى ئادەمــدىن الله مەمنــۇن بولــدۇ. ـ دېـدى. ساھابىلار:

ــ ئـى اللهنــىڭ پەيغەمبــىرى! قانداقـسىگە شـۇنداق بولــدۇ؟ ــ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بىرى الله تائالا يولىدا ئۇرۇش قىلىپ شېھىد بولىدۇ. ئاندىن الله قاتىلغا تەۋبە ئاتا قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ مۇسۇلمان بولىدۇ. ئاندىن ئۇمۇ الله تائالا يولىدا ئۇرۇش قىلىپ شېھىد بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 1890)

6100 - عن أبي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قال قَالَ النبي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ احْتَبَسَ فَرَسًا فِي سَبِيلِ اللهِ إِيمَانًا بِاللهِ وَتَصْدِيقًا بِوَعْدِهِ فَإِن شِبَعَهُ وَرِيهُ وَرَوْثَهُ وَبَوْلَهُ فِي مِيزَانِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

6100 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللهقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ھالدا الله يولىغا (يەنى جىھادقا) ئاتاپ ئات باقسا، ئۇنىڭ يەم ــ خەشەكلىرى، تەرى، تېزىكى ۋە سۈيدۈكى قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىق تارازىسىغا سېلىپ تارتىلىدۇ».

(بۇخارى: 2853)

6101 - عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ الْأَنصَارِي قَالَ جَاءَ رَجُلٌ بِنَاقَةٍ مَخْطُومَةٍ فَقَالَ هَذِهِ فِي سَبِيلِ اللهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَكَ بِهَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ سَبْعُ مِائَةِ نَاقَةٍ كُلُّهَا مَخْطُومَةٌ.

6101 ــ ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈلگەن بىر تۆگىنى يېتىلەپ كېلىپ:

ــ مەن بۇ تۆگىنى الله يولىدا ئىئانە قىلدىم، ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ قىيامەت كۈنى، ساڭا ئۇ تۆگىنىڭ بەدىلىگە 700 تۆگە مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈلگەن تۆگىلەردۇر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1892)

6102 - عَنْ عَدِي ْبنِ حَاتِمٍ الطائِي أنَهُ سَأَلَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أي الصدَقَةِ أفْضَلُ قَالَ خِدْمَةُ عَبْدٍ فِي سَبِيلِ اللهِ أوْ ظِل فُسْطَاطٍ أوْ طَرُوقَةُ فَحْلٍ فِي سَبِيلِ اللهِ.

6102 ـ ئەدىي ئىبنى ھاتەم تائىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـــ قايسى تۈرلۈك سەدىقە ئەڭ ئەۋزەلدۇر؟ ـــ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ الله يولىدا (يەنى مۇجاھىدلارغا) بىر قۇلنى خىزمەتكە سېلىپ بېرىش ياكى چېدىر تىكىپ بېرىش ۋەياكى بوتىلاش يېشىغا يەتكەن (يەنى مىنگىلى بولىدىغان) بىرەر تۆگىنى الله يولىغا (يەنى جىھادقا) ئاتاش، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(تىرمىزى: 1626)

6103 - عَنْ خُرَيْمِ ْبنِ فَاتِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أنفَقَ نَفَقَةً فِي سَبِيلِ اللهِ كُتِبَتْ لَهُ بِسَبْعِ مِائَةِ ضِعْفٍ.

6103 ـ خۇرەيم ئىبنى فاتىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى الله يولىدا پۇل ـ مال چىقىم قىلسا، ئۇنىڭغا 700 ھەسسە ساۋاب يېزىلىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1625)

[1] ئەلبانى (1328): ھەسەن، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1326): سەھىھ ـ دېگەن.

6104 - عَنْ مُعَاذِ بن جَبَلٍ أَنّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: "طُوبَى لِمَنْ أَكْثَرَ فِي الْجِهَادِ فِي سَبِيلِ اللهِ مِنْ ذِكْرِ اللهِ، فَإِن لَهُ بِكُل كَلِمَةٍ سَبْعِينَ أَلْفَ حَسَنَةٍ، كُـل حَسَنَةٍ مِنْهَا عَشَرَةُ أَضْعَافٍ، مَعَ الذِي لَهُ عِنْدَ اللهِ مَنَ الْمَزِيدِ" قِيلَ: يَا رَسُولَ اللهِ أَفَرَأَيْتَ النفَقَةَ؟ فَقَالَ: "النفَقَةُ عَلَى قَدْرِ ذَلِكَ" قَالَ عَبْدُ الرحْمَنِ: فَقُلْتُ لِمُعَاذٍ: إنمَا النفَقَةُ سَـبْعُ مِائَةِ ضِعْفٍ، فَقَالَ مُعَاذٌ: "قَل فَهْمُكَ، إنمَا ذَلِكَ إذَا أَنفَقُوهَا وَهُمْ مُقِيمُونَ فِي أَهْلِيهِمْ غَيْرَ غَزَاةٍ، فَإِذَا غَزُوا وَأَنفَقُوا خَبأَ اللهُ لَهُمْ مَنْ خِزَانَةِ رَحْمَتِهِ مَا يَنقَطِعُ عَنْهُ عَلِمُ الْعِبَادِ وَصِفَتُهُمْ، فَأُولَئِكَ حِزْبُ اللهِ، وَحِزْبُ اللهِ هُمُ الْغَالِبُونَ".

6104 ــ مۇئـاز ئـىبـنـى جـەبەل رەزىيـەللاھـۇ ئـەنھـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: پـەيغـەمـبـەر سـەللاللاھۇ ئـەلـەيھى ۋەسـەللـەم:

ــ الله تائـالا يولـىـدىكى جـىھادتـا الله تائالاغـا كـۆپ زىكـرى ئـېيتقـان كـىشـىگە خۇش مۇبارەك بولسۇن! ئۇنـىڭ ھەربـىر سۆزى ئۈچـۈن 70 مـىـڭ سـاۋاب يېـزىلـىـدۇ. بـۇ سـاۋابـنـىڭ ھەربـىـرى الله تائالانـىڭ دەرگاھـىـدىكى ساۋابلـىرىغا ئون ھەسسە كۆپەيتـىلـىپ قوشۇلـىدۇ، ـ دېدى. ساھابـىلار:

ــ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! الله يولـىدا سەرپ قـىلـىنغان پۇل ـ مالچۇ؟ ـ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئـەلـەيھى ۋەسـەللـەم:

ــ ئۇمۇ شۇ مـىقداردا بولـىدۇ، ـ دېدى.

ئابدۇرراھمان (بۇ ھەدىسـنـىڭ راۋىيـلـىرىدىن بـىرى) مۇنـداق دەيـدۇ: مـەن مۇئاز ئـىبـنى جەبەلگە:

ــ الله يولـىدا (يەنـى جـىھادتـا) سـەرپ قـىلـىنغـان پـۇل ـ مـالغـا 700 ھەسسە ساۋاب بېرىلـىدىغۇ؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ــ سىنىڭ بۇ چۈشەنچەڭ جايىدا ئەمەس! ئەگەر مۇسۇلمانلار جىھادقا چىقماستىن، ئۆيلىرىدە تۇرۇپ الله يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلسا، ئۇنىڭ ساۋابى شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ھەم جىھادقا چىقىپ ھەم الله يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلسا، الله ئۇلارغا رەھمەت خەزىنىسىدىن ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلالمىغىدەك ۋە سۈپەتلەپ بېرەلمىگىدەك دەرىجىدە ساۋاب بېرىدۇ.

ئەنە شۇلار اللهنىڭ قوشۇنىدۇر. اللهنىڭ قوشۇنى غەلىبە قىلغۇچىدۇر، ــ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

6105 - عَنْ الْحَسَنِ عَنْ عَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ وَأَبِي الدرْدَاءِ وَأَبِي هُرَيْرَةَ وَأَبِي أُمَامَةَ الْبَاهِلِي وَعَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ وَعَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو وَجَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ وَعِمْرَانَ بْنِ الْحُصَيْنِ كُلُهُمْ يُحَدثُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ مَنْ أَرْسَلَ بِنَفَقَةٍ فِي سَبِيلِ اللهِ وَأَقَامَ فِي بَيْتِهِ فَلَهُ بِكُل دِرْهَمٍ سَبْعُ مِائَةِ دِرْهَمٍ وَمَنْ غَزَا بِنَفْسِهِ فِي سَبِيلِ اللهِ وَأَنْفَقَ فِي وَجْهِ ذَلِكَ فَلَهُ بِكُل دِرْهَمٍ سَبْعُ مِائَةِ أَلْفِ دِرْهَمٍ ثُم تَلَا هَذِهِ الْآيَةَ وَاللهُ يُضَاعِفُ لِمَنْ يَشَاءُ.

6105 ـ ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئەبۇ دەردا، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ ئۇمامە باھىلى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە ئىمران ئىبنى ھۇسەين قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى الله يولىدىكى جىھادقا پۇل ـ مال ئەۋەتىپ، ئۆزى ئۆيىدە ئولتۇرسا، ئۇنىڭ ھەر بىر تەڭگىسىگە 700 تەڭگىنىڭ ساۋابى بولىدۇ. كىمكى الله يولىدا ئۆزى جىھادقا چىقسا ۋە شۇ يولدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلسا، ئۇنىڭ ھەر بىر تەڭگىسىگە يەتتە يۈز مىڭ تەڭگىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ» دېدى. ئاندىن: الله خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[3].

(ئىبنى ماجە: 2761)

6106 - عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ الْجُهَنِي عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ مَنْ جَهزَ غَازِيًا فِي سَبِيلِ اللهِ فَقَدْ غَزَا وَمَنْ خَلَفَهُ فِي أَهْلِهِ بِخَيْرٍ فَقَدْ غَزَا.

---

[1] ھەيسەمى (9454): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىر راۋىي بار، ـ دېگەن.

[2] سۈرە بەقەرە، 261 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئەلبانى (604): زەئىپ، ـ دېگەن.

6106 ـ زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىر غازىنى جابدۇپ قويسا، غازاتقا چىققانىنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ. كىمكى غازاتقا چىقىپ كەتكۈچىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى باقسا، ئۇمۇ غازاتقا چىققانىنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ».

(مۇسلىم: 1895)

6107 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ عَمْرٍو أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ لِلْغَازِي أَجْرُهُ وَلِلْجَاعِلِ أَجْرُهُ وَأَجْرُ الْغَازِي.

6107 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«غازى ئەجرىنى ئالىدۇ. غازىنى جابدۇپ، ئۇرۇشقا ئەۋەتكۈچى ھەم ئۆزىنىڭ ئەجرىنى، ھەم غازىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر ئالىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2526)

6108 - عَنْ جَبَلَةَ بن حَارِثَةَ قَالَ: كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ "إِذَا لَمْ يَغْزُ أَعْطَى سِلاحَهُ عَلِيا أَوْ أُسَامَةَ".

6108 ـ جەبەلە ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇرۇشقا چىقمىغان چاغلىرىدا قورال ـ ياراغلىرىنى ئەلى ياكى ئۇسامەگە بېرەتتى[2].

(ئەھمەد؛ «ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

6109 - عن أبى هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم أفضل الغزاة في سبيل الله خادمهم ثم الذى يأتيهم بالاخبار وأخصهم منزلة عند الله الصائم ومن استقى لاصحابه قربة في سبيل الله سبقهم إلى الجنة سبعين درجة أو سبعين عاما.

---

[1] ئەلبانى (2203): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9462): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

6109 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇلارغا خىزمەت قىلغانلىرىدۇر، ئاندىن ئۇلارنى ئاخبارات بىلەن تەمىنلىگەنلىرىدۇر، اللهنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ خاس ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىرى روزا تۇتقانلىرىدۇر. كىمكى الله يولىدا (يەنى جىھادتا) ھەمراھلىرىنى بىر تۇلۇم سۇ بىلەن تەمىنلىسە، جەننەتتە ئۇلارنىڭ ئالدىغا 70 دەرىجە ياكى 70 يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

6110 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ طُوبَى لِعَبْدٍ آخِذٍ بِعِنَانِ فَرَسِهِ فِي سَبِيلِ اللهِ أَشْعَثَ رَأْسُهُ مُغْبَرةٍ قَدَمَاهُ إِنْ كَانَ فِي الْحِرَاسَةِ كَانَ فِي الْحِرَاسَةِ وَإِنْ كَانَ فِي الساقَةِ كَانَ فِي الساقَةِ إِنْ اسْتَأْذَنَ لَمْ يُؤْذَنْ لَهُ وَإِنْ شَفَعَ لَمْ يُشَفعْ.

6110 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بېشى چۇۋۇق، پۇتلىرى توپىغا مىلەنگەن ھالدا ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، الله يولىدا توختىماي كۈرەش قىلغان بەندىگە خۇش مۇبارەك بولسۇنكى، ئەگەر ئۇ پوستا تۇرۇش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنسە، ئۇنى تولۇق ئادا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئارقا سەپنى قوغداش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنسە، ئۇنىمۇ تولۇق ئادا قىلىدۇ. ئەگەر بىرەر يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئىجازەت تەلەپ قىلسا، (مەرتىۋىسى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن) ئىجازەت بېرىلمەيدۇ. ئەگەر بىرەر مەسىلىگە شاپائەت قىلسا، شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ».

(بۇخارى: 2887)

[1] ھەيسەمى (9508): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇنەيسە ئىبنى مىھران ئىسىملىك، ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

**6111 - عَنْ أَبِي أَيوبَ أَنهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ سَتُفْتَحُ عَلَيْكُمْ الْأَمْصَارُ وَسَتَكُونُ جُنُودٌ مُجَندَةٌ تُقْطَعُ عَلَيْكُمْ فِيهَا بُعُوثٌ فَيَكْرَهُ الرجُلُ مِنْكُمْ الْبَعْثَ فِيهَا فَيَتَخَلصُ مِنْ قَوْمِهِ ثُم يَتَصَفحُ الْقَبَائِلَ يَعْرِضُ نَفْسَهُ عَلَيْهِمْ يَقُولُ مَنْ أَكْفِيهِ بَعْثَ كَذَا مَنْ أَكْفِيهِ بَعْثَ كَذَا أَلَا وَذَلِكَ الْأَجِيرُ إِلَى آخِرِ قَطْرَةٍ مِنْ دَمِهِ.**

6111 ـ ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«كەلگۈسىدە سىلەر نۇرغۇن شەھەرلەرنى فەتھە قىلىسىلەر. ئۇ جايلاردا غازات قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن قوشۇنلار تopلىنىدۇ. سىلەرنىڭمۇ ئۇ قوشۇنلارغا ئەسكەر ئەۋەتىشىڭلار تەلەپ قىلىنىدۇ. سىلەردىن بەزى كىشىلەر ئۇ قوشۇنغا پېدائىي ئەسكەر بولۇپ بېرىشنى ياقتۇرماي، ئۆز قەبىلىسىدىن چىقىپ، قەبىلىلەر ئارا ئايلىنىپ:

ـــ ماڭا پۇل بېرىپ ئۆزىنىڭ ئورنىغا مېنى ئەسكەرلىككە ئەۋەتىدىغانلار بارمۇ؟ ماڭا پۇل بېرىپ ئۆزىنىڭ ئورنىغا مېنى ئەسكەرلىككە ئەۋەتىدىغانلار بارمۇ؟ ـ دەپ، ئۆزىنى ئۇلارغا ساتىدۇ. بىلىپ قويۇڭلاركى، ئۇ، قېنىنى ئەڭ ئاخىرقى تامچىسىغىچە ساتقان ئەسكەردۇر (يەنى ئۇنداق ئادەم غازى، مۇجاھىد ھېسابلانمايدۇ، بەلكى جانباقتىدۇر)»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2525)

**6112 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ وَعَدَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غَزْوَةَ الْهِنْدِ فَإِنْ أَدْرَكْتُهَا أُنْفِقْ فِيهَا نَفْسِي وَمَالِي وَإِنْ قُتِلْتُ كُنْتُ أَفْضَلَ الشهَدَاءِ وَإِنْ رَجَعْتُ فَأَنَا أَبُو هُرَيْرَةَ الْمُحَررُ.**

6112 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ھىندىستانغا غازاتقا بارىدىغانلىقىمىزنى ۋەدە قىلدى. ئەگەر مەن ئۇ غازاتقىچە ياشىسام،

[1] ئەلبانى (543): زەئىپ، ـ دېگەن.

جىنىمنى ۋە مېلىمنى ئۇنىڭغا ئاتايمەن. ئەگەر مەن ئۆلتۈرۈلسەم، شېھىدلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولىمەن. ئەگەر ھايات قايتىپ كەلسەم، يەنىلا ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ئەبۇ ھۇرەيرە مەن بولىمەن[1].
(نەسائى: 3174)

**6113 ـ عن ثوبان مولى رسول الله صلى الله عليه وسلم قال قال رسـول الله صلى الله عليه وسلم عصابتان من أمتى أحرزهما الله من النار عصابة تغزو الهند وعصابة تكون مع عيسى بن مريم.**

6113 ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللہ تائالا ئۈممىتىم ئىچىدىن ئىككى جامائەتنى دوزاختىن قۇتقۇزىدۇ. بىرى، ھىندىستانلىقلا قارشى غازات قىلغان؛ يەنە بىرى، مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولىدىغان جامائەت»[2].
(«ئەلئەۋسەت»)

**6114 - عَنْ عِمْرَانَ بن حُصَيْنٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ قَـالَ: "مَقَامُ الرجُلِ فِي الصف فِي سَبِيلِ اللهِ أَفْضَلُ مِنْ عِبَادَةِ سِتينَ سَنَةٍ".**

6114 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىراۋنىڭ اللہ يولىدىكى مۇجاھىدلار سېپىدە تۇرغىنى 60 يىل ئىبادەت قىلغىنىدىن ئەۋزەلدۇر»[3].
(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»؛ بەززار)

---

[1] ئەلبانى (203): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9453): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە بىر تابىئىن چۈشۈپ قالغان. ئەسلىدە ئۇ راشىد ئىبنى سەئدتۇر. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (9671): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ سەنەدىدە لەيسنىڭ كاتىبى ئابدۇللاھ ئىبنى سالىھ بار. ئىبنى مۇئىن ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەشئەس ئىبنى لەيسى ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6115 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَيْسَ شَيْءٌ أَحَب إِلَى اللهِ مِنْ قَطْرَتَيْنِ وَأَثَرَيْنِ قَطْرَةٌ مِنْ دُمُوعٍ فِي خَشْيَةِ اللهِ وَقَطْرَةُ دَمٍ تُهَرَاقُ فِي سَبِيلِ اللهِ وَأَما الْأَثَرَانِ فَأَثَرٌ فِي سَبِيلِ اللهِ وَأَثَرٌ فِي فَرِيضَةٍ مِنْ فَرَائِضِ اللهِ.

6115 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالاغا ئىككى تامچە ۋە ئىككى ئىزدىن سۆيۈملۈك نەرسە يوق. ئۇ ئىككى تامچىنىڭ بىرى، اللهتىن قورقۇپ ئاققۇزغان ياش تامچىسى؛ يەنە بىرى، الله يولىدا تۆكۈلگەن قان تامچىسى. ئىككى ئىزغا كەلسەك، بىرى، الله يولىدا جىھاد قىلىش يولىدا قالدۇرغان ئىز؛ يەنە بىرى، اللهنىڭ پەرزلىرىدىن بىرنى ئادا قىلىش يولىدا قالدۇرغان ئىز»[1].

(تىرمىزى: 1669)

[1] ئەلبانى (1363): ھەسەن، ـ دېگەن.

## شېھىدلىك ۋە شېھىدلارنىڭ پەزىلىتى

6116 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ لَمـا أُصِيبَ إِخْوَانُكُمْ بِأُحُدٍ جَعَلَ اللهُ أَرْوَاحَهُمْ فِي جَوْفِ طَيْرٍ خُضْرٍ تَرِدُ أَنهَارَ الْجَنةِ تَأْكُلُ مِنْ ثِمَارِهَا وَتَأْوِي إِلَى قَنَادِيلَ مِنْ ذَهَبٍ مُعَلقَةٍ فِي ظِل الْعَرْشِ فَلَما وَجَدُوا طِيبَ مَأْكَلِهِمْ وَمَشْرَبِهِمْ وَمَقِيلِهِمْ قَالُوا مَنْ يُبلغُ إِخْوَانَنا عَنا أَنا أَحْيَاءٌ فِي الْجَنةِ نُرْزَقُ لِئَلا يَزْهَدُوا فِي الْجِهَادِ وَلَا يَنْكُلُوا عِنْدَ الْحَرْبِ فَقَالَ اللهُ سُبْحَانَهُ أَنا أُبلِغُهُمْ عَنْكُمْ قَالَ فَأَنزَلَ اللهُ وَلَا تَحْسَبَن الذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللهِ إِلَى آخِرِ الْآيَةِ.

6116 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىد بولغان قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ جانلىرىنى يېشىل قۇشلارنىڭ پوكانلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ قۇشلار جەننەت ئۆستەڭلىرىنىڭ بويىغا بېرىپ، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن يېدى. كېيىن ئەرشنىڭ سايىسىگە ئېسىلغان ئالتۇن قونداقلاردىن جاي تۇتتى. ئۇ شېھىدلەر ئەڭ مېزىلىك يېمەكلىكلەرنى يەپ، ئەڭ تاتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىپ، ئەڭ گۈزەل جايلاردا دەم ئالغاندىن كېيىن: "بىزنىڭ جەننەتتە تىرىك ئىكەنلىكىمىزنى، رىزىقلاندۇرۇلۇپ تۇرىۋاتقانلىقىمىزنى بىزدىن كېيىنكى قېرىنداشلىرىمىزغا كىم يەتكۈزىدۇ؟ كاشكى، ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى، جىھادتىن قاچماس، ئۇرۇشتىن چېكىنمەس ئىدى" دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: "بۇنى سىلەرنىڭ ناملىرىڭلاردىن مەن يەتكۈزەي" دېدى ۋە: اللهنىڭ يولىدا شېھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، اللهنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى

جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ) [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى».
(ئەبۇ داۋۇد: 2520)

6117 - عَنْ مَسْرُوقٍ قَالَ سَأَلْنَا عَبْدَ اللهِ عَنْ هَذِهِ الْآيَةِ ﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ﴾ قَالَ أَمَا إِنَّا قَدْ سَأَلْنَا عَنْ ذَلِكَ فَقَالَ أَرْوَاحُهُمْ فِي جَوْفِ طَيْرٍ خُضْرٍ لَهَا قَنَادِيلُ مُعَلَّقَةٌ بِالْعَرْشِ تَسْرَحُ مِنَ الْجَنَّةِ حَيْثُ شَاءَتْ ثُمَّ تَأْوِي إِلَى تِلْكَ الْقَنَادِيلِ فَاطَّلَعَ إِلَيْهِمْ رَبُّهُمْ اطِّلَاعَةً فَقَالَ هَلْ تَشْتَهُونَ شَيْئًا قَالُوا أَيَّ شَيْءٍ نَشْتَهِي وَنَحْنُ نَسْرَحُ مِنَ الْجَنَّةِ حَيْثُ شِئْنَا فَفَعَلَ ذَلِكَ بِهِمْ ثَلَاثَ مَرَّاتٍ فَلَمَّا رَأَوْا أَنَّهُمْ لَنْ يُتْرَكُوا مِنْ أَنْ يُسْأَلُوا قَالُوا يَا رَبِّ نُرِيدُ أَنْ تَرُدَّ أَرْوَاحَنَا فِي أَجْسَادِنَا حَتَّى نُقْتَلَ فِي سَبِيلِكَ مَرَّةً أُخْرَى فَلَمَّا رَأَى أَنْ لَيْسَ لَهُمْ حَاجَةٌ تُرِكُوا.

وزاد الترمذي: وَتُقْرِئُ نَبِيَّنَا السَّلَامَ وَتُخْبِرُهُ عَنَّا أَنَّا قَدْ رَضِينَا وَرُضِيَ.

6117 ـ مەسرۇق مۇنداق دەيدۇ: بىز ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن: (اللەنىڭ يولىدا شېھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، اللەنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ) [2] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورىغانىدۇق، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:

ـ بىزمۇ ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىغانىدۇق، ئۇ بىزگە جاۋاب بېرىپ: «ئۇلارنىڭ جانلىرى يېشىل قۇشلارنىڭ پوكانلىرىدا بولىدۇ. بۇ قۇشلارنىڭ قونداقلىرى ئەرشكە ئېسىلغاندۇر. ئۇلار ئەتىگىنى جەننەتتىن خالىغان جايغا بېرىپ، كەچتە شۇ قونداقلارغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەنە شۇ شېھىدلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلارنى كۆرۈپ: ”بىرەر نەرسىنى ئارزۇ قىلامسىلەر؟“ دەيدۇ. شېھىدلار: ”نېمىنى ئارزۇ قىلاتتۇق، بىز

[1] سۈرە ئال ئىمران، 169 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 169 ـ ئايەت.

جەننەتتىن خالىغان جايغا بارالايدىغان تۇرساق؟!‘‘ دەيدۇ. الله بۇ سوئالنى ئۈچ قېتىم سورايدۇ. ئۇلار بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، بىرەر نەرسە سورىمىسا، ئۆزلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ: ’’ئى پەرۋەردىگارىمىز! جانلىرىمىزنى تەنلىرىمىزگە قايتۇرساڭ، بىز سېنىڭ يولۇڭدا يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلسەك، بىزنىڭ مۇشۇلا ئارزۇيىمىز بار‘‘ دەيدۇ. الله ئۇلارنىڭ باشقا ئارزۇسى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىدۇ» دېدى.

(مۇسلىم: 1887)

ئىمام تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنۇلار قوشۇپ نەقىل قىلىنغان: پەيغەمبىرىمىزگە بىزدىن سالام ئېيتىپ قويغىن، بىزنىڭ (اللهنىڭ بىزگە بەرگەن نېمەتلىرىدىن) رازى بولغانلىقىمىزنى، ئۇنىڭمۇ بىزدىن رازى بولغانلىقىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويغىن.

6118 - عن أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا أَحَدٌ يَدْخُلُ الْجَنةَ يُحِب أَنْ يَرْجِعَ إِلَى الدنْيَا وَلَهُ مَا عَلَى الْأَرْضِ مِنْ شَيْءٍ إِلا الشهِيدُ يَتَمَنى أَنْ يَرْجِعَ إِلَى الدنْيَا فَيُقْتَلَ عَشْرَ مَراتٍ لِمَا يَرَى مِنْ الْكَرَامَةِ.

6118 ـــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جەننەتكە كىرگەن ھېچقانداق كىشى دۇنياغا قايتىشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭغا جەننەتتە دۇنيادىكى ھەممە تۇرلۇك نەرسىلەر بېرىلىدۇ. پەقەت شېھىد شېھىدلىكنىڭ پەزىلىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، دۇنياغا ئون قېتىم قايتىپ، يەنە شېھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ».

(بۇخارى: 2817)

6119 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ ذُكِرَ الشهَدَاءُ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَا تَجِف الْأَرْضُ مِنْ دَمِ الشهِيدِ حَتى تَبْتَدِرَهُ زَوْجَتَاهُ

كَأَنَّهُمَا ظِئْرَانِ أَضَلَّتَا فَصِيلَيْهِمَا فِي بَرَاحٍ مِنْ الْأَرْضِ وَفِي يَدِ كُلِّ وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا حُلَّةٌ خَيْرٌ مِنْ الدُّنْيَا وَمَا فِيهَا.

6119 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا شېھىدلارنىڭ گېپى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

«شېھىدنىڭ يەر يۈزىدىكى قېنى تېخى قۇرىماستىن، ئۇنى جەننەتتىكى ئىككى جۈپتى خۇددى ئېمىتىۋاتقان بالىلىرىنى مەلۇم جايدا يۈتتۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن ئۇلارنى تېپىۋالغان ئىككى ئانىدەك ھاياجان ئىلكىدە قارشى ئالىدۇ. ھەربىر جۈپتىنىڭ قولىدا دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتۈن نەرسىلەردىن قىممەتلىك تون بولىدۇ»[①].

(ئىبنى ماجە: 2798)

6120 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَهُوَ يَخْطُبُ عَلَى الْمِنْبَرِ فَقَالَ أَرَأَيْتَ إِنْ قَاتَلْتُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ صَابِرًا مُحْتَسِبًا مُقْبِلًا غَيْرَ مُدْبِرٍ أَيُكَفِّرُ اللَّهُ عَنِّي سَيِّئَاتِي قَالَ نَعَمْ ثُمَّ سَكَتَ سَاعَةً قَالَ أَيْنَ السَّائِلُ آنِفًا فَقَالَ الرَّجُلُ هَا أَنَا ذَا قَالَ مَا قُلْتَ قَالَ أَرَأَيْتَ إِنْ قُتِلْتُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ صَابِرًا مُحْتَسِبًا مُقْبِلًا غَيْرَ مُدْبِرٍ أَيُكَفِّرُ اللَّهُ عَنِّي سَيِّئَاتِي قَالَ نَعَمْ إِلَّا الدَّيْنَ سَارَّنِي بِهِ جِبْرِيلُ آنِفًا.

6120 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىدە خۇتبە ئوقۇۋاتقان بىر پەيتتە بىر ئادەم كېلىپ:

ــ ئېيتىپ بەرگىنچۇ! ئەگەر مەن الله يولىدا چىداملىق بولۇپ، ساۋاب ئۈمىد قىلغان، ئالغا ئىلگىرىلىگەن، چېكىنمىگەن ھالدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەم، الله مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرەمدۇ؟ ــ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھەئە، ـ دېدى. ئاندىن بىرئاز سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن:

ــ ھازىر سوئال سورىغان كىشى قېنى؟ ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

[①] ئەلبانى (615): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ مانا مەن بۇ يەردە، ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ نېمە دېگەنىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ ئېيتىپ بەرگىنچۇ! ئەگەر مەن الله يولىدا چىدامىلىق بولۇپ، ساۋاب ئۈمىد قىلغان، ئالغا ئىلگىرىلىگەن، چېكىنمىگەن ھالدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەم، الله مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرەمدۇ؟ ــ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھەئە، قەرزدىن باشقا گۇناھلارنى كەچۈرىدۇ. بۇنى ماڭا جىبرىئىل ھازىر مەخپىي ھالدا يەتكۈزدى، ـ دېدى[①].

(نەسائى: 3155)

6121 - عَنْ أَنسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْقَتْلُ فِي سَبِيلِ اللهِ يُكَفرُ كُل خَطِيئَةٍ فَقَالَ جِبْرِيلُ إِلا الديْنَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلا الديْنَ.

6121 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش پۈتۈن گۇناھلارنى يۇيىدۇ، ـ دېدى. دەل شۇ پەيتتە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

ـ قەرزدىن باشقا گۇناھلارنى (كەچۈرىدۇ)، ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمۇ:

ـ قەرزدىن باشقا گۇناھلارنى (كەچۈرىدۇ)، ـ دېدى[②].

(تىرمىزى: 1640)

6122 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بن مَسْعُودٍ عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: الْقَتْلُ فِي سَبِيلِ اللهِ يُكَفرُ الذُنُوبَ كُلهَا أَوْ قَالَ: كُل شَيْءٍ إِلا الأَمَانَةُ، وَالأَمَانَة فِي الصلاةِ، وَالأَمَانَةُ فِي الصوْمِ، وَالأَمَانَةُ فِي الْحَدِيثِ، فَأَشَد ذَلِكَ الْوَدَائِعُ.

---

[①] ئەلبانى (2957): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1340): سەھىھ ـ دېگەن.

6122 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش پۈتۈن گۇناھلارنى يۇيىدۇ. پەقەت ئامانەت بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. نامازدا ئامانەت بار، روزىدا ئامانەت بار، سۆزدە ئامانەت بار. بۇلارنىڭ ئەڭ ئېغىرى مال ـ مۈلۈكتىكى ئامانەتتۇر»[1].

(«ئەلكەبىر»: 10537)

6123 - عَنْ الْمِقْدَامِ بْنِ مَعْدِي كَرِبَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِلشهِيدِ عِنْدَ اللهِ سِت خِصَالٍ يُغْفَرُ لَهُ فِي أَولِ دَفْعَةٍ وَيَرَى مَقْعَدَهُ مِنْ الْجَنةِ وَيُجَارُ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَيَأْمَنُ مِنْ الْفَزَعِ الْأَكْبَرِ وَيُوضَعُ عَلَى رَأْسِهِ تَاجُ الْوَقَارِ الْيَاقُوتَةُ مِنْهَا خَيْرٌ مِنْ الدنْيَا وَمَا فِيهَا وَيُزَوجُ اثْنَتَيْنِ وَسَبْعِينَ زَوْجَةً مِنْ الْحُورِ الْعِينِ وَيُشَفعُ فِي سَبْعِينَ مِنْ أَقَارِبِهِ.

6123 ـ مىقدام ئىبنى مەئدىكەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللهنىڭ دەرگاھىدا شېھىدنىڭ مۇنداق ئالتە خىل ئارتۇقچىلىقى بار: دەسلەپتىلا ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ؛ ئۇ جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرىدۇ؛ قەبرە ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ؛ قىيامەت كۈنىدىكى ئەڭ چوڭ قورقۇنچتىن ئەمىن بولىدۇ؛ كەمتەرلىك تاجى كىيدۈرۈلىدۇ، بۇ تاجنىڭ بىر تال ياقۇتى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىنمۇ قىممەتلىكتۇر؛ شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەردىن 72 سى جۈپتى قىلىپ بېرىلىدۇ؛ تۇغقانلىرىدىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلىش ھەققى بېرىلىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1663)

6124 - عن ابي الدرْدَاءَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُشَفعُ الشهِيدُ فِي سَبْعِينَ مِنْ أَهْلِ بَيْتِهِ.

[1] ھەيسەمى (9515): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.
[2] ھەلبانى (1358): سەھىھ ـ دېگەن.

6124 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«شېھىدكە ئائىلىسىدىكىلەردىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلىش ھەققى بېرىلىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2522)

6125 - عن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الشهَدَاءُ أَرْبَعَةٌ رَجُلٌ مُؤْمِنٌ جَيدُ الْإِيمَانِ لَقِيَ الْعَدُو فَصَدَقَ اللهَ حَتى قُتِلَ فَذَلِكَ الذِي يَرْفَعُ الناسُ إِلَيْهِ أَعْيُنَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ هَكَذَا وَرَفَعَ رَأْسَهُ حَتى وَقَعَتْ قَلَنْسُوَتُهُ قَالَ فَمَا أَدْرِي أَقَلَنْسُوَةَ عُمَرَ أَرَادَ أَمْ قَلَنْسُوَةَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ وَرَجُلٌ مُؤْمِنٌ جَيدُ الْإِيمَانِ لَقِيَ الْعَدُو فَكَأَنمَا ضُرِبَ جِلْدُهُ بِشَوْكِ طَلْحٍ مِنْ الْجُبْنِ أَتَاهُ سَهْمٌ غَرْبٌ فَقَتَلَهُ فَهُوَ فِي الدرَجَةِ الثانِيَةِ وَرَجُلٌ مُؤْمِنٌ خَلَطَ عَمَلًا صَالِحًا وَآخَرَ سَيئًا لَقِيَ الْعَدُو فَصَدَقَ اللهَ حَتى قُتِلَ فَذَلِكَ فِي الدرَجَةِ الثالِثَةِ وَرَجُلٌ مُؤْمِنٌ أَسْرَفَ عَلَى نَفْسِهِ لَقِيَ الْعَدُو فَصَدَقَ اللهَ حَتى قُتِلَ فَذَلِكَ فِي الدرَجَةِ الرابِعَةِ.

6125 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«شېھىد مۇنداق تۆت تۈرلۈك بولىدۇ: ئىمانى كۈچلۈك بىر مۇئمىن بولۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، شېھىد بولغۇچە ئۇرۇشىدۇ. ئىنسانلار قىيامەت كۈنى ئەنە شۇ شېھىدكە قاراش ئۈچۈن كۆزلىرىنى يۇقىرىغا تىكىدۇ (ئىنسانلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن: مانا مۇنداق دەپ بېشىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈۋىدى، دوپپىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى). (راۋىيلاردىن بىرى: بۇ ھەدىستە ئۆمەرنىڭ دوپپىسى كۆزدە تۇتۇلدىمۇ ياكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دوپپىسى كۆزدە تۇتۇلدىمۇ، بۇنى بىلمەيمەن، ـ دېگەن). ئىمانى كۈچلۈك يەنە بىر مۇئمىن بولۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىدۇ. لېكىن ئۇ خۇددى بەدىنىگە

[1] ئەلبانى (1358): سەھىھ ـ دېگەن.

تىكەن كىرىپ كەتكەن كىشىدەك قورقۇنچ ئىچىدە ئۇرۇش قىلىدۇ. شۇ ئارىدا ئۇنىڭغا غايىبانە بىر ئوق تېگىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك شېھىدتۇر. ياخشى ئەمەل بىلەن يامان ئەمەلنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلىدىغان بىر مۇئمىن بولۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىدۇ. اللهنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، شېھىد بولغۇچە ئۇرۇشىدۇ. ئۇ ئۈچىنچى دەرىجىلىك شېھىدتۇر. گۇناھلارغا پاتقان بىر مۇئمىن بولۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىدۇ. اللهنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، شېھىد بولغۇچە ئۇرۇشىدۇ. ئۇ تۆتىنچى دەرىجىلىك شېھىدتۇر»[1].

(تىرمىزى: 1644)

6126 - عَنْ عُتْبَةَ بْنِ عَبْدٍ السلَمِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْقَتْلَى ثَلَاثَةٌ مُؤْمِنٌ جَاهَدَ بِنَفْسِهِ وَمَالِهِ فِي سَبِيلِ اللهِ إِذَا لَقِيَ الْعَدُو قَاتَلَ حَتى يُقْتَلَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيهِ فَذَلِكَ الشهِيدُ الْمُمْتَحَنُ فِي خَيْمَةِ اللهِ تَحْتَ عَرْشِهِ لَا يَفْضُلُهُ النبِيونَ إِلا بِدَرَجَةِ النُبوةِ وَمُؤْمِنٌ خَلَطَ عَمَلًا صَالِحًا وَآخَرَ سَيئًا جَاهَدَ بِنَفْسِهِ وَمَالِهِ فِي سَبِيلِ اللهِ إِذَا لَقِيَ الْعَدُو قَاتَلَ حَتى يُقْتَلَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيهِ مُمَصْمِصَةٌ مَحَتْ ذُنُوبَهُ وَخَطَايَاهُ إِن السيْفَ مَحاءٌ لِلْخَطَايَا وَأُدْخِلَ الْجَنةَ مِنْ أَي أَبْوَابِ الْجَنةِ شَاءَ وَمُنَافِقٌ جَاهَدَ بِنَفْسِهِ وَمَالِهِ فَإِذَا لَقِيَ الْعَدُو قَاتَلَ حَتى يُقْتَلَ فَذَاكَ فِي النارِ إِن السيْفَ لَا يَمْحُو النفَاقَ.

6126 ـ ئۇتبە ئىبنى ئابدۇسسۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، جېنى ۋە مېلى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغان مۇئمىن بولۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا تاكى ئۆلۈپ كەتكىچە ئۇرۇش قىلىدۇ. ئەنە شۇ سىناقتىن ئۆتكەن، اللهنىڭ ئەرشى ئاستىدىكى چېدىردا بولىدىغان كىشىدۇر. پەيغەمبەرلەرمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا پەقەت پەيغەمبەرلىك ئۇنۋانى بىلەن ئۆتەلەيدۇ. يەنە بىرى، ياخشى ئەمەل بىلەن يامان ئەمەلنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلىدىغان، الله يولىدا جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلغان مۇئمىن

---

[1] ئەلبانى (279): زەئىپ، ـ دېگەن.

بولۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا ئۆلۈپ كەتكىچە ئۇرۇش قىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ مۇئمىن گۇناھلىرى ۋە خاتالىقلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھلىرى ۋە خاتالىقلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، قىلىچ خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ جەننەتنىڭ قايسى دەرۋازىسىدىن كىرىشنى خالىسا، شۇ دەرۋازىدىن كىرىدۇ. ئۈچىنچىسى، جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلغان مۇناپىق بولۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇمۇ ئۆلۈپ كەتكىچە ئۇرۇش قىلىدۇ. بىراق ئۇ دوزاختا كىرىدۇ. چۈنكى قىلىچ مۇناپىقلىقنى يۇيالمايدۇ»[①].

(دارىمى: 2411)

6127 - عن الْبَرَاءَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلٌ مُقَنعٌ بِالْحَدِيدِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أُقَاتِلُ أَوْ أُسْلِمُ قَالَ أَسْلِمْ ثُم قَاتِلْ فَأَسْلَمَ ثُم قَاتَلَ فَقُتِلَ فَقَـالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَمِلَ قَلِيلًا وَأُجِرَ كَثِيرًا.

6127 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: تولۇق قوراللانغان بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇرۇش قىلامدىمەن ياكى ئىسلامغا كىرەمدىمەن؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئالدى بىلەن ئىسلامغا كىرگىن، ئاندىن ئۇرۇش قىلغىن! ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئالدى بىلەن ئىسلامغا كىردى، ئاندىن ئۇرۇشقا چىقىپ، جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ ئادەم ناھايىتى ئاز ئەمەل قىلىپ، ناھايىتى جىق ئەجىر ئالدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2808)

[①] ھەيسەمى (17204): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەدمۇ رىۋايەت قىلغان.

6128 - عَنْ رَاشِدِ بْنِ سَعْدٍ عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أن رَجُلًا قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ مَا بَالُ الْمُؤْمِنِينَ يُفْتَنُونَ فِي قُبُورِهِمْ إلا الشهيدَ قَالَ كَفَى بِبَارِقَةِ السُّيُوفِ عَلَى رَأْسِهِ فِتْنَةً.

6128 ــــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! شېھىدتىن نېمىشقا باشقا مۇئمىنلەردەك قەبرىدە (ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئال سورىشى ئارقىلىق) ئىمتىھان ئېلىنمايدۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنىڭ بېشىدا ئوينىتىلغان قىلىچلارنىڭ يالت ـ يۇلتلىرى ئۇنىڭغا يېتەرلىك. ـ دېدى[1].

(نەسائى: 2053)

6129 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا يَجِدُ الشهيدُ مِنْ مَس الْقَتْلِ إلا كَمَا يَجِدُ أَحَدُكُمْ مِنْ مَس الْقَرْصَةِ.

6129 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شېھىد ئۆلتۈرۈلگەندە، بىرىڭلارنىڭ چىمدالغان يېرىنىڭ ئاغرىقىنى ھېس قىلغىنىچىلىك ئاغرىق ھېس قىلىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1668)

6130 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَجِبَ رَبنَا عَز وَجَل مِنْ رَجُلٍ غَزَا فِي سَبِيلِ اللهِ فَانْهَزَمَ يَعْنِي أَصْحَابُهُ فَعَلِمَ مَا عَلَيْهِ فَرَجَعَ حَتى

[1] ئەلبانى (1940): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1362): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

أُهَرِيقَ دَمُهُ فَيَقُولُ اللهُ تَعَالَى لِمَلَائِكَتِهِ انْظُرُوا إِلَى عَبْدِي رَجَعَ رَغْبَةً فِيمَا عِنْدِي وَشَفَقَةً مِما عِنْدِي حَتى أُهَرِيقَ دَمُهُ.

وزاد رزين: أشهدكم أني قد غفرت له.

6130 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله يولىدا جىھادقا چىققان، سەبداشلىرى مەغلۇب بولغان، ئۆزىنىڭمۇ ئۆلۈمدىن باشقا يولى يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە جەڭ مەيدانىغا قايتىپ بېرىپ، قېنى تۆكۈلگىچە ئۇرۇش قىلغان بىر ئادەمدىن پەرۋەردىگارىمىز الله تائالا مەمنۇن بولىدۇ ۋە پەرىشتىلىرىگە: ”ئاۋۇ بەندەمگە قاراڭلار! ئۇ دەرگاھىمدىكى مۇكاپاتقا ئىنتىلگەن، ئازابتىن قورققان ھالدا جەڭ مەيدانىغا قايتىپ بېرىپ، قېنى تۆكۈلگىچە ئۇرۇش قىلدى“ دەيدۇ»①.

(ئەبۇ داۋۇد: 2536)

رەزىننىڭ رىۋايىتىدە: «ئۇ بەندەمنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغانلىقىمغا سىلەرنى گۇۋاھچى قىلىمەن» دېگەن ئىبارە قوشۇپ بايان قىلىنغان.

6131 - عَنْ عَبْدِ الْخَبِيرِ بْنِ ثَابِتِ بْنِ قَيْسِ بْنِ شَماسٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ جَاءَتْ امْرَأَةٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُقَالُ لَهَا أُم خَلادٍ وَهِيَ مُنْتَقِبَةٌ تَسْأَلُ عَنْ ابْنِهَا وَهُوَ مَقْتُولٌ فَقَالَ لَهَا بَعْضُ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جِئْتِ تَسْأَلِينَ عَنْ ابْنِكِ وَأَنْتِ مُنْتَقِبَةٌ فَقَالَتْ إِنْ أُرْزَأْ ابْنِي فَلَنْ أُرْزَأَ حَيَائِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ابْنُكِ لَهُ أَجْرُ شَهِيدَيْنِ قَالَتْ وَلِمَ ذَاكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ لِأَنهُ قَتَلَهُ أَهْلُ الْكِتَابِ.

6131 ـ قەيس ئىبنى شەمماس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇممۇ خەللاد ئىسىملىك روپاش بىر ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۆلتۈرۈلگەن ئوغلى ھەققىدە

① ئەلبانى (2211): ھەسەن، ـ دېگەن.

سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەزى ساھابىلىرى ئۇنىڭغا:

ـ سەن روپاشلىق كىلىپ، ئوغلۇڭ ھەققىدە سوئال سوراۋاتىسەنغۇ؟ ـ دېيىشتى. ئۇ ئايال:

ـ ئوغلۇم ھەققىدە سوئال سوراشتىن ۋاز كەچسەم كېچىمەنكى، ھايالىق بولۇشتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن، ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئوغلۇڭ ئىككى شېھىدنىڭ ئەجرىگە ئېرىشتى، ـ دېدى. ئۇ ئايال:

ــ ئى ﷲنىڭ پەيغەمبىرى! نېمىشقا شۇنداق بولىدى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ چۈنكى ئۇنى ئەھلى كىتاب ئۆلتۈرىۋەتتى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2488)

6132 - عن سَهْلَ بْنَ أَبِي أُمَامَةَ بْنِ سَهْلِ بْنِ حُنَيْفٍ حَدَّثَهُ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ سَأَلَ اللهَ الشهَادَةَ بِصِدْقٍ بَلغَهُ اللهُ مَنَازِلَ الشهَدَاءِ وَإِنْ مَاتَ عَلَى فِرَاشِهِ.

6132 ــ سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ﷲتىن شېھىدلىكنى راستچىللىق بىلەن تىلىسە، گەرچە ئۇ كۆرپىسىدە ئۆلۈپ قالسىمۇ، ﷲ ئۇنى شېھىدلەرنىڭ ماقامىغا يەتكۈزىدۇ».

(مۇسلىم: 1909)

6133 - عن ابي مَالِكٍ الْأَشْعَرِي قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ فَصَلَ فِي سَبِيلِ اللهِ فَمَاتَ أَوْ قُتِلَ فَهُوَ شَهِيدٌ أَوْ وَقَصَهُ فَرَسُهُ أَوْ بَعِيرُهُ أَوْ لَدَغَتْهُ هَامةٌ أَوْ مَاتَ عَلَى فِرَاشِهِ أَوْ بِأَي حَتْفٍ شَاءَ اللهُ فَإِنهُ شَهِيدٌ وَإِن لَهُ الْجَنةَ.

[1] ئەلبانى (535): زەئىپ، ـ دېگەن.

6133 ـ ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«كىمكى الله يولىدا ئۆيىدىن ئايرىلىپ ئۆلسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ چوقۇم شېھىد بولىدۇ. ئاۋادا ئۇنى ئېتى ياكى تۆگىسى ئېتىۋېتىپ، بوينىنى سۇندۇرۇۋەتكەن ياكى زەھەرلىك جانىۋارلار چېقىۋالغان ياكى ئۇ كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلۈپ قالغان ۋەياكى الله خالىغان بىرەر سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ چوقۇم شېھىد بولىدۇ ۋە جەننەتكە كىرىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2499)

6134 - عن حَسْنَاء بِنْت مُعَاوِيَةَ الصريمية قَالَتْ حَدثَنَا عَمي قَالَ قُلْتُ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ فِي الْجَنةِ قَالَ: النبِي فِي الْجَنةِ وَالشهِيدُ فِي الْجَنةِ وَالْمَوْلُودُ فِي الْجَنةِ وَالْوَئِيدُ فِي الْجَنةِ.

6134 ـ مۇئاۋىيەنىڭ قىزى ھەسنائ مۇنداق دەيدۇ: تاغام ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ كىم جەننەتتە بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم. ئۇ:

ـــ پەيغەمبەرلەر، شېھىدلار، (تۇغۇلۇپ بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ) چاچراپ كەتكەن باللار، تىرىك كۆمۈلگەن كىشىلەر جەننەتتە بولىدۇ، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2521)

6135 - عَنْ أَبِي النضْرِ مَوْلَى عُمَرَ بنِ عُبَيْدِ اللهِ أَنهُ بَلَغَهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لِشُهَدَاءِ أُحُدٍ هَؤُلَاءِ أَشْهَدُ عَلَيْهِمْ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ الصديقُ أَلَسْنَا يَا رَسُولَ اللهِ

[1] ئەلبانى (538): زەئىپ، دېگەن.
[2] ئەلبانى (2200): سەھىھ ـ دېگەن.

بِإِخْوَانِهِمْ أَسْلَمْنَا كَمَا أَسْلَمُوا وَجَاهَدْنَا كَمَا جَاهَدُوا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ بَلى وَلَكِنْ لَا أَدْرِي مَا تُحْدِثُونَ بَعْدِي فَبَكَى أَبو بَكْرٍ ثُم بَكَى ثُم قَالَ أَئِنا لَكَـائِنُونَ بَعْدَكَ.

6135 ـ ئۆمەر ئىبنى ئوبەيدۇللاھنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ نەزرگە يېتىشچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد شېھىدلىرى ھەققىدە:

ـ ئۇلارنىڭ (تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر) ئىمان ئۇستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، دۇنيادىن كەتكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېگەن. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بىزمۇ ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ئەمەسمۇ؟ بىزمۇ ئۇلاردەك ئىسلامغا كىردۇق، ئۇلاردەك جىھاد قىلدۇق، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ دېگىنىڭلار توغرا، بىراق مەن سىلەرنىڭ مەندىن كېيىن قانداق ئىشلارنى پەيدا قىلىدىغانلىقىڭلارنى بىلمەيمەن، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ بەكرى ئۇزۇن يىغلىغان. ئاندىن:

ـ بىز سەندىن كېيىنمۇ ھايات قالامدۇق؟ ـ دەپ سورىغان.

(مالىك: 1004)

6136 - عن أنس بن مالك قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم الشهداء ثلاثة رجل خرج نفسه وماله محتسبا في سبيل الله لا يريد أن يقاتل ولا يقتـل يكثـر سـواد المسلمين فان مات أو قتل غفرت له ذنوبه كلها وأجير من عذاب القبر ويؤمن من الفزع ويزوج من الحور العين وحلت عليه حلة الكرامة ويوضع على رأسه تاج الوقار والخلـد والثانى خرج بنفسه وماله محتسبا يريد أن يقتل ولا يقتل فان مات أو قتل كانت ركبته مع إبراهيم خليل الرحمن بين يدى الله تبارك وتعالى في مقعد صدق عند مليك مقتدر والثالث خرج بنفسه وماله محتسبا يريد أن يقتل ويقتل فان مات أو قتل جاء يوم القيامة شـاهرا سيفه واضعه على عاتقه والناس جاثون على الركب يقولون ألا افسحوا لنا فانا قد بذلنا دماءنا لله تبارك وتعالى قال رسول الله صلى الله عليه وسلم من الانبياء لزحل لهـم عـن

الطريق لما يرى من واجب حقهم حتى يأتوا منابر من نور تحت العرش فيجلسون عليهـا ينظرون كيف يقضى بين الناس لا يجدون غم الموت ولا يقيمون في البرزخ ولا تفـزعهم الصيحة ولا يهمهم الحساب ولا الميزان ولا الصراط ينظرون كيف يقضى بين الناس ولا يسألون شيئا إلا أعطوه ولا يشفعون في شئ إلا شفعوا فيه ويعطون من الجنة ما أحبـوا ويتبوءون من الجنة حيث أحبوا.

6136 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شېھىدلەر مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئۆلتۈرۈش ۋە ئۆلتۈرۈلۈشنى مەقسەت قىلماستىن، پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى ئاۋۇتۇش مەقسىتىدە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، الله يولىدا جېنىنى ۋە مېلىنى ئېلىپ چىقىدۇ. ناۋادا مۇنداق ئادەم ئۆلسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، قەبرە ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ، قىيامەت كۈنىدىكى ناھايىتى چوڭ قورقۇنچتىن ئەمىن بولىدۇ، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر جۈپتى قىلىپ بېرىلىدۇ، ئۈستىگە كارامەت تونى، بېشىغا كەمتەرلىك ۋە مەڭگۈلۈك تاجى كىيدۈرۈلىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئۆلتۈرۈلۈشنى مەقسەت قىلماستىن، پەقەت ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، الله يولىدا جېنىنى ۋە مېلىنى ئېلىپ چىقىدۇ. ناۋادا مۇنداق ئادەم ئۆلسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ ھەممىگە قادىر پادىشاھ (الله تائالا)نىڭ دەرگاھىدىكى ساداقەت ئورۇندۇقىدا، الله تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئولتۇرىدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئۆلتۈرۈشنى ۋە ئۆلتۈرۈلۈشنى مەقسەت قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا الله يولىدا جېنىنى ۋە مېلىنى ئېلىپ چىقىدۇ. ناۋادا مۇنداق ئادەم ئۆلسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە، قىيامەت كۈنى ئىنسانلار (ئۇ كۈننىڭ ھەيۋىتىدىن) تىز چۆكۈپ ئولتۇرغاندا، ئۇ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، مۆرىسىگە ئاسقان ھالدا كېلىپ: "بىزگە يول بېرىڭلار، بىز الله تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئىسسىق قانلىرىمىزنى پىدا قىلغان كىشىلەرمىز" دەيدۇ.

جېنىم ئىلكىدە بولغان زات (اللە) بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بۇ سۆز اللەنىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ياكى قايسىبىر پەيغەمبەرگە ئېيتىلسا، ئۇ ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا يول بېرىدۇ. نىھايەت ئۇلار ئەرشنىڭ ئاستىدىكى نۇر مۇنبەرلەرگە كېلىپ ئولتۇرىدۇ، اللەنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا قانداق ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۆلۈم ئازابىنى تېتىمايدۇ، ئالەمى بەرزەختە تۇرمايدۇ، قىيامەت چۇقانلىرىنى ئاڭلىمايدۇ، نە ھېساب بېرىشتىن، نە ئەمەللىرىنىڭ تارتىلىشىدىن، نە پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشتىن ئەنسىرىمەيدۇ، ئىنسانلار ئارىسىدا قانداق ھۆكۈم چىقىرىلىدىغانلىقىغا قاراپ تۇرىدۇ. نېمە سورىسا، دەرھال بېرىلىدۇ. شاپائەت تىلىسە، شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. جەننەتتىن نېمىنى ياخشى كۆرسە، شۇ بېرىلىدۇ. جەننەتنىڭ نەرىدە تۇرۇشنى خالىسا، شۇ يەردە تۇرىدۇ»[1].

(بەززار: 1715)

6137 - عن أبي موسى أن النبي صلى الله عليه وسلم كان في غزاة فبارز رجل من المشركين رجلا من المسلمين فقتله المشرك ثم برز له آخر من المسلمين فقتله المشرك ثم دنا فوقف على النبي صلى الله عليه و سلم فقال على ما تقاتلون فقال ديننا أن نقاتل النـاس حتى يشهدوا أن لا إله إلا الله وأن محمدا عبده ورسوله وأن نفي لله بحقه قال والله إن هذا لحسن آمنت بذا ثم تحول إلى المسلمين فحمل على المشركين فقاتل حتى قتل فحمل فوضع مع صاحبيه اللذين قتلهما فقال رسول الله صلى الله عليه و سلم هؤلاء أشد أهل الجنـة تحابا.

[1] ھەيسەمى (9512): بۇ ھەدىسنى ئىمام بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇستازى مۇھەممەد ئىبنى مۇئاۋىيەدىن رىۋايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ زەئىپ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. گەرچە ئۇنىڭ ئۇستازى نىيساپۇرلۇق بولسىمۇ، ھەدىسى مەترۇكتۇر. ئۇنىڭ سەنەدىدە يەنە مۇسلىم ئىبنى خالىد زەنجى ئىسىملىك بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپتۇر. بەزىلەر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، - دېگەن.

6137 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەلۇم بىر غازاتتا ئىدى. مۇشرىكلاردىن بىرى مۇسۇلمانلاردىن بىرى بىلەن يەككە ئېلىشىشقا چۈشۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. ئاندىن مۇسۇلمانلاردىن يەنە بىرى ئۇنىڭ بىلەن مەيدانغا چۈشتى. مۇشرىك ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ قويدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە:

ـ نېمىگە ئاساسەن ئۇرۇش قىلىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ دىنىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئىنسانلار: ''بىر اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر'' دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشىمىز. ھەتتا ئۇلار اللهنىڭ بىرەر ھەققىنى ئىنكار قىلىسىمۇ، بىز ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمىز، ـ دېدى. ئۇ:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ دىن ھەقىقەتەن ياخشى دىن ئىكەن، مەن بۇ دىنغا ئىمان ئېيتتىم، ـ دېدى. ئاندىن مۇسۇلمانلار تەرەپكە ئۆتۈپ، مۇشرىكلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتى. كېيىن ئۇنىڭ جەسىتى يۆتكىلىپ، ئىلگىرى ئۇزى ئۆلتۈرىۋەتكەن ئىككى مۇسۇلمان بىلەن بىرگە دەپنە قىلىندى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئۇلار جەننەت ئەھلى ئىچىدە بىر ـــ بىرىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلاردۇر، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

6138 - عن سعد بن جنادة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال إن شهداء البر أفضل عند الله من شهداء البحر.

[1] ھەيسەمى (9531): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىبنى مۇبارەكنىڭ بۇ ھەدىسنى سۇئۇدىيدىن ئاڭلىغانلىقى سەھىھتۇر. شۇنداق قىلىپ، بۇ ھەدىس الله خالىسا سەھىھتۇر. راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6138 ـ سەئىد ئىبنى جۇنادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«قۇرۇقلۇق شېھىدلىرى اللەنىڭ دەرگاھىدا دېڭىز شېھىدلىرىدىن ئەۋزەلدۇر»[1].

(«ئەلكەبىر»: 5486)

6139 - عَنْ أُم حَرَامٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ الْمَائِدُ فِي الْبَحْرِ الذِي يُصِيبُهُ الْقَيْءُ لَهُ أَجْرُ شَهِيدٍ وَالْغَرِقُ لَهُ أَجْرُ شَهِيدَيْنِ.

6139 ـ ئۇممۇ ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ سەۋەبىدىن بېشى قېيىپ قۇسقان كىشى بىر شېھىدنىڭ ئەجرىگە، غەرق بولۇپ ئۆلگەن كىشى ئىككى شېھىدنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2493)

6140 - عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ غَزْوَةٌ فِي الْبَحْرِ مِثْلُ عَشْرِ غَزَوَاتٍ فِي الْبر وَالذِي يَسْدَرُ فِي الْبَحْرِ كَالْمُتَشَحطِ فِي دَمِهِ فِي سَبِيلِ اللهِ سُبْحَانَهُ.

6140 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«دېڭىزدا قىلىنغان بىر قېتىملىق غازات قۇرۇقلۇقتا قىلىنغان ئون قېتىملىق غازاتقا تەڭ. دېڭىزدا يولىدىن ئادىشىپ قالغان كىشى قۇرۇقلۇقتا الله تائالا يولىدا قانغا مىلەنگەن كىشىگە ئوخشاشتۇر»[3].

(ئىبنى ماجە: 2777)

---

[1] ھەيسەمى (9534): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن بىلمەيدىغان كىشىلەر بار، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2177): ھەسەن، ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (610): زەئىپ، ـ دېگەن.

6141 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الشهَدَاءُ خَمْسٌ الْمَطْعُونُ وَالْمَبْطُونُ وَالْغَرِقُ وَصَاحِبُ الْهَدْمِ وَالشهِيدُ فِي سَبِيلِ اللهِ.

6141 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شېھىدلەر بەش تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلار: ۋابا كېسىلىدە ئۆلگۈچى، قورساق ئاغرىقى بىلەن ئۆلگۈچى، سۇغا غەرق بولغۇچى، تام بېسىۋېلىپ ئۆلگۈچى ۋە الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلگۈچى قاتارلىقلار»[1].

(تىرمىزى: 1063)

6142 - عَنْ صَفْوَانَ بْنِ أُمَيةَ قَالَ الطاعُونُ وَالْمَبْطُونُ وَالْغَرِيقُ وَالنفَسَاءُ شَهَادَةٌ.

6142 ــ سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە مۇنداق دەيدۇ: ۋابا كېسىلىدە ئۆلگەنلەر ۋە قورساق ئاغرىقىدا ئۆلگەنلەر، سۇغا غەرق بولغانلار ۋە نىفاستا ئۆلگەن ئاياللار شېھىدتۇر[2].

(نەسائى: 2054)

6143 - عن جابر رفعه: الشهداء سبعة سوى القتل في سـبيل الله: المطعـون و المبطون والغرق والحرق وصاحب ذات الجنب والذي يموت تحت الهدم والمـرأة تمـوت بجمع.

قلت: كذا في الأصل هنا وفي فصل البكاء من باب الموت أخرج الحديث بطوله عن جابر بن عتيك لمالك وأبي داود والنسائي بلفظ: الشهَدَاءُ سَبْعَةٌ سِوَى الْقَتْلِ فِى سَبِيلِ اللهِ الْمَطْعُونُ شَهِيدٌ وَالْغَرِقُ شَهِيدٌ وَصَاحِبُ ذَاتِ الْجَنْبِ شَهِيدٌ وَالْمَبْطُونُ شَهِيدٌ وَالْحَـرِقُ شَهِيدٌ وَالذِى يَمُوتُ تَحْتَ الْهَدْمِ شَهِيدٌ وَالْمَرْأَةُ تَمُوتُ بِجُمْعٍ شَهِيدٌ. والذي في نـسخة رزين التي عندي إنما هو أن جابر بن عتيك أخبره: أن رسول الله صلى الله عليه وسلم جاء يعود عبد الله بن ثابت فوجده قد غلب فصاح به فلم يجبه فاسترجع وقال: غلبنا عليك يا

[1] ئەلبانى (848): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1941): سەھىھ ـ دېگەن.

أبا ربيع وساق الحديث وفي آخره: والمرأة تموت بجمع شهيدة. انتهى بلفظه فصح أنه جابر بن عتيك عند رزين لا جابر بن عبد الله.

6143 ــ جابىردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله يولىدا ئۇرۇشۇپ شېھىد بولغانلاردىن باشقا يەنە يەتتە تۈرلۈك شېھىد بار. ئۇلار: ۋابا كېسەللىكى بىلەن ئۆلگەنلەر ۋە قورساق ئاغرىقى بىلەن ئۆلگەنلەر، سۇغا غەرق بولغانلار، ئوت ئاپىتىدە ئۆلگەنلەر، كۆكرەك پەردە ياللۇغى بىلەن ئۆلگەنلەر، تام بېسىپ ئۆلگەنلەر ۋە تۇغۇتتا بالىسى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئايال قاتارلىقلار».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

بۇ ھەدىسنىڭ بۇ يەردىكى لەۋزى ئەسلى نۇسخىدىكى بىلەن ئوخشاش. ئەمما «ئۆلۈم» بۆلۈمىنىڭ ''يىغلاش'' قىسمىدىمۇ مۇشۇ ھەدىسنى ئۇزۇن تېكىست بىلەن جابىر ئىبنى ئەتىكنىڭ سەنەدى ئارقىلىق ئىمام مالىك، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى قاتارلىقلار مۇنۇ لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلغان: «الله يولىدا ئۇرۇشۇپ شېھىد بولغانلاردىن باشقا يەنە مۇنداق يەتتە تۈرلۈك شېھىد بار: ۋابا كېسىلىدە ئۆلگەن كىشى شېھىدتۇر. سۇغا غەرق بولغان كىشى شېھىدتۇر. كۆكرەك پەردە ياللۇغى بىلەن ئۆلۈپ قالغان كىشى شېھىدتۇر. قورساق ئاغرىقىدا ئۆلگەن كىشى شېھىدتۇر. ئوت ئاپىتىدە ئۆلگەن كىشى شېھىدتۇر. تام بېسىپ ئۆلگەن كىشى شېھىدتۇر. تۇغۇتتا بالىسى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئايال شېھىدتۇر».

رەزىننىڭ رىۋايىتى مېنىڭ قولۇمدىكى نۇسخىسىدا مۇنداق باشلىنىدۇ: جابىر ئىبنى ئەتىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھ ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يوقلاپ كېلىپ، ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى كۆردى ۋە ئۇنى ئۈنلۈك ئاۋازدا چاقىردى. لېكىن ئۇ جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن، ئىستىرجا ئوقۇدى (يەنى: «ئىننا لىللاھى ۋەئىننا ئىلەيھى راجىئۇن»

دەيدۇ). ئاندىن مۇنداق دېدى: «ئى ئەبۇ رەبىئ! اللەنىڭ تەقدىرىگە تەسلىم بولدۇق...» بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرى: «تۇغۇتتىدا بالىسى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئايال شېھىدتۇر» دەپ تۈگەيدۇ.

دېمەك، رەزىن بۇ ھەدىسنى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن ئەمەس، جابىر ئىبنى ئەتىكتىن رىۋايەت قىلغان. ھەدىستىكى «ئايال شېھىدتۇر» دېگەن سۆزگە ئاساسلانغاندا، ئۇ بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى قاتارلىقلارنىڭ لەۋزى بىلەنمۇ رىۋايەت قىلغان.

**6144 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ زَيْدٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ قُتِلَ دُونَ مَالِهِ فَهُوَ شَهِيدٌ وَمَنْ قُتِلَ دُونَ دِينِهِ فَهُوَ شَهِيدٌ وَمَنْ قُتِلَ دُونَ دَمِهِ فَهُوَ شَهِيدٌ وَمَنْ قُتِلَ دُونَ أَهْلِهِ فَهُوَ شَهِيدٌ.**

6144 ــ سەئىد ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«كىمكى مال ـ مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شېھىدتۇر. كىمكى دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شېھىدتۇر. كىمكى جېنىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شېھىدتۇر. كىمكى خوتۇن ــ بالىلىرىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شېھىدتۇر»[①].

(تىرمىزى: 1421)

**6145 - عَنْ أَبِي جَعْفَرٍ قَالَ كُنتُ جَالِسًا عِنْدَ سُوَيْدِ بْنِ مُقَرنٍ فَقَالَ قَالَ رَسُـولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قُتِلَ دُونَ مَظْلَمَتِهِ فَهُوَ شَهِيدٌ.**

6145 ــ ئەبۇ جەئفەر مۇنداق دەيدۇ: مەن سۇۋەيد ئىبنى مۇقەررىنىنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتىم. ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلسە شېھىدتۇر» دېگەن[②].

(نەسائى: 4096)

---

[①] ئەلبانى (1148): سەھىھ ـ دېگەن.
[②] ئەلبانى (3818): سەھىھ ـ دېگەن.

6146 - عَنْ أَبِي سَلامٍ عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَغَرْنَا عَلَى حَي مِنْ جُهَيْنَةَ فَطَلَبَ رَجُلٌ مِنْ الْمُسْلِمِينَ رَجُلًا مِنْهُمْ فَضَرَبَهُ فَأَخْطَأَهُ وَأَصَابَ نَفْسَهُ بِالسيْفِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَخُوكُمْ يَا مَعْشَرَ الْمُسْلِمِينَ فَابْتَدَرَهُ الناسُ فَوَجَدُوهُ قَدْ مَاتَ فَلَفهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِثِيَابِهِ وَدِمَائِهِ وَصَلى عَلَيْهِ وَدَفَنَهُ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ أَشَهِيدٌ هُوَ قَالَ نَعَمْ وَأَنَا لَهُ شَهِيدٌ.

6146 ــ ئەبۇ سەللامدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى مۇنداق دېگەن: بىز جۇھەينە قەبىلىسىدىن بىر مەھەللىگە باستۇرۇپ باردۇق. مۇسۇلمانلاردىن بىرى ئۇلاردىن بىرى بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى (ئىككىسى مەيدانغا چۈشتى). مۇسۇلمان ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ قىلىچ ئۇردى. بىراق قىلىچنى خاتا ئۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىگە چېپىلىپ كەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! قېرىندىشىڭلار ئۆلدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى كۆردۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قان كىيىملىرى بىلەنلا ئوراپ، نامىزىنى چۈشۈردى ۋە شۇ پېتى دەپنە قىلدى. بىز:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ شېھىد بولدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق، ئۇ:

ــ ھەئە، مەن ئۇنىڭ شېھىد بولغانلىقىغا گۇۋاھچىمەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2539)

6147 - عَنْ الْعِرْبَاضِ بْنِ سَارِيَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَخْتَصِمُ الشهَدَاءُ وَالْمُتَوَفوْنَ عَلَى فُرُشِهِمْ إِلَى رَبنَا فِي الذِينَ يُتَوَفوْنَ مِنْ الطاعُونِ فَيَقُولُ الشهَدَاءُ إِخْوَانُنَا قُتِلُوا كَمَا قُتِلْنَا وَيَقُولُ الْمُتَوَفوْنَ عَلَى فُرُشِهِمْ إِخْوَانُنَا مَاتُوا عَلَى فُرُشِهِمْ كَمَا مُتْنَا

[1] ئەلبانى (546): زەئىپ، ـ دېگەن.

فَيَقُولُ رَبُّنَا انْظُرُوا إِلَى جِرَاحِهِمْ فَإِنْ أَشْبَهَ جِرَاحُهُمْ جِرَاحَ الْمَقْتُولِينَ فَإِنَّهُمْ مِنْهُمْ وَمَعَهُمْ فَإِذَا جِرَاحُهُمْ قَدْ أَشْبَهَتْ جِرَاحَهُمْ.

6147 ـ ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، شېھىدلەر بىلەن كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەر ۋابا كېسىلىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەر ھەققىدە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئالدىدا تالاش ـ تارتىش قىلىدۇ. شېھىدلەر:

ــ ئۇ قېرىنداشلىرىمىز خۇددى بىز ئۆلتۈرۈلگەندەك ئۆلتۈرۈلدى، ــ دېيىشىدۇ. كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلگەنلەر:

ــ ياق، ئۇلارمۇ بىزدەك كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلدى، ــ دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، پەرۋەردىگارىمىز: "ئۇلارنىڭ يارىلىرىغا قاراپ بېقىڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ يارىلىرى الله يولىدا ئۇرۇشۇپ ئۆلگەنلەرنىڭ يارىسىغا ئوخشىسا، شۇلاردىن بولىدۇ" دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ يارىلىرىغا قارايدۇ ۋە يارىلىرىنىڭ شېھىدلەرنىڭ يارىلىرىغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ»[①].

(نەسائى: 3164)

6148 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنَّ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ غُسِلَ وَكُفِّنَ وَصُلِّيَ عَلَيْهِ وَكَانَ شَهِيدًا يَرْحَمُهُ اللهُ.

6148 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب يۇيۇلدى، كېپەنلەندى، نامىزى چۈشۈرۈلدى. ھالبۇكى، ئۇ شېھىد ئىدى. الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!

(مالىك: 1008)

[①] ئەلبانى (2966): سەھىھ ـ دېگەن.

## جىھاد قىلىشنىڭ پەرزلىكى ۋە جىھاد ئەسناسىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقلار

6149 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْجِهَادُ وَاجِبٌ عَلَيْكُمْ مَعَ كُل أَمِيرٍ بَرا كَانَ أَوْ فَاجِرًا وَالصلَاةُ وَاجِبَةٌ عَلَيْكُمْ خَلْفَ كُل مُسْلِمٍ بَرا كَانَ أَوْ فَاجِرًا وَإِنْ عَمِلَ الْكَبَائِرَ وَالصلَاةُ وَاجِبَةٌ عَلَى كُل مُسْلِمٍ بَرا كَانَ أَوْ فَاجِرًا وَإِنْ عَمِلَ الْكَبَائِرَ.

6149 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«باشلىقىڭلار مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ئۇنىڭ بېتەكچىلىكىدە الله يولىدا جىھاد قىلىش سىلەرگە پەرزدۇر. ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ھەتتا چوڭ گۇناھلارنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، ھەرقانداق مۇسۇلمان (ئىمام) غا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇش سىلەرگە پەرزدۇر. مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ھەتتا چوڭ گۇناھلارنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش سىلەرگە پەرزدۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2533)

6150 - عَنْ أَنَسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ جَاهِدُوا الْمُشْرِكِينَ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ وَأَلْسِنَتِكُمْ.

6150 ـــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ئەلبانى (545): زەئىپ، ـ دېگەن.

«مۇشرىكلارغا قارشى جىھىنىڭلار، مال ـ مۈلكۈڭلار ۋە تىلىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار!»[1]

(ئەبۇ داۋۇد: 2504)

6151 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا هِجْرَةَ بَعْدَ الْفَتْحِ وَلَكِنْ جِهَادٌ وَنِيَّةٌ وَإِذَا اسْتُنْفِرْتُمْ فَانْفِرُوا.

6151 ـــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەككە فەتىھ بولغاندىن كېيىن، (مەككىدىن) ھىجرەت قىلىش ئاياغلاشتى. لېكىن جىھادقا چىقىشنى نىيەت قىلىش ۋە جىھادقا چىقىش داۋاملىشىدۇ. ئەگەر ئۇمۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقا چىقىش تەلەپ قىلىنسا، ئۇمۇمىيۈزلۈك چىقىڭلار!»

(بۇخارى: 2783)

6152 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ مَاتَ وَلَمْ يَغْزُ وَلَمْ يُحَدِّثْ بِهِ نَفْسَهُ مَاتَ عَلَى شُعْبَةٍ مِنْ نِفَاقٍ قَالَ ابْنُ سَهْمٍ قَالَ عَبْدُ اللَّهِ بْنُ الْمُبَارَكِ فَنُرَى أَنَّ ذَلِكَ كَانَ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

6152 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى غازاتقا چىقماي ۋە غازات قىلىشنى كۆڭلىگىمۇ كەلتۈرمەي ئۆلسە، نىپاق ئالامەتلىرىدىن بىرىنىڭ ئۈستىدە ئۆلگەن بولىدۇ».

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: بىز بۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا (جىھادقا چىقمىغانلارنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بەلگىلەشتە) قوللىنىلغان ئۆلچەم بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمىز.

(مۇسلىم: 1910)

[1] ئەلبانى (2186): سەھىھ ـ دېگەن.

6153 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ لَمْ يَغْزُ أَوْ يُجَهِّزْ غَازِيًا أَوْ يَخْلُفْ غَازِيًا فِي أَهْلِهِ بِخَيْرٍ أَصَابَهُ اللهُ بِقَارِعَةٍ قَالَ يَزِيدُ بْنُ عَبْدِ رَبِهِ فِي حَدِيثِهِ قَبْلَ يَوْمِ الْقِيَامَةِ.

6153 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى غازاتقا چىقمىسا ياكى بىرەر غازىنى قوراللاندۇرۇپ، غازاتقا ئەۋەتمىسە ۋەياكى غازاتقا چىققۇچى كەتكەنلەرنىڭ بالا ــ چاقىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا، الله ئۇنى قىيامەت قايىم بولۇشتىن ئىلگىرى بىرەر پالاكەتكە يولۇقتۇرىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2503)

6154 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَمَنوْا لِقَاءَ الْعَدُو فَإِذَا لَقِيتُمُوهُمْ فَاصْبِرُوا.

6154 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلماڭلار. ئەگەر ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالساڭلار، غەيرەت بىلەن ئۇرۇشۇڭلار!»

(بۇخارى: 3026)

6155 - عَنْ سَلَمَةَ بْنِ نُفَيْلٍ الْكِنْدِي قَالَ كُنْتُ جَالِسًا عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ أَذَالَ الناسُ الْخَيْلَ وَوَضَعُوا السلَاحَ وَقَالُوا لَا جِهَادَ قَدْ وَضَعَتْ الْحَرْبُ أَوْزَارَهَا فَأَقْبَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِوَجْهِهِ وَقَالَ كَذَبُوا الْآنَ الْآنَ جَاءَ الْقِتَالُ وَلَا يَزَالُ مِنْ أُمتِي أُمةٌ يُقَاتِلُونَ عَلَى الْحَق وَيُزِيغُ اللهُ لَهُمْ قُلُوبَ أَقْوَامٍ وَيَرْزُقُهُمْ مِنْهُمْ حَتى تَقُومَ الساعَةُ.

[1] ئەلبانى (2185): ھەسەن، ـ دېگەن.

6155 ـ سەلەمە ئىبنى نۇفەيل كىندى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتىم. بىر ئادەم كېلىپ:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! كىشىلەر ئاتلارنى قويۇۋەتتى، قوراللارنى تاشلىدى ۋە: ‹‹بۈنىڭدىن كېيىن جىھاد بولمايدۇ. چۈنكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى قويدى (يەنى ئۇرۇش تۈگىدى)›› دېيىشىۋاتىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ تۇرۇپ:

ـ ئۇلار يالغان ئېيتىپتۇ. شۇ تاپتا جىھاد ئەمرى كەلدى. مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بىر تۈركۈم جامائەت ھەمىشە ھەق ئۈستىدە ئۇرۇش قىلىدۇ. الله ئۇلارغا مەلۇم قەۋملەرنىڭ دىللىرىنى مايىل قىلىپ بېرىدۇ ۋە شۇلارنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ، قىيامەت كۈنىگىچە مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 3561)

6156 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِذَا تَبَايَعْتُمْ بِالْعِينَةِ وَأَخَذْتُمْ أَذْنَابَ الْبَقَرِ وَرَضِيتُمْ بِالزرْعِ وَتَرَكْتُمْ الْجِهَادَ سَلطَ اللهُ عَلَيْكُمْ ذُلا لَا يَنْزِعُهُ حَتى تَرْجِعُوا إِلَى دِينِكُمْ.

6156 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«سىلەر نېسىگە قىممەت سېتىپ، ئەينى مالنى يەنە ئۆزەڭلار ئەزان باھادا نەق پۇل بېرىپ سېتىۋېلىش شەكلىدە سودا قىلغان، ئۆكۈزلەرنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئېسىلىپ، تېرىقچىلىق بىلەن قانائەت قىلغان ۋە جىھادنى تەرك ئەتكەن چېغىڭلاردا، الله سىلەرنى خارلىققا مۇپتىلا قىلىدۇ. تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغىچە، الله سىلەرنى ئۇ خارلىقتىن قۇتقۇزمايدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2462)

---

[1] ئەلبانى (3333): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2956): سەھىھ ـ دېگەن.

6157 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ الْبَاهِلِي قَالَ وَرَأى سِكةً وَشَيْئًا مِنْ آلَـةِ الْحَـرْثِ فَقَـالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا يَدْخُلُ هَذَا بَيْتَ قَوْمٍ إلا أَدْخَلَهُ اللهُ الذل.

6157 ـ ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سوقا (ساپان) ۋە تېرىقچىلىق سايمانلىرىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«ئۆيلىرىگە بۇ نەرسىلەر كىرگەن ھەر قانداق قەۋمنى اللە خارلىققا مۇپتىلا قىلىدۇ».

(بۇخارى: 2321)

6158 - عَنْ أَبِي مُوسَى قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ فَقَـالَ الرجُلُ يُقَاتِلُ حَمِيةً وَيُقَاتِلُ شَجَاعَةً وَيُقَاتِلُ رِيَاءً فَأَي ذَلِكَ فِي سَبِيلِ اللهِ قَالَ مَـنْ قَاتَـلَ لِتَكُونَ كَلِمَةُ اللهِ هِيَ الْعُلْيَا فَهُوَ فِي سَبِيلِ اللهِ.

6158 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

ـ گۇرۇھۋازلىق قىلىش، باتۇرلىقىنى كۆرسىتىش ۋە رىيا قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغانلار بار، بۇلارنىڭ قايسىسى اللە يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـــ كىمكى اللەنىڭ تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۇستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىكەن، ئەنە شۇ اللە يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 7458)

6159 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ الْبَاهِلِي قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَرَأَيْتَ رَجُلًا غَزَا يَلْتَمِسُ الْأَجْرَ وَالذكْرَ مَالَهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا شَيْءَ

لَهُ فَأَعَادَهَا ثَلَاثَ مَراتٍ يَقُولُ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا شَيْءَ لَهُ ثُم قَالَ إِن اللهَ لَا يَقْبَلُ مِنْ الْعَمَلِ إِلا مَا كَانَ لَهُ خَالِصًا وَابْتُغِيَ بِهِ وَجْهُهُ.

6159 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـ ھەم تىلغا داستان بولۇش ھەم ئەجىر ئېلىش مەقسىتىدە غازاتقا چىققان كىشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟ ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ ھېچنېمە ئالالمايدۇ، ـ دېدى. ئۇ ئادەم سوئالىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قېتىمدا ئۇنىڭغا:

ـ ئۇ ھېچنېمە ئالالمايدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن:

ـ شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۆزى ئۈچۈن خالىس قىلىنغان ۋە ئۆزىنىڭ رازىلىقى تىلەنگەن ئەمەلدىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 3140)

6160 - عَنْ يَحْيَى بْنِ الْوَلِيدِ بْنِ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ عَنْ جَدهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ غَزَا فِي سَبِيلِ اللهِ وَلَمْ يَنْوِ إِلا عِقَالًا فَلَهُ مَا نَوَى.

6160 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى الله يولىدا پەقەت تۆگىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، نىيەت قىلغان نەرسىسىگىلا ئېرىشىدۇ»[2].

(نەسائى: 3138)

6161 - عَنْ شَدادِ بْنِ الْهَادِ أَن رَجُلًا مِنْ الْأَعْرَابِ جَاءَ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَآمَنَ بِهِ وَاتبَعَهُ ثُم قَالَ أُهَاجِرُ مَعَكَ فَأَوْصَى بِهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْضَ

[1] ئەلبانى (2943): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2941): ھەسەن، ـ دېگەن.

أَصْحَابِهِ فَلَما كَانَتْ غَزْوَةٌ غَنِمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَبْيًا فَقَسَمَ وَقَسَمَ لَهُ فَـأَعْطَى أَصْحَابَهُ مَا قَسَمَ لَهُ وَكَانَ يَرْعَى ظَهْرَهُمْ فَلَما جَاءَ دَفَعُوهُ إِلَيْهِ فَقَالَ مَا هَذَا قَالُوا قِسْمٌ قَسَمَهُ لَكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخَذَهُ فَجَاءَ بِهِ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَا هَذَا قَالَ قَسَمْتُهُ لَكَ قَالَ مَا عَلَى هَذَا اتبَعْتُكَ وَلَكِني اتبَعْتُكَ عَلَى أَنْ أُرْمَى إِلَى هَاهُنَا وَأَشَارَ إِلَى حَلْقِهِ بِسَهْمٍ فَأَمُوتَ فَأَدْخُلَ الْجَنةَ فَقَالَ إِنْ تَصْدُقْ اللهَ يَصْدُقْكَ فَلَبِثُوا قَلِيلًا ثُم نَهَضُوا فِي قِتَالِ الْعَدُو فَأُتِيَ بِهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُحْمَلُ قَدْ أَصَابَهُ سَهْمٌ حَيْثُ أَشَارَ فَقَـالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَهُوَ هُوَ قَالُوا نَعَمْ قَالَ صَدَقَ اللهَ فَصَدَقَهُ ثُم كَفنَهُ النبِي صَـلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي جُبةِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قَدمَهُ فَصَلى عَلَيْهِ فَكَانَ فِيمَا ظَهَـرَ مِنْ صَلَاتِهِ اللهُم هَذَا عَبْدُكَ خَرَجَ مُهَاجِرًا فِي سَبِيلِكَ فَقُتِلَ شَهِيدًا أَنَا شَهِيدٌ عَلَى ذَلِكَ.

6161 ـ شەدداد ئىبنى ھاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەئرابىلاردىن بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىپ:

ـ مەن سەن بىلەن ھىجرەت قىلىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ساھابىلىرىدىن بىرىگە تاپشۇردى.

مەلۇم بىر غازاتتا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نۇرغۇن ئولجىلارنى غەنىمەت ئالدى. ئاندىن غەنىمەتلەرنى مۇجاھىدلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ھېلىقى ئادەمگىمۇ بىر كىشىلىك ئايرىپ، ئۇنىڭغا تەقسىم بولغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا بەردى. چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ ئۇلاغلىرىنى باقاتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە، ئۇلار ئۇنىڭ ھەسسىسىنى بەردى. ئۇ:

ـ بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. ھەمراھلىرى:

ـ بۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەنىمەتتىن ساڭا ئايرىپ بەرگەن ھەسسەڭ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان نەرسىلەرنى ئېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

ـ بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇ، مەن ساڭا غەنىمەتتىن بۆلۈپ بەرگەن ھەسسەڭ، ـ دېدى. ئۇ:

ـــ مەن ساڭا بۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەشمىدىم، مەن ساڭا پەقەت بۇ يېرىمگە (بوينىنى كۆرسەتتى) ئوق تېگىپ ئۆلۈش ئۈچۈن، بۇنىڭ نەتىجىسىدە جەننەتكە كىرىشىم ئۈچۈن ئەگەشتىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەگەر سەن الله ئالدىدا راست سۆزلىگەن بولساڭ، الله سېنى چوقۇم مەقسىتىڭگە يەتكۈزىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلار بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، دۈشمەنگە قارشى جەڭگە كىرىپ كەتتى. ھېلىقى ئادەم قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى ۋە كۆرسەتكەن يېرىگە ئوق تېگىپ شېھىد بولدى.

ساھابىلار ئۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇ ھېلىقى ئادەممۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــ ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇ الله ئالدىدا راست سۆزلىگەن بولغاچقا، الله ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزۈپتۇ، ـ دېدى. ئاندىن ئۇنى ئۆز تونى (يەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تونى) بىلەن كېپەنلىدى. ئاندىن ئالدىغا قويۇپ، نامىزىنى چۈشۈردى. ئۇ نامىزىدا:

ــ ئى الله! بۇ قۇلۇڭ سېنىڭ يولۇڭدا ھىجرەت قىلىپ چىقتى، ئاندىن شېھىد بولدى. مەن بۇنىڭغا گۇۋاھچى بولىمەن، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 1953)

6162 - عَنْ أَبِي عُقْبَةَ وَكَانَ مَوْلًى مِنْ أَهْلِ فَارِسَ قَالَ شَهِدْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُحُدًا فَضَرَبْتُ رَجُلًا مِنْ الْمُشْرِكِينَ فَقُلْتُ خُذْهَا مِني وَأَنَا الْغُلَامُ الْفَارِسِي فَالْتَفَتَ إِلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ فَهَلا قُلْتَ خُذْهَا مِني وَأَنَا الْغُلَامُ الْأَنصَارِي.

---

[1] ئەلبانى (1845): سەھىھ ـ دېگەن.

6162 ـ ئەبۇ ئۇقبە (ئۇ پارس ئەھلىدىن ئازاد قىلىنغان بىر ئادەم ئىدى) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشتىم. مۇشرىكلاردىن بىرىگە:

ـ مەندىن بۇ مۇكاپاتنى ئالغىن، مەن پارسلىق بىر قۇل بولىمەن، ـ دېگىنىمچە قىلىچ ئۇردۇم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا لاپ قىلىپ قارىدى ـ دە:

ـــ "مەندىن بۇ مۇكاپاتنى ئالغىن، مەن ئەنسارىلىق بىر قۇل بولىمەن" دېسەڭ بولماسمىدى؟! ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 5123)

6163 - عَنْ قَيسِ بنِ عُبَادٍ قَالَ كَانَ أَصْحَابُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَكْرَهُونَ الصوْتَ عِنْدَ الْقِتَالِ.

6163 ـ قەيس ئىبنى ئۇباده رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، چۇقان سېلىشنى ياقتۇرمايتتى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2656)

6164 - عن ابْنَ عُمَرَ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَجُيُوشُهُ إِذَا عَلَوْا الثنَايَا كَبرُوا وَإِذَا هَبَطُوا سَبحُوا فَوُضِعَتْ الصلَاةُ عَلَى ذَلِكَ.

6164 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى تۆپىلىكلەرگە چىققاندا، تەكبىر ئېيتاتتى (يەنى: ئاللاھۇ ئەكبەر! ـ دەيتتى). پەسكە چۈشكەندە، تەسبىھ ئېيتاتتى (يەنى: سۇبھانەللاھ! ـ دەيتتى). نامازنىڭ تەكبىر ـ تەسبىھلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يولغا قويۇلدى[③].

(ئەبۇ داۋۇد: 2599)

---

[①] ئەلبانى (1096): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (2314): سەھىھ ۋە مەۋقۇف، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (2264): سەھىھ ـ دېگەن.

6165 - عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدُبٍ قَالَ كَانَ شِعَارُ الْمُهَاجِرِينَ عَبْدَ اللهِ وَشِعَارُ الْأَنصَارِ عَبْدَ الرحْمَنِ.

6165 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مۇھاجىرلارنىڭ پارولى "ئابدۇللاھ"، ئەنسارىلارنىڭ پارولى "ئابدۇرراھمان" ئىدى①.

(ئەبۇ داۋۇد: 2595)

6166 - عن إِيَاسُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ أَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ عَلَيْنَا أَبَا بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَغَزَوْنَا نَاسًا مِنْ الْمُشْرِكِينَ فَبَيَّتْنَاهُمْ نَقْتُلُهُمْ وَكَانَ شِعَارُنَا تِلْكَ اللَّيْلَةَ أَمِتْ أَمِتْ قَالَ سَلَمَةُ فَقَتَلْتُ بِيَدِي تِلْكَ اللَّيْلَةَ سَبْعَةَ أَهْلِ أَبْيَاتٍ مِنْ الْمُشْرِكِينَ.

6166 ـ سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى. بىز مۇشرىكلارغا قارشى غازات قىلدۇق. ئۇلارغا كېچىدە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۆلتۈرمەكچى بولدۇق. بىزنىڭ شۇ كېچىدىكى پارولىمىز: "ئۆلتۈر، ئۆلتۈر!" ئىدى. مەن شۇ كېچىسى يەتتە ئۆيلۈك مۇشرىكنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈردۇم②.

(ئەبۇ داۋۇد: 2638)

ئىمام ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدىن باشقا بىر رىۋايەتتە: بىزنىڭ شۇ كېچىدىكى پارولىمىز: "ئى ياردەم بېرىلگۈچى، ئۆلتۈر!" ئىدى، ـ دېيىلگەن.

6167 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ أَبِيهِ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ كَانَ إِذَا أَرَادَ غَزْوَةً وَرى غَيْرَهَا وَكَانَ يَقُولُ الْحَرْبُ خَدْعَةٌ.

① ئەلبانى (558): زەئىپ، ـ دېگەن.
② ئەلبانى (2297): ھەسەن، ـ دېگەن.

6167 ـ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر جايغا غازات يۈرۈشى قىلماقچى بولسا، باشقا بىر يەرگە ماڭغاندەك قىلىپ، قىلماقچى بولغان غازاتنى يوشۇراتتى ۋە: «ئۇرۇش ھىيلە بىلەن بولىدۇ» دەيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2637)

6168 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا غَزَا قَالَ اللهُم أَنتَ عَضُدِي وَنَصِيرِي بِكَ أَحُولُ وَبِكَ أَصُولُ وَبِكَ أُقَاتِلُ.

6168 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازاتقا چىقسا: «ئى الله! سەن مېنىڭ تايانچىم ۋە ياردەمچىم. سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ پىلانىنى بۇزىمەن، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىمەن ۋە سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمەن» دەپ دۇئا قىلاتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2632)

6169 - عَنْ الْمُهَلبِ بْنِ أَبِي صُفْرَةَ قَالَ أَخْبَرَنِي مَنْ سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِنْ بيتمْ فَلْيَكُنْ شِعَارُكُمْ حم لَا يُنْصَرُونَ.

6169 ـ مۇھەللەب ئىبنى ئەبۇ سۇفرە مۇنداق دەيدۇ: بىرى ماڭا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى يەتكۈزگەن ئىدى:

«ئەگەر كېچىدە ھۇجۇمغا ئۆتسەڭلار، پارولىڭلار ''ھا مىم، ئۇلار غەلىبە قىلالمايدۇ'' دېگەن سۆز بولسۇن!»[3]

(ئەبۇ داۋۇد: 2597)

[1] ئەلبانى (2295): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2291): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (2262): سەھىھ ـ دېگەن.

6170 - عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ الْغَـزْوُ غَزْوَانِ فَأَما مَنْ ابْتَغَى وَجْهَ اللهِ وَأَطَاعَ الْإِمَامَ وَأَنْفَقَ الْكَرِيمَةَ وَيَاسَرَ الـشرِيكَ وَاجْتَنَـبَ الْفَسَادَ فَإِن نَوْمَهُ وَنُبْهَهُ أَجْرٌ كُلهُ وَأَما مَنْ غَزَا فَخْرًا وَرِيَاءً وَسُمْعَةً وَعَصَى الْإِمَامَ وَأَفْسَدَ فِي الْأَرْضِ فَإِنهُ لَمْ يَرْجِعْ بِالْكَفَافِ.

6170 ـ مۇئــاز ئىبنــى جەبەل رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۇرۇش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، اللهنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۇرۇشقا چىققان كىشى بولۇپ، ئۇ قوماندانىغا ئىتائەت قىلىدۇ، ئەڭ ئېسىل مال ـ مۈلكىنى الله يولىدا سەرپ قىلىدۇ، سەبداشلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ ۋە بۇزۇقچىلىقتىن يىراق تۇرىدۇ. مۇنداق كىشىنىڭ ئۇيقۇسىمۇ، ئويغاق ھالىتىمۇ ئەجىر ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىرى، پەخىرلىنىش، كۆز ـ كۆز قىلىش ۋە رىيا قىلىش مەقسىتىدە ئۇرۇشقا چىققان كىشى بولۇپ، قوماندانىغا ئاسىيلىق قىلىدۇ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. مۇنداق كىشى ساۋاب بىلەن قايتمايدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2515)

6171 - عن ابن عمر قال له رجل: أريد أن أبيع نفسي من الله فأجاهد حتى أقتل. فقال: ويحك وأين الشروط أين قوله التائبون العابدون الآية.

6171 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم ئۇنىڭغا:

ــ مەن ئۆزەمنى اللهقا سېتىپ، ئۆلگەنگە قەدەر جىھاد قىلىشنى خالايمەن، ـ دېگەنىدى. ئىبنى ئۆمەر:

[1] ئەلبانى (2195): ھەسەن، ـ دېگەن.

ـ ئىسىت ساڭا! جىھادنىڭ شەرتلىرى قەيەردە قالدى؟ الله تائالانىڭ: (گۇناھلىرىدىن) تەۋبە قىلغۇچىلار، (ئىخلاس بىلەن) ئىبادەت قىلغۇچىلار دېگەن سۆزى نەدە قالدى؟ ـ دېدى.
(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

6172 - حَدثَنَا مُحَمدُ بن الْحَجاجِ بن حُسَيْنِ بن السائِبِ بن أَبِي لُبَابَةَ قَالَ: حَدثَنِي أَبِي عَنْ أَبِيهِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ بَدْرٍ: كَيْفَ تُقَاتِلُونَ الْقَوْمَ إِذَا لَقِيتُمُوهُمْ؟ فَقَامَ عَاصِمُ بن ثَابِتٍ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ إِذَا كَانَ الْقَوْمُ مِنا حَيْثُ يَنَالُهُمُ النبْلُ، كَانَتِ الْمُرَاةُ بِالنبْلِ فَإِذَا اقْتَرَبُوا حَتى يَنَالَنَا وَإِياهُمُ الْحِجَارَةُ كَانَتِ الْمُرَاضَخَةُ بِالْحِجَارَةِ فَأَخَذَ ثَلاثَةَ أَحْجَارٍ فِي يَدِهِ وحَجَرَيْنِ فِي حِزْمَتِهِ فَإِذَا اقْتَرَبُوا حَتى يَنَالَنَا وَإِياهُمُ الرماحُ كَانَتِ الْمُدَاعَسَةُ بِالرمَاحِ فَإِذَا انْقَصَتِ الرمَاحُ كَانَتِ الْجِلادُ بِالسُيُوفِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: بِهَذَا أُنزِلَتِ الْحَرْبُ مَنْ قَاتَلَ فَلْيُقَاتِلْ قِتَالَ عَاصِمٍ.

6172 ـ ھۇسەيىن ئىبنى سائىب ئىبنى ئەبۇ لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىر ئۇرۇشى بولغان كۈنى ساھابىلاردىن:

ـ دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا، قانداق ئۇرۇشىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئاسىم ئىبنى سابىت ئىسىملىك بىر ساھابە:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ ئوقلىرىمىز يەتكىدەك مۇساپىدە بولسا، ئۇلارنى ئوققا تۇتىمىز. ئەگەر ئۇلار تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، تاش يەتكۈدەك مۇساپىگە كەلسە، تاش ئېتىپ ھۇجۇم قىلىمىز (ئۇ بىر تال تاشنى قولىغا، ئىككى تال تاشنى قۇچىقىغا ئېلىپ مىسال قىلدى). ئەگەر ئۇلار بىزگە نەيزە بىلەن ئېلىشقۇدەك دەرىجىدە يېقىنلاشسا، نەيزىۋازلىق بىلەن ئېلىشىمىز. نەيزىۋازلىق ئۇرۇشى تۈگىگەندىن كېيىن، قىلىچلار بىلەن ھۇجۇم قىلىمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

① سۈرە تەۋبە، 112 ـ ئايەت.

ــ ئۇرۇش قىلىش بۇ شەكىلدە نازىل بولدى. كىمكى جەڭگە كىرسە، ئاسىم تەرىپىلىگەن بويىچە ئۇرۇش قىلسۇن! ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 4513)

6173 - عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَنَّ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ قَالَ كَرَمُ الْمُؤْمِنِ تَقْوَاهُ وَدِينُهُ حَسَبُهُ وَمُرُوءَتُهُ خُلُقُهُ وَالْجُرْأَةُ وَالْجُبْنُ غَرَائِزُ يَضَعُهَا اللهُ حَيْثُ شَاءَ فَالْجَبَانُ يَفِرُّ عَنْ أَبِيهِ وَأُمِّهِ وَالْجَرِيءُ يُقَاتِلُ عَمَّا لَا يَئُوبُ بِهِ إِلَى رَحْلِهِ وَالْقَتْلُ حَتْفٌ مِنَ الْحُتُوفِ وَالشَّهِيدُ مَنِ احْتَسَبَ نَفْسَهُ عَلَى اللهِ.

6173 ــ يەھيا ئىبنى سەئىدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مۇئمىنىنىڭ ھۆرمىتى ئۇنىڭ تەقۋادارلىقىدۇر، دىنى كېلىپ چىقىش نەسەبىدۇر، مەردلىكى ئەخلاقىدۇر. جۈرئەتلىك بولۇش ۋە قورقۇنچاقلىق قىلىش الله خالىغان كىشىگە بەرگەن مىجەز خاراكتېردۇر. قورقۇنچاق كىشى ئاتىسىدىنمۇ، ئانىسىدىنمۇ قاچىدۇ. جۈرئەتلىك كىشى ئۆيىگە قايتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويماستىن جەڭ قىلىدۇ. ئۆلتۈرۈلۈش ئۆلۈشنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئەسلى شېھىد ئۆزىنى پەقەت اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا ئاتاپ، ساۋابىنى اللهتىنلا ئۈمىد قىلغان كىشىدۇر.

(مالىك: 1007)

[1] ھەيسەمى (9674): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ھۇججاج ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ نامەلۇم ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

## جىھادقا ئالاقىدار ھۆكۈملەر ۋە سەۋەبلەر

6174 - عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَمرَ أَمِيرًا عَلَى جَيْشٍ أَوْ سَرِيةٍ أَوْصَاهُ فِي خَاصتِهِ بِتَقْوَى اللهِ وَمَنْ مَعَهُ مِنْ الْمُسْلِمِينَ خَيْرًا ثُم قَالَ اغْزُوا بِاسْمِ اللهِ فِي سَبِيلِ اللهِ قَاتِلُوا مَنْ كَفَرَ بِاللهِ اغْزُوا وَلَا تَغُلوا وَلَا تَغْدِرُوا وَلَا تَمْثُلُوا وَلَا تَقْتُلُوا وَلِيدًا وَإِذَا لَقِيتَ عَدُوكَ مِنْ الْمُشْرِكِينَ فَادْعُهُمْ إِلَى ثَلَاثِ خِصَالٍ أَوْ خِلَالٍ فَأَيتُهُن مَا أَجَابُوكَ فَاقْبَلْ مِنْهُمْ وَكُف عَنْهُمْ ثُم ادْعُهُمْ إِلَى الْإِسْلَامِ فَإِنْ أَجَابُوكَ فَاقْبَلْ مِنْهُمْ وَكُف عَنْهُمْ ثُم ادْعُهُمْ إِلَى التحَولِ مِنْ دَارِهِمْ إِلَى دَارِ الْمُهَاجِرِينَ وَأَخْبِرْهُمْ أَنهُمْ إِنْ فَعَلُوا ذَلِكَ فَلَهُمْ مَا لِلْمُهَاجِرِينَ وَعَلَيْهِمْ مَا عَلَى الْمُهَاجِرِينَ فَإِنْ أَبَوْا أَنْ يَتَحَولُوا مِنْهَا فَأَخْبِرْهُمْ أَنهُمْ يَكُونُونَ كَأَعْرَابِ الْمُسْلِمِينَ يَجْرِي عَلَيْهِمْ حُكْمُ اللهِ الذِي يَجْرِي عَلَى الْمُؤْمِنِينَ وَلَا يَكُونُ لَهُمْ فِي الْغَنِيمَةِ وَالْفَيْءِ شَيْءٌ إِلا أَنْ يُجَاهِدُوا مَعَ الْمُسْلِمِينَ فَإِنْ هُمْ أَبَوْا فَسَلْهُمْ الْجِزْيَةَ فَإِنْ هُمْ أَجَابُوكَ فَاقْبَلْ مِنْهُمْ وَكُف عَنْهُمْ فَإِنْ هُمْ أَبَوْا فَاسْتَعِنْ بِاللهِ وَقَاتِلْهُمْ وَإِذَا حَاصَرْتَ أَهْلَ حِصْنٍ فَأَرَادُوكَ أَنْ تَجْعَلَ لَهُمْ ذِمةَ اللهِ وَذِمةَ نَبِيهِ فَلَا تَجْعَلْ لَهُمْ ذِمةَ اللهِ وَلَا ذِمةَ نَبِيهِ وَلَكِنْ اجْعَلْ لَهُمْ ذِمتَكَ وَذِمةَ أَصْحَابِكَ فَإِنكُمْ أَنْ تُخْفِرُوا ذِمَمَكُمْ وَذِمَمَ أَصْحَابِكُمْ أَهْوَنُ مِنْ أَنْ تُخْفِرُوا ذِمةَ اللهِ وَذِمةَ رَسُولِهِ وَإِذَا حَاصَرْتَ أَهْلَ حِصْنٍ فَأَرَادُوكَ أَنْ تُنْزِلَهُمْ عَلَى حُكْمِ اللهِ فَلَا تُنْزِلْهُمْ عَلَى حُكْمِ اللهِ وَلَكِنْ أَنْزِلْهُمْ عَلَى حُكْمِكَ فَإِنكَ لَا تَدْرِي أَتُصِيبُ حُكْمَ اللهِ فِيهِمْ أَمْ لَا.

6174 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قوشۇنغا ياكى ئەترەتكە ئەمىر تەيىنلىسە، ئۇنىڭ تەقۋادار بولۇشىنى، قوماندانلىقى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارغا ياخشى مۇئائىلە قىلىشىنى تەۋسىيە قىلاتتى. ئاندىن

مۇنداق دەيتتى: «اللەنىڭ ئىسمى بىلەن، الله يولىدا غازاتقا يۈرۈڭلار. اللەنى ئىنكار قىلغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار، جەڭ قىلىڭلار. غەنىمەتلەرگە خىيانەت قىلماڭلار، دۈشمەن جەسەتلىرىنىڭ ئەزالىرىنى كەسمەڭلار، كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. مۇشرىكلاردىن ئىبارەت دۈشمىنىڭگە ئۇچراشساڭ، ئۇلارنى ئۈچ شەرتكە چاقىرغىن. ئۇلار بۇ ئۈچ شەرتنىڭ قايسىسىنى قوبۇل قىلسا، سەنمۇ ئۇلار تاللىغان شەرتنى قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇلارغا چېقىلمىغىن.

ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغىن. ئەگەر ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، سەنمۇ ئۇلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن مۇھاجىرلارنىڭ يۇرتلىرىغا ھىجرەت قىلىشقا چاقىرغىن. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار بۇنى ئورۇندىسا، مۇھاجىرلار بىلەن ھەق ـ ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتتە ئورتاق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىدىن ھىجرەت قىلغىلى ئۇنىمىسا، ئۇلارغا ئېيتىپ قويغىنكى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەئرابىلىرىغا ئوخشاش بولىدۇ. اللەنىڭ مۇئمىنلەر ئۈستىگە يۈكلىگەن ھۆكمى ئۇلارنىڭمۇ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە جىھاد قىلمىغىچە، ئۇلارغا غەنىمەت ۋە ئولجىلاردىن ھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ.

ناۋادا ئۇلار بىرىنچى شەرتنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇلارغا جىزيە تۆلەش شەرتىنى قويغىن. ئەگەر ئۇلار جىزيە تۆلەشنى قوبۇل قىلسا، سەنمۇ ئۇلاردىن جىزيە ئالغىن، ئۇلارغا چېقىلمىغىن. ئەگەر جىزيە تۆلەشنىمۇ رەت قىلسا، اللەتىن ياردەم تىلەپ، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغىن. بىرەر سېپىل ئىچىگە كىرىۋالغانلارنى قورشاۋغا ئالغان چېغىڭدا، ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە اللەنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئامانلىقىنى بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا اللەنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئامانلىقىنى بەرمەستىن، ئۆزەڭنىڭ ۋە سەبداشلىرىڭنىڭ ئامانلىقىنى بەرگىن. چۈنكى (ئاراڭلاردىن بىرەرسى بىلمەستىن بەرگەن ئامانلىقنى بۇزۇپ سالسا) ئۆزەڭلار بەرگەن ئامانلىقنى بۇزۇشۇڭلار اللەنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ نامىدىن

بېرىلگەن ئامانلىقنى بۇزۇشقا قارىغاندا يەڭگىلرەك. بىرەر سېپىل ئىچىگە كىرىۋالغانلارنى قورشاۋغا ئالغان چېغىڭدا، ئەگەر ئۇلار ساڭا ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ (ئۇلار ھەققىدىكى) ھۆكمىگە ئۇيغۇن ھالدا بىتەرەپ قىلىشىڭنى شەرت قىلسا، سەن ئۇلارنىڭ بۇ شەرتىگە قوشۇلماي، ئۇلارنى ئۆزەڭنىڭ چىقارغان ھۆكمىگە ئۇيغۇن بىر تەرەپ قىلغىن. چۈنكى سەن ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئۇلار ھەققىدىكى ھۆكمىگە ئۇيغۇن بىر تەرەپ قىلالىغان ياكى قىلالمىغانلىقىڭنى بىلمەيسەن (چۈنكى ساڭا ئاللاھنىڭ ئۇلار ھەققىدىكى ھۆكمى ماۋۇ دەپ ۋەھيي كەلمەيدۇ)».

(مۇسلىم: 1731)

6175 - عن أنس بن مالك أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال انطلقوا باسم الله وبالله وعلى ملة رسول الله ولا تقتلوا شيخا فانيا ولا طفلا ولا صغيرا ولا امرأة ولا تغلوا وضموا غنائمكم وأصلحوا وأحسنوا إن الله يحب المحسنين.

6175 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن، ئاللاھتىن ياردەم تىلىگەن ھالدا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دىنى ئۈستىدە يۈرۈش قىلىڭلار. بەك قېرىپ كەتكەن كىشىلەرنى، كىچىك بالىلارنى، ئۆسمۈرلەرنى ۋە ئاياللارنى ئۆلتۈرمەڭلار. غەنىمەتلەرگە خىيانەت قىلماي، بىر جايغا توپلاڭلار. ئاراڭلارنى تۈزەڭلار ۋە ياخشىلىق قىلىڭلار. شەك ـــ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2614)

6176 - عن ابن عون قال كتبت إلى نافع فكتب إلي إن النبي صلى الله عليه وسلم أغار على بني المصطلق وهم غارون وأنعامهم تسقى على الماء فقتل مقاتلتهم وسبى ذراريهم وأصاب يومئذ جويرية.

[①] ئەلبانى (561): زەئىپ، ـ دېگەن.

6176 ـ ئىبنى ئەۋن مۇنداق دەيدۇ: مەن نافىئقا خەت يازدىم. ئۇ ماڭا جاۋاب يېزىپ، خېتىدە مۇنداق دەپتۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى مۇستەلىق قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولۇپ، چارۋا ـ ماللىرىنى سۇغۇرىۋاتاتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاردىن قارشى چىققانلارنى ئۆلتۈردى، خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئەسىر ئالدى. ئايالى جۇۋەيرىيىەنىمۇ شۇ كۈنى ئەسىر ئالغانىدى.

(بۇخارى: 2541)

6177 - عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدُبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اقْتُلُـوا شُيوخَ الْمُشْرِكِينَ وَاسْتَبْقُوا شَرْخَهُمْ.

6177 ــ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇشرىكلارنىڭ (ئۇرۇشالايدىغان) قېرىلىرىنى ئۆلتۈرۈڭلار، بۇرۇتى تېخى خەت تارتمىغانلىرىنى ئۆلتۈرمەڭلار»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2670)

6178 - عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَن أَبَا بَكْرٍ الصديقَ بَعَثَ جُيُوشًا إِلَى الشامِ فَخَـرَجَ يَمْشِي مَعَ يَزِيدَ بْنِ أَبِي سُفْيَانَ وَكَانَ أَمِيرَ رُبْعٍ مِنْ تِلْكَ الْأَرْبَاعِ فَزَعَمُوا أَن يَزِيدَ قَالَ لِأَبِي بَكْرٍ إِما أَنْ تَرْكَبَ وَإِما أَنْ أَنزِلَ فَقَالَ أَبو بَكْرٍ مَا أَنتَ بِنَازِلٍ وَمَا أَنا بِرَاكِبٍ إِني أَحْتَسِبُ خُطَايَ هَذِهِ فِي سَبِيلِ اللهِ ثُم قَالَ لَهُ إِنكَ سَتَجِدُ قَوْمًا زَعَمُوا أَنهُمْ حَبسُوا أَنفُسَهُمْ لِلـهِ فَذَرْهُمْ وَمَا زَعَمُوا أَنهمْ حَبسُوا أَنفُسَهُمْ لَهُ وَسَتَجِدُ قَوْمًا فَحَصُوا عَنْ أَوْسَاطِ رُءُوسِهِمْ مِنْ الشعَرِ فَاضْرِبْ مَا فَحَصُوا عَنْهُ بِالسيْفِ وَإِني مُوصِيكَ بِعَشْرٍ لَا تَقْتُلَن امْرَأَةً وَلَا صَبِيا وَلَـا كَبِيرًا هَرِمًا وَلَا تَقْطَعَن شَجَرًا مُثْمِرًا وَلَا تُخَرِبَن عَامِرًا وَلَا تَعْقِرَن شَاةً وَلَا بَعِيرًا إِلا لِمَأْكَلَـةٍ وَلَا تَحْرِقَن نَحْلًا وَلَا تُغَرقَنهُ وَلَا تَغْلُلْ وَلَا تَجْبُنْ.

---

[1] ئەلبانى (571): زەئىپ، ـ دېگەن.

6178 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇ بۇ قوشۇننى يولغا سېلىش ئۈچۈن يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان بىلەن بىرگە چىقتى. يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان شۇ قوشۇننىڭ تۆتتىن بىرىنىڭ ئەمىرى ئىدى. ئاخلاشلارغا قارىغاندا، يەزىد ئەبۇ بەكرىگە:

ــ يا ئۇلاغقا مىنىۋالغىن ياكى مەن چۈشۈپ ماڭىمەن، ـ دېگەندە، ئەبۇ بەكرى:

ــ سەن ئۇلۇغىڭدىن چۈشمىگىن، مەنمۇ مىنمەي. چۈنكى مەن الله يولىدا باسقان بۇ قەدەملىرىم ئۈچۈن ساۋاب ئۈمىد قىلىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن.

كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەزىدكە:

ــ سەن ئۆز ئېتىقادىغا كۆرە الله ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز دەپ خەلقتىن ئايرىلىپ، ئۆزلىرىنى بىر چەتكە ئالغان بىر قەۋمنى ئۇچرىتىسەن. ئۇلارغا چېقىلماي، ئۆز ھالى بىلەن قويغىن. كېيىن چاچلىرىنى ئوتتۇرىدىن چۈشۈرۈۋالغان بىر قەۋمنى ئۇچرىتىسەن. ئۇلارنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرگىن. مەن ساڭا مۇنداق ئون ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن: ئاياللارنى، كىچىك باللارنى، بەك قېرىپ كەتكەنلەرنى ئۆلتۈرمىگىن. مېۋىلىك دەرەخلەرنى كەسمىگىن، ئاۋات بىنالارنى ۋەيران قىلمىغىن، قوي ۋە تۆگىلەرنى پەقەت يېيىش ئۈچۈن بوغۇزلىغىن، خورمىزارلىقتا ئوت قويمىغىن، ئۇنى سۇغا باستۇرىۋەتمىگىن، غەنىمەتلەرگە خىيانەت قىلمىغىن، قورقۇنچاقلىق قىلمىغىن! ـ دېگەن.

(مالىك: 982)

6179 - عَنْ النعْمَانِ بْنِ مُقَرِنٍ قَالَ غَزَوْتُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكَانَ إِذَا طَلَعَ الْفَجْرُ أَمْسَكَ حَتى تَطْلُعَ الشمْسُ فَإِذَا طَلَعَتْ قَاتَلَ فَإِذَا انْتَصَفَ النهَارُ أَمْسَكَ حَتى تَزُولَ الشمْسُ فَإِذَا زَالَتْ الشمْسُ قَاتَلَ حَتى الْعَصْرِ ثُم أَمْسَكَ حَتى يُصَليَ الْعَصْرَ ثُم يُقَاتِلُ قَالَ وَكَانَ يُقَالُ عِنْدَ ذَلِكَ تَهِيجُ رِيَاحُ النصْرِ وَيَدْعُو الْمُؤْمِنُونَ لِجُيُوشِهِمْ فِي صَلَاتِهِمْ.

6179 ـ نۇئمان ئىبنى مۇقەررىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە غازاتقا چىقتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشۇۋاتقاندا تاڭ يورۇپ قالسا، كۈن چىققىچە ئۇرۇشنى توختىتاتتى ۋە كۈن چىققاندىن كېيىن يەنە ئۇرۇش قىلاتتى. چۈش ۋاقتى بولۇپ قالسا، كۈن قايرىلغىچە ئۇرۇش توختىتاتتى. كۈن قايرىلغاندىن كېيىن ناماز دىگەر ۋاقتىغىچە يەنە ئۇرۇش قىلاتتى. ئاندىن ئۇرۇشنى توختىتىپ، دىگەر نامىزىنى ئوقۇيتتى. ئاندىن يەنە ئۇرۇشنى باشلايتتى. ساھابىلار:

ــ بۇ ۋاقىتتا غەلىبە شاماللىرى قوزغىلىدۇ، مۇئمىنلەر نامازلىرىدا قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ، ـ دېيىشەتتى[1].

(تىرمىزى: 1612)

6180 - عَنْ أَنسٍ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُغِيرُ إِذَا طَلَعَ الْفَجْرُ وَكَانَ يَسْتَمِعُ الْأَذَانَ فَإِنْ سَمِعَ أَذَانًا أَمْسَكَ وَإِلا أَغَارَ فَسَمِعَ رَجُلًا يَقُولُ اللهُ أَكْبَرُ اللهُ أَكْبَرُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى الْفِطْرَةِ ثُم قَالَ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجْتَ مِنْ النارِ فَنَظَرُوا فَإِذَا هُوَ رَاعِي مِعْزًى.

6180 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاڭنىڭ يورۇشىغا ھۇجۇم قىلاتتى. ئۇ (ھۇجۇم قىلماقچى بولغان يەردىن) ئەزان چىقامدۇ ـ چىقمامدۇ دەپ قۇلاق سېلىپ تۇراتتى. ئەزاننى ئاڭلىسا، ھۇجۇمنى توختىتاتتى. ئەكسىچە بولغاندا ھۇجۇم قىلاتتى. ئۇ بىر قېتىم بىر ئادەمنىڭ:

ــ ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر! ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ:

ــ بۇ يارىتىلىشتىندۇر، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەم:

[1] ئەلبانى (275): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ (بىر اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، بىر اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن)، ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مانا ئەمدى دوزاختىن قۇتۇلدۇڭ، ـ دېدى. ئەتراپتىكىلەر قارىغۇدەك بولسا، ئۇ ئۆچكە باقىدىغان ئادەم ئىكەن.

(مۇسلىم: 382)

6181 - عَنْ ابْنِ عِصَامٍ الْمُزَنِي عَنْ أَبِيهِ وَكَانَتْ لَهُ صُحْبَةٌ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا بَعَثَ جَيْشًا أَوْ سَرِيةً يَقُولُ لَهُمْ إِذَا رَأَيْتُمْ مَسْجِدًا أَوْ سَمِعْتُمْ مُؤَذنًا فَلَا تَقْتُلُوا أَحَدًا.

6181 ـ ئىبنى ئىسام مۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر جايغا قوشۇن ياكى ئەترەت ئەۋەتسە، ئۇلارغا مۇنداق دەيتتى:

«ئەگەر بىرەر مەسجىد كۆرسەڭلار ياكى ئەزان ئاڭلىساڭلار، ھېچكىمنى ئۆلتۈرمەڭلار!»[1]

(تىرمىزى: 1549)

6182 - عَنْ جُبَيْرِ بْنِ حَيةَ قَالَ بَعَثَ عُمَرُ الناسَ فِي أَفْنَاءِ الْأَمْصَارِ يُقَاتِلُونَ الْمُشْرِكِينَ فَأَسْلَمَ الْهُرْمُزَانُ فَقَالَ إِني مُسْتَشِيرُكَ فِي مَغَازِي هَذِهِ قَالَ نَعَمْ مَثَلُهَا وَمَثَلُ مَنْ فِيهَا مِنْ الناسِ مِنْ عَدُو الْمُسْلِمِينَ مَثَلُ طَائِرٍ لَهُ رَأْسٌ وَلَهُ جَنَاحَانِ وَلَهُ رِجْلَانِ فَإِنْ كُسِرَ أَحَدُ الْجَنَاحَيْنِ نَهَضَتْ الرجْلَانِ بِجَنَاحٍ وَالرأْسُ فَإِنْ كُسِرَ الْجَنَاحُ الْآخَرُ نَهَضَتْ الرجْلَانِ وَالرأْسُ وَإِنْ شُدِخَ الرأْسُ ذَهَبَتْ الرجْلَانِ وَالْجَنَاحَانِ وَالرأْسُ فَالرأْسُ كِسْرَى وَالْجَنَاحُ قَيْصَرُ وَالْجَنَاحُ الْآخَرُ فَارِسُ فَمُرْ الْمُسْلِمِينَ فَلْيَنْفِرُوا إِلَى كِسْرَى وَقَالَ بَكْرٌ وَزِيَادٌ جَمِيعًا عَنْ جُبَيْرِ بْنِ حَيةَ قَالَ فَنَدَبَنَا عُمَرُ وَاسْتَعْمَلَ عَلَيْنَا النعْمَانَ بْنَ مُقَرنٍ حَتى إِذَا كُنا بِأَرْضِ

[1] ئەلبانى (267): زەئىپ، ـ دېگەن.

الْعَدُو وَخَرَجَ عَلَيْنَا عَامِلُ كِسْرَى فِي أَرْبَعِينَ أَلْفًا فَقَامَ تَرْجُمَانٌ فَقَالَ لِيُكَلِّمْنِي رَجُلٌ مِنْكُمْ فَقَالَ الْمُغِيرَةُ سَلْ عَما شِئْتَ قَالَ مَا أَنْتُمْ قَالَ نَحْنُ أُناسٌ مِنْ الْعَرَبِ كُنا فِي شَقَاءٍ شَدِيدٍ وَبَلَاءٍ شَدِيدٍ نَمَص الْجِلْدَ وَالنوَى مِنْ الْجُوعِ وَنَلْبَسُ الْوَبَرَ وَالشعَرَ وَنَعْبُدُ الشجَرَ وَالْحَجَرَ فَبَيْنَا نَحْنُ كَذَلِكَ إِذْ بَعَثَ رَب السمَوَاتِ وَرَب الْأَرَضِينَ تَعَالَى ذِكْرُهُ وَجَلتْ عَظَمَتُهُ إِلَيْنَا نَبِيا مِنْ أَنْفُسِنَا نَعْرِفُ أَبَاهُ وَأُمهُ فَأَمَرَنَا نَبِينَا رَسُولُ رَبنَا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ نُقَاتِلَكُمْ حَتى تَعْبُدُوا اللهَ وَحْدَهُ أَوْ تُؤَدوا الْجِزْيَةَ وَأَخْبَرَنَا نَبِينَا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ رِسَالَةِ رَبنَا أَنهُ مَنْ قُتِلَ مِنا صَارَ إِلَى الْجَنةِ فِي نَعِيمٍ لَمْ يَرَ مِثْلَهَا قَط وَمَنْ بَقِيَ مِنا مَلَكَ رِقَابَكُمْ فَقَالَ النعْمَانُ رُبمَا أَشْهَدَكَ اللهُ مِثْلَهَا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ يُنَدمْكَ وَلَمْ يُخْزِكَ وَلَكِني شَهِدْتُ الْقِتَالَ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا لَمْ يُقَاتِلْ فِي أَولِ النهَارِ انْتَظَرَ حَتى تَهُب الْأَرْوَاحُ وَتَحْضُرَ الصلَوَاتُ.

6182 ـ جۇبەير ئىبنى ھەييە مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارنى مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تەرەپ ــ تەرەپكە ئەۋەتتى. شۇ ئارىدا، ھۇرمۇزان مۇسۇلمان بولدى. (كېيىن ئۆمەر ئۇنىڭغا):

ـ مەن بۇ ئۇرۇشتا سېنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچىمەن، ـ دېدى. ھۇرمۇزان:

ــ بولىدۇ، مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشىۋاتقان بۇ مۇشرىكلار قوشۇنى بىر باشلىق، ئىككى قاناتلىق ۋە ئىككى پۇتلۇق بىر قۇشقا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىر قانىتى سۇنسا، ئىككى پۇتى، بىر قانىتى ۋە بىر بېشى بىلەن تىك تۇرۇپ تىركىشىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ يەنە بىر قانىتىمۇ سۇنۇپ كەتسە، ئىككى پۇتى ۋە بېشى بىلەن تىك تۇرۇپ تىركىشىدۇ. ئەگەر بېشى كەتسە، ئىككى قانىتىمۇ، ئىككى پۇتىمۇ كېتىدۇ. باش كىسرا، بىر قانات قەيسەر، يەنە بىر قانات فارسلاردۇر. مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇق چۈشۈرگىنكى، ئۇلار دەسلەپ كىسراغا ھۇجۇم قىلسۇن، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنى ھازىرلاپ، نۇئمان ئىبنى مۇقەررىننىڭ قوماندانلىقىدا يولغا سالدى. بىز دۈشمەن

زېمىنىنغا يېتىپ بارغاندا، كىسرانىڭ قوماندانى 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئالدىمىزغا چىقتى. ئارىدىن بىر تەرجىمان چىقىپ:

ــ سىلەردىن بىرى مەن بىلەن سۆزلەشسۇن! ـ دېدى. مۇغىرە:

ــ خالىغىنىڭنى سورىغىن! ـ دېدى. تەرجىمان:

ــ سىلەر كىمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. مۇغىرە:

ــ بىز بىر قىسىم ئەرەبلەر بولىمىز. بىز ئىنتايىن ئېغىر كۈنلەردە ئىدۇق، قاتتىق بالايى ـ ئاپەتلەرگە قالغانىدۇق، ئاچلىقتىن تېرە ۋە ئۆرۈقچىلارنى شۈمەيتتۇق. يۇڭ ۋە چۈپۈرلاردىن توقۇلغان قوپال كىيىملەرنى كىيەتتۇق، دەرەخ ۋە تاشلارغا چوقۇناتتۇق. شۇنداق بىر كۈنلەردە، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پەرۋەردىگارى الله تائالا ئۆز ئىچىمىزدىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتى. بىز ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئوبدان تونۇيمىز. پەرۋەردىگارىمىز اللهنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى تاكى سىلەر يالغۇز اللهقا ئىبادەت قىلغىنىڭلارغا ياكى جىزىيە تۆلىگىنىڭلارغا قەدەر سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىمىزنى بۇيرۇدى. پەرۋەردىگارىمىز الله تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بىزدىن ئۆلگەنلەرنىڭ تۈگىمەس ـ پۈتمەس ناز ـ نېمەتلىك جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇنداق ئېسىل جاينى چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى، بىزدىن ھايات قالغانلارنىڭ سىلەرنى قۇل قىلىدىغانلىقىنى يەتكۈزدى، ـ دېدى.

كېيىن (مۇغىرە ھۇجۇمنى نېمىشقا كېچىكتۈرگەنلىكى ھەققىدە نۇئمانغا ئاچچىقلانغاندا) نۇئمان ئىبنى مۇقەررىن ئۇنىڭغا:

ــ الله سېنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا مۇيەسسەر قىلغان، ئۇ چاغدىمۇ سېنى پۇشايمان قىلدۇرمىغان ۋە رەسۋا قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مەنمۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىدىم. ئۇ ئەتىگەندە ھۇجۇم باشلىمىغان بولسا،

مەيىن شامالىلارنىڭ چىقىشىنى ۋە نامازۋاقتىنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى! ـ دېدى.

(بۇخارى: 3160)

6183 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعَثَ إِلَى بَنِي لَحْيانَ وَقَالَ لِيَخْرُجْ مِنْ كُل رَجُلَيْنِ رَجُلٌ ثُم قَالَ لِلْقَاعِدِ أيكُمْ خَلَفَ الْخَارِجَ فِي أَهْلِهِ وَمَالِهِ بِخَيْرٍ كَانَ لَهُ مِثْلُ نِصْفِ أَجْرِ الْخَارِجِ.

6183 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى لەھيان قەبىلىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ:

ــ ھەر ئىككى ئەردىن بىرى ئۇرۇشقا چىقسۇن! ـ دېدى. ئاندىن ئۇرۇشقا چىقمىغانلارغا:

ـ كىمكى ئۇرۇشقا چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسا، ئۇرۇشقا چىققۇچىنىڭ ئەجرىنىڭ يېرىمىغا تەڭ ئەجىر ئالىدۇ، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2510)

6184 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ بَعَثَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي سَرِيةٍ فَحَاصَ الناسُ حَيْصَةً فَقَدِمْنَا الْمَدِينَةَ فَاخْتَبَيْنَا بِهَا وَقُلْنَا هَلَكْنَا ثُم أَتَيْنَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ نَحْنُ الْفَرارُونَ قَالَ بَلْ أَنْتُمْ الْعَكارُونَ وَأَنَا فِئَتُكُمْ.

6184 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئەترەت تەشكىللەپ، بىزنى ئۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئادەملەر ئۇرۇش مەيدانىدىن قاچتى. بىز مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە (قاچقانلىقىمىز ئۈچۈن خىجىل بولۇپ)، يوشۇرۇنۇۋالدۇق ۋە ئۆز ئىچىمىزدە:

---

[①] ئەلبانى (2191): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ بىز ھالاك بولدۇق، ـ دېيىشتۇق. كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز قاچقۇنلارمىز، ـ دېدۇق. ئۇ:

ــ (ئۇنداق ئەمەس) بەلكى سىلەر چېكىنىپ، قايتا ھۇجۇمغا ئۆتكۈچىسىلەر. مەن سىلەرنىڭ (چېكىنىپ ھۇجۇم قىلىدىغان) قوشۇنىڭلاردىنمەن، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1716)

6185 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ الْأَنْصَارِي أن جَيْشًا مِنْ الْأَنْصَارِ كَانُوا بِأَرْضِ فَارِسَ مَعَ أَمِيرِهِمْ وَكَانَ عُمَرُ يُعْقِبُ الْجُيُوشَ فِي كُلِّ عَامٍ فَشُغِلَ عَنْهُمْ عُمَرُ فَلَمَّا مَرَّ الْأَجَلُ قَفَلَ أَهْلُ ذَلِكَ الثَّغْرِ فَاشْتَدَّ عَلَيْهِمْ وَتَوَاعَدَهُمْ وَهُمْ أَصْحَابُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالُوا يَا عُمَرُ إِنَّكَ غَفَلْتَ عَنَّا وَتَرَكْتَ فِينَا الَّذِي أَمَرَ بِهِ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ إِعْقَابِ بَعْضِ الْغَزِيَةِ بَعْضًا.

6185 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى كەئب ئىبنى مالىك ئەنسارى مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر قوشۇن ئىران زېمىنىدا قوماندانى بىلەن بىرلىكتە ئىدى. ئۆمەر ھەر يىلى ئۇلارنى نۆۋەت بويىچە ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. بىر قېتىم ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىدىغان قوشۇن ئەۋەتىشنى ئۇنتۇپ قالدى. نەتىجىدە، ۋاقىت توشۇپ كېتىپ، ئالدىنقى سەپتىكى قوشۇن قايتىپ كېلىۋەردى. بۇنى كۆرگەن ئۆمەر قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى جازالىماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئەسكەرلەر:

ــ ئى ئۆمەر! سەن بىزنى ئۇنتۇپ قېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەر قوشۇننى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش ھەققىدىكى بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىدىڭ ۋە بىزنى تاشلاپ قويدۇڭ، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2960)

[1] ئەلبانى (290): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2565): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

6186 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، أَنّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ:مَنْ فَر مِنَ اثْنَيْنِ فَقَدْ فَر، وَمَنْ فَر مِنْ ثَلاثَةٍ فَلَمْ يَفِر.

6186 ـــ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئىككى كىشىدىن قاچسا، قاچقان ھېسابلىنىدۇ. كىمكى ئۈچ كىشىدىن قاچسا، قاچقان ھېسابلانمايدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 11151)

6187 - عَنْ يَزِيدَ بْنِ هُرْمُزَ أَن نَجْدَةَ كَتَبَ إِلَى ابْنِ عَباسٍ يَسْأَلُهُ عَنْ خَمْسِ خِلَالٍ فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ لَوْلَا أَنْ أَكْتُمَ عِلْمًا مَا كَتَبْتُ إِلَيْهِ كَتَبَ إِلَيْهِ نَجْدَةُ أَما بَعْدُ فَأَخْبِرْنِي هَلْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَغْزُو بِالنسَاءِ وَهَلْ كَانَ يَضْرِبُ لَهُن بِسَهْمٍ وَهَلْ كَانَ يَقْتُلُ الصبْيَانَ وَمَتَى يَنْقَضِي يُتْمُ الْيَتِيمِ وَعَنْ الْخُمْسِ لِمَنْ هُوَ فَكَتَبَ إِلَيْهِ ابْنُ عَباسٍ كَتَبْتَ تَسْأَلُنِي هَلْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَغْزُو بِالنسَاءِ وَقَدْ كَانَ يَغْزُو بِهِن فَيُدَاوِينَ الْجَرْحَى وَيُحْذَيْنَ مِنْ الْغَنِيمَةِ وَأَما بِسَهْمٍ فَلَمْ يَضْرِبْ لَهُن وَإِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَكُنْ يَقْتُلُ الصبْيَانَ فَلَا تَقْتُلْ الصبْيَانَ وَكَتَبْتَ تَسْأَلُنِي مَتَى يَنْقَضِي يُتْمُ الْيَتِيمِ فَلَعَمْرِي إِن الرجُلَ لَتَنْبُتُ لِحْيَتُهُ وَإِنهُ لَضَعِيفُ الْأَخْذِ لِنَفْسِهِ ضَعِيفُ الْعَطَاءِ مِنْهَا فَإِذَا أَخَذَ لِنَفْسِهِ مِنْ صَالِحِ مَا يَأْخُذُ الناسُ فَقَدْ ذَهَبَ عَنْهُ الْيُتْمُ وَكَتَبْتَ تَسْأَلُنِي عَنْ الْخُمْسِ لِمَنْ هُوَ وَإِنا كُنا نَقُولُ هُوَ لَنَا فَأَبَى عَلَيْنَا قَوْمُنَا ذَاكَ حَدثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَإِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ كِلَاهُمَا عَنْ حَاتِمِ بْنِ إِسْمَعِيلَ عَنْ جَعْفَرِ بْنِ مُحَمدٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ يَزِيدَ بْنِ هُرْمُزَ أَن نَجْدَةَ كَتَبَ إِلَى ابْنِ عَباسٍ يَسْأَلُهُ عَنْ خِلَالٍ بِمِثْلِ حَدِيثِ سُلَيْمَانَ بْنِ بِلَالٍ غَيْرَ أَن فِي حَدِيثِ حَاتِمٍ وَإِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَكُنْ يَقْتُلُ الصبْيَانَ فَلَا تَقْتُلْ الصبْيَانَ إِلا أَنْ تَكُونَ تَعْلَمُ مَا عَلِمَ الْخَضِرُ مِنْ الصبِي الذِي قَتَلَ.

[1] ھەيسەمى (9677): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

6187 ـ يەزىد ئىبنى ھۇرمۇز مۇنداق دەيدۇ: نەجدە ئىسىملىك بىر ئادەم ئىبنى ئابباسقا بەش خىل مەسىلە ھەققىدە سوراپ خەت يېزىپتۇ. ئىبنى ئابباس:

ـ ئەگەر مەن ئىلىم يوشۇرغان بولۇپ قالمايدىغان بولسام، ئۇنىڭغا ھەرگىز جاۋاب بەرمەيتتىم، ـ دېگەنىدى. نەجدە ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەپتۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارنى ئۇرۇشقا ئېلىپ چىققانمىدى؟ ئۇلارغا غەنىمەتتىن مۇئەييەن بىر ئۈلۈش ئايرىغانمىدى؟ كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرەمتى؟ يېتىم بالىنىڭ يېتىملىك مۇددىتى قاچان تۈگەيدۇ؟ غەنىمەتتىن بەشتىنىڭ بىرى كىملەرگە بېرىلىدۇ؟ بۇلارنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن!

ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب يېزىپتۇ:

ــ سەن مەندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئاياللارنىڭ ئۇرۇشقا ئېلىپ چىقىدىغانلىقىنى سوراپ خەت يېزىپسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى غازاتقا ئېلىپ چىقاتتى، ئۇلار يارىدارلارنى داۋالايتتى، غەنىمەتتىن نېسىۋىدار بولاتتى. لېكىن ئۇلارغا مۇئەييەن بىر ئۈلۈش ئايرىلمايتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىك بالىلارنى ھەرگىز ئۆلتۈرمەيتتى. شۇڭا سەنمۇ كىچىك بالىلارنى ھەرگىز ئۆلتۈرمىگىن! سەن يەنە مەندىن يېتىم بالىنىڭ يېتىملىك مۇددىتىنىڭ قاچان تۈگەيدىغانلىقىنى سوراپ خەت يېزىپسەن. بەزى ئادەملەرگە ساقال چىقىپ بولسىمۇ، ئۇلار تېخىچە نېمىنى ئېلىپ، نېمىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر بىر بالا باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۆزىگە نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلگۈدەك بولسا، ئۇنىڭ يېتىملىك مۇددىتى تۈگەيدۇ. سەن يەنە مەندىن غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىر ئۈلۈشىنىڭ كىملەرگە بېرىلىدىغانلىقىنى سوراپسەن. بىز: "ئۇ بىزگە (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىغا) مەنسۇپتۇر" دەيمىز. بىراق قەۋمىمىز ئۇنى بىزگە بەرمەيۋاتىدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنۇلار قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىك بالىلارنى ھەرگىز ئۆلتۈرمەيتتى. شۇڭا سەنمۇ كىچىك بالىلارنى ھەرگىز ئۆلتۈرمىگىن! ئەمما سەن خىزىرغا ئوخشاش كىچىك بالىلاردىن كىمنىڭ زىيانلىق ۋە ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بولساڭ ئۆلتۈر! (يەنى سەن خىزىر بولمىغاندىكىن، كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرۈش ھەققىڭ يوق).

(مۇسلىم: 1812)

6188 - عَنْ يَزِيدَ بْنِ هُرْمُزَ قَالَ كَتَبَ نَجْدَةُ إِلَى ابْنِ عَبَّاسٍ يَسْأَلُهُ عَنْ كَذَا وَكَذَا وَذَكَرَ أَشْيَاءَ وَعَنْ الْمَمْلُوكِ أَلَهُ فِي الْفَيْءِ شَيْءٌ وَعَنْ النِّسَاءِ هَلْ كُنَّ يَخْرُجْنَ مَعَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَهَلْ لَهُنَّ نَصِيبٌ فَقَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ لَوْلَا أَنْ يَأْتِيَ أُحْمُوقَةً مَا كَتَبْتُ إِلَيْهِ أَمَّا الْمَمْلُوكُ فَكَانَ يُحْذَى.

6188 ـ يەزىد ئىبنى ھۇرمۇز مۇنداق دەيدۇ: نەجدە ئىسىملىك بىر ئادەم ئىبنى ئابباسقا خەت يېزىپ:

ــ قۇلغا غەنىمەتتىن بىر نەرسە بېرىلەمدۇ؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارنى ئۇرۇشقا ئېلىپ چىققانمۇ؟ ئۇلارغا غەنىمەتتىن مۇئەييەن بىر ئۈلۈش ئايرىغانمىدى؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئىبنى ئابباس:

ــ ئەگەر مەن ئۇنىڭ بىرەر ھاماقەتلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىمىسەم ئىدىم، ئۇنىڭغا جاۋاب يازمايتتىم. قۇلنىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنىڭغا غەنىمەت بېرىلىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2727)

6189 - عَنْ يَزِيدَ بْنِ هُرْمُزَ قَالَ كَتَبَ نَجْدَةُ إِلَى ابْنِ عَبَّاسٍ يَسْأَلُهُ عَنْ سَهْمِ ذِي الْقُرْبَى لِمَنْ هُوَ قَالَ يَزِيدُ بْنُ هُرْمُزَ وَأَنَا كَتَبْتُ كِتَابَ ابْنِ عَبَّاسٍ إِلَى نَجْدَةَ كَتَبْتُ إِلَيْهِ

---

[1] ئەلبانى (2368): سەھىھ ـ دېگەن.

كَتَبْتَ تَسْأَلُنِي عَنْ سَهْمِ ذِي الْقُرْبَى لِمَنْ هُوَ وَهُوَ لَنَا أَهْلَ الْبَيْتِ وَقَدْ كَانَ عُمَرُ دَعَانَا إِلَى أَنْ يُنْكِحَ مِنْهُ أَيِّمَنَا وَيُحْذِيَ مِنْهُ عَائِلَنَا وَيَقْضِيَ مِنْهُ عَنْ غَارِمِنَا فَأَبَيْنَا إِلَّا أَنْ يُسَلِّمَهُ لَنَا وَأَبَى ذَلِكَ فَتَرَكْنَاهُ عَلَيْهِ.

6189 ـ يەزىد ئىبنى ھۇرمۇز مۇنداق دەيدۇ: نەجدە ئىسىملىك بىر ئادەم ئىبنى ئابباسقا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ غەنىمەتتىكى ئۈلۈشىنىڭ كىمگە بېرىلىدىغانلىقىنى سوراپ خەت يېزىپتۇ. ئىبنى ئابباسنىڭ نەجدەگە يازغان خېتىنى مەن يېزىپ بەرگەنىدىم. ئۇ خەتنى مۇنداق يازدىم:

— سەن مەندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ غەنىمەتتىكى ئۈلۈشىنىڭ كىمگە بېرىلىدىغانلىقىنى سوراپسەن. ئۇ ئەسلىدە پەيغەمبەر ئائىلىسىگە بېرىلىدۇ. بىر كۈنى، ئۆمەر ئۇ ئۈلۈشنى بېرىش ئۈچۈن بىزنى چاقىردى. ئۇ شۇ پۇلدىن بويتاقلىرىمىزنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇش، موھتاج ئائىلىلىرىمىزگە شۇ پۇلدىن يەتكۈدەك تەمىنات بېرىش، قەرزدارلىرىمىزنىڭ قەرزىنى شۇ پۇلدىن تۆلەپ قويۇش تەكلىپىنى بەردى. بىز بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلماي، ئۇ ھەسسىمىزنى قولىمىزغا نەق بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇق. ئۇ بۇ تەلىۋىمىزگە قوشۇلمىدى. بىزمۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ قويدۇق[①].

(نەسائى: 4134)

6190 - عَنْ رُبَيِّعَ بِنْتِ مُعَوِّذِ بْنِ عَفْرَاءَ قَالَتْ كُنَّا نَغْزُو مَعَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَسْقِي الْقَوْمَ وَنَخْدُمُهُمْ وَنَرُدُّ الْقَتْلَى وَالْجَرْحَى إِلَى الْمَدِينَةِ.

6190 ـ مۇئەۋۋىز ئىبنى ئەفرائنىڭ قىزى رۇبەييىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرلىكتە غازاتقا چىقىپ، ئەسكەرلەرگە سۇ توشۇپ بېرەتتۇق، ئۆلارنىڭ

① ئەلبانى (3854): سەھىھ ـ دېگەن.

خىزمىتىنى قىلاتتۇق، ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلارنى مەدىنىگە توشۇيتتۇق.

(بۇخارى: 5679)

6191 - عَنْ أُم عَطِيةَ الْأَنصَارِيةِ قَالَتْ غَزَوْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَبْعَ غَزَوَاتٍ أَخْلُفُهُمْ فِي رِحَالِهِمْ فَأَصْنَعُ لَهُمْ الطعَامَ وَأُدَاوِي الْجَرْحَى وَأَقُومُ عَلَى الْمَرْضَى.

6191 ـ ئۇممۇ ئەتىييە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرلىكتە يەتتە قېتىم غازاتقا چىقتىم. ئۇلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى ساقلاپ، تاماقلىرىنى ئېتىپ بېرەتتىم، يارىدارلارنى داۋالايتتىم، كېسەللەرگە قارايتتىم.

(مۇسلىم: 1812)

6192 - عن مُحَمد بْن حَمْزَةَ الْأَسْلَمِي عَنْ أَبِيهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمرَهُ عَلَى سَرِيةٍ قَالَ فَخَرَجْتُ فِيهَا وَقَالَ إِنْ وَجَدْتُمْ فُلَانًا فَأَحْرِقُوهُ بِالنارِ فَوَليْتُ فَنَادَانِي فَرَجَعْتُ إِلَيْهِ فَقَالَ إِنْ وَجَدْتُمْ فُلَانًا فَاقْتُلُوهُ وَلَا تُحْرِقُوهُ فَإِنهُ لَا يُعَذبُ بِالنارِ إِلا رَب النارِ.

6192 ـ ھەمزە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى بىر ئەترەتكە باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى، مەن ئەترەتنى باشلاپ يولغا چىقتىم. يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇ ماڭا:

ـ پالانىنى تېپىۋالساڭلار، ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋېتىڭلار! ـ دېدى. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ يۈرۈپ كەتتىم. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئۇ مېنى توۋلىدى. مەن ئۇنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدىم. ئۇ:

ـــ پالانىنى تېپىۋالساڭلار، ئۆلتۈرىۋېتىڭلار. كۆيدۈرمەڭلار. كۆيدۈرۈپ ئازابلاش پەقەت دوزاخنىڭ پەرۋەردىگارىغا خاستۇر، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2673)

[1] ئەلبانى (2327): سەھىھ ـ دېگەن.

6193 - عن أُسَامَة أن رَسُولَ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ عَهِدَ إِلَيْهِ فَقَالَ أَغِرْ عَلَى أُبْنَى صَبَاحًا وَحَرِّقْ حَدثَنَا عَبْدُ اللِه بْنُ عَمْرٍو الْغَزي سَمِعْتُ أَبَا مُسْهِرٍ قِيلَ لَهُ أُبْنَى قَالَ نَحْنُ أَعْلَمُ هِيَ يُبْنَى فِلَسْطِينَ.

6193 ــ ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن ئەھدە ئېلىپ:

ــ ئۇبناغا ئەتىگەندە باستۇرۇپ كىرگىن ۋە ئوت قويۇۋەتكىن! ـ دېدى.

ئەبۇ مۇسھىردىن (راۋىيلاردىن بىرى):

ــ ئۇبنا دېگەن قەيەر؟ ـ دەپ سورالغاندا، ئۇ:

ــ بىز ئۇنى ئوبدان بىلىمىز. ئۇ پەلەستىنىدىكى يۇبنا دېگەن جاي، ــ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2616)

6194 - عَنْ ابْنِ تِعْلَى قَالَ غَزَوْنَا مَعَ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ خَالِدِ بْنِ الْوَلِيدِ فَأُتِيَ بِأَرْبَعَةِ أَعْلَاجٍ مِنْ الْعَدُو فَأَمَرَ بِهِمْ فَقُتِلُوا صَبْرًا.

6194 ـ ئىبنى تىئلا مۇنداق دەيدۇ: بىز ئابدۇرراھمان ئىبنى خالىد بىلەن بىرگە غازاتقا چىقتۇق. ئۇنىڭ ئالدىغا تۆت دۈشمەن تۇتۇپ كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇلار نىشانغا ئېلىنىپ، ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2687)

6195 - وفي رواية: بِالنَّبْلِ صَبْرًا فَبَلَغَ ذَلِكَ أَبَا أَيوبَ الْأَنصَارِي فَقَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَنْهَى عَنْ قَتْلِ الصبْرِ فَوَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَوْ كَانَتْ دَجَاجَةٌ مَا صَبَرْتُهَا فَبَلَغَ ذَلِكَ عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ خَالِدِ بْنِ الْوَلِيدِ فَأَعْتَقَ أَرْبَعَ رِقَابٍ.

---

[1] ئەلبانى (562): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (576): زەئىپ، ـ دېگەن.

6195 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇلار نىشانغا ئېلىنىپ، ئوق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئەھۋال ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جانلىق نەرسىنى نىشانغا ئېلىپ، ئېتىپ ئۆلتۈرۈشتىن توسقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن توخۇ چاغلىق جانلىقنىمۇ نىشانغا ئېلىپ ئاتمايمەن، ـ دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئابدۇرراھمان ئىبنى خالىدقا يېتىپ بارغاندا، ئۇ شۇ خاتالىقىنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن تۆت قۇل ئازاد قىلدى.

6196 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بن عَمْرٍو أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا مِنْ غَازِيَةٍ تَغْزُو فِي سَبِيلِ اللهِ فَيُصِيبُونَ الْغَنِيمَةَ إلا تَعَجلُوا ثُلُثَيْ أجْرِهِمْ مِنْ الْآخِرَةِ وَيَبْقَى لَهُمْ الثلُثُ وَإِنْ لَمْ يُصِيبُوا غَنِيمَةً تَم لَهُمْ أجْرُهُمْ.

6196 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە يولىدا غازاتقا چىققانلار غەنىمەت ئالالىسا، ئاخىرەتتىكى ئەجىرلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى نەق ئېلىپ بولغان بولىدۇ. ئۇلارغا ئاخىرەتتە ئۈچتىن بىرى قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار غەنىمەت ئالالمىسا، ئاخىرەتتە ئەجىرلىرىنى تولۇق ئالىدۇ».

(مۇسلىم: 1906)

6197 - عَنْ مُوسَى بن أنسِ بن مَالِكٍ عَنْ أبِيهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَقَدْ تَرَكْتُمْ بِالْمَدِينَةِ أقْوَامًا مَا سِرْتُمْ مَسِيرًا وَلَا أنْفَقْتُمْ مِنْ نَفَقَةٍ وَلَا قَطَعْتُمْ مِنْ وَادٍ إلا وَهُمْ مَعَكُمْ فِيهِ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ وَكَيْفَ يَكُونُونَ مَعَنَا وَهُمْ بِالْمَدِينَةِ فَقَالَ حَبَسَهُمْ الْعُذْرُ.

6197 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەدىنىدە بىر قىسىم كىشىلەرنى قويۇپ چىقتىڭلار. سىلەر مەيلى بىرەر مۇساپىنى بېسىپ ئۆتمەڭلار، مەيلى كىچىككىنە نەرسىنى چىقىم قىلماڭلار، مەيلى بىرەر جىلغىنى كېسىپ ئۆتمەڭلار، ئۇلار سىلەر بىلەن بىللىدۇر، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! ئۇلار مەدىنىدە قالغان تۇرسا، قانداق قىلىپ بىز بىلەن بىللە بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزرىلىرى سىلەر بىلەن بىللە چىقىشقا توسالغۇ بولدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2508)

6198 - عن أبي هُرَيْرَةَ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ عَجِبَ رَبنَا عَز وَجَل مِنْ قَوْمٍ يُقَادُونَ إِلَى الْجَنةِ فِي السلَاسِلِ.

6198 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز الله تائالا جەننەتكە زەنجىرلەر بىلەن ھەيدەلگەن بىرمۇنچە كىشىلەردىن مەمنۇن بولىدۇ».

(ئەبۇ داۋۇد مۇنداق دەيدۇ): يەنى ئۇلار ئالدى بىلەن ئەسىر چۈشۈپ، زەنجىرلەر بىلەن باغلىنىدۇ، ئاندىن مۇسۇلمان بولىدۇ[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2677)

6199 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أن فَتًى مِنْ أَسْلَمَ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِني أُرِيدُ الْغَزْوَ وَلَيْسَ مَعِي مَا أَتجَهزُ قَالَ ائْتِ فُلَانًا فَإِنهُ قَدْ كَانَ تَجَهزَ فَمَرِضَ فَأَتَاهُ فَقَالَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُقْرِئُكَ السلَامَ وَيَقُولُ أَعْطِنِي الذِي تَجَهزْتَ بِهِ قَالَ يَا فُلَانَةُ أَعْطِيهِ الذِي تَجَهزْتُ بِهِ وَلَا تَحْبِسِي عَنْهُ شَيْئًا فَوَاللهِ لَا تَحْبِسِي مِنْهُ شَيْئًا فَيُبَارَكَ لَكِ فِيهِ.

---

[1] ئەلبانى (2189): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2330): سەھىھ ـ دېگەن.

6199 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر يىگىت:

ـ ئى اﷲنىڭ پەيغەمبىرى! مەن غازاتقا چىقىشنى خالايمەن، بىراق مېنىڭ جابدۇنغىدەك ھېچ نەرسەم يوق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا سەن پالانىنىڭ قېشىغا بارغىن! ئۇ غازاتقا جابدۇنغان ئىدى، بىراق كېسەل بولۇپ قاپتۇ، ـ دېدى. ئۇ يىگىت ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساڭا سالام ئېيتتى. ئۇ يەنە سېنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىغان نەرسىلىرىڭنى ماڭا بېرىشىڭنى بۇيرىدى، ـ دېدى. ئۇ:

ـــ ئەي پالانى خان! مەن ئۇرۇشقا تەييارلىغان نەرسىلەردىن ھېچنېمىنى ئېلىپ قالماي، بۇ يىگىتكە بەرگىن! اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئېلىپ قالمىغىن. ئېلىپ قالدىغان بولساڭ، اﷲ تائالا ئۇنىڭدا ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلمايدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1894)

6200 - عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدُبٍ أَما بَعْدُ فَإِن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَمى خَيْلَنَا خَيْلَ اللهِ إِذَا فَزِعْنَا وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْمُرُنَا إِذَا فَزِعْنَا بِالْجَمَاعَةِ وَالصبْرِ وَالسكِينَةِ وَإِذَا قَاتَلْنَا.

6200 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز بىرەر ۋەھىمىگە دۇچ كەلسەك، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتلىق قوشۇنىمىزنى: «اﷲنىڭ ئاتلىق قوشۇنى» دەپ ئاتايتتى، بىرەر ۋەھىمىگە دۇچ كەلگەن چېغىمىزدا، بىزنى جامائەتتىن ئايرىلماسلىققا، ئۇرۇش قىلغان چېغىمىزدا چىداملىق ۋە تەمكىن بولۇشقا بۇيرۇيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2560)

[1] ئەلبانى (551): زەئىپ، ـ دېگەن.

6201 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ خَيْرُ الـ صحَابَةِ أَرْبَعَةٌ وَخَيْرُ السرَايَا أَرْبَعُ مِائَةٍ وَخَيْرُ الْجُيوشِ أَرْبَعَةُ آلَافٍ وَلَا يُغْلَبُ اثْنا عَشَرَ أَلْفًا مِنْ قِلةٍ.

6201 ـــ ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەڭ ياخشى ھەمراھ تۆت كىشىدىن، ئەڭ ياخشى ئەترەت 400 كىشىدىن، ئەڭ ياخشى قوشۇن 4000 كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ. 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن يېڭىلمەيدۇ، يېڭىلگەن تەقدىردە، يېڭىلىشىنىڭ سەۋەبى سانىنىڭ ئازلىقىدىن ئەمەس»[1].

(تىرمىزى: 1555)

6202 - عن ابي أَبا أُمَامَةَ قَالَ: لَقَدْ فَتَحَ الْفُتوحَ قَوْمٌ مَا كَانَتْ حِلْيَـةُ سُـيوفِهِمْ الذهَبَ وَلَا الْفِضةَ إِنمَا كَانَتْ حِلْيَتُهُمْ الْعَلَابِي وَالْآنُكَ وَالْحَدِيدَ.

6202 ـ ئەبۇ ئۇمامە مۇنداق دەيدۇ: نۇرغۇن فەتىھلەرگە قاتناشقانلارنىڭ قىلىچلىرى نە ئالتۇن، نە كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن ئەمەس، بەلكى دەستى ۋە غىلىپى پاتاڭ، قەلەي ۋە تۆمۈر بىلەن قاپلانغان ئىدى.

(بۇخارى: 2909)

6203 ـ عَنْ أَبِي طَلْحَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ أَنهُ كَانَ إِذَا ظَهَرَ عَلَى قَوْمٍ أَقَامَ بِالْعَرْصَةِ ثَلَاثَ لَيَالٍ.

6203 ـ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەۋمنى مەغلۇپ قىلغان چاغدا، پەتىھ قىلىنغان شۇ زېمىندا ئۈچ كېچە تۇراتتى.

(بۇخارى: 3065)

[1] ئەلبانى (1259): سەھىھ ـ دېگەن.

6204 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنَّهُ كَانَ إِذَا أَعْطَى شَيْئًا فِي سَبِيلِ اللهِ يَقُولُ لِصَاحِبِهِ إِذَا بَلَغْتَ وَادِيَ الْقُرَى فَشَأْنَكَ بِهِ.

6204 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله يولىدا (يەنى جىھادتا) ئىشلىتىش ئۈچۈن بىرەر كىشىگە بىر نەرسە بەرسە، ئۇنىڭغا:

ـ سەن ۋادىلقۇراغا كەلگەندە (يەنى غازاتتىن قايتقاندا)، ئۇنى نېمىگە ئىشلەتكىڭ كەلسە، شۇنىڭغا ئىشلەتكىن. ئۇ سېنىڭ، ـ دەيتتى. (مالىك: 985)

6205 - عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ قَالَ كَانَتْ ثَقِيفُ حُلَفَاءَ لِبَنِي عُقَيْلٍ فَأَسَرَتْ ثَقِيفُ رَجُلَيْنِ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَسَرَ أَصْحَابُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلًا مِنْ بَنِي عُقَيْلٍ وَأَصَابُوا مَعَهُ الْعَضْبَاءَ فَأَتَى عَلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ فِي الْوَثَاقِ قَالَ يَا مُحَمدُ فَأَتَاهُ فَقَالَ مَا شَأْنُكَ فَقَالَ بِمَ أَخَذْتَنِي وَبِمَ أَخَذْتَ سَابِقَةَ الْحَاج فَقَالَ إِعْظَامًا لِذَلِكَ أَخَذْتُكَ بِجَرِيرَةِ حُلَفَائِكَ ثَقِيفَ ثُم انْصَرَفَ عَنْهُ فَنَادَاهُ فَقَالَ يَا مُحَمدُ يَا مُحَمدُ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَحِيمًا رَقِيقًا فَرَجَعَ إِلَيْهِ فَقَالَ مَا شَأْنُكَ قَالَ إِني مُسْلِمٌ قَالَ لَوْ قُلْتَهَا وَأَنتَ تَمْلِكُ أَمْرَكَ أَفْلَحْتَ كُل الْفَلَاحِ ثُم انْصَرَفَ فَنَادَاهُ فَقَالَ يَا مُحَمدُ يَا مُحَمدُ فَأَتَاهُ فَقَالَ مَا شَأْنُكَ قَالَ إِني جَائِعٌ فَأَطْعِمْنِي وَظَمْآنُ فَأَسْقِنِي قَالَ هَذِهِ حَاجَتُكَ فَفُدِيَ بِالرجُلَيْنِ قَالَ وَأُسِرَتْ امْرَأَةٌ مِنْ الْأَنْصَارِ وَأُصِيبَتْ الْعَضْبَاءُ فَكَانَتْ الْمَرْأَةُ فِي الْوَثَاقِ وَكَانَ الْقَوْمُ يُرِيحُونَ نَعَمَهُمْ بَيْنَ يَدَيْ بُيُوتِهِمْ فَانْفَلَتَتْ ذَاتَ لَيْلَةٍ مِنْ الْوَثَاقِ فَأَتَتْ الْإِبِلَ فَجَعَلَتْ إِذَا دَنَتْ مِنْ الْبَعِيرِ رَغَا فَتَتْرُكُهُ حَتى تَنْتَهِيَ إِلَى الْعَضْبَاءِ فَلَمْ تَرْغُ قَالَ وَنَاقَةٌ مُنَوقَةٌ فَقَعَدَتْ فِي عَجُزِهَا ثُم زَجَرَتْهَا فَانْطَلَقَتْ وَنَذِرُوا بِهَا فَطَلَبُوهَا فَأَعْجَزَتْهُمْ قَالَ وَنَذَرَتْ لِلهِ إِنْ نَجاهَا اللهُ عَلَيْهَا لَتَنْحَرَنهَا فَلَما قَدِمَتْ الْمَدِينَةَ رَآهَا الناسُ فَقَالُوا الْعَضْبَاءُ نَاقَةُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ إِنهَا نَذَرَتْ إِنْ نَجاهَا اللهُ عَلَيْهَا لَتَنْحَرَنهَا فَأَتَوْا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرُوا ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ سُبْحَانَ اللهِ بِئْسَمَا جَزَتْهَا نَذَرَتْ لِلهِ إِنْ نَجاهَا اللهُ عَلَيْهَا لَتَنْحَرَنهَا لَا وَفَاءَ لِنَذْرٍ فِي مَعْصِيَةٍ وَلَا فِيمَا لَا يَمْلِكُ الْعَبْدُ.

6205 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سەقىف قەبىلىسى بىلەن بەنى ئۇقەيل قەبىلىسى ئىتتىپاقداش ئىدى. سەقىف قەبىلىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىككى ئادەمنى ئەسىر ئېلىۋالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىمۇ بەنى ئۇقەيل قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنى ئەسىر ئالدى. ئۇلار يەنە ئۇنىڭ بىلەن "ئەزبائ" ئىسىملىك بىر تۆگىنىمۇ غەنىمەت ئالغانىدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇ ئادەم باغلاقلىق ئىدى. ئۇ:

ـ ئى مۇھەممەد! ـ دەپ چاقىردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ نېمە گېپىڭ بار؟ ـ دېدى. ئۇ:

ـ مېنى نېمىشقا تۇتۇۋالدىڭ؟ ھاجىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بۇ تۆگىنى نېمىشقا تۇتۇۋالدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ شۇنىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن شۇنداق قىلدىم. سېنى سېنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىڭنىڭ جىنايىتى تۈپەيلىدىن تۇتۇۋالدىم، ـ دېدى، ئاندىن قايتتى. ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى يەنە چاقىرىپ:

ـ ئى مۇھەممەد! ئى مۇھەممەد! ـ دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناھايىتى رەھىمدىل ۋە كۆيۈمچان ئىدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ:

ـ ھە، يەنە نېمە گېپىڭ بار؟ ـ دېدى. ئۇ:

ـ مەن مۇسۇلمان بولدۇم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ سۆزۈڭنى سەن ئۆزەڭگە ئىگىدارچىلىق قىلالايدىغان چاغدا ئېيتقان بولساڭ ئىدىڭ، تولۇق نىجاتلىققا ئېرىشكەن بولاتتىڭ، ـ دېدى. ئاندىن قايتىپ يولىغا ماڭدى. ئۇ يەنە چاقىرىپ:

ــ ئى مۇھەممەد! ئى مۇھەممەد! ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە كېلىپ:

ــ ھە، يەنە نېمە گېپىڭ بار؟ ـ دېدى. ئۇ:

ــ قورسىقىم ئاچ، ماڭا تاماق بەرگىن. ئۇسساپ كەتتىم، سۇ بەرگىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇ تەلىپىڭ ئورۇندىلىدۇ، ـ دېدى. كېيىن، ئۇ ئادەم ھېلىقى ئىككى مۇسۇلمان بىلەن ئالماشتۇرۇلدى.

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: كېيىن دۈشمەنلەر ئەنسارىلاردىن بىر ئايالنى ئەسىر ئېلىۋالدى. ئەزبائ ئىسىملىك تۆگىمۇ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئايال باغلاقلىق ئىدى. دۈشمەنلەر تۆگىلىرىنى ئۆيلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ بېرىپ، دەم ئالدۇرۇۋاتاتتى. بىر كېچىسى ئۇ ئايال باغلاقتىن بوشىنىپ، بىر تۆگىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ قايسى تۆگىنىڭ قېشىغا بارسا، شۇ تۆگە بوزلاپ، ئۇنى يېقىن كەلتۈرمەيتتى. نىھايەت، ئۇ ئەزبائنىڭ يېنىغا كەلگەندى، ئۇ بوزلىمىدى. چۈنكى ئۇ مۇلايىم تۆگە ئىدى. ئايال ئۇنىڭغا مىندى ــ دە، دېۋەتتى. تۆگە يولغا راۋان بولدى. دۈشمەنلەر بۇنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى. بىراق ئۇ ئايال دۈشمەنلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، يىراقلاپ كەتتى.

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئايال ئۇ تۆگىنى اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئاتاپ نەزىر قىلىپ:

ــ ئەگەر الله مېنى مۇشۇ تۆگە بىلەن قۇتۇلدۇرسا، مەن ئۇنى اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بوغۇزلايمەن، ــ دېگەنىكەن. ئايال مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە، ئادەملەر تۆگىنى كۆرۈپ:

ــ بۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىسى ئەزبائ ئىكەنغۇ؟ ـ دېيىشتى. ئايال ئۇلارغا: ”ئەگەر الله مېنى مۇشۇ تۆگە بىلەن قۇتۇلدۇرسا، بۇنى اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بوغۇزلايمەن“ دەپ نىيەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى دەرھال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەيرانلىق ئىلكىدە:

ــ سۇبھانەللاھ! ۋاپاغا جاپا دېگەندەك، اللە ئۇنى شۇ تۆگە بىلەن قۇتۇلدۇرسا، ئۇنى اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن نەزىر قىلىپ بوغۇزلايمەن دېگىنىنى كۆرمەمدىغان؟! گۇناھ بولىدىغان ئىش ئۈچۈن ئاتاپ قىلىنغان نەزىر بىلەن ئۆز ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغان نەرسىنى نەزىرگە ئاتاش ئىناۋەتسىز، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1641)

6206 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ أن الْمُشْرِكِينَ أَرَادُوا أَنْ يَشْتَرُوا جَسَدَ رَجُلٍ مِنْ الْمُشْرِكِينَ فَأَبى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَبِيعَهُمْ إِياهُ.

6206 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار (مۇشرىكلاردىن) بىر ئادەمنىڭ جەسىتىنى سېتىۋالماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى سېتىپ بېرىشنى رەت قىلغان[1].

(تىرمىزى: 1715)

6207 - عن فيروز الديملى قال أتيت النبي صلى الله عليه وسلم بـرأس الاسـود العنسى.

6207 ـ فىيروز دەيلەمى مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئەسۋەد ئەنسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلدىم[2].

(«ئەلكەبىر»)

[1] ئەلبانى (289): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9693): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6208 ـ عن عمرو بن العاصي أن رسول الله صلى الله عليه وسلم لما بعثه إلى غزوة ذات السلاسل منع الناس أن يوقدوا نارا ثلاثا قال فكلم الناس أبا بكر قالوا كلمه لنا فأتاه قال قد أرسلوك إلى لا يوقد أحد نارا إلا ألقيته فيها ثم لقوا العدو فهزموهم فلم يدعهم يطلبوا لاعدو فلما رجعوا إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم أخبروه الخبر وشكوا إليه فقال يا رسول الله كانوا قليلا فكرهت أن يطلبوا العدو وخفت أن يكون لهم مادة فيعطفون عليهم فحمد رسول الله صلى الله عليه وسلم أمره، وفي رواية فقال عمرو نيتهم أن يوقدوا نارا خشية أن يرى العدو قلتهم.

6208 ـ ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى قوماندان قىلىپ، زاتى سەلاسىل ئۇرۇشىغا ئەۋەتكەن چاغدا، مەن ئەسكەرلەرنى ئۈچ كۈنگىچە ئوت يېقىشتىن چەكلىگەنىدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئەسكەرلەر ئەبۇ بەكرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقساڭ، ئۇ بىزگە ئوت يېقىش ئۈچۈن رۇخسەت قىلسىكەن، ـ دېيىشتى. ئەبۇ بەكرى بۇ ھەقتە سۆزلەشكىلى يېنىمغا كەلدى. مەن:

ـ سېنى ئۇلار ئەۋەتتىمۇ؟ ھېچكىم ئوت ياقمىسۇن! خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولسا، ئۇلارنى ئوتقا تاشلايمەن، ـ دېدىم.

كېيىن بىز دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇق. مەن ئەسكەرلەرنىڭ دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىغا رۇخسەت بەرمىدىم. ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ، مېنىڭ ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلدى. مەن:

ـ ئى ﷲنىڭ رەسۇلى! ئەسكەرلىرىم ئاز ئىدى. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىنى خالىمىدىم. مەن يەنە دۈشمەنىنىڭ قاچقان بولۇپ، قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈشىدىن قورقتۇم. ئەسكەرلىرىمنىڭ سانىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى دۈشمەنىنىڭ بىلىپ

قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى ئوت يېقىشتىن توستۇم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئاڭلاپ، مېنى ماختىدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

6209 - عَنْ مَالِكٍ أَنَّهُ بَلَغَهُ أَنَّ عَبْدًا لِعَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَبَقَ وَأَنَّ فَرَسًا لَهُ عَارَ فَأَصَابَهُمَا الْمُشْرِكُونَ ثُمَّ غَنِمَهُمَا الْمُسْلِمُونَ فَرُدَّا عَلَى عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ وَذَلِكَ قَبْلَ أَنْ تُصِيبَهُمَا الْمَقَاسِمُ.

6209 ـ مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ بىر قۇلى ۋە بىر ئېتى قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنى مۇشرىكلار تۇتۇۋالغانىدى. مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇ ئات بىلەن قاچقۇن قۇلنىمۇ غەنىمەت ئېلىپ، ئېلىنغان غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلماي تۇرۇپ، ئۇ ئىككىسىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرگە قايتۇرۇپ بەردى.

(ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان)

[1] ھەيسەمى (9625): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى بىرقانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىرىنچى سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

6210 - عن عُثْمَانَ بن أَبِي حَازِمٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ صَخْرٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غَزَا ثَقِيفًا فَلَما أَنْ سَمِعَ ذَلِكَ صَخْرٌ رَكِبَ فِي خَيْلٍ يُمِد النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَوَجَدَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ انْصَرَفَ وَلَمْ يَفْتَحْ فَجَعَلَ صَخْرٌ يَوْمَئِذٍ عَهْدَ اللهِ وَذِمَتَهُ أَنْ لَا يُفَارِقَ هَذَا الْقَصْرَ حَتى يَنْزِلُوا عَلَى حُكْمِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ يُفَارِقْهُمْ حَتى نَزَلُوا عَلَى حُكْمِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكَتَبَ إِلَيْهِ صَخْرٌ أَما بَعْدُ فَإِن ثَقِيفًا قَدْ نَزَلَتْ عَلَى حُكْمِكَ يَا رَسُولَ اللهِ وَأَنا مُقْبِلٌ إِلَيْهِمْ وَهُمْ فِي خَيْلٍ فَأَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالصلَاةِ جَامِعَةً فَدَعَا لِأَحْمَسَ عَشْرَ دَعَوَاتٍ اللهُم بَارِكْ لِأَحْمَسَ فِي خَيْلِهَا وَرِجَالِهَا وَأَتَاهُ الْقَوْمُ فَتَكَلمَ الْمُغِيرَةُ بْنُ شُعْبَةَ فَقَالَ يَا نَبِي اللهِ إِن صَخْرًا أَخَذَ عَمتِي وَدَخَلَتْ فِيمَا دَخَلَ فِيهِ الْمُسْلِمُونَ فَدَعَاهُ فَقَالَ يَا صَخْرُ إِن الْقَوْمَ إِذَا أَسْلَمُوا أَحْرَزُوا دِمَاءَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ فَادْفَعْ إِلَى الْمُغِيرَةِ عَمتَهُ فَدَفَعَهَا إِلَيْهِ وَسَأَلَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا لِبَنِي سُلَيْمٍ قَدْ هَرَبُوا عَنْ الْإِسْلَامِ وَتَرَكُوا ذَلِكَ الْمَاءَ فَقَالَ يَا نَبِي اللهِ أَنْزِلْنِيهِ أَنا وَقَوْمِي قَالَ نَعَمْ فَأَنْزَلَهُ وَأَسْلَمَ يَعْنِي السلَمِيينَ فَأَتَوْا صَخْرًا فَسَأَلُوهُ أَنْ يَدْفَعَ إِلَيْهِمْ الْمَاءَ فَأَبَى فَأَتَوْا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالُوا يَا نَبِي اللهِ أَسْلَمْنَا وَأَتَيْنَا صَخْرًا لِيَدْفَعَ إِلَيْنَا مَاءَنَا فَأَبَى عَلَيْنَا فَأَتَاهُ فَقَالَ يَا صَخْرُ إِن الْقَوْمَ إِذَا أَسْلَمُوا أَحْرَزُوا أَمْوَالَهُمْ وَدِمَاءَهُمْ فَادْفَعْ إِلَى الْقَوْمِ مَاءَهُمْ قَالَ نَعَمْ يَا نَبِي اللهِ فَرَأَيْتُ وَجْهَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَتَغَيرُ عِنْدَ ذَلِكَ حُمْرَةً حَيَاءً مِنْ أَخْذِهِ الْجَارِيَةَ وَأَخْذِهِ الْمَاءَ.

6210 ـ ئوسمان ئىبنى ئەبۇ ھازىمنىڭ بوۋىسى سەخر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەقىف قەبىلىسىگە غازات يۈرۈشى قىلدى. مەن بۇنى ئاڭلاپ،

ئاتقا مىنىدىم ـ دە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن (ئادەملىرىمنى باشلاپ) يولغا چىقتىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قالدىم ۋە ئۇنىڭ سەقىفنى فەتىھ قىلماستىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدىم. مەن سەقىف قەبىلىسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا ۋە ئۇلار قورغانلىرىدىن چۈشۈپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۆكمىگە كەلمىگىچە، مۇھاسىرىنى بوشاتماسلىققا قەسەم ئىچتىم. شۇنداق قىلىپ، قورشاۋنى داۋاملاشتۇردۇم. نەتىجىدە، ئۇلار قورغانلىرىدىن چۈشۈپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۆكمىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەت يېزىپ:

ــ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى سىنىڭ ھۆكمىڭگە رازى بولدى. مەن ئۇلارنى ئاتلىرى بىلەن سىنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىمەن، ـ دېدىم.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلارنى جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى. ئاندىن: «ئى الله! ئەھمەس (سەخرنىڭ قەبىلىسى)گە، ئۇنىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە بارلىق ئادەملىرىگە بەرىكەت بەرگىن!» دەپ، ئۈچ قېتىم دۇئا قىلدى. ئاخىرى، بىز يېتىپ كەلدۇق. مۇغىرە ئىبنى شۇئبە سۆز قىلىپ:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! سەخر ھامما ئاچامنى تۇتۇۋالدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغان ئىدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى چاقىرىپ:

ــ ئى سەخر! ئەگەر ئۇ ئادەملەر مۇسۇلمان بولسا، جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇڭا مۇغىرەنىڭ ھامما ئاچىسىنى قويۇپ بەرگىن! ـ دېدى. مەن ئۇ ئايالنى دەرھال مۇغىرەگە قايتۇرۇپ بەردىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بەنى سۇلەيم قەبىلىسى نېمىشقا ئىسلامدىن قېچىپ، تەمىنلىنىۋاتقان بۇ سۇلىرىنى تاشلاپ كەتكەندۇ؟! ـ دېدى. مەن:

ــ ئى ﷲنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ سۈنى ماڭا بەرگىن. مەن ۋە قەۋمىم شۇ يەرگە يەرلىشەيلى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەلىپىمگە قوشۇلدى. كېيىن، بەنى سۇلەيم قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ئىسلام دىنىغا كىردى ۋە ئالدىمغا كېلىپ، ھېلىقى سۈنى قايتۇرۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. لېكىن مەن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ــ ئى ﷲنىڭ پەيغەمبىرى! بىز مۇسۇلمان بولدۇق. سەخرنىڭ قېشىغا بېرىپ، سۈيىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تىلىگەنىدۇق، بىراق ئۇ ئۇنىمىدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەرھال قېشىمغا كېلىپ:

ــ ئى سەخر! ئەگەر ئۇ ئادەملەر مۇسۇلمان بولسا، جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ سۈيىنى قايتۇرۇپ بەرگىن! ـ دېدى. مەن:

ــ بولىدۇ، ئى ﷲنىڭ پەيغەمبىرى! ــ دېدىم. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دېدەكنى ۋە سۈنى قايتۇرۇپ ئالغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ، يۈزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3067)

6211 - عن يَزِيدَ بْنَ عَبْدِ اللهِ قَالَ كُنا بِالْمِرْبَدِ فَجَاءَ رَجُلٌ أَشْعَثُ الرأسِ بِيَدِهِ قِطْعَةُ أَدِيمٍ أَحْمَرَ فَقُلْنَا كَأَنكَ مِنْ أَهْلِ الْبَادِيَةِ فَقَالَ أَجَلْ قُلْنَا نَاوِلْنَا هَذِهِ الْقِطْعَةَ الْأَدِيمَ التِي فِي يَدِكَ فَنَاوَلَنَاهَا فَقَرَأْنَاهَا فَإِذَا فِيهَا مِنْ مُحَمدٍ رَسُولِ اللهِ إِلَى بَنِي زُهَيْرِ بْنِ أُقَيْشٍ إِنكُمْ إِنْ شَهِدْتُمْ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَأَن مُحَمدًا رَسُولُ اللهِ وَأَقَمْتُمْ الصلَاةَ وَآتَيْتُمْ الزكَاةَ وَأَديْتُمْ الْخُمُسَ مِنْ الْمَغْنَمِ وَسَهْمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الصفِي أَنْتُمْ آمِنُونَ بِأَمَانِ اللهِ وَرَسُولِهِ فَقُلْنَا مَنْ كَتَبَ لَكَ هَذَا الْكِتَابَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

[①] ئەلبانى (670): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

6211 ـ يەزىد ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بىز مىربەد دېگەن جايدا ئىدۇق. چاچلىرى چۇۋۇق بىر ئادەم بىر پارچە ئاشلانغان تېرىنى تۇتقان ھالدا يېتىپ كەلدى. بىز ئۇنىڭدىن:

ــ سەن سەھرالىق ئوخشىمامسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق، ئۇ:

ــ شۇنداق، ـ دېدى. بىز:

ــ قولۇڭدىكى ئاۋۇ تېرىنى بىزگە بەرگىنە! ــ دېگەنىدۇق، تېرىنى بىزگە بەردى. قارىغۇدەك بولساق، ئۇنىڭدا:

«ئۇشبۇ خەت اﷲنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن بەنى زۇھەير ئىبنى ئۇقەيش قەبىلىسىگە: ئەگەر سىلەر بىر اﷲتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ اﷲنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسەڭلار، نامازنى ئادا قىلساڭلار، زاكات بەرسەڭلار، غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرساڭلار ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خالىس ھەسسىسىنى ئايرىساڭلار، ئۇ ھالدا سىلەر اﷲنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئامانلىقى بىلەن ئەمىنلىككە ئېرىشىسىلەر» دەپ يېزىلغانىكەن. بىز:

ــ بۇ خەتنى كىم يېزىپ بەردى؟ ـ دەپ سورىدۇق. ئۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2999)

6212 - عَنْ عَامِرِ بْنِ شَهْرٍ قَالَ خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ لِي هَمْدَانُ هَلْ أَنتَ آتٍ هَذَا الرجُلَ وَمُرْتَادٌ لَنا فَإِنْ رَضِيتَ لَنا شَيْئًا قَبِلْنَاهُ وَإِنْ كَرِهْتَ شَيْئًا كَرِهْنَاهُ قُلْتُ نَعَمْ فَجِئْتُ حَتى قَدِمْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَرَضِيتُ أَمْرَهُ وَأَسْلَمَ قَوْمِي وَكَتَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَا الْكِتَابَ إِلَى عُمَيْرٍ ذِي مَرانٍ قَالَ وَبَعَثَ مَالِكَ بْنَ مِرَارَةَ الرهَاوِي إِلَى الْيَمَنِ جَمِيعًا فَأَسْلَمَ عَكٌ ذُو خَيْوَانَ قَالَ فَقِيلَ لِعَكٍ انْطَلِقْ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَخُذْ مِنْهُ الْأَمَانَ عَلَى قَرْيَتِكَ وَمَالِكَ فَقَدِمَ وَكَتَبَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ مِنْ مُحَمدٍ رَسُولِ اللهِ

[①] ئەلبانى (2592): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

لِعَكٍ ذِي خَيْوَانَ إِنْ كَانَ صَادِقًا فِي أَرْضِهِ وَمَالِهِ وَرَقِيقِهِ فَلَهُ الْأَمَانُ وَذِمَّةُ اللهِ وَذِمَّةُ مُحَمَّدٍ رَسُولِ اللهِ وَكَتَبَ خَالِدُ بْنُ سَعِيدِ بْنِ الْعَاصِ.

6212 ـ ئامىر ئىبنى شەھر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەرلىكنى جاكارلاپ چىققان چاغدا، ھەمدان قەبىلىسى ماڭا:

ــ سەن ئۇ ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، بىزگە خەۋەر ئېلىپ كېلەمسەن؟ ئەگەر سەن ئۇنىڭ دەۋىتىگە رازى بولۇپ قوبۇل قىلساڭ، بىزمۇ ئۇنى قوبۇل قىلايلى. ئەگەر ئۇنى ياقتۇرمىساڭ، بىزمۇ ئۇنى قوبۇل قىلمايلى! ـ دېدى. مەن:

ــ بولىدۇ، ـ دېدىم.

شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلدىم، قەۋمىممۇ ئىسلام دىنىغا كىردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ خەتنى ئۇمەير زى مەررانغا يېزىپ بەردى. ئۇ يەنە مالىك ئىبنى مىرارە رەھاۋىينى يەمەنگە ئەۋەتتى. شۇ ئارىدا، زۇ خەيۋان مەھەللىسىدىن ئەك ئىسىملىك بىر ئادەم مۇسۇلمان بولدى. ئەككە:

ــ سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن مەھەللەڭدىكىلەر ۋە ماللىرىڭ ئۈچۈن ئامانلىق ئالغىن! ـ دېيىلدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)، ئۇشبۇ خەت اللهنىڭ رەسۇلى مۇھەممەدتىن زۇ خەيۋان مەھەللىلىك ئەككە: ئەگەر ئۇ ئۆز يۇرتىدا، مال ـ مۈلكىدە ۋە قۇللىرى ھەققىدە راستچىل بولسا، ئۇنىڭغا اللهنىڭ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى مۇھەممەدنىڭ ئامانلىقى بېرىلىدۇ» دەپ خەت يېزىپ

بېرىپتۇ. بۇ خەتنى خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس يېزىپ بەرگەن ئىكەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3027)

6213 - عَنْ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ أَبِيهِ وَكَانَ أَحَدَ الثَّلَاثَةِ الَّذِينَ تِيبَ عَلَيْهِمْ وَكَانَ كَعْبُ بْنُ الْأَشْرَفِ يَهْجُو النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَيُحَرِّضُ عَلَيْهِ كُفَّارَ قُرَيْشٍ وَكَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حِينَ قَدِمَ الْمَدِينَةَ وَأَهْلُهَا أَخْلَاطٌ مِنْهُمْ الْمُسْلِمُونَ وَالْمُشْرِكُونَ يَعْبُدُونَ الْأَوْثَانَ وَالْيَهُودُ وَكَانُوا يُؤْذُونَ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَصْحَابَهُ فَأَمَرَ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ نَبِيَّهُ بِالصَّبْرِ وَالْعَفْوِ فَفِيهِمْ أَنْزَلَ اللَّهُ وَلَتَسْمَعُنَّ مِنْ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِكُمْ الْآيَةَ فَلَمَّا أَبَى كَعْبُ بْنُ الْأَشْرَفِ أَنْ يَنْزِعَ عَنْ أَذَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَمَرَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ سَعْدَ بْنَ مُعَاذٍ أَنْ يَبْعَثَ رَهْطًا يَقْتُلُونَهُ فَبَعَثَ مُحَمَّدَ بْنَ مَسْلَمَةَ وَذَكَرَ قِصَّةَ قَتْلِهِ فَلَمَّا قَتَلُوهُ فَزِعَتْ الْيَهُودُ وَالْمُشْرِكُونَ فَغَدَوْا عَلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالُوا طُرِقَ صَاحِبُنَا فَقُتِلَ فَذَكَرَ لَهُمْ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الَّذِي كَانَ يَقُولُ وَدَعَاهُمْ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِلَى أَنْ يَكْتُبَ بَيْنَهُ كِتَابًا يَنْتَهُونَ إِلَى مَا فِيهِ فَكَتَبَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَيْنَهُ وَبَيْنَهُمْ وَبَيْنَ الْمُسْلِمِينَ عَامَّةً صَحِيفَةً.

6213 ـ كەئب ئىبنى مالىك (ئۇ تەۋبىسى قوبۇل بولغان ئۈچ كىشىنىڭ بىرى ئىدى) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كەئب ئىبنى ئەشرەف پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سۆكۈپ شېئىر ئوقۇيتتى، قۇرەيشلەرنى ئۇنىڭغا قارشى كۈشكۈرتەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەن چاغدا، مەدىنە ئاھالىسىنىڭ مۇسۇلمانلىرىمۇ، بۇتقا چوقۇنىدىغان مۇشرىكلىرىمۇ، يەھۇدىيلىرىمۇ ئارىلاش ياشايتتى. يەھۇدىيلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ئەزىيەت بېرەتتى. شۇڭا الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سەۋر قىلىشقا ۋە ئەپۇچان بولۇشقا بۇيرۇپ، ئۇلار ھەققىدە مۇنۇ ئايەتنى نازىل

[1] ئەلبانى (653): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

قىلدى: سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دىن، مۇشرىكلاردىن چوقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر، ئەگەر (يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە) سەۋر قىلساڭلار (سۆزۈڭلار ۋە ھەرىكەتلىرىڭلاردا اللهتىن) قورقساڭلار، ئۇنداقتا، بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر [①].

كەئب ئىبنى ئەشرەف پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەزىيەت بېرىشتىن قول ئۈزمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن بىرقانچە ئادەم ئەۋەتىشكە بۇيرۇدى. سەئد ئىبنى مۇئاز مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى ئەۋەتتى.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى قىسسىنى تولۇق سۆزلەپ بەردى. ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، يەھۇدىي ۋە مۇشرىكلار قاتتىق چۆچۈدى. ئەتىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ كېچىدە دوستىمىزنىڭ دەرۋازىسى قېقىلىپ، سىرتقا چىققاندا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇلارغا ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئاندىن ئۇ ئۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇ چىقىشماسلىققا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆزئارا توختام تۈزۈشكە چاقىردى. شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى بىلەن ئۇلار ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئاممىباب بىر توختامنامە تۈزدى [②].

(ئەبۇ داۋۇد: 3000)

6214 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ صَالَحَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَهْلَ نَجْرَانَ عَلَى أَلْفَيْ حُلَّةٍ النِّصْفُ فِي صَفَرٍ وَالْبَقِيَّةُ فِي رَجَبٍ يُؤَدُّونَهَا إِلَى الْمُسْلِمِينَ وَعَوَرٍ ثَلَاثِينَ دِرْعًا وَثَلَاثِينَ فَرَسًا وَثَلَاثِينَ بَعِيرًا وَثَلَاثِينَ مِنْ كُلِّ صِنْفٍ مِنْ أَصْنَافِ السِّلَاحِ يَغْزُونَ بِهَا

[①] سۈرە ئال ئىمران، 186 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] ئەلبانى (2593): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

وَالْمُسْلِمُونَ ضَامِنُونَ لَهَا حَتى يَرُدوهَا عَلَيْهِمْ إِنْ كَانَ بِالْيَمَنِ كَيْدٌ أَوْ غَدْرَةٌ عَلَى أَنْ لَا تُهْدَمَ لَهُمْ بِيعَةٌ وَلَا يُخْرَجَ لَهُمْ قَس وَلَا يُفْتَنُوا عَنْ دِينِهِمْ مَا لَمْ يُحْدِثُوا حَدَثًا أَوْ يَأْكُلُوا الرِبَا قَالَ إِسْمَعِيلُ فَقَدْ أَكَلُوا الرِبَا.

6214 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەجران ئەھلى بىلەن يېرىمىنى سەفەر ئېيىدا، قالغان يېرىمىنى رەجەب ئېيىدا مۇسۇلمانلارغا تاشۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلىپ، 2000 كىشىلىك كىيىم ئۇچۇن توختام تۈزدى. بۇ توختامنامىغا ئاساسەن، يەمەندە بىرەر توقۇنۇش چىقىپ ياكى خىيانەت يۈز بېرىپ قالسا، ئۇلار 30 ساۋۇت، 30 تۆگە، 30 ئات ۋە ئۆزلىرى ئۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان ھەر تۈرلۈك قورالدىن 30 دىن مۇسۇلمانلارغا ئامانەت شەكلىدە بېرىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇ قوراللارنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەرگەنگە قەدەر كېپىل بولىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلارنىڭ مۇناستىرلىرى ئۆرۈلمەيدۇ، دىنىي زاتلىرى ھەيدەپ چىقىرىلمايدۇ. ئۇلار بىرەر ۋەقە تۇغدۇرمىغان ياكى جازانە يېمىگەن مۇددەتچە دىنىدا بىئارام قىلىنمايدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3041)

6215 - عَنْ زِيَادِ بْنِ حُدَيْرٍ قَالَ قَالَ عَلِي لَئِنْ بَقِيتُ لِنَصَارَى بَنِي تَغْلِبَ لَأَقْتُلَن الْمُقَاتِلَةَ وَلَأَسْبِيَن الذرِيةَ فَإِني كَتَبْتُ الْكِتَابَ بَيْنَهُمْ وَبَيْنَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى أَنْ لَا يُنَصرُوا أَبْنَاءَهُمْ قَالَ أَبو دَاوُد هَذَا حَدِيثٌ مُنْكَرٌ.

6215 ــ زىياد ئىبنى ھۇدەيردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن ھايات قالسام، بەنى تەغلىب خرىستىئانلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلالايدىغانلىرىنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن، خوتۇن - بالىلىرىنى ئولجا ئالىمەن. چۈنكى ئۇلار بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارىسىدىكى توختامنامىنى مەن

[1] ئەلبانى (658): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

يېزىپ بەرگەنىدىم. ئۇنىڭدا پەرزەنتلىرىنى خرىستىئانلاشتۇرماسلىق شەرتى يېزىلغانىدى①.

(ئەبۇ داۋۇد: 3040)

6216 - عَنْ الْعِرْبَاضِ بْنِ سَارِيَةَ السلَمِي قَالَ نَزَلْنَا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَيْبَرَ وَمَعَهُ مَنْ مَعَهُ مِنْ أَصْحَابِهِ وَكَانَ صَاحِبُ خَيْبَرَ رَجُلًا مَارِدًا مُنْكَرًا فَأَقْبَلَ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا مُحَمدُ أَلَكُمْ أَنْ تَذْبَحُوا حُمُرَنَا وَتَأْكُلُوا ثَمَرَنَا وَتَضْرِبُوا نِسَاءَنَا فَغَضِبَ يَعْنِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ يَا ابْنَ عَوْفٍ ارْكَبْ فَرَسَكَ ثُم نَادِ أَلَا إِن الْجَنةَ لَا تَحِل إِلا لِمُؤْمِنٍ وَأَنْ اجْتَمِعُوا لِلصلَاةِ قَالَ فَاجْتَمَعُوا ثُم صَلى بِهِمْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قَامَ فَقَالَ أَيَحْسَبُ أَحَدُكُمْ مُتكِئًا عَلَى أَرِيكَتِهِ قَدْ يَظُن أَن اللهَ لَمْ يُحَرمْ شَيْئًا إِلا مَا فِي هَذَا الْقُرْآنِ أَلَا وَإِني وَاللهِ قَدْ وَعَظْتُ وَأَمَرْتُ وَنَهَيْتُ عَنْ أَشْيَاءَ إِنهَا لَمِثْلُ الْقُرْآنِ أَوْ أَكْثَرُ وَإِن اللهَ عَز وَجَل لَمْ يُحِل لَكُمْ أَنْ تَدْخُلُوا بُيُوتَ أَهْلِ الْكِتَابِ إِلا بِإِذْنٍ وَلَا ضَرْبَ نِسَائِهِمْ وَلَا أَكْلَ ثِمَارِهِمْ إِذَا أَعْطَوْكُمْ الذِي عَلَيْهِمْ.

6216 ـ ئىرباز ئىبنى سارىيە سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە چۇشكۈن قىلدۇق. بىر قىسىم ساھابىلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدى. خەيبەرنىڭ ئاقساقىلى سەركەش ۋە تەرسا ئادەم ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئى مۇھەممەد! سىلەرنىڭ ئېشەكلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈش، مېۋىلىرىمىزنى يېيىش، خوتۇنلىرىمىزنى ئۇرۇش ھەققىڭلار بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق غەزەپلىنىپ:

ـ ئى ئىبنى ئەۋف! ئېتىڭغا مىنىپ: "جەننەت پەقەت مۇئمىنلەرگە ھالالدۇر، نامازغا يىغىلىڭلار!" دەپ توۋلىغىن، ـ دېدى.

جامائەت نامازغا يىغىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

① ئەلبانى (657): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

ـــ بەزىلەر ئورۇنـدۇقنىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ: ”الله قۇرئاندىكى نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىدى“ دەپ ئويلامدۇ؟ بىلىپ قېلىڭلاركى، مەن ۋەز ــ نەسىھەت قىلدىم. بەزى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇپ، بەزى ئىشلارنى قىلىشنى چەكلىدىم. شەك ــ شۈبھىسىزكى، بۇ ئىشلار قۇرئان بۇيرىغان ۋەياكى چەكلىگەن ئىشلار بىلەن سان جەھەتتە تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپتۇر. الله تائالا ئەھلى كىتابلارنىڭ ئۆيلىرىگە (ئۇلار سىلەرگە بېرىشكە تېگىشلىك نەرسىنى بەرگەن تەقدىردە) ئىجازەت ئالماي تۇرۇپ كىرىشىڭلارنى، ئاياللىرىنى ئۇرۇشۇڭلارنى، مېۋىلىرىنى يېيىشىڭلارنى ھالال قىلمىدى، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3050)

6217 - عَنْ رَجُلٍ مِنْ جُهَيْنَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَعَلكُمْ تُقَاتِلُونَ قَوْمًا فَتَظْهَرُونَ عَلَيْهِمْ فَيَتقُونَكُمْ بِأَمْوَالِهِمْ دُونَ أَنفُسِهِمْ وَأَبْنَائِهِمْ قَالَ سَعِيدٌ فِي حَدِيثِهِ فَيُصَالِحُونَكُمْ عَلَى صُلْحٍ ثُم اتفَقَا فَلَا تُصِيبُوا مِنْهُمْ شَيْئًا فَوْقَ ذَلِكَ فَإِنهُ لَا يَصْلُحُ لَكُمْ.

6217 ـــ جۇھەينە قەبىلىسىگە تەۋە بىر ئادەمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەر مەلۇم بىر قەۋم بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى يەڭسەڭلار، ئۇلار جانلىرىنى ۋە خوتۇن ـ بالىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مال ـ مۈلۈكلىرىنى سىلەرگە بېرىش شەرتى ئاستىدا سىلەر بىلەن سۈلھى تۈزۈشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا ئىككى تەرەپ كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن، سىلەرنىڭ ئۇلاردىن كېلىشىمنىڭ سىرتىدا بىرەر نەرسە ئېلىۋېلىشىڭلار، (سىلەرگە) دۇرۇس بولمايدۇ»[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 3051)

[①] ئەلبانى (664): زەئىپ، ـ دېگەن.
[②] ئەلبانى (665): زەئىپ، ـ دېگەن.

6218 - عَنْ نَافِعٍ عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ لَما فَدَعَ أَهْلُ خَيْبَرَ عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ قَامَ عُمَرُ خَطِيبًا فَقَالَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ عَامَلَ يَهُودَ خَيْبَرَ عَلَى أَمْوَالِهِمْ وَقَالَ نُقِركُمْ مَا أَقَركُمْ اللهُ وَإِن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ خَرَجَ إِلَى مَالِهِ هُنَاكَ فَعُدِيَ عَلَيْهِ مِنْ اللَيْلِ فَفُدِعَتْ يَدَاهُ وَرِجْلَاهُ وَلَيْسَ لَنَا هُنَاكَ عَدُو غَيْرَهُمْ هُمْ عَدُونَا وَتُهْمَتُنَا وَقَدْ رَأَيْتُ إِجْلَاءَهُمْ فَلَما أَجْمَعَ عُمَرُ عَلَى ذَلِكَ أَتَاهُ أَحَدُ بَنِي أَبِي الْحُقَيْقِ فَقَالَ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ أَتُخْرِجُنَا وَقَدْ أَقَرنَا مُحَمدٌ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَامَلَنَا عَلَى الْأَمْوَالِ وَشَرَطَ ذَلِكَ لَنَا فَقَالَ عُمَرُ أَظَنَنْتَ أَني نَسِيتُ قَوْلَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَيْفَ بِكَ إِذَا أُخْرِجْتَ مِنْ خَيْبَرَ تَعْدُو بِكَ قَلُوصُكَ لَيْلَةً بَعْدَ لَيْلَةٍ فَقَالَ كَانَتْ هَذِهِ هُزَيْلَةً مِنْ أَبِي الْقَاسِمِ قَالَ كَذَبْتَ يَا عَدُو اللهِ فَأَجْلَاهُمْ عُمَرُ وَأَعْطَاهُمْ قِيمَةَ مَا كَانَ لَهُمْ مِنْ الثمَرِ مَالًا وَإِبِلًا وَعُرُوضًا مِنْ أَقْتَابٍ وَحِبَالٍ وَغَيْرِ ذَلِكَ.

6218 ـ نافىئدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: خەيبەر يەھۇدىيلىرى مېنىڭ پۇت ـ قولۇمنى زەخىملەندۈرگەن چاغدا، (دادام) ئۆمەر مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلىپ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر يەھۇدىيلىرى بىلەن مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېرىمىنى مۇسۇلمانلارغا بېرىش شەرتى ئاستىدا ئۇلارنىڭ خەيبەردە قېلىشىغا كېلىشىپ: «بىز سىلەرنى بۇ جايدا الله قالدۇرغان مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز» دېگەن ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۇ جايدىكى مېلىنى ئالغىلى بارغاندا، كېچىسى تاجاۋۇزغا ئۇچراپ، پۇت ـ قولى زەخىملەندى. بىزنىڭ ئۇ جايدا ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلىرىمىز يوق، ئۇلار بىزنىڭ بىردىنبىر دۈشمەنلىرىمىز. بۇ ئىشنى چوقۇم ئۇلار قىلدى. شۇڭا مەن ئۇلارنى خەيبەردىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن، ـ دېدى.

ئۆمەر بۇ قارارنى ماقۇللاپ بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ ھۇقەيىق ئوغۇللىرىدىن بىرى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـــ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئۇ جايدا قالدۇرغان، مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ يېرىمىنى

ئۇنىڭغا بېرىش شەرتى ئاستىدا خەيبەرنى بىزگە بېرىشكە كېلىشكەن تۇرسا، بىزنى نېمىدەپ ئۇ يەردىن چىقىرىۋېتىسەن؟ - دېدى. ئۆمەر:

— سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساڭا قارىتىپ: «خەيبەردىن چىقىرىلغان چېغىڭدا ئۇزۇن پاچاقلىق چىشى تۆگەڭ سېنى كېچىدىن كېچىگە يۇدۇپ يۈرسە، سېنىڭ ھالىڭ قانداق بولۇپ كېتەر؟» دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمنى ئويلاۋاتامسەن؟ - دېدى. ئۇ:

- پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاقچاق قىلىپ شۇنداق دېگەن ئىدى، - دېدى. ئۆمەر:

- ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! يالغان سۆزلىدىڭ، - دېدى. كېيىن ئۆمەر ئۇلار تاشلاپ كەتكەن مال — مۈلك، تۆگە، مال — ماتا، ئارغامچا ۋە باشقىلارنىڭ قىممىتىدە نەرسە بېرىپ، ئۇلارنى خەيبەردىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى.

(بۇخارى: 2730)

6219 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ أَجْلَاهُمْ إِلَى تَيْمَاءَ وَأَرِيحَاءَ.

6219 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇلارنى تەيما ۋە ئەرىيھا دېگەن جايلارغا ھەيدىۋەتتى.

(مۇسلىم: 1551)

6220 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَاتَلَ أَهْلَ خَيْبَرَ فَغَلَبَ عَلَى النخْلِ وَالْأَرْضِ وَأَلْجَأَهُمْ إِلَى قَصْرِهِمْ فَصَالَحُوهُ عَلَى أَن لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الصفْرَاءَ وَالْبَيْضَاءَ وَالْحَلْقَةَ وَلَهُمْ مَا حَمَلَتْ رِكَابُهُمْ عَلَى أَنْ لَا يَكْتُمُوا وَلَا يُغَيبُوا شَيْئًا فَإِنْ فَعَلُوا فَلَا ذِمةَ لَهُمْ وَلَا عَهْدَ فَغَيبُوا مَسْكًا لِحُيَي بْنِ أَخْطَبَ وَقَدْ كَانَ قُتِلَ قَبْلَ خَيْبَرَ كَانَ احْتَمَلَهُ مَعَهُ يَوْمَ بَنِي النضِيرِ حِينَ أُجْلِيَتْ النضِيرُ فِيهِ حُلِيهُمْ قَالَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِسَعْيَةَ أَيْنَ مَسْكُ حُيَي بْنِ أَخْطَبَ قَالَ أَذْهَبَتْهُ الْحُرُوبُ وَالنفَقَاتُ فَوَجَدُوا الْمَسْكَ فَقَتَلَ ابْنَ أَبِي الْحُقَيْقِ وَسَبَى نِسَاءَهُمْ وَذَرَارِيهُمْ وَأَرَادَ أَنْ يُجْلِيَهُمْ فَقَالُوا يَا مُحَمدُ دَعْنَا

نَعْمَلُ فِي هَذِهِ الْأَرْضِ وَلَنَا الشطرُ مَا بَدَا لَكَ وَلَكُمْ الشطرُ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعْطِي كُل امْرَأَةٍ مِنْ نِسَائِهِ ثَمَانِينَ وَسْقًا مِنْ تَمْرٍ وَعِشْرِينَ وَسْقًا مِنْ شَعِيرٍ.

6220 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر يەھۇدىيلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ خورمىزارلىقلىرى ۋە يەر ـــ زېمىنلىرى ئۈستىدە ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى قورغانلىرىغىچە قوغلاپ باردى. كېيىن ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سۇلھىلىشىپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش، قورال ـ ياراغلىرىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ قويىدىغان، قالغان يۈك ـ تاقلىرىنى، ھېچ نەرسىنى يوشۇرماستىن ۋە يوقىتىۋەتمەستىن، تۆگىلىرى كۆتۈرەلىگۈچە ئارتىپ كېتىدىغان، ناۋادا ئۇلار بىرەر نەرسىنى يوشۇرغان ۋە يوقىتىۋەتكەن تەقدىردە، ئۇلارغا ئامانلىق ۋە كاپالەت بېرىلمەيدىغانغا كېلىشتى.

ئۇلار ھۇيەي ئىبنى ئەختەبنىڭ جاۋاھىرلىرى قاچىلانغان ساندۇقنى يوقىتىۋەتتى. ئەسلىدە ھۇيەي ئىبنى ئەختەب خەيبەر ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئۆلتۈرۈلگەنىدى. بەنى نەزىر ئۇرۇشىدىن كېيىن، بەنى نەزىر ئاھالىسى سۈرگۈن قىلىنغان بولۇپ، ھۇيەي ئىبنى ئەختەب بۇ ساندۇقتا ئۇلارنىڭ جاۋاھىرلىرىنى قاچىلاپ ئېلىپ كەتكەنىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئيەگە:

ــ ھۇيەي ئىبنى ئەختەبنىڭ جاۋاھىرلىرى قېنى؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ ئۇرۇش چىقىملىرى ۋە باشقا چىقىملار بىلەن تۈگەپ كەتتى، ــ دېدى. لېكىن مۇسۇلمانلار ئاختۇرۇپ، ساندۇقنى تېپىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ ھۇقەيقنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشكە، خوتۇن ــ بالىلىرىنى ئەسىر ئېلىشقا پەرمان چۈشۈردى. قالغان يەھۇدىيلارنى خەيبەردىن قوغلاپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندا، ئۇلار:

ــ ئى مۇھەممەد! بىزنى بۇ زېمىندا ئىشلەشكە قالدۇرۇپ قويغىن. يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمى سېنىڭ، يېرىمى بىزنىڭ

بولسۇن! ــ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەردىن تەگكەن نېسىۋىسىدىن ھەر بىر ئايالغا 80 ۋەسەق خورما، 20 ۋەسەق ئارپا بېرەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3006)

6221 - عَنْ ابْنِ شِهَابٍ أَن خَيْبَرَ كَانَ بَعْضُهَا عَنْوَةً وَبَعْضُهَا صُلْحًا وَالْكَتِيبَةُ أَكْثَرُهَا عَنْوَةً وَفِيهَا صُلْحٌ قُلْتُ لِمَالِكٍ وَمَا الْكَتِيبَةُ قَالَ أَرْضُ خَيْبَرَ وَهِيَ أَرْبَعُونَ أَلْفَ عَذْقٍ.

6221 ـ ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: خەيبەر زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئۇرۇش بىلەن، يەنە بىر قىسمى سۈلھى بىلەن ئېلىندى. كەتىيبەنىڭ كۆپ قىسمى ئۇرۇش بىلەن، ئاز بىر قىسمى سۈلھى بىلەن ئېلىندى. مەن مالىكتىن:

ــ كەتىيبە قەيەر؟ ـ دەپ سورىغانىدىم. ئۇ:

ــ 40 مىڭ تۈپ خورما دەرىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خورمىزارلىق بىر زېمىن، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3017)

6222 - عَنْ سُلَيْمِ بْنِ عَامِرٍ رَجُلٌ مِنْ حِمْيَرَ قَالَ كَانَ بَيْنَ مُعَاوِيَةَ وَبَيْنَ الرومِ عَهْدٌ وَكَانَ يَسِيرُ نَحْوَ بِلَادِهِمْ حَتى إِذَا انْقَضَى الْعَهْدُ غَزَاهُمْ فَجَاءَ رَجُلٌ عَلَى فَرَسٍ أَوْ بِرْذَوْنٍ وَهُوَ يَقُولُ اللهُ أَكْبَرُ اللهُ أَكْبَرُ وَفَاءٌ لَا غَدَرَ فَنَظَرُوا فَإِذَا عَمْرُو بْنُ عَبَسَةَ فَأَرْسَلَ إِلَيْهِ مُعَاوِيَةُ فَسَأَلَهُ فَقَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ كَانَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ قَوْمٍ عَهْدٌ فَلَا يَشُد عُقْدَةً وَلَا يَحُلهَا حَتى يَنْقَضِيَ أَمَدُهَا أَوْ يَنْبِذَ إِلَيْهِمْ عَلَى سَوَاءٍ فَرَجَعَ مُعَاوِيَةُ.

6222 ـ ھىمىيەر قەبىلىسىدىن سۇلەيم ئىبنى ئامىر ئىسىملىك بىر ئادەم مۇنداق دەيدۇ: مۇئاۋىيە بىلەن رۇملۇقلار ئارىسىدا كېلىشىم بار ئىدى. ئۇ بۇ كېلىشىمنىڭ ۋاقتىنىڭ تۈگىشى بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم

[1] ئەلبانى (2597): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (650): زەئىپ، ـ دېگەن.

قىلىشنى پىلانلاپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. تۇساتتىن ئاتقا ياكى باشقا بىر ھايۋانغا مىنىۋالغان بىر ئادەم چىقىپ كېلىپ:

- ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر! ۋاپا قىلىش كېرەك، خىيانەت قىلماسلىق كېرەك، ـــ دېدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئەمر ئىبنى ئەبەسە ئىكەنلىكىنى تونۇدى. مۇئاۋىيە ئۇنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتىپ، نېمىشقا شۇنداق دېگەنلىكىنى سورىدى. ئۇ:

ـــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى بىرەر قەۋم بىلەن كېلىشىم تۈزسە، ئۇنىڭ ۋاقتى تۈگىگەنگە ياكى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ تۇرۇپ ئۇ كېلىشىمنى ئەمەلدىن قالدۇرغانغا قەدەر، ئۇ كېلىشىمنى ھەددىدىن زىيادە چىگىتىۋېتىشكىمۇ، بۇزىۋېتىشقىمۇ بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇئاۋىيە قوشۇنىنى باشلاپ قايتىپ كەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2759)

6223 - عن صَفْوَانَ بْنَ سُلَيْمٍ أَخْبَرَهُ عَنْ عِدَةٍ مِنْ أَبْنَاءِ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ آبَائِهِمْ دِنْيَةً عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَلَا مَنْ ظَلَمَ مُعَاهِدًا أَوْ انْتَقَصَهُ أَوْ كَلفَهُ فَوْقَ طَاقَتِهِ أَوْ أَخَذَ مِنْهُ شَيْئًا بِغَيْرِ طِيبِ نَفْسٍ فَأَنَا حَجِيجُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

6223 - بىر قىسىم ساھابىلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىلىپ قويۇڭلاركى، كىم ئەھدە تۈزۈلگەن بىرەر كىشىگە زۇلۇم قىلسا ياكى ئۇنىڭغا بېرىشكە تېگىشلىك نەرسىنى كەم بەرسە ياكى ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇسا ۋەياكى ئۇنىڭ بىرەر نەرسىسىنى رازىلىقىسىز ئېلىۋالسا، قىيامەت كۈنى مەن ئۇنىڭ دەۋاگەرى بولىمەن»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3052)

---

[1] ئەلبانى (2397): سەھىھ - دېگەن.
[2] ئەلبانى (2626): سەھىھ - دېگەن.

6224 - عَنْ أَبِي رَافِعٍ قَالَ بَعَثَنِي قُرَيْشٌ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُلْقِيَ فِي قَلْبِي الْإِسْلَامُ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِني وَاللهِ لَا أَرْجِعُ إِلَيْهِمْ أَبَدًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِني لَا أَخِيسُ بِالْعَهْدِ وَلَا أَحْبِسُ الْبُرُدَ وَلَكِنْ ارْجِعْ فَإِنْ كَانَ فِي نَفْسِكَ الذِي فِي نَفْسِكَ الْآنَ فَارْجِعْ قَالَ فَذَهَبْتُ ثُم أَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَسْلَمْتُ.

قَالَ بُكَيْرٌ وَأَخْبَرَنِي أَن أَبَا رَافِعٍ كَانَ قِبْطِيا قَالَ أَبُو دَاوُد هَذَا كَانَ فِي ذَلِكَ الزمَانِ فَأَما الْيَوْمَ فَلَا يَصْلُحُ.

6224 ـ ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: قۇرەيشلەر مېنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا (ئەلچى قىلىپ) ئەۋەتتى. مەن ئۇنى كۆرۈپلا، قەلبىم ئىسلامغا مايىل بولدى. شۇڭا مەن:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا ھەرگىز قايتمايمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەن ئەھدىنى بۇزمايمەن، ئەلچىنى تۇتۇۋالمايمەن. سەن ھازىرچە قايتىپ كەتكىن، ئەگەر ھازىر ھېس قىلغانلىرىڭنى يەنە ھېس قىلساڭ، قايتىپ كەلسەڭ بولىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا قايتىپ كېتىپ، ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدىم ۋە ئىسلامغا كىردىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2758)

ئىمام ئەبۇ داۋۇد مۇنداق دېگەن: ئەبۇ رافىئ قىبتى ئىدى. دەسلەپكى زامانلاردا ساھابىلار ھەققىدە مۇنداق سۆزلەر قىلىناتتى. ئەمما ھازىر ئۇلار ھەققىدە مۇنداق سۆزنى قىلىش توغرا بولمايدۇ.

[1] ئەلبانى (2396): سەھىھ ـ دېگەن.

6225 - عَنْ سَلَمَةَ بْنِ نُعَيْمِ بْنِ مَسْعُودٍ الْأَشْجَعِي عَنْ أَبِيهِ نُعَيْمٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَهُمَا حِينَ قَرَأَ كِتَابَ مُسَيْلِمَةَ مَا تَقُولَانِ أَنْتُمَا قَالَا نَقُولُ كَمَا قَالَ قَالَ أَمَا وَاللهِ لَوْلَا أَن الرسُلَ لَا تُقْتَلُ لَضَرَبْتُ أَعْنَاقَكُمَا.

6225 ـ نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مۇسەيلەمە كاززاب ئەلچىلەر ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەت ئەۋەتكەن بولۇپ، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئەلچىلەرگە:

ــ سىلەر ئىككىڭلار ئۇنىڭ ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟ ـ دېگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ:

ـ ئۇ نېمە دېسە، بىزمۇ شۇنى دەيمىز، ـ دېگەنلىكىنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

ـ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەلچىلەر ئۆلتۈرۈلمەيدىغان ئادەت بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، سىلەرنىڭ كاللاڭلارنى ئالاتتىم، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2761)

6226 - عَنْ مَالِكٍ عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَهْلِ الْكُوفَةِ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ كَتَبَ إِلَى عَامِلِ جَيْشٍ كَانَ بَعَثَهُ إِنهُ بَلَغَنِي أَن رِجَالًا مِنْكُمْ يَطْلُبُونَ الْعِلْجَ حَتى إِذَا أَسْنَدَ فِي الْجَبَلِ وَامْتَنَعَ قَالَ رَجُلٌ مَطْرَسْ يَقُولُ لَا تَخَفْ فَإِذَا أَدْرَكَهُ قَتَلَهُ وَإِني وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَا أَعْلَمُ مَكَانَ وَاحِدٍ فَعَلَ ذَلِكَ إِلا ضَرَبْتُ عُنُقَهُ.

6226 ـ كۇفەلىك بىر ئادەم مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى ئەۋەتكەن مەلۇم بىر قوشۇننىڭ قوماندانىغا خەت يېزىپ:

ـ ماڭا يېتىشىچە، سىلەردىن مەلۇم ئادەملەر دۈشمەننى قوغلاپ بارىدىكەن. قاچقان كىشى تاكى تاغقا چىقىپ، ئۇيەردىن قوغدىنىپ

---

[1] ئەلبانى (2399): سەھىھ ـ دېگەن.

بولغانــدا، قــوغلاپ كەلــگەن كىــشى: ”قــورقمىغىن (بىــز ســاڭا چېقىلمايمىز)“ دەيدىكەن. ئاندىن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرىۋېتىدىكەن. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن مۇنداق قىلغان ئادەمنى تېپىۋالسام قىلچە كەچۈرمەستىن، كاللىسىنى ئالىمەن، ـ دېگەن.

(ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان)

6227 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ إِنْ كَانَتْ الْمَرْأَةُ لَتُجِيرُ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ فَيَجُوزُ.

6227 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ناۋادا بىر خوتۇن مۇئمىنلەرنىڭ نامىدا بىرەر ئادەمگە پاناھلىق بەرسە، جايىز بولىدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2774)

6228 - عَنْ مَالِكٍ قَالَ بَلَغَنِي أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عَباسٍ قَالَ مَا خَتَرَ قَوْمٌ بِالْعَهْدِ إِلا سَلطَ اللهُ.

6228 ـ ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: ماڭا يېتىپ كېلىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: قانداقلىكى بىر قەۋم ئەھدىنامىنى بۇزسا، الله ئۇلارغا دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىدۇ.

(ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان)

6229 - عَنْ مُعَاذٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما وَجهَهُ إِلَى الْيَمَنِ أَمَرَهُ أَنْ يَأْخُذَ مِنْ كُل حَالِمٍ يَعْنِي مُحْتَلِمًا دِينَارًا أَوْ عَدْلَهُ مِنْ الْمَعَافِرِي ثِيَابٌ تَكُونُ بِالْيَمَنِ.

6229 ـ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى يەمەنگە ئەۋەتكەن چاغدا، (مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن غەيرى مۇسۇلمانلاردىن) ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ۋە بالاغەتكە يەتكەن كىشى بېشىغا بىر تىللا ياكى

[1] ئەلبانى (2402): سەھىھ ـ دېگەن.

يەمەنـدە توقۇلـىدىغان ”مۇئـافىرى“ ئـىـسىملىك رەختـتـىـن بىـر تىلـلا قىممىتىدە رەخت ئېلىشنى بۇيرۇغانىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3038)

6230 - عَنْ أَسْلَمَ مَوْلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ أَنَّ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ ضَرَبَ الْجِزْيَـةَ عَلَى أَهْلِ الذَّهَبِ أَرْبَعَةَ دَنَانِيرَ وَعَلَى أَهْلِ الْوَرِقِ أَرْبَعِينَ دِرْهَمًا مَعَ ذَلِكَ أَرْزَاقُ الْمُسْلِمِينَ وَضِيَافَةُ ثَلَاثَةِ أَيَّامٍ.

6230 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادگەردىسى ئەسلەم مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن غەيرى مۇسۇلمانلاردىن) ئالتۇن خەجلەيدىغان كىشىلەرگە تۆت تىللا، كۈمۈش خەجلەيدىغان كىشىلەرگە 40 تەڭگە جىزىيە قويدى. ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىشنى ۋە ئۇلارنىڭ مەھەللىسىگە چۈشكەن مۇسۇلمانلارنى ئۈچ كۈنگىچە مېھمان قىلىشنى بېكىتتى.

(مالىك: 618)

6231 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ مِنْ الْأَسْبَذِيِّينَ مِنْ أَهْلِ الْبَحْـرَيْنِ وَهُـمْ مَجُوسُ أَهْلِ هَجَرَ إِلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَمَكَثَ عِنْدَهُ ثُمَّ خَرَجَ فَسَأَلْتُهُ مَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ فِيكُمْ قَالَ شَرٌّ قُلْتُ مَهْ قَالَ الْإِسْلَامُ أَوْ الْقَتْلُ قَالَ وَقَالَ عَبْدُ الرَّحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ قَبِلَ مِنْهُمْ الْجِزْيَةَ قَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ فَأَخَذَ النَّاسُ بِقَوْلِ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ وَتَرَكُوا مَا سَمِعْتُ أَنَا مِنْ الْأَسْبَذِيِّ.

6231 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بەھرەين خەلقىدىن ئەسبەزىلەرگە تەۋە بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى. ئەسبەزىلەر ھەجەر ئەھلىنىڭ مەجۇسىلىرى ئىدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ چىقتى. مەن ئۇنىڭدىن:

[1] ئەلبانى (2622): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردا (يەنى مەجۇسىلار ھەققىدە) قانداق ھۆكۈم چىقاردى؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ــ يامان ھۆكۈم قىلدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. مەن:

ــ نېمە؟ ـ دېدىم. ئۇ:

ــ يا ئىسلامغا كىرىش ياكى ئۆلتۈرۈلۈش، ــ دېدى. كېيىن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇلاردىن جىزيەنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئىنسانلار ئۇنىڭ سۆزىنى تۇتقا قىلىپ، ھېلىقى ئەسبەزىنىڭ ماڭا سۆزلەپ بەرگىنىگە ئىتائەت قىلمىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3044)

6232 - عن بَجَالَةَ يُحَدثُ عن عَمْرو بن أَوْسٍ وَأَبي الشعْثَاءِ قَالَ كُنتُ كَاتِبًا لِجَزْءِ بن مُعَاوِيَةَ عَم الْأَحْنَفِ بن قَيْسٍ إِذْ جَاءَنَا كِتَابُ عُمَرَ قَبْلَ مَوْتِهِ بِسَنَةٍ اقْتُلُوا كُل سَاحِرٍ وَفَرقُوا بين كُل ذِي مَحْرَمٍ مِنْ الْمَجُوسِ وَانْهَوْهُمْ عَنْ الزمْزَمَةِ فَقَتَلْنَا فِي يَوْمٍ ثَلَاثَةَ سَوَاحِرَ وَفَرقْنَا بين كُل رَجُلٍ مِنْ الْمَجُوسِ وَحَرِيمِهِ فِي كِتَابِ اللهِ وَصَنَعَ طَعَامًا كَثِيرًا فَدَعَاهُمْ فَعَرَضَ السيْفَ عَلَى فَخِذِهِ فَأَكَلُوا وَلَمْ يُزَمْزِمُوا وَأَلْقَوْا وِقْرَ بَغْلٍ أَوْ بَغْلَيْنِ مِنْ الْوَرِقِ وَلَمْ يَكُنْ عُمَرُ أَخَذَ الْجِزْيَةَ مِنْ الْمَجُوسِ حَتى شَهِدَ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَخَذَهَا مِنْ مَجُوسِ هَجَرَ.

6232 ــ بەجالە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەھنەف ئىبنى قەيسنىڭ تاغىسى جەزئ ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ كاتىبى ئىدىم. بىزگە ئۆمەرنىڭ ۋاپات بولۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى يازغان خېتى كەلدى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى: "ھەرقانداق سېھىرگەرنى ئۆلتۈرۈڭلار، مەھرەملىرى (نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان يېقىن تۇغقانلىرى) بىلەن توي قىلغان مەجۇسىيلارنى ئاياللىرىدىن ئاجراشتۇرىۋېتىڭلار. ئۇلارنى زەمزەمە (شۇلارنىڭ ئېتىقادىدىكى خاس بىر خىل دۇئا بولۇپ، تاماقتىن ئىلگىرى قىلىدىكەن) دۇئاسىنى قىلىشتىن چەكلەڭلار".

[1] ئەلبانى (659): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

بىز بۇ خەتتىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، بىر كۈندە ئۈچ سېھىرگەرنى ئۆلتۈردۇق. ھەرقانداق مەجۇسىينى اﷲنىڭ كىتابىدا مەھرەم دەپ كۆرسىتىلگەن، يەنى يېقىن تۇغقاندارچىلىق سەۋەبىدىن توي قىلىش چەكلەنگەن مەھرىمىدىن (يەنى ئايالىدىن) ئايرىۋەتتۇق. جەزئ ئىبنى مۇئاۋىيە ناھايىتى جىق تاماق تەييارلاپ، ئۇلارنى تاماققا چاقىردى، ئاندىن قىلىچىنى يوتىسىنىڭ ئۈستىگە قويدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇلار تاماقنى ھېلىقى زەمزەمە دۇئاسىنى ئوقۇماستىن يېدى. كېيىن ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ياكى ئىككى قېچىرغا يۈكلەنگەدەك ئېغىرلىقتىكى كۈمۈشنى قويدى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەجەر مەجۇسىيلىرىدىن جىزيە ئالغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر، ئۆمەر مەجۇسىيلاردىن جىزيە ئالمىغان①.

(ئەبۇ داۋۇد: 3043)

6233 - عَنْ جَعْفَرِ بْنِ مُحَمَّدِ بْنِ عَلِيٍّ عَنْ أَبِيهِ أَنَّ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ ذَكَرَ الْمَجُوسَ فَقَالَ مَا أَدْرِي كَيْفَ أَصْنَعُ فِي أَمْرِهِمْ فَقَالَ عَبْدُ الرَّحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ أَشْهَدُ لَسَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ سُنُّوا بِهِمْ سُنَّةَ أَهْلِ الْكِتَابِ.

6233 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئەلى مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەجۇسىيلارنى تىلغا ئېلىپ:

ـ ئۇلارنىڭ ئىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمىدىم، ـ دېدى. بۇنىڭ بىلەن، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەجۇسىيلارغىمۇ ئەھلى كىتابقا تۇتقان يولنى تۇتۇڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى.

(مالىك: 617)

① ئەلبانى (2624): سەھىھ ـ دېگەن.

6234 - عَنْ ابْنِ شِهَابٍ قَالَ بَلَغَنِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَخَذَ الْجِزْيَةَ مِنْ مَجُوسِ الْبَحْرَيْنِ وَأَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ أَخَذَهَا مِنْ مَجُوسِ فَارِسَ وَأَن عُثْمَانَ بْنَ عَفانَ أَخَذَهَا مِنْ الْبَرْبَرِ.

6234 ـ ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: ماڭا يېتىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەھرەين مەجۇسىيلىرىدىن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ فارىس مەجۇسىيلىرىدىن، ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەربەرلەردىن جىزىيە ئالغان.

(مالىك: 616)

6235 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ وَعَنْ عُثْمَانَ بْنِ أَبِي سُلَيْمَانَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعَثَ خَالِدَ بْنَ الْوَلِيدِ إِلَى أُكَيْدِرِ دُومَةَ فَأُخِذَ فَأَتَوْهُ بِهِ فَحَقَنَ لَهُ دَمَهُ وَصَالَحَهُ عَلَى الْجِزْيَةِ.

6235 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىد ئىبنى ۋەلىدنى ئۇكەيدىر دەۋمەنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. خالىد ئۇنى تۇتۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قېنىدىن كەچتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن جىزىيە ئېلىشقا كېلىشتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3037)

6236 - عن ابْنِ لِعَدِي بْنِ عَدِي الْكِنْدِي أَن عُمَرَ بْنَ عَبْدِ الْعَزِيزِ كَتَبَ إِن مَنْ سَأَلَ عَنْ مَوَاضِعِ الْفَيْءِ فَهُوَ مَا حَكَمَ فِيهِ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَرَآهُ الْمُؤْمِنُونَ عَدْلًا مُوَافِقًا لِقَوْلِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَعَلَ اللهُ الْحَق عَلَى لِسَانِ عُمَرَ وَقَلْبِهِ فَرَضَ الْأَعْطِيَةَ لِلْمُسْلِمِينَ وَعَقَدَ لِأَهْلِ الْأَدْيَانِ ذِمةً بِمَا فَرَضَ عَلَيْهِمْ مِنْ الْجِزْيَةِ لَمْ يَضْرِبْ فِيهَا بِخُمُسٍ وَلَا مَغْنَمٍ.

[1] ئەلبانى (2621): ھەسەن، ـ دېگەن.

6236 ـ ئەدىي ئىبنى ئەدىي كىندىنىڭ ئوغلى مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (ھەرقايسى جايلاردىكى مەسئۇللارغا) مۇنداق خەت يازغان:

ـ غەنىمەتلەرنى نەگە ئىشلىتىش ھەققىدە سورىغانلار بولسا، ئۇنىڭ ھۆكمى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۆكۈم قىلغان بويىچە بولىدۇ. مۆئمىنلەر ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئادىل ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «الله ھەقىقەتەن ئۆمەرنىڭ تىلى ۋە دىلىغا قويدى» دېگەن سۆزىگە مۇۋاپىق كۆردى. ئۆمەر مۇسۇلمانلار(نىڭ موھتاجلىرى)غا (دۆلەت خەزىنىسىدىن) مەلۇم مىقداردا تەمىنات بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەھلى كىتابلارغا جىزيە تۆلەش بەدىلىگە ئامانلىق بەردى. ئۇلاردىن ئېلىنغان جىزيەنى غەنىمەت قاتارىغا كىرگۈزمىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2961)

6237 - عَنْ عَبْدِ اللهِ عَنْ أَبِيهِ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطاب كَانَ يَأْخُذُ مِنْ النَبَطِ مِنْ الْحِنْطَةِ وَالزيْتِ نِصْفَ الْعُشْرِ يُرِيدُ بِذَلِكَ أَنْ يَكْثُرَ الْحَمْلُ إِلَى الْمَدِينَةِ وَيَأْخُذُ مِنْ الْقِطْنِيةِ الْعُشْرَ.

6237 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب نەبەت (يەنى شامدىكى كاپىرلاردىن) بۇغداي ۋە ياغدىن ئۆشرىنىڭ يېرىمىنى (يەنى مەھسۇلاتنىڭ يىگىرمىدىن بىرىنى) ئالاتتى. ئۇ بۇ ئارقىلىق مەدىنىگە كېلىدىغان ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ كۆپىيىشىنى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇ يەنە ئۇلاردىن پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئاشلىق داندىن ئۆشرە (يەنى مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرىنى) ئالاتتى.

(مالىك: 621)

[1] ئەلبانى (635): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

6238 - عَنْ مَالِكٍ أَنَّهُ سَأَلَ ابْنَ شِهَابٍ عَلَى أَيِّ وَجْهٍ كَانَ يَأْخُذُ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ مِنْ النَّبَطِ الْعُشْرَ فَقَالَ ابْنُ شِهَابٍ كَانَ ذَلِكَ يُؤْخَذُ مِنْهُمْ فِي الْجَاهِلِيَّةِ فَأَلْزَمَهُمْ ذَلِكَ عُمَرُ.

6238 ـ مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئىبنى شىھابتىن:

ــ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەبەت (يەنى شامدىكى كاپىرلاردىن) قايسى دەلىلگە تايىنىپ ئۆشرە ئالاتتى؟ ــ دەپ سورىغاندى، ئىبنى شىھاب:

ــ جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ ئۇلاردىن ئۆشرە ئېلىناتتى. شۇڭا ئۆمەر بۇنى ئۇلارغا يۈكلىدى، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن.

(مالىك: 623)

6239 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنَعَتْ الْعِرَاقُ قَفِيزَهَا وَدِرْهَمَهَا وَمَنَعَتْ الشَّأْمُ مُدْيَهَا وَدِينَارَهَا وَمَنَعَتْ مِصْرُ إِرْدَبَّهَا وَدِينَارَهَا ثُمَّ عُدْتُمْ مِنْ حَيْثُ بَدَأْتُمْ قَالَهَا زُهَيْرٌ ثَلَاثَ مَرَّاتٍ شَهِدَ عَلَى ذَلِكَ لَحْمُ أَبِي هُرَيْرَةَ وَدَمُهُ.

6239 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىراق قەفىزىنى (كەمچەن بىرلىكى) ۋە تەڭگىسىنى بەرمەيدۇ. شام مۇدىينى (كەمچەن بىرلىكى) ۋە تىللاسىنى بەرمەيدۇ. مىسىر ئىردەببىسىنى (كەمچەن بىرلىكى) ۋە تىللاسىنى بەرمەيدۇ (يەنى بۇ جايلارنى كاپىرلار ئىستېلا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئىسلام دۆلىتىنىڭ خەزىنىسىگە بۇ جايلاردىن كېلىدىغان ئاشلىق ۋە پۇل ـ ماللار توختاپ قالىدۇ). ئاندىن سىلەر (بۇ دىنىنى) قەيەردىن باشلىغان بولساڭلار، شۇ جايغا قايتىسىلەر». زۇھەير (بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدىن بىرى) بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ: بۇنىڭغا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ گۆشى ۋە قېنى گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3035)

[1] ئەلبانى (2619): سەھىھ ـ دېگەن.

6240 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا تَصْلُحُ قِبْلَتَانِ فِي أَرْضٍ وَاحِدَةٍ وَلَيْسَ عَلَى الْمُسْلِمِينَ جِزْيَةٌ.

6240 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر زېمىندا ئىككى قىبلىنىڭ بولۇشى توغرا ئەمەس. مۇسۇلمانلاردىن جىزىيە ئېلىنمايدۇ».

سۇفيان مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىس، ئەگەر بىر زىممىي گەدىنىگە جىزىيە ۋاجىپ بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ گەدىنىدىن جىزىيە ساقىت بولىدۇ، ـ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[1].

(تىرمىزى: 633)

6241 - عن ابي الدرْدَاءِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ أَخَذَ أَرْضًا بِجِزْيَتِهَا فَقَدْ اسْتَقَالَ هِجْرَتَهُ وَمَنْ نَزَعَ صَغَارَ كَافِرٍ مِنْ عُنُقِهِ فَجَعَلَهُ فِي عُنُقِهِ فَقَدْ وَلَّى الْإِسْلَامَ ظَهْرَهُ.

6241 ــ ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«خاراج تۆلەيدىغان زېمىننى سېتىۋالغان كىشى، ھىجرىتىدىن يېنىۋالغاندەك بولىدۇ. كىمكى كاپىرنىڭ ئۈستىدىكى خارلىقنى (يەنى جىزىيە، خاراجنى)، ئۆزىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىۋالسا، ئىسلامغا ئارقىسىنى قىلغان بولىدۇ[2]»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 3082)

---

[1] ئەلبانى (93): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] يەنى خاراج، جىزىيە تۆلەيدىغان كاپىردىن ئۇنىڭ زېمىنىنى سېتىۋالغان مۇسۇلمان كىشى، كاپىر تۆلەيدىغان بۇ خاراجنى (يەر بېجىنى) تۆلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ خۇددى ئۆزى بۇرۇن ھىجرەت قىلىپ چىققان كاپىر دىيارىغا قايتقاندەك ۋە خاراج تۆلەشتىن ئىبارەت بۇ خارلىقنى ئۈستىگە يۈكلىۋالغاندەك بولىدۇ.

[3] ئەلبانى (676): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

6242 - عن غَرْفَةَ بن الْحَارِثِ ـ وَكَانَتْ لَهُ صُحْبَةٌ وَقَاتَلَ مَعَ عِكْرِمَةَ بن أَبِي جَهْلٍ بِالْيَمَنِ فِي الردةِ ـ أَنهُ مَرَ نَصْرَانِي مِنْ أَهْلِ مِصْرَ، يُقَالُ لَهُ: الْمَنْدَقُونُ، فَدَعَاهُ إِلَى الإِسْلامِ، فَذَكَرَ النصْرَانِي النبِي صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ فَتَنَاوَلَهُ، فَرَفَعَ ذَلِكَ إِلَى عَمْرِو بن الْعَاصِ، فَأَرْسَلَ إِلَيهِ، فَقَالَ: قَدْ أَعْطَيْنَاهُ الْعَهْدَ، فَقَالَ غَرْفَةُ: "مَعَاذَ اللهِ أَنْ نَكُونَ أَعْطَيْنَاهُمُ الْعُهُودَ وَالْمَوَاثِيقَ عَلَى أَنْ يُؤْذُونَا فِي اللهِ وَرَسُولِهِ، إِنمَا أَعْطَيْنَاهُمْ عَلَى أَنْ نَخلِ بَيْنَهُمْ وَبَيْنَ كَنَائِسِهِمْ، يَقُولُونَ فِيهَا مَا بَدَا لَهُمْ، وَأَنْ لا نُحَمِلَهُمْ مَا لا طَاقَةَ لَهُمْ بِهِ، وَأَنْ نُقَاتِلَ مِنْ وَرَائِهِمْ، وَأَنْ يُخَلى بَيْنَهُمْ وَبَيْنَ أَحْكَامِهِمْ إِلا أَنْ يَأْتُوا فَنحْكُمَ بَيْنَهُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللهُ"، فَقَالَ عَمْرُو بن الْعَاصِ: صَدَقْتَ.

6242 ـ غەرفە ئىبنى ھارىس (ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى بولۇپ، يەمەندىكى مۇرتەدلەرگە قارشى ئۇرۇشتا ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشقان كىشى ئىدى) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مەندەقۇن ئىسىملىك مىسىرلىق بىر خرىستىئاننىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان. بىراق ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تىل تەگكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن، غەرفە ئۇنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شىكايەت قىلىپ ئادەم ئەۋەتكەن. ئەمر ئىبنى ئاس غەرفەنى چاقىرتىپ:

ـ بىز ئۇلارغا ئەھدە بەردۇق، ـ دېگەن. بۇنى ئاڭلىغان غەرفە:

ـ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھەققىدە بىزگە ئەزىيەت بېرىدىغان كىشىلەرگە ئەھدە ۋە ئامانلىق بەرگەن بولۇپ قېلىشىمىزدىن اللهقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. بىز پەقەت ئۇلارغا چېركاۋلىرىدا ئۆزلىرى خالىغان شەكىلدە ئىبادەت قىلىشىغا يول قويۇش، ئۇلارنى كۆچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلماسلىق، ئۇلارنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىش، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ھۆكۈملىرىنى ئۆزلىرىگە قويۇپ بېرىش، ئۆزلىرى ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەردە بىزگە كەلسە، ئۇلار ئارىسىدا الله نازىل قىلغان ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئەھدە بەردۇق، ـ دېگەن. ئەمر ئىبنى ئاس:

ــ راست ئېيتتىڭ، ـ دېگەن.

(«ئەلكەبىر»: 26118)

6243 - عَنْ عَوْفِ بن مَالِكٍ، أنهُ أبصَرَ نصْرَانِيا يَسُوقُ بِـامْرَأةٍ، فَـنَخَسَ بِهَـا فَصُرِعَتْ فتحَللَهَا، فَضَرَبْتُهُ بِخَشَبَةٍ مَعِي فَشَجَجْتُهُ، فَانطَلَقْتُ إلى مُعَاذِ بن جَبَلٍ، فَقُلْـتُ: أجِرْنِي مِنْ عُمَرَ، فَخَشِيتُ عَجَلَتَهُ، فَأتى عُمَرَ فَأخْبَرَه، فَجَمَعَ بيْننا ولَمْ يزَلْ بِالنصْرَانِي حَتى اعْتَرَفَ، فَأمَرَ لَهُ بِخَشَبَةٍ فُنحِتَتْ، ثُم قَالَ: "لِهَؤُلاءِ عَهْدٌ فَفُوا بِعَهْدِهِمْ مَا وَفَوْا لَكُمْ، فَإذَا بَدلُوا، فَلا عَهْدَ لَهُمْ، وَأمَرَ بِهِ فَصُلِبَ".

6243 ــ ئەۋف ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر خرىستىئانىنىڭ بىر ئايال مىنىپ كېتىۋاتقان تۆگىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ (خرىستىئان) تۆگىنىڭ سۆڭگىچىگە ياغاچ تىققانىدى، تۆگە ئۇ ئايالنى تاشلىۋەتتى. خرىستىئان ئۇ ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغانىدى، مەن تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى يېرىۋەتتىم. ئاندىن مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ــ مېنى ئۆمەردىن قۇتقۇزۇپ قالغىن، ئۇنىڭ ئالدىراقسانلىق قىلىپ مېنى جازالىشىدىن ئەنسىرەيمەن، ــ دېدىم. ئۇ ئۆمەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر ھەممىمىزنى يىغدى. ئاندىن ئۇ خرىستىئاننى جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلغۇچە سوراق قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر خادا تەييارلاشنى بۇيرۇدى، خادا شىلىنىپ تەييارلاندى. ئاندىن ئۇ:

ــ بىز ئۇلار بىلەن ئەھدە تۈزدۇق. ئۇلار سىلەرگە ۋاپا قىلغان مۇددەتكىچە سىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىڭلار. ناۋادا ئۇلار ئەھدىنى بۇزسا، ئۇلارنىڭ ئەھدىسىگە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ـ دېدى. ئاندىن ئۇنى ئېسىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دارغا ئېسىلدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

[1] ھەيسەمى (9804): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

6244 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَـالَ إِن الْغَادِرَ يُرْفَعُ لَهُ لِوَاءٌ يَوْمَ الْقِيَامَةِ يُقَالُ هَذِهِ غَدْرَةُ فُلَانِ بْنِ فُلَانٍ.

6244 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، قىيامەت كۈنى خىيانەتچى ئۈچۈن بىر بايراق تىكلىنىدۇ. ئاندىن: بۇ، پالانى ئىبنى پالانىنىڭ خىيانىتى، ـ دېيىلىدۇ».

(بۇخارى: 6178)

6245 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لِكُل غَادِرٍ لِوَاءٌ عِنْـدَ اسْتِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

6245 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى ھەر بىر خىيانەتچىنىڭ ساغرىسىغا بىردىن بايراق تىكىلىدۇ».

(مۇسلىم: 1738)

6246 - وفي رواية: لِكُل غَادِرٍ لِوَاءٌ يَوْمَ الْقِيَامَةِ يُرْفَعُ لَهُ بِقَدْرِ غَدْرِهِ أَلَا وَلَا غَـادِرَ أَعْظَمُ غَدْرًا مِنْ أَمِيرِ عَامةٍ.

6246 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھەربىر خىيانەتچى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى بىر بايراق بولۇپ، ئۇنىڭ خىيانىتىگە قارىتا ئېگىزلىتىلىدۇ. بىلىپ قويۇڭلاركى، ئومۇمنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان كىشىنىڭ خىيانىتىدىنمۇ چوڭ خىيانەت يوق».

(مۇسلىم: 3272)

## غەنىمەتلەر، غەنىمەتكە خىيانەت قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر

6247 - عَنْ مُجَمعِ بْنِ جَارِيَةَ الْأَنصَارِي وَكَانَ أَحَدَ الْقُرَاءِ الذِينَ قَرَءُوا الْقُرْآنَ قَالَ شَهِدْنَا الْحُدَيْبِيَةَ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما انْصَرَفْنَا عَنْهَا إِذَا الناسُ يَهُزونَ الْأَبَاعِرَ فَقَالَ بَعْضُ الناسِ لِبَعْضٍ مَا لِلناسِ قَالُوا أُوحِيَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَخَرَجْنَا مَعَ الناسِ نُوجِفُ فَوَجَدْنَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَاقِفًا عَلَى رَاحِلَتِهِ عِنْدَ كُرَاعِ الْغَمِيمِ فَلَما اجْتَمَعَ عَلَيْهِ الناسُ قَرَأَ عَلَيْهِمْ إِنا فَتَحْنَا لَكَ فَتْحًا مُبِينًا فَقَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ أَفَتْحٌ هُوَ قَالَ نَعَمْ وَالذِي نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ إِنهُ لَفَتْحٌ فَقُسِمَتْ خَيْبَرُ عَلَى أَهْلِ الْحُدَيْبِيَةِ فَقَسَمَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى ثَمَانِيَةَ عَشَرَ سَهْمًا وَكَانَ الْجَيْشُ أَلْفًا وَخَمْسَ مِائَةٍ فِيهِمْ ثَلَاثُ مِائَةِ فَارِسٍ فَأَعْطَى الْفَارِسَ سَهْمَيْنِ وَأَعْطَى الراجِلَ سَهْمًا.

6247 — مۇجەممەئ ئىبنى جارىيە ئەنسارى (ئۇ قىرائەت قائىدىلىرىگە پىششىق قارىلارنىڭ بىرى ئىدى) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرلىكتە ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە قاتناشتۇق. ھۇدەيبىيەدىن قايتقان چېغىمىزدا، كىشىلەر تۆگىلىرىنى يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. بەزىلەر يەنە بەزىلەردىن:

— بۇ كىشىلەرگە نېمە بوپتۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيى نازىل بوپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، بىزمۇ تۆگىلىرىمىزنى دېۋىتىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە چىقتۇق. كۇرائۇلغەمىم دېگەن يەرگە يېتىپ كەلسەك، ئۇ شۇ يەردە تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئىكەن. ئىنسانلار ئۇنىڭ

ئەتراپىغا يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن: ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەردى. ئارىدىن بىر ئادەم:

— ئى اﷲنىڭ رەسۇلى! بۇ سۈلھى غەلىبىمۇ؟ — دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ھەئە، مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات (اﷲ) بىلەن قەسەمكى، بۇ ھەقىقەتەن غەلىبىدۇر، - دېدى.

كېيىن، خەيبەر فەتىھ قىلىنىپ، ئۇنىڭ غەنىمەتلىرى ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە قاتناشقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى 18 ئۈلۈشكە بۆلۈپ، ئاتلىقلارغا ئىككى ئۈلۈشتىن، پىيادىلەرگە بىر ئۈلۈشتىن تەقسىم قىلىپ بەردى. ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە قاتناشقانلارنىڭ سانى 1500 كىشى بولۇپ، ئاتلىقلار 300 كىشى ئىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2736)

6248 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَسْهَمَ لِرَجُلٍ وَلِفَرَسِهِ ثَلَاثَةَ أَسْهُمٍ سَهْمًا لَهُ وَسَهْمَيْنِ لِفَرَسِهِ.

6248 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەنىمەتنى پىيادە ئەسكەرگە بىر ئۈلۈش، ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ئۆزىگە بىر، ئېتىغا ئىككى ئۈلۈش قىلىپ، جەمئى ئۈچ ئۈلۈش تەقسىم قىلىپ بەرگەنىدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2733)

6249 - عَنْ يَحْيَى بْنِ عَبادِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزبَيْرِ عَنْ جَدهِ أَنهُ كَانَ يَقُولُ ضَرَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَامَ خَيْبَرَ لِلزبَيْرِ بْنِ الْعَوامِ أَرْبَعَةَ أَسْهُمٍ سَهْمًا لِلزبَيْرِ وَسَهْمًا لِذِي الْقُرْبَى لِصَفِيةَ بِنْتِ عَبْدِ الْمُطلِبِ أُم الزبَيْرِ وَسَهْمَيْنِ لِلْفَرَسِ.

[①] ئەلبانى (587): زەئىپ، - دېگەن.
[②] ئەلبانى (2373): سەھىھ - دېگەن.

6249 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەمىشە مۇنداق دەيتتى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر پەتىھ قىلىنغان يىلى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامغا تۆت ئۈلۈش غەنىمەت بەردى. ئۇنىڭ بىر ئۈلۈشى ئۆزى ئۈچۈن، يەنە بىر ئۈلۈشى تۇغقاندارچىلىق يۈزىسىدىن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قىزى، زۇبەيرنىڭ ئانىسى ئۈچۈن، قالغان ئىككى ئۈلۈشى ئېتى ئۈچۈن بېرىلگەندى[①].

(نەسائى: 3593)

6250 - عَنْ بُشَيْرِ بنِ يَسَارٍ قَالَ لَما أَفَاءَ اللهُ عَلَى نَبِيهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَيْبَرَ قَسَمَهَا عَلَى سِتةٍ وَثَلَاثِينَ سَهْمًا جَمَعَ كُل سَهْمٍ مِائَةَ سَهْمٍ فَعَزَلَ نِصْفَهَا لِنَوَائِبِهِ وَمَا يَنزِلُ بِهِ الْوَطِيحَةَ وَالْكُتَيْبَةَ وَمَا أُحِيزَ مَعَهُمَا وَعَزَلَ النصْفَ الْآخَرَ فَقَسَمَهُ بَيْنَ الْمُسْلِمِينَ الـشق وَالنطَاةَ وَمَا أُحِيزَ مَعَهُمَا وَكَانَ سَهْمُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيمَا أُحِيزَ مَعَهُمَا.

6250 ـ بۇشەير ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەيبەرنى غەنىمەت قىلىپ بەرگەن چاغدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى 36 ئۈلۈشكە تەقسىم قىلىپ، ھەربىر ئۈلۈش غەنىمەتنىڭ ئىچىگە يەنە يۈز ئۈلۈش غەنىمەت توپلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ يېرىمىنى يەنى ۋەتىيھە قەلئەسى، كۇتەيبە زېمىنى ۋە بۇ ئىككى جايغا تەۋە بولغان يەرلەرنى ئۆزى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئايرىدى. قالغان يېرىمىنى، يەنى شىققە قەلئەسىنى، نەتات قەلئەسىنى ۋە ئۇ ئىككى قەلئەگە تەۋە جايلارنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەسسىسىمۇ ئۇ ئىككى قەلئەگە تەۋە جايلاردا ئىدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 3013)

---

[①] ئەلبانى (3360): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (2604): سەھىھ ـ دېگەن.

6251 – وفي رواية: الْوَطِيحَ وَالْكُتَيْبَةَ وَالسلَالِمَ.

6251 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ۋەتىيە، كۇتەيبە ۋە سەلالىم قەلئەلىرىنى، ـ دېيىلگەن①.

(ئەبۇ داۋۇد: 3014)

6252 - عَنْ ابْنِ شِهَابٍ قَالَ خَمسَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَيْبَرَ ثُـم قَسَمَ سَائِرَهَا عَلَى مَنْ شَهِدَهَا وَمَنْ غَابَ عَنْهَا مِنْ أَهْلِ الْحُدَيْبِيَةِ.

6252 ـ ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەرنى بەشكە بۆلۈپ، بەشتىنىڭ بىرىنى ئۆزى ئالدى. قالغان تۆت قىسمىنى خەيبەر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارغا ۋە خەيبەر ئۇرۇشىغا قاتنىشالمىغان بولسىمۇ، ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە قاتناشقانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى②.

(ئەبۇ داۋۇد: 3019)

6253 - عن حَشْرَجِ بْنِ زِيَادٍ عَنْ جَدتِهِ أُم أَبِيهِ أَنهَا خَرَجَتْ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي غَزْوَةِ خَيْبَرَ سَادِسَ سِت نِسْوَةٍ فَبَلَغَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَبَعَثَ إِلَيْنَا فَجِئْنَا فَرَأَيْنَا فِيهِ الْغَضَبَ فَقَالَ مَعَ مَنْ خَرَجْتن وَبِإِذْنِ مَنْ خَرَجْتن فَقُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ خَرَجْنَا نَغْزِلُ الشعَرَ وَنُعِينُ بِهِ فِي سَبِيلِ اللهِ وَمَعَنَا دَوَاءُ الْجَرْحَى وَنُنَاوِلُ السهَامَ وَنَسْقِي السوِيقَ فَقَالَ قُمْنَ حَتى إِذَا فَتَحَ اللهُ عَلَيْهِ خَيْبَرَ أَسْهَمَ لَنَا كَمَا أَسْهَمَ لِلرجَالِ قَالَ قُلْتُ لَهَا يَا جَدةُ وَمَا كَانَ ذَلِكَ قَالَتْ تَمْرًا.

6253 ـ ھەشرەج ئىبنى زىيادتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى (يەنى دادىسىنىڭ ئانىسى) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن خەيبەر غازىتىغا قاتناشقان ئالتە ئايالنىڭ بىرى ئىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

① ئەلبانى (2605): سەھىھ ـ دېگەن.
② ئەلبانى (2608): ھەسەن، ـ دېگەن.

بىزنىڭمۇ چىققانلىقىمىزدىن خەۋەر تېپىپ، بىزگە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بىز يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئاچچىقلانغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇ:

ــ كىم بىلەن ۋە كىمنىڭ رۇخسىتى بىلەن چىقتىڭلار؟ ـ دېدى. بىز:

ـــ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بىز يوق ئېگىرىپ، ئېگىرگەن نەرسىلىمىزنى الله يولىدا ياردەم قىلىش ئۈچۈن چىقتۇق. بىزدە ياردارلارنى داۋالايدىغان دورىلار بار، بىز يەنە ئوق توشۇپ، تاماق ئېتىپ بېرەلەيمىز، ـ دېدۇق. ئۇ:

ــ ئۇنداق بولسا قېلىڭلار، ـ دېدى. الله ئۇنىڭغا خەيبەر غەلىبىسىنى مۇيەسسەر قىلغاندىن كېيىن، غەنىمەتتىن خۇددى ئەرلەرگە ھەسسە ئايرىغاندەك، بىزگىمۇ ھەسسە ئايرىپ بەردى. ھەشرەج ئىبنى زىياد مۇنداق دەيدۇ: مەن:

ــ چوڭ ئانا! ئۇ ھەسسىڭىز نېمە ئىدى؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ خورما ئىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2729)

6254 - عَنْ عُمَيْرٍ مَوْلَى آبِي اللحْمِ قَالَ شَهِدْتُ خَيْبَرَ مَعَ سَادَتِي فَكَلَّمُـوا فِـي رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَلَّمُوهُ أَني مَمْلُوكٌ قَالَ فَأَمَرَ بِي فَقُلِّدْتُ السَّيفَ فَإِذَا أَنَا أَجُرُهُ فَأَمَرَ لِي بِشَيْءٍ مِنْ خُرْثِي الْمَتَاعِ وَعَرَضْتُ عَلَيْهِ رُقْيَةً كُنتُ أَرْقِي بِهَـا الْمَجَـانِينَ فَأَمَرَنِي بِطَرْحِ بَعْضِهَا وَحَبْسِ بَعْضِهَا.

6254 ــ ئەبى لەھمىنىڭ ئازادگەردىسى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن خەيبەر ئۇرۇشىغا خوجايىنلىرىم بىلەن بىرلىكتە چىقتىم. ئۇلار مېنىڭ چىققانلىقىم ۋە مېنىڭ قۇل ئىكەنلىكىم ھەققىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن گەپلىشىپتۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ماڭا دەرھال قىلىچ ئېسىلدى. لېكىن (مەن كىچىك بولغانلىقىم ئۈچۈن)

[①] ئەلبانى (586): زەئىپ، ـ دېگەن.

قىلىچ سۆرىلىپ قالدى. ئۇرۇش تۈگىگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا غەنىمەتتىن ئۆي جابدۇقلىرى بۇيرۇپ بەردى. مەن ساراڭلارغا ئوقۇيدىغان دۇئايىمنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كۆرسەتكەنىدىم، ئۇ دۇئانىڭ بىر قىسمىنى تاشلاپ، يەنە بىر قىسمىنى ئېلىپ قېلىشقا بۇيرۇدى[1].

(تىرمىزى: 1557)

6255 - وَيُرْوَى عَنْ الزهْرِي أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَسْهَمَ لِقَوْمٍ مِنْ الْيَهُودِ قَاتَلُوا مَعَهُ.

6255 ـ زۇھرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدە ئۇرۇش قىلغان بىر قىسىم يەھۇدىيلارغا غەنىمەتتىن ھەسسە بۆلۈپ بەرگەن[2].

(تىرمىزى: 1558)

6256 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ كُنتُ أَمِيحُ أَصْحَابِي الْمَاءَ يَوْمَ بَدْرٍ.

6256 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەدر ئۇرۇشى بولغان كۈنى مەن سەبداشلىرىمغا سۇ توشۇپ بەرگەنىدىم[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 2731)

6257 - عَنْ أَبِي مُوسَى قَالَ قَدِمْنَا فَوَافَقْنَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ افْتَتَحَ خَيْبَرَ فَأَسْهَمَ لَنَا أَوْ قَالَ فَأَعْطَانَا مِنْهَا وَمَا قَسَمَ لِأَحَدٍ غَابَ عَنْ فَتْحِ خَيْبَرَ مِنْهَا شَيْئًا إِلا لِمَنْ شَهِدَ مَعَهُ إِلا أَصْحَابَ سَفِينَتِنَا جَعْفَرٌ وَأَصْحَابُهُ فَأَسْهَمَ لَهُمْ مَعَهُمْ.

6257 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ (ھەبەشىستاندىن قايتىپ) مەدىنىگە كېلىشىمىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەيبەرنى فەتھە قىلىپ تۇرۇشىغا

[1] ئەلبانى (1261): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (268): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (2371): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇدۇللىشىپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇ بىزگىمۇ غەنىمەتتىن بەردى. خەيبەردىن ئېلىنغان غەنىمەتنى پەقەت خەيبەر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارغا ۋە بىزنىڭ كېمىدە كەلگەن جەئفەر باشچىلىقىدىكى ساھابىلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۇندىن باشقا ھېچكىمگە بەرمىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2725)

6258 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ بِخَيْبَرَ بَعْدَ مَا افْتَتَحُوهَا فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَسْهِمْ لِي فَقَالَ بَعْضُ بَنِي سَعِيدِ بْنِ الْعَاصِ لَا تُسْهِمْ لَهُ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ أَبو هُرَيْرَةَ هَذَا قَاتِلُ ابْنِ قَوْقَلٍ فَقَالَ ابْنُ سَعِيدِ بْنِ الْعَاصِ وَاعَجَبًا لِوَبْرٍ تَدَلى عَلَيْنَا مِنْ قَدُومِ ضَأْنٍ يَنْعَى عَلَي قَتْلَ رَجُلٍ مُسْلِمٍ أَكْرَمَهُ اللهُ عَلَى يَدَي وَلَمْ يُهِني عَلَى يَدَيْهِ قَالَ فَلَا أَدْرِي أَسْهَمَ لَهُ أَمْ لَمْ يُسْهِمْ لَهُ.

6258 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار خەيبەرنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا (غەنىمەتلەردىن) بىر ئۈلۈش بەرگىن! ـ دېسەم، سەئىد ئىبنى ئاسنىڭ بىر بالىسى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭغا غەنىمەت بەرمىگىن! ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ، ئىبنى قەۋقەلنىڭ قاتىلىغۇ؟ ـ دېسەم، سەئىد ئىبنى ئاسنىڭ ئوغلى:

ـ بىزنىڭ يېنىمىزغا قەدۇم زەئنى تېغىدىن كەلگەن ئاغمىخانغا ھەيرانمەن. ئۇ، الله مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق شېھىدلىك شەربىتىگە ئېرىشتۈرگەن، لېكىن مېنى ئۇنىڭ قولىدا خار قىلمىغان بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆلۈمىنى تىلغا ئېلىپ، مېنى ئەيىبلەۋاتىدۇ؟ ـ دېدى.

سۇفيان مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرەگە غەنىمەتتىن بەرگەن ياكى بەرمىگەنلىكىنى بىلمەيمەن.

(بۇخارى:2827)

---

[1] ئەلبانى (2366): سەھىھ ـ دېگەن.

6259 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ إِنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَامَ يَعْنِي يَوْمَ بَدْرٍ فَقَالَ إِنَّ عُثْمَانَ انْطَلَقَ فِي حَاجَةِ اللهِ وَحَاجَةِ رَسُولِ اللهِ وَإِنِّي أُبَايِعُ لَهُ فَضَرَبَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِسَهْمٍ وَلَمْ يَضْرِبْ لِأَحَدٍ غَابَ غَيْرَهُ.

6259 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر غازىتىدا: «ئوسمان اللە تائالانىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن كېتىپ قالدى، مەن ئۇنىڭ نامىدا بەيئەت قىلىمەن» دېدى ۋە ئۇنىڭغىمۇ غەنىمەتتىن بىر كىشىلىك بەردى، ئۇنىڭدىن باشقا غازاتقا قاتناشمىغان ھېچبىر كىشىگە غەنىمەت بەرمىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2726)

6260 - عن أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: أَيُّمَا قَرْيَةٍ أَتَيْتُمُوهَا وَأَقَمْتُمْ فِيهَا فَسَهْمُكُمْ فِيهَا وَأَيُّمَا قَرْيَةٍ عَصَتْ اللهَ وَرَسُولَهُ فَإِنَّ خُمُسَهَا لِلَّهِ وَلِرَسُولِهِ ثُمَّ هِيَ لَكُمْ.

6260 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەر قايسىبىر يۇرتقا بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسىنى قوغلىۋېتىپ، شۇ يەردە تۇرغان بولساڭلار، ئۇ يۇرتنىكى غەنىمەتلەر سىلەرگە غەنىمەت تەقسىماتى بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. قايسىبىر يۇرت اللە ۋە رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلىپ ئۇرۇشقان بولسا، ئۇنىڭدىن ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى اللە ۋە رەسۇلىنىڭ، قالغىنى سىلەرنىڭ بولىدۇ».

(مۇسلىم: 1756)

[1] ئەلبانى (2367): سەھىھ ـ دېگەن.

6261 - عَنْ الْقَاسِمِ مَوْلَى عَبْدِ الرحْمَنِ عَنْ بَعْضِ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كُنا نَأْكُلُ الْجَزَرَ فِي الْغَزْوِ وَلَا نَقْسِمُهُ حَتى إِنْ كُنا لَنَرْجِعُ إِلَى رِحَالِنَا وَأَخْرِجَتُنَا مِنْهُ مُمْلَأَةٌ.

6261 ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەزى ساھابىلىرىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز غازاتتا سەۋزىنى يەۋېرەتتۇق، تەقسىم قىلىپ يۈرمەيتتۇق. ھەتتا ئۇنى خورجۇنلىرىمىزغا لىق تولدۇرۇپ، تۇرالغۇلىرىمىزغا قايتاتتۇق.

(ئەبۇ داۋۇد: 2706)

6262 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كُنا نُصِيبُ فِي مَغَازِينَا الْعَسَلَ وَالْعِنَبَ فَنَأْكُلُهُ وَلَا نَرْفَعُهُ.

6262 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىز غازات جەريانىدا ھەسەل، ئۈزۈملەرگە ئېرىشەتتۇق. ئۇنىڭدىن يەيتتۇق، ئەمما كۆتۈرۈپ كەتمەيتتۇق.

(بۇخارى: 3154)

6263 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُتِيَ بِظَبْيَةٍ فِيهَا خَرَزٌ فَقَسَمَهَا لِلْحُرةِ وَالْأَمَةِ قَالَتْ عَائِشَةُ كَانَ أَبِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقْسِمُ لِلْحُر وَالْعَبْدِ.

6263 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە گۆھەر ـ مارجانلار بار بىر خالتا كەلتۈرۈلگەن ئىدى، ھۆر ۋە قۇل ھەممە ئاياللارغا تەقسىم قىلىپ بەردى، دادام رەھمەتلىكمۇ غەنىمەتلەرنى ھۆرگىمۇ، قۇلغىمۇ تەقسىم قىلاتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2952)

6264 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غَزَا نَبِي مِنْ الْأَنْبِيَاءِ فَقَالَ لِقَوْمِهِ لَا يَتْبَعْنِي رَجُلٌ مَلَكَ بُضْعَ امْرَأَةٍ وَهُوَ يُرِيدُ أَنْ يَبْنِيَ بِهَا وَلَما

[1] ئەلبانى: سەھىھ ـ دېگەن.

يْبنِ بِهَا وَلَا أَحَدٌ بَنَى بُيُوتًا وَلَمْ يَرْفَعْ سُقُوفَهَا وَلَا أَحَدٌ اشْتَرَى غَنَمًا أَوْ خَلِفَاتٍ وَهُوَ يَنْتَظِرُ وِلَادَهَا فَغَزَا فَدَنَا مِنْ الْقَرْيَةِ صَلَاةَ الْعَصْرِ أَوْ قَرِيبًا مِنْ ذَلِكَ فَقَالَ لِلشَّمْسِ إِنكِ مَأْمُورَةٌ وَأَنَا مَأْمُورٌ اللهُم احْبِسْهَا عَلَيْنَا فَحُبِسَتْ حَتى فَتَحَ اللهُ عَلَيْهِ فَجَمَعَ الْغَنَائِمَ فَجَاءَتْ يَعْنِي النَّارَ لِتَأْكُلَهَا فَلَمْ تَطْعَمْهَا فَقَالَ إِن فِيكُمْ غُلُولًا فَلْيُبَايِعْنِي مِنْ كُل قَبِيلَةٍ رَجُلٌ فَلَزِقَتْ يَدُ رَجُلٍ بِيَدِهِ فَقَالَ فِيكُمْ الْغُلُولُ فَلْيُبَايِعْنِي قَبِيلَتُكَ فَلَزِقَتْ يَدُ رَجُلَيْنِ أَوْ ثَلَاثَةٍ بِيَدِهِ فَقَالَ فِيكُمْ الْغُلُولُ فَجَاءُوا بِرَأْسٍ مِثْلِ رَأْسِ بَقَرَةٍ مِنْ الذهَبِ فَوَضَعُوهَا فَجَاءَتْ النارُ فَأَكَلَتْهَا ثُم أَحَل اللهُ لَنَا الْغَنَائِمَ رَأَى ضَعْفَنَا وَعَجْزَنَا فَأَحَلهَا لَنَا.

6264 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پەيغەمبەرلەردىن بىرى غازات قىلماقچى بولۇپ: ”خوتۇن ئالغان، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇش ئارزۇسى بولسىمۇ، تېخى بىللە بولالمىغان؛ ئۆيىنىڭ تۆت تېمىنى قوپۇرۇپ قويۇپ، ئۈستىنى ياپالمىغان؛ بوغاز قوي ياكى تۆگە ئېلىپ، ئۇنىڭ تۇغۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەر مەن بىلەن بىللە جىھادقا چىقمىسۇن!“ دېدى. ئۇ پەيغەمبەر غازات قىلىپ، ئەسر ۋاقتى بىلەن بىر مەھەللىگە يېقىنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قۇياشقا: ”سەنمۇ بۇيرۇققا بويسۇنغۇچى، مەنمۇ بۇيرۇققا بويسۇنغۇچى. ئى الله! قۇياشنى بىزگە توختىتىپ بەرگىن!“ دەپ دۇئا قىلىۋىدى، كۈن تاكى الله ئۇنىڭغا فەتھىنى تاماملاپ بەرگەنگە قەدەر توختىتىپ بېرىلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، پەيغەمبەر غەنىمەتلەرنى يىغدى. ئادەت بويىچە ئوت ئۇنى كۆيدۈرۈشكە كەلدى ـ يۇ، لېكىن كۆيدۈرمىدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر: ”ئاراڭلاردا غەنىمەتكە خىيانەت قىلغانلار بار ئىكەن، ھەر بىر قەبىلىدىن بىر ئادەم كېلىپ ماڭا بەيئەت قىلسۇن!“ دېدى. بەيئەت ئەسناسىدا، بىر ئادەمنىڭ قولى پەيغەمبەرنىڭ قولىغا چاپلىشىپ قالدى. پەيغەمبەر: ”خىيانەتكار سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئىكەن، قەبىلەڭدىكى بارلىق كىشىلەر ماڭا بەيئەت قىلسۇن!“ دېدى. ئۇلاردىن ئىككى يا ئۈچ ئادەمنىڭ قولى پەيغەمبەرنىڭ قولىغا چاپلىشىپ قالدى. پەيغەمبەر: ”سىلەر خىيانەتكار ئىكەنسىلەر“

دېدى. ئۇلار كالىنىڭ بېشىدەك بىر پارچە ئالتۇننى ئېلىپ كېلىپ، غەنىمەت ئۇستىگە قويدى. نەتىجىدە، ئوت كېلىپ بارلىق غەنىمەتنى يۇتۇۋەتتى. ئاندىن الله بىزنىڭ (يەنى بۇ ئۇممەتنىڭ) ئاجىز، زەئىپ ئىكەنلىكىمىزنى كۆرۈپ، بىزگە غەنىمەتنى هالال قىلىپ بەردى».

(بۇخارى: 3124)

6265 - عن ابي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَامَ فِينَا النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ الْغُلُولَ فَعَظمَهُ وَعَظمَ أَمْرَهُ قَالَ لَا أُلْفِين أَحَدَكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَلَى رَقَبَتِهِ شَاةٌ لَهَا ثُغَاءٌ عَلَى رَقَبَتِهِ فَرَسٌ لَهُ حَمْحَمَةٌ يَقُولُ يَا رَسُولَ اللهِ أَغِثْنِي فَأَقُولُ لَا أَمْلِكُ لَكَ شَيْئًا قَدْ أَبْلَغْتُكَ وَعَلَى رَقَبَتِهِ بَعِيرٌ لَهُ رُغَاءٌ يَقُولُ يَا رَسُولَ اللهِ أَغِثْنِي فَأَقُولُ لَا أَمْلِكُ لَكَ شَيْئًا قَدْ أَبْلَغْتُكَ وَعَلَى رَقَبَتِهِ صَامِتٌ فَيَقُولُ يَا رَسُولَ اللهِ أَغِثْنِي فَأَقُولُ لَا أَمْلِكُ لَكَ شَيْئًا قَدْ أَبْلَغْتُكَ أَوْ عَلَى رَقَبَتِهِ رِقَاعٌ تَخْفِقُ فَيَقُولُ يَا رَسُولَ اللهِ أَغِثْنِي فَأَقُولُ لَا أَمْلِكُ لَكَ شَيْئًا قَدْ أَبْلَغْتُكَ.

6265 ـ ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام غەنىمەتكە قارا ساناشنى تىلغا ئېلىپ، بۇنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى، ئاقىۋىتىنىڭ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «قىيامەت كۈنى بىرىڭلارنى گەدىنىگە مەرەپ تۇرغان قوي ئارتىلغان، كىشنەپ تۇرغان ئات ئارتىلغان ۋە: ”ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى قۇتقۇزىۋالغىن!“ دەپ يالۋۇرغان هالدا ئۇچرىتىپ قالمىغايمەن. ئۇ چاغدا، مەن ئۇنىڭغا: ”اللهنىڭ ئالدىدا سەن ئۈچۈن هېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن، ساڭا اللهنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەن ئىدىم“ دەيمەن. ئۇنى گەدىنىگە بوزلاپ تۇرغان تۆگە ئارتىلغان ۋە: ”ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى قۇتقۇزىۋالغىن!“ دەپ يالۋۇرغان هالدا ئۇچرىتىپ قالمىغايمەن. مەن ئۇنىڭغا: ”اللهنىڭ ئالدىدا سەن ئۈچۈن هېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن، ساڭا اللهنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەن ئىدىم“ دەيمەن. ئۇنى گەدىنىگە ئالتۇن ـ كۈمۈش ئارتىلغان ۋە: ”ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى قۇتقۇزىۋالغىن!“ دەپ يالۋۇرغان هالدا ئۇچرىتىپ قالمىغايمەن. مەن ئۇنىڭغا: ”اللهنىڭ ئالدىدا سەن ئۈچۈن هېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن، ساڭا اللهنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەن

ئىدىم“ دەيمەن. ياكى ئۇ گەدىنىگە لەپىلدەپ تۇرغان كىيىملەر ئارتىلغان ۋە: ”ئى رەسۇلۇللاھ، مېنى قۇتقۇزىۋالغىن!“ دەپ يالۋۇرغان ھالدا ئۇچرىتىپ قالمىغايمەن. مەن ئۇنىڭغا: ”ئاللاھنىڭ ئالدىدا سەن ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن، ساڭا ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەن ئىدىم“ دەيمەن».

(بۇخارى: 3073)

6266 - عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدُبٍ قَالَ أَمَّا بَعْدُ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ كَتَمَ غَالًّا فَإِنَّهُ مِثْلُهُ.

6266 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتتى:

«كىمكى غەنىمەتتىن بىر نەرسە ئېلىۋالغان بىر كىشىنى يوشۇرسا، شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش (ئىش قىلغان) بولىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2716)

6267 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَصَابَ غَنِيمَةً أَمَرَ بِلَالًا فَنَادَى فِي الناسِ فَيَجِيئُونَ بِغَنَائِمِهِمْ فَيَخْمُسُهُ وَيُقَسِّمُهُ فَجَاءَ رَجُلٌ بَعْدَ ذَلِكَ بِزِمَامٍ مِنْ شَعَرٍ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ هَذَا فِيمَا كُنا أَصَبْنَاهُ مِنْ الْغَنِيمَةِ فَقَالَ أَسَمِعْتَ بِلَالًا يُنَادِي ثَلَاثًا قَالَ نَعَمْ قَالَ فَمَا مَنَعَكَ أَنْ تَجِيءَ بِهِ فَاعْتَذَرَ إِلَيْهِ فَقَالَ كُنْ أَنتَ تَجِيءُ بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَلَنْ أَقْبَلَهُ عَنْكَ.

6267 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەنىمەت ئالغاندا، مۇجاھىدلارنى چاقىرىش ئۈچۈن، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بۇيرۇيتتى. مۇجاھىدلار غەنىمەتلىرىنى ئېلىپ كەلگىنىدە، ئۇنىڭ بەشتىن بىرىنى ئايرىپ، قالغىنىنى تەقسىم قىلىپ بېرەتتى. بىر قېتىملىق

---

[①] ئەلبانى (584): زەئىپ، ـ دېگەن.

تەقسىماتتىن كېيىن، بىر كىشى بىر تال قىل ئارغامچىنى كۆتۈرۈپ ئەكىلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇمۇ بىز غەنىمەت ئالغان نەرسە ئىدى، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بىلالنىڭ ئۈچ قېتىم توۋلىغىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ كىشى:

ـــ ھەئە، ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئۇنداقتا، نېمىشقا ئۇنى ۋاقتىدا ئېلىپ كەلمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئۆزرە ئېيتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ سەن ئۇنى قىيامەت كۈنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغان كىشى بولغىن، ئۇنى سەندىن ھەرگىز قوبۇل قىلمايمەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2712)

6268 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى خَيْبَرَ فَفَتَحَ اللهُ عَلَيْنَا فَلَمْ نَغْنَمْ ذَهَبًا وَلَا وَرِقًا غَنِمْنَا الْمَتَاعَ وَالطعَامَ وَالثيَابَ ثُم انْطَلَقْنَا إِلَى الْوَادِي وَمَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَبْدٌ لَهُ وَهَبَهُ لَهُ رَجُلٌ مِنْ جُذَامَ يُدْعَى رِفَاعَةَ بْنَ زَيْدٍ مِنْ بَنِي الضبَيْبِ فَلَما نَزَلْنَا الْوَادِي قَامَ عَبْدُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَحُل رَحْلَهُ فَرُمِيَ بِسَهْمٍ فَكَانَ فِيهِ حَتْفُهُ فَقُلْنَا هَنِيئًا لَهُ الشهَادَةُ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَلا وَالذِي نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ إِن الشمْلَةَ لَتَلْتَهِبُ عَلَيْهِ نَارًا أَخَذَهَا مِنْ الْغَنَائِمِ يَوْمَ خَيْبَرَ لَمْ تُصِبْهَا الْمَقَاسِمُ قَالَ فَفَزِعَ الناسُ فَجَاءَ رَجُلٌ بِشِرَاكٍ أَوْ شِرَاكَيْنِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَصَبْتُ يَوْمَ خَيْبَرَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شِرَاكٌ مِنْ نَارٍ أَوْ شِرَاكَانِ مِنْ نَارٍ.

6268 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە

[1] ئەلبانى (2359): ھەسەن، ـ دېگەن.

چىقىپ، خەيبەرنى ئازاد قىلغاندا، ئالتۇن ـ كۈمۈشنى غەنىمەت ئالمىدۇق. ئەكسىچە، مال ـ ماتا، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى (غەنىمەت) ئالدۇق. ئاندىن بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ۋادى قۇرا دېگەن جايغا كەلدۇق. جۇزام قەبىلىسىنىڭ بەنى زۇبەيب جەمەتىدىن رىفائە ئىبنى زەيد ھەدىيە قىلغان بىر قۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى چۈشۈرۈۋاتقان چاغدا، غايىب ئوقتىن بىرى كېلىپ، ئۇنىڭغا تەگدى ۋە ئۆلتۈرۈپ قويدى. كىشىلەر:

— ئۇنىڭغا شېھىدلىك مۇبارەك بولغاي! — دېيىشكەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ:

ـ ياق، مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇ خەيبەر غازىتىنىڭ غەنىمەتلىرى تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇن بىر توننى ئىقىۋالغانىدى، شۇ تون ئۇنى لاۋۇلداپ كۆيدۈرىۋاتىدۇ. ـ دېدى. كىشىلەر قورقۇپ كېتىشتى. بىر ئادەم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بىر (ياكى ئىككى) تال ئاياق بوغقۇچنى ئېلىپ كېلىپ:

— مەن بۇنى خەيبەر غازىتىدا ئېلىۋالغان ئىدىم. ـ دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ ئاياغ بوغقۇچى ئوتتۇر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 115)

6269 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ كَانَ عَلَى ثَقَلِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلٌ يُقَالُ لَهُ كِرْكِرَةُ فَمَاتَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هُوَ فِي النارِ فَذَهَبُوا يَنظُرُونَ إِلَيْهِ فَوَجَدُوا عَبَاءَةً قَدْ غَلَّهَا.

6269 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈك ـ تاقىغا قارايدىغان كىركىرە ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇ كىشى قازا قىلغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ دوزىخىدۇر»

دېدى. باشقىلار بىرىپ قاراپ باققۇدەك بولسا، ئۇ ئادەم غەنىمەتتىن بىر تونغا خىيانەت قىلغان ئىكەن.

(بۇخارى: 3074)

6270 - عَنْ أَبِي رَافِعٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إِذَا صَلى الْعَصْرَ ذَهَبَ إِلَى بَنِي عَبْدِ الْأَشْهَلِ فَيَتَحَدثُ عِنْدَهُمْ حَتى يَنْحَدِرَ لِلْمَغْرِبِ قَالَ أَبو رَافِعٍ فَبَيْنَمَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُسْرِعُ إِلَى الْمَغْرِبِ مَرَرْنَا بِالْبَقِيعِ فَقَالَ أُف لَكَ أُف لَكَ قَالَ فَكَبُرَ ذَلِكَ فِي ذَرْعِي فَاسْتَأْخَرْتُ وَظَنَنْتُ أَنهُ يُرِيدُنِي فَقَالَ مَا لَكَ امْشِ فَقُلْتُ أَحْدَثْتَ حَدَثًا قَالَ مَا ذَاكَ قُلْتُ أَفَفْتَ بِي قَالَ لَا وَلَكِنْ هَذَا فُلَانٌ بَعَثْتُهُ سَاعِيًا عَلَى بَنِي فُلَانٍ فَغَل نَمِرَةً فَدُرعَ الْآنَ مِثْلَهَا مِنْ نَارٍ.

6270 ـ ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئابدۇل ئەشھەل جەمەتىگە بېرىپ، ئۇلارغا سۆز قىلىپ بېرىپ، شام نامىزىغىچە قايتىپ كېلەتتى. بىر كۈنى، شام نامىزىغا ئۇلگۇرۇش ئۈچۈن، باقىي مازارلىقىدىن ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئىسىت ساڭا، ئىسىت ساڭا! ـ دېدى، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزى مېنى بەكلا چۆچۈتىۋەتتى، مەن: ''رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزنى ماڭا دەۋاتىدۇ'' دەپ ئويلاپ توختاپ قالسام، رەسۇلۇللاھ:

ـ ساڭا نېمە بولدى، ماڭمامسەن؟ ـ دېدى. مەن:

ـ بىر نەرسە دېگەن ئىدىڭ، ـ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ نېمە دېدىم؟ ـ دېدى، مەن:

ـ ''ئىسىت ساڭا'' دېدىڭ، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياقەي، مەن ئۇ گەپنى پالانىغا قارىتىپ قىلغان ئىدىم. مەن ئۇنى پالانى جەمەتكە زاكات يىغىشقا ئەۋەتسەم، ئۇ يىغقان خورمىلاردىن

ئېلىنىۋالغان ئىكەن. ھازىر ئۇنىڭغا شۇ چاغدا ئېلىنىۋالغانچىلىك ئوتتىن ساۋۇت كىيدۈرۈلدى، - دېدى①.

(نەسائى: 862)

6271 - عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ الْجُهَنِيِّ أَنَّ رَجُلًا مِنْ أَصْحَابِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تُوُفِّيَ يَوْمَ خَيْبَرَ فَذَكَرُوا ذَلِكَ لِرَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ صَلُّوا عَلَى صَاحِبِكُمْ فَتَغَيَّرَتْ وُجُوهُ النَّاسِ لِذَلِكَ فَقَالَ إِنَّ صَاحِبَكُمْ غَلَّ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَفَتَّشْنَا مَتَاعَهُ فَوَجَدْنَا خَرَزًا مِنْ خَرَزِ يَهُودَ لَا يُسَاوِي دِرْهَمَيْنِ.

6271 - زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى خەيبەر غازىتىدا ۋاپات بولغان ئىدى، ساھابىلار بۇنى رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ھەمراھىڭلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈڭلار! - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ چىرايلىرى ئۆزگىرىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇلارنىڭ يۈز ئىپادىسىنى كۆرۈپ):

- ھەمراھىڭلار الله يولىدا چۈشكەن غەنىمەتتىن ئېلىۋالغانىدى، - دېدى. بىز ئۇنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئاختۇرساق، يەھۇدىيلارنىڭ ئىككى تەڭگىگە يارىمايدىغان بىر تال مارجىنى چىقتى.

(ئەبۇ داۋۇد: 2710)

6272 - عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ الْمُغِيرَةِ بْنِ أَبِي بُرْدَةَ الْكِنَانِيِّ أَنَّهُ بَلَغَهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَتَى النَّاسَ فِي قَبَائِلِهِمْ يَدْعُو لَهُمْ وَأَنَّهُ تَرَكَ قَبِيلَةً مِنَ الْقَبَائِلِ قَالَ وَإِنَّ الْقَبِيلَةَ وَجَدُوا فِي بَرْدَعَةِ رَجُلٍ مِنْهُمْ عِقْدَ جَزْعٍ غُلُولًا فَأَتَاهُمْ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَكَبَّرَ عَلَيْهِمْ كَمَا يُكَبِّرُ عَلَى الْمَيِّتِ.

6272 - ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغىرەنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر بىر قەبىلىگە كېلىپ، ئۇلارغا دۇئا

---

① ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن.

قىلىپ، بىر قەبىلىگە دۇئا قىلمىغان ئىدى، شۇ قەبىلىنىڭ ئادەملىرى (بۇ ئىشتىن گۇمانلىنىپ) بىر ئادىمىنىڭ توقۇمىنىڭ ئاستىدىن غەنىمەتتىن ئېلىۋالغان بىر كەھرىۋا مارجان تېپىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، خۇددى مېيىتكە تەكبىر چۈشۈرگەندەك ئۇلارغا تەكبىر ئېيتتى.

(مالىك: 996)

6273 - عن عَبْدُ اللهِ بْنُ عَباسٍ قَالَ حَدثَنِي عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ قَالَ لَما كَانَ يَوْمُ خَيْبَرَ أَقْبَلَ نَفَرٌ مِنْ صَحَابَةِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالُوا فُلَانٌ شَهِيدٌ فُلَانٌ شَهِيدٌ حَتى مَروا عَلَى رَجُلٍ فَقَالُوا فُلَانٌ شَهِيدٌ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَلا إِني رَأَيْتُهُ فِي النارِ فِي بُرْدَةٍ غَلهَا أَوْ عَبَاءَةٍ ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا ابْنَ الْخَطابِ اذْهَبْ فَنَادِ فِي الناسِ أَنهُ لَا يَدْخُلُ الْجَنةَ إِلا الْمُؤْمِنُونَ قَالَ فَخَرَجْتُ فَنَادَيْتُ أَلَا إِنهُ لَا يَدْخُلُ الْجَنةَ إِلا الْمُؤْمِنُونَ.

6273 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەردى: خەيبەر غازىتى بولغان كۈنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىرقانچە ساھابىسى كېلىپ:

ــ پالانى شېھىد، پۇستانىمۇ شېھىد، ـ دېيىشىپ، بىر كىشىنىڭ جەسىتىنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

ــ بۇمۇ شېھىد، ـ دېيىشكەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ياق، مەن ئۇنىڭ غەنىمەتتىن ئوغرىلىغان بىر تون ياكى يەكتەك سەۋەبىدىن دوزاختا تۇرغانلىقىنى كۆردۇم، ـ دېدى. ئاندىن:

ـ ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! بېرىپ قوشۇنغا: "جەننەتكە مۇئمىنلەردىن باشقىسى كىرمەيدۇ" دەپ جاكارلىغىن! ـ دېدى. مەن چىقىپ:

ــ جەننەتكە مۇئمىنلەردىن باشقىسى كىرمەيدۇ، ـ دەپ جاكارلىدىم.

(مۇسلىم: 114)

6274 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبَا

بَكْرٍ وَعُمَرَ حَرَقُوا مَتَاعَ الْغَالِ وَضَرَبُوهُ وَمَنَعُوهُ سَهْمَهُ.

6274 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار غەنىمەتتىن مال ئوغرىلىغان كىشىنىڭ يۈتۈن يۈك ـ تاق، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايتتى ۋە ئۆزىنىمۇ ئۇرۇپ، غەنىمەتتىكى نېسىۋىسىدىن مەھرۇم قىلاتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2715)

6275 - عَنْ رَجُلٍ مِنْ الْأَنْصَارِ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي سَفَرٍ فَأَصَابَ الناسَ حَاجَةٌ شَدِيدَةٌ وَجَهْدٌ وَأَصَابُوا غَنَمًا فَانْتَهَبُوهَا فَإِن قُدُورَنَا لَتَغْلِي إِذْ جَاءَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَمْشِي عَلَى قَوْسِهِ فَأَكْفَأَ قُدُورَنَا بِقَوْسِهِ ثُم جَعَلَ يُرَملُ اللحْمَ بِالتُرَابِ ثُم قَالَ إِن النهْبَةَ لَيْسَتْ بِأَحَل مِنْ الْمَيْتَةِ أَوْ إِن الْمَيْتَةَ لَيْسَتْ بِأَحَل مِنْ النهْبَةِ.

6275 ـ ئەنسارىلاردىن بىرى مۇنداق رىۋايەت قىلغان: بىز رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر سەپەرگە چىققان ئىدۇق، قوشۇندىكىلەر ئاچ قېلىپ، بەكلا قىيىنىلىپ كەتتى. بىزدە غەنىمەت ئېلىنغان قويلار بار ئىدى، ئۇ قويلارنى ئالدىراش ـ تېنەش سويۇپ، قازانلىرىمىزدا پىشۇرغىلى تۇردۇق. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياچىقىغا تايانغان ھالدا يېتىپ كەلدى ۋە ياچىقى بىلەن قازانلىرىمىزنى دۈم كۆمتۈرۈپ، گۆشلەرنى قۇمغا مىلىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ غەنىمەتتىن تالان ـ تاراج قىلىنغان گۆش ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان گۆشىدىن پەرقلىق ئەمەس، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2705)

6276 - عَنْ أَبِي لَبِيدٍ قَالَ كُنا مَعَ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ سَمُرَةَ بِكَابُلَ فَأَصَابَ الناسُ غَنِيمَةً

[1] ئەلبانى (582): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2354): سەھىھ ـ دېگەن.

فَانْتَهَبُوهَا فَقَامَ خَطِيبًا فَقَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَنْهَى عَنْ النهْبَى فَرَدوا مَا أَخَذُوا فَقَسَمَهُ بَيْنَهُمْ.

6276 ـ ئەبۇ لەبىد رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئابدۇرراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە كابۇلدا ئىدۇق، قوشۇندىكىلەر (قولغا چۈشكەن) غەنىمەتلەرنى تالان ـ تاراج قىلغىلى تۇرىۋىدى، ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ مەن رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەنىمەتنى تالان ـ تاراج قىلىشتىن توسقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممەيلەن ئېلىۋالغان نەرسىلەرنى قايتۇردى. كېيىن، ھەممە نەرسە ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى①.

(ئەبۇ داۋۇد: 2703)

6277 - عَنْ رُوَيْفِعِ بْنِ ثَابِتٍ الْأَنْصَارِي أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَبِالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلَا يَرْكَبْ دَابةً مِنْ فَيْءِ الْمُسْلِمِينَ حَتى إِذَا أَعْجَفَهَا رَدهَا فِيهِ وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَبِالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلَا يَلْبَسْ ثَوْبًا مِنْ فَيْءِ الْمُسْلِمِينَ حَتى إِذَا أَخْلَقَهُ رَدهُ فِيهِ.

6277 ـ رۇۋەيفىئ ئىبنى سابىت ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالغان غەنىمەتلىرىدىن بىرەر ئۇلاغنى مىنىپ، ئاجىزلىتىپ قايتۇرمىسۇن. كىمكى اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالغان غەنىمەتلىرىدىن بىرەر كىيىمنى كىيىپ، كونىرىتىپ قايتۇرمىسۇن»②.

(ئەبۇ داۋۇد: 2708)

6278 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ عَنْ أَبِيهِ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ اسْتَعْمَلَ مَوْلًى لَهُ

① ئەلبانى (2352): سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (2356): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

يُدْعَى هُنَيا عَلَى الْحِمَى فَقَالَ يَا هُنَي اضْمُمْ جَنَاحَكَ عَنْ الْمُسْلِمِينَ وَاتقِ دَعْوَةَ الْمَظْلُومِ فَإِن دَعْوَةَ الْمَظْلُومِ مُسْتَجَابَةٌ وَأَدْخِلْ رَب الصرَيْمَةِ وَرَب الْغُنَيْمَةِ وَإِيايَ وَنَعَمَ ابْنِ عَوْفٍ وَنَعَمَ ابْنِ عَفانَ فَإِنهُمَا إِنْ تَهْلِكْ مَاشِيَتُهُمَا يَرْجِعَا إِلَى نَخْلٍ وَزَرْعٍ وَإِن رَب الصرَيْمَةِ وَرَب الْغُنَيْمَةِ إِنْ تَهْلِكْ مَاشِيَتُهُمَا يَأْتِنِي بِبَنِيهِ فَيَقُولُ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ أَفَتَارِكُهُمْ أَنَا لَا أَبَا لَكَ فَالْمَاءُ وَالْكَلَأُ أَيْسَرُ عَلَي مِنْ الذهَبِ وَالْوَرِقِ وَايْمُ اللهِ إِنهُمْ لَيَرَوْنَ أَني قَدْ ظَلَمْتُهُمْ إِنهَا لَبِلَادُهُمْ فَقَاتَلُوا عَلَيْهَا فِي الْجَاهِلِيةِ وَأَسْلَمُوا عَلَيْهَا فِي الْإِسْلَامِ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَوْلَا الْمَالُ الذِي أَحْمِلُ عَلَيْهِ فِي سَبِيلِ اللهِ مَا حَمَيْتُ عَلَيْهِمْ مِنْ بِلَادِهِمْ شِبْرًا.

6278 ـ ئەسلەم رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇنەييە ئىسىملىك ئازادگەردىسىنى (زاكات تۆگىلەرگە خاس) يايلاقنى قوغداشقا قويۇپ، مۇنداق دېدى:

— ئەي ھۇنەييە! مۇسۇلمانلارغا رەھىم - شەپقەتلىك بول، مەزلۇمنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر ئەيلە. چۈنكى مەزلۇمنىڭ دۇئاسى مەقبۇلدۇر. ئازغىنا قوي ــ تۆگە ئىگىلىرىنى يايلاققا كىرگۈزگىن، ئىبنى ئەۋف ۋە ئىبنى ئەففاننىڭ چارۋىلىرىنىڭ يايلاققا كىرىپ قالماسلىقىغا دىققەت قىل. چۈنكى بۇ ئىككىسىنىڭ چارۋاماللىرى يوقالسا، خورمىزارلىقى ۋە ئېكىنزارلىقى بىلەن ئورنىنى تولدۇرۇۋالىدۇ. ئەگەر ئازغىنە قوي - تۆگىسى بار كىشىلەرنىڭ چارۋىسى يوقالسا، بالىلىرىنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىپ: ”ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مېلىمىز يوقالدى، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟“ دەپ داد ئېيتىدۇ. مەن ئۇلارنى قانداقمۇ تاشلىۋېتەلەيمەن؟ ئۇلارغا ئالتۇن - كۈمۈش بەرگەندىن، سۇ ۋە ئوت - چۆپ بېرىش تېخىمۇ ئاسان توختايدۇ. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنداق قىلمىساق، ئۇلار مېنى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى دەپ قاراپ قالىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ زېمىنى. ئۇلار جاھىلىيەتتىمۇ مۇشۇ زېمىن ئۈستىدە كۈرەش قىلغان، ئىسلامىيەتتىمۇ مۇشۇ زېمىن ئۈستىدە مۇسۇلمان بولغان. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ﷲ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن كىشىلەرنى مىندۈرۈپ قويىدىغان ئۇلاغلار بولمايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ بىر غېرىچ زېمىنىنىمۇ دۆلەتكە تەۋە ئالاھىدە يايلاق قىلىپ ئېلىپ قالمايتتىم.

(بۇخارى: 3059)

6279 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَنَّ الصَّعْبَ بْنَ جَثَّامَةَ قَالَ إِنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا حِمَى إِلَّا لِلَّهِ وَلِرَسُولِهِ يَحْيَى وَقَالَ بَلَغَنَا أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَمَى النَّقِيعَ وَأَنَّ عُمَرَ حَمَى السَّرَفَ وَالرَّبَذَةَ.

6279 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىبنى جەسسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «(چېگرا تارتىپ) ئالاھىدە قوغدىلىدىغان ئوتلاق قىلىپ بەلگىلەش ھوقۇقى پەقەت اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغىلا خاستۇر» دېگەن. ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: بىلىشىمىزچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەقىينى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەرەف ۋە رەبەزە دېگەن جايلارنى ئالاھىدە قوغدىلىدىغان ئوتلاق قىلىپ بەلگىلىگەنىكەن.

(بۇخارى: 2370)

## (نورمال غەنىمەت تەقسىماتىدىن) ئارتۇق بېرىش[1] ۋە غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى ئايرىش

6280 - عن حَبِيبَ بْنَ مَسْلَمَةَ الْفِهْرِي قال شَهِدْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَفَلَ الرُبُعَ فِي الْبَدْأَةِ وَالثلُثَ فِي الرجْعَةِ.

6280 ـ ھەبىب ئىبنى مەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەڭگە ئاتلانغاندا ئېلىنغان غەنىمەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى، جەڭدىن قايتقاندا ئېلىنغان غەنىمەتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى شۇ غەنىمەتنى ئالغۇچىلارغا نورمال غەنىمەت تەقسىماتىدىن ئارتۇق بەرگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2750)

6281 - عَنْ حَبِيبِ بْنِ مَسْلَمَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُنَفلُ الرُبُعَ بَعْدَ الْخُمُسِ وَالثلُثَ بَعْدَ الْخُمُسِ إِذَا قَفَلَ.

6281 ـ ھەبىب ئىبنى مەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازاتقا كېتىۋاتقاندا ۋە غازاتتىن قايتقىنىدا، ئېلىنغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن

---

[1] نورمال غەنىمەت تەقسىماتىدىن ئارتۇق بېرىش ـ بىر قوشۇن جەڭ قىلىۋاتقاندا ياكى جەڭدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئۇچرىغان دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشتا شۇنداقلا ئەسلى نىشان قىلىنغان دۈشمەنلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئالاھىدە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن جەڭچى ياكى ئەترەتنى جىھاد قىلىشقا تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، شۇ ئۇرۇشتىن ئېلىنغان غەنىمەتلەرنى مۇجاھىدلار ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەقسىم قىلىشتىن بۇرۇن مەلۇم مىقدار مال بىلەن تارتۇقلاشنى كۆرسىتىدۇ.

[2] ئەلبانى (2389): سەھىھ ـ دېگەن.

بىرىنى ئايرىپ بولغاندىن كېيىن، تۆتتىن بىرى ياكى ئۈچتىن بىرىنى شۇ غەنىمەتنى ئېلىشقا قاتناشقانلارغا ئارتۇق بېرەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2749)

6282 - عَنْ سَالِمٍ عَنْ عَبْدِ اللهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ كَانَ يُنَفلُ بَعْضَ مَـنْ يَبْعَثُ مِنْ السرَايَا لِأَنفُسِهِمْ خَاصةً سِوَى قَسْمِ عَامةِ الْجَيْشِ وَالْخُمْسُ فِي ذَلِكَ وَاجِبٌ كُلِهِ.

6282 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ئەۋەتكەن قوشۇنلاردىكى بەزى جەڭچىلەرگە بارلىق ئەسكەرلەرگە بېرىلگەن ئومۇمىيۈزلۈك تەقسىماتتىن تاشقىرى (بەزى نەرسىلەرنى) قوشۇپ بېرەتتى، بەشتىن بىرىنى ئايرىش غەنىمەتنىڭ ھەممىسىدە ۋاجىبتۇر.

(مۇسلىم: 1750)

6283 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ بَعَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَرِيةً قِبَلَ نَجْدٍ كُنْتُ فِيهَـا فَغَنِمْنَا إِبِلًا كَثِيرَةً وَكَانَتْ سِهَامُنَا أَحَدَ عَشَرَ أَوْ اثْنَيْ عَشَرَ بَعِيرًا وَنُفلْنَا بَعِيرًا بَعِيرًا.

6283 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەجد تەرەپكە بىر قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قوشۇندا مەنمۇ بار ئىدىم. بىز نۇرغۇن تۆگىلەرنى غەنىمەت ئالغان بولۇپ، ھەر بىر جەڭچىگە ئون ئىككى تۆياقتىن تۆگە تەقسىم قىلىنغاندىن سىرت، بىر تۆياقتىن تۆگە ئارتۇق بېرىلدى.

(ئەھمەد: 6418)

6284 - وفي رواية: فَأَصَبْنَا نَعَمًا كَثِيرًا فَنَفلَنَا أَمِيرُنَا بَعِيرًا بَعِيرًا لِكُل إِنْسَانٍ ثُم قَـدِمْنَا عَلَـى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَسَمَ بَيْنَنَا غَنِيمَتَنَا فَأَصَابَ كُل رَجُلٍ مِنا اثْنَيْ عَـشَرَ بَعِـيرًا بَعْـدَ الْخُمُسِ وَمَا حَاسَبَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالذِي أَعْطَانَا صَاحِبُنَا وَلَا عَابَ عَلَيْهِ بَعْـدَ مَـا

[1] ئەلبانى (2388): سەھىھ ـ دېگەن.

صَنَعَ فَكَانَ لِكُلِّ رَجُلٍ مِنا ثَلَاثَةَ عَشَرَ بَعِيرًا بِنَفْلِهِ.

6284 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: بىز نۇرغۇن تۆگىلەرنى ئولجا ئالدۇق، قوماندانىمىز ھەربىرىمىزگە بىردىن تۆگە ئارتۇق بەردى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولجىمىزنى ئارىمىزدا تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىدى، (غەنىمەتنىڭ) بەشتىن بىرىنى ئايرىغاندىن كېيىن، ھەر بىرىمىزگە 12 تۆيىاقتىن تۆگە تەگدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوماندانىمىزنىڭ بىزگە ئارتۇق قىلغان تۆگىلەرنى سۈرۈشتە قىلمىدى، قوماندانىمىز بىزگە ئارتۇق بەرگەن تۆگىلەرنى ھېسابقا قاتمىدى. نەتىجىدە، ھەر بىرىمىزگە (ئارتۇق ئالغان تۆگىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا) 13 تۆيىاقتىن تۆگە تەگكەن بولدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2734)

6285- عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ نَفَلَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ بَدْرٍ سَيْفَ أَبِي جَهْلٍ كَانَ قَتَلَهُ.

6285 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر غازىتىدا ماڭا ئەبۇ جەھلنىڭ قىلىچىنى ئارتۇق بەردى. چۈنكى ئەبۇ جەھلنى مەن ئۆلتۈرگەن ئىدىم[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2722)

6286 - عن مَعْنُ بْنُ يَزِيدَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا نَفْلَ إِلا بَعْدَ الْخُمُسِ.

6286 ـ مەئن ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق

---

[①] ئەلبانى (589): زەئىپ، ـ دېگەن.
[②] ئەلبانى (585): زەئىپ، ـ دېگەن.

دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى ئايرىمىغىچە ھېچكىمگە ئارتۇق بېرىشكە بولمايدۇ»①.

(ئەبۇ داۋۇد: 2753)

6287 - عن عَامِرُ بْنُ سَعْدٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ أَعْطَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَهْطًا وَأَنَا جَالِسٌ فِيهِمْ قَالَ فَتَرَكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْهُمْ رَجُلًا لَمْ يُعْطِهِ وَهُوَ أَعْجَبُهُمْ إِلَي فَقُمْتُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَارَرْتُهُ فَقُلْتُ مَا لَكَ عَنْ فُلَانٍ وَاللهِ إِني لَأَرَاهُ مُؤْمِنًا قَالَ أَوْ مُسْلِمًا قَالَ فَسَكَت قَلِيلًا ثُم غَلَبَنِي مَا أَعْلَمُ فِيهِ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا لَكَ عَنْ فُلَانٍ وَاللهِ إِني لَأَرَاهُ مُؤْمِنًا قَالَ أَوْ مُسْلِمًا قَالَ فَسَكَت قَلِيلًا ثُم غَلَبَنِي مَا أَعْلَمُ فِيهِ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا لَكَ عَنْ فُلَانٍ وَاللهِ إِني لَأَرَاهُ مُؤْمِنًا قَالَ أَوْ مُسْلِمًا يَعْنِي فَقَالَ إِني لَأُعْطِي الرجُلَ وَغَيْرُهُ أَحَب إِلَي مِنْهُ خَشْيَةَ أَنْ يُكَب فِي النارِ عَلَى وَجْهِهِ.

6287 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەنىمەتلەرنى بىر گۇرۇھ كىشىگە تەقسىم قىلىۋاتقاندا، مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمگە ھېچنېمە بەرمىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇ ياخشى ئادەم ئىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا باردىم ۋە پىچىرلاپ تۇرۇپ:

ــ پالانچىغا بەرمىدىڭ، ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ ئادەمنى مۇئمىن دەپ بىلىمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەمىسە مۇسۇلمان دەپ بىلسەڭ بولاتتىمۇ؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن جىمىپ قالدىم، لېكىن ئۇ كىشى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم مېنى سۆز قىلىشقا ئۈندەيتتى. شۇڭا سۆزۈمنى تەكرارلاپ:

① ئەلبانى (2392): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! پالانى ئادەمگە بەرمىدىڭ. اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ ئادەمنى مۇئمىن دەپ بىلىمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەمىسە مۇسۇلمان دەپ بىلسەڭ بولاتتىمۇ؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، يەنە جىمىپ قالدىم، لېكىن ئۇنىڭ ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم مېنى يەنە سۆز قىلىشقا ئۈندىدى. شۇنىڭ بىلەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! پالانى ئادەمگە بەرمىدىڭ. اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ ئادەمنى مۇئمىن دەپ بىلىمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەمىسە ئۇنى مۇسۇلمان دەپ بىلسەڭ بولاتتىمۇ؟ بەزى ئادەملەر مەن ئۇچۇن ئەڭ سۆيۈملۈك بولسىمۇ، (ئۇلارنى قويۇپ) ئىمانى ئاجىز كىشىلەرگە مال تەقسىم قىلىپ بېرىشىمدىكى سەۋەب، ئەشۇ ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنىڭ يۈز ـ مالغا ھېرىس بولغانلىقىدىن ئوتقا يۈزلىنىپ كېتىشىدىن قورققانلىقىم ئۈچۈندۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1478)

6288 – وفي رواية: فَضَرَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِيَدِهِ بَيْنَ عُنُقِي وَكَتِفِي ثُم قَالَ أَقِتَالًا أَيْ سَعْدُ إِني لَأُعْطِي الرجُلَ.

6288 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دولامغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ــ ئى سەئد! جېدەل چىقىرامسەن نېمە؟ مەن بەزى كىشىلەرگە كۆڭلىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن بېرىمەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 150)

6289 - وفي رواية: قَالَ الزهْرِي قُلْ لَمْ تُؤْمِنُوا وَلَكِنْ قُولُوا أَسْلَمْنَا قَالَ نَرَى أَن الْإِسْلَامَ الْكَلِمَةُ وَالْإِيمَانَ الْعَمَلُ.

6289 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، زۇھرى اللە تائالانىڭ: ئېيتقىنكى، (تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار ۋە لېكىن سىلەر

بويسۇندۇق دەڭلار    دېگەن ئايىتى ھەققىدە: بىز ئىسلام دېگەن ئېغىزدا ئېيتىلغان سۆز، ئىمان دېگەن ئىجرا قىلىنغان ئەمەل دەپ بىلىمىز، ـ دېگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4684)

6290 - عَنْ رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ قَالَ أَعْطَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ أَبَا سُفْيَانَ بْنَ حَرْبٍ وَصَفْوَانَ بْنَ أُمَيةَ وَعُيَيْنَةَ بْنَ حِصْنٍ وَالْأَقْرَعَ بْنَ حَابِسٍ كُل إِنْسَانٍ مِنْهُمْ مِائَةً مِنْ الْإِبِلِ وَأَعْطَى عَبَاسَ بْنَ مِرْدَاسٍ دُونَ ذَلِكَ فَقَالَ عَبَاسُ بْنُ مِرْدَاسٍ

أَتَجْعَلُ نَهْبِي وَنَهْبَ الْعُبَيْدِ    بَيْنَ عُيَيْنَةَ وَالْأَقْرَعِ
فَمَا كَانَ بَدْرٌ وَلَا حَابِسٌ    يَفُوقَانِ مِرْدَاسَ فِي الْمَجْمَعِ
وَمَا كُنْتُ دُونَ امْرِئٍ مِنْهُمَا    وَمَنْ تَخْفِضْ الْيَوْمَ لَا يُرْفَعِ

قَالَ فَأَتَم لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ مِائَةً.

6290 ـ رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە، ئۇيەينە ئىبنى ھىسن، ئەقرەئ ئىبنى ھابىس قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىگە يۈزدىن تۆگە بېرىپ، ئابباس ئىبنى مىرداسقا ئۇنىڭدىن ئازراق بەرگەن ئىدى، ئۇ مۇنداق دېدى:

(ئېتىم) ئۇبەيد ئىككىمىزنىڭ ئولجىسىنى،
ئۇيەينە بىلەن ئەقرەئگە بۆلۈپ بەردىڭمۇ؟
جەڭگاھتا ئىككىسىدىن قايسىبىرىنىڭ،
مىرداستىن ئۈستۈن كەلگىنىنى كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟
ئۇلاردىن قالغۇدەك يېرىم يوق مېنىڭ،
يۈز تاپماس بۈندىن كېيىن، تۆۋەن قىلغىنىڭ.

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغىمۇ كېمىنى قوشۇپ، يۈز تۇياق تۆگە بەردى.

(مۇسلىم: 1060)

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 14 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (3918): تابىئىننىڭ سۆزى، لېكىن سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

6291 - عَنْ عَوْفِ بْنِ مَالِكٍ الْأَشْجَعِي وَخَالِدِ بْنِ الْوَلِيدِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ قَضَى بِالسلَبِ لِلْقَاتِلِ وَلَمْ يُخَمسْ السلَبَ.

6291 ـ ئەۋف ئىبنى مالىك ئەشجەئى بىلەن خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن مۇجاھىد شۇ دۈشمەننىڭ ئۈچىسىدىكى پۈتۈن نەرسە ـ كېرەكلىنى ئارتۇق ئالىدۇ» دەپ ھۆكۈم چىقارغان بولۇپ، ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى دۆلەت خەزىنىسىگە ئايرىمىغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2721)

6292 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أن جَيْشًا غَنِمُوا فِي زَمَانِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ طَعَامًا وَعَسَلًا فَلَمْ يُؤْخَذْ مِنْهُمْ الْخُمُسُ.

6292 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا، بىر قوشۇن يېمەكلىك ۋە ھەسەل غەنىمەت ئالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى ئايرىۋالمىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2701)

6293 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ حِينَ صَدَرَ مِنْ حُنَيْنٍ وَهُوَ يُرِيدُ الْجِعِرانَةَ سَأَلَهُ الناسُ حَتى دَنَتْ بِهِ نَاقَتُهُ مِنْ شَجَرَةٍ فَتَشَبكَتْ بِرِدَائِهِ حَتى نَزَعَتْهُ عَنْ ظَهْرِهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ رُدوا عَلَي رِدَائِي أَتخَافُونَ أَنْ لَا أَقْسِمَ بَيْنَكُمْ مَا أَفَاءَ اللهُ عَلَيْكُمْ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَوْ أَفَاءَ اللهُ عَلَيْكُمْ مِثْلَ سَمُرِ تِهَامَةَ نَعَمًا لَقَسَمْتُهُ بَيْنَكُمْ ثُم لَا تَجِدُونِي بَخِيلًا وَلَا جَبَانًا وَلَا كَذابًا فَلَما نَزَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ قَامَ فِي الناسِ فَقَالَ أَدوا الْخِيَاطَ وَالْمِخْيَطَ فَإِن الْغُلُولَ عَارٌ وَنَارٌ وَشَنَارٌ عَلَى

[1] ئەلبانى (2363): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2350): سەھىھ ـ دېگەن.

أَهْلِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ قَالَ ثُم تَنَاوَلَ مِنْ الْأَرْضِ وَبَرَةً مِنْ بَعِيرٍ أَوْ شَيْئًا ثُم قَالَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ مَا لِي مِما أَفَاءَ اللهُ عَلَيْكُمْ وَلَا مِثْلُ هَذِهِ إِلا الْخُمُسُ وَالْخُمُسُ مَرْدُودٌ عَلَيْكُمْ.

6293 ـ ئەمىر ئىبنىي شۇئەيبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇنەيندىن قايتىپ جىئرانەگە كېتىۋاتقاندا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن غەنىمەتنى تەقسىم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە قىستىلىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ تونى دەرەخكە ئىلىشىپ قېلىپ، ئۈستىدىن سىيرىلىپ كەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تونۇمنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار. الله سىلەرگە ئاتا قىلغان غەنىمەتنى تەقسىم قىلىپ بەرمەسلىكىمدىن ئەنسىرەۋاتامسىلەر؟ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ناۋادا الله سىلەرگە تىھامە سايلىقىدىكى يۇلغۇننىڭ سانىدەك (كۆپ) تۆگە غەنىمەت ئاتا قىلىپ بەرگەن بولسا، ھەممىسىنى سىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن بولاتتىم. شۇندىلا مېنىڭ بېخىل ياكى قورقۇنچاق ۋەياكى يالغانچى ئەمەسلىكىمنى كۆرگەن بولاتتىڭلار» دېدى. جىئرانەدىكى قونالغۇغا چۈشكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى يىغىپ مۇنداق دېدى: «يىپ ـ يىڭنە چاغلىق بارلىق غەنىمەتنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇڭلار. غەنىمەتكە خىيانەت قىلىش نومۇسسىزلىقتۇر، ئەيىبتۇر. قىيامەت كۈنى ئىگىسىنى دوزاخقا مۇبتىلا قىلىدۇ» دېدى، ئاندىن يەردىن تۆگىنىڭ يۇڭىدەك بىر نەرسىنى ئېلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، الله سىلەرگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن مالدا ماڭا بەلگىلەنگەن بەشتىن بىردىن باشقا مۇشۇنچىلىكمۇ نېسىۋەم يوق. ئۇ بەشتىن بىرىمۇ ئاخىرى يەنە سىلەرگە قايتىدۇ».

(مالىك: 994)

6294 - عَنْ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ قَالَ مَشَيْتُ أَنَا وَعُثْمَانُ بْنُ عَفانَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ أَعْطَيْتَ بَنِي الْمُطلِبِ وَتَرَكْتَنَا وَنَحْنُ وَهُمْ مِنْكَ بِمَنْزِلَةٍ وَاحِدَةٍ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنمَا بَنُو الْمُطلِبِ وَبَنُو هَاشِمٍ شَيْءٌ وَاحِدٌ.

6294 ـ جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىمىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مۇتتەلىب جەمەتىگە بېرىپ، بىزگە بەرمىدىڭ. بىزمۇ خۇددى ئۇلاردەكلا تۇغقىنىڭ ئىدۇق، ـ دېسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مۇتتەلىب جەمەتى بىلەن ھاشىم جەمەتى بىر (جەمەت)دۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3140)

6295 - وفي رواية: فَقُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ هَؤُلَاءِ بَنُو هَاشِمٍ لَا نُنْكِرُ فَضْلَهُمْ لِلْمَوْضِعِ الذِي وَضَعَكَ اللهُ بِهِ مِنْهُمْ فَمَا بَالُ إِخْوَانِنَا بَنِي الْمُطلِبِ أَعْطَيْتَهُمْ وَتَرَكْتَنَا وَقَرَابَتُنَا وَاحِدَةٌ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنا وَبَنُو الْمُطلِبِ لَا نَفْتَرِقُ فِي جَاهِلِيةٍ وَلَا إِسْلَامٍ وَإِنمَا نَحْنُ وَهُمْ شَيْءٌ وَاحِدٌ وَشَبكَ بَيْنَ أَصَابِعِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

6295 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ھاشىم جەمەتىدىكىلەرنىڭ ساڭا قانچىلىك يېقىن تۇغقان ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايمىز، ئەمما نېمە ئۈچۈن مۇتتەلىب جەمەتىگە غەنىمەتتىن بېرىپ، بىزگە بەرمەيسەن. ھالبۇكى، ھەر ئىككىلى جەمەت سېنىڭ تەڭ دەرىجىلىك تۇغقىنىڭ تۇرسا؟! ــ دېسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بىز مۇتتەلىب جەمەتى بىلەن مەيلى جاھىلىيەتتە ياكى ئىسلامىيەتتە بولسۇن، ھېچ ئايرىلىپ باقمىدۇق. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار بىلەن بىز بىر (جەمەت)، ـ دېدى ۋە بارماقلىرىنى گىرەلەشتۇردى[①].
(ئەبۇ داۋۇد: 2980)

6296 - وفي رواية: وَلَمْ يَقْسِمْ لِبَنِي عَبْدِ شَمْسٍ وَلَا لِبَنِي نَوْفَلٍ مِنْ ذَلِكَ الْخُمُسِ كَمَا قَسَمَ لِبَنِي هَاشِمٍ وَبَنِي الْمُطَّلِبِ قَالَ وَكَانَ أَبُو بَكْرٍ يَقْسِمُ الْخُمُسَ نَحْوَ قَسْمِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ غَيْرَ أَنَّهُ لَمْ يَكُنْ يُعْطِي قُرْبَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُعْطِيهِمْ قَالَ وَكَانَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ يُعْطِيهِمْ مِنْهُ وَعُثْمَانُ بَعْدَهُ.

6296 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىدىن ئابدۇشەمس جەمەتى بىلەن نەۋفەل جەمەتىگە خۇددى ھاشىم ۋە مۇتتەلىب جەمەتىگە تەقسىم قىلىپ بەرگەندەك، تەقسىم قىلىپ بەرمىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بەشتىن بىرىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرەتتى. بىراق ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەندەك) بەرمەيتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇغقانلىرىغا غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى بېرەتتى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق بېرەتتى.
(ئەبۇ داۋۇد: 2978)

6297 - عن عَلِيٍّ عَلَيْهِ السَّلَام قَالَ: اجْتَمَعْتُ أَنَا وَالْعَبَّاسُ وَفَاطِمَةُ وَزَيْدُ بْنُ حَارِثَةَ عِنْدَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنْ رَأَيْتَ أَنْ تُوَلِّيَنِي حَقَّنَا مِنْ هَذَا الْخُمُسِ فِي كِتَابِ اللهِ فَأَقْسِمْهُ حَيَاتَكَ كَيْ لَا يُنَازِعَنِي أَحَدٌ بَعْدَكَ فَافْعَلْ قَالَ فَفَعَلَ ذَلِكَ قَالَ فَقَسَمْتُهُ حَيَاةَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثُمَّ وَلَانِيهِ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ حَتَّى

[①] ئەلبانى (2582): سەھىھ ـ دېگەن.

إِذَا كَانَتْ آخِرُ سَنَةٍ مِنْ سِنِي عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَإِنَّهُ أَتَاهُ مَالٌ كَثِيرٌ فَعَزَلَ حَقَّنَا ثُم أَرْسَلَ إِلَي فَقُلْتُ بِنَا عَنْهُ الْعَامَ غِنًى وَبِالْمُسْلِمِينَ إِلَيْهِ حَاجَةٌ فَارْدُدْهُ عَلَيْهِمْ فَرَدَّهُ عَلَيْهِمْ ثُم لَمْ يَدْعُنِي إِلَيْهِ أَحَدٌ بَعْدَ عُمَرَ فَلَقِيتُ الْعَبَّاسَ بَعْدَمَا خَرَجْتُ مِنْ عِنْدِ عُمَرَ فَقَالَ يَا عَلِي حَرَمْتَنَا الْغَدَاةَ شَيْئًا لَا يُرَد عَلَيْنَا أَبَدًا وَكَانَ رَجُلًا دَاهِيًا.

6297 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن، ئابباس، فاتىمە ۋە زەيد ئىبنى ھارىسەلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا جەم بولدۇق. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ﷲنىڭ كىتابىدا غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى بولۇپ، ئۇنى بىزگە بەلگىلەنگەن غەنىمەتتىن بەشتىن بىرىنى مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا بەرگىن. مەن ئۇنى سەن ھايات ۋاقتىڭدا تەقسىم قىلىپ تارقىتاي، سەندىن كېيىن ھېچكىم ئۇنى باشقۇرۇشنى مەندىن تالاشمىغان بولاتتى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ئۇنى تەقسىم قىلىپ تارقاتتىم. كېيىن ئەبۇ بەكرىمۇ ئۇنى مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلاپىتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، (مۇسۇلمانلار دىيارىغا) بەكمۇ كۆپ مال ـ مۈلۈك كەلتۈرۈلدى. بىزنىڭ ھەققىمىزنى بىر تەرەپكە ئايرىپ، ماڭا ئادەم ئەۋەتتى، مەن ئۇنىڭغا:

ـ بۇ يىل بىزنىڭ بۇنىڭغا ھاجىتىمىز يوق. مۇسۇلمانلار بۇ مالغا موھتاج، بۇنى شۇلارغا تارقىتىپ بەرگىن، ـ دېدىم. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇلارغا تارقىتىپ بەردى. كېيىن ھېچكىم مېنى ئۇ مالنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىمىدى. مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچراپ قالدى. ئۇ:

ـ ئى ئەلى! بۈگۈن ئەتىگەن سەن بىزنى شۇنداق بىر نەرسىدىن مەھرۇم قىلدىڭكى، ئۇ ئەمدى ھەرگىزمۇ قولىمىزغا قايتىپ كەلمەيدۇ، ـ دېدى، ئۇ بەكمۇ دانا كىشى ئىدى.

(ئەبۇ داۋۇد: 2984)

## غەنىمەتلەر ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈلۈشى

6298 - عَنْ عَامِرٍ الشعْبِي قَالَ كَانَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَهْمٌ يُدْعَى الصفِي إِنْ شَاءَ عَبْدًا وَإِنْ شَاءَ أَمَةً وَإِنْ شَاءَ فَرَسًا يَخْتَارُهُ قَبْلَ الْخُمُسِ.

6298 ـ ئامىر شەئبى مۇنداق دەيدۇ: غەنىمەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «تاللانغان» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۈلۈش نېسىۋىسى بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن بەشنىڭ بىرىنى ئايرىشتىن بۇرۇن، خالىسا بىر قۇل، خالىسا بىر دېدەك، خالىسا بىر ئات شەكلىدە تاللىۋالاتتى.

(ئەبۇ داۋۇد: 2991)

6299 - عَنْ قَتَادَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا غَزَا كَانَ لَهُ سَهْمٌ صَافٍ يَأْخُذُهُ مِنْ حَيْثُ شَاءَهُ فَكَانَتْ صَفِيةُ مِنْ ذَلِكَ السهْمِ وَكَانَ إِذَا لَمْ يَغْزُ بِنَفْسِهِ ضُرِبَ لَهُ بِسَهْمِهِ وَلَمْ يُخَيرْ.

6299 ـ قەتادە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازاتقا ئۆزى چىقسا، غەنىمەتتىن خالىغىنىنى تاللاپ ئالىدىغان بىر ئۈلۈش نېسىۋىسى بار ئىدى. سەفىييەمۇ شۇ ئۈلۈشتىن ئىدى. ئۆزى غازاتقا چىقمىغان بولسا، (ئۆزىگە تېگىشلىك) ئۈلۈشنىلا ئالاتتى، ئۇندىن باشقىنى تاللىۋالمايتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2993)

---

[1] ئەلبانى (646): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

6300 - عن مَالِكَ بْنَ أَوْسٍ قَالَ أَرْسَلَ إِلَي عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ فَجِئْتُهُ حِينَ تَعَـالَى النهَارُ قَالَ فَوَجَدْتُهُ فِي بَيْتِهِ جَالِسًا عَلَى سَرِيرٍ مُفْضِيًا إِلَى رُمَالِهِ مُتكِئًا عَلَى وِسَادَةٍ مِنْ أَدَمٍ فَقَالَ لِي يَا مَالُ إِنهُ قَدْ دَف أَهْلُ أَبْيَاتٍ مِنْ قَوْمِكَ وَقَدْ أَمَرْتُ فِيهِمْ بِرَضْخٍ فَخُذْهُ فَاقْسِمْهُ بَيْنَهُمْ قَالَ قُلْتُ لَوْ أَمَرْتَ بِهَذَا غَيْرِي قَالَ خُذْهُ يَا مَالُ قَالَ فَجَاءَ يَرْفَا فَقَالَ هَلْ لَكَ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ فِي عُثْمَانَ وَعَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ وَالزبَيْرِ وَسَعْدٍ فَقَالَ عُمَرُ نَعَمْ فَـأَذِنَ لَهُـمْ فَدَخَلُوا ثُم جَاءَ فَقَالَ هَلْ لَكَ فِي عَباسٍ وَعَلِي قَالَ نَعَمْ فَأَذِنَ لَهُمَا فَقَالَ عَباسٌ يَـا أَمِـيرَ الْمُؤْمِنِينَ اقْضِ بَيْنِي وَبَيْنَ هَذَا الْكَاذِبِ الْآثِمِ الْغَادِرِ الْخَائِنِ فَقَالَ الْقَوْمُ أَجَـلْ يَـا أَمِـيرَ الْمُؤْمِنِينَ فَاقْضِ بَيْنَهُمْ وَأَرِحْهُمْ فَقَالَ مَالِكُ بْنُ أَوْسٍ يُخَيلُ إِلَي أَنهُمْ قَدْ كَانُوا قَـدمُوهُمْ لِذَلِكَ فَقَالَ عُمَرُ اتئِدَا أَنْشُدُكُمْ بِاللهِ الذِي بِإِذْنِهِ تَقُومُ السمَاءُ وَالْأَرْضُ أَتَعْلَمُونَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا نُورَثُ مَا تَرَكْنَا صَدَقَةٌ قَالُوا نَعَمْ ثُم أَقْبَلَ عَلَـى الْعَبـاسِ وَعَلِي فَقَالَ أَنْشُدُكُمَا بِاللهِ الذِي بِإِذْنِهِ تَقُومُ السمَاءُ وَالْأَرْضُ أَتَعْلَمَانِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا نُورَثُ مَا تَرَكْنَاهُ صَدَقَةٌ قَالَا نَعَمْ فَقَالَ عُمَرُ إِن اللهَ جَل وَعَز كَـانَ خَص رَسُولَهُ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِخَاصةٍ لَمْ يُخَصصْ بِهَا أَحَدًا غَيْرَهُ قَالَ مَا أَفَاءَ اللـهُ عَلَى رَسُولِهِ مِنْ أَهْلِ الْقُرَى فَلِلهِ وَلِلرسُولِ .

6300 ـ مالىك ئىبنى ئەۋستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. مەن كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن چاغدا، ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ باردىم. ئۇ ئۆيىدە خورما قوۋزاقلىرىدىن توقۇلغان داق كارىۋاتنىڭ بىر تەرىپىدىكى تېرە ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇنىڭغا سالام بەردىم. ئۇ:

ـ ئى مالىك! قەۋمىڭ (خەلقىڭ)دىن بىر نەچچە كىشى كەپتۇ. يۇرتىدا قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتكەچكە، ياردەم سوراپ كەلگەن ئىكەن. ئۇلارغا ئازراق بىر نەرسە تەييارلىتىپ قويدۇم. سەن ئۇنى ئېلىپ، ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگىن! ـ دېدى. مەن:

ــ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ ئىشقا مەندىن باشقا بىرىنى بۇيرىغان بولساڭ بوپتىكەن، ـ دېدىم. لېكىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئەي مالىك! ئۇنى ئال (دېگىنىمنى قىل)! ــ دېدى. شۇ ئەسنادا، (ئۇنىڭ ئىشىك باقارى) يەرفا كىرىپ:

ــ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئوسمان، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف، زۇبەير ۋە سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسلار كەلدى، كىرسە بولامدۇ؟ ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىجازەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار كىرىپ، سالام بېرىپ ئولتۇردى. كۆپ ئۆتمەي، يەرفا يەنە:

ــ ئەلى بىلەن ئابباس كەلدى، كىرسە بولامدۇ؟ ـ دېدى. ئۆمەر ئىجازەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ كىرىپ، سالام بېرىپ ئولتۇردى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ماۋۇ يالغانچى، گۇناھكار، خىيانەتچى بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىدا ھۆكۈم قىلىپ قويساڭ، ـ دېدى. ئولتۇرغانلارمۇ:

ــ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇلارنىڭ دەۋاسىنى سوراپ، بېشىنى ساقايتىپ قويغىن! ـ دېدى.

مالىك ئىبنى ئەۋس مۇنداق دەيدۇ: ماڭا باشتىكىلەر ئالدى بىلەن كىرىپ، شۇ دەۋانى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغاندەك تۇيۇلدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئېغىر ـ بېسىق بولۇڭلار! ئاسمان ــ زېمىننى ئۆز روخستى بىلەن تۇرغۇزغان اللهنى شېپى كەلتۇرۇپ سورايمەنكى، سىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىز پەيغەمبەرلەردىن مىراس قالمايدۇ. بىز قالدۇرغان نەرسە سەدىقە بولىدۇ» دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دېدى. سورۇندىكىلەر:

ــ راست، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن شۇنداق دېگەن، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلى بىلەن ئابباسقا قاراپ:

ــ ئاسمان ـ زېمىننى ئۆز روخستى بىلەن تۇرغۇزغان اللهنىڭ نامى بىلەن سورايكى، سىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىز پەيغەمبەرلەردىن مىراس قالمايدۇ. بىز قالدۇرغان نەرسە سەدىقە بولىدۇ» دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــ راسـت، پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم ھەقـقـەتەن شۇنداق دېگەنىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ الله تائالا پەيغەمبەرگە (ئۇنىڭدىن باشقا) ھېچكىمگە بەرمىگەن ئىمتىيازنى بەردى ۋە: الله پەيغەمبەرگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، فەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى)نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلارنىڭ ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، اللهقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، اللهتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن اللهنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1757)

6301 - وفي رواية: فَقَالَ جَل ذِكْرُهُ وَمَا أَفَاءَ اللهُ عَلَى رَسُولِهِ مِنْهُمْ فَمَا أَوْجَفْتُمْ عَلَيْهِ مِنْ خَيْلٍ وَلَا رِكَابٍ إِلَى قَوْلِهِ قَدِيرٌ فَكَانَتْ هَذِهِ خَالِصَةً لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم وَاللهِ مَا احْتَازَهَا دُونَكُمْ وَلَا اسْتَأْثَرَهَا عَلَيْكُمْ لَقَدْ أَعْطَاكُمُوهَا وَقَسَمَهَا فِيكُمْ حَتى بَقِيَ هَذَا الْمَالُ مِنْهَا فَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُنْفِقُ عَلَى أَهْلِهِ نَفَقَةَ سَنَتِهِمْ مِنْ هَذَا الْمَالِ ثُم يَأْخُذُ مَا بَقِيَ فَيَجْعَلُهُ مَجْعَلَ مَالِ اللهِ فَعَمِلَ ذَلِكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَيَاتَهُ ثُم تُوُفيَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ فَأَنَا وَلِي رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَبَضَهُ أَبُو بَكْرٍ فَعَمِلَ فِيهِ بِمَا عَمِلَ بِهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنْتُمْ حِينَئِذٍ فَأَقْبَلَ عَلَى عَلِي وَعَباسٍ وَقَالَ تَذْكُرَانِ أَن أَبَا بَكْرٍ فِيهِ كَمَا تَقُولَانِ وَاللهُ يَعْلَمُ إِنهُ فِيهِ لَصَادِقٌ بَار رَاشِدٌ تَابِعٌ لِلْحَق ثُم تَوَفى اللهُ أَبَا بَكْرٍ فَقُلْتُ أَنَا وَلِي رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبِي بَكْرٍ فَقَبَضْتُهُ سَنَتَيْنِ مِنْ إِمَارَتِي أَعْمَلُ فِيهِ بِمَا عَمِلَ فِيهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبُو بَكْرٍ وَاللهُ يَعْلَمُ أَني فِيهِ صَادِقٌ بَار رَاشِدٌ تَابِعٌ لِلْحَق ثُم جِئْتُمَانِي كِلَاكُمَا وَكَلِمَتُكُمَا وَاحِدَةٌ وَأَمْرُكُمَا جَمِيعٌ فَجِئْتَنِي يَعْنِي عَباسًا فَقُلْتُ لَكُمَا إِن

[1] سۈرە ھەشىر، 7 ـ ئايەت.

رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا نُورَثُ مَا تَرَكْنَا صَدَقَةٌ فَلَما بَدَا لِي أَنْ أَدْفَعَهُ إِلَيْكُمَا قُلْتُ إِنْ شِئْتُمَا دَفَعْتُهُ إِلَيْكُمَا عَلَى أَن عَلَيْكُمَا عَهْدَ اللهِ وَمِيثَاقَهُ لَتَعْمَلَانِ فِيهِ بِمَا عَمِلَ فِيهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبُو بَكْرٍ وَمَا عَمِلْتُ فِيهِ مُنْذُ وَلِيتُ وَإِلا فَلَا تُكَلمَانِي فَقُلْتُمَا ادْفَعْهُ إِلَيْنَا بِذَلِكَ فَدَفَعْتُهُ إِلَيْكُمَا أَفَتَلْتَمِسَانِ مِني قَضَاءً غَيْرَ ذَلِكَ فَوَاللهِ الذِي بِإِذْنِهِ تَقُومُ السمَاءُ وَالْأَرْضُ لَا أَقْضِي فِيهِ بِقَضَاءٍ غَيْرِ ذَلِكَ حَتى تَقُومَ الساعَةُ فَإِنْ عَجَزْتُمَا عَنْهُ فَادْفَعَا إِلَي فَأَنَا أَكْفِيكُمَاهُ.

6301- يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: الله تائالا: الله پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن (يەنى بەنى نەزىرنىڭ ماللىرىدىن) قايتۇرغان غەنىمەتلەرنى سىلەر ئات - تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ (يەنى ئەجىر قىلىپ، جاپا مۇشەققەت تارتىپ) قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس. لېكىن الله پەيغەمبەرلىرىنى خالىغان ئادەمگە مۇسەللەت قىلىدۇ. الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر[1] دېگەن. شۇڭا بۇ مال پەقەت رەسۇلۇللاھقا خاس. الله بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ ئۇ مالنى سىلەرنى قويۇپ، ئۆزى ئىگەللىۋالغانمۇ ئەمەس، سىلەرسىز ئۆزىگىلا خاس قىلىۋالغانمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇنى سىلەرگىمۇ ئۈلەشتۇرۇپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن قالغىنى مۇشۇنچىلىك مال. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ مالدىن ئائىلىسىنىڭ بىر يىللىق نەپىقىسىنى بېرىپ، قالغان قىسمىنى اللهنىڭ مېلىنى قانداق سەرپ قىلسا، شۇنداق سەرپ قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مالنى ھاياتىدا شۇنداق ئىشلەتكەن. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى: ”مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئىزباسارى“ دېدى ۋە ئۇ مالنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، رەسۇلۇللاھ ئىشلەتكەندەك ئىشلەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ تۇرۇپ:

- قېنى ئەسلەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئۇ سىلەر دەۋاتقاندەك قىلغانمىدى؟ الله ئۇنىڭ ئۇ مالدا راستچىل، سەمىمىي، ھەققانىي، دۇرۇست بولغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاندىن الله ئەبۇ بەكرىنى ۋاپات تاپتۇردى.

---

[1] سۈرە ھەشر، 6 - ئايەت.

ئاندىن مەن ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىزباسارى بولۇپ، ئىككى يىل خەلىپىلىك قىلىش جەريانىدا ئۇ مالنى باشقۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ ۋە ئەبۇ بەكرى ئىشلەتكەندەك ئىشلەتتىم. ﷲ مېنىڭ ئۇ مالدا راستچىل، سەمىمىي، دۇرۇست ۋە ھەققانىي بولغانلىقىمنى ئوبدان بىلىدۇ. كېيىن، سىلەر ئىككىڭلار مېنىڭ ئالدىمغا بىر ئىش ئۈستىدە ئېغىز ئېچىپ، ئوخشاش دەۋا بىلەن كەلدىڭلار. مەن سىلەرگە رەسۇلۇللاھنىڭ: «بىزدىن مىراس قالمايدۇ، بىز قالدۇرغان نەرسە سەدىقە بولىدۇ» دېگەن ھەدىسىنى سۆزلەپ بەردىم. ئاندىن ئۇ مالنى سىلەرگە بېرىش قارارىغا كېلىپ: ’’ئەگەر ئۇ مالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرى ۋە مەن ئىشلەتكەندەك ئىشلىتىشكە ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم ۋە ۋەدىلەر بەرسەڭلار، ئۇ مالنى سىلەرگە بېرىمەن. بۇنىڭغا قوشۇلمىساڭلار، بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماڭلار‘‘ دېسەم، سىلەر: ’’بولىدۇ، ئۇ مالنى مۇشۇ شەرتكە بىنائەن بىزگە بەرگىن!‘‘ دېدىڭلار. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مالنى سىلەرگە بەردىم. ئىش شۇنداق پۈتكەن تۇرۇپ، ئىككىڭلار مەندىن يەنە باشقىچىرەك ھۆكۈم تەلەپ قىلامسىلەر؟ ئاسمان ـ زېمىننى ئۆز رۇخستى بىلەن تۇرغۇزۇۋاتقان ﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ دەۋادا قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر باشقىچە ھۆكۈم قىلمايمەن. ئەگەر ئۇ مالنى شۇ يوسۇندا سەرپ قىلىپ قويۇشتىن ئاجىز كەلگەن بولساڭلار، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئىككىڭلارنى ئاۋارە قىلمايلا، ئۆزەم بىر تەرەپ قىلىۋېتىمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4033)

6302 - عَنْ مَالِكِ بْنِ أَوْسٍ عَنْ عُمَرَ قَالَ كَانَتْ أَمْوَالُ بَنِي النضِيرِ مِما أَفَاءَ اللهُ عَلَى رَسُولِهِ مِما لَمْ يُوجِفْ عَلَيْهِ الْمُسْلِمُونَ بِخَيْلٍ وَلَا رِكَابٍ فَكَانَتْ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَاصةً فَكَانَ يُنفِقُ عَلَى أَهْلِهِ نَفَقَةَ سَنَةٍ وَمَا بَقِيَ يَجْعَلُهُ فِي الْكُرَاعِ وَالسلَاحِ عُدةً فِي سَبِيلِ اللهِ.

6302 ـ مالىك ئىبنى ئەۋس ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەنى نەزىرنىڭ مال ـ مۈلكىنى سىلەر

ئات ـ تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ (يەنى ئەجىر قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ) قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ الله تائالانىڭ ئېھسانى بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خاس ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ئائىلە ـ تاۋابىئاتىنىڭ بىر يىللىق خىراجىتىنى ئايرىپ بولۇپ، قالغىنىنى الله يولىدا (جىھاد قىلىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن) ئات ـ ئۇلاغ ۋە قورال ـ ياراغقا سەرپ قىلاتتى.
(مۇسلىم: 1757)

6303 - وفي رواية: قَالَ الْعَباسُ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ اقْضِ بَيْنِي وَبَيْنَ الظالِمِ اسْتَبا.

6303 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ زالىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىدا ھۆكۈم چىقىرىپ قويغىن! ـ دېدى ۋە بىر ـ بىرىنى زالىم دەپ تىللىدى.
(بۇخارى: 7305)

6304 - وفي رواية: فَقَالَ عَباسٌ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ اقْضِ بَيْنِي وَبَيْنَ هَذَا الْكَاذِبِ الْآثِمِ الْغَادِرِ الْخَائِنِ. وفيه: فَقَالَ أَبو بَكْرٍ قَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا نُورَثُ مَا تَرَكْنَاهُ صَدَقَةٌ فَرَأَيْتُمَاهُ كَاذِبًا آثِمًا غَادِرًا خَائِنًا وَاللهُ يَعْلَمُ إِنهُ لَصَادِقٌ بَار رَاشِدٌ تَابِعٌ لِلْحَق ثُم تُوُفيَ أَبو بَكْرٍ وَأَنا وَلِي رَسُولِ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَوَلِي أَبِي بَكْرٍ فَرَأَيْتُمَانِي كَاذِبًا آثِمًا غَادِرًا خَائِنًا وَاللهُ يَعْلَمُ إِني لَصَادِقٌ بَار رَاشِدٌ تَابِعٌ لِلْحَق فَوَلِيتُهَا.

6304 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ھەزرىتى ئەلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ):

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەن بىلەن ماۋۇ يالغانچى، خىيانەتچى، ۋاپاسىز، گۇناھكار ئادەم ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويساڭ، ـ دېگەن...

بۇ رىۋايەتتە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىز مىراس قالدۇرمايمىز، قويۇپ كەتكىنىمىز سەدىقىدۇر» دېگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئىككىڭلار ئۇنى يالغانچى،

خىيانەتچى، ۋاپاسىز، گۇناھكار دەپ قارامسىلەر؟ الله ئۇنىڭ ئۇ مالدا راستچىل، سەممىي، ھەققانىي، دۇرۇست بولغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاندىن الله تائالا ئەبۇ بەكرنى ۋاپات تاپتۇردى. مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇ بەكرنىڭ ئىزباسارىمەن، سىلەر مېنى يالغانچى، خىيانەتچى، ۋاپاسىز، گۇناھكار دەپ قارامسىلەر؟ الله تائالا مېنىڭ ئۇ مالدا راستچىل، سەممىي، ھەققانىي ۋە دۇرۇست بولغانلىقىمنى ئوبدان بىلىدۇ، شۇڭا ئۇ مالنى مەن باشقۇردۇم، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1757)

6305 - ومنها: قَالَ أَبو دَاوُد إِنمَا سَأَلَاهُ أَنْ يَكُونَ يُصَيرُهُ بَيْنَهُمَا نِصْفَيْنِ لَا أَنهُمَا جَهِلَا أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا نُورَثُ مَا تَرَكْنَا صَدَقَةٌ فَإِنهُمَا كَانَا لَا يَطْلُبَانِ إِلا الصوَابَ فَقَالَ عُمَرُ لَا أُوقِعُ عَلَيْهِ اسْمَ الْقَسْمِ أَدَعُهُ عَلَى مَا هُوَ عَلَيْهِ.

6305 ـ ئەبۇ داۋۇد مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئىككىيلەن ئەسلىدە ئۇ مالنى باشقۇرۇش ھەققىنى ئىككىيلەنگە تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىشنى سورىغان. ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىز مىراس قالدۇرمايمىز، قويۇپ كەتكىنىمىز سەدىقىدۇر» دېگەن سۆزىنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، ئۇلار ھەقتىن باشقىنى سورىمايدۇ. شۇڭا ئۆمەر ئۇلارغا:
ــ مەن ئۇ مالنىڭ ”تەقسىم قىلىنىدى“ دەپ ئاتاق ئېلىشىنى خالىمايمەن ۋە ئۆز جايىدا قويىمەن، ـ دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2963)

6306 - وللنسائي: عَنْ مُجَاهِدٍ قَالَ الْخُمُسُ الذِي لِلهِ وَلِلرسُولِ كَانَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَرَابَتِهِ لَا يَأْكُلُونَ مِنْ الصدَقَةِ شَيْئًا فَكَانَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خُمُسُ الْخُمُسِ وَلِذِي قَرَابَتِهِ خُمُسُ الْخُمُسِ وَلِلْيَتَامَى مِثْلُ ذَلِكَ وَلِلْمَسَاكِينِ مِثْلُ ذَلِكَ وَلِابْنِ السبِيلِ مِثْلُ ذَلِكَ قَالَ أَبو عَبْد الرحْمَنِ قَالَ اللهُ جَل ثَنَاؤُهُ وَاعْلَمُوا أَنمَا غَنِمْتُمْ مِنْ شَيْءٍ فَأَن لِلهِ خُمُسَهُ وَلِلرسُولِ وَلِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السبِيلِ .

[1] ئەلبانى (2567): سەھىھ ـ دېگەن.

ثم حكى عن عمر أنه قَالَ في آخر حديثه: وَاعْلَمُوا أنَمَا غَنِمْتُمْ مِنْ شَيْءٍ فَأَن لِلَّهِ خُمُسَهُ وَلِلرسُولِ وَلِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السبِيلِ هَذَا لِهَؤُلَاءِ إنمَا الصدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ الله هَذِهِ لِهَؤُلَاءِ وَمَا أَفَاءَ اللهُ عَلَى رَسُولِهِ مِنْهُمْ فَمَا أَوْجَفْتُمْ عَلَيْهِ مِنْ خَيْلٍ وَلَا رِكَابٍ قَالَ الزهْرِي هَذِهِ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَاصةً قُرًى عَرَبِيةً فَدْكُ كَذَا وَكَذَا فَ مَا أَفَاءَ اللهُ عَلَى رَسُولِهِ مِنْ أَهْلِ الْقُرَى فَلِلهِ وَلِلرسُولِ وَلِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السبِيلِ وَ لِلْفُقَرَاءِ الْمُهَاجِرِينَ الذِينَ أُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ وَأَمْوَالِهِمْ وَالذِينَ تَبوءُوا الدارَ وَالْإِيمَانَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَالذِينَ جَاءُوا مِنْ بَعْدِهِمْ فَاسْتَوْعَبَتْ هَذِهِ الْآيَةُ الناسَ فَلَمْ يَبْقَ أَحَدٌ مِنْ الْمُسْلِمِينَ إلا لَهُ فِي هَذَا الْمَالِ حَق أَوْ قَالَ حَظ إلا بَعْضَ مَنْ تَمْلِكُونَ مِنْ أَرِقائِكُمْ وَلَئِنْ عِشْتُ إنْ شَاءَ اللهُ لَيَأْتِين عَلَى كُل مُسْلِمٍ حَقهُ أَوْ قَالَ حَظهُ.

6306 ـ مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: غەنىمەتتىن الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىغا خاس بولغان بەشتىن بىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن بولۇپ، ئۇلار سەدىقە ـ زاكاتتىن پەقەت يېمەيتتى. دېمەك، غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنىڭ بەشتىن بىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، قالغان بىرى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، ئۈچىنچى بىرى يېتىم ـ يېسىرلارغا، تۆتىنچى بىرى ئىبنى سەبىللەرگە، بەشىنچى بىرى مۇساپىرلارغا خاس ئىدى.

نەسائى مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا: (ئى مۇئمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى اللهقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر [1] دېگەن[2].

(نەسائى: 4147)

[1] سۈرە ئەنفال، 41 ـ ئايەت.
[2] ئەلبانى (279): سەنەدى زەئىپ ۋە مۇرسەل، ـ دېگەن.

ئىمام نەسائى يەنە بىر ھەدىسىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (ئى مۆئمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى ﷲقا، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر دېگەن ئايەتكە ئاساسەن، غەنىمەتتىن بەشتىنىڭ بىرى ئەنە شۇلارغا بېرىلىدۇ. ئەمما ﷲ تائالا زاكاتنىڭ كىملەرگە بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ﷲنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ [1]. ﷲ پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن (يەنى بەنى نەزىرنىڭ ماللىرىدىن) قايتۇرغان غەنىمەتلەرنى سىلەر ئات ـ تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ (يەنى ئەجىر قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ) قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس، لېكىن ﷲ پەيغەمبەرلىرىنى خالىغان ئادەمگە مۇسەللەت قىلىدۇ، ﷲ ھەر نەرسىگە قادىردۇر دېگەن ئايەتكە كەلسەك، بۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خاس بولۇپ، ئۇنىڭدا سەھرا ئەرەبلىرىنىڭ فەدەك (دېگەن يېزىسى ۋە مۇنۇ ـ مۇنۇ ماللار بار ئىدى. دېمەك، ﷲ تائالانىڭ: ﷲ پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، فەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى)نىڭ ماللىرىنى ئىچىڭلاردىكى بايلارنىڭ ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، ﷲقا، پەيغەمبىرىگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى. پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ﷲتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ﷲنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر [3]؛ (ئۇ غەنىمەتلەرنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال ـ مۈلكىدىن

---

[1] سۈرە تەۋبە، 60 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھەشىر، 6 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ھەشىر، 7 ـ ئايەت.

ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر ①؛ ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى)دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەفسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەدكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغفىرەت قىلغىن، دىلىمىزدا مۆئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ دېگەن ئايەتلىرى بارلىق كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، قولۇڭلاردىكى بەزى قۇللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىرمۇ مۇسۇلمان مۇشۇ غەنىمەت مالدىن قۇرۇق قالمىغان. الله خالىسا، ھاياتىم بويىچە ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇ غەنىمەتتىن نېسىۋىسىنى يەتكۈزۈپ تۇرىمەن③.

(نەسائى: 4148)

6307 - عَنْ الْمُغِيرَةِ قَالَ جَمَعَ عُمَرُ بْنُ عَبْدِ الْعَزِيزِ بَنِي مَرْوَانَ حِينَ اسْتُخْلِفَ فَقَالَ إِنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَتْ لَهُ فَدَكُ فَكَانَ يُنْفِقُ مِنْهَا وَيَعُودُ مِنْهَا عَلَى صَغِيرِ بَنِي هَاشِمٍ وَيُزَوِّجُ مِنْهَا أَيِّمَهُمْ وَإِنَّ فَاطِمَةَ سَأَلَتْهُ أَنْ يَجْعَلَهَا لَهَا فَأَبَى فَكَانَتْ كَذَلِكَ فِي حَيَاةِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَتَّى مَضَى لِسَبِيلِهِ فَلَمَّا أَنْ وَلِيَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَمِلَ فِيهَا بِمَا عَمِلَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي حَيَاتِهِ حَتَّى مَضَى لِسَبِيلِهِ فَلَمَّا أَنْ وَلِيَ عُمَرُ عَمِلَ فِيهَا بِمِثْلِ مَا عَمِلَا حَتَّى مَضَى لِسَبِيلِهِ ثُمَّ أَقْطَعَهَا مَرْوَانُ ثُمَّ صَارَتْ لِعُمَرَ بْنِ عَبْدِ الْعَزِيزِ قَالَ عُمَرُ يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الْعَزِيزِ فَرَأَيْتُ أَمْرًا مَنَعَهُ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَاطِمَةَ عَلَيْهَا السَّلَام لَيْسَ لِي بِحَقٍّ وَأَنَا أُشْهِدُكُمْ أَنِّي قَدْ

① سۈرە ھەشىر، 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە ھەشىر، 9 ـ ۋە 10 ـ ئايەتلەر.

③ ئەلبانى (3867): سەھىھ ـ دېگەن.

رَدَدْتُهَا عَلَى مَا كَانَتْ يَعْنِي عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

6307 ـ مۇغىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپە بولغان چاغدا، مەرۋان جەمەتىنى يىغىپ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ فەدەكتە زېمىنى بار ئىدى، ئۇنىڭدىن چىققان ھوسۇلنى ئۆزىگە خىراجەت قىلغاندىن سىرت، ھاشىم جەمەتىنىڭ نارەسىدىلىرىگە خەير ـ ئېھسان قىلاتتى ۋە ئۇلاردىن ئۆيلەنمىگەنلىرىنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قوياتتى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ زېمىننى ئۆزىگە بېرىشنى سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ زېمىننىڭ مەھسۇلاتى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتى بويىچە شۇنداق ئىشلىتىلىپ كەلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندىن كېيىن، ئۇ زېمىننىڭ مەھسۇلاتىنى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەكلا بىر تەرەپ قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىپ، ئالەمدىن ئۆتتى. كېيىن، مەرۋان ئۇ يەرنى ئۆزىگە خاس قىلىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ (يەنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز) قولۇمغا چۈشتى. شۇڭا مەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ زېمىننى قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بەرمىگەن تۇرسا، ئەلۋەتتە، مېنىڭ ئېلىۋېلىش ھەققىم ئەمەس" دەپ قارىدىم، بۇ سەۋەبتىن مەن سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، مەن ئۇ زېمىننى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدىكى ئەسلى ھالىتىگە قايتۇردۇم، ـ دېدى.

(ئەبۇ داۋۇد: 2973)

6308 - عَنْ مَالِكِ بنِ أوْسِ بنِ الْحَدَثَانِ قَالَ ذَكَرَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ يَوْمًا الْفَيْءَ فَقَالَ مَا أنَا بِأحَق بِهَذَا الْفَيْءِ مِنْكُمْ وَمَا أحَدٌ مِنا بِأحَق بِهِ مِنْ أحَدٍ إلا أنا عَلَى مَنَازِلِنَا مِنْ كِتَابِ اللهِ عَز وَجَل وَقَسْمِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَالرجُلُ وَقِدَمُهُ وَالرجُلُ وَبَلَاؤُهُ وَالرجُلُ وَعِيَالُهُ وَالرجُلُ وَحَاجَتُهُ.

6308 ـ مالىك ئىبنى ئەۋس ئىبنى ھەدەساندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى غەنىمەت ماللارنى تىلغا ئېلىپ:

ـ مەن بۇ غەنىمەت مالغا سىلەردىن بەكرەك ھەقلىق ئەمەسمەن. ھېچبىرىمىز باشقا بىرىمىزدىن بەكرەك ھەقلىق ئەمەسمىز. بىز پەقەت اللهنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەقسىماتى بويىچە دەرىجىلەرگە ئايرىلغاندۇق. شۇڭا بۇ غەنىمەتلەر كىشىنىڭ ئىسلامدىكى پېشقەدەملىكى، كۆرسەتكەن پىداكارلىقى، باقىدىغان بالا ـ چاقىلىرى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىنىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2950)

6309 - عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ فَرَضَ لِلْمُهَاجِرِينَ الْأَوَّلِينَ أَرْبَعَةَ آلَافٍ فِي أَرْبَعَةٍ وَفَرَضَ لِابْنِ عُمَرَ ثَلَاثَةَ آلَافٍ وَخَمْسَ مِائَةٍ فَقِيلَ لَهُ هُوَ مِنْ الْمُهَاجِرِينَ فَلِمَ نَقَصْتَهُ مِنْ أَرْبَعَةِ آلَافٍ فَقَالَ إِنَّمَا هَاجَرَ بِهِ أَبَوَاهُ يَقُولُ لَيْسَ هُوَ كَمَنْ هَاجَرَ بِنَفْسِهِ.

6309 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: دادام ئۆمەر دەسلەپتە ھىجرەت قىلغان ھەربىر مۇھاجىرغا بەيتۇلمالدىن تۆت مىڭ تەڭگە بېرىپ، ماڭا ئۈچ مىڭ بەش يۈز تەڭگە بېرىشنى بەلگىلىگەندە، ئۇنىڭغا:

ـ ئىبنى ئۆمەرمۇ مۇھاجىرلاردىن تۇرسا، ئۇنىڭغا نېمىشقا تۆت مىڭ تەڭگىدىن كەم بېرىسەن؟ ـ دېيىلىۋىدى، دادام:

ـ ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى ھىجرەت قىلدۇرغان، شۇڭا ئۆزى ھىجرەت قىلغان كىشى بىلەن تەڭ دەرىجىدە ئەمەس، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 3912)

6310 - عَنْ قَيْسٍ كَانَ عَطَاءُ الْبَدْرِيِّينَ خَمْسَةَ آلَافٍ خَمْسَةَ آلَافٍ وَقَالَ عُمَرُ لَأُفَضِّلَنَّهُمْ عَلَى

[1] ئەلبانى (2557): ھەسەن ۋە مەۋقۇف، ـ دېگەن.

مَنْ بَعْدَهُمْ.

6310 ـ قەيىسىتىن مۇنىداق رىۋايەت قىلىنىنىدۇ: بەدر غازىتىغا قاتناشقۇچىلارغا (ئۆمەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرنىڭ دەۋرىدە) بەش مىڭ (تەڭگە)دىن مائاش بېكىتىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بەدر غازىتىغا قاتناشقۇچىلارغا باشقىلاردىن ئارتۇق بەرمەي قويمايمەن، ـ دېگەنىدى.

(بۇخارى: 4022)

6311 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أُتِيَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمَالٍ مِنْ الْبَحْرَيْنِ فَقَالَ انْثُرُوهُ فِي الْمَسْجِدِ وَكَانَ أَكْثَرَ مَالٍ أُتِيَ بِهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَخَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الصلَاةِ وَلَمْ يَلْتَفِتْ إِلَيْهِ فَلَما قَضَى الصلَاةَ جَاءَ فَجَلَسَ إِلَيْهِ فَمَا كَانَ يَرَى أَحَدًا إِلا أَعْطَاهُ إِذْ جَاءَهُ الْعَباسُ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَعْطِنِي فَإِني فَادَيْتُ نَفْسِي وَفَادَيْتُ عَقِيلًا فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خُذْ فَحَثَا فِي ثَوْبِهِ ثُم ذَهَبَ يُقِلهُ فَلَمْ يَسْتَطِعْ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ اؤْمُرْ بَعْضَهُمْ يَرْفَعْهُ إِلَي قَالَ لَا قَالَ فَارْفَعْهُ أَنتَ عَلَي قَالَ لَا فَنَثَرَ مِنْهُ ثُم ذَهَبَ يُقِلهُ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ اؤْمُرْ بَعْضَهُمْ يَرْفَعْهُ عَلَي قَالَ لَا قَالَ فَارْفَعْهُ أَنتَ عَلَي قَالَ لَا فَنَثَرَ مِنْهُ ثُم احْتَمَلَهُ فَأَلْقَاهُ عَلَى كَاهِلِهِ ثُم انْطَلَقَ فَمَا زَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُتْبِعُهُ بَصَرَهُ حَتى خَفِيَ عَلَيْنَا عَجَبًا مِنْ حِرْصِهِ فَمَا قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَثَم مِنْهَا دِرْهَمٌ.

6311 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەھرەيننىڭ ماللىرى يېتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنى مەسجىدكە تۆكۈڭلار! ـ دېدى. بۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كەلگەن ئەڭ كۆپ مال ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماللارغا قاراپمۇ قويماستىن، نامازغا چىقتى ۋە نامازدىن كېيىن، مالنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. قانداقلا بىرىنى كۆرسە، ئۇنىڭغا (مالدىن) بىر نەرسە بېرەتتى. شۇ ئەسنادا (رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى) ئابباس كېلىپ:

ـــ ئـى رەسـۇلۇللاھ! مـالـدىن مـاڭـىمۇ بەرگـىن، چـۈنكى مـەن (بەدر ئۇرۇشـىدا ئەسـىرگە چۈشـۈپ قېلىـپ) ئـۆزەم ۋە (ئوغلـۇم) ئەقىـل ئۈچـۈن تۆلـەم تۆلـىگەنـىدىم، ـ دېدى. پەيغەمـبەر ئەلـەيھىسسالام:

ـــ ئـالغىن! ــ دېـدى. ئابـباس تـاغـىرىنى لـىق تولـدۇردى، ئەمـما كـۆتۈرەلـمىدى ـ دە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىرىگە ئەمر قىلساڭ، تاغارنى ماڭا يۈدۈپ قويسا، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بولمايدۇ، ـ دېدى. ئابباس:

ـ ئۇنداقتا، سەن يۈدۈپ قويغىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ بولمايـدۇ، ـ دېـدى. شـۇنىڭ بىـلەن، ئابـباس مـالـدىن ئـازراق ئېلىۋېتىپ، كۆتۈرمەكچى بولدى، لېكىن يەنە كۆتۈرەلمەي:

ـ ئى رەسـۇلۇللاھ! بىـرىگە ئەمـر قىلساڭ، تاغـارنى يـۈدۈپ قويـسا، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بولمايدۇ، ـ دېدى. ئابباس:

ـ ئۇنداقتا، سـەن يـۈدۈپ قـويغىن! ــ دېـدى. پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ـــ بولمايـدۇ، ـ دېـدى. ئابـباس تـاغـىرىنى يەنە ئـازراق يېرىمـدىتىپ، ئاندىن دۈمبىسىگە ئارتىپ يۈرۈپ كەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا قارىسى يۈتكۈچە ئارقىسىدىن كـۆزىنى ئـۈزمەي قـاراپ تـۇردى. ئابـباس رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ مـالغـا نېمىـدېگەن ھېـرىس ئـىدى؟! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئـاخىرقى بىـر تەڭگىـمۇ قويمـاي تارقىتىـپ بولغىچە، ئۇ يەردىن ئايرىلمىدى.

(بۇخارى: 421)

6312 - عَنْ عَوْفِ بْنِ مَالِكٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا أَتَاهُ الْفَيْءُ قَسَمَهُ فِي يَوْمِهِ فَأَعْطَى الْآهِلَ حَظَّيْنِ وَأَعْطَى الْعَزَبَ حَظًّا.

6312 ـ ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە غەنىمەت مال

كېلىپ قالسا، ئۇنى شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا تەقسىم قىلىپ، ئائىلىلىك كىشىگە ئىككى كىشىلىك، بويتاقىقا بىر كىشىلىك بېرەتتى[①].
(ئەبۇ داۋۇد: 2953)

6313 - عَنْ نَافِعٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَخْبَرَهُ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَامَلَ خَيْبَرَ بِشَطْرِ مَا يَخْرُجُ مِنْهَا مِنْ ثَمَرٍ أَوْ زَرْعٍ فَكَانَ يُعْطِي أَزْوَاجَهُ مِائَةَ وَسْقٍ ثَمَانُونَ وَسْقَ تَمْرٍ وَعِشْرُونَ وَسْقَ شَعِيرٍ فَقَسَمَ عُمَرُ خَيْبَرَ فَخَيرَ أَزْوَاجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يُقْطِعَ لَهُن مِنْ الْمَاءِ وَالْأَرْضِ أَوْ يُمْضِيَ لَهُن فَمِنْهُن مَنْ اخْتَارَ الْأَرْضَ وَمِنْهُن مَنْ اخْتَارَ الْوَسْقَ وَكَانَتْ عَائِشَةُ اخْتَارَتْ الْأَرْضَ.

6313 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەرلىكلەر بىلەن مەيلى مېۋە ياكى زىرائەت بولسۇن، ئۇ يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىنى مۇسۇلمانلارغا بېرىشكە كېلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا سەكسەن ۋەسەق خورما، يىگىرمە ۋەسەق ئارپا بېرەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەيبەرنى تەقسىم قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا سۇ ۋە يەر بىلەن يۈز ۋەسەق ئاشلىق ۋە مېۋىنىڭ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللىۋېلىش ئىختىيارلىقىنى بەرگەنىدى، ئۇلارنىڭ بەزىسى زېمىننى، بەزىسى ئاشلىقنى تاللىۋالدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا زېمىننى تاللىدى.
(بۇخارى: 2328)

[①] ئەلبانى (2560): سەھىھ ـ دېگەن.

## مۇسابىقىلىشىش، ئوق ئېتىش ۋە ئاتلار ھەققىدە

6314 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا سَبَقَ إِلا فِي نَصْلٍ أَوْ خُف أَوْ حَافِرٍ.

6314 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئوق ئېتىش، تۆگە ۋە ئات بەيگىسى قاتارلىق ئۈچ ئىشتىن باشقىسىدا مۇسابىقىلىشىپ، مۇكاپات ئېلىشقا بولمايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1700)

6315 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَبقَ بَيْنَ الْخَيْلِ وَفَضلَ الْقُرحَ فِي الْغَايَةِ.

6315 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتلارنى بەيگىگە سالاتتى ۋە يىراق مۇساپە ئۆچۈن بەش ياشلىق ئاتلارنى تاللايتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2577)

6316 - عن ابن عمر أن النبي صلى الله عليه وسلم سابق بين الخيل وجعل بينها سبقا وجعل فيها محللا.

---

[1] ئەلبانى (1390): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2247): سەھىھ ـ دېگەن.

6316 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتلارنى بەيگىگە سېلىپ، مۇكاپات بەلگىلىگەن ۋە ئات بەيگىسىنىڭ مۇكاپاتىنى ھالال قىلغان[①].
(«ئەلئەۋسەت»)

6317 - عن ابي لبيد لُمَازَةُ بْنُ زَبار قَالَ أُرْسِلَتْ الْخَيْلُ زَمَنَ الْحَجاجِ فَقُلْنَا لَوْ أَتَيْنَا الرِهَانَ قَالَ فَأَتَيْنَاهُ ثُم قُلْنَا لَوْ أَتَيْنَا إِلَى أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ فَسَأَلْنَاهُ هَلْ كُنْتُمْ تُرَاهِنُونَ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَأَتَيْنَاهُ فَسَأَلْنَاهُ فَقَالَ نَعَمْ لَقَدْ رَاهَنَ عَلَى فَرَسٍ لَهُ يُقَالُ لَهُ سَبْحَةُ فَسَبَقَ الناسَ فَهَش لِذَلِكَ وَأَعْجَبَهُ.

6317 ـ لۇمازە ئىبنى زەببار رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەججاجنىڭ زامانىدا ئاتلارنى بەيگىگە سېلىپ، ئۆز ئارىمىزدا:
ــ باغلىشىپ باقامدۇق؟ ـ دېيىشتۇق ۋە شۇنداق قىلدۇق. كېيىن، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:
ـ ''سىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا باغلىشاتتىڭلارمۇ؟'' دەپ سوراپ باقايلى، ـ دېيىشتۇق ۋە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ ھەقتە سورىغاندۇق، ئۇ:
ــ ھەئە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇبھە دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئات ئۈستىدە باغلاشتى. ئۇ ئات ھەممىسىنى بېسىپ چۈشكەندى، بەكمۇ خۇش بولۇپ، كۆڭلى يايراپ كەتتى، ـ دېدى[②].
(ئەھمەد: 12216)

6318 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ أَجْرَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا ضُمرَ مِنْ الْخَيْلِ مِنْ الْحَفْيَاءِ إِلَى ثَنِيةِ الْوَدَاعِ وَأَجْرَى مَا لَمْ يُضَمرْ مِنْ الثنِيةِ إِلَى مَسْجِدِ بَنِي زُرَيْقٍ قَالَ ابْنُ عُمَرَ وَكُنْتُ فِيمَنْ أَجْرَى قَالَ عَبْدُ اللِهِ حَدثَنَا سُفْيَانُ قَالَ حَدثَنِي عُبَيْدُ اللـهِ

[①] ھەيسەمى (9354): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.
[②] ھەيسەمى (9356): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد بىلەن تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

قَالَ سُفْيَانُ بَيْنَ الْحَفْيَاءِ إِلَى ثَنِيَّةِ الْوَدَاعِ خَمْسَةُ أَمْيَالٍ أَوْ سِتَّةٌ وَبَيْنَ ثَنِيَّةَ إِلَى مَسْجِدِ بَنِي زُرَيْقٍ مِيلٌ.

6318 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەشىق قىلدۇرۇلغان ئاتلارنى ھەفيا بىلەن ۋەدا داۋىنىنىڭ ئارىلىقىدا؛ مەشىق قىلدۇرۇلمىغان ئاتلارنى ۋەدا داۋىنى بىلەن بەنى زۇرەيق مەسجىدى ئارىسىدا بەيگىگە سالاتتى. شۇ بەيگىلەردە مەنمۇ بار ئىدىم. سۇفيان مۇنداق دېگەن:

ــ ھەفيا بىلەن ۋەدا داۋىنىنىڭ ئارىلىقى بەش ـ ئالتە مىل، ۋەدا داۋىنى بىلەن بەنى زۇرەيق مەسجىدىنىڭ ئارىلىقى بىر مىل كېلەتتى.

(بۇخارى: 2868)

6319 - وفي رواية: سِتَّةُ أَمْيَالٍ أَوْ سَبْعَةٌ وَمِنْ ثَنِيَّةِ الْوَدَاعِ وَكَانَ أَمَدُهَا مَسْجِدَ بَنِي زُرَيْقٍ مِيلٌ أَوْ نَحْوُهُ.

6319 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ۋەدا داۋىنى بىلەن ھەفيانىڭ ئارىلىقى ئالتە ياكى يەتتە مىل؛ ۋەدا داۋىنى بىلەن بەنى زۇرەيق مەسجىدىنىڭ ئارىلىقى بىر مىل ياكى شۇنىڭغا يېقىن كېلەتتى، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 2870)

6320 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَدْخَلَ فَرَسًا بَيْنَ فَرَسَيْنِ يَعْنِي وَهُوَ لَا يُؤْمَنُ أَنْ يَسْبِقَ فَلَيْسَ بِقِمَارٍ وَمَنْ أَدْخَلَ فَرَسًا بَيْنَ فَرَسَيْنِ وَقَدْ أُمِنَ أَنْ يَسْبِقَ فَهُوَ قِمَارٌ.

6320 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى باشقا ئاتلارنىڭ ئارىسىغا (بەيگىنى) ئۇتۇپ كېتىش ئېھتىمالى بولمىغان بىر ئاتنى قوشۇپ قويسا، ئۇ قىمار ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر ئۇنتۇپ كېتىش ئېھتىمالى ئېنىق بولغان بىر ئاتنى قوشۇپ قويسا، ئۇ قىمار ھېسابلىنىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2579)

6321 - عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَاقَةٌ تُسَمى الْعَضْبَاءَ لَا تُسْبَقُ قَالَ حُمَيْدٌ أَوْ لَا تَكَادُ تُسْبَقُ فَجَاءَ أَعْرَابِي عَلَى قَعُودٍ فَسَبَقَهَا فَشَق ذَلِكَ عَلَى الْمُسْلِمِينَ حَتى عَرَفَهُ فَقَالَ حَق عَلَى اللهِ أَنْ لَا يَرْتَفِعَ شَيْءٌ مِنْ الدنْيَا إِلا وَضَعَهُ.

6321 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەزبائ دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۆگىسى بولۇپ، باشقا تۆگىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيتتى، بىر ئەئرابى ئۆزىنىڭ مىنىدىغان تۆگىسى بىلەن مۇسابىقىلىشىپ ئەزبائنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئىش مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كەلگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى بىلىپ:

ــ دۇنيادا قانداق نەرسە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىكەن، الله ئۇنى چۈشۈرمەي قالمايدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2872)

6322 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ شِمَاسَةَ أَن فُقَيْمًا اللخْمِي قَالَ لِعُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ تَخْتَلِفُ بَيْنَ هَذَيْنِ الْغَرَضَيْنِ وَأَنتَ كَبِيرٌ يَشُق عَلَيْكَ قَالَ عُقْبَةُ لَوْلَا كَلَامٌ سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ أُعَانِيهِ قَالَ الْحَارِثُ فَقُلْتُ لِابْنِ شَمَاسَةَ وَمَا ذَاكَ قَالَ إِنهُ قَالَ مَنْ عَلِمَ الرمْيَ ثُم تَرَكَهُ فَلَيْسَ مِنا أَوْ قَدْ عَصَى.

6322 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى شىماسەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: فۇقەيم لەخمىي (ئىسىملىك بىرى) ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

---

[1] ئەلبانى (554): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ياشىنىپ قالغان تۇرۇپ، مۇشۇ ئىككى نىشان ئوتتۇرىدا قاتناپ، ئوق ئېتىپ يۈرەمسەن؟ ساڭا ئېغىر كەلمەمدۇ؟ - دېۋىدى، ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر سۆزنى ئاڭلىمىغان بولسام، ئۇنداق قىينىلىپ يۈرمىگەن بولاتتىم، - دېدى. ھارىس (راۋىي) مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى شىماسەدىن:

ــ ئۇ نېمە سۆز ئىكەن؟ - دەپ سورىغانىدىم ئۇ:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ ئۇنتۇپ قالسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس (ياكى بىزگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ)» دېگەنىكەن، - دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 1919)

6323 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن اللهَ عَز وَجَل يُدْخِلُ بِالسهْمِ الْوَاحِدِ ثَلَاثَةَ نَفَرٍ الْجَنةَ صَانِعَهُ يَحْتَسِبُ فِي صَنْعَتِهِ الْخَيْرَ وَالرامِيَ بِهِ وَمُنْبِلَهُ وَارْمُوا وَارْكَبُوا وَأَنْ تَرْمُوا أَحَب إِلَي مِنْ أَنْ تَرْكَبُوا لَيْسَ مِنْ اللهْوِ إِلا ثَلَاثٌ تَأْدِيبُ الرجُلِ فَرَسَهُ وَمُلَاعَبَتُهُ أَهْلَهُ وَرَمْيُهُ بِقَوْسِهِ وَنَبْلِهِ وَمَنْ تَرَكَ الرمْيَ بَعْدَ مَا عَلِمَهُ رَغْبَةً عَنْهُ فَإِنهَا نِعْمَةٌ تَرَكَهَا أَوْ قَالَ كَفَرَهَا.

6323 - ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «الله تائالا بىر پاي ئوق بىلەن ئۈچ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئۇلار: ئۇ ئوقنى ساۋاب كۈتۈپ ياسىغان، ئۇنى ئاتقان ۋە ئۇنى ئاتقۇچىغا توشۇپ بەرگەن كىشىدۇر. شۇڭا ماڭا نىسبەتەن ئوق ئېتىپ مەشىق قىلغىنىڭلار ئات مىنىپ مەشىق قىلغىنىڭلاردىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر. مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىش بىھۇدە ئويۇن - تاماشىغا كىرمەيدۇ: ئەر كىشىنىڭ ئېتىنى مەشىق قىلدۇرۇشى، ئايالى بىلەن ئوينىشىشى ۋە (يا بىلەن) ئوق ئېتىشى.

كىمكى ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ تاشلىۋەتسە، نېمەتتىن تانغان (ياكى تۈزكورلۇق قىلغان) بولىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2513)

6324 - عن سَلَمَةَ بْنَ الْأَكْوَعِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ مَر النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى نَفَرٍ مِنْ أَسْلَمَ يَنْتَضِلُونَ فَقَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ارْمُوا بَنِي إِسْمَاعِيلَ فَإِن أَبَاكُمْ كَانَ رَامِيًا ارْمُوا وَأَنَا مَعَ بَنِي فُلَانٍ قَالَ فَأَمْسَكَ أَحَدُ الْفَرِيقَيْنِ بِأَيْدِيهِمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا لَكُمْ لَا تَرْمُونَ قَالُوا كَيْفَ نَرْمِي وَأَنْتَ مَعَهُمْ قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ارْمُوا فَأَنَا مَعَكُمْ كُلكُمْ.

6324 ـ سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى قىلىشىۋاتقان ئەسلەم قەبىلىسىلىك كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

ــ ئېتىڭلار! ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرى، ئاتاڭلار مەرگەن ئىدى. ئېتىڭلار! مەن پالانى جەمەت تەرەپتە، ـ دېگەن ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىكىلەر ئاتماي تۇرۇۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سىلەرگە نېمە بولدى، ئاتمايسىلەرغۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ــ سەن ئۇلار تەرەپتە تۇرساڭ، بىز قانداقمۇ ئاتىمىز؟! ــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئېتىڭلار، مەن ھەممىڭلار تەرەپتە، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2899)

6325 - عَنْ أَبِي وَهْبٍ الْجُشَمِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَيْكُمْ بِكُل كُمَيْتٍ أَغَر مُحَجلٍ أَوْ أَشْقَرَ أَغَر مُحَجلٍ أَوْ أَدْهَمَ أَغَر مُحَجلٍ.

قَالَ مُحَمدٌ يَعْنِي ابْنَ مُهَاجِرٍ وَسَأَلْتُهُ لِمَ فُضلَ الْأَشْقَرُ قَالَ لِأَن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعَثَ سَرِيةً فَكَانَ أَولَ مَنْ جَاءَ بِالْفَتْحِ صَاحِبُ أَشْقَرَ.

---

[①] ئەلبانى (540): زەئىپ، ـ دېگەن.

6325 ـ ئەبۇ ۋەھب جۇشەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاق پاچاق، قاشقىلىق، چىلانتورۇق (ئات) ياكى ئاق پاچاق، قاشقىلىق، جەدە (ئات) مىنىڭلار ۋەياكى ئاق پاچاق، قاشقىلىق، قارىگەر مىنىڭلار». ئەبۇ ۋەھبتىن:

ــ جەدە ئاتنى نېمە ئۈچۈن ئەۋزەل كۆرگەن؟ ـ دەپ سورالغانىدى، ئۇ:

ــ چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قوشۇن ئەۋەتكەن ئىدى، دەسلەپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن كىشى چىلانتورۇق مىنىۋالغان ئىدى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2543)

6326 - وفي رواية: ارْتَبِطُوا الْخَيْلَ وَامْسَحُوا بِنَوَاصِيهَا وَأَعْجَازِهَا أَوْ قَالَ أَكْفَالِهَا وَقَلِّدُوهَا وَلَا تُقَلِّدُوهَا الْأَوْتَارَ.

6326 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاتلارنى ئوبدان بېقىڭلار، پېشانىسىنى ۋە ساغرىسىنى سىلاڭلار، بوينىغا بىر نەرسە ئېسىپ قويۇڭلار، ئەمما كۆز مۇنچىقى ئاسماڭلار» دېيىلگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2553)

6327 - عَنْ أَبِي قَتَادَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ خَيْرُ الْخَيْـلِ الْـأَدْهَمُ الْأَقْرَحُ الْأَرْثَمُ ثُم الْأَقْرَحُ الْمُحَجلُ طَلْقُ الْيَمِينِ فَإِنْ لَمْ يَكُنْ أَدْهَمَ فَكُمَيْتٌ عَلَى هَذِهِ الشيَةِ.

6327 ـ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى قاشقىسى، ئۈستۈن كالپۇكى ياكى بۇرنى ئاق قارىگەر؛ ئۇنىدىن قالسا قاشقىسى، ئۈچ پۇتى ئاق، ئەمما قارىگەر بولمىغان تەقدىردىمۇ شۇنداق ئالامىتى بار چىلانتورۇقتۇر»[3].

(تىرمىزى: 1696)

---

[1] ئەلبانى (548): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2226): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1387): سەھىھ ـ دېگەن.

6328 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُمْنُ الْخَيْلِ فِي شُقْرِهَا.

6328 ـ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ ئامەتى چىلانتورۇقىدا (يەنى رەڭگىدە)دۇر»[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 2545)

6329 - وقال رَاشِدُ بن سَعْدٍ كان السلَفُ يَسْتَحِبونَ الْفُحُولَةَ لِأَنَّهَا أَجْرَى وَأَجْسَرُ.

6329 ـ راشىد ئىبنى سەئد مۇنداق دەيدۇ: ئايغىر ئات يۈگۈرۈك ۋە جاسارەتلىك بولغاچقا، بۇرۇنقىلار ئۇنى ياخشى كۆرەتتى.
(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

6330 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَكْرَهُ الشِّكَالَ مِنْ الْخَيْلِ وَالشِّكَالُ أَنْ يَكُونَ الْفَرَسُ فِي رِجْلِهِ الْيُمْنَى بَيَاضٌ وَفِي يَدِهِ الْيُسْرَى أَوْ فِي يَدِهِ الْيُمْنَى وَرِجْلِهِ الْيُسْرَى.

6330 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۇتلىرىنىڭ رەڭگى چاپراس ئاتلارنى ياقتۇرمايتتى. ئوڭ ئارقا پۇتى بىلەن سول ئالدى پۇتى ياكى ئوڭ ئالدى پۇتى بىلەن سول ئارقا پۇتى ئاق بولسا چاپراس بولىدۇ.
(مۇسلىم: 1875)

6331 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ كَرِهَ الشِّكَالَ مِنْ الْخَيْلِ قَالَ أَبُو عَبْد الرَّحْمَنِ الشِّكَالُ مِنْ الْخَيْلِ أَنْ تَكُونَ ثَلَاثُ قَوَائِمَ مُحَجَّلَةً وَوَاحِدَةٌ مُطْلَقَةً أَوْ تَكُونَ الثَّلَاثَةُ مُطْلَقَةً وَرِجْلٌ مُحَجَّلَةً وَلَيْسَ يَكُونُ الشِّكَالُ إِلَّا فِي رِجْلٍ وَلَا يَكُونُ فِي الْيَدِ.

[1] ئەلبانى (2218): ھەسەن، ـ دېگەن.

6331 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۇت رەڭلىرى پەرلەشمىگەن ئاتلارنى يامان كۆرەتتى. ئىمام نەسائى مۇنداق دەيدۇ:

ـ ئۈچ پۇتى ئاق، بىر پۇتى قارا ياكى ئۈچ پۇتى قارا، بىر پۇتى ئاق بولسا، پۇتىنىڭ رەڭگى پەرلەشمىگەن بولىدۇ. پەرلەشمەسلىك پەقەتلا ئارقا پۇتتا بولىدۇ، ئالدى پۇتتا بولمايدۇ[①].

(نەسائى: 3567)

6332 - عَنْ عُرْوَةَ الْبَارِقِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْخَيْلُ مَعْقُودٌ فِي نَوَاصِيهَا الْخَيْرُ الْأَجْرُ وَالْمَغْنَمُ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ.

6332 ـ ئۇرۋە بارىقى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاتنىڭ ماڭلىيىغا تاكى قىيامەتكىچىلىك ئەجىر ۋە غەنىمەتتىن ئىبارەت ياخشىلىق پۈتۈلگەن».

(بۇخارى: 3119)

6333 - عَنْ عُتْبَةَ بْنِ عَبْدٍ السلَمِي وَهَذَا لَفْظُهُ أَنهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تَقُصوا نَوَاصِي الْخَيْلِ وَلَا مَعَارِفَهَا وَلَا أَذْنَابَهَا فَإِن أَذْنَابَهَا مَذَابهَا وَمَعَارِفَهَا دِفَاؤُهَا وَنَوَاصِيَهَا مَعْقُودٌ فِيهَا الْخَيْرُ.

6333 ـ ئۇتبە ئىبنى ئەبد سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئاتلارنىڭ ماڭلىيى، يايلىسى ياكى قۇيرۇقىنى قىرقىۋەتمەڭلار. چۈنكى ماڭلىيىغا تاكى قىيامەتكىچىلىك ياخشىلىق پۈتۈلگەن، يايلىسى ئۇنىڭ (ئىسسىندىغان) شارپىسى، قۇيرۇقى چىۋىن قورىغۇچىسىدۇر»[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2542)

---

[①] ئەلبانى (3337): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (2217): سەھىھ ـ دېگەن.

6334 - عن ابي كَبْشَةَ صَاحِبَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، أنهُ قَالَ: الْخَيْلُ مَعْقُودٌ فِي نَوَاصِيهَا الْخَيْرُ وَأَهْلُهَا مُعَانُونَ عَلَيْهَا، وَالْمُنفِقُ عَلَيْهَا كَالْبَاسِطِ يَدَهُ بِالصدَقَةِ.

6334 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى ئەبۇ كەبشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاتنىڭ ماڭلىيىغا تاكى قىيامەتكىچىلىك ياخشىلىق پۈتۈلگەن بولۇپ، ئۇنى بېقىشتا ئىگىلىرىگە ياردەم قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن (پۇل ـ مال) خەجلىگەن كىشى خۇددى قولىنى ئېچىپ سەدىقە بېرىپ تۇرغان كىشىگە ئوخشايدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 339/22)

6335 - زاد من طريق آخر في آخره: وَأَبْوَالُهَا وَأَرْوَاثُهَا لأَهْلِهَا عِنْدَ اللهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مِنْ مِسْكِ الْجَنةِ".

6335 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇنىڭ سۈيدۈك ـ تېزەكلىرى قىيامەت كۈنى اللهنىڭ ھوزۇرىدا ئىگىلىرى ئۈچۈن جەننەتنىڭ مىسكى ـ ئەنبەرلىرى بولىدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر»: 188/17)

6336 - عَنْ يَحْيى بْنِ سَعِيدٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رُئِيَ وَهُوَ يَمْسَحُ وَجْهَ فَرَسِهِ بِرِدَائِهِ فَسُئِلَ عَنْ ذَلِكَ فَقَالَ إني عُوتِبْتُ اللَيْلَةَ فِي الْخَيْلِ.

6336 ـ يەھيا ئىبنى سەئىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېتىنىڭ يۈزىنى تونىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتۈۋاتاتتى، بۇنى كۆرگەن كىشىلەر سەۋەبىنى سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ھەيسەمى (9328): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9330): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كىملىكى نامەلۇم بىرى بار، ـ دېگەن.

ـ مەن بۇ كېچە ئات توغرىسىدا مالامەتكە ئۇچرىغان ئىدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مالىك: 1019)

6337 - عَنْ أَنسٍ قَالَ لَمْ يَكُنْ شَيْءٌ أَحَب إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْدَ النسَاءِ مِنْ الْخَيْلِ.

6337 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاياللاردىن قالسا ئاتتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بىر نەرسە يوق ئىدى[①].

(نەسائى: 3564)

3638 - عَنْ أَبِي ذَر قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ فَرَسٍ عَرَبِي إِلا يُؤْذَنُ لَهُ عِنْدَ كُل سَحَرٍ يَدْعُوَتَيْنِ اللهُم خَولْتَنِي مَنْ خَولْتَنِي مِنْ بَنِي آدَمَ وَجَعَلْتَنِي لَـهُ فَاجْعَلْنِي أَحَب أَهْلِهِ وَمَالِهِ إِلَيْهِ أَوْ مِنْ أَحَب مَالِهِ وَأَهْلِهِ إِلَيْهِ.

6338 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق ئەرەب ئېتى ئۇچۇن ھەر سەھەر ۋاقتىدا مۇنداق ئىككى دۇئا قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەن: ئى الله! مېنى مۇشۇ ئادەم بالىسىنىڭ مۈلكى قىلدىڭ. شۇڭا مېنى ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى قىلغىن ياكى مېنى ئائىلىسى ۋە مال ـ مۈلكى ئىچىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسە قىلغىن!»[②].

(نەسائى: 3579)

6339 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُسَمي الْأُنْثَى مِنْ الْخَيْلِ فَرَسًا.

[①] ئەلبانى (232): زەئىپ، ـ دېگەن.
[②] ئەلبانى (3346): سەھىھ ـ دېگەن.

6339 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بايتالنى فەرەس دەپ ئاتايتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2546)

6340 - عن أُبي بْنُ عَباسِ بْنِ سَهْلٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ كَانَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي حَائِطِنَا فَرَسٌ يُقَالُ لَهُ اللحَيْفُ قَالَ أَبو عَبْد اللهِ وَقَالَ بَعْضُهُمْ اللخَيْفُ.

6340 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىزنىڭ بېغىمىزدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ "لۇھەيف" ئىسىملىك بىر ئېتى بار ئىدى. ئىمام بۇخارى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن:

ــ بەزىلەر بۇ ئاتنىڭ ئىسمىنى "لۇخەيف" دەپ رىۋايەت قىلغان.

(بۇخارى: 2855)

6341 - عَنْ عَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أُهْدِيَتْ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَغْلَةٌ فَرَكِبَهَا فَقَالَ عَلِي لَوْ حَمَلْنَا الْحَمِيرَ عَلَى الْخَيْلِ فَكَانَتْ لَنَا مِثْلُ هَذِهِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنمَا يَفْعَلُ ذَلِكَ الذِينَ لَا يَعْلَمُونَ.

6341 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قېچىر سوۋغا قىلىنغان ئىدى، ئۇنى ئۆزى مىندى. مەن:

ــ ئېشەكنى ئاتقا چاپتۇرغان بولساق، بىزنىڭمۇ مۇشۇنداق قېچىرىمىز بولغان بولسا، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداق ئىشنى بىلمەيدىغانلار قىلىدۇ، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2565)

[1] ئەلبانى (2219): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2236): سەھىھ ـ دېگەن.

6342 - عَنْ سُوَيْدِ بْنِ هُبَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ خَيْرُ مَالِ الْمَرْءِ لَهُ مُهْرَةٌ مَأْمُورَةٌ أَوْ سِكةٌ مَأْبُورَةٌ.

6342 ـ سۇۋەيد ئىبنى ھۇبەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق مېلى تۇغۇمچان ئات بىلەن قاتار كەتكەن ۋە چاڭلاشتۇرۇلغان خورما دەرەخلىرىدۇر»①.

(ئەھمەد: 15418؛ «ئەلكەبىر»: 6470)

6343 - عَنْ أَبِي كَبْشَةَ الْأَنْمَارِي قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ أَطْرَقَ فَعَقبَ لَهُ الْفَرَسُ كَانَ لَهُ كَأَجْرِ سَبْعِينَ فَرَسًا حُمِلَ عَلَيْهِ فِي سَبِيلِ اللهِ.

6343 ـ ئەبۇ كەبشە ئەنمارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى ئايغىرىنى چاپتۇرۇشقا ئارىيەت بېرىپ تۇرۇپ، ئۇ بايتال (شۇ ئايغىردىن) تۇغقان بولسا، (ئايغىرنىڭ ئىگىسىگە) ﷲنىڭ يولىدا مۇجاھىدلارنى مىندۇرگەن يەتمىش ئاتنىڭ ساۋابى بولىدۇ»②.

(ئەھمەد: 15571؛ «ئەلكەبىر» :341/22)

6344 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ, قَالَ: مَا تَعَاطِي الناسُ بَيْنَهُمْ شَيْئًا قَط أَفْضَلَ مِنَ الطرْقِ يَطْرُقُ الرجُلُ فَرَسَهُ فَيُجْرِي لَهُ أَجْرَهُ , وَيطْرُقُ الرجُلُ فَحَلَهُ فَيُجْرِي لَهُ أَجْرَهُ , وَيطْرُقُ الرجُلُ كَبْشَهُ فَيُجْرِي لَهُ أَجْرَهُ.

6344 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئارىسىدا ئۆز ئۇلىقىنى چاپتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن باشقىلارغا ئارىيەت بېرىپ تۇرۇشتىنمۇ ياخشىراق بىر ئىش يوق. بىر كىشى بايتىلىنى ئايغىرغا

① ھەيسەمى (9320): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (9370): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

چاپتۇرسا، ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلىدۇ. بىر كىشى ئايغىرىنى بايتالغا چاپتۇرسا، ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلىدۇ. كىمكى قوچقىرىنى باشقىلارغا ئارىيەت بېرىپ تۇرسا، ئۇنىڭغىمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ[1].

(«ئەلكەبىر»: 13061)

6345 - عَنْ كَثِيرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَوْفٍ الْمُزَنِي عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُبدأُ بِالْخَيْلِ يَوْمَ وِرْدِهَا.

6345 ـ ئەۋف مۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(ماللار) سۇغارغىلى كەلتۈرۈلگەندە، ئالدى بىلەن ئاتلار سۇغۇرىلىدۇ»[2].

(ئىبنى ماجە: 2484)

---

[1] ھەيسەمى (9371): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (540): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

# قوشۇن ئەۋەتىش ۋە غازاتلار بۆلۈمى

## رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تېگىنىڭ ئېسىللىكى، پەيغەمبەرلىكنىڭ قەدىمقى زامانلارغا تۇتىشىدىغانلىقى، نەسەبى ۋە نام- شېرىپلىرى

6346 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَـالَ بُعِثْتُ مِنْ خَيْرِ قُرُونِ بَنِي آدَمَ قَرْنًا فَقَرْنًا حَتى كُنْتُ مِنْ الْقَرْنِ الذِي كُنْتُ فِيهِ.

6346 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسىرىدە ئەۋەتىلدىم. ئەسىرلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ، نىھايەت، مەن ئەۋەتىلگەن ئەسىر يېتىپ كەلدى».

(بۇخارى: 3557)

6347 - عن وَاثِلَةَ بْنَ الْأَسْقَعِ قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إن اللهَ اصْطَفَى كِنَانَةَ مِنْ وَلَدِ إِسْمَعِيلَ وَاصْطَفَى قُرَيْشًا مِنْ كِنَانَةَ وَاصْطَفَى مِنْ قُرَيْشٍ بَنِي هَاشِمٍ وَاصْطَفَانِي مِنْ بَنِي هَاشِمٍ.

6347 ـ ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«اللہ تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن كىنانە قەبىلىسىنى، كىنانە قەبىلىسىدىن قۇرەيشنى، قۇرەيشتىن ھاشىم جەمەتىنى، ھاشىم جەمەتىدىن مېنى تاللىدى».

(مۇسلىم: 2276)

6348 - عَنْ الْعباسِ بْنِ عَبْدِ الْمُطلِبِ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِن قُرَيْشًا جَلَسُوا تَذَاكَرُوا أَحْسَابَهُمْ بَيْنَهُمْ فَجَعَلُوا مَثَلَكَ مَثَلَ نَخْلَةٍ فِي كَبْوَةٍ مِنْ الْأَرْضِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ خَلَقَ الْخَلْقَ فَجَعَلَنِي مِنْ خَيْرِهِمْ مِنْ خَيْرِ فِرَقِهِمْ وَخَيْرِ الْفَرِيقَيْنِ ثُم تَخَيرَ الْقَبَائِلَ فَجَعَلَنِي مِنْ خَيْرِ قَبِيلَةٍ ثُم تَخَيرَ الْبُيُوتَ فَجَعَلَنِي مِنْ خَيْرِ بُيُوتِهِمْ فَأَنَا خَيْرُهُمْ نَفْسًا وَخَيْرُهُمْ بَيْتًا.

6348 ـ ئاببـاس ئىبنـى ئابـدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن مۇنـداق رىـۋايەت قىلىنىـدۇ: مەن پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسەللەمگە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! قۇرەيش خەلقى بىـر يەرگە يىغىلىـپ ئولتـۇرۇپ، ئۆزلىرىنىـڭ نەسەبلىرىنى ماختىـشىپ، سىـنى خـۇددى قىـردا ئۆسـۈپ قالغـان خورمـا كـۆچىتىگە ئوخشىتىـشتى، ـ دېدىم. بـۇنى ئاڭلىغـان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

ــ الله مەخلـۇقلارنى يـاراتتى، ئانـدىن مېنـى ئۇلارنىـڭ ئەڭ ياخشى تۈرىدىن (يەنى ئىنسانلاردىن) قىلدى. ئاندىن (ئەرەب ۋە ئەرەب بولمىغان بۇ) ئىككى تۈرلـۈك ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدىن قىلـدى. ئانـدىن قەبىلىلەرنى تاللىدى (ياراتتى) ۋە مېنى ئەڭ ياخشى قەبىلىدىن (يەنى قۇرەيشتىن) قىلدى. ئاندىن ئائىلىلەرنى تاللىدى ۋە مېنى ئەڭ ياخشى ئائىلىدىن (يەنى ھاشىم ئائىلىسىدىن) قىلـدى. شـۇڭا مەن ئـائىلە جەھەتتىن، شـۇنداقلا جىـسمانىي ۋە روھىـي جەھەتتىـن ئۇلارنىـڭ ئەڭ ياخشىسىمەن[1].

(تىرمىزى: 3607)

6349 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ الْبَاهِلِي رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ، قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمْ، يَقُولُ: "لَما بَلَغَ وَلَدُ مَعْدِ بن عَدْنَانَ أَرْبَعِينَ رَجُلا، وَقَفُوا عَلَى عَسْكَرِ مُوسَى صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمْ وَانْتَهَبُوهُ، فَدَعَا عَلَيْهِمْ مُوسَى بن عِمْرَانَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمْ، قَالَ: يَا رَب هَؤُلاءِ وَلَدُ مَعْدٍ قَدْ أَغَارُوا عَلَى عَسْكَرِي، فَأَوْحَى اللهُ إِلَيْهِ: يَا

[1] ئەلبانى (738): زەئىپ، ـ دېگەن.

مُوسَى بن عِمْرَانَ، لا تَدْعُوا عَلَيهِمْ، فَإن مِنْهُم النبي الأمي النذير البشير بجنتي، وَمِنْهُم الأمة المرحومة أمة محمد، الذين يرضون من الله باليسير من الرزق، ويرضى الله منهم بالقليل من العمل، فيدخلهم الله الجنة، يقول: لا إله إلا الله، لأن نبيهم محمد بن عبد الله بن عبد المطلب المتواضع في هيئته، المجتمع له اللب في سكوته، ينطق بالحكمة، ويستعمل الحلم، أخرجته من خير جيل من أمته قريشا، ثم أخرجته من هاشم صفوة قريش، فهم خير من خير إلى خير يصير، وأمته إلى خير يصيرون".

6349 - ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«مەئەد ئىبنى ئەدنان جەمەتى قىرىق كىشىگە يەتكەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسكەرلىرىنى تالان - تاراج قىلغان ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن، مۇسا ئىبنى ئىمران ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قارغاپ: ئى رەببىم! مەئەدنىڭ ئوغۇللىرى مېنىڭ ئەسكەرلىرىمنى تالان - تاراج قىلىشتى، - دەپ بەددۇئا قىلىپتۇ. الله تائالا ئۇنىڭغا ۋەھيي قىلىپ: ئى مۇسا ئىبنى ئىمران! ئۇلارنى قارغىمىغىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساۋاتسىز، ئاگاھلاندۇرغۇچى، جەننىتىم بىلەن بېشارەت بەرگۈچى بىر پەيغەمبەر بار. يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن رەھمەتكە ئېرىشىدىغان ئۈممەت چىقىدۇ، ئۇ مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىدۇر. ئۇلار الله بەرگەن ئازغىنە رىزىققا رازى بولىدۇ، اللهمۇ ئۇلارنىڭ ئازغىنە ئەمەلىگە رازى بولۇپ، ئۇلارنى: "لا ئىلاھە ئىللەللاھ" دېگەنلىكى ئۈچۈنلا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەققى - تۇرقى كەمتەر، سۈكۈت قىلغىنىدا ئەقىل - پاراسەت جەملەپ بېرىلىدىغان، ھېكمەت بىلەن سۆزلەيدىغان، ئەپۇچان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنى ئۆز زامانىدىكى ئەڭ ياخشى مىللەتنىڭ ئەڭ ياخشى قەبىلىسى قۇرەيشتىن تاللاپ چىقىرىمەن. ئاندىن ئۇنى قۇرەيشنىڭ ئەڭ ساپ نەسلى بولغان ھاشىم جەمەتىدىن تاللايمەن. دېمەك، ئۇلار ياخشى قەبىلىنىڭ ياخشى

جەمەتى بولۇپ، ياخشىلىققا قاراپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇممىتىمۇ ياخشىلىققا قاراپ ماڭىدۇ. ـ دەپتۇ»[①].

(«ئەلكەبىر»: 7629)

6350 - عَنِ ابن عَباسٍ (وَتَقَلُّبَكَ فِي السَّاجِدِينَ) قال من صلب نَبي إلى نَبي حتى أُخْرِجْتَ نَبيا.

6350 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ﴿اللہ﴾ سەجدە قىلغۇچىلار ئىچىدىكى ھەرىكىتىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: بىر پەيغەمبەرنىڭ پۇشتىدىن يەنە بىر پەيغەمبەرنىڭ پۇشتىغا يۆتكىلىپ، ئاخىرى پەيغەمبەر بولغانغا قەدەر ھەرىكىتىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ[③].

(بەززار: 2362)

6351 - عن علي أن النبي صلى الله عليه وسلم قال خرجت من نكاح ولم أخرج من سفاح من لدن آدم إلى أن ولدني أبي وأمي.

6351 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن ھەزرىتى ئادەمدىن تارتىپ تاكى ئاتا ـ ئانام مېنى تاپقانغا قەدەر نىكاھتىن كەلدىم، زىنادىن كەلمىدىم»[④].

(«ئەلئەۋسەت»: 4728)

6352 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: مَا وَلَدَنِي مِنْ سِفَاحِ أَهْلِ الْجَاهِلِيةِ شَيْءٌ، وَمَا وَلَدَنِي إلا نِكَاحٌ كَنِكَاحِ الإِسْلامِ.

---

① ھەيسەمى (13832): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە جىسر ئىبنى فەرقەد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. ـ دېگەن.

② سۈرە شۇئەرا، 218 ـ ئايەت.

③ ھەيسەمى (13819): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

④ ھەيسەمى (13820): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد ئەلى ئىسىملىك بىرى بار. بەزىلەر ئۇنى ھەدىسى زەئىپ دېسە، ھاكىم ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭدىن باشقا راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

6352ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مېنى جاھىلىيەت دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ زىناسى ئەمەس، بەلكى پەقەت ئىسلامنىڭ نىكاھىدەك ساغلام نىكاھلا تۇرەلدۇرگەن»[①].

(«ئەلكەبىر»: 10812)

6353 - قَالَ خُرَيْمُ بن أَوْسِ بن حَارِثَةَ بن لامٍ: كُنا عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ, فَقَالَ لَهُ الْعَباسُ بن عَبْدِ الْمُطلِبِ رَحِمَهُ اللهُ: يَا رَسُولَ اللهِ إِني أُرِيدُ أَنْ أَمْدَحَكَ، فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: هَاتِ لا يَفْضُضِ اللهُ فَاكَ, فَأَنْشَأَ الْعَباسُ، يَقُولُ:

مِنْ قَبْلِهَا طِبْتَ فِي الظلالِ وَفِي ... مُسْتَوْدَعٍ حَيْثُ يُخْصَفُ الْوَرَقُ
ثُم هَبَطْتَ الْبِلادَ لا بَشَرٌ ... أَنْتَ وَلا مُضْغَةٌ وَلا عَلَقُ
بَلْ نُطْفَةٌ تَرْكَبُ السفِينَ وَقَدْ ... أَلْجَمَ نَسْرًا وَأَهْلَهُ الْغَرَقُ
تُنْقَلُ مِنْ صَالِبٍ إِلَى رَحِمٍ ... إِذَا مَضَى عَالِمٌ بَدَا طَبَقُ
حَتى احْتَوَى بَيْتُكَ الْمُهَيْمِنُ مِنْ ... خِنْدَفَ عَلْيَاءَ تَحْتَهَا النطُقُ
وَأَنْتَ لَما وُلِدْتَ أَشْرَقَتِ ... الأَرْضُ وَضَاءَتْ بِنُورِكَ الأُفُقُ
فَنَحْنُ فِي الضيَاءِ وَفِي النورِ وَسُبُلُ الرشَادِ نَخْتَرِقُ.

6353 ـ خۇرەيم ئىبنى ئەۋس ئىبنى ھارىسە ئىبنى لام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدۇق. ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىنى ماختىماقچى بولۇۋاتىمەن، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ قېنى، ماختىساڭ ماختىغىن، ئەمما دىققەت قىلغىن، الله چىشلىرىڭنى تۆكۈۋەتمىسۇن يەنە! ـ دېدى. ئابباس مۇنداق دەپ بېيىت توقۇدى:

جەننەتتىكى سايىدا بولغانىدىڭ پاك،

---

[①] ھەيسەمى (13821): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مەدەنى ۋە ئەبۇ ھۇۋەيرىس ئىسىملىك ئىككى كىشى ھەدىسى زەئىپ كىشىلەردۇر، ـ دېگەن.

(ئەۋرەتكە) شۇ جايدا يوّگەلدى ياپراق.
زېمىنغا چۈشكەندە، ئەمەستىڭ ئىنسان،
نە گوّشتىڭ بىر چىشلەم، نە لەختە ئەلەق.
بەلكى سەن سۇ (ئابى مەنە) ئىدىڭ كېمە ماڭغاندا،
بۇركۇتكە ئېسىلدىڭ، كېمە پاتقاندا.
سۇلبتىن سۇلبقا يوّتكىلىپ كەلدىڭ،
ئەسىرلەر بىر ـ بىرلەپ ئاياق باسقاندا.
نىهايەت، خەندەفنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى
بولدۇڭسەن، ھەممىنىڭ ئۇستۇن پەللىسى.
تۇغۇلدۇڭ، يورۇتۇپ يەر ـ زېمىن، ئۇپۇق،
بولدۇق شۇ ھىدايەت يولۇڭ تەلۋىسى[1].

(«ئەلكەبىر»: 4137)

6354 - عَنْ رُقَيْقَةَ بنتِ أَبِي صَيْفِي بن هَاشِمٍ، وَكَانَتْ لدة عَبْدِ الْمُطلِبِ، قَالَتْ: تَتَابَعَتْ عَلَى قُرَيْشٍ سِنُونَ أَمْحَلَتِ الضرْعَ، وأَدقتِ الْعَظْمَ، فَبَيْنَا أَنا رَاقِدَةُ الْهَم، أَوْ مَهْمومَةٌ، إِذَا هَاتِفٌ يَصْرُخُ بِصَوْتٍ صَحِلٍ، يَقُولُ: مَعْشَرَ قُرَيْشٍ إِن هَذَا النبِي الْمَبْعُوثَ قَدْ أَظَلَتْكُمْ أيامُهُ، وَهَذَا إِبانُ نُجُومِهِ فَحَيهَلا بِالْحَيَاءِ، وَالْخِصْبِ أَلا فَانْظرُوا رَجُلا مِنْكُمْ وسِيطًا عِظَامًا جِسامًا أَبْيضَ بضياءٍ أَوْطَفَ الأَهْدَابِ، سَهْلَ الْخَدينِ، أَشَم الْعِرْنِينِ لَهُ فَخر يَكْظِمُ عَلَيْهِ، وَسُنةٌ يَهْدِي إِلَيْهِ فَلْيَخْلُصْ هُوَ وَوَلَدُهُ، ولْيَهْبِطْ إِلَيْهِ مِنْ كُل بَطْنٍ رَجُلٌ فَلْيَشُنوا مِنَ الْمَاءِ، ولْيَمَسوا مِنَ الطيبِ، ولْيَسْتَلِمُوا الركْنَ، ثُم لِيَرْقُوا أَبَا قُبَيسٍ، ثُم لْيَدْعُ الرجُلُ، ولْيُؤَمنِ الْقَوْمُ فَغِثْتُم مَا شِئْتُمْ، فَأَصْبَحْتُ عَلِمَ اللهُ مَذْعُورَةً اقْشَعَر جِلْدِي، وَوَلِهَ عَقْلِي، واقْتَصَصْتُ رُؤْيَايَ، وَنِمْتُ فِي شِعَابِ مَكةَ فَوَالْحُرْمَةِ، وَالْحَرَمِ مَا بَقِي بِهَا أَبْطَحِي إِلا قَالَ: هَذَا شَيْبَةُ الْحَمْدِ، وَتَنَاهَتْ إِلَيْهِ رِجَالاتُ قُرَيْشٍ، وَهَبطَ إِلَيْهِ مِنْ كُل بَطْنٍ رَجُلٌ فَشُنوا، وَمَسوا، واسْتَلَمُوا الركْنَ، ثُم ارْتَقُوا أَبَا قُبَيسٍ، وَاصْطَفوا حَوْلَهُ مَا يَبْلُغُ سَعْيُهُمْ مُهلةً

[1] ھەيسەمى (13830): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ناتونۇش كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

حَتى إِذَا اسْتَوُوا بِذُرْوَةِ الْجَبَلِ قَامَ عَبْدُ الْمُطلِبِ، وَمَعَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غُلامٌ قَدْ أَيفَعَ أَوْ كَرَبَ، فَرَفَعَ يَدَهُ، فَقَالَ:اللهُم سَاد الْخَلةِ، وكاشِفَ الْكُرْبَةِ، أَنتَ مُعَلمٌ غَيْرُ مُعَلمٍ، وَمَسْؤولٌ غَيْرُ مُبخَلٍ، وَهَذِهِ عَبْدَاؤُكَ وإِمَاؤُكَ بِعَذْراتِ حَرَمِكَ، يَشْكُونَ إِلَيْكَ سَنَتَهُمْ أَذْهَبتِ الْخُف وَالظلْفَ، اللهُم، فَأَمطِرَن عَلَيْنا غَيْثًا مُغْدِقًا مَرِيعًا، فَوَرَب الْكَعْبَةِ مَا رامُوا حَتى تَفَجرَتِ السمَاءُ بِمَائِهَا، واكْتظ الْوَادِي بِثَجِيجِهِ، فَسَمِعْتُ شِيخَانَ قُرَيْشٍ وجِلتَها عَبْدَ اللهِ بن جُدْعَانَ، وَحَرْبَ بن أُمية، وَهِشَامَ بن الْمُغِيرَةِ يَقُولُونَ لِعَبْدِ الْمُطلِبِ: هَنِيئًا لَكَ أَبا الْبطْحَاءِ، أَيْ عَاشَ بِكَ أَهْلُ الْبطْحَاءِ، وَفِي ذَلِكَ مَا تَقُولُ رُقَيْقَةُ بنتُ أَبِي صَيْفِي:

بِشَيْبةِ الْحَمْدِ أَسْقَى اللهُ بَلْدَتنا وَقَدْ فَقَدْنا الْحَيَاةَ واجْلَوذَ الْمَطَرُ
فَجَاءَ بِالْمَاءِ جَوْنِي لَهُ سُبُلٌ سَحا فَعَاشَتْ بِهِ الأَنعامُ وَالشجَرُ
مَنا مِنَ اللهِ بِالْمَيْمُونِ طَائِرُهُ وَخَيْرُ مَنْ بُشرَتْ يَوْمًا بِهِ مُضَرُ
مُبَارَكُ الأَمرِ يُسْتَسْقَى الْغَمَامُ بِهِ مَا فِي الأَنامِ لَهُ عِدْلٌ وَلا خَطَرُ.

6354 ـ رۇقەيقە بىنتى ئەبۇ سەيفى ئىبنى ھاشىمدىن (ئۇ ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ تەغتۇشلىرىدىن ئىدى) مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قۇرەيش خەلقى ئارقا ـ ئارقىدىن قەھەتچىلىككە دۇچار بولدى ۋە ماللىرىنىڭ يېلىنى قۇرۇپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. بىر كېچىسى، غەمگە چۆمگەن ھالدا ئۇخلاپ قالغانىدىم، چۈشۈمدە ئاۋازى بوغۇق بىرىنىڭ مۇنداق دەپ توۋلىغانلىقىنى ئاڭلىدىم: ئەي قۇرەيش خەلقى! ئەۋەتىلىدىغان پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى. ئۇنىڭ تەۋەللۇتى بىزگە ھاياتلىق ۋە مولچىلىق ئېلىپ كەلگۈسى. ئەتراپىڭلارنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ، ئىچىڭلاردىن ئوتتۇرا بويلۇق، تەمبەل، ئاق پىشماق، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، يۈزى چىرايلىق، قاڭشارلىق، ئۆزى ئېپتىخارلىق بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلار ھەسەت قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تۇتقان يولى بار بىر ئادەمنى تاللاپ چىقىڭلار. ئۇ ئادەم ئوغلىنى ئېلىپ، كىشىلەردىن ئايرىلىپ تۇرسۇن، ھەر بىر ئايماقتىن بىر ئادەم ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆزىگە سۇ سەپسۇن،

خۇشپۇراق سۈرۈپ، كەئبىنى تاۋاپ قىلسۇن، ئاندىن ئەبۇ قۇبەيس (سەفا) تېغىغا چىقسۇن. ھېلىقى ئادەم دۇئا قىلسۇن، ئەتراپىدىكى ئادەملەر ”ئامىن!“ دېسۇن، شۇنداق قىلساڭلار سىلەر خالىغان مۇددەتكىچە يامغۇر بىلەن تەمىنلىنىسىلەر.

مەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، دىر - دىر تىترەيتتىم، ئەقلىمدىن ئازغاندەك بولۇپ قالدىم. چۈشۈمنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگەندىم، بۇ گەپ پۈتۈن مەككە ئەتراپىغا پۇر كەتتى. ھەرەم ۋە ھەرەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەككىلىكنىڭ بىرىمۇ قالماي ھەممىسى: ”بۇ ئادەم — شەيبە تۇلھەمەد (ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ كىنايە ئىسمى)نىڭ دەل ئۆزى“ دەپ جەزملەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قېشىغا قۇرەيشنىڭ ئاقساقاللىرى باردى، ھەر بىر ئايماقتىن بىر ئادەم ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، تاھارەت ئالدى ۋە ئەتىر سۈرۈپ كەئبىنى تاۋاب قىلدى. ئاندىن ئەبۇ قۇبەيس تېغىغا چىقىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا تىزىلىپ تۇرۇشتى. ئۇلار سەئيى قىلىپ تاغ چوققىسىغا چىقىپ بولغاندا، ئابدۇلمۇتتەلىب ئورنىدىن تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇ تېخى بالاغەتكە يېتىش ئالدىدا تۇرغان سەبى بالا ئىدى. ئابدۇلمۇتتەلىب: ”ئى ھاجەتنى راۋا قىلغۇچى، غەم - قايغۇدىن خالاس قىلغۇچى اللە! سەن ئۆگەتكۈچىسەن، ئۆگىتىلگۈچى ئەمەسسەن. سەندىن ھاجىتىنى تىلىگۈچىلەرگە بېخىللىق قىلماستىن بېرىسەن. مانا بۇلار سېنىڭ قۇللىرىڭ، دېدەكلىرىڭ، ھەرىمىڭنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ساڭا پۈتۈن چارۋا - ئۇلاغلىرىنى ھالاك قىلىۋەتكەن بۇ قەھەتچىلىكتىن زارلىنىۋاتىدۇ. ئى اللە! شۇڭا بىزگە جاھاننى كۆكەرتىدىغان ۋە مولچىلىق پەيدا قىلىدىغان يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەيسەن“دەپ دۇئا قىلىۋىدى، كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار مىدىرلاپ بولغىچە ئاسماندىن يامغۇر قۇيۇلۇپ، جىلغا سەل بىلەن توشۇپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئان، ھەرب ئىبنى ئۇمەييە، ھىشام ئىبنى مۇغىيرە قاتارلىق قۇرەيش ئاقساقاللىرى ۋە كاتتىلىرىنىڭ

ئابدۇلمۇتتەلىبكە: ”ئى ئەبۇ بەتھائ (مەككىنىڭ ئاتىسى)! ساڭا مۇبارەك بولسۇن“ دەپ ئۇنى تەبرىكلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

ئەبۇ سەيفى ئىبنى ھاشىمنىڭ قىزى رۇقەيقە بۇ ۋەقەلىك ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق شېئىر ئوقۇغاندى:

شەيبە تۇلھەمدنىڭ سەۋەبى بىلەن الله دىيارىمىزنى سۇغاردى،
بىز ھاياتىمىزدىن ئايرىلىپ يامغۇرسىز قالغان ئىدۇق.
سۇنى ئەكەلدى ھەر تەرەپتىن ئاقتۇرۇپ قاپ ـ قارا لاي،
ياشاپ كەتتى ئۇنىڭ بىلەن گۈل ـ گىياھ ۋە مال ـ ۋاران.
تەلىيى بەرىكەتلىك زاتقا ئىنئام قىلىپ الله
مۇزار (قەبىلىسى) بېشارەت بېرىلگەنلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى.
ئىشى بەرىكەتلىك، ئۇنىڭ بىلەن بۇلۇتتىن يامغۇر تىلىنەر
پۈتۈن خالايىقتا يوقتۇر تەڭتۇشى[①].

(«ئەلكەبىر»: 240)

6355 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ مَتَى وَجَبَتْ لَكَ النُّبوةُ قَـالَ وَآدَمُ بَيْنَ الروحِ وَالْجَسَدِ.

6355 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! پەيغەمبەرلىك ساڭا قاچان كەلگەن؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئادەم (ئاتىمىز)نىڭ جىسمى بىلەن جېنى بىرلىشىش ئالدىدا تۇرغاندا، ـ دەپ جاۋاب بەردى[②].

(تىرمىزى: 3609)

---

[①] ھەيسەمى (13837): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تاتونۇش كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (2856): سەھىھ ـ دېگەن.

6356 - عَنِ الْعِرْبَاضِ بْنِ سَارِيَةَ السلَمِي قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إني عَبْدُ اللهِ فِي أُم الْكِتَابِ لَخَاتَمُ النبِيينَ وَإِن آدَمَ لَمُنْجَدِلٌ فِي طِينَتِهِ وَسَأُنَبئُكُمْ بِتَأْوِيلِ ذَلِكَ دَعْوَةِ أَبِي إِبْرَاهِيمَ وَبِشَارَةِ عِيسَى قَوْمَهُ وَرُؤْيَا أُمي التِي رَأَتْ أَنهُ خَرَجَ مِنْهَا نُورٌ أَضَاءَتْ لَهُ قُصُورُ الشامِ وَكَذَلِكَ تَرَى أُمهَاتُ النبِيينَ صَلَوَاتُ اللهِ عَلَيْهِمْ.

6356 ـ ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«مەن ئادەمگە تېخى روھ كىرگۈزۈلمىگەن، لاي پېتى ياتقان چېغىدا، لەۋھۇلمەھپۇزدا: ‘‘اﷲنىڭ بەندىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى’’ دەپ يېزىلىپ بولغانمەن. سىلەرگە بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ قوياي. مەن ئاتام ئىبراھىمنىڭ (سۈرە بەقەرە، 129 ـ ئايەتتىكى) دۇئاسىدا، ئىيسانىڭ قەۋمىگە بەرگەن (سۈرە ساف، 6 ـ ئايەتتىكى) بېشارىتىدە، ئانامنىڭ (ئۇنىڭدىن بىر نۇر چىقىپ شامنىڭ قەسىرلىرىنى يورۇتقانلىقىنى كۆرگەن) چۈشىدە بار ئىدىم. پەيغەمبەرلەرنىڭ (اﷲنىڭ رەھمىتى ئۇلارغا بولسۇن) ئانىلىرى ئاشۇنداق بېشارەتلىك چۈش كۆرىدۇ»[①].

(ئەھمەد: 16712؛ «ئەلكەبىر»: 7729؛ بەززار)

6357 - نسب رسول الله: هو مُحَمدُ بْنُ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَبْدِ الْمُطلِبِ بْنِ هَاشِمِ بْنِ عَبْدِ مَنَافِ بْنِ قُصَي بْنِ كِلَابِ بْنِ مُرةَ بْنِ كَعبِ بْنِ لؤَي بْنِ غَالِبِ بْنِ فِهْرِ بْنِ مَالِكِ بْنِ النضْرِ بْنِ كِنَانَةَ بْنِ خُزَيْمَةَ بْنِ مُدْرِكَةَ بْنِ إِلْيَاسَ بْنِ مُضَرَ بْنِ نِزَارِ بْنِ مَعَد بْنِ عَدْنَانَ.

6357 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېسىل نەسەبى مۇنداق: مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىبنى ھاشىم ئىبنى ئابدۇ ماناف ئىبنى قۇسەي ئىبنى كىلاب ئىبنى مۇررە ئىبنى كەئب ئىبنى لۇئەي ئىبنى غالىب ئىبنى فەھر ئىبنى

[①] ھەيسەمى (13845): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدتىكى سەئىد ئىبنى سۇۋەيدتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئىبنى ھىببانىنىڭ قارىشىچە، سەئىد ئىبنى سۇۋەيد دېگەن كىشىمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

مالىك ئىبنى نەزر ئىبنى كىنانە ئىبنى خۇزەيمە ئىبنى مۇدرىكە ئىبنى ئىلياس ئىبنى مۇزەر ئىبنى نىزار ئىبنى مەئەددى ئىبنى ئەدنان.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

6358 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ عَنْ أَبِيهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن لِي أَسْمَاءً أَنَا مُحَمدٌ وَأَنَا أَحْمَدُ وَأَنَا الْمَاحِي الذِي يَمْحُو اللهُ بِيَ الْكُفْرَ وَأَنَا الْحَاشِرُ الذِي يُحْشَرُ الناسُ عَلَى قَدَمِي وَأَنَا الْعَاقِبُ الذِي لَيْسَ بَعْدَهُ أَحَدٌ وَقَدْ سَماهُ اللهُ رَءُوفًا رَحِيمًا.

6358 ـ جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ بەش ئىسمىم بار. مەن مۇھەممەد؛ مەن ئەھمەد؛ مەن ماھى (ئۆچۈرگۈچى)، الله مەن بىلەن كۇپرىنى ئۆچۈرىدۇ؛ مەن ھاشىر (يىغقۇچى)، پۈتۈن خالايىق مېنىڭ ئارقامدىن يىغىلىدۇ؛ مەن ئاقىب (ئەڭ ئارقىدا كەلگۈچى)دۇرمەن، ئارقامدىن ھېچبىر پەيغەمبەر كەلمەيدۇ». ئۇندىن باشقا، الله ئۇنى ”مېھرى ـ شەپقەتلىك، كۆيۈمچان“ دەپمۇ ئاتىغان.

(مۇسلىم: 2354)

6359 - عَنْ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِي قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُسَمي لَنَا نَفْسَهُ أَسْمَاءً فَقَالَ أَنَا مُحَمدٌ وَأَحْمَدُ وَالْمُقَفي وَالْحَاشِرُ وَنَبِي التوْبَةِ وَنَبِي الرحْمَةِ.

6359 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئۆزىنى بىر قانچە ئىسىم بىلەن ئاتاپ بېرەتتى ۋە: «مەن مۇھەممەد؛ ئەھمەد؛ مۇقەففى (پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزىنى باسقۇچى)؛ ھاشىر (يىغقۇچى)؛ تەۋبە ۋە رەھمەت پەيغەمبىرىدۇرمەن» دەيتتى.

(مۇسلىم: 2355)

6360 - وزاد احمد والبزار عن حذيفة: وَنَبِي الْمَلَاحِمِ.

6360 ـ ئەھمەد بىلەن بەززار ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «ۋە چوڭ ئۇرۇشلارنىڭ پەيغەمبىرىدۇرمەن» دېگەن ئىبارىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان[1].

(ئەھمەد: 23492)

6361 - وزاد الكبير والأوسط عن جابر: فَإِذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ لِوَاءُ الْحَمْدِ مَعِي، وَكُنْتُ إِمَامَ الْمُرْسَلِينَ وَصَاحِبُ شَفَاعَتِهِمْ.

6361 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «قىيامەت كۈنى، ھەمد بايرىقى مەندە بولىدۇ. مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشى، شاپائەتچىسى بولىمەن»[2].

(«ئەلكەبىر»: 1750)

6362 - وزاد في الأوسط والصغير عن ابن عباس: وَالْخَاتِمُ.

6362 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاخىرقىسىدۇرمەن» دېيىلگەن[3].

(«ئەلئەۋسەت»)

6363 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَا تَعْجَبُونَ كَيْفَ يَصْرِفُ اللهُ عَنِي شَتْمَ قُرَيْشٍ وَلَعْنَهُمْ يَشْتِمُونَ مُذَمَّمًا وَيَلْعَنُونَ مُـذَمَّمًا وَأَنَا مُحَمَّدٌ.

6363 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ھەيسەمى (14060): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرىدىن ئاسىم ئىبنى بەھلەدىن باشقىسى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14061): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇرۋە ئىبنى مەرۋان ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن كىشى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (14062): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

«الله تائالانىڭ مېنى قۇرەيشلىكلەرنىڭ تىل ـ ھاقارەت ۋە لەنەتلىرىدىن قانداق ساقلىغانلىقىغا قىزىقماسىلەر؟ ئۇلار "مۇھەممەد" دېمەي، "مۇزەممەم" (ئەيىبلەنگەن) دەپ تىللايدۇ، "مۇزەممەم" دەپ قارغايدۇ. لېكىن مەن "مۇھەممەد" (ماختالغان)دۇرمەن».

(بۇخارى: 3533)

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇغۇلۇشى، سۈت ئېمىشى، كۆكرىكىنىڭ يېرىلىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى

6364 - عَنْ قَيْسِ بْنِ مَخْرَمَةَ قَالَ وُلِدْتُ أَنَا وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَامَ الْفِيلِ وَسَأَلَ عُثْمَانُ بْنُ عَفانَ قُبَاثَ بْنَ أَشْيَمَ أَخَا بَنِي يَعْمَرَ بْنِ لَيْثٍ أَأَنتَ أَكْبَرُ أَمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَكْبَرُ مِني وَأَنَا أَقْدَمُ مِنْهُ فِي الْمِيلَادِ وُلِدَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَامَ الْفِيلِ وَرَفَعَتْ بِي أُمي عَلَى الْمَوْضِعِ قَالَ وَرَأَيْتُ خَذْقَ الطيْرِ أَخْضَرَ مُحِيلًا.

6364 ـ قەيس ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەنمۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك پىل يىلى تۇغۇلغان. ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەئمەر ئىبنى لەيس جەمەتىدىن بولغان قۇباس ئىبنى ئەشيەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ سەن چوڭمۇ ياكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن چوڭ. ئەمما مەن ئۇنىڭدىن بۇرۇن تۇغۇلدۇم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىل يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، (ئۇ يىلى) ئانام مېنى پىل قوشۇنى ھالاك بولغان جايغا كۆتۈرۈپ ئاپارغان ئىدى. مەن قۇشلارنىڭ مايىقىنى ياپيېشىل ئۆزگىرىپ كەتكەن ھالەتتە كۆرگەنىدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(تىرمىزى: 3619)

[1] ئەلبانى (744): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

6365 - عَنِ قَيْسِ بن مَخْرَمَةَ، قَالَ: "وُلِدَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَامَ الْفِيلِ، وَبَيْنَ الْفِجَارِ وَبينَ الْفِيلِ عِشْرُونَ سَنَةً، وَكَانَ بَيْنَ الْفِجَارِ وَبَينَ بناءِ الْكَعْبَةِ خَمْسُ عَشْرَةَ سَنَةً، وَبَيْنَ بناءِ الْكَعْبَةِ وَبَينَ مَبْعَثِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَمْسُ سِنِينَ، فَبُعِثَ نَبِيّنَا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ ابْنُ أَرْبَعِينَ".

6365 ـ قەيس ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىل يىلى تۇغۇلغان، پىل ۋەقەسى بىلەن فىجار ئۇرۇشى ئارىسىدا 20 يىل، فىجار ئۇرۇشى بىلەن كەئبە بىنا قىلىنغان يىل ئارىسىدا 15 يىل، كەئبە بىنا قىلىنغان يىل بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىكنىڭ ئەۋەتىلىشى ئارىسىدا بەش يىل بار. دېمەك، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىرىق يېشىدا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن[1].

(«ئەلكەبىر»: 342)

6366 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ قَالَ وُلِدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ الِاثْنَيْنِ وَاسْتُنْبِئَ يَوْمَ الِاثْنَيْنِ وَتُوفيَ يَوْمَ الِاثْنَيْنِ وَخَرَجَ مُهَاجِرًا مِنْ مَكةَ إِلَى الْمَدِينَةِ يَوْمَ الِاثْنَيْنِ وَقَدِمَ الْمَدِينَةَ يَوْمَ الِاثْنَيْنِ وَرَفَعَ الْحَجَرَ الْأَسْوَدَ يَوْمَ الِاثْنَيْنِ.

6366 ـ ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈشەنبە كۈنى تۇغۇلغان، دۈشەنبە كۈنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن، دۈشەنبە كۈنى ۋاپات بولغان، مەككىدىن مەدىنىگە دۈشەنبە كۈنى ھىجرەت قىلىپ چىققان، مەدىنىگە دۈشەنبە كۈنى يېتىپ كەلگەن، ھەجەرى ئەسۋەدنى دۈشەنبە كۈنى كۆتۈرگەن[2].

(ئەھمەد: 2502؛ «ئەلكەبىر»: 12984)

---

[1] ھەيسەمى (13939): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە جەئفەر ئىبنى مەھران سەمماك ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (949): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6367 - عَنْ حَلِيمَةَ أُم رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ السعْدِيةِ التِي أَرْضَعَتْهُ قَالَتْ خَرَجْتُ فِي نِسْوَةٍ مِنْ بَنِي سَعْدِ بْنِ بَكْرٍ نَلْتَمِسُ الرضَعَاءَ بِمَكةَ عَلَى أَتَانٍ لِي قَمْرَاءَ فِي سَنَةٍ شَهْبَاءَ لَمْ تُبْقِ شَيْئًا وَمَعِي زَوْجِي وَمَعَنَا شَارِفٌ لَنَا وَاللهِ مَا إِنْ يَبِض عَلَيْنَا بِقَطْرَةٍ مِنْ لَبَنٍ وَمَعِي صَبِي لِي إِنْ نَنَامُ لَيْلَتَنَا مِنْ بُكَائِهِ مَا فِي ثَدْيَي مَا يُغْنِيهِ فَلَما قَدِمْنَا مَكةَ لَمْ تَبْقَ مِنا امْرَأَةٌ إِلا عُرِضَ عَلَيْهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتَأْبَاهُ وَإِنمَا كُنا نَرْجُو كَرَامَةَ الرضَاعَةِ مِنْ وَالِدِ الْمَوْلُودِ وَكَانَ يَتِيمًا وَكُنا نَقُولُ يَتِيمًا مَا عَسَى أَنْ تَصْنَعَ أُمهُ بِهِ حَتى لَمْ يَبْقَ مِنْ صَوَاحِبِي امْرَأَةٌ إِلا أَخَذَتْ صَبِيا غَيْرِي فَكَرِهْتُ أَنْ أَرْجِعَ وَلَمْ أَجِدْ شَيْئًا وَقَدْ أَخَذَ صَوَاحِبِي فَقُلْتُ لِزَوْجِي وَاللهِ لَأَرْجِعَن إِلَى ذَلِكَ الْيَتِيمِ فَلَآخُذَنهُ فَأَتَيْتُهُ فَأَخَذْتُهُ وَرَجَعْتُ إِلَى رَحْلِي فَقَالَ زَوْجِي قَدْ أَخَذْتِيهِ فَقُلْتُ نَعَمْ وَاللهِ وَذَاكَ أَني لَمْ أَجِدْ غَيْرَهُ فَقَالَ قَدْ أَصَبْتِ فَعَسَى اللهُ أَنْ يَجْعَلَ فِيهِ خَيْرًا. قَالَتْ فَوَاللهِ مَا هُوَ إِلا أَنْ جَعَلْتُهُ فِي حِجْرِي أَقْبَلَ عَلَيْهِ ثَدْيِي بِمَا شَاءَ اللهُ مِنَ اللبَنِ فَشَرِبَ حَتى رَوِيَ وَشَرِبَ أَخُوهُ يَعْنِي ابْنَهَا حَتى رَوِيَ وَقَامَ زَوْجِي إِلَى شَارِفِنَا مِنَ الليْلِ فَإِذَا بِهَا حَافِلٌ فَحَلَبَهَا مِنَ اللبَنِ مَا شِئْنَا وَشَرِبَ حَتى رَوِيَ وَشَرِبْتُ حَتى رَوِيتُ وَبِتْنَا لَيْلَتَنَا تِلْكَ شِبَاعًا رُوَاءً وَقَدْ نَامَ صِبْيَانُنَا يَقُولُ أَبُوهُ يَعْنِي زَوْجَهَا وَاللهِ يَا حَلِيمَةُ مَا أُرَاكِ إِلا قَدْ أَصَبْتِ نَسَمَةً مُبَارَكَةً قَدْ نَامَ صَبِينَا وَرَوِيَ قَالَتْ ثُم خَرَجْنَا فَوَاللهِ لَخَرَجَتْ أَتَانِي أَمَامَ الركْبِ حَتى إِنهُمْ لَيَقُولُونَ وَيْحَكِ كُفي عَنا أَلَيْسَتْ هَذِهِ بِأَتَانِكِ التِي خَرَجْتِ عَلَيْهَا فَأَقُولُ بَلَى وَاللهِ وَهِيَ قُدامُنَا حَتى قَدِمْنَا مَنَازِلَنَا مِنْ حَاضِرِ بَنِي سَعْدِ بْنِ بَكْرٍ فَقَدِمْنَا عَلَى أَجْدَبِ أَرْضِ اللهِ فَوَالذِي نَفْسُ حَلِيمَةَ بِيَدِهِ إِنْ كَانُوا لَيُسَرحُونَ أَغْنَامَهُمْ إِذَا أَصْبَحُوا وَيُسَرحُ رَاعِي غَنَمِي فَتَرُوحُ بِطَانًا لَبَنًا حُفلًا وَتَرُوحُ أَغْنَامُهُمْ جِيَاعًا هَالِكَةً مَا لَهَا مِنْ لَبَنٍ قَالَتْ فَنَشْرَبُ مَا شِئْنَا مِنَ اللبَنِ وَمَا مِنَ الْحَاضِرِ أَحَدٌ يَحْلُبُ قَطْرَةً وَلَا يَجِدُهَا فَيَقُولُونَ لِرِعَائِهِمْ وَيْلَكُمْ أَلَا تَسْرَحُونَ حَيْثُ يَسْرَحُ رَاعِي حَلِيمَةَ فَيَسْرَحُونَ فِي الشعْبِ الذِي تَسْرَحُ فِيهِ فَتَرُوحُ أَغْنَامُهُمْ جِيَاعًا مَا بِهَا مِنْ لَبَنٍ وَتَرُوحُ غَنَمِي لَبَنًا حُفلًا وَكَانَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَشِب فِي الْيَوْمِ شَبَابَ الصبِي فِي شَهْرٍ وَيَشِب فِي الشهْرِ شَبَابَ الصبِي فِي سَنَةٍ فَبَلَغَ سَنَةً وَهُوَ غُلَامٌ جَفْرٌ قَالَتْ فَقَدِمْنَا عَلَى أُمهِ فَقُلْتُ لَهَا وَقَالَ لَهَا أَبُوهُ رُدي عَلَيْنَا ابْنِي فَلْنَرْجِعْ بِهِ فَإِنا نَخْشَى عَلَيْهِ وَبَاءَ مَكةَ قَالَتْ وَنَحْنُ أَضَن شَيْءٍ بِهِ مِما

رَأَيْنَا مِنْ بَرَكَتِهِ قَالَتْ فَلَمْ نَزَلْ حَتى قَالَتِ ارْجِعَا بِهِ فَرَجَعْنَا بِهِ فَمَكَثَ عِنْدَنَا شَهْرَيْنِ قَالَتْ فَبَيْنَا هُوَ يَلْعَبُ وَأَخُوهُ يَوْمًا خَلْفَ الْبُيُوتِ يَرْعَيَانِ بَهْمًا لَنَا إِذْ جَاءَنَا أَخُوهُ يَشْتَد فَقَالَ لِي وَلأَبِيهِ أَدْرِكَا أَخِي الْقُرَشِي قَدْ جَاءَهُ رَجُلانِ فَأَضْجَعَاهُ وَشَقا بَطْنَهُ فَخَرَجْنَا نَشْتَد فَانْتَهَيْنَا إِلَيْهِ وَهُوَ قَائِمٌ مُنْتَقِعٌ لَوْنُهُ فَاعْتَنَقَهُ أَبُوهُ وَاعْتَنَقْتُهُ ثُم قُلْنَا مَا لَكَ أَيْ بُنَي قَالَ أَتَانِي رَجُلانِ عَلَيْهِمَا ثِيَابٌ بِيضٌ فَأَضْجَعَانِي ثُم شَقا بَطْنِي فَوَاللهِ مَا أَدْرِي مَا صَنَعَا قَالَتْ فَاحْتَمَلْنَاهُ وَرَجَعْنَا بِهِ قَالَتْ يَقُولُ أَبُوهُ يَا حَلِيمَةُ مَا أَرَى هَذَا الْغُلامَ إِلا قَدْ أُصِيبَ فَانْطَلِقِي فَلْنَرُدهُ إِلَى أَهْلِهِ قَبْلَ أَنْ يَظْهَرَ بِهِ مَا نَتَخَوفُ قَالَتْ فَرَجَعْنَا بِهِ فَقَالَتْ مَا يَرُدكُمَا بِهِ فَقَدْ كُنْتُمَا حَرِيصَيْنِ عَلَيْهِ قَالَتْ فَقُلْتُ لا وَاللهِ إِلا أَنا كَفَلْنَاهُ وَأَدَيْنَا الْحَق الذِي يَجِبُ عَلَيْنَا ثُم تَخَوفْنَا الأَحْدَاثَ عَلَيْهِ فَقُلْنَا يَكُونُ فِي أَهْلِهِ فَقَالَتْ أُمهُ وَاللهِ مَا ذَاكَ بِكُمَا فَأَخْبِرَانِي خَبَرَكُمَا وَخَبَرَهُ فَوَاللهِ مَا زَالَتْ بِنَا حَتى أَخْبَرْنَاهَا خَبَرَهُ قَالَتْ فَتَخَوفْتُمَا عَلَيْهِ كَلا وَاللهِ إِن لابْنِي هَذَا شَأْنًا أَلا أُخْبِرُكُمَا عَنْهُ إِني حَمَلْتُ بِهِ فَلَمْ أَحْمِلْ حَمْلا قَط كَانَ أَخَف عَلَي وَلا أَعْظَمَ بَرَكَةً مِنْهُ ثُم رَأَيْتُ نُورًا كَأَنهُ شِهَابٌ خَرَجَ مِني حِينَ وَضَعْتُهُ أَضَاءَتْ لَهُ أَعْنَاقُ الإِبِلِ بِبُصْرَى ثُم وَضَعْتُهُ فَمَا وَقَعَ كَمَا يَقَعُ الصبْيَانُ وَقَعَ وَاضِعًا يَدَهُ بِالأَرْضِ رَافِعًا رَأْسَهُ إِلَى السمَاءِ دَعَاهُ وَالْحَقَا بِشَأْنِكُمَا.

6367 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەنى سەئد قەبىلىسىلىك ئىنىكئانىسى ھەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بەنى سەئد ئىبنى بەكر قەبىلىسىدىن بىر توپ ئايال بىلەن بىللە ئېمىتىدىغان بالا تېپىپ كېلىش ئۈچۈن، ئاق ئېشىكىمنى مىنىپ يولغا چىقتىم. ئۇ يىلى قەھەتچىلىك يۈز بەرگەچكە، قولىمىزدا ھېچنېمە قالمىغانىدى. ئېرىممۇ مەن بىلەن بىللە ئىدى. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قولىمىزدا بىر تېمىممۇ سۈت چىقماس بولۇپ قالغان قېرى بىر تۆگىمىز بار ئىدى. يېڭىلا تۇغۇلغان بوۋىقىمىزنىڭ ئاچ يىغىسىدىن كېچىچە ئۇخلىيالمايتتۇق. كۆكسۈمدە ئۇنى تويغۇزغۇدەك سۈت يوق ئىدى. مەككىگە يېتىپ باردۇق (ھەممەيلەن بالا ئىزدەپ تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراشقا باشلىدى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى (ئامىنە) ئۇنى ھەممىمىزگە تەڭلەپ باققان

بولسىمۇ، ھېچكىم قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى. چۈنكى بىز بوۋاقنىڭ ئائىلىسىدىن كۆپرەك ياردەمگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتۇق، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىم ئىدى. بىز: ”يېتىم بالىنىڭ ئانىسى قانچىلىك بىر نەرسە بېرەلەيتتى؟“ دەپ ئۇنى ئالمايتتۇق. شۇنداق قىلىپ، مەندىن باشقا ھەممىسى بىردىن بوۋاق ئېلىپ ماڭدى، پەقەت مەنلا بالا تاپالمىغانىدىم. ھەمراھلىرىمنىڭ ئالدىدا خىجىللىقتا قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئېرىمگە:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ يېتىم بالىنى ئېلىپ كېلىمەن، ـ دېدىم ۋە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلىغىمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدىم. ئېرىم:

ــ ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ھەئە، بۇنىڭدىن باشقا بالا تاپالمىدىم، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ توغرا قىلىپسەن، بەلكىم ئۇنىڭ سايىسىدا الله بىزگە ئىلتىپات كۆرسىتىپ قالار، ـ دېدى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى ئېمىتىش ئۈچۈن كۆكسۈمگە تەڭلىشىدىم، كۆكسۈم بىردىنلا سۈتكە لىق تولۇپ كەتتى. ئۇ بىر كۆكسۈمنى ئەمدى، يەنە بىرىنى يېڭى تۇغۇلغان بوۋىقىم ئېمىپ، سۈتكە تويدى. شۇ ئاخشىمى ئېرىم تۆگىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ، چۈنكى تۆگىنىڭ يېلىنىمۇ سۈتكە لىق تولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، تۆگىنى سېغىپ، ئېرىم ئىككىمىز تويغۇدەك ئىچتۇق. ئۇ كېچە بىز تۇق قورساق ياتتۇق، بالىلىرىمىزمۇ خاتىرجەم ئۇخلىدى. ئەتىسى ئېرىم:

ــ ئى ھەلىمە! بۇ بالا خاسىيەتلىك بالا ئوخشايدۇ، بىزنىڭ بالىمىزمۇ خاتىرجەم ئۇخلىدى، ـ دېدى.

ھەلىمە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: شۇنىڭ بىلەن، يولغا چىقتۇق. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ھېلىقى ئېشىكىم كارۋاننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى، ھەتتا كارۋاندىكىلەر:

ــ ئەي ھەلىمە! ئاستىراق ماڭساڭلارچۇ! بۇ سىلەر مىنىپ كەلگەن ئېشەك ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سوراشتى. مەن:

ــ ھەئە، شۇ ئىشەك، ـ دېسەم، ئۇلار:

ــ بۇنىڭغا بىرەر مۆجىزە يولۇقتىمۇ نېمە؟! ــ دېيىشىپ كەتتى. شۇنداق يۈرۈپ، ئاخىرى بەنى سەئد ئىبنى بەكىر قەبىلىسىنىڭ تۇرالغۇلىرىغا يېتىپ كەلدۇق. مەنچە، بۇ يەر الله تائالا ياراتقان پۈتۈن زېمىنىنىڭ ئەڭ قۇرغاق يېرى بولۇشى مۇمكىن. جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز بالىنى ئېلىپ كەلگەندىن باشلاپ، مال ـ چارۋىلىرىمىز ھەر كۈنى ئۆيگە قارنى توق، يېلىنلىرى سۈتكە لىق تولغان ھالدا قايتىپ كېلىدىغان بولۇپ قالدى. باشقىلارنىڭ مال ـ چارۋىلىرى قارنى ئاچ، يېلىنلىرى قۇرۇق قايتىپ كېلەتتى، ئۇلار بىر تامچە سۈتكە زار بولۇپ كەتكەن چاغلاردا، بىز ماللىرىمىزنى سېغىپ، قانغۇچە ئىچەتتۇق. قوشنىلىرىمىز پادىچىلىرىغا:

ــ چارۋىلارنى ھەلىمەلەرنىڭ پادىلىرى بىلەن بىللە ئوتلىتىڭلار! ــ دەپ تاپىلايتتى، گەرچە ئۇلار ماللىرىنى بىزنىڭ ماللىرىمىز بىلەن بىر جىلغىدا باقسىمۇ، ئۇلارنىڭ چارۋىلىرى يەنىلا ئاچ ۋە سۈتسىز، بىزنىڭ چارۋىلىرىمىز توق ۋە يېلىنى لىق قايتىپ كېلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈندە ئادەتتىكى بالا بىر ئايدا چوڭ بولىدىغان سۈرئەتتە، بىر ئايدا ئادەتتىكى بالا بىر يىلدا چوڭ بولىدىغان سۈرئەتتە چوڭ بولاتتى. ئۇ تۆت ـ بەش ياشقا كىرگەندە، چوپچوڭلا بولۇپ قالدى، شۇڭا ئانىسىغا ئېلىپ باردۇق. لېكىن ئۇ بىزگە بەرىكەت ئېلىپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ يېنىمىزدا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلاتتۇق. شۇڭا بىز:

ــ بالا يەنە ئازراق چوڭ بولغىچە بىز بېقىپ تۇرايلى، ئۇنىڭ مەككىدە يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمىز، ـ دېدۇق ۋە ئانىسىنى قايىل قىلغۇچە، گېپىمىزدە چىڭ تۇرۇۋالدۇق. ئاخىرى ئانىسى:

ــ بوپتۇ، ئېلىپ كېتىڭلار! ــ دېدى. بىز ئۇنى ئېلىپ قايتتۇق. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى، ئۇ سۈت قېرىندىشى بىلەن بىللە

ئۆيىمىزنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىر قوزىنى بېقىۋاتاتتى. بىر چاغدا سۈت قېرىندىشى يېنىمىزغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

ـ قۇرەيشلىك قېرىندىشىمنى قۇتقۇزۇڭلار! ئىككى ئادەم كېلىپ، ئۇنى ياتقۇزۇپ، كۆكسىنى يېرىۋەتتى، ـ دېدى. بىز يۈگۈرگەن پېتى قېشىغا بارساق، ئۇ چىرايى سارغىيىپ كەتكەن ھالدا تۇرۇپتۇ. ئېرىم ئىككىمىز ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ:

ـ ساڭا نېمە بولدى ئوغلۇم؟ ـ دەپ سورىدۇق، ئۇ:

ـــ ئاق كىيىملىك ئىككى كىشى كېلىپ مېنى ياتقۇزۇپ، قورسىقىمنى ياردى. اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن، ـ دېدى. بىز ئۇنى كۆتۈرۈپ چېدىرغا كىردۇق. ئېرىم:

ـ ئى ھەلىمە! بۇ بالىغا بىرەر ئىش بولغاندەك قىلىدۇ. بىرەر يامان ئەھۋال يۈز بەرگىچە، ئۇنى ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى! ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، بىز ئۇنى ئانىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردۇق. ئانىسى:

ـ ئەمدى قايتۇرۇپ كەپسىلەرغۇ، ئۆتكەندە ئېلىپ كېتىمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان ئەمەسمىدىڭلار؟ ـ دېدى. مەن:

ـــ ياق، بىز ئۇنى بېقىپ، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتاتتۇق، لېكىن بىرەر يامانلىق يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قايتۇرۇپ كەلدۇق، ـ دېسەم، ئانىسى:

ـــ ياق، ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. ئۇنى نېمە ئۈچۈن قايتۇرۇپ كەلگىنىڭلارنى، ئۇنىڭغا نېمە بولغانلىقىنى دەپ بېرىڭلار! ـــ دەپ تۇرىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، بىز ئۇنىڭغا بولغان ئىشنى ئېيتىپ بەردۇق. ئانىسى:

ـــ سىلەر ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ قالدىڭلارمۇ؟ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ بالام چوقۇم كاتتا ئادەم بولىدۇ. مەنمۇ سىلەرگە ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى ئېيتىپ بېرەي. مەن ئۇنىڭغا ئېغىر ئاياق بولغىنىمدا، ئۇنىڭدىنمۇ يەڭگىل، ئۇنىڭدىنمۇ بەرىكەتلىك بىر نەرسە كۆتۈرۈپ باقمىغان ئىدىم. ئۇ تۇغۇلغان ۋاقىتتا،

مەندىن خۇددى چاقماقتەك بىر نۇرنىڭ چىقىپ، بۇسرادىكى تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرىنى يورۇتىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ قورسىقىمدىن ئادەتتىكى بالىلار چۈشكەندەك چۈشمەي، قولىنى يەرگە قويۇپ، بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈرگەن ھالەتتە چۈشكەندى... ماقۇل، سىلەر ئۇنى ماڭا قويۇپ، ئۆيۈڭلارغا (سالامەت) كېتىۋېلىڭلار! ـ دېدى[1].

(مەۋسىلى: 7163؛ «ئەلكەبىر»: 212/24)

6368 - عَنْ عُتْبَةَ بْنِ عَبْدٍ السلَمِي أنهُ حَدثَهُمْ أن رَجُلًا سَأَلَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ كَيْفَ كَانَ أولُ شَأْنِكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ كَانَتْ حَاضِنَتِي مِنْ بَنِي سَعْدِ بْنِ بَكْرٍ فَانْطَلَقْتُ أنا وَابْنٌ لَهَا فِي بَهْمٍ لَنا وَلَمْ نَأْخُذْ مَعَنا زَادًا فَقُلْتُ يَا أَخِي اذْهَبْ فَأْتِنَا بِزَادٍ مِنْ عِنْدِ أُمنا فَانْطَلَقَ أَخِي وَمَكَثْتُ عِنْدَ الْبَهْمِ فَأَقْبَلَ طَيْرَانِ أَبْيَضَانِ كَأَنهُمَا نَسْرَانِ فَقَالَ أَحَدُهُمَا لِصَاحِبِهِ أَهُوَ هُوَ قَالَ نَعَمْ فَأَقْبَلَا يَبْتَدِرَانِي فَأَخَذَانِي فَبَطَحَانِي إِلَى الْقَفَا فَشَقا بَطْنِي ثُم اسْتَخْرَجَا قَلْبِي فَشَقاهُ فَأَخْرَجَا مِنْهُ عَلَقَتَيْنِ سَوْدَاوَيْنِ فَقَالَ أَحَدُهُمَا لِصَاحِبِهِ قَالَ يَزِيدُ فِي حَدِيثِهِ ائْتِنِي بِمَاءِ ثَلْجٍ فَغَسَلَا بِهِ جَوْفِي ثُم قَالَ ائْتِنِي بِمَاءِ بَرَدٍ فَغَسَلَا بِهِ قَلْبِي ثُم قَالَ ائْتِنِي بِالسكِينَةِ فَذَرَّهَا فِي قَلْبِي ثُم قَالَ أَحَدُهُمَا لِصَاحِبِهِ حِصْهُ فَحَاصَهُ وَخَتَمَ عَلَيْهِ بِخَاتَمِ النُبوةِ وَقَالَ حَيْوَةُ فِي حَدِيثِهِ حِصْهُ فَحَاصَهُ وَاخْتِمْ عَلَيْهِ بِخَاتَمِ النُبوةِ فَقَالَ أَحَدُهُمَا لِصَاحِبِهِ اجْعَلْهُ فِي كِفةٍ وَاجْعَلْ أَلْفًا مِنْ أُمتِهِ فِي كِفةٍ فَإِذَا أَنا أَنْظُرُ إِلَى الْأَلْفِ فَوْقِي أُشْفِقُ أَنْ يَخِر عَلَي بَعْضُهُمْ فَقَالَ لَوْ أن أُمتَهُ وُزِنَتْ بِهِ لَمَالَ بِهِمْ ثُم انْطَلَقَا وَتَرَكَانِي وَفَرِقْتُ فَرَقًا شَدِيدًا ثُم انْطَلَقْتُ إِلَى أُمي فَأَخْبَرْتُهَا بِالذِي لَقِيتُهُ فَأَشْفَقَتْ عَلَي أَنْ يَكُونَ أُلْبِسَ بِي قَالَتْ أُعِيذُكَ بِاللهِ فَرَحَلَتْ بَعِيرًا لَهَا فَجَعَلَتْنِي وَقَالَ يَزِيدُ فَحَمَلَتْنِي عَلَى الرحْلِ وَرَكِبَتْ خَلْفِي حَتى بَلَغْنَا إِلَى أُمي فَقَالَتْ أَوَأَديْتُ أَمَانَتِي وَذِمتِي وَحَدثَتْهَا بِالذِي لَقِيتُ فَلَمْ يَرُعْهَا ذَلِكَ فَقَالَتْ إِني رَأَيْتُ خَرَجَ مِني نُورًا أَضَاءَتْ مِنْهُ قُصُورُ الشامِ.

[1] ھەيسەمى (14840): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6368 ـ ئۇتبە ئىبنى ئەبد سۇلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىرەيلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! پەيغەمبەرلىكىڭ ئەڭ دەسلەپتە قانداق باشلانغانىدى؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق سۆزلەپ بەردى:

ـ مېنىڭ ئېنىكئانام سەئد ئىبنى بەكر قەبىلىسىدىن ئىدى. مەن سۈت قېرىندىشىم بىلەن بىللە قوزىمىزنى ئېلىپ، ئۇنى باققىلى چىقىپ كەتتۇق. ئەمما يېنىمىزغا يېگۈدەك بىر نەرسە ئېلىۋالمىغانىدۇق. سۈت قېرىندىشىمغا:

ـ سەن بېرىپ، ئانىمىزنىڭ قېشىدىن يېگۈدەك بىر نەرسە ئېلىپ كەلگىن! ـ دېدىم، ئۇ كەتتى، مەن قوزىنىڭ قېشىدا قالدىم. ئۇشتۇمتۇت بۈركۈتكە ئوخشايدىغان ئىككى ئاق قۇش كەلدى ـ دە، بىرى يەنە بىرىدىن:

ـ مۇشۇ شۇمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ ھەئە، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار يۈگۈرۈپ كېلىپ، مېنى تۇتتى ۋە ياتقۇزۇپ قورسىقىمنى ياردى. ئاندىن يۈرىكىمنى يېرىپ، ئۇنىڭدىن ئىككى پارچە قارا قاننى چىقاردى. بىرى يەنە بىرىگە:

ـ قار سۈيىنى كەلتۈرگىن! ـ دېدى ۋە قار سۈيى بىلەن ئىچىمنى يۇدى. ئاندىن:

ـ مۆلدۈر سۈيى كەلتۈرگىن! ـ دېدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۈرىكىمنى يۇدى. ئاندىن:

ـ خاتىرجەملىكنى كەلتۈرگىن! ـ دېدى ۋە ئۇنى قەلبىمگە چاچتى. ئاندىن:

ـ ئۇنى تىككىن! ــ دېدى. ئۇلاردىن بىرى يارغان جايىنى تىكىپ، ئۈستىگە پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى باستى. بىرى يەنە بىرىگە:

ـــ ئۇنى بىر تەخسىگە، ئۇممىتىدىن مىڭ كىشىنى يەنە بىر تەخسىگە قويۇپ، تارتىپ باققىن! ــ دېدى. قارىسام، ئۈستى تەرىپىمدە

مىنىڭ كىشى تونۇيدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئۇستۇمگە چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ كەتتىم. يەنە بىرى:

ــ ناۋادا ئۇنىڭ پۈتۈن ئۇممىتىنى بىر تەخسىگە قويۇپ تارتىلسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئېغىر بېسىپ كېتىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن ئۇلار مېنى تاشلاپ كېتىشتى، مەن بەكلا قورقۇپ كەتتىم. ئاستا ئېنىكئانامنىڭ قېشىغا بېرىپ، بولغان ۋەقەنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردىم. ئېنىكئانام ماڭا جىن چېپىلىپ قالغان بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، ﷲتىن پاناھلىق تىلىدى ۋە بىر تۆگىسىنى سەپەرگە تەييارلاپ، مېنى ئالدىغا مىندۇرۇپ، ئۆز ئانامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئۇ ئانامغا:

ــ ئامانەتنى ساق ـ سالامەت ساڭا تاپشۇردۇم، ـ دېدى ۋە بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. لېكىن ئانام بۇ ئىشلاردىن ئانچە ھولۇقۇپ كەتمىگەن ھالدا:

ــ ئۆزەمدىن بىر نۇرنىڭ چىقىپ، شام قەسىرلىرىنى يورۇتىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 17196؛ «ئەلكەبىر»)

6369 - عَنْ أُبي بْنِ كَعْبٍ أن أبا هُرَيْرَةَ كَانَ جَرِيا عَلَى أنْ يَسْألَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ أشْيَاءَ لَا يَسْألُهُ عَنْهَا غَيْرُهُ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ مَا أولُ مَا رَأيْتَ فِي أمْرِ النُبوةِ فَاسْتَوَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَالِسًا وَقَالَ لَقَدْ سَألْتَ أبَا هُرَيْرَةَ إني لَفِي صَحْرَاءَ ابْنُ عَشْرِ سِنِينَ وَأشْهُرٍ وَإذَا بِكَلَامٍ فَوْقَ رَأسِي وَإذَا رَجُلٌ يَقُولُ لِرَجُلٍ أهُوَ هُوَ قَالَ نَعَمْ فَاسْتَقْبَلَانِي بِوُجُوهٍ لَمْ أرَهَا لِخَلْقٍ قَط وَأرْوَاحٍ لَمْ أجِدْهَا مِنْ خَلْقٍ قَط وَثِيَابٍ لَمْ أرَهَا عَلَى أحَدٍ قَط فَأقْبَلَا إلَي يَمْشِيَانِ حَتى أخَذَ كُل وَاحِدٍ مِنْهُمَا بِعَضُدِي لَا أجِدُ لِأحَدِهِمَا مَسا فَقَالَ أحَدُهُمَا لِصَاحِبِهِ أضْجِعْهُ فَأضْجَعَانِي بِلَا قَصْرٍ وَلَا هَصْرٍ وَقَالَ أحَدُهُمَا لِصَاحِبِهِ افْلِقْ صَدْرَهُ فَهَوَى أحَدُهُمَا إلَى صَدْرِي فَفَلَقَهَا فِيمَا أرَى بِلَا دَمٍ وَلَا وَجَعٍ فَقَالَ لَهُ أخْرِجْ الْغِل وَالْحَسَدَ فَأخْرَجَ شَيْئًا كَهَيْئَةِ الْعَلَقَةِ ثُم نَبَذَهَا فَطَرَحَهَا فَقَالَ لَهُ أدْخِلْ الرأفَةَ وَالرحْمَةَ

[1] ھەيسەمى (13841): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

فَإِذَا مِثْلُ الذِي أَخْرَجَ يُشْبِهُ الْفِضةَ ثُم هَز إِبْهَامَ رِجْلِي الْيُمْنَى فَقَالَ اغْدُ وَاسْلَمْ فَرَجَعْتُ بِهَا أَغْدُو رِقةً عَلَى الصغِيرِ وَرَحْمَةً لِلْكَبِيرِ.

6369 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھېچكىم سورىمايدىغان سوئاللارنى سوراشقا جۈرئەت قىلاتتى. ئۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! پەيغەمبەرلىكىڭدىن ئەڭ دەسلەپ قايسى ئىشنى كۆرگەنىدىڭ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ـ ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! سەن سوراپ قالدىڭ. ئون ياشتىن بىرقانچە ئاي ئاشقان ۋاقتىم بولۇپ، سەھرادا تۇرۇۋاتاتتىم. ئۇشتۇمتۇت بېشىمنىڭ ئۈستىدە بىر ئاۋاز ئاڭلىدىم. قارىسام، بىر كىشى يەنە بىرىگە:

ـ مۇشۇ شۇمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، يەنە بىرى:

ـ ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئىككىيلەن ئالدىمغا مەن ھېچقانداق بىر مەخلۇقتىن كۆرۈپ باقمىغان چىراي ۋە روھ بىلەن كەلدى. ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىملەرنىمۇ ھېچكىمنىڭ ئۈچىسىدا كۆرمىدىم. ئۇ ئىككىيلەن قېشىمغا كېلىپ، بىردىن بېلىكىمنى تۇتتى، لېكىن مەن ئىككىسىنىڭ تۇتقىنىنى ھېس قىلمىدىم. بىرى يەنە بىرىگە:

ـ ياتقۇز! ـ دېۋىدى، مېنى بېلىمنى ئەگمەيلا ياتقۇزدى. بىرى:

ـ مەيدىسىنى يارغىن! ـ دېۋىدى، يەنە بىرى مەيدەمگە ئېڭىشىپ قانسىز، ئاغرىقسىز ياردى. يارغىنىغا:

ـ ئۆچمەنلىك بىلەن ھەسەتنى چىقىرىۋەتكىن! ـ دېگەنىدى، ئۇ بىر پارچە ئۇيۇل قاندەك بىر نەرسىنى چىقىرىپ تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭغا:

ـــ مېھرىبانلىق بىلەن رەھىمدىللىكنى سالغىن! ـــ دېۋىدى، قارىسام، چىقىرىۋەتكەن نەرسىچىلىك مىقداردا كۈمۈشكە ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى سېلىپ قويدى. ئاندىن ئوڭ پۇتۇمنىڭ باش بارمىقىنى مىدىرلىتىپ تۇرۇپ:

ــ يوق، سالامەت بول، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن كىچىكلەرگە مېھرىبانلىق، چوڭلارغا رەھىمدىللىك قىلىدىغان بولۇپ قالدىم[1].
(ئەھمەد: 20752)

6370 - عن أبي بكرة أن جبريل عليه السلام ختن النبي صلى الله عليه وسلم حين طهر قلبه.

6370 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈرىكىنى (يېرىپ) تازىلىغاندا، خەتنىسىنى قىلغان[2].
(«ئەلئەۋسەت»: 5821)

6371 - عَنْ أنسْ بنِ مَالِكٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلم أتاهُ جِبْرِيلُ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَلْعَبُ مع الْغِلْمَانِ فَأخَذَهُ فَصَرَعَهُ فَشَق عن قَلْبِهِ فَاسْتَخْرَجَ الْقَلْـبَ فَاسْتَخْرَجَ منه عَلَقَةً فقال هذا حَظ الشيْطَانِ مِنْكَ ثُم غَسَلَهُ في طَسْتٍ من ذَهَبٍ بِمَاءِ زَمْزَمَ ثُم لَأمَهُ ثُم أعَادَهُ في مَكَانِهِ وَجَاءَ الْغِلْمَانُ يَسْعَوْنَ إلى أُمهِ يَعْنِي ظِئْرَهُ فَقَالُوا إن مُحَمدًا قد قُتِلَ فَاسْتَقْبَلُوهُ وهو مُنْتَقِعُ اللوْنِ قال أنسٌ وقد كنت أرى أثَرَ ذلك الْمِخْيَطِ في صَدْرِهِ.

6371 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلار بىلەن ئويناۋاتاتتى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى تۇتقان پېتى يەرگە ياتقۇزدى ـ دە، كۆكسىنى يېرىپ، يۈرىكىدىن بىر پارچە ئۇيۇل قاننى چىقاردى ۋە:

[1] ھەيسەمى (13843): بۇ ھەدىسنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، چۈنكى ئىبنى ھىببان ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13853): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇراھمان ئىبنى ئۇيەينە ۋە سەلەمە ئىبنى مۇھارىب ئىسىملىك تەرجىمىھالى نامەلۇم ئىككى كىشى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ مانا بۇ، شەيتاننىڭ سەندىكى نېسىۋىسى ئىدى، ـ دېدى. ئاندىن يۈرىكىنى ئالتۇن قاچىدىكى زەمزەم سۈيىدە يۇدى، ئاندىن يەملەپ، ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ كەلدى. بىللە ئوينىۋاتقان باللار:

ــ مۇھەممەد ئۆلدى! ـ دېگىنىچە، ئۇنىڭ ئىنىكئانىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. ئىنىكئانىسى ئۇنىڭ قېشىغا ماڭدى، مۇھەممەد ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا كېلىۋاتاتتى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى تىكىلگەن جاينىڭ ئىزىنى كۆرگەنىدىم.

(مۇسلىم: 126)

6372 - أبي مُوسَى عن أبيه قال خَرَجَ أبو طَالِبٍ إلى الشامِ وَخَرَجَ معه النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ في أَشْيَاخٍ من قُرَيْشٍ فلما أَشْرَفُوا على الراهِبِ هَبَطُوا فَحَلوا رِحَالَهُمْ فَخَرَجَ إِلَيهِمْ الراهِبُ وَكانُوا قبل ذلك يَمُرونَ بِهِ فلا يَخْرُجُ إِلَيهِمْ ولا يَلْتَفِتُ قال فَهُمْ يَحُلونَ رِحَالَهُمْ فَجَعَلَ يَتَخَلَلُهُمْ الراهِبُ حتى جاء فَأَخَذَ بِيَدِ رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قال هذا سَيدُ الْعَالَمِينَ هذا رسول رَب الْعَالَمِينَ يَبْعَثُهُ الله رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ فقال له أَشْيَاخٌ من قُرَيْشٍ ما عِلْمُكَ فقال إنكُمْ حين أَشْرَفْتُم من الْعَقَبَةِ لم يَبْقَ شَجَرٌ ولا حَجَرٌ إلا خَر سَاجِدًا ولا يَسْجُدَان إلا لِنَبِي وَإِني أَعْرِفُهُ بِخَاتَمِ النُبوةِ أَسْفَلَ من غُضْرُوفِ كَتِفِهِ مِثْلَ التفاحَةِ ثُم رَجَعَ فَصَنَعَ لهم طَعَامًا فلما أَتاهُمْ بِهِ وكان هو في رِعْيَةِ الْإِبِلِ قال أَرْسِلُوا إليه فَأَقْبَلَ وَعَلَيْهِ غَمَامَةٌ تُظِلهُ فلما دَنَا من الْقَوْمِ وَجَدَهُمْ قد سَبَقُوهُ إلى فئ الشجَرَةِ فلما جَلَسَ مَالَ فئ الشجَرَةِ عليه فقال انْظُرُوا إلى فئ الشجَرَةِ مَالَ عليه قال فَبَيْنَمَا هو قَائِمٌ عليهم وهو يُنَاشِدُهُمْ أَنْ لَا يَذْهَبُوا بِهِ إلى الرومِ فإن الرومَ إذا رَأَوْهُ عَرَفُوهُ بِالصفَةِ فَيَقْتُلُونَهُ فألتفت فإذا بِسَبْعَةٍ قد أَقْبَلُوا من الرومِ فَاسْتَقْبَلَهُمْ فقال ما جاء بِكُمْ قالوا جِئْنَا أن هذا النبي خَارِجٌ في هذا الشهْرِ فلم يَبْقَ طَرِيقٌ إلا بُعِثَ إليه بِأُنَاسٍ وَإِنا قد أُخْبِرْنَا خَبَرَهُ بُعِثْنَا إلى طَرِيقِكَ هذا فقال هل خَلْفَكُمْ أَحَدٌ هو خَيْرٌ مِنْكُمْ قالوا إنما اخترنا خيرة لك لطريقك هذا قال أَفَرَأَيْتُمْ أَمْرًا أَرَادَ الله أَنْ يَقْضِيَهُ هل يَسْتَطِيعُ أَحَدٌ من الناس رَدهُ قالوا لَا قال فَبَايَعُوهُ وَأَقَامُوا معه

قال أُنْشُدُكُمْ الله أَيكُمْ وَلِيُّهُ قالوا أبو طَالِبٍ فلم يَزَلْ يُنَاشِدُهُ حتى رَدَّهُ أبو طَالِبٍ وَبَعَثَ معه أبو بَكْرٍ بِلَالًا وَزَوَدَهُ الراهِبُ من الْكَعْكِ وَالزَّيْتِ.

6372 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ تالىب قۇرەيشنىڭ بىر قانچە ئاقساقىلى بىلەن شامغا سەپەر قىلدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلار بىر راھىبنىڭ تۇرالغۇسىغا يېقىن بىر يەردە توختاپ، يۈك ـ تاقلىرىنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى. راھىب ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى، گەرچە ئۇلار ھەر قېتىملىق سەپىرىدە بۇ يەرگە چۈشۈپ ئۆتسىمۇ، راھىب بۇندىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ باقمىغانىدى. راھىب خۇددى بىرىنى ئىزدەۋاتقاندەك ھەممەيلەننى ئارىلاپ چىقتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ:

ــ مانا بۇ، ئالەملەرنىڭ خوجىسى، بۇ، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ رەسۇلى، الله ئۇنى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىدۇ، ـ دېدى. قۇرەيش ئاقساقاللىرى:

ــ سەن نەدىن بىلىسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ الله تائالانىڭ بىزگە نازىل قىلغان كىتابى (ئىنجىل)دا ئۇنىڭ ئالامەتلىرى بايان قىلىنغان. سىلەر بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقىنىڭلاردا، دەل ـ دەرەخ، تاش ـ كېسەكلەرنىڭ ھەممىسى سەجدىگە باش قويدى. دەرەخ، تاش ۋە باشقا جانسىز نەرسىلەر پەيغەمبەردىن باشقىغا سەجدە قىلمايدۇ. ئۇندىن باشقا، مەن ئۇنىڭ تاغاق سۆڭىكىنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئۇرۇلغان ئالمىچىلىك چوڭلۇقتىكى پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى بىلەن تونۇيمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن قايتىپ بېرىپ، ئۇلارغا تاماق تەييارلىدى. تاماقنى ئېلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىلەرنى ئوتلىتىۋاتاتتى. راھىب:

ــ ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ، چاقىرىپ كېلىڭلار! ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى، بىر پارچە بۇلۇت ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە سايە تاشلاپ كېلىۋاتاتتى. باشقىلار دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرۇۋالغان بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاپتاپ يەردە ئولتۇردى.

لېكىن ئۇ ئۇلتۇرا - ئولتۇرمايلا، دەرەخنىڭ سايىسى ئۇ تەرەپكە يۆتكىلىپ كەتتى. باشقىلار ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرماقچى بولۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. راھىب ئۇلارغا يالۋۇرۇپ:

— اﷲنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنى شام دىيارىغا ئېلىپ بارماڭلار. بىزانس (رىملىقلار) ئۇنى (ئالامەتلىرىدىن) تونۇپ قالسا، قاتتىق ئازابلايدۇ، - دېدى.

دەل شۇ پەيتتە، رىملىقلاردىن يەتتە كىشى ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. راھىب ئۇلارنى كۈتۈۋالدى ۋە:

— نېمە ئىش ئۈچۈن كەلدىڭلار؟ - دەپ سورىغاندى، ئۇلار:

— دىنىي زاتلىرىمىزنىڭ بىلدۈرۈشىچە، مۇشۇ ئايدا ئەرەب دىيارىدىن بىر پەيغەمبەرنىڭ زېمىنىمىز تەۋەلىكىگە ئۆتىدىكەن. شۇڭا بىر نەچچە كىشىلىكتىن گۇرۇپپا تەشكىللىنىپ، تەرەپ - تەرەپكە ئەۋەتىلدى. بىزمۇ بۇ تەرەپكە ئەۋەتىلگەنىدۇق، - دېيىشتى، راھىب:

— ئارقاڭلاردا سىلەردىنمۇ ياخشىراق ۋە تەلەيلىك كىشىلەر بارمۇ؟ - دەپ سورىدى، ئۇلار:

— سەن بۇ يەردە بولغاچقا، بىز مۇشۇ يولنى تاللىۋالدۇق. بەلكىم بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالارمىز؟! - دېيىشتى. راھىب:

— اﷲ بىر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلغان بولسا، بىرى ئۇنى كەينىگە قايتۇرالامدۇ؟ - دەپ سورىدى، ئۇلار:

— ياق، - دېيىشتى. راھىب:

— ئۇنداقتا، سىلەر ئىزدەپ چىققان پەيغەمبەر بۇ يەردە. قېنى، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىڭلار. چۈنكى ئۇ ھەق پەيغەمبەردۇر، - دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلدى ۋە راھىبنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالدى. راھىب:

— اﷲنىڭ ھەققى — ھۆرمىتى بىلەن سورايكى، بۇ بالىنىڭ باشپاناھى كىم؟ - دەپ سورىدى. قۇرەيشلەر ئەبۇ تالىبنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ـ مانا بۇ زات، ـ دېيىشتى. راھىب ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئەبۇ تالىبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شامغا ئېلىپ بارماسلىقنى ئۆتۈنۈپ قايتا ـ قايتا ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ تالىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەبۇ بەكرى بىلەن بىلالنى قوشۇپ (مەككىگە) قايتۇرۇۋەتتى. راھىب ئۇلارغا ئوزۇقلۇق ئۈچۈن بولكا نان بىلەن زەيتۇن يېغى تەييارلاپ بەردى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

6373 – عن أبو موسا قال: خرج أبو طالب إلى الشام وخرج معه النبي صلى الله عليه وسلم في أشياخ من قريش.

6373 ـ ئەبۇ مۇسادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ تالىب قۇرەيشنىڭ بىر قانچە ئاقساقىلى بىلەن شامغا سەپەر قىلدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنۇلار بىلەن بىللە ئىدى[1]...

(تىرمىزى: 3620)

[1] ئەلبانى (2862): سەھىھ ـ دېگەن.

## ۋەھىينىڭ باشلىنىشى ۋە قانداق نازىل بولغانلىقى

6374 - عَنْ عَائِشَةَ أُم الْمُؤْمِنِينَ أَنهَا قَالَتْ أَولُ مَا بُدِئَ بِهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ الْوَحْيِ الرؤْيَا الصالِحَةُ فِي النوْمِ فَكَانَ لَا يَرَى رُؤْيَا إِلا جَاءَتْ مِثْلَ فَلَقِ الصبْحِ ثُم حُببَ إِلَيْهِ الْخَلَاءُ وَكَانَ يَخْلُو بِغَارِ حِرَاءٍ فَيَتَحَنثُ فِيهِ وَهُوَ التعَبدُ اللَيَالِيَ ذَوَاتِ الْعَدَدِ قَبْلَ أَنْ يَنْزِعَ إِلَى أَهْلِهِ وَيَتَزَودُ لِذَلِكَ ثُم يَرْجِعُ إِلَى خَدِيجَةَ فَيَتَزَودُ لِمِثْلِهَا حَتى جَاءَهُ الْحَق وَهُوَ فِي غَارِ حِرَاءٍ فَجَاءَهُ الْمَلَكُ فَقَالَ اقْرَأْ قَالَ مَا أَنَا بِقَارِئٍ قَالَ فَأَخَذَنِي فَغَطنِي حَتى بَلَغَ مِني الْجَهْدَ ثُم أَرْسَلَنِي فَقَالَ اقْرَأْ قُلْتُ مَا أَنَا بِقَارِئٍ فَأَخَذَنِي فَغَطنِي الثانِيَةَ حَتى بَلَغَ مِني الْجَهْدَ ثُم أَرْسَلَنِي فَقَالَ اقْرَأْ فَقُلْتُ مَا أَنَا بِقَارِئٍ فَأَخَذَنِي فَغَطنِي الثالِثَةَ ثُم أَرْسَلَنِي فَقَالَ اقْرَأْ بِاسْمِ رَبكَ الذِي خَلَقَ خَلَقَ الْإِنْسَانَ مِنْ عَلَقٍ اقْرَأْ وَرَبكَ الْأَكْرَمُ فَرَجَعَ بِهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَرْجُفُ فُؤَادُهُ فَدَخَلَ عَلَى خَدِيجَةَ بِنْتِ خُوَيْلِدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا فَقَالَ زَملُونِي زَملُونِي فَزَملُوهُ حَتى ذَهَبَ عَنْهُ الروْعُ فَقَالَ لِخَدِيجَةَ وَأَخْبَرَهَا الْخَبَرَ لَقَدْ خَشِيتُ عَلَى نَفْسِي فَقَالَتْ خَدِيجَةُ كَلا وَاللهِ مَا يُخْزِيكَ اللهُ أَبَدًا إِنكَ لَتَصِلُ الرحِمَ وَتَحْمِلُ الْكَل وَتَكْسِبُ الْمَعْدُومَ وَتَقْرِي الضيْفَ وَتُعِينُ عَلَى نَوَائِبِ الْحَق فَانْطَلَقَتْ بِهِ خَدِيجَةُ حَتى أَتَتْ بِهِ وَرَقَةَ بْنَ نَوْفَلِ بْنِ أَسَدِ بْنِ عَبْدِ الْعُزى ابْنَ عَم خَدِيجَةَ وَكَانَ امْرَأً قَدْ تَنَصرَ فِي الْجَاهِلِيةِ وَكَانَ يَكْتُبُ الْكِتَابَ الْعِبْرَانِي فَيَكْتُبُ مِنْ الْإِنْجِيلِ بِالْعِبْرَانِيةِ مَا شَاءَ اللهُ أَنْ يَكْتُبَ وَكَانَ شَيْخًا كَبِيرًا قَدْ عَمِيَ فَقَالَتْ لَهُ خَدِيجَةُ يَا ابْنَ عَم اسْمَعْ مِنْ ابْنِ أَخِيكَ فَقَالَ لَهُ وَرَقَةُ يَا ابْنَ أَخِي مَاذَا تَرَى فَأَخْبَرَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَبَرَ مَا رَأَى فَقَالَ لَهُ وَرَقَةُ هَذَا الناموسُ الذِي نَزلَ اللهُ عَلَى مُوسَى يَا لَيْتَنِي فِيهَا جَذَعًا لَيْتَنِي أَكُونُ حَيا إِذْ يُخْرِجُكَ قَوْمُكَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوَمُخْرِجِي هُمْ قَالَ نَعَمْ لَمْ يَأْتِ رَجُلٌ قَط

بِمِثْلِ مَا جِئْتَ بِهِ إِلا عُودِيَ وَإِنْ يُدْرِكْنِي يَوْمُكَ أَنْصُرْكَ نَصْرًا مُؤَزَّرًا ثُم لَمْ يَنْشَبْ وَرَقَةُ أَنْ تُوُفِّيَ وَفَتَرَ الْوَحْيُ.

6374 ـ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ۋەھيي پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەڭ دەسلەپتە راست چۈشلەردىن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ چۈشلىرى تاڭ نۇرىدەك ئاشكارا يۈز بېرەتتى. كېيىن ئۇ يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالدى ۋە ھىرا غارىدا قانچىلىغان كېچىلەرنى يالغۇز ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئىستىقامەتكە چىققاندا، يېنىغا ئوزۇقلۇق ئېلىۋالاتتى، ئىستىقامەتتىن قايتقاندا، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كېلىپ، كېيىنكى قېتىملىق ئىستىقامەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلاتتى. بۇ ئىش شۇنداق داۋاملاشتى. بىر كۈنى، ئۇ ھىرا غارىدىكى چاغدا پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى كەلدى. بىر پەرىشتە كېلىپ ئۇنىڭغا:

ــ ئوقۇ! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئوقۇشنى بىلمەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «پەرىشتە مېنى تۇتۇپ، قاتتىق سىقىپ قويۇۋېتىپ: ”ئوقۇ!“ دېدى. مەن: ”ئوقۇشنى بىلمەيمەن“ دېدىم. مېنى ئىككىنچى قېتىم تۇتۇپ، قاتتىق سىقىپ قويۇۋېتىپ: ”ئوقۇ!“ دېدى. مەن: ”ئوقۇشنى بىلمەيمەن“ دېدىم. مېنى ئۈچىنچى قېتىم يەنە تۇتۇپ، سىقىپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن: ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنسانىنى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى [1] دېدى».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتلەر بىلەن قايتتى، ئۇ قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇدۇل

[1] سۈرە ئەلەق، 1 ـ دىن 5 ـ ئايەتكىچە.

خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىپ (قورقۇنچىنى بېسىش ئۈچۈن):

ــ مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! ــ دېدى. خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى يۆگەپ قويدى. قورقۇنچى بېسىققاندىن كېيىن، خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

ــ ئۆزەمدىن ئەنسىرەپ قالدىم، ـ دېدى. خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ ئۇنداق دېمىگىن! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله سېنى ھەرگىز يامان كۈنگە قويمايدۇ. چۈنكى، سەن خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىسەن، ئاجىز ـ بىچارىلەرنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىسەن، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈۋالىسەن، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ياردەم قىلىسەن، ـ دېدى.

كېيىن، خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززانىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ۋەرەقە جاھىلىيەت دەۋرىدە خرىستىئان دىنىغا كىرگەن بولۇپ، ئىبرانى يېزىقىنى بىلەتتى ۋە ئىنجىلدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئىبرانى تىلىدا يازاتتى. ئۇ ياشىنىپ قالغاچقا، كۆزى ئەما بولۇپ قالغان بوۋاي ئىدى. خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋەرەقەگە:

ــ ئى تاغامنىڭ ئوغلى! قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باققىن! ـ دېدى. ۋەرەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

ــ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! نېمە بولدۇڭ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. ۋەرەقە ئۇنىڭغا:

ــ الله تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ۋەھيىسى مانا مۇشۇ. كاشكى مەن سېنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغان ۋاقىتلىرىڭدا ياش يىگىت بولۇپ قالسامچۇ؟! ئىسىت، مەن خەلقىڭ سېنى يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقىرىدىغان ۋاقىتتا ھايات بولسامچۇ؟! ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئەجەبلىنىپ):

ــ ئۇلار مېنى يۇرتۇمدىن ھەيدەپ چىقىرامدۇ؟ ـ دېدى. ۋەرەقە:

ـــ ھەئە، ھەيدەپ چىقىرىدۇ. پەيغەمبەرنىڭ دۇشمىنى بولماي قالمايدۇ. سەن دىنغا دەۋەت قىلىدىغان چاغلاردا ھاياتلا بولسام، ساڭا يېقىندىن ياردەم قىلىمەن، ـ دېدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ۋەرەقە ۋاپات بولۇپ كەتتى. ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قالدى.

(بۇخارى: 3)

6375 – وفي رواية: وَفَتَرَ الْوَحْيُ فَتْرَةً حَتى حَزِنَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيمَا بَلَغَنَا حُزْنًا غَدَا مِنْهُ مِرَارًا كَيْ يَتَرَدى مِنْ رُءُوسِ شَوَاهِقِ الْجِبَالِ فَكُلمَا أَوْفَى بِذِرْوَةِ جَبَلٍ لِكَيْ يُلْقِيَ مِنْهُ نَفْسَهُ تَبَدى لَهُ جِبْرِيلُ فَقَالَ يَا مُحَمدُ إِنكَ رَسُولُ اللهِ حَقًّا فَيَسْكُنُ لِذَلِكَ جَأْشُهُ وَتَقِر نَفْسُهُ فَيَرْجِعُ فَإِذَا طَالَتْ عَلَيْهِ فَتْرَةُ الْوَحْيِ غَدَا لِمِثْلِ ذَلِكَ.

6375 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ۋەھيى بىر مۇددەت ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق قايغۇرۇشقا باشلىدى، ھەتتا بىر نەچچە قېتىم تاغ چوققىلىرىغا چىقىپ، ئۆزىنى تاشلىۋالماقچى بولدى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆزىنى تاشلاش ئۈچۈن تاغ چوققىسىغا چىققاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ:

ــ ئى مۇھەممەد! سەن ھەقىقەتەن ﷲنىڭ رەسۇلىدۇرسەن، ـ دەيتتى. بۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپ، خاتىرجەم ھالدا قايتىپ كېلەتتى. يەنە ۋەھيى كەلمەي، ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە، يەنە شۇنداق قىلاتتى ۋە تاغ چوققىسىغا چىققاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ، يەنە يۇقىرىقىدەك دەيتتى.

(بۇخارى: 6982)

6376 - عن يَحْيَى قال سَأَلْتُ أَبَا سَلَمَةَ أَي الْقُرْآنِ أُنْزِلَ قَبْلُ قَالَ {يَا أَيهَا الْمُدثرُ} فَقُلْتُ أَوْ اقْرَأْ فَقَالَ سَأَلْتُ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ أَي الْقُرْآنِ أُنْزِلَ قَبْلُ قَالَ {يَا أَيهَا الْمُدثرُ} فَقُلْتُ أَوْ اقْرَأْ قَالَ جَابِرٌ أُحَدثُكُمْ مَا حَدثَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ جَاوَرْتُ بِحِرَاءٍ شَهْرًا فَلَما قَضَيْتُ جِوَارِي نَزَلْتُ فَاسْتَبْطَنْتُ بَطْنَ الْوَادِي فَنُودِيتُ فَنَظَرْتُ

أَمامِي وَخَلْفِي وَعَنْ يَمِينِي وَعَنْ شِمَالِي فَلَمْ أَرَ أَحَدًا ثُم نُودِيتُ فَنظَرْتُ فَلَمْ أَرَ أَحَدًا ثُم نُودِيتُ فَرَفَعْتُ رَأْسِي فَإِذَا هُوَ عَلَى الْعَرْشِ فِي الْهَوَاءِ يَعْنِي جِبْرِيلَ عَلَيْهِ السلَام فَأَخَذَتْنِي رَجْفَةٌ شَدِيدَةٌ فَأَتَيتُ خَدِيجَةَ فَقُلْتُ دَثرُونِي فَدَثرُونِي فَصَبوا عَلَي مَاءً فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل يَا أَيهَا الْمُدثرُ قُمْ فَأَنذِرْ وَرَبكَ فَكَبرْ وَثِيَابَكَ فَطَهرْ .

6376 ـ يەھيا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ سەلەمەدىن:

ــ قۇرئاننىڭ قايسى سۈرىسى ئەڭ بۇرۇن نازىل بولغان؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ ئى (ۋەھيي نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) دەپ باشلانغان سۈرە، ـ دېدى. مەن:

ــ ئوقۇغىن دېگەن ئايەت ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ مەنمۇ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: ’’قۇرئاننىڭ قايسى سۈرىسى ئەڭ بۇرۇن نازىل بولغان؟‘‘ دەپ سورىسام، ئۇ: ’’ ئى (ۋەھيي نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) ‘‘ دەپ باشلانغان سۈرە، ـ دېدى. مەن: ’’(ئوقۇغىن) دېگەن ئايەت ئەمەسمۇ؟‘‘ دەپ سورىسام، ئۇ: ’’مەن سىلەرگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بېرىۋاتىمەن، ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ھىرادا بىر ئاي ئىستىقامەت قىلىپ تۇردۇم، ئىستىقامىتىمنى تاماملاپ، تاغدىن چۈشتۇم ۋە تۈزلەڭلىكتە كېتىۋاتاتتىم، (توساتتىن) چاقىرىلدىم. ئالدى ـ كەينىم، ئوڭ ـ سولۇمغا قارىسام، ھېچكىم يوق. يەنە قايتا چاقىرىلدىم، قارىسام يەنە ھېچكىم يوق. يەنە چاقىرىلىۋىدىم، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھاۋادا تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. مېنى قاتتىق تىترەك بېسىپ كەتتى. ئۇدۇل خەدىجەنىڭ قېشىغا بېرىپ: مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! ـ دېدىم، ئۇلار مېنى يۆگەپ قويدى ۋە ماڭا سۇ سەپتى. شۇ چاغدا، الله ئەززە ۋەجەللە: ئى (ۋەھيي نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) تۇر! (ئىنسانلارنى) اللهنىڭ

ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا، كىيىمىڭنى پاك تۇت[1] دەپ باشلانغان سۈرىنى نازىل قىلدى».

(مۇسلىم: 161)

7377 – وفي رواية: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يُحَدثُ عَنْ فَتْرَةِ الْوَحْيِ قَالَ فِي حَدِيثِهِ فَبَيْنا أنا أمْشِي سَمِعْتُ صَوْتًا مِنْ السمَاءِ فَرَفَعْتُ رَأْسِي فَإِذَا الْمَلَكُ الذِي جَاءَنِي بِحِرَاءٍ جَالِسًا عَلى كُرْسِي بَيْنَ السمَاءِ وَالْأَرْضِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجُئِثْتُ مِنْهُ فَرَقًا فَرَجَعْتُ فَقُلْتُ زَمِلُونِي زَمِلُونِي فَدَثرُونِي فَأَنْزَلَ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى يَا أَيهَا الْمُدثرُ قُمْ فَأَنْذِرْ وَرَبكَ فَكَبرْ وَثِيَابَكَ فَطَهرْ وَالرجْزَ فَاهْجُرْ.

6377 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن:

«يولدا كېتىۋېتىپ، ئاسماندىن بىر ئاۋاز ئاڭلىدىم. قارىسام، ھىرادىكى چېغىمدا قېشىمغا كەلگەن پەرىشتە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدىكى بىر تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن قاتتىق قورقۇپ كەتتىم. ئۆدۈل ئۆيگە قايتىپ بېرىپ: "مېنى چۈمكەپ قويۇڭلار! مېنى چۈمكەپ قويۇڭلار!" دېدىم. ئۇلار مېنى چۈمكەپ قويۇشتى. شۇ چاغدا الله تابارەكە ۋەتائالا مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر) تۇر! (ئىنسانلارنى) اللهنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا، كىيىمىڭنى پاك تۇت، ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول![2]».

(مۇسلىم: 161)

6378 - وفي رواية: ثُم حَمِيَ الْوَحْيُ وَتَتَابَعَ.

6378 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئاندىن ۋەھيي ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 4926)

---

[1] سۈرە مۇددەسسىر، 1 ـ دىن 4 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە مۇددەسسىر، 1 ـ دىن 4 ـ ئايەتكىچە.

6379 - عَنْ عَائِشَةَ أُم الْمُؤْمِنِينَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أن الْحَارِثَ بْنَ هِشَامٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ سَأَلَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ يَأْتِيكَ الْوَحْيُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحْيَانًا يَأْتِينِي مِثْلَ صَلْصَلَةِ الْجَرَسِ وَهُوَ أَشَدهُ عَلَي فَيُفْصَمُ عَني وَقَدْ وَعَيْتُ عَنْهُ مَا قَالَ وَأَحْيَانًا يَتَمَثلُ لِي الْمَلَكُ رَجُلًا فَيُكَلمُنِي فَأَعِي مَا يَقُولُ قَالَتْ عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا وَلَقَدْ رَأَيْتُهُ يَنْزِلُ عَلَيْهِ الْوَحْيُ فِي الْيَوْمِ الشدِيدِ الْبَرْدِ فَيَفْصِمُ عَنْهُ وَإِن جَبِينَهُ لَيَتَفَصدُ عَرَقًا.

6379 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھارىس ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى ﷲنىڭ پەيغەمبىرى! ۋەھيى ساڭا قايسى رەۋىشتە كېلىدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ــ ۋەھيى ماڭا بەزىدە قوڭغۇراق ئاۋازىدەك جاراڭلىق كېلىدۇ، بۇ ماڭا ئەڭ قىيىن تۇيۇلىدۇ. پەرىشتىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېسىمگە ئېلىۋالىمەن ـ دە، ئۇ مەندىن ئايرىلىدۇ. بەزىدە پەرىشتە ماڭا ئىنسان سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ سۆزلەيدۇ، مەن ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېسىمگە ئېلىۋالىمەن، ـ دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن قاتتىق سوغۇق كۈنلەردە ۋەھيى كېلىپ توختىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشانىسىدىن چېپىلداپ تەر ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.

(بۇخارى: 2)

6380 - عن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قال كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أُنزِلَ عَلَيْهِ الْوَحْيُ سُمِعَ عِنْدَ وَجْهِهِ كَدَوِي النحْلِ.

6380 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيى نازىل قىلىنسا،

يۈزىنىڭ قېشىدا ھەسەل ھەرىسىنىڭ غوڭۇلدىغىنىدەك ئاۋاز چىقاتتى①.

(تىرمىزى: 3173)

6381 - عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ قَالَ كَانَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أُنْزِلَ عَلَيْهِ الْوَحْيُ كُرِبَ لِذَلِكَ وَتَرَبدَ وَجْهُهُ.

6381 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيى نازىل بولغاندا، چىرايى تاتىرىپ، يۈزى ئۆڭۈپ كېتەتتى.

(مۇسلىم: 2334)

6382 - عن صَفْوَانَ بْنَ يَعْلَى بْنِ أُمية أَن يَعْلَى كَانَ يَقُولُ لِعُمَرَ بْنِ الْخَطاب رَضِيَ اللهُ عَنْهُ لَيْتَنِي أَرَى نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ يُنْزَلُ عَلَيْهِ فَلَما كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْجِعْرَانَةِ وَعَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَوْبٌ قَدْ أُظِل بِهِ عَلَيْهِ مَعَهُ نَاسٌ مِنْ أَصْحَابِهِ فِيهِمْ عُمَرُ إِذْ جَاءَهُ رَجُلٌ عَلَيْهِ جُبةُ صُوفٍ مُتَضَمخٌ بِطِيبٍ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ تَرَى فِي رَجُلٍ أَحْرَمَ بِعُمْرَةٍ فِي جُبةٍ بَعْدَ مَا تَضَمخَ بِطِيبٍ فَنَظَرَ إِلَيْهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَاعَةً ثُم سَكَتَ فَجَاءَهُ الْوَحْيُ فَأَشَارَ عُمَرُ بِيَدِهِ إِلَى يَعْلَى بْنِ أُمية تَعَالَ فَجَاءَ يَعْلَى فَأَدْخَلَ رَأْسَهُ فَإِذَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُحْمَر الْوَجْهِ يَغِط سَاعَةً ثُم سُرِيَ عَنْهُ.

6382 ـ سەفۋاننىڭ دادىسى يەئلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى (ئۇنىڭغا) ۋەھيى چۈشۈۋاتقان ۋاقىتتا بىر كۆرسەم بولاتتى، ـ دەيتتى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەر قاتارلىق بىر توپ ساھابىلىرى بىلەن جىئرانە دېگەن يەردە ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە رەخت بىلەن سايە چۈشۈرۈلگەنىدى. شۇ ئەسنادا جۇۋا كىيىۋالغان ۋە بولۇشىغا خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلەتكەن بىرى كېلىپ:

① ئەلبانى (620): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بولۇشىغا خۇشپۇراق ئىشلىتىپ، ئاندىن جۇۋا كىيىپ، ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان ئادەمگە قانداق پەتىۋا بېرىسەن؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن جىم بولۇپ قالدى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭغا ۋەھيي كەلگەنىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەئلاغا: "بۇياققا كەل!" دەپ ئىشارەت قىلدى. يەئلا كېلىپ، بېشىنى سايىۋەننىڭ ئىچىگە تىقتى ۋە كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، خارتىلدىغان ھالدا نەپەس ئېلىۋاتاتتى. كۆپ ئۆتمەي، ۋەھيي توختىدى.

(مۇسلىم: 1180)

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىننى يەتكۈزۈش يولىدا قەۋمى يەتكۈزگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغانلىقى ۋە بۇتلارنى چىقىۋەتكەنلىكى

6383 - عن عَبْدَ اللهِ بْنَ مَسْعُودٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُصَلي عِنْدَ الْبَيتِ وَأَبو جَهْلٍ وَأَصْحَابٌ لَهُ جُلُوسٌ إِذْ قَالَ بَعْضُهُمْ لِبَعض أيكُمْ يَجِيءُ بِسَلَى جَزُورِ بَنِي فُلَانٍ فَيضَعُهُ عَلَى ظَهْرِ مُحَمدٍ إِذَا سَجَدَ فَانْبَعَثَ أَشْقَى الْقَوْمِ فَجَاءَ بِهِ فَنظَرَ حَتى سَجَدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَضَعَهُ عَلَى ظَهْرِهِ بَينَ كَتِفَيْهِ وَأَنا أَنظُرُ لَا أُغْنِي شَيْئًا لَوْ كَانَ لِي مَنَعَةٌ قَالَ فَجَعَلُوا يَضْحَكُونَ وَيُحِيلُ بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَاجِدٌ لَا يَرْفَعُ رَأْسَهُ حَتى جَاءَتْهُ فَاطِمَةُ فَطَرَحَتْ عَنْ ظَهْرِهِ فَرَفَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأْسَهُ ثُم قَالَ اللهُم عَلَيْكَ بِقُرَيْشٍ ثَلَاثَ مَراتٍ فَشَق عَلَيهِمْ إِذْ دَعَا عَلَيْهِمْ قَالَ وَكَانُوا يَرَوْنَ أَن الدعْوَةَ فِي ذَلِكَ الْبَلَدِ مُسْتَجَابَةٌ ثُم سَمى اللهُم عَلَيْكَ بِأَبِي جَهْلٍ وَعَلَيْكَ بِعُتْبَةَ بْنِ رَبِيعَةَ وَشَيْبَةَ بْنِ رَبِيعَةَ وَالْوَلِيدِ بْنِ عُتْبَةَ وَأُمَيةَ بْنِ خَلَفٍ وَعُقْبَةَ بْنِ أَبِي مُعَيْطٍ وَعَد السابِعَ فَلَمْ يَحْفَظْ قَالَ فَوَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَقَدْ رَأَيْتُ الذِينَ عَد رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَرْعَى فِي الْقَلِيبِ قَلِيبِ بَدْرٍ.

6383 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەئبىنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئەبۇ جەھل ۋە بىر نەچچە ھەمراھىمۇ شۇ يەردە ئولتۇراتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە:

ـ قايسىڭلار پالانچىنىڭ (سويۇلغان) تۆگىسىنىڭ ئۈچەي ـ باغرىنى ئەكىلىپ، مۇھەممەد سەجدە قىلىۋاتقاندا دولىسىغا تاشلاپ قويىدۇ؟ ـ دېيىشتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ شەقىيسى ئالدىراپ بېرىپ، ئۇ تۆگىنىڭ ئىچ ـ قارنىنى ئېلىپ كەلدى ۋە ساقلاپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم سەجدىگە بارغاندا، ئۆشنىسىگە ئارتىپ قويىدى. مەن بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان بولساممۇ، ئۇنى ئېلىۋەتكۈدەك ماغدۇرۇم يوق ئىدى. ئۇلار ۋالاقشىپ كۈلۈپ، تېلىقىپ كېتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى سەجدىدىن ئالماي تۇرىۋەردى، ئاخىرى، (قىزى) فاتىمە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆشنىسىدىن ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ تاشلىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۈچ قېتىم:

— ئى الله! قۇرەيشنى ھالاك قىلغىن! — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەددۇئاسىنى ئاڭلىغان قۇرەيشلەر كۈلكىدىن دەرھال توختىدى. چۈنكى ئۇلار: "مۇشۇ شەھەردە دۇئا ئىجابەت قىلىنىدۇ" دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاپ:

- ئى الله! ئەبۇ جەھلنى، ئۇتبە ئىبنى رەبىيئەنى، شەيبە ئىبنى رەبىيئەنى، ۋەلىد ئىبنى ئۇتبەنى، ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنى، ئۇتبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيتنى ھالاك قىلغىن! - دەپ بەددۇئا قىلدى. يەتتىنچىسىنىمۇ سانىغان ئىدى، ئېسىمدە قالماپتۇ.

ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بەدر غازىتى ئاياغلاشقاندا، يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان شۇ قۇرەيشلەرنىڭ جەسەدلىرىنىڭ قۇدۇقلارغا تاشلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

(بۇخارى: 240)

6384 - وفي رواية: فَيَعْمِدُ إِلَى فَرْثِهَا وَدَمِهَا وَسَلَاهَا. وفيها ذكر السابع: عُمَارَةَ بْنِ الْوَلِيدِ.

6384 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: "قايسىڭلار پالانچىنىڭ تۆگىسىنىڭ قېرىنى، قېنى ۋە ئۈچەي ـ باغرىنى ئەكىلىپ، ئۇنىڭ ئۆشنىسىگە ئارتىپ قويىدۇ؟" دېيىلگەن، بۇ ھەدىستە يەنە: "يەتتىنچى بەدبەختنىڭ ئىسمى ئۇمارە ئىبنى ۋەلىد ئىدى" دەپ زىكرى قىلىنغان.

(بۇخارى: 520)

6385 - وزاد البزار والكبير: ثُم أَقْبَلَ أَبو الْبَخْتَرِي إِلَى أَبِي جَهْلٍ فَقَالَ: يَـا أَبَـا الْحَكَمِ، أَنتَ الذِي أَمَرْتَ بِمُحَمدٍ فَطُرِحَ عَلَيْهِ الْفَرْثُ؟ قَالَ: نَعَمْ، قَالَ: فَرَفَـعَ السَّـوْطَ فَضَرَبَ بِهِ رَأْسَهُ، قَالَ: فَثَارَتِ الرجَالُ بَعْضُهَا إِلَى بَعْضٍ، قَالَ: وَصَاحَ أَبو جَهْلٍ: وَيْحَكُمْ هِيَ لَهُ إِنمَا أَرَادَ مُحَمدٌ أَنْ يُلْقِيَ بَيْنَنَا الْعَدَاوَةَ وَيَنْجُوَ هُوَ وَأَصْحَابُهُ.

6385 ـ بەززار بىلەن تەبەرانىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئەبۇ بەختەرى ئەبۇ جەھىلنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئى ئەبۇلھەكەم! مۇھەممەدنىڭ ئۈستىگە تۆگىنىڭ ئىچ ـ قارنىنى ئارتىپ قويۇشقا بۇيرىغان سەنمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ــ ھەئە، ـ دېيىشى بىلەنلا، قامچىسىنى چۆرۈپ ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى سالدى. بۇنى كۆرگەن جامائەت بىر ـ بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكىلى تاس قالدى. ئەبۇ جەھىل:

ــ ۋاي ئۇنداق قىلىشماڭلار، ئۇرۇش ئۇنىڭ ھەققى. مۇھەممەد ئارىمىزدا ئاداۋەت تېرىپ قويۇپ، ئۆزى ھەمراھلىرى بىلەن قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ـ دەپ ۋارقىرىدى[1].

(بەززار: 1853؛ «ئەلئەۋسەت»: 763)

6386 - عن عُقَيْلُ بن أبي طَالِبٍ قال جَاءَتْ قُرَيْشٌ إلى أبي طَالِبٍ فَقَالُوا إن ابـن أَخِيكَ يُؤْذِينَا في نَادِينَا وفي مَجْلِسِنَا فَانْهَهُ عن إِيذَائِنَا فقال لي يا عُقَيْـلُ ائْـتِ مُحَمـدًا فَانْطَلَقْتُ إليه فاخرجته من كِبْسٍ قال طَلْحَةُ بَيْتٌ صَغِيرٌ فَجَاءَ في الظهْرِ من شِدةِ الْحَـر فَجَعَلَ يَطْلُبُ الْفَيْءَ يَمْشِي فيه من شِدةِ حَر الرمْضَاءِ فَأَتَيْنَاهُمْ فقال أبو طَالِـبٍ ان بـني عَمكَ زَعَمُوا أَنكَ تُؤْذِيهِمْ في نَادِيهِمْ وفي مَجْلِسِهِمْ فَانْتَهِ عن ذلك فَحَلَّقَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم بِبَصَرِهِ إلى السمَاءِ فقال ما تَرَوْنَ هذا الشمْسَ قالوا نعم قال ما أنا بِأَقْدَرَ أَنْ ادع ذلك مِنْكُمْ ان تُشْعِلُوا منها شُعْلَةً قال أبو طَالِبٍ ما كَذَبَنَا بن أَخِي قَـط فَـارْجِعُوا رَاشِدِينَ.

[1] ھەيسەمى (9818): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەجلەھ ئىبنى ئابدۇللاھ كىندى ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن كىشى بار، ـ دېگەن.

6386 ـ ئۇقەيل ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئەبۇ تالىبنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـــ جىيەنىڭ يىغىلىش ۋە سورۇنلىرىمىزدا بىزگە ئازار يەتكۈزىۋاتىدۇ. ئۇنى بۇنداق قىلىشتىن توسىغىن! ــ دېيىشتى. دادام ماڭا:

ــ ئەي ئۇقەيل! مۇھەممەدنى چاقىرىپ كەلگىن! ـ دېدى. مەن ئۇنى ئىزدەپ، بىر كىچىك ھۇجرىدىن تاپتىم. چۈش ۋاقتى، يوللار قۇياش تەپتىدىن قىزىپ كەتكەچكە، ئۇ يول بويىدىكى سايىداق يەرلەرنى بېسىپ ماڭاتتى. بىز يېتىپ كەلگەندە، دادام:

ــ بۇلار سېنىڭدىن بىئارام بولۇۋېتىپتۇ، ئەمدى ئۇنداق قىلمىغىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاسمانغا بىر تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ـ بۇ قۇياشنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇلار:

ــ ھەئە، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنىڭدىن بىر پارچە يورۇقلۇقنى ئۇزۇۋېلىشىڭلار قانداق مۇمكىن بولمىسا، مېنىڭ بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىشىممۇ شۇنداق مۇمكىن بولمايدۇ، ـ دېدى. ئەبۇ تالىب ئۇلارغا:

ــ جىيەنىم ھەرگىز يالغان ئېيتمايدۇ، سىلەر قايتىپ كېتىڭلار! ـ دېدى[①].

(«ئەلئەۋسەت»: 8553؛ «ئەلكەبىر»: 191/17؛ ئەبۇ يەئلا: 6804)

6387 - عَنْ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ قَالَ مَا رَأَيْتُ قُرَيْشًا أَرَادُوا قَتْلَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلا يَوْمًا رَأَيْتُهُمْ وَهُمْ جُلُوسٌ فِي ظِلِ الْكَعْبَةِ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي عِنْدَ الْمَقَامِ فَقَامَ إِلَيْهِ عُقْبَةُ بْنُ أَبِي مُعَيْطٍ فَجَعَلَ رِدَاءَهُ فِي عُنُقِهِ ثُم جَذَبَهُ حَتى وَجَبَ لِرُكْبَتَيْهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَتَصَايَحَ الناسُ فَظَنُوا أَنهُ مَقْتُولٌ قَالَ وَأَقْبَلَ أَبو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ

[①] ھەيسەمى (9809): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەبۇ يەئلانىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

عَنْهُ يَشْتَد حَتى أَخَذَ بِضَبْعَيْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ وَرَائِهِ وَهُوَ يَقُولُ أَتَقْتُلُونَ رَجُلًا أَنْ يَقُولَ رَبيَ اللهُ ثُم انْصَرَفُوا عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما قَضَى صَلَاتَهُ مَر بِهِمْ وَهُمْ جُلُوسٌ فِي ظِل الْكَعْبَةِ فَقَالَ يَا مَعْشَرَ قُرَيْشٍ أَمَا وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ مَا أُرْسِلْتُ إِلَيْكُمْ إِلا بِالذبْحِ وَأَشَارَ بِيَدِهِ إِلَى حَلْقِهِ فَقَالَ لَهُ أَبُو جَهْلٍ يَا مُحَمدُ مَا كُنْتَ جَهُولا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْتَ مِنْهُمْ.

6387 ـ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ كۈنى، قۇرەيش مۇشرىكلىرى كەئبىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراتتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولسا، ماقامى ئىبراھىمدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت ئورنىدىن تۇرۇپ، تونىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوينىغا يۆگەپ، قاتتىق تارتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىزچىلاپ يىقىلىپ چۈشتى. ئەتراپتا تۇرغانلار چۇرقىرىشىپ كەتتى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلدى دەپ ئويلاشقانىدى. شۇ ئارىدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى بىلىكىنى ئارقا تەرەپتىن تۇتۇۋالدى ۋە:

ـ بىر ئادەمنى «رەببىم اللهتۇر» دېگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆلتۈرەمسىلەر؟ ـ دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قويۇپ بېرىپ جايىغا قايتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىنىڭ قالغىنىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كەئبىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ قېشىغا باردى ۋە:

ـ ئەي قۇرەيش خەلقى! جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە پەقەت بوغۇزلاش (جازاسى) بىلەن ئەۋەتىلدىم، ـ دەپ گېلىنى ئىشارەت قىلدى. ئەبۇ جەھل:

ـــ ئى مۇھەممەد! مەن نادان ئەمەس، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ (دەل ئەكسىچە) سەنمۇ مۇشۇلاردىن، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»؛ «ئەلئەۋسەت»؛ مەۋسىلى: 7339)

6388 - عَنْ إِبْرَاهِيمَ قَالَ أَرَادَ الضحاكُ بْنُ قَيْسٍ أَنْ يَسْتَعْمِلَ مَسْرُوقًا فَقَالَ لَهُ عُمَارَةُ بْنُ عُقْبَةَ أَتَسْتَعْمِلُ رَجُلًا مِنْ بَقَايَا قَتَلَةِ عُثْمَانَ فَقَالَ لَهُ مَسْرُوقٌ حَدثَنَا عَبْدُ اللهِ بْنُ مَسْعُودٍ وَكَانَ فِي أَنْفُسِنَا مَوْثُوقَ الْحَدِيثِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لما أَرَادَ قَتْلَ أَبِيكَ قَالَ مَنْ لِلصبْيَةِ قَالَ النارُ فَقَدْ رَضِيتُ لَكَ مَا رَضِيَ لَكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

6388 ـ ئىبراھىم ئىبنى يەزىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: زەھھاك ئىبنى قەيس مەسرۇقنى ۋالىي تەيىنلىمەكچى بولغانىدى، ئۇمارە ئىبنى ئۇقبە:

ــ ئوسمانىنىڭ قاتىللىرىنىڭ قالدۇقلىرىدىن بىرىگە ئەمەل تۇتقۇزامسەن؟ ـ دېدى. مەسرۇق ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ـ بىز كۆڭلىمىزدە راستچىل دەپ ئىشەنچ قىلىدىغان راۋىيلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم داداڭ (ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت)نى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، داداڭ:

ـ بالىلىرىمدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئوت (يەنى دوزاخ)، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مەنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەن ئۈچۈن مۇۋاپىق كۆرۈپ، كۆڭلى رازى بولغان نەرسىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، قوبۇل قىلىمەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2686)

---

[1] ھەيسەمى (9813): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئەلقەمە ئىسىملىك ھەدىسى ھەسەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2336): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

6389 - عن أنس بن مالك قال لقد ضربوا رسول الله صلى الله عليه وسلم مـرة حتى غشى عليه فقام أبو بكر فجعل ينادى ويلكم اتقتلون رجلا أن يقول ربى الله فقـالوا من هذا فقالوا أبو بكر المنون. فتركوه وأقبلوا على أبى بكر.

6389 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر قېتىم قۇرەيش مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھوشىدىن كەتكۈچە ئۇرغانىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئىست سىلەرگە، «رەببىم الله» دېگىنى ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟ ـ دېدى، ئۇلار:

ـ بۇ كىم؟ ھە، بۇ ھېلىقى ئەبۇ بەكرى دېگەن ساراڭ ئىكەنغۇ؟ ـ دېيىشكىنىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاشلاپ قويۇپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېتىلدى[1].

(مەۋسىلى:3691؛ بەززار)

6390 - عَنْ قَتَادَةَ بن دِعَامَةَ، قَالَ: تَزَوجَ أُم كُلْثُومٍ بنتَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عُتَيْبَةُ بن أَبِي لَهَبٍ، فَلَمْ يَبنِ بِهَا حَتى بُعِثَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، وَكَانَـتْ رُقَيةُ عِنْدَ أَخِيهِ عُتْبَةَ بن أَبِي لَهَبٍ، فَلَما أَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل: "تبتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ، قَالَ أَبو لَهَبٍ لابْنَيْهِ عُتَيْبَةَ، وَعُتْبَةَ: رَأْسِي مِنْ رَأْسِكُمَا حَرَامٌ إِنْ لَمْ تُطَلقَا ابْنَتَيْ مُحَمـدٍ، وَقَالَـتْ أُمهُمَا بنتُ حَرْبِ بن أُميةَ وَهِيَ حَمالَةُ الْحَطَبِ: طَلقَاهُمَا يَا بني، فَإِنهُمَـا قَـدْ صَبَـأَه، فَطَلقَاهُمَا، وَلَما طَلقَ عُتَيْبَةُ أُم كُلْثُومٍ جَاءَ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِيْثُ فَـارَقَ أُم كُلْثُومٍ، فَقَالَ: كَفَرْتُ بِدِينِكَ وَفَارَقْتِ ابْنَتَكَ لا تُحِبنِي وَلا أُحِبكَ، ثُم سَطَا عَلَيْهِ فَـشَق قَمِيصَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ خَارِجٌ نَحْوَ الشامِ تَاجِرًا، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَـلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: أَمَا إِني أَسْأَلُ اللهَ أَنْ يُسَلطَ عَلَيْكَ كَلْبَهُ، فَخَرَجَ فِي تَجْرٍ مِنْ قُرَيْشٍ حَتى نَزَلُوا بِمَكَانٍ مِنَ الشامِ، يُقَالُ لَهُ: الزرْقَاءُ لَيْلا، فَأَطَافَ بِهِمُ الأَسَدُ فِي تِلْكَ الليْلَةِ فَجَعَـلَ

[1] ھەيسەمى (9815): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

عُتْبةَ، يَقُولُ: يَا وَيْلَ أُمي، هُوَ وَاللهِ آكِلِي كَمَا دَعَا عَلَي مُحَمدٌ قتلني ابْنَ أَبِي كَبْشَةَ وَهُوَ بِمَكةَ وَأَنا بِالشامِ فانْصَرَفُ الأسد فَنامُوا وَجَعَلَ عُتْبَةُ وَسْطَهُمْ فَأَقْبَلَ الأَسَدُ يَتخَطى حتى أَخَذَ بِرَأْسِ عُتْبَةَ ففدغه.

6390 ـ قەتادە ئىبنى دىئامەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇلەھەبنىڭ ئوغلى ئۇتەيبە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى ئۇممۇ گۈلسۇمنى نىكاھىغا ئالغان بولۇپ، ئۇلار بىر ياستۇققا باش قويۇشتىن بۇرۇن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەرلىك بېرىلدى. رۇقىيەمۇ ئۇنىڭ قېرىندىشى ئۇتبەنىڭ ئەمرىدە ئىدى، الله تائالا: ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن[①] دېگەن سۈرىنى نازىل قىلغاندا، ئەبۇ لەھەب ئىككى ئوغلىغا:

ــ مۇھەممەدنىڭ قىزلىرىنى تالاق قىلمىساڭلار، مەن سىلەر بىلەن ھەرگىز بىر ئۆيدە تۇرمايمەن، ـ دەپ تۇرىۋالدى، ئۇنىڭ دوزاخ تۇترۇقى خوتۇنى، ھەرب ئىبنى ئۇمەييەنىڭ قىزىمۇ:

ــ ئۇ ئىككىسىنى قويۇپ بېرىڭلار! ـ دەپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەر ئىككىلىسى ئۇلارنى تالاق قىلىۋەتتى. ئۇتەيبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

ــ مەن سېنىڭ دىنىڭغا ئىشەنمەيمەن، قىزىڭنى قويۇپ بەردىم. سەنمۇ مېنى ياخشى كۆرمەيسەن، مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرمەيمەن، ـ دېگىنىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېتىلىپ بېرىپ، كۆڭلىكىنى يىرتىۋەتتى. شۇ كۈنلەردە، ئۇ تىجارەت ئۈچۈن شام تەرەپكە سەپەر قىلماقچى بولۇپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ مۇشۇنداق قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، اللهتىن ساڭا بىر ئىتنى مۇسەللەت قىلىشىنى تىلەيمەن، ـ دەپ قارغىدى. ئۇتەيبە باشقا قۇرەيشلەر بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ، شامنىڭ زەرقائ دېگەن يېرىگە بېرىپ چۈشتى. بىر شىر ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا توختىماي ئايلىنىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن ئۇتەيبە:

---

[①] سۈرە مەسەد، 1 ـ ئايەت.

ـ ۋاي ئانىمەي! مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) مېنى قارغىغاندەك، الله بۇ شەرنى ماڭا مۇسەللەت قىلغان ئوخشايدۇ. مەن شامدا بولسامىمۇ، ئىبنى ئەبۇ كەبشە (رەسۇلۇللاھنى دېمەكچى) مەككىدە تۇرۇپ مېنى ئۆلتۈرىۋېتىدىغان بولدى، ـ دېدى. كېيىن، شىر ئۇ يەردىن كەتتى، باشقىلار ئۇتەيبەنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئۇخلاپ قالدى. شىر قايتا كېلىپ، باشقىلارنى ئاتلاپ ئۆتتى ـ دە، ئۇتەيبەنىڭ بېشىنى بىر چىشلەپلا، مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتتى[①].

(«ئەلكەبىر»: 436/22)

6391 - عن جابر بن عبد الله قال اجتمعت قريش للنبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يوما فقالوا انظروا أعلمكم بالسحر والكهانة والشعر فليأت هذا الرجل الذي قد فرق جماعتنا وشتت أمرنا وعاب ديننا فليكلمه ولينظر ما يرد عليه قالوا ما نعلم أحدا غير عتبة بن ربيعة قالوا أنت يا أبا الوليد فأتاه عتبة فقال يا محمد أنت خير أم عبد الله فسكت رسول الله ثم قال أنت خير أم عبد المطلب فسكت رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قال فإن كنت تزعم أن هؤلاء خير منك فقد عبدوا الآلهة التي عبت وإن كنت تزعم أنك خير منهم فتكلم حتى نسمع قولك إنا والله ما رأينا سخلة قط أشأم على قومك منك فرقت جماعتنا وشتت أمرنا وعبت ديننا ففضحتنا في العرب حتى لقد طار فيهم أن في قريش ساحرا وأن في قريش كاهنا والله ما ننتظر إلا مثل صيحة الحبلى بأن يقوم بعضنا إلى بعض بالسيوف حتى نتفانى أيها الرجل إن كان إنما بك الحاجة جمعنا حتى تكون أغنى قريش رجلا وإن كان إنما بك الباءة فاختر أي نساء قريش شئت فـ وجك عشرا قال له رسول الله أفرغت قال نعم قال فقال رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بسم الله الرحمن الرحيم حم تـ يل من الرحمن الرحيم فصلت حتى بلغ (فإن أعرضوا فقل أنذرتكم صاعقة مثل صاعقة عاد وثمود) فصلت فقال عتبة حسبك حسبك ما عندك غير هذا قال لا فرجع إلى قريش فقالوا ما وراءك قال ما تركت شيئا أرى أنكم تكلمونه به إلا كلمته قالوا هل أجابك قال

[①] ھەيسەمى (9820): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە زۇھەير ئىبنى ئەلا ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

نعم والذي نصبها بينة ما فهمت شيئا مما قال غير أنه قال أنذرتكم صاعقة مثل صـاعقة عاد وثمود قالوا ويلك يكلمك رجل بالعربية لا تدري ما قال قال لا والله ما فهمت شيئا مما قال غير ذكر الصاعقة.

6391 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، قۇرەيش مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارشى كېڭەش ئۆتكۈزۈپ:

ــ ئاراڭلاردىن سېھىر، سېھىر ۋە پالچىلىقنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان بىرىنى تاللاپ، بىزنىڭ بىرلىكىمىزنى پارچىلىغان، ئىتتىپاقىمىزنى بۇزغان، دىنىمىزنى سۆككەن شۇ ئادەمنىڭ قېشىغا ئەۋەتەيلى. ئۇ بېرىپ، مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)گە گەپ قىلسۇن ۋە نېمە جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا قاراپ باقسۇن، ـ دېيىشتى، ئۇلار بۇ ئىشقا ئۇتبە ئىبنى رەبىيئەدىن باشقىسىنىڭ مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى پەملىدى ۋە ئۇتبەگە:

ــ ئى ئەبۇ ۋەلىد، سەن بارغىن! ـ دېيىشتى، ئۇتبە بېرىپ:

ــ ئى مۇھەممەد! سەن ئەۋزەلمۇ ياكى (داداڭ) ئابدۇللاھمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىم تۇردى. ئۇتبە يەنە:

ــ سەن ئەۋزەلمۇ ياكى (بوۋاڭ) ئابدۇلمۇتتەلىبمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە جىم تۇردى. ئۇتبە:

ــ سەن ئۇلارنى ئۆزەڭدىن ئەۋزەل دەپ قارايدىغان بولساڭ، ئۇلار سەن سۆككەن ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلغان. ئەگەر ئۆزەڭنى ئۇلاردىن ئەۋزەل دەپ قارايدىغان بولساڭ، قېنى ئېيتىپ باققىن، سۆزۈڭنى ئاڭلاپ باقايلى. اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۆز قەۋمىڭگە سەندىن بەكرەك شۇملۇق ئېلىپ كەلگەن بىرىنى كۆرۈپ باقمىدۇق. سەن بىرلىكىمىزنى پارچىلىدىڭ، ئىتتىپاقىمىزنى بۇزدۇڭ، دىنىمىزنى سۆكتۈڭ، بىزنى پۈتۈن ئەرەبلەرنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلدىڭ. ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا: "قۇرەيشتە بىر سېھىرگەر بار، بىر كاھىن بار" دېگەن گەپ پۇر كەتتى. اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەمدى تولغاق يېگەن ئايالنىڭ

ۋارقىرىغىنىدەك بىرەر ئاۋاز چىقىدىغان بولسا، قىلىچلىرىمىزنى كۆتۈرۈشۈپ، بىر - بىرىمىزنى قىرىپ تۈگىتىشتىن باشقا ئىش قالمىدى. ئەي مۇھەممەد! ئەگەر نامراتلىقتىن مۇشۇنداق قىلغان بولساڭ، بىز ساڭا مال - دۇنيا توپلاپ بېرەيلى. سەن ئارىمىزدىكى ئەڭ باي ئادەم بولغىن. خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولساڭ، قۇرەيشنىڭ قىزلىرىدىن خالىغىنىڭنى تاللىۋالغىن. بىز ساڭا خوتۇندىن ئوننى ئېلىپ بېرەيلى، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن:

— گېپىڭ تۈگىدىمۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

— ھەئە، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا فۇسسىلەت سۈرىسىنىڭ: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللّٰەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ھامىم.(بۇ) ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان اللّٰە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (ۋەھىيدۇر). ئايەتلىرى ئوچۇق بايان قىلىنغان كىتابتۇر [1] دېگەن ئايىتىدىن باشلاپ ئوقۇپ: ئەگەر ئۇلار (بۇ بايانلاردىن كېيىن ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە (سەن ئۇلارغا): «سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش گۈلدۈرماما ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن [2] دېگەن ئايىتىگە كەلگەندە، ئۇتبە:

— بولدى قىل، بولدى قىل! سېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا قىلىدىغان سۆزۈڭ يوقمۇ؟ - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ياق، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ باردى. ئۇلار:

— قانداق بولدى؟ - دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

— مەن سىلەر دېمەكچى بولغان گەپنىڭ بىرىنىمۇ قويماي دېدىم، - دېدى. ئۇلار:

— ساڭا جاۋاب بەردىمۇ؟ - دەپ سوراشتى، ئۇ:

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 1 - ئايەت.

[2] سۈرە فۇسسىلەت، 13 - ئايەت.

ــــ ھەئە، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم، پەقەتلا: «سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش گۈلدۈرماما ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىنىنىلا بىلدىم، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي! بىر ئادەم ساڭا ئەرەبچە گەپ قىلسۇن، سەن ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى بىلمە؟! ـ دېيىشتى، ئۇ:

ـ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ گۈلدۈرماما دېگەن سۆزىدىن باشقا ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم، ـ دېدى[1].

(مەۋسىلى: 1818)

6392 - عن ربيعة بن عباد الديلي وهو يقول أما ما أسمعكم تقولون إن قريشا كانت تنال من رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فإني أكثر ما رأيت أن منزله كان بين منزل أبي لهب وعقبة بن أبي معيط فكان ينقلب رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إلى بيته فيجد الأرحام والدماء والأنجاس قد تصدت على بابه فينحي ذلك بسية قوسه ويقول بئس الجوار هذا يا معشر قريش.

6392 ـ رەبىيئە ئىبنى ئىباد دىيلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن سىلەرنىڭ:

ـ قۇرەيش مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئازار بېرەتتى، ـ دېگىنىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىمەن. ھالبۇكى، مېنىڭ كۆرگىنىم سىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىڭلاردىنمۇ ئېغىرراق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيى ئەبۇ لەھەب بىلەن ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيتنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىسىدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇلار ھايۋانلارنىڭ ئىچ ـ قارنى، قان ۋە پوقلىرىنى ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىغا تاشلاپ، يولىنى توسۇپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ نەرسىلەرنى ئوقياسىنىڭ ئۇچى بىلەن بىر تەرەپكە ئېلىۋېتىپ:

---

[1] ھەيسەمى (9824): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەجلە كىندى ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ ئى قۇرەيش خەلقى، بۇ نېمىدېگەن ناچار قوشنىدارچىلىق؟! ــ دەيتتى[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 9120)

6393 - عن شيخ من بني مالك بن كنانة قال رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم بسوق ذي المجاز يتخللها يقول يا أيها الناس قولوا لا إله إلا الله تفلحوا قال وأبو جهل يحثي عليه التراب ويقول يا أيها الناس لا يغرنكم هذا عن دينكم فإنما يريد لتتركوا آلهتكم وتتركوا اللات والعزى قال وما يلتفت إليه رسول الله صلى الله عليه وسلم.

6393 ـ مالىك ئىبنى كىنانە قەبىلىسىدىن بىر ئاقساقال مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زىلمەجاز بازىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ:

ــ ئى خالايىق! "لا ئىلاھە ئىللەللاھ" دەڭلار، نىجاتلىق تاپىسىلەر، ـ دەۋاتقانلىقىنى، ئەبۇ جەھلنىڭ ئۇنىڭغا توپا چېچىپ:

ــ ئى خالايىق! بۇ، سىلەرنى دىنىڭلاردىن ئازدۇرىۋەتمىسۇن، بۇ سىلەرنى ئىلاھلىرىڭلارنى تاشلاشقا، لات بىلەن ئۇززانى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇيدۇ، ـ دەۋاتقانلىقىنى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا قارىماي مېڭىۋەرگەنلىكىنى كۆردۈم[2].

(ئەھمەد: 16167)

6394 - عن علي رضي الله عنه قال انطلقت أنا والنبي صلى الله عليه وسلم حتى أتينا الكعبة فقال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم اجلس وصعد على منكبي فذهبت لأنهض به فرأى مني ضعفا فنزل وجلس لي نبي الله صلى الله عليه وسلم وقال اصعد على منكبي قال فصعدت على منكبيه قال فنهض بي قال فإنه يخيل إلي أني لو شئت لنلت أفق السماء حتى صعدت على البيت وعليه تمثال صفر أو نحاس فجعلت أزاوله عن

---

[1] ھەيسەمى (9828): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبراھىم ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن رافىقى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9830): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

يَمِينِهِ وَعَنْ شِمَالِهِ وَبَيْنَ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِ حَتى إِذَا اسْتَمْكَنتُ مِنْهُ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اقْذِفْ بِهِ فَقَذَفْتُ بِهِ فَتَكَسرَ كَمَا تَتَكَسرُ الْقَوَارِيرُ ثُم نَزَلْتُ فَانْطَلَقْتُ أَنَا وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَسْتَبِقُ حَتى تَوَارَيْنَا بِالْبُيُوتِ خَشْيَةَ أَنْ يَلْقَانَا أَحَدٌ مِنْ الناسِ.

6394 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە كەئبىگە باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ـ ئولتۇر! ـ دېدى ۋە مۇرەمگە چىقتى، مەن ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئاجىزلىقىمنى كۆرۈپ چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن ئۆزى ئولتۇرۇپ:

ـ مۇرەمگە چىق! ـ دېدى، مەن چىقتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ماڭا خۇددى ئاسماننىڭ ئۇپۇقىنى تۇتاي دېسەم تۇتالايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن كەئبىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تۆچ ياكى قوغۇشۇندىن ياسالغان بۇتنىڭ ئوڭ ـ سول، ئالدى ـ كەينىنى كولاپ يۇلۇپ، ئاخىرى ئۇنى قومۇرۇپ ئالدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنى چۆرىۋەت! ـ دېدى. مەن ئۇنى چۆرىگەنىدىم، خۇددى شىشىدەك چېقىلىپ (كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ) كەتتى. مەن پەسكە يېنىپ چۈشتۈم، بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يۈگۈرگىنىمىزچە ئۆيلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدۇق[①].

(ئەھمەد: 645)

6395 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ عَلَى الْكَعْبَةِ أَصْنَامٌ فَذَهَبْتُ لِأَحْمِلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَيْهَا فَلَمْ أَسْتَطِعْ فَحَمَلَنِي فَجَعَلْتُ أَقْطَعُهَا وَلَوْ شِئْتُ لَنِلْتُ السمَاءَ.

6395 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: كەئبىنىڭ ئۈستىدە

[①] ھەيسەمى (9836): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

بوّتلار بار ئىدى، ئۇ بوّتلارنى ئېلىۋەتمەكچى بولدۇق. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى (مۈرەمگە ئېلىپ) كۆتۈرمەكچى بولدۇم، لېكىن كۆتۈرەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى كۆتۈردى، مەن ئۇ بوّتلارنى چېقىۋەتقا باشلىدىم. خالىسام، ئاسمانغىمۇ يېتەلەيتتىم[1].

(ئەھمەد: 1304؛ مەۋسىلى ۋە بەززار)

[1] ھەيسەمى (9837): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىش

6396 - عن عَبْدِ اللهِ بن عَامِرِ بن رَبِيعَةَ، عَنْ أُمِهِ لَيْلَى، قَالَتْ: كَانَ عُمَـرُ بـن الْخَطابِ مِنْ أَشَد الناسِ عَلَيْنا فِي إِسْلامِنَا، فَلَما تَهيأْنا لِلْخُرُوجِ إِلى أَرْضِ الْحَبَشَةِ، جَاءَنِي عُمَرُ بن الْخَطابِ، وَأَنا عَلَى بَعِيرِي أُرِيدُ أَنْ أَتَوَجهَ. فَقَالَ: أَيْنَ يَا أُم عَبْدِ اللـهِ؟ فَقُلْـتُ: آذَيْتُمُونَا فِي دِينِنَا، فَنذْهَبُ فِي أَرْضِ اللهِ، حَيْثُ لا نُؤْذَى فِي عِبَادَةِ اللهِ. قَالَ: صَحِبَ كُمُ اللهُ. ثُم ذَهَبَ، فَجَاءَنِي زَوْجِي عَامِرُ بن رَبِيعَةَ، فَأَخْبَرْتُهُ بِمَا رَأَيْتهُ مِنْ رِقةِ عُمَرَ، فَقَـالَ: تُرَجِينَ أَنْ يُسْلِمَ؟ وَاللهِ لا يُسْلِمُ حَتى يُسْلِمَ حِمَارُ الْخَطابِ.

6396 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر ئىبنى رەبىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىا ئانىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، ھەممىدىن كۆپ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلدۇق. ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قېشىمىزغا كەلدى. مەن تۆگەمگە مىنىپ مېڭىشقا تەمشىلىۋاتاتتىم، ئۇ:

ــ ئى ئۇممۇ ئابدۇللاھ! قەيەرگە كېتىۋاتىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ سىلەر بىزگە دىنىمىز ئۈچۈن ئازار بەردىڭلار. شۇڭا الله تائالانىڭ ھېچكىم ئازارغا ئۇچرىمايدىغان زېمىنىغا كېتىمىز، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ الله سىلەرگە ھەمراھ بولغاي! ــ دەپ كېتىپ قالدى. يولدىشىم ئامىر ئىبنى رەبىيئە كەلگەندە، ئۇنىڭغا بولغان ئىشنى ۋە ئۆمەرنىڭ بۇ يۇمشاق مۇئامىلىسىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ:

ـ سەن ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتامسەن؟ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، (دادىسى) خەتتابنىڭ ئېشىكى مۇسۇلمان بولسا بولىدۇكى، ئۇ مۇسۇلمان بولمايدۇ، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 25/29)

6397 - عَنِ ابن مَسْعُودٍ قال بَعَثَنَا رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إلى النجاشي وَنَحْنُ نَحْوٌ من ثَمَانِينَ رَجُلاً فِيهِمْ عبد اللهِ بن مَسْعُودٍ وَجَعْفَرٌ وَعَبْدُ اللهِ بن عُرْفُطَةَ وَعُثْمَانُ بن مَظْعُونٍ وأبو مُوسَى فَأَتَوُا النجاشي وَبَعَثَتْ قُرَيْشٌ عَمْرَو بن الْعَاصِ وَعُمَارَةَ بن الْوَلِيدِ بِهَدِيَّةٍ فلما دَخَلاَ على النجاشي سَجَدَا له ثُم ابْتَدَرَاهُ عن يَمِينِهِ وَعَنْ شِمَالِهِ ثُم قَالاَ له ان نَفَراً من بني عَمِّنَا نَزَلُوا أَرْضَكَ وَرَغِبُوا عَنا وَعَنْ مِلَّتِنَا قال فَأَيْنَ هُمْ قال هُمْ في أَرْضِكَ فَابْعَثْ إِلَيْهِمْ فَبَعَثَ إِلَيْهِمْ فقال جَعْفَرٌ أنا خَطِيبُكُمُ الْيَوْمَ فَاتَّبَعُوهُ فَسَلمَ ولم يَسْجُدْ فَقَالُوا له مالك لاَ تَسْجُدُ لِلْمَلِكِ قال انا لاَ نَسْجُدُ الا لِلهِ عز وجل قال وما ذَاكَ قال ان اللهَ عز وجل بَعَثَ إِلَيْنَا رَسُولَهُ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَمَرَنَا أَنْ لاَ نَسْجُدَ لأَحَدٍ الا لِلهِ عز وجل وَأَمَرَنَا بِالصلاَةِ وَالزكَاةِ قال عَمْرُو بن الْعَاصِ فَإِنهُمْ يُخَالِفُونَكَ في عِيسَى بن مَرْيَمَ قال ما تَقُولُونَ في عِيسَى بن مَرْيَمَ وَأُمِّهِ قالوا نَقُولُ كما قال الله عز وجل هو كَلِمَةُ اللهِ وَرُوحُهُ أَلْقَاهَا إلى الْعَذْرَاءِ الْبَتُولِ التي لم يَمَسهَا بَشَرٌ ولم يفرضها وَلَدٌ قال فَرَفَعَ عُوداً مِنَ الأَرْضِ ثُم قال يا مَعْشَرَ الْحَبَشَةِ وَالْقِسيسِينَ وَالرهْبَانِ والله ما يَزِيدُونَ على الذي نَقُولُ فيه ما يسوي هذا مَرْحَباً بِكُمْ وَبِمَنْ جِئْتُمْ من عِنْدِهِ أَشْهَدُ أَنهُ رسول اللهِ فإنه الذي نَجِدُ في الإِنْجِيلِ وأنه الرسُولُ الذي بَشرَ بِهِ عِيسَى بن مَرْيَمَ انْزِلُوا حَيْثُ شِئْتُمْ والله لَوْلاَ ما أنا فيه مِنَ الْمُلْكِ لأَتَيْتُهُ حتى أَكُونَ أنا أَحْمِلُ نَعْلَيْهِ وَأُوَضِّئُهُ وَأَمَرَ بِهَدِيَّةِ الآخَرِينَ فَرُدتْ إِلَيْهِمَا ثُم تَعَجلَ عبد اللهِ بن مَسْعُودٍ حتى أَدْرَكَ بَدْراً وَزَعَمَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَغْفَرَ له حين بَلَغَهُ مَوْتُهُ.

6397 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى

---

[1] ھەيسەمى (9840): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

نەجاشىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. بىز سەكسەن ئەتراپىدا كىشى بولۇپ، ئارىمىزدا جەئفەر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرفۇتە، ئوسمان ئىبنى مەزئۇن ۋە ئەبۇ مۇسا قاتارلىقلار بار ئىدى. نەجاشىنىڭ زېمىنى (ھەبەشىستان)غا يېتىپ باردۇق. قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئەمر ئىبنى ئاس بىلەن ئۇمارە ئىبنى ۋەلىد ئىككىسىنى سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئارقىمىزدىن ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇلار نەجاشىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ سەجدە قىلدى، ئاندىن بىرى ئوڭ تەرىپىگە، يەنە بىرى سول تەرىپىگە ئۆتۈپ:

— تاغىلىرىمىزنىڭ بالىلىرىدىن بىر گۇرۇھ كىشى بىزدىن ۋە دىنىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ، سېنىڭ زېمىنىڭغا كېلىپ تۇرۇۋالدى، ـ دېدى. نەجاشى:

ـ ئۇلار ھازىر قەيەردە؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇلار:

ـ ئۇلار سېنىڭ زېمىن تەۋەلىكىڭدە، ـ دېدى. نەجاشى ئادەم ئەۋەتىپ، بىزنى ھۇزۇرىغا چاقىردى. جەئفەر بىزگە:

— بۈگۈن ھەممىڭلارنىڭ نامىدا مەن گەپ قىلىمەن، ـ دېدى، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قوشۇلدى. جەئفەر كىرىپ، سالام بەردى، لېكىن سەجدە قىلمىدى. ئەتراپتا تۇرغانلار:

ـ سەن نېمە ئۈچۈن پادىشاھقا سەجدە قىلمايسەن؟ ـ دېگەندى، ئۇ:

— بىز پەقەت اللہ ئەززە ۋەجەللەگىلا سەجدە قىلىمىز، ـ دېدى، نەجاشى:

ـ نېمىشقا شۇنداق قىلىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. جەئفەر:

ـ اللہ تائالا بىزگە پەيغەمبىرىنى ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇ بىزنى اللہتىن باشقىغا سەجدە قىلماسلىققا بۇيرىدى، يەنە بىزنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرىدى، ـ دېدى. ئەمر ئىبنى ئاس دەرھال گەپ قىستۇرۇپ:

ـ ئۇلار مەريەم ئوغلى ئىيساغا سىلەردىن باشقىچە قارايدۇ، ـ دېدى. نەجاشى:

ـ سىلەر ئىيسا بىلەن ئانىسى مەريەم ھەققىدە قانداق قارايسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. جەئفەر:

ــ بىز الله تائالا بىزگە بىلدۈرگەندەك ئېتىقاد قىلىمىز. ئۇ اللهنىڭ سۆزى ۋە ئىنسان يېقىنچىلىق قىلىپ باقمىغان، ئەردىن بالا تاپمىغان ئىپپەتلىك قىزغا تاشلىغان روھىدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى. نەجاشى يەردىن بىر تال تاياقنى ئېلىپ:

ــ ئى ھەبەش خەلقى، پوپلار، راھىبلار! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار بىزنىڭ ئېتىقادىمىزدىن مۇشۇنچىلىك نەرسىنىمۇ ئارتۇق ـ كەم دېمەيدىكەن، ـ دېدى. ئاندىن بىزگە بۇرۇلۇپ:

ــ سىلەرگە ۋە سىلەر ھۇزۇرىدىن كەلگەن پەيغەمبەرگە مەرھابا! مەن ئۇنىڭ اللهنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئۇ، بىز ئىنجىلدا سۈپىتىنى ئوقۇغان، مەريەم ئوغلى بېشارەت بەرگەن پەيغەمبەرنىڭ دەل ئۆزى. سىلەر تەۋەلىكىمىزنىڭ قەيېرىنى خالىساڭلار، شۇ يەرگە جايلىشىڭلار. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن پادىشاھلىق ئىشى بىلەن مەشغۇل بولمايدىغان بولسام، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، كەشىنى كۆتۈرۈپ، تاھارىتىگە سۇ قۇيۇپ بەرگەن بولاتتىم، ـ دېدى. ئاندىن قۇرەيشنىڭ ئەلچىلىرىگە سوۋغاتلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى. كېيىن، مەن قايتىپ كېتىپ، بەدر غازىتىغا قاتناشتىم. نەجاشىنىڭ ۋاپات خەۋىرى كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالادىن ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلىدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

6398 - عَنْ أُم سَلَمَةَ ابْنَةِ أَبِي أُمَيةَ بْنِ الْمُغِيرَةِ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نحوه وفيه: ثُم بَعَثُوا بِذَلِكَ مَعَ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي رَبِيعَةَ بْنِ الْمُغِيرَةِ الْمَخْزُومِي وَعَمْرِو بْنِ الْعَاصِ بْنِ وَائِلٍ السهْمِي وَأَمَرُوهُمَا أَمْرَهُمْ وَقَالُوا لَهُمَا ادْفَعُوا إِلَى كُل بِطْرِيقٍ هَدِيتَهُ قَبْلَ أَنْ تُكَلمُوا النجَاشِي فِيهِمْ ثُم قَدمُوا لِلنجَاشِي هَدَايَاهُ ثُم سَلُوهُ أَنْ يُسْلِمَهُمْ إِلَيْكُمْ.

وفيه: فَكَانَ الذِي كَلمَهُ جَعْفَرُ بْنُ أَبِي طَالِبٍ فَقَالَ لَهُ أَيهَا الْمَلِكُ كُنا قَوْمًا أَهْلَ

[1] ھەيسەمى (9841): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھۇدەيج ئىبنى مۇئاۋىيە ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

جَاهِلِيةٍ نَعْبُدُ الْأَصْنَامَ وَنَأْكُلُ الْمَيْتَةَ وَنَأْتِي الْفَوَاحِشَ وَنَقْطَعُ الْأَرْحَامَ وَنُسِيءُ الْجِوَارَ يَأْكُلُ الْقَوِي مِنا الضعِيفَ فَكُنا عَلَى ذَلِكَ حَتى بَعَثَ اللهُ إِلَيْنا رَسُولًا مِنا نَعْرِفُ نَسَبَهُ وَصِدْقَهُ وَأَمَانَتَهُ وَعَفَافَهُ فَدَعَانَا إِلَى اللهِ لِنُوَحدَهُ وَنَعْبُدَهُ وَنَخْلَعَ مَا كُنا نَعْبُدُ نَحْنُ وَآبَاؤُنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ الْحِجَارَةِ وَالْأَوْثَانِ وَأَمَرَنَا بِصِدْقِ الْحَدِيثِ وَأَدَاءِ الْأَمَانَةِ وَصِلَةِ الرحِمِ وَحُسْنِ الْجِوَارِ وَالْكَف عَنْ الْمَحَارِمِ وَالدمَاءِ وَنَهَانَا عَنْ الْفَوَاحِشِ وَقَوْلِ الزورِ وَأَكْلِ مَالَ الْيَتِيمِ وَقَذْفِ الْمُحْصَنَةِ وَأَمَرَنَا أَنْ نَعْبُدَ اللهَ وَحْدَهُ لَا نُشْرِكُ بِهِ شَيْئًا وَأَمَرَنَا بِالصلَاةِ وَالزكَاةِ وَالصيَامِ قَالَ فَعَددَ عَلَيْهِ أُمُورَ الْإِسْلَامِ فَصَدقْنَاهُ وَآمَنا بِهِ وَاتبَعْنَاهُ عَلَى مَا جَاءَ بِهِ فَعَبَدْنَا اللهَ وَحْدَهُ فَلَمْ نُشْرِكْ بِهِ شَيْئًا وَحَرمْنَا مَا حَرمَ عَلَيْنَا وَأَحْلَلْنَا مَا أَحَل لَنَا فَعَدَا عَلَيْنَا قَوْمُنَا فَعَذبُونَا وَفَتَنُونَا عَنْ دِينِنَا لِيَرُدونَا إِلَى عِبَادَةِ الْأَوْثَانِ مِنْ عِبَادَةِ اللهِ وَأَنْ نَسْتَحِل مَا كُنا نَسْتَحِل مِنْ الْخَبَائِثِ فَلَما قَهَرُونَا وَظَلَمُونَا وَشَقوا عَلَيْنَا وَحَالُوا بَيْنَنَا وَبَيْنَ دِينِنَا خَرَجْنَا إِلَى بَلَدِكَ وَاخْتَرْنَاكَ عَلَى مَنْ سِوَاكَ وَرَغِبْنَا فِي جِوَارِكَ وَرَجَوْنَا أَنْ لَا نُظْلَمَ عِنْدَكَ أَيهَا الْمَلِكُ قَالَتْ فَقَالَ لَهُ النجَاشِي هَلْ مَعَكَ مِما جَاءَ بِهِ عَنْ اللهِ مِنْ شَيْءٍ قَالَتْ فَقَالَ لَهُ جَعْفَرٌ نَعَمْ فَقَالَ لَهُ النجَاشِي فَاقْرَأْهُ عَلَي فَقَرَأَ عَلَيْهِ صَدْرًا مِنْ كهيعص قَالَتْ فَبَكَى وَاللهِ النجَاشِي حَتى أَخْضَلَ لِحْيَتَهُ وَبَكَتْ أَسَاقِفَتُهُ حَتى أَخْضَلُوا مَصَاحِفَهُمْ حِينَ سَمِعُوا مَا تَلَا عَلَيْهِمْ ثُم قَالَ النجَاشِي إِن هَذَا وَاللهِ وَالذِي جَاءَ بِهِ مُوسَى لَيَخْرُجُ مِنْ مِشْكَاةٍ وَاحِدَةٍ انْطَلِقَا فَوَاللهِ لَا أُسْلِمُهُمْ إِلَيْكُمْ أَبَدًا وَلَا أُكَادُ قَالَتْ أُم سَلَمَةَ فَلَما خَرَجَا مِنْ عِنْدِهِ قَالَ عَمْرُو بْنُ الْعَاصِ وَاللهِ لَأُنَبئَنهُمْ غَدًا عَيْبَهُمْ عِنْدَهُمْ ثُم أَسْتَأْصِلُ بِهِ خَضْرَاءَهُمْ قَالَتْ فَقَالَ لَهُ عَبْدُ اللهِ بْنُ أَبِي رَبِيعَةَ وَكَانَ أَتْقَى الرجُلَيْنِ فِينَا لَا تَفْعَلْ فَإِن لَهُمْ أَرْحَامًا وَإِنْ كَانُوا قَدْ خَالَفُونَا قَالَ وَاللهِ لَأُخْبِرَنهُ أَنهُمْ يَزْعُمُونَ أَن عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ عَبْدٌ قَالَتْ ثُم غَدَا عَلَيْهِ الْغَدَ فَقَالَ لَهُ أَيهَا الْمَلِكُ إِنهُمْ يَقُولُونَ فِي عِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ قَوْلًا عَظِيمًا فَأَرْسِلْ إِلَيْهِمْ فَاسْأَلْهُمْ عَما يَقُولُونَ فِيهِ قَالَتْ فَأَرْسَلَ إِلَيْهِمْ يَسْأَلُهُمْ عَنْهُ قَالَتْ وَلَمْ يَنْزِلْ بِنَا مِثْلُهُ فَاجْتَمَعَ الْقَوْمُ فَقَالَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ مَاذَا تَقُولُونَ فِي عِيسَى إِذَا سَأَلَكُمْ عَنْهُ قَالُوا نَقُولُ وَاللهِ فِيهِ مَا قَالَ اللهُ وَمَا جَاءَ بِهِ نَبِينَا كَائِنًا فِي ذَلِكَ مَا هُوَ كَائِنٌ فَلَما دَخَلُوا عَلَيْهِ قَالَ لَهُمْ مَا تَقُولُونَ فِي عِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ فَقَالَ لَهُ جَعْفَرُ بْنُ أَبِي طَالِبٍ نَقُولُ فِيهِ الذِي جَاءَ بِهِ نَبِينَا هُوَ عَبْدُ اللهِ وَرَسُولُهُ وَرُوحُهُ وَكَلِمَتُهُ

أَلْقَاهَا إِلَى مَرْيَمَ الْعَذْرَاءِ الْبُتُولِ قَالَتْ فَضَرَبَ النجَاشِي يَدَهُ إِلَى الْأَرْضِ فَأَخَذَ مِنْهَا عُودًا ثُم قَالَ مَا عَدَا عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ مَا قُلْتَ هَذَا الْعُودَ فَتَنَاخَرَتْ بَطَارِقَتُهُ حَوْلَهُ حِينَ قَالَ مَا قَالَ فَقَالَ وَإِنْ نَخَرْتُمْ وَاللهِ اذْهَبُوا فَأَنْتُمْ سُيُومٌ بِأَرْضِي وَالسُيُومُ الْآمِنُونَ مَنْ سَبكُمْ غُرِمَ ثُم مَنْ سَبكُمْ غُرِمَ فَمَا أُحِب أَن لِي دَبْرًا ذَهَبًا وَأَني آذَيْتُ رَجُلًا مِنْكُمْ وَالدبْرُ بِلِسَانِ الْحَبَشَةِ الْجَبَلُ رُدوا عَلَيهِمَا هَدَايَاهُمَا فَلَا حَاجَةَ لَنا بِهَا فَوَاللهِ مَا أَخَذَ اللهُ مِني الرشْوَةَ حِينَ رَد عَلَي مُلْكِي فَآخُذَ الرشْوَةَ فِيهِ وَمَا أَطَاعَ الناسَ فِي فَأُطِيعَهُمْ فِيهِ قَالَتْ فَخَرَجَا مِنْ عِنْدِهِ مَقْبُوحَيْنِ مَرْدُودًا عَلَيهِمَا مَا جَاءَا بِهِ وَأَقَمْنَا عِنْدَهُ بِخَيْرِ دَارٍ مَعَ خَيْرِ جَارٍ قَالَتْ فَوَاللهِ إِنا عَلَى ذَلِكَ إِذْ نَزَلَ بِهِ يَعْنِي مَنْ يُنَازِعُهُ فِي مُلْكِهِ قَالَ فَوَاللهِ مَا عَلِمْنَا حُزْنًا قَط كَانَ أَشَد مِنْ حُزْنٍ حَزِناهُ عِنْدَ ذَلِكَ تَخَوفًا أَنْ يَظْهَرَ ذَلِكَ عَلَى النجَاشِي فَيَأْتِيَ رَجُلٌ لَا يَعْرِفُ مِنْ حَقنَا مَا كَانَ النجَاشِي يَعْرِفُ مِنْهُ.

6398 ـ ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى مۇغىرەنىڭ قىزى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىنمۇ يۇقىرىقىدەك رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق كەلگەن:

قۇرەيش مۇشرىكلىرى سوۋغاتلارنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ رەبىيئە ئىبنى مۇغىرە مەخزۇمى بىلەن ئەمر ئىبنى ئاس ئىبنى ۋائىل سەھمىدىن ھەبەشىستانغا ئەۋەتىپ، ئۇلارغا:

ــ نەجاشىغا ھىجرەت قىلغانلار توغرىسىدا سۆز ئېچىشتىن بۇرۇن ھەر بىر كىشىنىڭ سوۋغىتىنى بېرىپ، ياخشىچاق بولۇۋېلىپ، ئاندىن نەجاشىنىڭ سوۋغىتىنى بېرىپ، ئاندىن ئۇلارنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىڭلار! ـ دەپ تاپىلىدى.

بۇ ھەدىستە كېلىشىچە، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب نەجاشىغا سۆز قىلىپ:

ــ ئەي پادىشاھ! بىز بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدىغان، تاپ يەيدىغان، زىنا ـ پاھىشە قىلىدىغان، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزىدىغان، قوشنىدارچىلىقتا رىئايە قىلمايدىغان، كۈچلۈكلىرىمىز ئاجىزلىرىمىزنى بوزەك قىلىدىغان نادان خەلق ئىدۇق، تاكى الله بىزگە ئۆز ئىچىمىزدىن بىر

پەيغەمبەر ئەۋەتكىچە شۇنداق قىلدۇق. بىز ئۇ پەيغەمبەرنىڭ نەسەبىنى، راستچىللىقىنى، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغانلىقىنى ۋە ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمىز. ئۇ بىزنى اللهقا چاقىردى، اللهنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا، يالغۇز اللهقىلا ئىبادەت قىلىشقا، بىز ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان تاش ۋە مەبۇدلارنى تەرك ئېتىشكە بۇيرىدى. بىزنى يەنە راست سۆزلەشكە، ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشقا، سىلە ـ رەھىم قىلىشقا، قوشنىدارچىلىق ھەققىگە رىئايە قىلىشقا بۇيرۇپ، ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن، ناھەق قان تۆكۈشتىن، زىنا ـ پاھىشىلەرنى قىلىشتىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن، يېتىمنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشتىن ۋە پاك ئاياللارغا قارا چاپلاشتىن توستى. بىزنى يالغۇز اللهقا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچبىر نەرسىنى شېرىك قىلماسلىققا بۇيرىدى. بىزنى يەنە ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە ۋە روزا تۇتۇشقا بۇيرىدى، ـ دەپ، ئۇنىڭغا ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ بەرگەندىن كېيىن:

ــ بىز ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ئىمان ئېيتتۇق. ئۇ ئېلىپ كەلگەن ھىدايەت يولىغا ئەگىشىپ، يالغۇز اللهقا ئىبادەت قىلدۇق، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمىدۇق. بىزگە ھارام قىلغانىنى ھارام بىلدۇق، ھالال قىلغانىنى ھالال بىلدۇق. شۇنداق قىلساق، قەۋمىمىز بىزگە تاجاۋۇز قىلىپ، بىزنى ئازابلىدى. بىزنى دىنىمىزدىن ئازدۇرۇپ، اللهقا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا چوقۇنۇشقا قايتۇرماقچى، ھالال دەپ كەلگەن پاسكىنا ئىشلارغا ياندۇرماقچى بولۇشتى. ئۇلار بىزنى ئېزىپ، بوزەك قىلدى، جاپا سالدى. بىزنى ئۆز دىنىمىزغا ئىبادەت قىلغىلى قويمىغاندىن كېيىن، سېنىڭ زېمىنىڭغا ھىجرەت قىلدۇق. بىز باشقىلارنىڭ يۇرتىنى تاللىماي، سېنىڭ پاناھىڭدا بولۇشنى ئىختىيار قىلدۇق ۋە ھۇزۇرىڭدا زۇلۇمغا ئۇچرىماسلىقنى ئارزۇ قىلدۇق. ئەي پادىشاھ! ـ دېدى.

نەجاشى ئۇنىڭغا:

ــ سەندە اللّٰەتىن ئۇنىڭغا كەلگەن بىرەر نەرسە (ئايەت) بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. جەئفەر:

ــ ھەئە، بار، ـ دېدى، نەجاشى:

ــ ئۇنداقتا، ئوقۇپ بەرگىن! ــ دېدى. جەئفەر مەريەم سۈرىسىنىڭ بېشىدىن بىر قانچە ئايەت ئوقۇپ بەرگەن ئىدى، اللّٰەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، نەجاشى ساقاللىرى نەم بولغىچە يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خرىستىئان ئالىملىرىمۇ يىغلىشىپ، ئالدىدىكى ئىنجىلنى ھۆل قىلىۋېتىشتى. نەجاشى قۇرەيش ئەلچىلىرىگە:

ــ اللّٰەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ، مۇسا ئېلىپ كەلگەن ۋەھيى بىلەن بىر يەردىن چىققان نۇر ئىكەن، سىلەر قايتىپ كېتىڭلار. اللّٰەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارنى ھەرگىزمۇ سىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرمەيمەن، تاپشۇرۇپ بېرىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەيمەن، ـ دېدى.

ئۇممۇ سەلەمە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئىككىسى نەجاشىنىڭ قېشىدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا، ئەمر ئىبنى ئاس:

ــ اللّٰەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەتە مەن بۇلارنىڭ ئەيىبىنى نەجاشىغا ئېچىپ بېرىپ، ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى قۇرۇتىۋېتىمەن، ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ رەبىيئە (ئۇ، بۇ ئىككى ئەلچىنىڭ ياخشىراقى ئىدى) ئۇنىڭغا:

ــ ئۇنداق قىلمىغىن، گەرچە ئۇلار بىزگە خىلاپلىق قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا تۇغقان كېلىدۇ، ـ دېدى. لېكىن ئۇ:

ــ اللّٰەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن نەجاشىغا: "بۇلار ئىيسانى قۇل دەپ قارايدۇ" دېمەي قويمايمەن، ـ دېدى.

دەرۋەقە، ئەتىسى ئەتىگەندە، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ:

ــ ئەي پادىشاھ! ئۇلار مەريەم ئوغلى ئىيسا ھەققىدە ئىنتايىن ئېغىر سۆزلەرنى قىلىدۇ، ئىشەنمىسەڭ ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ سوراپ باققىن، ــ دەپ چاقتى. پادىشاھ بىزگە ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ ھەقتە نېمە دەيدىغانلىقىمىزنى سورىدى. بىزنىڭ بېشىمىزغا ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق غەم كېلىپ باقمىغانىدى. ئارىمىزدا كېڭەشتۇق ۋە: "اللّٰەنىڭ نامى

بىلەن قەسەمكى، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، الله تائالا ئۇنىڭ ھەققىدە نېمە دېگەن بولسا ۋە پەيغەمبىرىمىز نېمىنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، شۇنى دەيمىز" دېيىشتۇق. كېيىن، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ باردۇق. نەجاشى بىزدىن:

ــ مەريەم ئوغلى ئىيساغا قانداق قارايسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب:

ــ پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ ھەققىدە نېمە ئېلىپ كەلگەن بولسا، شۇنى دەيمىز. ئۇ، اللهنىڭ بەندىسى، ئەلچىسى، روھى ۋە ئەرگە تېگىپ باقمىغان قىز مەريەمگە تاشلىغان كەلىمىسىدۇر، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان نەجاشى يەردىن بىر تال تاياقنى ئېلىپ:

ــ مەريەم ئوغلى ئىيسا سېنىڭ سۆزلىرىڭدىن مۇشۇنچىلىك ئارتۇق ياكى كەم ئەمەس، ـ دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان خىرىستىئان ئالىملىرى ئۆزئارا غۇدۇراشقا باشلىدى. نەجاشى ئۇلارغا:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، غۇدۇرايدىغانلار (ھۇزۇرىمدىن) چىقىپ كەتسۇن. (ئاندىن بىزگە) سىلەر زېمىنىمدا خاتىرجەم يۈرسەڭلار بولىدۇ. كىم سىلەرنى ئەيىبلىمەكچى ياكى ئەسىر ئالماقچى بولىدىكەن، جەرىمانە تۆلەيدۇ، يەنە شۇنداق قىلسا، يەنە جەرىمانە تۆلەيدۇ (بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىرىدى). ماڭا بىر تاغنى ئالتۇن قىلىپ بەرسىمۇ، بىرەرسىڭلارنىڭ ئازار يېيىشىنى خالىمايمەن. بۇ ئىككىيلەنگە (يەنى قۇرەيش ئەلچىلىرىگە) سوۋغىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، بىزنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتىمىز يوق. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله ماڭا پادىشاھلىقىمنى قايتۇرۇپ بەرگەندە، مەندىن پارا ئالمىغان. مەنمۇ پادىشاھلىقتا پارا ئالمايمەن. خەلق ماڭا بويسۇنغان ئىشلاردا مەنمۇ ئۇلارغا بويسۇنىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىسى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدىن شەرمەندە بولغان ھالدا، سوۋغىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، بىز ئۇنىڭ دۆلىتىدە ناھايىتى خاتىرجەم ياشاشقا باشلىدۇق. شۇنداق خاتىرجەم كۈنلەرنىڭ بىرىدە، نەجاشىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن بىرى پادىشاھلىق تەلەپ قىلىپ

ئوتتۇرىغا چىقتى. اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، نەجاشى بىزگە بەرگەن ھەق - ھوقۇقلارنى بەرمەيدىغان بىرىنىڭ نەجاشىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قاتتىق غەمگە پاتقانىدۇق[1].

(ئەھمەد: 1742)

6399 – للكبير والبزار عن عمير بن أسحق نحوه، وفيه: أن عمرو بن العاص قال: فتفرقنا ولم يكن أحد أحب إلى أن ألقاه من جعفر قال فاستقبلني من طريق مرة فنظرت خلفه فلم أر أحدا فنظرت خلفي فلم ار احدا فدنوت منه وقلت أتعلم أني أشهد أن لآ إله إلا الله وأن محمدا عبده ورسوله؟ قال: فقد هداك الله فاثبت، ثم ذكر أنم أخذوا كل شيئ له، ثم أتى جعفرا وانطلق معه إلى النجاشى، فقال جعفر: إن عمرا تابعني على ديني، قال: كلا، قلت: بلى، قال لإنسان اذهب معه فإن فعل فلا يقول شيئا إلا كتبته قال عمرو: فجعلت أقول وجعل يكتب حتى كتب كل شيئ لي حتى القدح ولو شئت اخذ شيئا من أموالهم إلى مالي فعلت...

6399 - يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئەمىر ئىبنى ئاس مۇنداق دېگەن: شۇنداق قىلىپ، بىز نەجاشىنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ كەتتۇق. مەن جەئفەر بىلەن كۆرۈشۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. بىر كۈنى، ئۇ ماڭا يالغۇز ئۇچراپ قالدى. مېنىڭ ئەتراپىمدىمۇ ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ:

– بىلەمسەن؟ مەن: ”ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللاللاھ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ“ دەپ شاھادەت ئېيتىمەن، - دېدىم. ئۇ:

– ئۇنداقتا، اللە سېنى ھىدايەت قىلىپتۇ، چىڭ تۇرغىن! - دېدى...

ھەمراھلىرىم مۇسۇلمان بولغىنىمنى بىلىپ قېلىپ ئۈستۈمدە بىر پارچە كىيىممۇ قويماي ھەممە نەرسىلىرىمنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، جەئفەرنىڭ قېشىغا باردىم، ئۇ مېنى ئېلىپ، پادىشاھ نەجاشىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىردى ۋە ئۇنىڭغا:

---

[1] ھەيسەمى (9843): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

ــ بۇ ئادەم مېنىڭ دىنىمغا كىردى، ـ دېگەنىدى، نەجاشى:

ــ ئۇنداق ئەمەستۇ؟ ـ دەپ سورىدى. جەئفەر:

ــ راست شۇنداق، ـ دېدى. پادىشاھ يېنىدىكى بىرىگە:

ــ سەن بۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىپ، ھەمراھلىرى تارتىۋالغان نەرسىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي تىزىملاپ كەلگىن! ــ دېدى. مەن ئۇنىڭغا ھەممە نەرسىنى ئېيتىپ بەردىم، ئۇ كىچىككىنە قاچىنىمۇ قويماي ھەممىنى تىزىملىدى. ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ ماللىرىنى مېنىڭ مېلىمغا قوشۇپ ئېلىۋېلىشنى خالىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئېلىۋالالىغان بولاتتىم[①].

(بەززار: 1325)

6400 - وللكبير عن أبي موسى بنحوه وزاد: وكان عمرو بن العاص رجلا قصيرا وكان عمارة رجلا جميلا وكانا أقبلا على النجاشي فشربوا يعني خمرا ومع عمرو بن العاص امرأته أنه فلما شربوا من الخمر قال عمارة لعمرو مر امرأتك فلتقبلني فقال له عمرو ألا تستحي فأخذ عمارة عمرا فرمى به في البحر فجعل عمرو يناشد عمارة حتى ادخله السفينة فحقد عمرو على ذلك فقال عمرو للنجاشي إنك إذا خرجت خلفك عمارة في أهلك فدعا النجاشي عمارة فنفخ في إحليله فطار مع الوحش.

6400 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن رىۋايەتتە مۇنۇ ئىبارىلەر قوشۇپ نەقىل قىلىنغان: ئەمر ئىبنى ئاس پاكار كىشى بولۇپ، ئايالىنى (سەپەرگە) بىللە ئېلىپ چىققانىدى. ئۇمارە بولسا، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. ئۇلار نەجاشىنىڭ قېشىغا كېتىۋاتقاندا، ھاراق ئىچىشتى. ئۇمارە ئەمر ئىبنى ئاسقا:

ــ ئايالىڭغا دېگىن، مېنى سۆيۈپ قويسۇن! ـ دېۋىدى، ئەمر:

ــ سەن نومۇس قىلمامسەن؟! ـ دېدى. ئۇمارە ئۇنى كۆتۈرۈپ دېڭىزغا تاشلىۋەتتى. ئەمر ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا باشلىغانىدى، ئۇنى كېمىگە قايتا

[①] ھەيسەمى (9844): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇمەير ئىبنى ئىسھاق ئىسىملىك ھەدىسى ئىشەنچلىك بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ئېلىنغانلىقىغا ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئەمىر ئۇمارەگە ئىلتىجا قىلىپ ئاداۋەت سېلىپ يۈرەتتى. ئۇ نەجاشىغا:

ـ سەن سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، ئۇمارە سېنىڭ ئاياللىرىڭغا يامان غەرەزدە بولدى، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان نەجاشى ئۇمارەنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ زەكىرىگە سېھىر قىلىپ سۈپلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇمارە ساراڭ بولۇپ، ياۋايى ھايۋانلارغا قېتىلىپ كەتتى[1].

(«ئەلكەبىر»)

6401 – وفي رواية: فأمر النجاشي بعمارة فنفخ في إحليله فاستطير حتى لحق بالصحارى يسعى فيها مع الوحش فجاء بعد ذلك أهله فأصابوه فسقوه شربة من سويق فتعتعته فمات.

6401 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: نەجاشى بۇيرۇق قىلغۇدى، ئۇنىڭ زەكىرىگە سۈپلەندى. ئۇ ساراڭ بولۇپ، چۆل ـ باياۋانلاردا ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ياشايدىغان بولۇپ قالدى. كېيىن، ئائىلىسى كېلىپ، ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ تالقان ئىچۈرگەن ئىدى، تىلى گاچىلىشىپ ئۆلۈپ قالدى[2].

(«ئەلكەبىر»)

6402 - عن عُرْوَةَ قال وَتَسْمِيَةُ الذِينَ خَرَجُوا إلى أَرْضِ الْحَبَشَةِ الْمَرةَ الأُولَى قبل خُرُوجِ جَعْفَرٌ وَأَصْحَابُهُ عُثْمَانُ بن مَظْعُونٍ وَعُثْمَانُ بن عَفانَ وَمَعَهُ امْرَأَتُهُ رُقَيةُ بنتُ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم وَعَبْدُ اللهِ بن مَسْعُودٍ وَعَبْدُ الرحمن بن عَوْفٍ وأبو حُذَيْفَةَ بن عُتْبَةَ بن رَبِيعَةَ وَمَعَهُ امْرَأَتُهُ سَهْلَةُ بنتُ سُهَيْلِ بن عَمْرٍو وَوَلَدَتْ له بِأَرْضِ الْحَبَشَةِ مُحَمدَ بن أبي حُذَيْفَةَ وَالزبَيْرُ بن الْعَوامِ وَمُصْعَبُ بن عُمَيْرٍ أَخُو بني عبد الدارِ وَعَامِرُ بن رَبِيعَةَ

[1] ھەيسەمى (9847): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9849): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى كەسىر سەقەفى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

وأبو سَلَمَةَ بن عبد الأَسَدِ وَامْرَأَتُه أُم سَلَمَةَ وأبو سَبْرَةَ بن أبي رُهْمٍ وَمَعَهُ أُم كُلْثُومِ بنـتِ سُهَيْلِ بن عَمْرٍو وَسُهَيْلُ بن بَيْضَاءَ.

6402 ـ ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: جەئفەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن، تۆنجى قېتىم ھىجرەت قىلغانلار: ئوسمان ئىبنى مەزئۇن، ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئۇنىڭ ئايالى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى رۇقىيە، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، ئەبۇ ھۇزەيفە ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە ۋە ئۇنىڭ ئايالى سەھلە بىنتى سۇھەيل ئىبنى ئەمر (بۇ ئايال ھەبەشىستاندا ئىبرىگە مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ ھۇزەيفەنى تۇغۇپ بەرگەن)، زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام، بەنى ئابدۇددار جەمەتىدىن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، ئامىر ئىبنى رەبىيئە، ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇل ئەسەد ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە، ئەبۇ سەبرە ئىبنى ئەبۇ رۇھم، ئۇنىڭ ئايالى ئۇممۇ گۈلسۈم بىنتى سۇھەيل ئىبنى ئەمر ۋە سۇھەيل ئىبنى بەيزائ قاتارلىقلار ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۈرە نەجم نازىل بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىككە ئوقۇپ بەردى. بۇ سۈرىنى مۇسۇلمانلارمۇ، كاپىرلارمۇ تىڭشىغاندى. ئاخىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلغانىدى، سورۇندىكى مۇسۇلمان، كاپىر ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەجدە قىلدى. مۇشرىكلارنىڭ سەجدە قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ''ئۇلار مۇسۇلمان'' دېگەن خەۋەر ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ئەتراپقا ناھايىتى تېز تاراپ، ھەبەشىستانغا يېتىپ باردى. ئوسمان ئىبنى مەزئۇن قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال قايتىپ كەلدى. ئۇلار مەككىگە كەلگەندىن كېيىن، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ، مۇشرىكلارنىڭ يەنە ئازاب سېلىشىدىن قورقۇپ، ھېچكىم ئۆز ئالدىغا مەككىگە كىرىشكە پېتىنالماي، باشقىلارنىڭ پاناھلىقىغا ئۆتۈپ ئاندىن كىردى. بىراق ئوسمان ئىبنى مەزئۇن مەككىگە كىرگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارغا بولۇۋاتقان چىدىغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭمۇ اللە تائالا يولىدا ئۇچرىغان قىيىن ـ قىستاقلار ئۇچۇن ساۋابقا ئېرىشىدىغان مۇسۇلمانلار

قاتارىدىن بولۇشقا بەل باغلاپ، ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ پاناھلىقىنى قايتۇرۇپ بەردى[1].

(«ئەلكەبىر»: 8316)

[1] ھەيسەمى (9850): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھەيئە ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىجرەت قىلىپ چىقىشى

6403 - عن عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهَا قَالَتْ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلْ أَتى عَلَيْكَ يَوْمٌ كَانَ أَشَد مِنْ يَوْمِ أُحُدٍ قَالَ لَقَدْ لَقِيتُ مِنْ قَوْمِكِ مَا لَقِيتُ وَكَانَ أَشَد مَا لَقِيتُ مِنْهُمْ يَوْمَ الْعَقَبَةِ إِذْ عَرَضْتُ نَفْسِي عَلَى ابْنِ عَبْدِ يَالِيلَ بْنِ عَبْدِ كُلَالٍ فَلَمْ يُجِبْنِي إِلَى مَا أَرَدْتُ فَانْطَلَقْتُ وَأَنَا مَهْمُومٌ عَلَى وَجْهِي فَلَمْ أَسْتَفِقْ إِلا وَأَنَا بِقَرْنِ الثعَالِبِ فَرَفَعْتُ رَأْسِي فَإِذَا أَنَا بِسَحَابَةٍ قَدْ أَظَلتْنِي فَنَظَرْتُ فَإِذَا فِيهَا جِبْرِيلُ فَنَادَانِي فَقَالَ إِن اللهَ قَدْ سَمِعَ قَوْلَ قَوْمِكَ لَكَ وَمَا رَدوا عَلَيْكَ وَقَدْ بَعَثَ إِلَيْكَ مَلَكَ الْجِبَالِ لِتَأْمُرَهُ بِمَا شِئْتَ فِيهِمْ فَنَادَانِي مَلَكُ الْجِبَالِ فَسَلمَ عَلَي ثُم قَالَ يَا مُحَمدُ فَقَالَ ذَلِكَ فِيمَا شِئْتَ إِنْ شِئْتَ أَنْ أُطْبِقَ عَلَيْهِمْ الْأَخْشَبَيْنِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَلْ أَرْجُو أَنْ يُخْرِجَ اللهُ مِنْ أَصْلَابِهِمْ مَنْ يَعْبُدُ اللهَ وَحْدَهُ لَا يُشْرِكُ بِهِ شَيْئًا.

6403 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇھۇد كۈنىدىنمۇ قاتتىق كۈنگە دۇچ كېلىپ باقتىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

ـ قەۋمىڭنىڭ (يەنى قۇرەيشنىڭ) نۇرغۇن ئازارلىرىغا يولۇقتۇم، ئۇ ئازارلارنىڭ ئەڭ ئېغىرىغا ئەقەبە كۈنى دۇچ كەلدىم. مەن ئابدۇ يالىل ئىبنى ئابدۇ كۇلالنىڭ ئوغلىدىن (مېنى قوغدىشى ئۈچۈن) ياردەم سورىدىم، لېكىن ئۇ ياردەم بېرىشكە قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ناھايىتى غەمكىن ھالدا ئارقامغا قايتتىم. قەرنى سەئالىب دېگەن جايغا

كەلگەندە، ئېسىمنى يىغدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ماڭا سايە تاشلاپ تۇرغان بىر پارچە بۇلۇت كۆرۈندى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇ بۇلۇتنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپتۇ. ئۇ ماڭا نىدا قىلىپ: ”الله قەۋمىڭنىڭ ساڭا قىلغان سۆزىنى ۋە رەددىيەلىرىنى ئاڭلاپ، تاغلارغا مۇئەككەل پەرىشتىنى ئەۋەتتى، ئۇلارغا خالىغىنىڭنى قىلدۇرساڭ بولىدۇ“ دېدى. كۆپ ئۆتمەي، تاغ پەرىشتىسى ماڭا سالام قىلىپ: ”ئى مۇھەممەد! الله تائالا قەۋمىڭنىڭ ساڭا قىلغان سۆز ۋە رەددىيەلىرىنى ئاڭلاپ، مېنى ئەۋەتتى ۋە سېنىڭ باشقۇرۇشىڭغا تاپشۇردى. خالىغىنىڭچە بۇيرۇق قىلغىن، بۇ تاغلارنى ئۇلارنىڭ بېشىغا دۈم كۆمتۈرۈۋېتەي“ دېدى. مەن: ”ياق، مەن اللهتىن ئۇلارنىڭ پۇشتىدىن بىر اللهقىلا ئىبادەت قىلىدىغان ۋە اللهقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان نەسىل يېتىشتۈرۈپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن“ دېدىم.

(بۇخارى: 3231)

6404 - عن عبد الله بن جعفر قال لما توفى أبو طالب خرج النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إلى الطائف ماشيا على قدميه يدعوهم إلى الاسلام فلم يجيبوه فانصرف فأتى ظل شجرة فصلى ركعتين ثم قال اللهم إني أشكو اليك ضعف قوتي وهواني على الناس أرحم الراحمين أنت أرحم الراحمين الى من تكلني الى عدو يتجهمني أم الى قريب ملكته أمرى ان لم تكن غضبان علي فلا أبالي غير أن عافيتك أوسع لي أعوذ بوجهك الذي أشرقت له الظلمات وصلح عليه أمر الدنيا والآخرة أن ينزل بي غضبك أو يحل بي سخطك لك العتبى حتي ترضي ولا قوة الا بالله.

6404 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ تالىب ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائىفقا پىيادە مېڭىپ چىقىپ، ئاھالىسىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. ئۇلار چاقىرىقنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، كەينىگە قايتىپ، بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسى ئاستىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى ۋە مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى:

«ئى الله! كۈچۈمنىڭ زەئىپلىكى ۋە باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى ئاجىزلىقىمدىن پەقەت ساڭىلا شىكايەت قىلىمەن. ئى رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ رەھىملىكى! سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ رەھىملىكىسەن. سەن مېنى كىمنىڭ قولىغا تاپشۇرىسەن؟ ماڭا ئېغىر ئازابلارنى تېتىتىدىغان دۈشمەنلىرىمگىمۇ ياكى پەيغەمبەرلىكىمنىڭ ساھىبى بولغان يېقىنلىرىمغىمۇ؟ سەن ماڭا غەزەبلەنمىسەڭلا، ئۇلارنىڭ ئازارلىرىغا پەرۋا قىلىپ كەتمەيمەن. سەن ئاتا قىلغان خاتىرجەملىك بۇ ئېغىر كۈنلەردىمۇ كەڭدۇر. قاراڭغۇلۇقلارنى يورۇتقان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى توغرا يولغا سېلىۋاتقان زاتىڭنىڭ غەزىۋى تېگىپ قېلىشىدىن ياكى مەندىن نارازى بولۇپ قېلىشىڭدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. سەن ئۆزەڭ مەمنۇن بولمىغىچە ئەيىبلەش سېنىڭ ھەققىڭدۇر. سېنىڭ رۇخسىتىڭسىز ھېچبىر جانلىق مىدىرلىيالمايدۇ، ھېچقانداق كۈچ ـ قۇۋۋەت مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ»[①].

(«ئەلكەبىر»)

6405 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ كَانَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَعْرِضُ نَفْسَهُ عَلَى الناسِ بِالْمَوْقِفِ فَيَقُولُ هَلْ مِنْ رَجُلٍ يَحْمِلُنِي إِلَى قَوْمِهِ فَإِن قُرَيْشًا قَدْ مَنَعُونِي أَنْ أُبلغَ كَلَامَ رَبي عَز وَجَل فَأَتَاهُ رَجُلٌ مِنْ هَمْدَانَ فَقَالَ مِمنْ أَنتَ فَقَالَ الرجُلُ مِنْ هَمْدَانَ قَالَ فَهَلْ عِنْدَ قَوْمِكَ مِنْ مَنَعَةٍ قَالَ نَعَمْ ثُم إِن الرجُلَ خَشِيَ أَنْ يَحْقِرَهُ قَوْمُهُ فَأَتَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ آتِيهِمْ فَأُخْبِرُهُمْ ثُم آتِيكَ مِنْ عَامٍ قَابِلٍ قَالَ نَعَمْ فَانْطَلَقَ وَجَاءَ وَفْدُ الْأَنصَارِ فِي رَجَبٍ.

6405 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج مەۋسۇمىدە باشقىلاردىن ياردەم سوراپ:

---

[①] ھەيسەمى (9851): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى ئىسھاق ئىسمىلىك ھەدىسى مۇدەللەس، ئەمما ئىشەنچلىك بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ مېنى ئۆز قەبىلىسىگە ئېلىپ كېتىدىغان بىرەر ئادەم بارمۇ؟ چۈنكى قۇرەيش خەلقى مېنى رەببىمنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈشتىن توستى، ــ دەيتتى. ھەمدان قەبىلىسىلىك بىر ئادەم كەلدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن:

ــ سەن قايسى قەبىلىدىن؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم:

ــ ھەمدانىدىن، ـ دېدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ قەبىلەڭنىڭ مېنى قوغدىغۇدەك كۈچى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئادەم:

ــ ھەئە، بار، ـ دېدى. كېيىن، ئۇ ئادەم قەبىلىسىنىڭ ئۆزىنى كۆزگە ئىلماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كېلىپ:

ــ مەن ئالدى بىلەن قەبىلەمگە بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتاي ۋە كېلەر يىلى قېشىڭغا قايتا كېلەي، ـ دەپ كەتتى. شۇ يىلى رەجەب ئېيىدا، ئەنسارلارنىڭ ھەج ئۆمىكى يېتىپ كەلدى[①].

(ئەھمەد: 14770)

6406 - عن مَحْمُودِ بن لَبِيدٍ أخي بَنِى عبد الأَشْهَلِ قال لما قَدِمَ أبو الحَيسر أَنسُ بن رَافِعٍ مَكةَ وَمَعَهُ فِتْيَةٌ من بَنِى عبد الأَشْهَلِ فِيهِمْ إِيَاسُ بن مُعَاذٍ يَلْتَمِسُونَ الْحِلْفَ مِن قُرَيْشٍ على قَوْمِهِمْ مِنَ الْخَزْرَجِ سمع بِهِمْ رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَتَاهُمْ فَجَلَسَ إِلَيْهِمْ فقال لهم هل لَكُمْ إلى خَيْرٍ مِما جِئْتُمْ له قالوا وما ذَاكَ قال أنا رسول اللهِ بعثني إلى الْعِبَادِ أَدْعُوهُمْ إلى أَنْ يَعْبُدُوا اللهَ لاَ يُشْرِكُوا بِهِ شَيْئاً وَأُنزِلَ عَلَى كِتَابٌ ثُم ذَكَرَ الإِسْلاَمَ وَتَلاَ عَلَيْهِمُ الْقُرْآنَ فقال إِيَاسُ بن مُعَاذٍ وكان غُلاَماً حَدَثاً أي قَوْمِ هذا والله خَيْرٌ مِما جِئْتُمْ له قال فَأَخَذَ أبو جليس أَنسُ بن رَافِعٍ حَفْنَةً مِنَ الْبَطْحَاءِ فَضَرَبَ با في وَجْهِ إِيَاسِ بن مُعَاذٍ وَقَامَ رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْهُمْ وَانْصَرَفُوا إلى الْمَدِينَةِ فَكَانَتْ وقعه بُعَاثٍ بين الأَوْسِ وَالْخَزْرَجِ قال ثُم لم يَلْبَثْ إِيَاسُ بن مُعَاذٍ ان هَلَكَ قال مَحْمُودُ بن لَبِيدٍ فأخبرني

[①] ھەيسەمى (9853): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

من حَضَرَهُ من قومي عِنْدَ مَوْتِهِ انهم لم يزلوا يَسْمَعُونَهُ يُهَلِّلُ اللهَ وَيُكَبِّرُهُ وَيَحْمَدُهُ وَيُسَبِّحُهُ حتى مَاتَ فما كَانُوا يَشُكُّونَ ان قد مَاتَ مُسْلِماً لقد كان اسْتَشْعَرَ الإِسْـلاَمَ في ذلـك الْمَجْلِسِ حين سمع من رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ ما سمع.

6406 ـ بەنى ئابدۇلئەشھەل جەمەتىدىن مەھمۇد ئىبنى لۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ ھەيسەر ئەنەس ئىبنى رافىئ جەمەتىمىزدىن ئىياس ئىبنى مۇئاز قاتارلىق بىر قانچە كىشىنى ئېلىپ، قۇرەيش بىلەن ئۆز قەبىلىسى خەزرەجگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشنى مەقسەت قىلىپ مەككىگە كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، قېشىغا باردى ۋە:

— سىلەر بۇنىڭدىنمۇ ئوبدانراق ئىشنى قىلساڭلار بولمامدۇ؟ ـ دېدى. ئۇلار:

ــ ئۇ قانداق ئىش؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— مەن اﷲنىڭ رەسۇلى، مېنى بەندىلەرنى بىر اﷲقا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچ شېرىك كەلتۈرمەسلىككە چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى ۋە ماڭا كىتاب نازىل قىلدى، ـ دەپ ئىسلامنى چۈشەندۈرۈپ، قۇرئان ئوقۇپ بەردى. ئىياس ئىبنى مۇئاز گەرچە يېشى ئەڭ كىچىك بولسىمۇ:

ــ ئى قەۋم! اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ، بىز قىلماقچى بولغان ئىشتىنمۇ ياخشىراق ئىشكەن، ـ دېدى. ئەنەس ئىبنى رافىئ سايلىقتىن بىر ئوچۇم توپا ئېلىپ، ئىياس ئىبنى مۇئازنىڭ يۈزىگە چاچتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ قېشىدىن قوپۇپ، يېنىپ كەلدى. ئۇلارمۇ مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. شۇ يىلى، ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىلىرى ئارىسىدا بۇئاس ئۇرۇشى يۈز بەردى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئىياس ئىبنى مۇئاز ۋاپات بولدى.

مەھمۇد ئىبنى لۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: جەمەتىمدىكىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلار ئۇنىڭ تاكى ۋاپات

بولغىچە شاھادەت ئېيتىپ، تەكبىر ئېيتىپ، تەسبىھ ئېيتىپ تۇرغانلىقىنى ئاڭلىغان بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ مۇسۇلمان پېتى ئۆلگەنلىكى ھەققىدە ھېچ شەكلەنمەيدىكەن. ئۇ، شۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىسلام دەۋىتىنى ئاڭلاپ، ئىسلامنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى[①].

(ئەھمەد: 23108؛ «ئەلكەبىر»: 805)

6407 - قَالَ ٱبْنُ إِسْحَاقَ: "فَلَما أَرَادَ اللهُ عَز وَجَل إِظْهَارَ دِينِهِ وإِعزازَ نَبِيهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، وإِنجازَ وَعْدِهِ، خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْمَوْسِمِ الذِي لَقِيَهُ فِيهِ النفرٌ مِنَ الأَنصَارِ، وَهُمْ فِيمَا يَزْعُمُونَ سِتةٌ فِيهِمْ جَابِرُ بن عَبْدِ اللهِ بن رِيَابٍ".

6407 ـ ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: الله ئەززە ۋەجەللە ئۆز دىنىنى ھۆكۈمران قىلىپ، پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىززەت ۋە قۇۋۋەتكە ئېرىشتۈرۈشنى، ۋەدىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئىراده قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ قېتىمقى ھەج مەۋسۇمىدە دەۋەت قىلىشقا چىقىپ، ئەنسارىلاردىن بىر قانچە كىشى بىلەن ئۇچراشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار ئالتە كىشى بولۇپ، ئارىسىدا جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى رىياب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ بار ئىكەن[②].

(«ئەلكەبىر»: 1766)

---

[①] ھەيسەمى (9855): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (9877): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6408 - عن عُرْوَةَ قال فلما حَضَرَ الْمَوْسِمُ حَج نَفَرٌ مِنَ الْأَنصَارِ من بني مَالِكِ بن النجارِ منهم مُعَاذُ بن عَفْرَاءَ وأسعدُ بن زُرَارَةَ وَمِنْ بني زُرَيْقٍ رَافِعُ بن مَالِكٍ وَذَكْوَانُ بن عبد قَيْسٍ وَمِنْ بني عبد الأَشْهَلِ أبو الْهَيْثَمِ بن التَّيهَانِ وَمِنْ بني عَمْرِو بن عَوْفٍ عُوَيْمُ بن سَاعِدَةَ فَأَتَاهُمْ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم... وَقَرَأَ عَلَيْهِمُ الْقُرْآنَ فلما سَمِعُوا قَوْلَهُ أَنصِتُوا وَاطْمَأَنتْ أَنفُسُهُمْ إلى دَعْوَتِهِ وَعَرَفُوا ما كَانُوا يَسْمَعُونَ من أَهْلِ الْكِتَابِ مِن ذِكْرِهِمْ إِياهُ بِصِفَتِهِ وما يَدْعُوهُمْ إليه فَصَدقُوهُ وَآمَنُوا بِهِ... ثُم قالوا له قد عَلِمْتَ الذي بين الأَوْسِ وَالْخَزْرَجِ مِنَ الدمَاءِ... وَنَحْنُ لِلهِ وَلَكَ مُجْتَهِدُونَ... فَامْكُثْ على اسْمِ اللهِ حتى نَرْجِعَ إلى قَوْمِنَا فَنُخْبِرَهُمْ بِشَأْنِكَ وَنَدْعُوهُمْ إلى اللهِ وَرَسُولِهِ فَلَعَل اللهَ يُصْلِحُ بَيْنَنَا وَيَجْمَعُ أَمْرَنَا فَإِنا الْيَوْمَ مُتَبَاعِدُونَ مُتَبَاغِضُونَ وَإِنْ تَقْدُمْ عَلَيْنَا الْيَوْمَ ولم نَصْطَلِحْ لم يَكُنْ لنا جَمَاعَةٌ عَلَيْكَ وَلَكِنْ نُوَاعِدُكَ الْمَوْسِمَ مِنَ الْعَامِ الْمُقْبِلِ فَرَضِيَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم الذي قالوا فَرَجَعُوا إلى قَوْمِهِمْ فَدَعَوْهُمْ سِرا... حتى قَل دَارٌ من دُورِ الأَنصَارِ إلا أَسْلَمَ فيها نَاسٌ لا مَحَالَةَ ثُم بَعَثُوا إلى رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أَنِ ابْعَثْ إِلَيْنَا رَجُلا من قِبَلِكَ فَيَدْعُو الناس بِكِتَابِ اللهِ فإنه أَدْنَى أَنْ يُتبَعَ فَبَعَثَ إِلَيْهِمْ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم مُصْعَبَ بن عُمَيْرٍ فَنَزَلَ في بني غَنْمٍ على أَسْعَدَ بن زُرَارَةَ فَجَعَلَ يَدْعُو الناس سِرا وَيَفْشُو الإِسْلامُ وَيَكْثُرُ أَهْلُهُ وَهُمْ في ذلك مُسْتَخْفُونَ بِدُعَائِهِمْ ثُم إِن أَسْعَدَ بن زُرَارَةَ أَقْبَلَ هو وَمُصْعَبُ بن عُمَيْرٍ... أُخْبِرَ بِهِمْ سَعْدُ بن مُعَاذٍ فَأَتَاهُمْ في لأْمَتِهِ معه الرمْحُ حتى وَقَفَ عليهم فقال عَلامَ يَأْتِينَا في دُورِنَا بهذا الْوَحِيدِ الْفَرِيدِ الطرِيحِ الْغَرِيبِ يُسَفهُ ضُعَفَاءَنَا بِالْبَاطِلِ وَيَدْعُوهُمْ إليه لا أَرَاكُمْ بَعْدَهَا بِشَيْءٍ من جِوَارِنَا فَرَجَعُوا ثُم إِنهُمْ عَادُوا الثانِيَةَ... فَأُخْبِرَ بِهِمْ سَعْدُ بن مُعَاذٍ الثانِيَةَ فَوَاعَدَهُمْ بِوَعِيدٍ دُونَ الْوَعِيدِ الأولِ فلما رَأَى أَسْعَدُ منه لِينًا قال

يا بن خَالَتِهِ اسْمَعْ من قَوْلِهِ فَإِنْ سَمِعْتَ مُنْكَرًا فَارْدُدْهُ يا هذا منه وَإِنْ سَمِعْتَ خَيْرًا فَأَجِبْ إليه فقال مَاذَا يقول فَقَرَأَ عليهم مُصْعَبُ بن عُمَيْرٍ (حم وَالْكِتَابِ الْمُبِينِ إنا جَعَلْنَاهُ قُرْآنًا عَرَبِيا لَعَلكُمْ تَعْقِلُونَ) فقال سَعْدُ بن مُعَاذٍ ما أَسْمَعُ إلا ما أَعْرِفُ فَرَجَعَ وقد هَدَاهُ اللهُ ولم يُظْهِرْ لَهُمُ الإِسْلاَمَ حتى رَجَعَ إلى قَوْمِهِ فَدَعَا بني عبد الأَشْهَلِ إلى الإِسْلاَمِ وَأَظْهَرَ إِسْلاَمَهُ... فَأَسْلَمَتْ بنو عبد الأَشْهَلِ عِنْدَ إِسْلاَمِ سَعْدٍ وَدُعَائِهِ إلا من لاَ يُذْكَرُ فَكَانَتْ أَولَ دُورٍ من دُورِ الأَنْصَارِ أَسْلَمَتْ بِأَسْرِهَا ثُم إن بني النجارِ أَخْرَجُوا مُصْعَبَ بن عُمَيْرٍ... فَانْتَقَلَ مُصْعَبُ بن عُمَيْرٍ إلى سَعْدِ بن مُعَاذٍ فلم يَزَلْ عِنْدَهُ يَدْعُو وَيَهْدِي اللهُ على يَدَيْهِ حتى قَل دَارٌ من دُورِ الأَنْصَارِ إلا أَسْلَمَ فيها نَاسٌ لا مَحَالَةَ وَأَسْلَمَ أَشْرَافُهُمْ وَأَسْلَمَ عَمْرُو بن الْجَمُوحِ وَكُسِرَتَ أَصْنَامُهُمْ فَكَانَ الْمُسْلِمُونَ أَعَز أَهْلِهَا وَصَلُحَ أَمْرُهُمْ وَرَجَعَ مُصْعَبُ بن عُمَيْرٍ إلى رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم وكان يُدْعَى المقرئ.

6408 ـ ئۇرۋە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەج مەۋسۇمى يېتىپ كەلگەندە، بەنى مالىك ئىبنى نەججار جەمەتىدىن بىر قانچە نەپەر ئەنسارى ھەجگە كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇئاز ئىبنى ئەفرائ، ئەسئەد ئىبنى زۇرارە، بەنى زۇرەيق جەمەتىدىن رافىئ ئىبنى مالىك، زەكۋان ئىبنى ئەبدۇ قەيس، بەنى ئابدۇلئەشھەل جەمەتىدىن ئەبۇ ھەيسەم ئىبنى تەيھان، بەنى ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتىدىن ئۇۋەيم ئىبنى سائىدە قاتارلىقلار بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، قۇرئان ئوقۇپ بەردى. ئۇلار قۇرئاننى ئاڭلاپ، كۆڭۈللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە مايىل بولدى. ئۇلار بۇرۇن مەدىنىدىكى يەھۇدىي ـ ناسارالارنىڭ يېقىندا كېلەمەكچى بولغان پەيغەمبەر ھەققىدە ئېيتىپ بەرگەن سۈپەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ نىمىگە چاقىرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولغاچقا، ئۆز ئارىلىرىدا: ”دېمەك، ئۇ پەيغەمبەر مۇشۇ ئىكەن“ دېيىشتى ۋە ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

— ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى ۋەقەلەرنى بىلىسەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قان دەۋالىرىدىنمۇ ئەلۋەتتە خەۋىرىڭ بار. بىز الله ئۈچۈن، سەن ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقىمىزنى

كۆرسىتىمىز. سەن اللهنىڭ نامى بىلەن كۈتۈپ تۇرغىن، بىز قەۋمىمىزگە سېنىڭ خەۋىرىڭنى يەتكۈزەيلى، ئۇلارنى الله ۋە رەسۇلىغا چاقىرايلى. بەلكى الله ئارىمىزنى ياراشتۇرۇپ، ئىشلىرىمىزنى تۈزىتىپ بېرىشى مۇمكىن. ھازىر بىزنىڭ ئارىمىز ياخشى ئەمەس. ئەگەر سەن بىزنىڭ ئارىمىز تۈزەلمەي تۇرۇپ، قېشىمىزغا بېرىپ قالساڭ، ساڭا ياردەم بېرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. چۈنكى قەۋمىمىز بەكمۇ چېچىلىپ كەتتى. شۇڭا كېلەر يىلى قايتا كۆرۈشۈپ، بۇ ئىشلار ھەققىدە قايتا مەسلىھەتلىشەيلى، ـ دەپ تەكلىپ بەردى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار ئۆز قەۋمىگە قايتىپ كېتىپ، مەخپىي ھالدا ئىسلامنى يېيىشقا باشلىدى. نەتىجىدە، ئەنسارلارنىڭ ھەر بىر ئائىلىسىدىن كەم دېگەندە بىردىن ئادەم مۇسۇلمان بولدى.

كۆپ ئۆتمەي، ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ بىزگە بىرىنى ئەۋەتكىن. ئۇ كىشىلەرگە اللهنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ بېرىپ، ئىسلامغا دەۋەت قىلسۇن. شۇنداق بولغاندا، دەۋەت ئىشىمىز تېخىمۇ تېز ئالغا باسىدۇ، ـ دەپ خەۋەر يوللىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا بەنى ئابدۇددار جەمەتىدىن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى ئەۋەتتى. ئۇ، بەنى غەنم جەمەتىدىن ئەسئەد ئىبنى زۇرارەنىڭ ئۆيىگە چۈشتى ۋە دەۋەت ئىشلىرىنى مەخپىي ھالدا يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. بىر كۈنى، مۇسئەب بىلەن ئەسئەد ئىككىسى مۇسۇلمانلارغا مەخپىي دەۋەت قىلىۋاتقانىدى، سەئد ئىبنى مۇئاز ئۇلارنىڭ بۇ مەخپىي پائالىيەتلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، قىلىچى بىلەن نەيزىسىنى كۆتۈرگەن پېتى يېتىپ كەلدى ۋە:

ـــ نېمە ئۈچۈن مەھەللىمىزگە كېلىپ، ئاجىزلىرىمىزنى ئازدۇرىدىغان تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارىسىلەر؟ مەن سىلەرنى بۇ ئەتراپتا ئىككىنچى كۆرۈپ قالماي! ـ دەپ تەھدىد سالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇ يەردىن كەتتى. لېكىن كۆپ ئۆتمەي، يەنە قايتىپ كەلدى. خەلق ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشقا باشلىۋىدى، يەنە سەئد ئىبنى مۇئازغا

خەۋەر يەتكۈزۈلدى. سەئد دەرھال يېتىپ كەلدى، لېكىن بۇ قېتىم ئالدىنقىسىدىن سەل يېنىكرەك تەھدىد سالدى. ئەسئەد ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقاپ:

ــ ئى ھامائاچامنىڭ ئوغلى! ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باققىن. ئەگەر ياقتۇرۇپ قالساڭ، قوبۇل قىلارسەن. ياقتۇرمىساڭ، رەت قىلارسەن، ـ دېدى. سەئد:

ــ قېنى ئېيتىپ باققىن! نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلاپ باقاي، ـ دېدى. مۇسئەب ئۇنىڭغا: ھا، مىم. روشەن كىتاب بىلەن قەسەمكى، سىلەرنى (ئۇنىڭ مەنىسىنى) چۈشەنسۇن دەپ، بىز ئۇنى ھەقىقەتەن ئەرەبچە قۇرئان قىلدۇق[1] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەردى. سەئد:

ــ ئاڭلىغانلىرىمنى ناھايىتى ياخشى چۈشەندىم، بىلدىم ۋە ئېتىراپ قىلدىم، ـ دېدى. ئەمما قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىچە ئۆزىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئوچۇق بىلدۈرمىدى. دەرھال بېرىپ، بەنى ئابدۇلئەشھەل جەمەتىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى ۋە ئۆزىنىڭمۇ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئوچۇق ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ، بەنى ئابدۇلئەشھەل جەمەتى پۈتۈنلەي مۇسۇلمان بولدى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئەنسارلار ئىچىدە بىراقلا مۇسۇلمان بولغان تۇنجى جەمەت بولۇپ قالدى. كېيىن بەنى نەججار جەمەتى ئەسئەد ئىبنى زۇرارەگە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى (ئۇنىڭ ئۆيىدىن) چىقىرىۋەتتى. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆيىگە يۆتكەلدى ۋە ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ تەشۋىقاتىنى داۋاملاشتۇردى. ئاخىرى، مۇسۇلمان بولمىغان كىشى يوق ئۆي قالمىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئېسىللىرى، كاتتىباشلىرىمۇ مۇسۇلمان بولدى. شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەمر ئىبنى جەمۇھمۇ بار ئىدى. مەدىنىدىكى بۇتلار چېقىۋېتىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن، مۇسۇلمانلار مەدىنىنىڭ ئەڭ ئىززەت ـ ھۆرمەتلىك كىشىلىرىگە ئايلاندى.

---

[1] سۈرە زۇخرۇف، 1 ـ دىن 3 ـ ئايەتكىچە.

ئۇلارنىڭ ئىشلىرى يولىغا چۈشكەندىن كېيىن، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا قايتىپ كەتتى. كېيىنچە ئۇ، مۇقرىئ (قۇرئان ئوقۇغۇچى) دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 362/20)

6409 - عَنْ كَعْبِ بن مَالِكٍ، قَالَ: "لما قَدِمَ اثْنا عَشَرَ رَجُلا مِنَ الْعَقَبَةِ، وَقَدْ أَمَرَهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يُوَافُوهُ سَبْعونَ رَجُلا الْعَامَ الْمُقْبِلَ، وَافَاهُ مِنا سَبْعُونَ رَجُلا".

6409 ـ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەقەبەدە مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەھدىلەشكەن 12 كىشى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن بىر يىلدىن كېيىن 70 كىشىلىك ھەيئەت بولۇپ قايتا كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتى[2].

(«ئەلكەبىر»: 101/19)

6410 - عن كَعْبَ بْنَ مَالِكٍ وَكَانَ كَعْبٌ مِمنْ شَهِدَ الْعَقَبَةَ وَبَايَعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِهَا قَالَ خَرَجْنا فِي حُجاجِ قَوْمِنَا مِنْ الْمُشْرِكِينَ وَقَدْ صَلَّيْنا وَفَقِهْنَا وَمَعَنَا الْبَرَاءُ بْنُ مَعْرُورٍ كَبِيرُنَا وَسَيدُنَا فَلَما تَوَجهْنَا لِسَفَرِنَا وَخَرَجْنَا مِنْ الْمَدِينَةِ قَالَ الْبَرَاءُ لَنَا يَا هَؤُلَاءِ إني قَدْ رَأَيتُ وَاللهِ رَأْيًا وَإِني وَاللهِ مَا أَدْرِي تُوَافِقُونِي عَلَيْهِ أَمْ لَا قَالَ قُلْنَا لَهُ وَمَا ذَاكَ قَالَ قَدْ رَأَيتُ أَنْ لَا أَدَعَ هَذِهِ الْبَنِيةِ مِني بِظَهْرٍ يَعْنِي الْكَعْبَةَ وَأَنْ أُصَليَ إِلَيْهَا قَالَ فَقُلْنَا وَاللهِ مَا بَلَغَنَا أَن نَبِينَا يُصَلي إِلا إِلَى الشامِ وَمَا نُرِيدُ أَنْ نُخَالِفَهُ فَقَالَ إِني أُصَلي إِلَيْهَا

[1] ھەيسەمى (9876): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھەيئە ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9878): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ياقۇب ئىبنى مۇھەممەد زۇھرى ئىسىملىك بىرى بار. ھەججاج ئىبنى شائىر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

قَالَ فَقُلْنَا لَهُ لَكِنا لَا نَفْعَلُ فَكُنا إِذَا حَضَرَتْ الصلَاةُ صَلَّيْنَا إِلَى الشامِ وَصَلى إِلَى الْكَعْبَةِ حَتى قَدِمْنَا مَكةَ قَالَ أَخِي وَقَدْ كُنا عِبْنَا عَلَيْهِ مَا صَنَعَ وَأَبى إِلا الْإِقَامَةَ عَلَيْهِ فَلَما قَدِمْنَا مَكةَ قَالَ يَا ابْنَ أَخِي انْطَلِقْ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاسْأَلْهُ عَما صَنَعْتُ فِي سَفَرِي هَذَا فَإِنهُ وَاللهِ قَدْ وَقَعَ فِي نَفْسِي مِنْهُ شَيْءٌ لَما رَأَيْتُ مِنْ خِلَافِكُمْ إِيايَ فِيهِ قَالَ فَخَرَجْنَا نَسْأَلُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكُنا لَا نَعْرِفُهُ لَمْ نَرَهُ قَبْلَ ذَلِكَ فَلَقِيَنَا رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ مَكةَ فَسَأَلْنَاهُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ هَلْ تَعْرِفَانِهِ قَالَ قُلْنَا لَا قَالَ فَهَلْ تَعْرِفَانِ الْعَباسَ بْنَ عَبْدِ الْمُطلِبِ عَمهُ قُلْنَا نَعَمْ قَالَ وَكُنا نَعْرِفُ الْعَباسَ كَانَ لَا يَزَالُ يَقْدَمُ عَلَيْنَا تَاجِرًا قَالَ فَإِذَا دَخَلْتُمَا الْمَسْجِدَ فَهُوَ الرجُلُ الْجَالِسُ مَعَ الْعَباسِ قَالَ فَدَخَلْنَا الْمَسْجِدَ فَإِذَا الْعَباسُ جَالِسٌ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَعَهُ جَالِسٌ فَسَلمْنَا ثُم جَلَسْنَا إِلَيْهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِلْعَباسِ هَلْ تَعْرِفُ هَذَيْنِ الرجُلَيْنِ يَا أَبَا الْفَضْلِ قَالَ نَعَمْ هَذَا الْبَرَاءُ بْنُ مَعْرُورٍ سَيدُ قَوْمِهِ وَهَذَا كَعْبُ بْنُ مَالِكٍ قَالَ فَوَاللهِ مَا أَنْسَى قَوْلَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الشاعِرُ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَقَالَ الْبَرَاءُ بْنُ مَعْرُورٍ يَا نَبِي اللهِ إِني خَرَجْتُ فِي سَفَرِي هَذَا وَهَدَانِي اللهُ لِلْإِسْلَامِ فَرَأَيْتُ أَنْ لَا أَجْعَلَ هَذِهِ الْبَنِيةَ مِني بِظَهْرٍ فَصَلَّيْتُ إِلَيْهَا وَقَدْ خَالَفَنِي أَصْحَابِي فِي ذَلِكَ حَتى وَقَعَ فِي نَفْسِي مِنْ ذَلِكَ شَيْءٌ فَمَاذَا تَرَى يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ لَقَدْ كُنتَ عَلَى قِبْلَةٍ لَوْ صَبَرْتَ عَلَيْهَا قَالَ فَرَجَعَ الْبَرَاءُ إِلَى قِبْلَةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَصَلى مَعَنَا إِلَى الشامِ قَالَ وَأَهْلُهُ يَزْعُمُونَ أَنهُ صَلى إِلَى الْكَعْبَةِ حَتى مَاتَ وَلَيْسَ ذَلِكَ كَمَا قَالُوا نَحْنُ أَعْلَمُ بِهِ مِنْهُمْ قَالَ وَخَرَجْنَا إِلَى الْحَج فَوَاعَدْنَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْعَقَبَةَ مِنْ أَوْسَطِ أَيامِ التشْرِيقِ فَلَما فَرَغْنَا مِنْ الْحَج وَكَانَتْ اللَّيْلَةُ الَتِي وَعَدْنَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَعَنَا عَبْدُ اللهِ بْنُ عَمْرِو بْنِ حَرَامٍ أَبُو جَابِرٍ سَيدٌ مِنْ سَادَتِنَا وَكُنا نَكْتُمُ مَنْ مَعَنَا مِنْ قَوْمِنَا مِنْ الْمُشْرِكِينَ أَمْرَنَا فَكَلمْنَاهُ وَقُلْنَا لَهُ يَا أَبَا جَابِرٍ إِنكَ سَيدٌ مِنْ سَادَتِنَا وَشَرِيفٌ مِنْ أَشْرَافِنَا وَإِنا نَرْغَبُ بِكَ عَما أَنتَ فِيهِ أَنْ تَكُونَ حَطَبًا لِلنارِ غَدًا ثُم دَعَوْتُهُ إِلَى الْإِسْلَامِ وَأَخْبَرْتُهُ بِمِيعَادِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَسْلَمَ وَشَهِدَ مَعَنَا الْعَقَبَةَ وَكَانَ نَقِيبًا قَالَ فَنِمْنَا تِلْكَ اللَّيْلَةَ مَعَ قَوْمِنَا فِي رِحَالِنَا حَتى إِذَا مَضَى ثُلُثُ اللَّيْلِ خَرَجْنَا مِنْ رِحَالِنَا لِمِيعَادِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ

وَسَلمَ نَتَسَللُ مُسْتَخْفِينَ تَسَللَ الْقَطَا حَتى اجْتَمَعْنَا فِي الشعْبِ عِنْدَ الْعَقَبَةِ وَنَحْنُ سَـبْعُونَ رَجُلًا وَمَعَنَا امْرَأَتَانِ مِنْ نِسَائِهِمْ نَسِيبَةُ بِنْتُ كَعْبٍ أُم عُمَارَةَ إِحْدَى نِسَاءِ بَنِي مَـازِنِ بْـنِ النجارِ وَأَسْمَاءُ بِنْتُ عَمْرِو بْنِ عَدِي بْنِ ثَابِتٍ إِحْدَى نِسَاءِ بَنِي سَلِمَةَ وَهِيَ أُم مَنِيعٍ قَـالَ فَاجْتَمَعْنَا بِالشعْبِ نَنْتَظِرُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى جَاءَنَا وَمَعَهُ يَوْمَئِذٍ عَمـهُ الْعَباسُ بْنُ عَبْدِ الْمُطلِبِ وَهُوَ يَوْمَئِذٍ عَلَى دِينِ قَوْمِهِ إِلا أَنهُ أَحَب أَنْ يَحْضُرَ أَمْرَ ابْنِ أَخِيـهِ وَيَتَوَثقُ لَهُ فَلَما جَلَسْنَا كَانَ الْعَباسُ بْنُ عَبْدِ الْمُطلِبِ أَولَ مُتَكَلمٍ فَقَالَ يَا مَعْشَرَ الْخَـزْرَجِ قَالَ وَكَانَتْ الْعَرَبُ مِما يُسَمونَ هَذَا الْحَي مِنْ الْأَنْصَارِ الْخَزْرَجَ أَوْسَـهَا وَخَزْرَجَهَـا إِن مُحَمدًا مِنا حَيْثُ قَدْ عَلِمْتُمْ وَقَدْ مَنَعْنَاهُ مِنْ قَوْمِنَا مِمنْ هُوَ عَلَى مِثْلِ رَأْيِنَا فِيهِ وَهُوَ فِي عِز مِنْ قَوْمِهِ وَمَنَعَةٍ فِي بَلَدِهِ قَالَ فَقُلْنَا قَدْ سَمِعْنَا مَا قُلْتَ فَتَكَلمْ يَا رَسُولَ اللهِ فَخُذْ لِنَفْـسِكَ وَلِرَبكَ مَا أَحْبَبْتَ قَالَ فَتَكَلمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتَلَا وَدَعَا إِلَى اللهِ عَز وَجَل وَرَغبَ فِي الْإِسْلَامِ قَالَ أُبَايِعُكُمْ عَلَى أَنْ تَمْنَعُونِي مِما تَمْنَعُونَ مِنْهُ نِسَاءَكُمْ وَأَبْنَاءَكُمْ قَالَ فَأَخَذَ الْبَرَاءُ بْنُ مَعْرُورٍ بِيَدِهِ ثُم قَالَ نَعَمْ وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق لَنَمْنَعَنكَ مِما نَمْنَعُ مِنْهُ أُزُرَنَـا فَبَايِعْنَا يَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنَحْنُ أَهْلُ الْحُرُوبِ وَأَهْلُ الْحَلْقَةِ وَرِثْنَاهَا كَابِرًا عَنْ كَابِرٍ قَالَ فَاعْتَرَضَ الْقَوْلَ وَالْبَرَاءُ يُكَلمُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَبُو الْهَيْثَمِ بْنُ التيهَانِ حَلِيفُ بَنِي عَبْدِ الْأَشْهَلِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِن بَيْنَنَا وَبَيْنَ الرجَـالِ حِبَالًـا وَإِنـا قَاطِعُوهَا يَعْنِي الْعُهُودَ فَهَلْ عَسَيْتَ إِنْ نَحْنُ فَعَلْنَا ذَلِكَ ثُم أَظْهَرَكَ اللهُ أَنْ تَرْجِعَ إِلَى قَوْمِكَ وَتَدَعَنَا قَالَ فَتَبَسمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قَالَ بَلْ الدمَ الدمَ وَالْهَدْمَ الْهَدْمَ أَنَا مِنْكُمْ وَأَنْتُمْ مِني أُحَارِبُ مَنْ حَارَبْتُمْ وَأُسَالِمُ مَنْ سَالَمْتُمْ وَقَدْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَخْرِجُوا إِلَي مِنْكُمْ اثْنَيْ عَشَرَ نَقِيبًا يَكُونُونَ عَلَى قَوْمِهِمْ فَأَخْرَجُوا مِنْهُمْ اثْنَـيْ عَشَرَ نَقِيبًا مِنْهُمْ تِسْعَةٌ مِنْ الْخَزْرَجِ وَثَلَاثَةٌ مِنْ الْأَوْسِ وَأَما مَعْبَدُ بْنُ كَعْبٍ فَحَـدثَنِي فِـي حَدِيثِهِ عَنْ أَخِيهِ عَنْ أَبِيهِ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَ أَولَ مَنْ ضَرَبَ عَلَى يَدِ رَسُولِ اللـهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْبَرَاءُ بْنُ مَعْرُورٍ ثُم تَتَابَعَ الْقَوْمُ فَلَما بَايَعَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَرَخَ الشيْطَانُ مِنْ رَأْسِ الْعَقَبَةِ بِأَبْعَدِ صَوْتٍ سَمِعْتُهُ قَـط يَـا أَهْـلَ الْجُبَاجِـبِ وَالْجُبَاجِبُ الْمَنَازِلُ هَلْ لَكُمْ فِي مُذَممٍ وَالصبَاةُ مَعَهُ قَدْ أَجْمَعُوا عَلَى حَرْبِكُمْ قَالَ عَلِـي

يَعْنِي ابْنَ إِسْحَاقَ مَا يَقُولُهُ عَدُو اللهِ مُحَمدٌ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَا أَزَب الْعَقَبَةِ هَذَا ابْنُ أَزْيَبَ اسْمَعْ أَيْ عَدُو اللهِ أَما وَاللهِ لَأَفْرُغَن لَكَ ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ارْفَعُوا إِلَى رِحَالِكُمْ قَالَ فَقَالَ لَهُ الْعَباسُ بْنُ عُبَادَةَ بْنِ نَضْلَةَ وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق لَئِنْ شِئْتَ لَنَمِيلَن عَلَى أَهْلِ مِنًى غَدًا بِأَسْيَافِنَا قَالَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ أُومَرْ بِذَلِكَ قَالَ فَرَجَعْنَا فَنِمْنَا حَتى أَصْبَحْنَا فَلَما أَصْبَحْنَا غَدَتْ عَلَيْنَا جُلةُ قُرَيْشٍ حَتى جَاءُونَا فِي مَنَازِلِنَا فَقَالُوا يَا مَعْشَرَ الْخَزْرَجِ إِنهُ قَدْ بَلَغَنَا أَنكُمْ قَدْ جِئْتُمْ إِلَى صَاحِبِنَا هَذَا تَسْتَخْرِجُونَهُ مِنْ بَيْنِ أَظْهُرِنَا وَتُبَايِعُونَهُ عَلَى حَرْبِنَا وَاللهِ إِنهُ مَا مِنْ الْعَرَبِ أَحَدٌ أَبْغَضَ إِلَيْنَا أَنْ تَنْشَبَ الْحَرْبُ بَيْنَنَا وَبَيْنَهُ مِنْكُمْ قَالَ فَانْبَعَثَ مَنْ هُنَالِكَ مِنْ مُشْرِكِي قَوْمِنَا يَحْلِفُونَ لَهُمْ بِاللهِ مَا كَانَ مِنْ هَذَا شَيْءٌ وَمَا عَلِمْنَاهُ وَقَدْ صَدَقُوا لَمْ يَعْلَمُوا مَا كَانَ مِنا قَالَ فَبَعْضُنَا يَنْظُرُ إِلَى بَعْضٍ قَالَ وَقَامَ الْقَوْمُ وَفِيهِمْ الْحَارِثُ بْنُ هِشَامِ بْنِ الْمُغِيرَةِ الْمَخْزُومِي وَعَلَيْهِ نَعْلَانِ جَدِيدَانِ قَالَ فَقُلْتُ كَلِمَةً كَأَني أُرِيدُ أَنْ أُشْرِكَ الْقَوْمَ بِهَا فِيمَا قَالُوا مَا تَسْتَطِيعُ يَا أَبَا جَابِرٍ وَأَنْتَ سَيدٌ مِنْ سَادَتِنَا أَنْ تَتخِذَ نَعْلَيْنِ مِثْلَ نَعْلَيْ هَذَا الْفَتَى مِنْ قُرَيْشٍ فَسَمِعَهَا الْحَارِثُ فَخَلَعَهُمَا ثُم رَمَى بِهِمَا إِلَي فَقَالَ وَاللهِ لَتَنْتَعِلَنهُمَا قَالَ يَقُولُ أَبُو جَابِرٍ أَحْفَظْتَ وَاللهِ الْفَتَى فَارْدُدْ عَلَيْهِ نَعْلَيْهِ قَالَ فَقُلْتُ وَاللهِ لَا أَرُدهُمَا قَالَ وَاللهِ صُلْحٌ وَاللهِ لَئِنْ صَدَقَ الْفَأْلُ لَأَسْلُبَنهُ.

6410 ـ (ئەقەبەدىكى ئۇچرىششقا قاتناشقان، ئۇ يەردە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغانلاردىن) كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: قەبىلىمىزدىكى بىر توپ مۇشرىك بىللەن بىللە ھەج سەپىرىگە چىقتۇق. بىز دىنىنى چۈشىنىپ، ناماز ئوقۇشنى باشلاپ بولغان ئىدۇق، خوجىمىز ۋە ئاقساقىلىمىز بەرائ ئىبنى مەئرۇر بىز بىلەن بىللە ئىدى، بىز سەپەرگە ئاتلىنىپ، مەدىنىدىن چىققاندىن كېيىن، بەرائ بىزگە:

ـ ئى خالايىق! مەن شۇنداق بىر قارارغا كېلىپ قالدىم. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر بۇ قارارىمغا قوشۇلامسىلەركىن بىلمەيمەن، ـ دېدى، بىز ئۇنىڭغا:

ـ ئۇ نېمە قارار؟ ـ دېسەك، ئۇ:

— مەن كەئبىگە ئارقامنى قىلماي، كەئبىگە يۈزلىنىپ ناماز ئوقۇيمىكىن دەيمەن، - دېدى. بىز:

- اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ شام تەرەپتىن باشقا تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇغانلىقى مەلۇم ئەمەس، بىز ئۇنىڭغا خىلاپ ئىش قىلىشنى خالىمايمىز، - دېسەكمۇ، ئۇ:

- مەن كەئبىگە قاراپ ناماز ئوقۇيمەن، - دېدى، بىز:

- لېكىن بىز ئۇنداق قىلمايمىز، - دېدۇق.

شۇنداق قىلىپ تاكى مەككىگە يېتىپ بارغىچە، بىز شامغا قاراپ ناماز ئوقۇدۇق، ئۇ كەئبىگە يۈزلىنىپ ئوقۇدى. بىز ئۇنىڭ قىلغىنىنى ئەيىبلىگەن ئىدۇق، ئۇ: "زادى شۇنداق قىلىمەن" دەپ تۇرىۋالدى. مەككىگە بارغىنىمىزدا، ئۇ ماڭا:

- ئى جىيەنىم! رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، يول ئۈستىدە قىلغان ئىشىم توغرىسىدا سوراپ باققىن. سىلەرنىڭ ماڭا قارشى ئىش قىلغىنىڭلارنى كۆرۈپ، خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، - دېدى. ئىككىيلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ مەسىلىنى سوراش ئۈچۈن سىرتقا چىقتۇق. ئۇنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغاچقا تونۇمايتتۇق، مەككىلىك بىر كىشىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سورىساق، ئۇ:

- ئىككىڭلار ئۇنى تونۇمسىلەر؟ - دېدى. بىز:

- ياق، - دېگەنىدۇق، ئۇ:

- ئۇنداقتا، تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنى تونۇمسىلەر؟ - دەپ سورىدى. بىز:

- ھەئە، - دېدۇق. چۈنكى ئۇ تىجارەت بىلەن بىز تەرەپكە بېرىپ تۇرغاچقا، ئۇنى تونۇيتتۇق. ئۇ ئادەم:

- مەسجىدكە كىرگىنىڭلاردا، ئابباس بىلەن ئولتۇرغان كىشىنى كۆرىسىلەر، ئەنە شۇ كىشى سىلەر ئىزدەۋاتقان ئادەم بولىدۇ، - دېدى. بىز مەسجىدكە كىرسەك، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسى ئابباس بىلەن ئولتۇرغانىكەن. ئۇلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن، يېنىغا

كېلىپ ئولتۇردۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاببىاستىن:

ــ بۇ ئىككىيلەننى تونۇمسەن؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئاببىاس:

ــ ھەئە، بۇ بەرائ ئىبنى مەئرۇر بولىدۇ. ئۇ قەۋمىنىڭ خوجايىنى. بۇ كەئب ئىبنى مالىك بولىدۇ، ـ دېدى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، شۇ چاغدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

ــ ھېلىقى شائىر شۇمۇ؟ ـ دېگىنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئاببىاس ئۇنىڭغا:

ــ ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بەرائ ئىبنى مەئرۇر سۆز باشلاپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ مېنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلدى. بۇ سەپەرگە چىققاندا، كەئبىگە ئارقامنى قىلماسلىققا قارار بېرىپ، نامازنى كەئبىگە قاراپ ئوقۇسام، قەۋمىم بۇ ئىشتا ماڭا قارشى تۇردى. شۇڭا بۇ قىلغىنىمدىن كۆڭلۈم خاتىرجەم بولمىدى. ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بۇ ئىشقا قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سەۋر قىلىپ تۇرغان بولساڭ، سەن يۈزلەنگەن تەرەپ ھەقىقىي قىبلىگە ئايلانغان بولاتتى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بەرائ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىبلىسىگە قايتىپ، بىز بىلەن شامغا قاراپ ناماز ئوقۇغىلى تۇردى. بىراق ئۇنىڭ ئائىلىسى: "ئۇ تاكى ۋاپات بولغىچە كەئبىگە قاراپ ناماز ئوقۇغان" دەپ تۇرىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇلار دېگەندەك ئەمەس، بىز بۇ ئىشنى ئۇلاردىن ئوبدانراق بىلىمىز.

بىز ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا چىقتۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئوتتۇرا كۈنىدە ئەقەبەدە ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشتۇق، ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ۋەدىلەشكەن كېچە يېتىپ كەلدى. جابىرنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ھەراممۇ بىز بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ بىزنىڭ كاتتىلىرىمىزدىن بىرى

بولۇپ، ئىشىمىزنى ئارىمىزدىكى مۇشرىكلاردىن مەخپىي تۇتاتتۇق. بىز ئۇنىڭغا:

ــ ئى ئەبۇ جابىر! سەن بىزنىڭ كاتتىلىرىمىز ۋە ئابرويلۇق كىشىلىرىمىزدىن بىرىسەن. بىز سېنىڭ مۇشۇ ئېتىقادىڭدا تۇرۇپ، قىيامەت كۈنى دوزاخقا يېقىلغۇ بولۇپ كېتىشىڭنى خالىمايمىز، ـ دېدۇق. مەن ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدىم ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۈچرىشىش ئۈچۈن ۋەدىلەشكەنلىكىمىزنى ئېيتتىم. ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ، بىز بىلەن ئەقەبەگە قاتناشتى، ئۇ ئۆز قەۋمىگە ۋەكىل ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، بىز قەۋمىمىز بىلەن قونالغۇمىزدا يېتىپ قالدۇق، كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتكەندىن كېيىن، قونالغۇمىزدىن يوشۇرۇن ھالدا بىر ـ بىرلەپ چىقىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ۋەدىلەشكەن جىلغىغا يىغىلدۇق. بىز جەمئىي 72 كىشى بولۇپ، 70 ئەر، ئىككىسى ئايال ئىدى. ئۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرى، كەئبنىڭ قىزى نەسىبە ئۇممۇ ئۇمارە بولۇپ، ئۇ بەنى مازىن ئىبنى نەججار جەمەتىنىڭ ئاياللىرىدىن ئىدى. يەنە بىرى، ئەمر ئىبنى ئەدىي ئىبنى سابىتنىڭ قىزى ئەسما بولۇپ، بەنى سەلەمە جەمەتىدىن ئىدى، ئۇ يەنە ئۇممۇ مەنىئ دەپمۇ ئاتىلاتتى. بىز ئەقەبە جىلغىسىغا يىغىلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۈتۈپ تۇرساق، تاغىسى ئاbباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب بىلەن بىللە كەلدى. گەرچە ئاbباس ئۇ چاغدا ئۆز قەۋمىنىڭ دىنىدا بولسىمۇ، جىيەنىنىڭ بۇ ئىشى ئۈچۈن يۈختىراق ۋەدە ئېلىشنى كۆزلەپ بىللە كەلگەن ئىدى.

بىز ئولتۇرغاندىن كېيىن، دەسلەپ ئاbباس سۆز باشلاپ:

ــ ئى خەزرەج خەلقى (ئەرەبلەر مەدىنىدىكى ئەۋس ياكى خەزرەج بولسۇن، ھەممىيلەننى خەزرەج دەپ ئاتايتتى)! مۇھەممەدنىڭ بىزدىكى ئەھۋالى سىلەرگە ئايان بولغىنىدەك، بىز ئۇنى قەۋمىمىزنىڭ دىنىدىكى كىشىلەردىن قوغداپ كەلدۇق. ئۇ ھازىر ئۆز قەۋمى ئىچىدە قوغدىلىپ، ئۆز يۇرتىدا ئەزىز تۇرۇۋاتىدۇ، ـ دېدى. بىز:

ــ سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىدۇق. ئى رەسۇلۇللاھ! ئەمدى سەن سۆز قىلغىن. بىزدىن ئۆزەڭ ۋە پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن خالىغان ۋەدىنى ئالغىن! ـ دېدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆز قىلىپ، ئايەتلەر ئوقۇپ بەردى ۋە بىزنى اللە تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلدى، ئىسلامغا كىرىشكە تەرغىب قىلدى. ئاندىن:

ــ مەن سىلەردىن مېنى خۇددى ئايال ـ بالىلىرىڭلارنى قوغدىغاندەك قوغداشقا بەيئەت ئالىمەن، ـ دېدى.

بەرا ئىبنى مەئرۇر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:

ــ سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئايال ـ بالىلىرىمىزنى قانداق قوغدىغان بولساق، سېنىمۇ شۇنداق قوغدايمىز. قېنى، بىزدىن بەيئەت ئالغىن. بىز ئۇرۇش ئەھلىمىز، قورال ـ ياراغ تۇتۇشنى ئوبدان بىلىمىز. بۇ ئىش بىزگە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان، ـ دېدى. بەرا سۆز قىلىۋاتقاندا، بەنى ئابدۇلئەشھەل جەمەتىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئەبۇ ھەيسەم ئىبنى تەيھان ئۇنىڭ سۆزىگە ئارىلىشىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ باشقا قەۋملەر بىلەن ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىملىرىمىز بار، بىز بۇ كېلىشىملىرىمىزنى بىكار قىلىۋېتىمىز. ئۇنى بىكار قىلىۋەتكەندىن كېيىن، اللە ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلىپ قالسا، بىزنى تاشلاپ يەنە ئۆز قەۋمىڭگە قايتىۋالارسەنمۇ؟ ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ــ ياق، مېنىڭ قېنىم سىلەرنىڭ قېنىڭلار بىلەن ئوخشاش، سىلەرنىڭ قېنىڭلارنى تۆكۈش بىلەن مېنىڭكىنى تۆكۈشنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق. مەن سىلەردىن، سىلەر مەندىن. سىلەر ئۇرۇشقانلار بىلەن ئۇرۇشىمەن، سىلەر تىنچ ياشىغانلار بىلەن تىنچ ياشايمەن. ماڭا سىلەردىن 12 كىشىنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىڭلار، ئۇلار ئۆز جەمەتىگە ۋەكىل بولسۇن، ـ دېدى. كۆپچىلىك 12 كىشىنى

ۋەكىل قىلىپ چىقاردى، ئۇلارنىڭ توققۇزى خەزرەجتىن، ئۈچى ئەۋستىن ئىدى.

بەيئەت باشلانغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىغا ئەڭ دەسلەپ قول بەرگەن كىشى بەرا ئىبنى مەئرۇر ئىدى، باشقىلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بەيئەت قىلىشقا باشلىدى. بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، شەيتان ئەقەبەنىڭ باش تەرىپىدە تۇرۇپ، مەن ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان يۇقىرى ئاۋازدا:

ـ ئى ئۆيلىرىدە بىخارامان ئۇخلاۋاتقان خالايىق! خارلانغان كىشى بىلەن دىنىنى ئۆزگەرتكەنلەرگە قاراڭلار. ئۇلار سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كېلىشىۋاتىدۇ، ـ دەپ ۋارقىرىدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئاڭلاپ:

ـ بۇ، ئەقەبەنىڭ شەيتىنى ئىبنى ئەزيەب بولىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن شەيتانغا خىتاب قىلىپ:

ـ ئى اللهنىڭ دۈشمىنى! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن بىلەن ئۆزەم ئېلىشىمەن، ـ دېدى. ئاندىن بىزگە قاراپ:

ـ قونالغۇڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار! ـ دېدى. ئاببباس ئىبنى ئۇبادە ئىبنى نەزلە:

ـ سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر خالىساڭ، ئەتە مىنادىكىلەرنى قىلىچلىرىمىز بىلەن قىرىپ تاشلايلى، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەن ئۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلمىدىم، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز قايتىپ بېرىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىدۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە، قۇرەيشنىڭ چوڭلىرى بىزنىڭ تۇرالغۇلىرىمىزغا كېلىپ:

ـ ئى خەزرەج خەلقى! بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، سىلەر بىزنىڭ ئادىمىمىزنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى بىزنىڭ قېشىمىزدىن ئېلىپ كېتىشكە ۋە بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بەيئەت قىلىپسىلەر. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئەرەبلەر ئىچىدە سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇشنى

ئەڭ يامان كۆرىمىز، - دېيىشتى. ئارىمىزدىكى مۇشرىكلار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، الله بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنداق ئىشنىڭ بولمىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار راست ئېيتقان بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى بىلمەيتتى. بىز بىر - بىرىمىزگە مەنىلىك قارىشىپ قويدۇق. ئاندىن ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ قايتىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھارىس ئىبنى ھىشام ئىبنى مۇغىرە مەخزۇمىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ پۇتىدا بىر جۈپ يېڭى كەش بار ئىدى. مەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى مۇشرىكلارنىمۇ قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ سۆزىگە شېرىك قىلىپ قويۇش مەقسىتىدە:

— ئى ئەبۇ جابىر! سەن بىزنىڭ كاتتىلىرىمىزدىن تۇرۇقلۇق قۇرەيشلىك ئاۋۇ يىگىتنىڭ كەشىدەك يېڭى بىر جۈپ كەش كىيەلمەيسەن؟ - دېۋىدىم، ھارىس بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ قېلىپ، بىر جۈپ كەشنى سېلىپ، ئالدىمغا تاشلىدى ۋە:

- اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇنى چوقۇم كىيىسەن، - دېدى. ئەبۇ جابىر:

- ئۇ يىگىتنى ئاچچىقلىتىپ قويدۇڭ، كەشنى قايتۇرۇپ بەرگىن، - دېدى، مەن:

— اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنى ھەرگىزمۇ قايتۇرۇپ بەرمەيمەن. ھازىر بىز سۆلھى ھالىتىدە تۇرۇۋاتىمىز، ناۋادا مۇشۇ قىلىقىدىن پال ئالىدىغان بولسام، ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرۈپ، نەرسىلىرىنى ئولجا ئالغان بولاتتىم، - دېدىم[1].

(ئەھمەد: 15371؛ «ئەلكەبىر»: 87/19)

6411 - وزاد: وَكَانَ نَقِيبَ بني النجارِ أَسْعَدُ بن زُرَارَةَ، وَكَانَ نَقِيبُ بني سَلِمَةَ، الْبَرَاءُ بن مَعْرُورٍ، وَعَبْدُ اللهِ بن عَمْرِو بن حَرَامٍ، وَكَانَ نَقِيبُ بني سَاعِدَةَ، سَعْدُ بن عُبَادَةَ،

[1] ھەيسەمى (9881): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ ئىبنى ئىسھاقتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

وَالْمُنْذِرُ بن عَمْرٍو، وَكَانَ نَقِيبَ بني زُرَيْقٍ، رَافِعُ بن مَالِكِ بن الْعَجْلَانِ، وَكَانَ نَقِيبَ بني الْحَارِثِ بن الْخَزْرَجِ، عَبْدُ اللهِ بن رَوَاحَةَ، وَسَعْدُ بن الربيع، وَكَانَ نَقِيبَ بني عَوْفِ بن الْخَزْرَجِ، عُبَادَةُ بن الصامِتِ، وَنقيبَ بني عَبْدِ الأَشْهَلِ، أُسَيْدُ بن حُضَيْرٍ، وَأَبو الْهَيْثَمِ بن التيهَانِ، وَكَانَ نَقِيبَ بني عَمْرِو بن عَوْفٍ، سَعْدُ بن خَيْثَمَةَ.

6411 ـ تەبەرانىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ كەلگەن: بەنى نەججار جەمەتىنىڭ ۋەكىلى ئەسئەد ئىبنى زۇرارە؛ بەنى سەلەمە جەمەتىنىڭ ۋەكىلى بەرائ ئىبنى مەئرۇر بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ھەرام؛ بەنى سائىدە جەمەتىنىڭ ۋەكىلى سەئد ئىبنى ئۇبادە بىلەن مۇنزىر ئىبنى ئەمر؛ بەنى زۇرەيق جەمەتىنىڭ ۋەكىلى رافىئ ئىبنى مالىك ئىبنى ئەجلان؛ بەنى ھارىس ئىبنى خەزرەج جەمەتىنىڭ ۋەكىلى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە بىلەن سەئ ئىبنى رەبىئ؛ بەنى ئەۋف ئىبنى خەزرەج جەمەتىنىڭ ۋەكىلى ئۇبادە ئىبنى سامىت؛ بەنى ئابدۇلئەشھەل جەمەتىنىڭ ۋەكىلى ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير بىلەن ئەبۇ ھەيسەم ئىبنى تەيھان؛ بەنى ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتىنىڭ ۋەكىلى سەئد ئىبنى خەيسەمە ئىدى.

(«ئەلكەبىر»: 87/19)

6412 - عَنْ عَامِرٍ قَالَ انْطَلَقَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَعَهُ الْعَباسُ عَمهُ إِلَى السبْعِينَ مِنْ الْأَنصَارِ عِنْدَ الْعَقَبَةِ تَحْتَ الشجَرَةِ فَقَالَ لِيَتَكَلمْ مُتَكَلمُكُمْ وَلَا يُطِيلُ الْخُطْبَةَ فَإِن عَلَيْكُمْ مِنْ الْمُشْرِكِينَ عَيْنًا وَإِنْ يَعْلَمُوا بِكُمْ يَفْضَحُوكُمْ فَقَالَ قَائِلُهُمْ وَهُوَ أَبو أُمَامَةَ سَلْ يَا مُحَمدُ لِرَبكَ مَا شِئْتَ ثُم سَلْ لِنَفْسِكَ وَلِأَصْحَابِكَ مَا شِئْتَ ثُم أَخْبِرْنَا مَا لَنَا مِنْ الثوَابِ عَلَى اللهِ عَز وَجَل وَعَلَيْكُمْ إِذَا فَعَلْنَا ذَلِكَ قَالَ فَقَالَ أَسْأَلُكُمْ لِرَبي عَز وَجَل أَنْ تَعْبُدُوهُ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا وَأَسْأَلُكُمْ لِنَفْسِي وَلِأَصْحَابِي أَنْ تُؤْوُونَا وَتَنْصُرُونَا وَتَمْنَعُونَا مِما مَنَعْتُمْ مِنْهُ أَنْفُسَكُمْ قَالُوا فَمَا لَنَا إِذَا فَعَلْنَا ذَلِكَ قَالَ لَكُمْ الْجَنةُ قَالُوا فَلَكَ ذَلِكَ.

6412 ـ ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسى ئاببااس بىلەن بىللە

ئەقەبەدىكى دەرەخ ئاستىغا يىغىلغان 70 نەپەر ئەنسارنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ـ باياناتچىڭلار سۆز قىلسۇن ۋە سۆزنى ئۇزارتىۋەتمىسۇن. چۈنكى سىلەرنى كۆزىتىدىغان مۇشرىك جاسۇسلار بار، سىزىپ قالسا، سىلەرنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ، ـ دېدى، ئۇلارنىڭ باياناتچىسى ئەبۇ ئۇمامە:

ـ ئى مۇھەممەد! رەببىڭ ئۈچۈن، ئۆزەڭ ئۈچۈن، ساھابىلىرىڭ ئۈچۈن خالىغىنىڭنى سورىغىن ۋە بىز سەن سورىغان ئىشنى قىلساق، بىزگە الله ئەززە ۋەجەللە تەرەپتىن قانداق ساۋاب بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا سىلەرنىڭ بىزگە قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىڭلارنى ئېيتىپ بەرگىن! ـ دېدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سىلەردىن رەببىم ئۈچۈن سورايدىغىنىم شۇكى، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىسىلەر ۋە ئۇنىڭغا ھېچبىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيسىلەر. ئۆزەم ۋە ساھابىلىرىم ئۈچۈن سورايدىغىنىم شۇكى، سىلەر بىزنى ھىمايەڭلەرگە ئېلىپ، ئۆزەڭلارنى قانداق قوغدىساڭلار، بىزنىمۇ شۇنداق قوغدايسىلەر، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ شۇنداق قىلساق، بىزگە نېمە مۇكاپات بار؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىسىلەر، ـ دېدى، ئۇلار:

ـ ئۇنداقتا، دېگىنىڭدەك بولسۇن، ـ دېيىشتى[①].

(ئەھمەد: 16630)

6413 - عن عبادة بن الصامت أن أسعد بن زرارة قال أيها الناس هل تدرون ما تبايعون محمدا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ؟ إنكم تبايعونه على أن تحاربوا العرب والعجم والجن والإنس فقالوا نحن حرب لمن حارب وسلم لمن سالم.

6413 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەسئەد ئىبنى زۇرارە مۇنداق دېگەن:

[①] ھەيسەمى (9887): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ـ ئى خالايىق! سىلەر مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نېمە ئۈچۈن بەيئەت قىلىۋاتقىنىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ سىلەر ئەرەبلەر، ئەجەملەر، ئىنسانلار ۋە جىنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىۋاتىسىلەر، ـ دېدى، ئۇلار:

ـ ئۇ كىم بىلەن ئۇرۇشسا، بىز شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىز. كىم بىلەن تېنىچ ئۆتسە، بىزمۇ شۇنىڭ بىلەن تېنىچ ئۆتىمىز، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 4538)

6414 - عَنِ ابن شِهَابٍ: مِن شَهِدَ الْعَقَبَةَ مِنَ الأَنْصَارِ أَوْسُ بن يَزِيدَ بن أَصْرَمَ وأَوْسُ بن ثَابِتٍ وأَسْعَدُ بن زُرَارَةَ ، والبراء بن معرور وبشير بن سعد وجَابِرُ بن عبد اللهِ بن عَمْرٍو وجُبَارُ بن صَخْرٍ، والْحَارِثُ بن قَيْسٍ وذَكْوَانُ بن عبد قَيْسٍ ورافع بن مالك وسَعْدُ بن عُبَادَةَ وسعد بن حيثمة وسلمة بن سلامة، وظهير بن رافع، وكعب بن مالك وأبو بردة بن نيار.

6414 ـ ئىبنى شىھابتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەنسارىلاردىن ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشقانلار ئىچىدە: ئەۋس ئىبنى يەزىد ئىبنى ئەسرەم، ئەۋس ئىبنى سابىت، ئەسئەد ئىبنى زۇرارە، بەرائ ئىبنى مەئرۇر، بەشىر ئىبنى سەئد، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر، جۇبار ئىبنى سەخر، ھارىس ئىبنى قەيس، زەكۋان ئىبنى ئابدۇقەيس، رافىئ ئىبنى مالىك، سەئد ئىبنى ئۇبادە، سەئد ئىبنى ھەيسەمە، سەلەمە ئىبنى سەلامە، زۇھەير ئىبنى رافىئ، كەئب ئىبنى مالىك ۋە ئەبۇ بۇردە ئىبنى نىيار قاتارلىقلار بار ئىدى[2].

(«ئەلكەبىر»)

[1] ھەيسەمى (9895): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەلى ئىبنى زەيد ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9898): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6415 - وزاد عن عروة: منهم ظهير بن الهيثم ، وثابت بن أجدع ، وزيد بن لبيد ، وسعد بن الربيع وسهل بن عتيك وعمرو بن عزمة بن ثعلبة وعقبة بن عمرو بن ثعلبة يكنى أبا مسعود.

6415 ـ تەبەرانىي ئۇرۋەدىن مۇنۇ ئىسىملارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: زۇھەير ئىبنى ھەيسەم، سابىت ئىبنى ئەجدەئ، زەيد ئىبنى لۇبەيد، سەئد ئىبنى رەبىيئ، سەھل ئىبنى ئۇتەيك، ئەمر ئىبنى ئەزمە ئىبنى سەئلەبە، ئۇقبە ئىبنى ئەمر ئىبنى سەئلەبە (ئۇنىڭ كۇنيەسى ئەبۇ مەسئۇد)[1].

(«ئەلكەبىر»)

6416 - عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ، قَالَ: قَامَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم بِمَكـةَ يَعْرِضُ نَفْسَهُ عَلَى قَبَائِلِ الْعَرَبِ قَبِيلَةً قَبِيلَةً فِي الْمَوْسِمِ، مَا يَجِدُ أَحَدًا يُجِيبُهُ إِلَى مَا يَـدْعُو إِلَيْهِ، حَتى جَاءَ إِلَيْهِ هَذَا الْحَي مِنَ الأَنصَارِ لَما أَسْعَدَهُمُ اللهُ وَسَاقَ إِلَيهِمْ مِنَ الْكَرَامَةِ فَآوَوا وَنَصَرُوا، فَجَزَاهُمُ اللهُ عَنْ نَبِيهِمْ خَيْرًا، وَاللهِ مَا وَفَيْنَا لَهُمْ كَمَا عَاهَدْنَاهُمْ عَلَيْهِ، إنا قُلْنـا لَهُمْ: إنا نَحْنُ الأُمَرَاءُ وَأَنْتُمُ الْوُزَرَاءُ، وَلَئِنْ بَقِيتُ إِلَى رَأْسِ الْحَوْلِ لاَ يَبْقَى لِي عَامِـلٌ إلا أَنصَارِي.

6416 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج مەۋسۇمىدە ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ بېرىپ، ئۇلارغا تەشۋىق قىلىپ، ئۆزىنى قوغداشنى ئىلتىماس قىلدى، لېكىن ئەنسارلاردىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلمىدى. الله ئۇلارنى ئىسلام بىلەن شەرەپلەندۈرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا نۇرغۇن ياخشىلىق ئېلىپ كەلدى. ئۇلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالدى ۋە ياردەم قىلدى. الله تائالا ئۇلارنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە

[1] ھەيسەمى (9899): بۇ ھەدىسنى تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇرۋە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن مۇكاپاتلاندۇرسۇن! لېكىن بىز ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرالمىدۇق. چۈنكى بىز ئۇلارغا:

— بىز ئەمىر، سىلەر بىزنىڭ ۋەزىرلىرىمىز، ـ دەپ تۇرىۋالدۇق. ئەگەر يىل بېشىغا قەدەر ياشايدىغانلا بولسام، ئەنسارىلاردىن باشقا ھېچبىر ۋالىي قالمىغان بولاتتى[1].

(بەززار: 281)

---

[1] ھەيسەمى (9879): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى شەبىب ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى

6417 - عن عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ لَمْ أَعْقِلْ أَبَوَي قَط إِلا وَهُمَا يَدِينَانِ الدينَ وَلَمْ يَمُر عَلَيْنا يَوْمٌ إِلا يَأْتِينا فِيهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ طَرَفَيْ النهَارِ بُكْرَةً وَعَشِيةً فَلَما ابْتُلِيَ الْمُسْلِمُونَ خَرَجَ أَبُو بَكْرٍ مُهَاجِرًا نَحْوَ أَرْضِ الْحَبَشَةِ حَتى إِذَا بَلَغَ بَرْكَ الْغِمَادِ لَقِيَهُ ابْنُ الدغِنَةِ وَهُوَ سَيدُ الْقَارَةِ فَقَالَ أَيْنَ تُرِيدُ يَا أَبَا بَكْرٍ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ أَخْرَجَنِي قَوْمِي فَأُرِيدُ أَنْ أَسِيحَ فِي الْأَرْضِ وَأَعْبُدَ رَبي قَالَ ابْنُ الدغِنَةِ فَإِن مِثْلَكَ يَا أَبَا بَكْرٍ لَا يَخْرُجُ وَلَا يُخْرَجُ إِنكَ تَكْسِبُ الْمَعْدُومَ وَتَصِلُ الرحِمَ وَتَحْمِلُ الْكَل وَتَقْرِي الضيْفَ وَتُعِينُ عَلَى نَوَائِبِ الْحَق فَأَنَا لَكَ جَارٌ ارْجِعْ وَاعْبُدْ رَبكَ بِبَلَدِكَ فَرَجَعَ وَارْتَحَلَ مَعَهُ ابْنُ الدغِنَةِ فَطَافَ ابْنُ الدغِنَةِ عَشِيةً فِي أَشْرَافِ قُرَيْشٍ فَقَالَ لَهُمْ إِن أَبَا بَكْرٍ لَا يَخْرُجُ مِثْلُهُ وَلَا يُخْرَجُ أَتُخْرِجُونَ رَجُلًا يَكْسِبُ الْمَعْدُومَ وَيَصِلُ الرحِمَ وَيَحْمِلُ الْكَل وَيَقْرِي الضيْفَ وَيُعِينُ عَلَى نَوَائِبِ الْحَق فَلَمْ تُكَذبْ قُرَيْشٌ بِجِوَارِ ابْنِ الدغِنَةِ وَقَالُوا لِابْنِ الدغِنَةِ مُرْ أَبَا بَكْرٍ فَلْيَعْبُدْ رَبهُ فِي دَارِهِ فَلْيُصَل فِيهَا وَلْيَقْرَأْ مَا شَاءَ وَلَا يُؤْذِينَا بِذَلِكَ وَلَا يَسْتَعْلِنْ بِهِ فَإِنا نَخْشَى أَنْ يَفْتِنَ نِسَاءَنَا وَأَبْنَاءَنَا فَقَالَ ذَلِكَ ابْنُ الدغِنَةِ لِأَبِي بَكْرٍ فَلَبِثَ أَبُو بَكْرٍ بِذَلِكَ يَعْبُدُ رَبهُ فِي دَارِهِ وَلَا يَسْتَعْلِنُ بِصَلَاتِهِ وَلَا يَقْرَأُ فِي غَيْرِ دَارِهِ ثُم بَدَا لِأَبِي بَكْرٍ فَابْتَنَى مَسْجِدًا بِفِنَاءِ دَارِهِ وَكَانَ يُصَلي فِيهِ وَيَقْرَأُ الْقُرْآنَ فَيَنْقَذِفُ عَلَيْهِ نِسَاءُ الْمُشْرِكِينَ وَأَبْنَاؤُهُمْ وَهُمْ يَعْجَبُونَ مِنْهُ وَيَنْظُرُونَ إِلَيْهِ وَكَانَ أَبُو بَكْرٍ رَجُلًا بَكاءً لَا يَمْلِكُ عَيْنَيْهِ إِذَا قَرَأَ الْقُرْآنَ وَأَفْزَعَ ذَلِكَ أَشْرَافَ قُرَيْشٍ مِنْ الْمُشْرِكِينَ فَأَرْسَلُوا إِلَى ابْنِ الدغِنَةِ فَقَدِمَ عَلَيْهِمْ فَقَالُوا إِنا كُنا أَجَرْنَا أَبَا بَكْرٍ بِجِوَارِكَ عَلَى أَنْ يَعْبُدَ رَبهُ فِي دَارِهِ فَقَدْ جَاوَزَ ذَلِكَ فَابْتَنَى مَسْجِدًا بِفِنَاءِ دَارِهِ فَأَعْلَنَ بِالصلَاةِ وَالْقِرَاءَةِ فِيهِ وَإِنا قَدْ خَشِينَا أَنْ يَفْتِنَ نِسَاءَنَا

وَأَبْنَاءَنَا فَانْهَهُ فَإِنْ أَحَب أَنْ يَقْتَصِرَ عَلَى أَنْ يَعْبُدَ رَبَّهُ فِي دَارِهِ فَعَلَ وَإِنْ أَبَى إِلَّا أَنْ يُعْلِنَ بِذَلِكَ فَسَلْهُ أَنْ يَرُد إِلَيْكَ ذِمَتَكَ فَإِنا قَدْ كَرِهْنَا أَنْ نُخْفِرَكَ وَلَسْنَا مُقِرِّينَ لِأَبِي بَكْرٍ الِاسْتِعْلَانَ قَالَتْ عَائِشَةُ فَأَتَى ابْنُ الدغِنَةِ إِلَى أَبِي بَكْرٍ فَقَالَ قَدْ عَلِمْتَ الذِي عَاقَدْتُ لَكَ عَلَيْهِ فَإِما أَنْ تَقْتَصِرَ عَلَى ذَلِكَ وَإِما أَنْ تَرْجِعَ إِلَي ذِمتِي فَإِني لَا أُحِب أَنْ تَسْمَعَ الْعَرَبُ أَني أُخْفِرْتُ فِي رَجُلٍ عَقَدْتُ لَهُ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ فَإِني أَرُد إِلَيْكَ جِوَارَكَ وَأَرْضَى بِجِوَارِ اللهِ عَز وَجَل وَالنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَئِذٍ بِمَكةَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِلْمُسْلِمِينَ إِني أُرِيتُ دَارَ هِجْرَتِكُمْ ذَاتَ نَخْلٍ بَيْنَ لَابَتَيْنِ وَهُمَا الْحَرتَانِ فَهَاجَرَ مَنْ هَاجَرَ قِبَلَ الْمَدِينَةِ وَرَجَعَ عَامةُ مَنْ كَانَ هَاجَرَ بِأَرْضِ الْحَبَشَةِ إِلَى الْمَدِينَةِ وَتَجَهزَ أَبُو بَكْرٍ قِبَلَ الْمَدِينَةِ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى رِسْلِكَ فَإِني أَرْجُو أَنْ يُؤْذَنَ لِي فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ وَهَلْ تَرْجُو ذَلِكَ بِأَبِي أَنْتَ قَالَ نَعَمْ فَحَبَسَ أَبُو بَكْرٍ نَفْسَهُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِيَصْحَبَهُ وَعَلَفَ رَاحِلَتَيْنِ كَانَتَا عِنْدَهُ وَرَقَ السمُرِ وَهُوَ الْخَبَطُ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ قَالَ ابْنُ شِهَابٍ قَالَ عُرْوَةُ قَالَتْ عَائِشَةُ فَبَيْنَمَا نَحْنُ يَوْمًا جُلُوسٌ فِي بَيْتِ أَبِي بَكْرٍ فِي نَحْرِ الظهِيرَةِ قَالَ قَائِلٌ لِأَبِي بَكْرٍ هَذَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُتَقَنعًا فِي سَاعَةٍ لَمْ يَكُنْ يَأْتِينَا فِيهَا فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ فِدَاءٌ لَهُ أَبِي وَأُمي وَاللهِ مَا جَاءَ بِهِ فِي هَذِهِ الساعَةِ إِلا أَمْرٌ قَالَتْ فَجَاءَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاسْتَأْذَنَ فَأُذِنَ لَهُ فَدَخَلَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَبِي بَكْرٍ أَخْرِجْ مَنْ عِنْدَكَ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ إِنمَا هُمْ أَهْلُكَ بِأَبِي أَنْتَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ فَإِني قَدْ أُذِنَ لِي فِي الْخُرُوجِ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ الصحَابَةُ بِأَبِي أَنْتَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَعَمْ قَالَ أَبُو بَكْرٍ فَخُذْ بِأَبِي أَنْتَ يَا رَسُولَ اللهِ إِحْدَى رَاحِلَتَي هَاتَيْنِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالثمَنِ قَالَتْ عَائِشَةُ فَجَهزْنَاهُمَا أَحَث الْجِهَازِ وَصَنَعْنَا لَهُمَا سُفْرَةً فِي جِرَابٍ فَقَطَعَتْ أَسْمَاءُ بِنْتُ أَبِي بَكْرٍ قِطْعَةً مِنْ نِطَاقِهَا فَرَبَطَتْ بِهِ عَلَى فَمِ الْجِرَابِ فَبِذَلِكَ سُميَتْ ذَاتَ النطَاقَيْنِ قَالَتْ ثُم لَحِقَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبُو بَكْرٍ بِغَارٍ فِي جَبَلِ ثَوْرٍ فَكَمَنَا فِيهِ ثَلَاثَ لَيَالٍ يَبِيتُ عِنْدَهُمَا عَبْدُ اللهِ بْنُ أَبِي بَكْرٍ وَهُوَ غُلَامٌ شَاب ثَقِفٌ لَقِنٌ فَيُدْلِجُ مِنْ عِنْدِهِمَا بِسَحَرٍ فَيُصْبِحُ مَعَ قُرَيْشٍ بِمَكةَ كَبَائِتٍ فَلَا يَسْمَعُ أَمْرًا يُكْتَادَانِ بِهِ إِلا وَعَاهُ حَتى يَأْتِيَهُمَا بِخَبَرِ ذَلِكَ حِينَ يَخْتَلِطُ الظلَامُ وَيَرْعَى

عَلَيْهِمَا عَامِرُ بْنُ فُهَيْرَةَ مَوْلَى أَبِي بَكْرٍ مِنْحَةً مِنْ غَنَمٍ فَيُرِيحُهَا عَلَيْهِمَا حِينَ تَذْهَبُ سَاعَةٌ مِنَ الْعِشَاءِ فَيَبِيتَانِ فِي رِسْلٍ وَهُوَ لَبَنُ مِنْحَتِهِمَا وَرَضِيفِهِمَا حَتَّى يَنْعِقَ بِهَا عَامِرُ بْنُ فُهَيْرَةَ بِغَلَسٍ يَفْعَلُ ذَلِكَ فِي كُلِّ لَيْلَةٍ مِنْ تِلْكَ اللَّيَالِي الثَّلَاثِ وَاسْتَأْجَرَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَبُو بَكْرٍ رَجُلًا مِنْ بَنِي الدِّيلِ وَهُوَ مِنْ بَنِي عَبْدِ بْنِ عَدِيٍّ هَادِيًا خِرِّيتًا وَالْخِرِّيتُ الْمَاهِرُ بِالْهِدَايَةِ قَدْ غَمَسَ حِلْفًا فِي آلِ الْعَاصِ بْنِ وَائِلٍ السَّهْمِيِّ وَهُوَ عَلَى دِينِ كُفَّارِ قُرَيْشٍ فَأَمِنَاهُ فَدَفَعَا إِلَيْهِ رَاحِلَتَيْهِمَا وَوَاعَدَاهُ غَارَ ثَوْرٍ بَعْدَ ثَلَاثِ لَيَالٍ بِرَاحِلَتَيْهِمَا صُبْحَ ثَلَاثٍ وَانْطَلَقَ مَعَهُمَا عَامِرُ بْنُ فُهَيْرَةَ وَالدَّلِيلُ فَأَخَذَ بِهِمْ طَرِيقَ السَّوَاحِلِ قَالَ ابْنُ شِهَابٍ وَأَخْبَرَنِي عَبْدُ الرَّحْمَنِ بْنُ مَالِكٍ الْمُدْلِجِيُّ وَهُوَ ابْنُ أَخِي سُرَاقَةَ بْنِ مَالِكِ بْنِ جُعْشُمٍ أَنَّ أَبَاهُ أَخْبَرَهُ أَنَّهُ سَمِعَ سُرَاقَةَ بْنَ جُعْشُمٍ يَقُولُ جَاءَنَا رُسُلُ كُفَّارِ قُرَيْشٍ يَجْعَلُونَ فِي رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَبِي بَكْرٍ دِيَةَ كُلِّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا مَنْ قَتَلَهُ أَوْ أَسَرَهُ فَبَيْنَمَا أَنَا جَالِسٌ فِي مَجْلِسٍ مِنْ مَجَالِسِ قَوْمِي بَنِي مُدْلِجٍ أَقْبَلَ رَجُلٌ مِنْهُمْ حَتَّى قَامَ عَلَيْنَا وَنَحْنُ جُلُوسٌ فَقَالَ يَا سُرَاقَةُ إِنِّي قَدْ رَأَيْتُ آنِفًا أَسْوِدَةً بِالسَّاحِلِ أُرَاهَا مُحَمَّدًا وَأَصْحَابَهُ قَالَ سُرَاقَةُ فَعَرَفْتُ أَنَّهُمْ هُمْ فَقُلْتُ لَهُ إِنَّهُمْ لَيْسُوا بِهِمْ وَلَكِنَّكَ رَأَيْتَ فُلَانًا وَفُلَانًا انْطَلَقُوا بِأَعْيُنِنَا ثُمَّ لَبِثْتُ فِي الْمَجْلِسِ سَاعَةً ثُمَّ قُمْتُ فَدَخَلْتُ فَأَمَرْتُ جَارِيَتِي أَنْ تَخْرُجَ بِفَرَسِي وَهِيَ مِنْ وَرَاءِ أَكَمَةٍ فَتَحْبِسَهَا عَلَيَّ وَأَخَذْتُ رُمْحِي فَخَرَجْتُ بِهِ مِنْ ظَهْرِ الْبَيْتِ فَحَطَطْتُ بِزُجِّهِ الْأَرْضَ وَخَفَضْتُ عَالِيَهُ حَتَّى أَتَيْتُ فَرَسِي فَرَكِبْتُهَا فَرَفَعْتُهَا تُقَرِّبُ بِي حَتَّى دَنَوْتُ مِنْهُمْ فَعَثَرَتْ بِي فَرَسِي فَخَرَرْتُ عَنْهَا فَقُمْتُ فَأَهْوَيْتُ يَدِي إِلَى كِنَانَتِي فَاسْتَخْرَجْتُ مِنْهَا الْأَزْلَامَ فَاسْتَقْسَمْتُ بِهَا أَضُرُّهُمْ أَمْ لَا فَخَرَجَ الَّذِي أَكْرَهُ فَرَكِبْتُ فَرَسِي وَعَصَيْتُ الْأَزْلَامَ تُقَرِّبُ بِي حَتَّى إِذَا سَمِعْتُ قِرَاءَةَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَهُوَ لَا يَلْتَفِتُ وَأَبُو بَكْرٍ يُكْثِرُ الِالْتِفَاتَ سَاخَتْ يَدَا فَرَسِي فِي الْأَرْضِ حَتَّى بَلَغَتَا الرُّكْبَتَيْنِ فَخَرَرْتُ عَنْهَا ثُمَّ زَجَرْتُهَا فَنَهَضَتْ فَلَمْ تَكَدْ تُخْرِجُ يَدَيْهَا فَلَمَّا اسْتَوَتْ قَائِمَةً إِذَا لِأَثَرِ يَدَيْهَا عُثَانٌ سَاطِعٌ فِي السَّمَاءِ مِثْلُ الدُّخَانِ فَاسْتَقْسَمْتُ بِالْأَزْلَامِ فَخَرَجَ الَّذِي أَكْرَهُ فَنَادَيْتُهُمْ بِالْأَمَانِ فَوَقَفُوا فَرَكِبْتُ فَرَسِي حَتَّى جِئْتُهُمْ وَوَقَعَ فِي نَفْسِي حِينَ لَقِيتُ مَا لَقِيتُ مِنَ الْحَبْسِ عَنْهُمْ أَنْ سَيَظْهَرُ أَمْرُ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقُلْتُ لَهُ إِنَّ قَوْمَكَ قَدْ جَعَلُوا فِيكَ الدِّيَةَ وَأَخْبَرْتُهُمْ أَخْبَارَ مَا يُرِيدُ النَّاسُ بِهِمْ وَعَرَضْتُ

عَلَيْهِمْ الزادَ وَالْمَتَاعَ فَلَمْ يَرْزَآنِي وَلَمْ يَسْأَلَانِي إلا أنْ قَالَ أَخْفِ عَنا فَسَأَلْتُهُ أَنْ يَكْتُبَ لِـي كِتَابَ أَمْنٍ فَأَمَرَ عَامِرَ بْنَ فُهَيْرَةَ فَكَتَبَ فِي رُقْعَةٍ مِنْ أَدِيمٍ ثُم مَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ ابْنُ شِهَابٍ فَأَخْبَرَنِي عُرْوَةُ بْنُ الزبَيْرِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَقِيَ الزبَيْرَ فِي رَكْبٍ مِنْ الْمُسْلِمِينَ كَانُوا تِجَارًا قَافِلِينَ مِنْ الشأْمِ فَكَسَا الزبَيْرُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبَا بَكْرٍ ثِيَابَ بَيَاضٍ وَسَمِعَ الْمُسْلِمُونَ بِالْمَدِينَةِ مَخْرَجَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ مَكةَ فَكَانُوا يَغْدُونَ كُل غَدَاةٍ إِلَى الْحَرةِ فَيَنْتَظِرُونَهُ حَتى يَرُدهُمْ حَر الظهِيرَةِ فَانْقَلَبُوا يَوْمًا بَعْدَ مَا أَطَالُوا انْتِظَارَهُمْ فَلَما أَوَوْا إِلَى بُيُوتِهِمْ أَوْفَى رَجُلٌ مِـنْ يَهُودَ عَلَى أُطُمٍ مِنْ آطَامِهِمْ لِأَمْرٍ يَنْظُرُ إِلَيْهِ فَبَصُرَ بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ وَأَصْحَابِهِ مُبَيضِينَ يَزُولُ بِهِمْ السرَابُ فَلَمْ يَمْلِكْ الْيَهُودِي أَنْ قَالَ بِأَعْلَى صَوْتِهِ يَا مَعَاشِـرَ الْعَرَبِ هَذَا جَدكُمْ الذِي تَنْتَظِرُونَ فَثَارَ الْمُسْلِمُونَ إِلَى السلَاحِ فَتَلَقوْا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِظَهْرِ الْحَرةِ فَعَدَلَ بِهِمْ ذَاتَ الْيَمِينِ حَتى نَزَلَ بِهِمْ فِي بَنِي عَمْرِو بْنِ عَـوْفٍ وَذَلِكَ يَوْمَ الِاثْنَيْنِ مِنْ شَهْرِ رَبِيعٍ الْأَولِ فَقَامَ أَبُو بَكْرٍ لِلناسِ وَجَلَسَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَامِتًا فَطَفِقَ مَنْ جَاءَ مِنْ الْأَنْصَارِ مِمنْ لَمْ يَرَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُحَيي أَبَا بَكْرٍ حَتى أَصَابَتْ الشمْسُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَقْبَلَ أَبُو بَكْرٍ حَتى ظَللَ عَلَيْهِ بِرِدَائِهِ فَعَرَفَ الناسُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عِنْدَ ذَلِكَ فَلَبِثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي بَنِي عَمْرِو بْنِ عَوْفٍ بِضْعَ عَشْرَةَ لَيْلَةً وَأُسسَ الْمَـسْجِدُ الـذِي أُسسَ عَلَى التقْوَى وَصَلى فِيهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم رَكِبَ رَاحِلَتَهُ فَـسَارَ يَمْشِي مَعَهُ الناسُ حَتى بَرَكَتْ عِنْدَ مَسْجِدِ الرسُولِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْمَدِينَةِ وَهُـوَ يُصَلي فِيهِ يَوْمَئِذٍ رِجَالٌ مِنْ الْمُسْلِمِينَ وَكَانَ مِرْبَدًا لِلتمْرِ لِسُهَيْلٍ وَسَهْلٍ غُلَامَيْنِ يَتِيمَيْنِ فِي حَجْرِ أَسْعَدَ بْنِ زُرَارَةَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ بَرَكَتْ بِهِ رَاحِلَتُهُ هَـذَا إِنْ شَاءَ اللهُ الْمَنْزِلُ ثُم دَعَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْغُلَامَيْنِ فَسَاوَمَهُمَا بِالْمِرْبَـدِ لِيَتخِذَهُ مَسْجِدًا فَقَالَا لَا بَلْ نَهَبُهُ لَكَ يَا رَسُولَ اللهِ فَأَبَى رَسُولُ اللهِ أَنْ يَقْبَلَهُ مِنْهُمَا هِبَـةً حَتى ابْتَاعَهُ مِنْهُمَا ثُم بَنَاهُ مَسْجِدًا وَطَفِقَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَنْقُلُ مَعَهُمْ اللبِنَ فِي بُنْيَانِهِ وَيَقُولُ وَهُوَ يَنْقُلُ اللبِنَ:

هَذَا الْحِمَالُ لَا حِمَالَ خَيْبَرْ هَذَا أَبر رَبَنَا وَأَطْهَرْ

وَيَقُولُ:

اللهُم إِن الْأَجْرَ أَجْرُ الْآخِرَهْ فَارْحَمْ الْأَنصَارَ وَالْمُهَاجِرَهْ

فَتَمَثلَ بِشِعْرِ رَجُلٍ مِنْ الْمُسْلِمِينَ لَمْ يُسَم لِي قَالَ ابْنُ شِهَابٍ وَلَمْ يَبْلُغْنَا فِي الْأَحَادِيثِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَمَثلَ بِبَيْتِ شِعْرٍ تَام غَيْرَ هَذَا الْبَيْتِ.

6417 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئېسىمنى بىلسەم، ئاتا ـ ئانام ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر كۈنى ئەتىگەن ـ كەچتە بىزنىڭ ئۆيىگە يولۇقۇپ ئۆتەتتى. مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرى ئەۋجىگە چىققان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، (دادام) ئەبۇ بەكرى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. لېكىن بەركەلغىماد دېگەن جايغا كەلگەندە، قارە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىبنى دەغىنەگە ئۇچراپ قالدى. ئىبنى دەغىنە ئۇنىڭدىن:

ــ ئەي ئەبۇ بەكرى! قەيەرگە ماڭدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ بەكرى:

ــ قەۋمىم مېنى يۇرتتىن چىقىرىۋەتتى، مەن زېمىندا سەير قىلىپ، رەببىمگە ئىبادەت قىلىمەن، ـ دېدى. ئىبنى دەغىنە:

ــ ساڭا ئوخشاش ئادەمنىمۇ يۇرتتىن چىقىرىۋەتكەن بارمۇ؟ سەن چىقىپ كەتسەڭ بولمايدۇ، چۈنكى سەن يوقسۇللارغا ياردەم بېرىسەن، تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىسەن، ئاجىزلارنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرىسەن، مېھمانغا زىياپەت بېرىسەن، ھادىسىگە ئۇچرىغانلارغا ياردەم قولۇڭنى سۇنىسەن. مەن ساڭا كېپىل بولاي، يۇرتۇڭغا قايتىپ، رەببىڭگە شۇ يەردە ئىبادەت قىلغىن! ـ دەپ، ئەبۇ بەكرى بىلەن بىللە مەككىگە كەلدى. ئىبنى دەغىنە قۇرەيش چوڭلىرىنىڭ قېشىغا بىر ـ بىرلەپ بېرىپ، ئۇلارغا:

ــ ئەبۇ بەكرىدەك ئادەملەر يۇرتتىن چىقىپ كەتمەيدۇ ھەم چىقىرىۋېتىلمەيدۇ. سىلەر يوقسۇلغا ياردەم بېرىدىغان، تۇغقانغا سىلە ـ رەھىم قىلىدىغان، ئاجىزنىڭ يۈكىنى كۆتۈرىدىغان، مېھمانغا زىياپەت بېرىدىغان، ھادىسىگە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىدىغان مۇشۇنداق ئادەمنى

چىقىرىۋەتمەكچىمۇ؟ ـ دېدى. قۇرەيش كاتتىلىرى ئىبنى دەغىنەنىڭ كېپىللىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئەبۇ بەكرىگە ئامانلىق بەردى. ئەمما ئۇلار:

ــ ئەبۇ بەكرى رەببىگە ھويلىسىدا ئىبادەت قىلسۇن، ناماز ۋە قىرائەتلىرىنى بىزگە دەخلى قىلمايدىغان دەرىجىدە خالىغانچە ئوقۇسۇن، ئەمما ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇمىسۇن. چۈنكى بىز بالىلىرىمىز ۋە ئاياللىرىمىزنىڭ ئېزىپ كېتىشىدىن قورقىمىز، ـ دەپ شەرت قويدى. ئىبنى دەغىنە ئەبۇ بەكرىگە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. ئەبۇ بەكرى بىر مەزگىل ھويلىسىدا ئىبادەت قىلدى، نامازنى ئۈنلۈك ئوقۇمىدى، ھويلىسىنىڭ سىرتىدا ئۈنلۈك قىرائەت قىلمىدى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇ مەسجىد سېلىش قارارىغا كەلدى ۋە ھويلىسىنىڭ ئالدىغا مەسجىد سېلىپ، ناماز ۋە قۇرئاننى شۇ مەسجىدكە چىقىپ ئوقۇيدىغان بولدى. مۇشرىكلارنىڭ ئاياللىرى ۋە بالىلىرى ئەبۇ بەكرىگە ھەيران بولۇشۇپ قاراپ كېتەتتى. ئەبۇ بەكرى قۇرئان ئوقۇغان چاغدا يىغىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى. بۇ ئىشلاردىن ساراسىمىگە چۈشكەن قۇرەيش چوڭلىرى ئادەم ئەۋەتىپ ئىبنى دەغىنەنى چاقىرىپ كەلدى ۋە:

ـ بىز سېنىڭ كېپىللىكىڭگە ئاساسەن ئەبۇ بەكرىگە ھويلىسىدا ئىبادەت قىلىشقا ئامانلىق بەرگەن ئىدۇق. ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ھويلىسىنىڭ ئالدىغا مەسجىد سېلىپ، ناماز ۋە قىرائەتلىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇۋاتىدۇ. بىز بالىلىرىمىز ۋە ئاياللىرىمىزنىڭ ئېزىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمىز. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىنكى، ئەگەر ئۇ رەببىگە ھويلىسىدا ئىبادەت قىلىشقا قوشۇلسا، ئىبادىتىنى قىلىۋەرسۇن. ئەگەر ئۇنىڭغا قوشۇلماي، ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن كېپىللىكىڭنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىل. بىز سېنىڭ ئەھدەڭنى بۇزۇۋېتىشنى خالىمايمىز ھەم ئۇنىڭ ئۈنلۈك ئوقۇشىغا قاراپ تۇرالمايمىز، ـ دېدى. ئىبنى دەغىنە ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئارىمىزدىكى ئەھدىنامىدىن خەۋىرىڭ بار. يا شۇ ئەھدە بويىچە ئىش قىل ياكى ئەھدەمنى قايتۇرۇپ بەر. مەن ئەرەبلەرنىڭ بىر ئادەمگە

بەرگەن ئەھدەمگە خىلاپلىق قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىشىنى ياقتۇرمايمەن، - دېدى. ئەبۇ بەكرى:

— مەن سېنىڭ كېپىللىكىڭنى قايتۇرۇپ بېرىپ، اﷲنىڭ ھىمايىسىگە رازى بولىمەن، - دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ كۈنلەردە مەككىدە بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا:

- مەن چۈشۈمدە سىلەر ھىجرەت قىلىدىغان زېمىنىنىڭ شورلۇق ئىككى قارا سايلىق ئوتتۇرىسىدىكى خورمىزارلىق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا باشلىدى. ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلارمۇ ئاساسەن مەدىنىگە قايتتى. ئەبۇ بەكرىمۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

- توختاپ تۇرغىن! ماڭا ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنسا، بىللە ھىجرەت قىلارمىز، - دېدى، ئەبۇ بەكرى ھەيران بولغان ھالدا:

— ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ساڭا بۇ ھەقتە رۇخسەت قىلىنىشىنى كۈتۈۋاتامسەن؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ھەئە، - دېدى. ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن ھىجرەتتىن ۋاقتىنچە ۋاز كەچتى ۋە ئۆيىدىكى ئىككى تۆگىنى سەمۇر دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن باقىقاچ، ھىجرەت كۈنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتتى.

بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا، دادام ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇراتتۇق، بىرى ئەبۇ بەكرىگە:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنى ئورىۋالغان ھالەتتە كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئادەتتە بىزگە بۇنداق ۋاقىتتا كەلمەيتتى، - دېدى. ئەبۇ بەكرى:

- ئاتا - ئانام ئۇنىڭغا پىدا بولسۇن. اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ چوقۇم مۇھىم بىر ئىش بىلەن كەلدى، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ، كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن، ئۆيگە كىرىپ، ئەبۇ بەكرىگە:

ــ يېنىڭدىكىلەرنى چىقىرىۋەتكىن! ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇنكى، بۇلار سېنىڭ ئائىلەڭ ھېسابلىنىدۇ. ئارىمىزدا يات ئادەم يوق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ماڭا ھىجرەت قىلىپ چىقىشقا ئىجازەت بېرىلدى، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى:

ـــ مەن ھەمراھ بولسام بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەئە، بولىدۇ، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى:

ــ ئۇنداقتا، بۇ ئىككى تۆگىنىڭ بىرىنى تاللىۋالغىن! ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىپ ئالىمەن، ـ دېدى.

بىز ئۇلارغا سەپەردە لازىم بولىدىغان نەرسىلەرنى تېزلىك بىلەن تەييارلاپ، تۇلۇمغا ئوزۇقلۇق قاچىلاپ بەردۇق. تۇلۇمنىڭ ئاغزى باغلىنىدىغان چاغدا، (ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى) ئەسما بەلۋېغىنى يىرتىپ باغلىدى. شۇ سەۋەبلىك ئەسما ”قوش بەلۋاغلىق قىز“ دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەۋر تېغىدىكى غارغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئۈچ كۈن مۆكۈنۈپ تۇردى. (ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى) ئابدۇللاھ كېچىسى ئۇلار بىلەن قوناتتى. ئۇ ياش، زېرەك ۋە ئىنكاسى تېز بالا ئىدى. سەھەر ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ يېنىدىن قايتىپ، خۇددى كېچىنى مەككىدە ئۆتكۈزگەندەك، قۇرەيشلەر بىلەن بىللە تاڭ ئاتقۇزۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى تولۇق ئىگەللەپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئۇلارغا يەتكۈزەتتى. ئەبۇ بەكرىنىڭ ئازادگەردىسى ئامىر ئىبنى فۇھەيرە قويلارنى شۇ ئەتراپتا ئوتلىتاتتى ۋە كەچ كىرىپ، خۇپتەن ۋاقتىدىن ئاشقاندا، ئۇلار تەرەپكە

ھەيدىۋېتەتتى. ئۇلار شۇ قويلارنى سېغىپ ئىچەتتى. ئەتىسى سەھەردە، ئامىر ئىبنى فۇھەيرە قويلارنى ئېلىپ كېتەتتى. بۇ ئىش ئۈچ كېچە داۋاملاشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇ بەكرى بەنى دىل ئايمىقىنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەدىي جەمەتىدىن بولغان بىر ماھىر يولباشلىغۇچىنى ياللىغانىدى. ئۇ ئادەم ئاس ئىبنى ۋائىل جەمەتىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن بولۇپ، قۇرەيش كۇپپارلىرىنىڭ دىنىدا ئىدى. ئىككىيلەن ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىپ، ئىككى تۆگىنى ئۇنىڭغا بەرگەن ۋە ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئىككى تۆگىنى سەۋر غارىغا ئېلىپ بېرىشقا ۋەدىلەشكەنىدى. ئۇ يول باشلىغۇچى ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە تۆگىلەرنى ئېلىپ سەۋر غارىغا كەلدى. ئىككىيلەن ئامىر ئىبنى فۇھەيرەنى ئېلىپ يول باشلىغۇچى بىلەن بىللە ماڭدى. يول باشلىغۇچى ئۇلارنى ساھىل يولى بىلەن ئېلىپ ماڭدى.

سۇراقە ئىبنى جۇئشەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قۇرەيش كۇپپارلىرىنىڭ ئەلچىلىرى قېشىمىزغا كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ قايسىبىرىنى ئۆلتۈرگەن ياكى تۇتۇپ كەلگەنلەرگە يۈز تۆگە ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن قەۋمىم بەنى مۇدلىجدىن بىر توپ كىشى بىلەن ئولتۇراتتىم، بىر ئادەم كېلىپ:

— ھەي سۇراقە، مەن دېڭىز بويىدا بىر قانچە كىشىنىڭ قارىسىنى كۆردۈم. ئۇلار مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇشى مۇمكىن، - دېدى. مەن ئۇلارنىڭ دېڭىز بويىدا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىپ، ئىنئامنى يالغۇز ئېلىش مەقسىتىدە گەپنى بۇراپ، ئۇنىڭغا:

— دېڭىز بويىدا كېتىۋاتقان ئادەملەر ئۇلار ئەمەس. پالانى - پالانىلار يۈتۈپ كەتكەن ماللىرىنى ئىزدەپ كەتكەن ئىدى. سەن شۇلارنى كۆرگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن، - دەپ قويدۇم ۋە بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ، دېدەكىمگە ئېتىمنى ئېلىپ چىقىپ، دۆڭلۈكنىڭ كەينىدە تۇتۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدۇم. نەيزەمنى ئېلىپ، ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدىن چىقىپ كەتتىم. باشقىلارنىڭ كۆرۈپ

قالماسلىقى ئۈچۈن نەيزىنى پەس تۇتۇپ ماڭغىنىمچە كېلىپ، ئاتقا مىندىم ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قوغلاپ ماڭدىم. ئاتنى بەك چاپتۇرۇۋەتمەي، بىر خىل يورغىلىتىپ ماڭغانىدىم. ئۇلارغا يېقىنلاشقاندا، ئېتىم تېيىلىپ كېتىپ، يىقىلىپ چۈشتۈم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئوقدانىدىن پال ئوقلىرىنى چىقاردىم ـ دە: "ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلايمۇ ـ قىلمايدۇ" دەپ پال سالدىم. قولۇمغا: "زىيان سالما" دېگەن ئوق چىقتى. شۇندىمۇ پال ئوقىغا پىسەنت قىلماي، ئېتىمنى يورغىلىتىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىۋەردىم ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىرائەتىنى ئاڭلىيالىغۇدەك دەرىجىدە يېقىنلاشتىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەينىگە قارىماي، خاتىرجەم ماڭاتتى، ئەمما ئەبۇ بەكرى بۇرۇلۇپ ـ بۇرۇلۇپ قاراپ قوياتتى. شۇ ئەسنادا، ئېتىمنىڭ ئالدى پۇتلىرى تىزىغىچە يەرگە پېتىپ قالدى. مەن يەنە ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتۈم. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئاتنى دېۋىتتىم. ئات قاتتىق يۇلقىنىپ ئاران تەستە پۇتىنى تارتىپ چىقاردى. ئاتنىڭ پۇتى بىلەن تەڭ، يەردىن گويا ئىستەك بىر خىل پارقىراق تۇتەك ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. پال ئوقلىرىنى چىقىرىپ قايتا پال سالدىم. يەنە ئىلگىرىكىدەك مەن ياقتۇرمايدىغان ئوق چىقتى. شۇنىڭ بىلەن:

ــ مەندىن خاتىرجەم بولۇڭلار! ــ دەپ توۋلىۋىدىم، ئۇلار توختاپ تۇردى. مەن ئاتنى مىنىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ باردىم. ئەنە شۇنداق توسالغۇغا دۇچ كەلگىنىمدىلا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پات ئارىدا غەلىبە قىلىدىغانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان بولغان ئىدى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ قەۋمىڭ سېنى ئۆلتۈرگەن ياكى تۇتۇپ كەلگەنلەرگە يۈز تۆگە ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى، ـ دېدىم ۋە ئۇلارغا قۇرەيش كۇپپارلىرىنىڭ ئۇلارنى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. ئاندىن ئۇلارغا ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە نەرسە ـ كېرەك تەڭلىگەنىدىم،

ئۇلار ھېچنېمە ئالغىلى ئۇنىمىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بىزنى ئاشكارىلاپ قويمىغىن! ـ دېدى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئامانلىق خېتى يېزىپ بېرىشىنى سورىۋىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئامىر ئىبنى فۇھەيرەنى بۇيرۇدى. ئۇ بىر پارچە تېرىگە ئامانلىق خېتى يېزىپ بەردى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولغا راۋان بولدى.

ئىبنى شىھابنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ئۇنىڭغا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولدا زۇبەيرنى شامدىن قايتقان تىجارەتچى مۇسۇلمانلار كارۋىنىدا ئۇچرىتىپ قالدى. زۇبەير پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇ بەكرىگە ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قويدى. مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككىدىن چىقىپ، مەدىنىگە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھەررە (مەدىنەدىكى قارا سايلىق)گە چىقىپ كۈتۈپ تۇراتتى ۋە كۈن قىزىغىچە تۇرۇپ قايتىپ كېتىشەتتى. بىر كۈنى، ئۇزاق كۈتكەندىن كېيىن، قايتىپ ئۆيلىرىگە بېرىپ تۇرۇشىغا، بىر ئىش ئۈچۈن قورغان ئۈستىگە چىققان بىر يەھۇدىي ئاق كىيىم ئىچىدە خۇددى سەرراپتەك بىر كۆرۈنۈپ، بىر غايىب بولۇپ كېلىۋاتقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— ئەي ئەرەب خەلقى! سىلەر كۈتۈۋاتقان ئادەم كەلدى! — دەپ توۋلىدى. ئەنسارىلار دەرھال قوراللىرىنى ئېلىپ، قارا سايلىققا چىقىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قارشى ئالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ مېڭىپ، بەنى ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتىنىڭكىگە چۈشتى. ئۇ كۈنى، رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ بىر دۈشەنبە كۈنى ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇردى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گەپ قىلماي

ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ئەنسارىلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ، ئەبۇ بەكرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا سالام بەرگىلى تۇردى. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاپتاپ چۈشۈپ كېتىپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تونىنى ئۇنىڭغا سايىۋەن قىلىپ بەرگەندىن كېيىنلا، ئەنسارىلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تونۇدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتىدە ئون نەچچە كۈن تۇردى. بۇ جەرياندا، تەقۋادارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان (قۇبا) مەسجىدى سېلىنىپ، ئۇ مەسجىدتە ناماز ئوقۇلدى. ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ ماڭدى. كىشىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تەڭ پىيادە ماڭاتتى. تۆگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەدىنىدىكى مەسجىدىنىڭ ئورنىغا كەلگەندە چۆكتى. ئۇ مەسجىدنىڭ ئورنى ئەسلىدە ئەسئەد ئىبنى زۇرارەنىڭ تەربىيىسىدىكى سۇھەيل ۋە سەھل ئىسىملىك ئىككى يېتىمنىڭ خورما قۇرىتىدىغان يېرى بولۇپ، بەزى مۇسۇلمانلار شۇ يەردە ناماز ئوقۇيتتى. تۆگە شۇ يەردە چۆككەن چاغدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ الله خالىسا، مۇشۇ يەر تۇرالغۇمىز بولىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن ھېلىقى ئىككى يېتىمنى چاقىرىپ، بۇ جاينى مەسجىد سېلىش ئۈچۈن سېتىپ بېرىشىنى سورىدى. ئۇلار:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يەرنى ساتماي، ساڭا ئاتىۋېتەيلى، ـ دەپ تۇرىۋالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئاخىرى ئۇ جاينى سېتىۋالدى، ئاندىن ئۇ يەرگە مەسجىد سالدى. مەسجىد سېلىش جەريانىدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمۇ ساھابىلار بىلەن تەڭ مەسجىد قۇرۇلۇشىدا ئىشلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن:

ئى الله! توشۇيمىز پاك ۋە ساپ چالما،

ئەمەس بۇ خەيبەردىكى بەرىكەتسىز خورما.

ئى الله! ئەسلى ئەجىر ئاخىرەت ئەجرىدۇر،
ھەم ئەنسار ھەم مۇھاجىر دوستلارنى قوغدا.

دەپ بېيىت ئوقۇيتتى. بۇ بېيىت ئەسلىدە مۇسۇلمانلاردىن بىرىگە ئائىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ماڭا (يەنى راۋىيغا) ئېيتىپ بېرىلمىگەن.

ئىبنى شىھاب زۇھرى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇنىڭدىن باشقا بىرەر بېيىتنى تولۇق ئوقۇپ باققانلىقى رىۋايەت قىلىنمىغان.

(بۇخارى: 3906)

6418 - عن الْبَرَاءَ بْنَ عَازِبٍ قال جَاءَ أُبو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ إِلَى أَبِي فِي مَنْزِلِهِ فَاشْتَرَى مِنْهُ رَحْلًا فَقَالَ لِعَازِبٍ ابْعَثْ ابْنَكَ يَحْمِلْهُ مَعِي قَالَ فَحَمَلْتُهُ مَعَهُ وَخَرَجَ أَبِي يَنْتَقِدُ ثَمَنَهُ فَقَالَ لَهُ أَبِي يَا أَبَا بَكْرٍ حَدِّثْنِي كَيْفَ صَنَعْتُمَا حِينَ سَرَيْتَ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ نَعَمْ أَسْرَيْنَا لَيْلَتَنَا وَمِنْ الْغَدِ حَتى قَامَ قَائِمُ الظهِيرَةِ وَخَلَا الطرِيقُ لَا يَمُرُّ فِيهِ أَحَدٌ فَرُفِعَتْ لَنَا صَخْرَةٌ طَوِيلَةٌ لَهَا ظِل لَمْ تَأْتِ عَلَيْهِ الشمْسُ فَنَزَلْنَا عِنْدَهُ وَسَويْتُ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَكَانًا بِيَدِي يَنَامُ عَلَيْهِ وَبَسَطْتُ فِيهِ فَرْوَةً وَقُلْتُ نَمْ يَا رَسُولَ اللهِ وَأَنَا أَنْفُضُ لَكَ مَا حَوْلَكَ فَنَامَ وَخَرَجْتُ أَنْفُضُ مَا حَوْلَهُ فَإِذَا أَنَا بِرَاعٍ مُقْبِلٍ بِغَنَمِهِ إِلَى الصخْرَةِ يُرِيدُ مِنْهَا مِثْلَ الذِي أَرَدْنَا فَقُلْتُ لَهُ لِمَنْ أَنتَ يَا غُلَامُ فَقَالَ لِرَجُلٍ مِنْ أَهْلِ الْمَدِينَةِ أَوْ مَكةَ قُلْتُ أَفِي غَنَمِكَ لَبَنٌ قَالَ نَعَمْ قُلْتُ أَفَتَحْلُبُ قَالَ نَعَمْ فَأَخَذَ شَاةً فَقُلْتُ انْفُضْ الضرْعَ مِنْ الترَابِ وَالشعَرِ وَالْقَذَى قَالَ فَرَأَيْتُ الْبَرَاءَ يَضْرِبُ إِحْدَى يَدَيْهِ عَلَى الْأُخْرَى يَنْفُضُ فَحَلَبَ فِي قَعْبٍ كُثْبَةً مِنْ لَبَنٍ وَمَعِي إِدَاوَةٌ حَمَلْتُهَا لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَرْتَوِي مِنْهَا يَشْرَبُ وَيَتَوَضأُ فَأَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكَرِهْتُ أَنْ أُوقِظَهُ فَوَافَقْتُهُ حِينَ اسْتَيْقَظَ فَصَبَبْتُ مِنْ الْمَاءِ عَلَى اللبَنِ حَتى بَرَدَ أَسْفَلُهُ فَقُلْتُ اشْرَبْ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ فَشَرِبَ حَتى رَضِيتُ ثُم قَالَ أَلَمْ يَأْنِ لِلرحِيلِ قُلْتُ بَلَى قَالَ فَارْتَحَلْنَا بَعْدَمَا مَالَتْ الشمْسُ وَاتبَعَنَا سُرَاقَةُ بْنُ مَالِكٍ فَقُلْتُ أُتِينَا يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ لَا تَحْزَنْ إِن اللهَ مَعَنَا فَدَعَا عَلَيْهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَارْتَطَمَتْ بِهِ فَرَسُهُ إِلَى بَطْنِهَا أُرَى فِي جَلَدٍ مِنْ الْأَرْضِ شَك زُهَيْرٌ فَقَالَ إِني أُرَاكُمَا قَدْ دَعَوْتُمَا عَلَي فَادْعُوَا لِي فَاللهُ لَكُمَا أَنْ أَرُد عَنْكُمَا الطلَبَ فَدَعَا لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ

وَسَلَمَ فَنَجَا فَجَعَلَ لَا يَلْقَى أَحَدًا إِلا قَالَ قَدْ كَفَيْتُكُمْ مَا هُنَا فَلَا يَلْقَى أَحَدًا إِلَّا رَدَّهُ قَالَ وَوَفَى لَنَا.

6418 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، دادامدىن توگە ئىگەرى سېتىۋالدى ۋە:

ــ ئوغلۇڭنى ئەۋەتسەڭ، ماڭا ئىگەرنى كۆتۈرۈشۈپ بەرسۇن، ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئىگەرنى كۆتۈرۈشۈپ بەردىم. دادام ئىگەرنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا بارغاندا، ئۇنىڭغا:

ــ ئى ئەبۇ بەكرى! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھىجرەتكە چىققان ۋاقتىڭلاردا قانداق قىلغانلىقىڭلارنى سۆزلەپ بەرسەڭ، ـ دېۋىدى، ئەبۇ بەكرى:

ــ بولىدۇ. بىز (غاردىن) كېچىدە يولغا چىقىپ، ئەتىسى چۈشكىچە ماڭدۇق. چۈش ۋاقتى بولغاندا، يولدا ھېچكىم قالمىغانىدى. ئالدىمىزغا يوغان قورام تاشتىن بىرسى ئۇچرىدى. بىز تاشنىڭ سايىسىغا كېلىپ چۈشتۇق. مەن ئۆز قولۇم بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇخلايدىغان جاي راسلاپ، بىر پارچە تېرە سېلىپ بەردىم ۋە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئۇخلىۋالغىن، مەن ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇرىمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلىدى. مەن ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدىم ۋە بىزگە ئوخشاش بۇ تاش تۈۋىدە سايىداش ئۈچۈن قويلىرىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان بىر پادىچىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭدىن:

ــ ھەي يىگىت، كىمنىڭ خىزمەتكارىسەن؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ مەدىنىلىك (بەزى رىۋايەتلەردە ''مەككىلىك'' دېيىلگەن) بىر ئادەمنىڭ خىزمەتكارىمەن، ـ دېدى. مەن:

ـ ساغلىقىڭ بارمۇ؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ــ ھەئە، بار، ـ دېدى. مەن:

ــ سېغىپ بېرەمسەن؟ ـ دەپ سورىدىم، ئۇ:

ــ ماقۇل، ـ دەپ بىر قوينى تۇتتى. مەن ئۇنىڭغا:

ـ قوينىڭ يېلىنىدىكى توپا، قىل ۋە ئەخلەتلەرنى قېقىۋەت! ـ دېدىم (ئەبۇ ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: مەن بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ، بىر قولىنى يەنە بىر قولىغا ئۇرۇپ، توپىسىنى قاققانلىقىنى كۆردۈم). پادىچى ياغاچ ئاياققا بىر سېغىم سۈت ساغدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىچىشى ۋە تاھارەت ئېلىشى ئۈچۈن ئاغزىدا لاتا بار بىر تۇلۇمغا سۇ ئېلىۋالغان ئىدىم. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئويغىتىشنى خالىمايتتىم، لېكىن سۈتنى ئېلىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلسەم، دەل ئۇنىڭ ئويغانغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قاپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن، سۈتكە سۇ قويسام، سۈتنىڭ ئاستى سوۋۇدى. مەن سۈتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇزىتىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سۈت ئىچكىن، ـ دېدىم. سۈتنى ئىچتى، (ئۇنىڭ سۈتتىن قانغىچە ئىچكىنىنى كۆرۈپ) دىلىم يايراپ كەتتى. ئۇ:

ـ ماڭىدىغان ۋاقىت بولمىدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ ھەئە، بولدى، ـ دېدىم. كۈن قايرىلغاندىن كېيىن يولغا چىقتۇق. سۇراقە ئىبنى مالىك كەينىمىزدىن قوغلاپ كەلدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! (سۇراقە) يېتىشىۋالىدىغان بولدى، ـ دېدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ غەم قىلما، الله بىز بىلەن بىللە، ـ دەپ سۇراقەگە بەددۇئا قىلغانىدى، سوراقەنىڭ ئېتى قورسىقىغىچە يەرگە (زۇھەير: قاتتىق يەرغۇ دەيمەن، ـ دېگەن) پېتىپ قالدى. سۇراقە:

ــ سىلەر ماڭا بەددۇئا قىلدىڭلار. ئۇنداق قىلماي، ياخشى دۇئا قىلىپ قويساڭلار، اللهنىڭ نامى بىلەن سىلەرگە ۋەدە قىلىمەنكى، سىلەرنى ئىزدەپ كەلگەنلەرنى قايتۇرۇۋېتىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇتۇلدى ۋە ئارقىغا يېنىپ، كىملا ئۇچرىسا:

ـ مەن پالانى يەرگىچە بېرىپ كەلدىم. ئۇلار يوق، ـ دەپ قوغلاپ كەلگۈچىلەرنى قايتۇرۇۋەتتى. ئەبۇ بەكرى:

ـ ئۇ بىزگە بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3615)

6419 – وفي رواية: وَهَذِهِ كِنَانَتِي فَخُذْ سَهْمًا مِنْهَا فَإِنكَ سَتَمُر عَلَى إِبِلِي وَغِلْمَانِي بِمَكَان كَذَا وَكَذَا فَخُذْ مِنْهَا حَاجَتَكَ قَالَ لَا حَاجَةَ لِي فِي إِبِلِكَ فَقَدِمْنَا الْمَدِينَةَ لَيْلًا فَتَنَازَعُوا أَيهُمْ يَنزِلُ عَلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَنزِلُ عَلَى بَنِي النجارِ أَخْوَالِ عَبْدِ الْمُطلِبِ أُكْرِمُهُمْ بِذَلِكَ فَصَعِدَ الرجَالُ وَالنسَاءُ فَوْقَ الْبُيُوتِ وَتَفَرقَ الْغِلْمَانُ وَالْخَدَمُ فِي الطرُقِ يُنَادُونَ يَا مُحَمدُ يَا رَسُولَ اللهِ يَا مُحَمدُ يَا رَسُولَ اللهِ.

6419 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن: سۇراقە:

ــ بۇ مېنىڭ ئوقدىنىم، ئۇنىڭدىن بىر تال ئوق ئېلىۋالغىن. سەن مېنىڭ پالانى ـ پالانى يەرلەردىكى تۆگىلىرىم ۋە مالايلىرىمنىڭ قېشىدىن ئۆتىسەن. ئۇ ماللىرىمدىن ئېھتىياجىڭغا چۇشلۇق ئېلىۋالغىن! ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سېنىڭ تۆگىلىرىڭگە ئېھتىياجىم يوق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنداق قىلىپ، مەدىنىگە كېچىدە يېتىپ كەلدۇق. مەدىنىدىكىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىمنىڭ ئۆيىگە چۈشۈشى توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مەن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئانا تەرەپ تاغىلىرى بەنى نەججار جەمەتىگە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ قوياي، ـ دېدى، ئەر ـ ئايال ھەممەيلەن ئۆگزىلەرگە چىقىشتى. بالىلار بىلەن مالايلار كوچا ـ كويلارغا تارقاپ:

ــ يا مۇھەممەد، يا رەسۇل؛ يا مۇھەممەد يا رەسۇل، ـ دەپ تووۋلاشقىلى تۇردى.

(مۇسلىم: 2009)

6420 - عن أنسُ بْنُ مَالِكٍ أن أبَا بَكْرٍ الصديقَ حَدثَهُ قَالَ نَظَرْتُ إِلَى أقْدَامِ الْمُشْرِكِينَ عَلَى رُءُوسِنَا وَنَحْنُ فِي الْغَارِ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ لَوْ أن أحَدَهُمْ نَظَرَ إِلَى قَدَمَيْهِ أبْصَرَنَا تَحْتَ قَدَمَيْهِ فَقَالَ يَا أبَا بَكْرٍ مَا ظَنكَ بِاثْنَيْنِ اللهُ ثَالِثُهُمَا.

6420 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىمىز غاردىكى چاغدا، (بىزنى ئىزدەپ كەلگەن) مۇشرىكلارنىڭ پۇتلىرىنىڭ باش ئۈستىمىزدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ناۋادا بىرەرسى پۇتىنىڭ ئۇچىغا قارىسىلا، بىزنى كۆرۈپ قالىدۇ، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى ئەبۇ بەكرى! ئىككىمىزدىن باشقا ئۈچىنچى زات بولغان الله تائالا بىز بىلەن بىللىدۇر، ئارتۇقچە ئەندىشە قىلمىغىن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2381)

6421 - عن أَنسُ بْنُ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أَقْبَلَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْمَدِينَةِ وَهُوَ مُرْدِفٌ أَبَا بَكْرٍ وَأَبُو بَكْرٍ شَيْخٌ يُعْرَفُ وَنَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَاب لَا يُعْرَفُ قَالَ فَيَلْقَى الرجُلُ أَبَا بَكْرٍ فَيَقُولُ يَا أَبَا بَكْرٍ مَنْ هَذَا الرجُلُ الذِي بَيْنَ يَدَيْكَ فَيَقُولُ هَذَا الرجُلُ يَهْدِينِي السبِيلَ قَالَ فَيَحْسِبُ الْحَاسِبُ أَنهُ إِنمَا يَعْنِي الطرِيقَ وَإِنمَا يَعْنِي سَبِيلَ الْخَيْرِ فَالْتَفَتَ أَبُو بَكْرٍ فَإِذَا هُوَ بِفَارِسٍ قَدْ لَحِقَهُمْ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ هَذَا فَارِسٌ قَدْ لَحِقَ بِنَا فَالْتَفَتَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ اللهُم اصْرَعْهُ فَصَرَعَهُ الْفَرَسُ ثُم قَامَتْ تُحَمْحِمُ فَقَالَ يَا نَبِي اللهِ مُرْنِي بِمَا شِئْتَ قَالَ فَقِفْ مَكَانَكَ لَا تَتْرُكَن أَحَدًا يَلْحَقُ بِنَا قَالَ فَكَانَ أَولَ النهَارِ جَاهِدًا عَلَى نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَانَ آخِرَ النهَارِ مَسْلَحَةً لَهُ فَنَزَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَانِبَ الْحَرةِ ثُم بَعَثَ إِلَى الْأَنصَارِ فَجَاءُوا إِلَى نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبِي بَكْرٍ فَسَلمُوا عَلَيْهِمَا وَقَالُوا ارْكَبَا آمِنَيْنِ مُطَاعَيْنِ فَرَكِبَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبُو بَكْرٍ وَحَفوا دُونَهُمَا بِالسلَاحِ فَقِيلَ فِي الْمَدِينَةِ جَاءَ نَبِي اللهِ جَاءَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَشْرَفُوا يَنظُرُونَ وَيَقُولُونَ جَاءَ نَبِي اللهِ جَاءَ نَبِي اللهِ فَأَقْبَلَ يَسِيرُ حَتى نَزَلَ جَانِبَ دَارِ أَبِي أَيوبَ.

6421 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرىنى ئۇلىغىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ، مەدىنىگە قاراپ يول ئالدى. ئەبۇ بەكرى

(تىجارەت بىلەن كۆپ سەپەر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئادەملەرگە) تونۇشلۇق، ئاق چاچ كىشى ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولسا، كۆپىنچە كىشى تونۇمايدىغان (چېچى ئاقارمىغان) بىرى ئىدى. يولدا ئۇچرىغان بەزى كىشىلەر ئەبۇ بەكرىدىن:

ــ ئەي ئەبۇ بەكرى! ئالدىڭغا مىنىۋالغان كىشى كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىشاتتى. ئەبۇ بەكرى:

ــ بۇ ئادەم مېنىڭ يولباشچىم بولىدۇ، ـ دەيتتى. (ئاڭلىغانلار) ئەبۇ بەكرىنىڭ سۆزىدىن ماڭىدىغان (ماددىي) يولنى دەۋاتىدۇ، ـ دەپ ئويلاشتى. ئەمەلىيەتتە، ئەبۇ بەكرى ھىدايەت (مەنىۋى) يولنى كۆزدە تۇتقانىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەينىگە قارىدى ۋە ئاتلىق بىرىنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتلىق بىرى بىزگە يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ:

ــ ئى اﷲ، ئۇنى يىقىتقىن! ــ دېۋىدى، ئۇ ئادەم ئات بىلەن بىراقلا يىقىلىپ چۈشتى، ئاندىن ئات ئورنىدىن تۇرۇپ كىشنىگىلى تۇردى. ئۇ ئادەم دەرھال:

ــ ئى اﷲنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا خالىغىنىڭنى بۇيرىغىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، مۇشۇ جايىڭدا تۇرۇپ، ھېچكىمنى بىزنىڭ ئارقىمىزدىن كەلگىلى قويما! ـ دېدى. دېمەك، ئۇ ئادەم چۈشتىن بۇرۇن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارشى كۈرەش قىلىپ، چۈشتىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياخشى قورالىغا ئايلانغانىدى (ئۇ ئادەم ئاتتىن يىقىلغان شۇ جايدا تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنى قوغلاپ كەلگەنلەرنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى). شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىنىڭ ھەررە (قارا ساي) تەرىپىگە كېلىپ، ئەنسارىلارغا ئادەم ئەۋەتتى. ئەنسارىلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، سالام قىلىپ:

ــــ قېنى ئۇلاغلىرىڭلارغا مىنىپ، قالغان يولنى خاتىرجەم بېسىڭلار. ئەمدى ھەرقانداق بۇيرۇققا ھازىرمىز. ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇ بەكرى ئۇلاغقا مىندى. ئەنسارىلار قورال ـ ياراغلىرى بىلەن ئۇلارنى ئوراپ ماڭدى. مەدىنىدە: "پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەپتۇ، اللهنىڭ پەيغەمبىرى كەپتۇ" دېگەن گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى. كىشىلەر:

ــــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەپتۇ ـ دە؟ ـ دېيىشكىنىچە بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، ئۇ كېلىدىغان تەرەپكە قاراشقىلى تۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ ئەييۇبنىڭ قورۇسىغا يېقىن كېلىپ چۈشتى.

(بۇخارى: 3911)

6422 - عن الْبَرَاءَ بْنَ عَازِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ أَولُ مَنْ قَدِمَ عَلَيْنَا مُصْعَبُ بْنُ عُمَيْرٍ وَابْنُ أُم مَكْتُومٍ وَكَانَا يُقْرِئَانِ الناسَ فَقَدِمَ بِلَالٌ وَسَعْدٌ وَعَمارُ بْنُ يَاسِرٍ ثُم قَدِمَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ فِي عِشْرِينَ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قَدِمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَمَا رَأَيْتُ أَهْلَ الْمَدِينَةِ فَرِحُوا بِشَيْءٍ فَرَحَهُمْ بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى جَعَلَ الْإِمَاءُ يَقُلْنَ قَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَمَا قَدِمَ حَتى قَرَأْتُ سَبحْ اسْمَ رَبكَ الْأَعْلَى فِي سُوَرٍ مِنْ الْمُفَصلِ.

6422 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قېشىمىزغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇھاجىرلارنىڭ تۇنجىسى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير بىلەن ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم بولۇپ، ئۇ ئىككىسى كىشىلەرگە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتەتتى. ئاندىن كېيىن بىلال، سەئد ۋە ئەممار ئىبنى ياسىرلار كەلدى. ئۇلاردىن كېيىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يىگىرمە ساھابىسى بىلەن كەلدى. ئۇلاردىن كېيىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلدى. مەدىنە خەلقىنىڭ ھېچبىر نەرسىگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

كەلگىنىمگە خۇشال بولغاندەك خۇشال بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ھەتتا دېدەكلەردىن تارتىپ ھەممەيلەننىڭ:
— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلدى، - دەپ تولۇلغىنىنى كۆردۈم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېتىپ كەلگەندە، مەن مەدىنىلىكلەرگە «سۈرە ئەئلا» قاتارلىق بىر قانچە قىسقا سۈرىنى ئوقۇپ بەرگەنىدىم.
(بۇخارى: 3925)

6423 - عَنْ أَبِي عُثْمَانَ قَالَ سَمِعْتُ ابْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا إِذَا قِيلَ لَهُ هَاجَرَ قَبْلَ أَبِيهِ يَغْضَبُ قَالَ وَقَدِمْتُ أَنَا وَعُمَرُ عَلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَوَجَدْنَاهُ قَائِلًا فَرَجَعْنَا إِلَى الْمَنْزِلِ فَأَرْسَلَنِي عُمَرُ وَقَالَ اذْهَبْ فَانْظُرْ هَلْ اسْتَيْقَظَ فَأَتَيْتُهُ فَدَخَلْتُ عَلَيْهِ فَبَايَعْتُهُ ثُمَّ انْطَلَقْتُ إِلَى عُمَرَ فَأَخْبَرْتُهُ أَنَّهُ قَدْ اسْتَيْقَظَ فَانْطَلَقْنَا إِلَيْهِ نُهَرْوِلُ هَرْوَلَةً حَتَّى دَخَلَ عَلَيْهِ فَبَايَعَهُ ثُمَّ بَايَعْتُهُ.

6423 - ئەبۇ ئوسماندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:
— دادىسىدىن ئىلگىرى ھىجرەت قىلغان، - دېيىلسە، ئاچچىقلانغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېگەن:
— دادام ئۆمەر ئىككىمىز بەيئەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا باردۇق ۋە ئۇنىڭ چۈشلۈك ئۇيقۇدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆيىمىزگە قايتىپ كەتتۇق. كېيىن، (دادام) ئۆمەر:
— بېرىپ باققىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئويغاندىمىكىن، - دەپ مېنى ئەۋەتتى. مەن بارغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئويغانغانىكەن، كىرىپ بەيئەت قىلدىم. ئاندىن قايتىپ كېلىپ، دادامغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئويغانغانلىقىنى ئېيتتىم. ئىككىمىز ئۇنىڭ يېنىغا ناھايىتى تېز يېتىپ باردۇق. (دادام) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىپ بەيئەت قىلدى، ئارقىدىن مەن (تەكرار) بەيئەت قىلدىم.

(بۇخارى: 3916)

6425 - عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ بَلَغَنَا مَخْرَجُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَنَحْنُ بِالْيَمَنِ فَخَرَجْنَا مُهَاجِرِينَ إِلَيْهِ أَنَا وَأَخَوَانِ لِي أَنَا أَصْغَرُهُمْ أَحَدُهُمَا أَبُو بُرْدَةَ وَالْآخَرُ أَبُو رُهْمٍ إِما قَالَ بِضْعٌ وَإِما قَالَ فِي ثَلَاثَةٍ وَخَمْسِينَ أَوْ اثْنَيْنِ وَخَمْسِينَ رَجُلًا مِنْ قَوْمِي فَرَكِبْنَا سَفِينَةً فَأَلْقَتْنَا سَفِينَتُنَا إِلَى النجَاشِي بِالْحَبَشَةِ فَوَافَقْنَا جَعْفَرَ بْنَ أَبِي طَالِبٍ فَأَقَمْنَا مَعَهُ حَتى قَدِمْنَا جَمِيعًا فَوَافَقْنَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ افْتَتَحَ خَيْبَرَ وَكَانَ أُنَاسٌ مِنْ الناسِ يَقُولُونَ لَنَا يَعْنِي لِأَهْلِ السفِينَةِ سَبَقْنَاكُمْ بِالْهِجْرَةِ وَدَخَلَتْ أَسْمَاءُ بِنْتُ عُمَيْسٍ وَهِيَ مِمنْ قَدِمَ مَعَنَا عَلَى حَفْصَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ زَائِرَةً وَقَدْ كَانَتْ هَاجَرَتْ إِلَى النجَاشِي فِيمَنْ هَاجَرَ فَدَخَلَ عُمَرُ عَلَى حَفْصَةَ وَأَسْمَاءُ عِنْدَهَا فَقَالَ عُمَرُ حِينَ رَأَى أَسْمَاءَ مَنْ هَذِهِ قَالَتْ أَسْمَاءُ بِنْتُ عُمَيْسٍ قَالَ عُمَرُ الْحَبَشِيةُ هَذِهِ الْبَحْرِيةُ هَذِهِ قَالَتْ أَسْمَاءُ نَعَمْ قَالَ سَبَقْنَاكُمْ بِالْهِجْرَةِ فَنَحْنُ أَحَق بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْكُمْ فَغَضِبَتْ وَقَالَتْ كَلا وَاللهِ كُنْتُمْ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُطْعِمُ جَائِعَكُمْ وَيَعِظُ جَاهِلَكُمْ وَكُنا فِي دَارِ أَوْ فِي أَرْضِ الْبُعَدَاءِ الْبُغَضَاءِ بِالْحَبَشَةِ وَذَلِكَ فِي اللهِ وَفِي رَسُولِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَايْمُ اللهِ لَا أَطْعَمُ طَعَامًا وَلَا أَشْرَبُ شَرَابًا حَتى أَذْكُرَ مَا قُلْتَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَنَحْنُ كُنا نُؤْذَى وَنُخَافُ وَسَأَذْكُرُ ذَلِكَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَسْأَلُهُ وَاللهِ لَا أَكْذِبُ وَلَا أَزِيغُ وَلَا أَزِيدُ عَلَيْهِ فَلَما جَاءَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ يَا نَبِي اللهِ إِن عُمَرَ قَالَ كَذَا وَكَذَا قَالَ فَمَا قُلْتِ لَهُ قَالَتْ قُلْتُ لَهُ كَذَا وَكَذَا قَالَ لَيْسَ بِأَحَق بِي مِنْكُمْ وَلَهُ وَلِأَصْحَابِهِ هِجْرَةٌ وَاحِدَةٌ وَلَكُمْ أَنْتُمْ أَهْلَ السفِينَةِ هِجْرَتَانِ قَالَتْ فَلَقَدْ رَأَيْتُ أَبَا مُوسَى وَأَصْحَابَ السفِينَةِ يَأْتُونِي أَرْسَالًا يَسْأَلُونِي عَنْ هَذَا الْحَدِيثِ مَا مِنْ الدنْيَا شَيْءٌ هُمْ بِهِ أَفْرَحُ وَلَا أَعْظَمُ فِي أَنْفُسِهِمْ مِما قَالَ لَهُمْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ

6425 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز يەمەندىكى چاغدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىجرەت قىلىپ چىققانلىقىنى ئاڭلىدۇق. مەن ئىككى قېرىندىشىم

بىلەن بىللە (ئۇلارنىڭ بىرى ئەبۇ بۇردە، يەنە بىرى ئەبۇ رۇھم بولۇپ، مەن ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدىم) قەۋمىمىزدىن 53 (ياكى 52) كىشى بىلەن كېمىگە چىقتۇق. كېمە بىزنى نەجاشىنىڭ يۇرتى (ھەبەشىستان)غا ئاپىرىپ تاشلىدى. بىز ئۇ يەردە جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدۇق. ئاندىن ھەممىمىز بىللە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قايتىپ باردۇق. بىز يېتىپ بارغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەرنى يېڭىلا فەتىھ قىلىپ تۇرغانىكەن. ئۇ بىزگە خەيبەرنىڭ غەنىمەتلىرىدىن بىر ئۈلۈش بۆلۈپ بەردى. بىزدىن باشقا (غازاتقا چىقمىغان) ھېچكىمگە نېسىۋە بەرمىگەنىدى. بەزىلەر بىزگە:

— بىز سىلەردىن بۇرۇن ھىجرەت قىلدۇق، - دېيىشەتتى. ئۇمەيسىنىڭ قىزى ئەسما بىز بىلەن بىللە كەلگەن بولۇپ، ئۇ ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى زىيارەت قىلغىلى باردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىزى ھەفسەنىڭ يېنىغا كىرىپ، يېنىدا ئەسمانىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى - دە:

— بۇ كىم؟ - دەپ سورىدى. ھەفسە:

— ئۇمەيسىنىڭ قىزى ئەسما، - دېگەنىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ھە، ھەبەشىستاندىن كېمە بىلەن كەلگەن ئايال شۇمۇ؟ - دەپ سورىدى.

— ھەئە، شۇ، - دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— بىز سىلەردىن بۇرۇن ھىجرەت قىلدۇق. شۇڭا بىز سىلەرگە قارىغاندا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تېخىمۇ يېقىن، - دېۋىدى، ئەسما ئاچچىقلىنىپ:

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تۇردۇڭلار. ئۇ ئاچلىرىڭلارنى تويغۇزۇپ، نادانلىرىڭلارغا بىلىم ئۆگەتتى. بىز بولساق، الله ۋە پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يىراق ھەبەش زېمىنىدا

باشقىلارنىڭ ئۆچمەنلىكىگە چىداپ ياشىدۇق. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ سۆزلىرىڭنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزمىگىچە تائاممۇ يېمەيمەن، سۇمۇ ئىچمەيمەن. بىز نۇرغۇن ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغانىدۇق، قورقۇتىلاتتۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتىپ، كىمنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى سوراپ باقىمەن، يالغان ئېيتمايمەن، ھەقنى بۇرمىلىمايمەن، بېشىمىزدىن ئۆتمىگەننى قوشۇپ قويمايمەن، ـ دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېتىپ كەلگەندە، ئەسما ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سىلەر مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەتلىكسىلەر. ئۆمەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىر قېتىم ھىجرەت قىلغان بولسا، كېمە ئەھلى بولغان سىلەر ئىككى قېتىم ھىجرەت قىلدىڭلار، ـ دېدى. ئەسمائ مۇنداق دەيدۇ:

ــ ئەبۇ مۇسا ۋە كېمىدە كەلگەنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن خەۋەر يوللاپ، مەندىن مۇشۇ ھەدىس توغرۇلۇق سوراشتى. ئۇلار ئۈچۈن دۇنيادا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇ خۇشخەۋىرىدىنمۇ قىممەتلىك ۋە خۇشاللىنارلىق نەرسە يوق ئىدى.

(بۇخارى: 4231)

6426 - قَالَ ابْنُ عَبَاسٍ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبَا بَكْرٍ وَعُمَرَ كَانُوا مِنْ الْمُهَاجِرِينَ لِأَنهُمْ هَجَرُوا الْمُشْرِكِينَ وَكَانَ مِنْ الْأَنصَارِ مُهَاجِرُونَ لِأَن الْمَدِينَةَ كَانَتْ دَارَ شِرْكٍ فَجَاءُوا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْلَةَ الْعَقَبَةِ.

6426 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار مۇھاجىرلاردىن ئىدى. چۈنكى ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن. ئەنسارلارمۇ مۇھاجىر ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى مەدىنىمۇ مۇشرىك دىيارى بولۇپ، ئەنسارلار ئەقەبە

كېچىسى مۇشرىكلارنى تاشلاپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلگەن[1].

(نەسائى: 4166)

6427 - عن عبد اللهِ بن واقد السعْدِي قال وَفَدْتُ إلى رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ في وَفْدٍ كُلنَا يَطْلُبُ حَاجَةً وَكُنتُ آخِرَهُمْ دُخُولًا على رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ فقلت يا رَسُولَ اللهِ إني تَرَكْتُ من خَلْفِي وَهُمْ يَزْعُمُونَ أن الْهِجْرَةَ قد انْقَطَعَتْ قال لَا تَنْقَطِعُ الْهِجْرَةُ ما قُوتِلَ الْكُفارُ.

6427 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ۋاقىد سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا بىر ئۆمەك ئىچىدە كەلدىم. ھەممىمىزنىڭ سورايدىغان مەسىلىلىرى بار ئىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ھەممىنىڭ ئاخىرىدا كىرىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! قەۋمىمنى قويۇپ كەلدىم، ئۇلار: ”ھىجرەت ئاياغلاشتى“ دېيىشىۋاتىدۇ، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— كاپىرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش تۈگىمىگىچە، ھىجرەت ئاياغلاشمايدۇ، ـ دېدى[2].

(نەسائى: 4172)

6428 - عن يَعْلَى بْنَ أُمية قَالَ جِئْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِأَبِي أُميـةَ يَوْمَ الْفَتْحِ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ بَايِعْ أَبِي عَلَى الْهِجْرَةِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُبَايِعُهُ عَلَى الْجِهَادِ وَقَدْ انْقَطَعَتْ الْهِجْرَةُ.

[1] ئەلبانى (3884): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3889): سەھىھ ـ دېگەن.

6428 ـ يەئلا ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەككە فەتىھ بولغان كۈنى، دادام ئۇمەييەنى ئېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدىم ۋە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! دادامدىن ھىجرەت قىلىشقا بەيئەت ئالغىن! ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ مەن ئۇنىڭدىن جىھاد قىلىشقا بەيئەت ئالىمەن، ھىجرەت ئاياغلاشتى، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 4160)

6429 - قال عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ: لَا هِجْرَةَ بَعْدَ وَفَاةِ رَسُولِ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

6429 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھىجرەت قىلىش توختىدى[2].

(نەسائى: 4171)

6430 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ قَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللِهِ أَي الْهِجْرَةِ أَفْضَلُ قَالَ أَنْ تَهْجُرَ مَا كَرِهَ رَبكَ عَز وَجَل وَقَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْهِجْرَةُ هِجْرَتَانِ هِجْرَةُ الْحَاضِرِ وَهِجْرَةُ الْبَادِي فَأَما الْبَادِي فَيُجِيبُ إِذَا دُعِيَ وَيُطِيعُ إِذَا أُمِرَ وَأَما الْحَاضِرُ فَهُوَ أَعْظَمُهُمَا بَلِيةً وَأَعْظَمُهُمَا أَجْرًا.

6430 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ھىجرەتنىڭ قايسى تۈرى ئەڭ ئەۋزەل؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ رەببىڭ ياقتۇرمايدىغان ئىشنى تەرك ئېتىش، ـ دەپ جاۋاب بەردى. كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېدى:

---

[1] ئەلبانى (280): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (3888): سەھىھ ـ دېگەن.

«ھىجرەت دېگەن ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، شەھەرلىكنىڭ ھىجرىتى؛ يەنە بىرى، سەھرالىقنىڭ ھىجرىتى. سەھرالىقنىڭ ھىجرىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشىدۇ (يەنى جىھادقا چاقىرىلسا كېلىدۇ)، بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىدۇ. شەھەرلىكنىڭ ھىجرىتىگە كەلسەك، ئۇنىڭ يۈكى ئېغىر، لېكىن ئەجرى كۆپ بولىدۇ»[1].

(نەسائى: 4165)

6431 - عَنْ مُعَاوِيَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تَنْقَطِعُ الْهِجْرَةُ حَتى تَنْقَطِعَ التوْبَةُ وَلَا تَنْقَطِعُ التوْبَةُ حَتى تَطْلُعَ الشمْسُ مِنْ مَغْرِبِهَا.

6431 ـ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«تەۋبە قىلىش توختاپ قالمىغىچە، ھىجرەت قىلىش توختاپ قالمايدۇ. كۈن غەربتىن چىقمىغىچە، تەۋبە قىلىش توختاپ قالمايدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2479)

6432 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ مَا عَدوا مِنْ مَبْعَثِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَا مِنْ وَفَاتِهِ مَا عَدوا إِلا مِنْ مَقْدَمِهِ الْمَدِينَةَ.

6432 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ساھابىلار (ئىسلام كالېندارىنى تۈرغۇزغاندا) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ياكى ۋاپات بولغان چېغىدىن باشلىماي، بەلكى مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقتىدىن باشلىغان.

(بۇخارى: 3934)

[1] ئەلبانى (3883): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2166): سەھىھ ـ دېگەن.

6433 - عن عروة قال ومكث رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بعد الحج بقية ذي الحجة والمحرم وصفر ثم ان مشركي قريش أجمعوا أمرهم ومكرهم حين ظنوا أن رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خارج وعلموا أن الله قد جعل له بالمدينة مأوى ومنعه وبلغهم اسلام الأنصار ومن خرج اليهم من المهاجرين فأجمعوا أمرهم على أن يأخذوا رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فإما أن يقتلوا وإما أن يسجنوه وإما أن يخرجوه فأخبره الله عز وجل بمكرهم فقال تعالى (وإذ يمكر بك الذين كفروا ليثبتوك أو يقتلوك أو يخرجوك ويمكرون ويمكر الله والله خير الماكرين) وبلغه ذلك اليوم الذي أتى فيه رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دار أبي بكر أنهم مبيتوه إذا أمسى على فراشه وخرج من تحت الليل هو وأبو بكر قبل الغار بثور وعمد على بن أبي طالب فرقد على فراشه يوارى عنه العيون وبات المشركون من قريش يختلفون ويأتمرون أن نجثم على صاحب الفراش فنوثقه فكان ذلك حديثهم حتى أصبحوا فاذا على يقوم عن الفراش فسألوه عن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فأخبرهم أنه لا علم له به فعلموا عند ذلك أنه خرج فركبوا في كل وجه يطلبونه وبعثوا الى أهل المياه يأمرونهم ويجعلون له الجعل العظيم وأتوا على ثور الذي فيه الغار الذي فيه رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وأبو بكر حتى طلعوا فوقه وسمع النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أصواتهم فأشفق أبو بكر عند ذلك وأقبل على الهم والخوف فعند ذلك قال له النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لا تحزن إن الله معنا ودعا فنزلت عليه سكينة من الله عز وجل ( ثم أنزل الله سكينته على رسوله وعلى المؤمنين وأنزل جنودا لم تروها وجعل كلمة الذين كفروا السفلى وكلمة الله هي العليا والله عزيز حكيم).

6433 ـ ئۇرۋەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەلاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج مەۋسۇمىدىن كېيىن، زۇلھەججە ئېيىنىڭ قالغان كۈنلىرى، مۇھەررەم ۋە سەپەر ئايلىرى مەككىدە تۇردى. كېيىن، قۇرەيش مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر سەلاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى، اللهنىڭ ئۇنىڭغا مەدىنىنى پاناھگاھ ۋە ئىستىھكام قىلىپ بەرگەنلىكىنى، ئەنسارلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قېشىغا كىملەرنىڭ ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ناھايىتى ساراسىمىگە چۈشتى

ۋە دەرھال يىغىلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى يا ئۆلتۈرۈۋېتىش ياكى قاماقتا ئېلىش ياكى يۇرتتىن چىقىرىۋېتىشنى پىلانلىدى. الله تائالا ئۇلارنىڭ سۇيىقەست پىلانىنى رەسۇلىغا بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كافىرلار سېنى قاماقتا ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى، ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، الله ئۇلارنىڭ مىكىرىنى بەربات قىلىدۇ، اللهنىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر ①.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، شۇ يەردىن سەۋر غارىغا چىقىپ كەتكەن كۈنى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياتقان ئورنىدىلا بىر تەرەپ قىلىۋېتىش پىلانى بىلدۈرۈلگەنىدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇيىقەستچىلەرنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئورنىغا كىرىپ ياتتى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى قانداق بۆسۈپ كىرىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ تاڭ ئاتقۇزىۋەتتى ۋە سەھەردە قول سالماقچى بولۇپ، ئىشىك ئالدىدا ئۇخلاپ قالدى. سەھەر ۋاقتىدا، تۆشەكتىن ئەلىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىدى. ھەزرىتى ئەلىدىن:

ــ بىلمەيمەن، ـ دېگەن جاۋابنى ئالغاندىلا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى ۋە ئالللىبۇرۇن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئارقىسىدىن ئاتلىق قوغلاشقا باشلىدى ۋە تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم ئەۋەتتى. ھەرقايسى جايلاردىكى قۇدۇق ئىگىلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە كۆپلەپ ئىنئام بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىزدەپ يۈرۈپ، ئۇلار يوشۇرۇنىۋالغان سەۋر غارىغىچە يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى غار

① سۈرە ئەنفال، 30 ـ ئايەت.

ئىچىدىكىلەرگە ئىنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قورقۇشقا باشلىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ قورقما، الله بىز بىلەن بىللە، ـ دەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتتى ۋە اللهقا دۇئا قىلدى. نەتىجىدە، الله ئۇلارغا خاتىرجەملىك بېغىشلىدى. الله تائالانىڭ: الله ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبەرگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى. ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، كاپىرلارنىڭ سۆزىنى (يەنى شېرىك كەلىمىسىنى) پەس قىلدى. اللهنىڭ سۆزى (يەنى كەلىمە تەۋھىد) ئۈستۈندۇر. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر دېگەن ئايىتى بۇنىڭ دەلىلىدۇر[2].

(«ئەلكەبىر»)

6434 - عن أنس وغيره قالوا: أن النبي صلى الله عليه وسلم لما كان ليلة بات في الغار أمر الله تبارك وتعالى شجرة فنبتت في وجه الغار فسترت وجه النبي صلى الله علـي وأمر الله تبارك وتعالى العنكبوت فنسجت على وجه الغار وأمر الله جل وعـز حمـامتين وحشيتين فوقعتا بفم الغار وأتى المشركون من كل بطن حتى إذا كانوا من النبي صلى الله عليه وسلم على قدر أربعين ذراعا معهم قسيهم وعصيهم تقدم رجل منـهم فنظـر في الحمامتين فرجع فقال لأصحابه ليس في الغار شيء رأيت حمامتين على فم الغار فعرفـت أن ليس فيه أحد فسمع قوله النبي صلى الله عليه وسلم فعرف أن الله تبارك وتعالى قد درأ بما عنه فشمت عليهما وفرض جزاءهما واتخذت في حرم الله يفرخن، أحسبه قال: فأصل كل حمام في الحرم من فراخهما.

6434 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق بىر قانچە ساھابىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غاردا قونۇپ قالغاندا، الله تابارەكە ۋەتائالا بىر دەرەخنى غار ئالدىدا

---

[1] سۈرە تەۋبە، 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ھەيسەمى (9902): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن، ـ دېگەن.

ئۆسۈشكە بۇيرۇپ، غارنىڭ ئاغزىنى ئەتتى. ئۆمۈچۈككە بۇيرۇپ، غار ئالدىغا تور توقۇتتى. ئاندىن بىر جۈپ ياۋا كەپتەرگە بۇيرۇپ، غار ئالدىغا ئۇۋا سالدۇردى. مۇشرىكلار كالتەك ـ چوماق ۋە ئوقيالىرىنى كۆتۈرگىنىچە ھەممە تەرەپتىن ئىزدەپ كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇرغان غارغا 40 گەز قالغاندا، ئارىلىرىدىن بىرى باشقىلاردىن بۇرۇنراق كېلىپ، كەپتەر ئۇۋىسىنى كۆرىدۇ ـ دە، ئارقىسىغا يېنىپ بېرىپ، ھەمراھلىرىغا:

ــ غاردا ئادەم يوقكەن. غار ئالدىدا بىر جۈپ كەپتەر تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن غاردا ھېچكىمنىڭ يوقلىقىنى بىلدىم، ـ دېگەن. ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم اللە تائالانىڭ ئاشۇ بىر جۈپ كەپتەر بىلەن ئۆزىنى قوغداپ قالغانلىقىنى بىلىپ، كەپتەرلەرگە دۇئا قىلغان. ئۇلارنى ھەرەمدە ئۆلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ تۆلەم تۆلەيدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كەپتەرلەر اللەنىڭ ھەرىمىدە باچكىلاپ ئاۋۇغان. دېمەك، ھەرەمدىكى كەپتەرلەر ئەشۇ بىر جۈپ كەپتەردىن كۆپەيگەن[①].

(بەززار: 1741؛ «ئەلكەبىر»: 443/20)

6435 - عن جابر قال لما خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم وأبو بكر مهاجرين فدخلا في الغار فإذا في الغار جحر فألقمه أبو بكر عقبه حتى أصبح مخافة أن يخرج على رسول الله صلى الله عليه وسلم منه شيء فأقاما في الغار ثلاث ليال ثم خرجا حتى نزلا بخيمات أم معبد فأرسلت اليه أم معبد إني أرى وجوها حسانا وان الحى أقوى على كرامتكم مني فلما أمسوا عندها بعثت مع ابن لها صغير بشفرة وشاة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم اردد الشفرة وهات لي قروا يعني القدح فأرسلت اليه أن لا لبن فيها

[①] ھەيسەمى (9904): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تەرجىمىھالى ئېنىق بولمىغان بىر قانچە كىشى بار، ـ دېگەن.

ولا ولد قال هات لي قروا فجاءته بقرو فضرب ظهرها فاجترت ودرت فحلب فملأ القدح فشرب وسقى أبا بكر فبعث به الى أم معبد.

6435 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىپ چىقىپ، سەۋر غارىغا كىردى. غاردا بىر كامار بار ئىدى، ئۇ كاماردىن بىرەر نەرسە چىقىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەزىيەت بېرىپ قويماسلىقىنى ئويلىغان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاپىنىنى كامارنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالدى. ئۇلار غاردا ئۈچ كېچە تۇرغاندىن كېيىن، يولغا چىقىپ، ئۇممۇ مەئبەدنىڭ چېدىرىغا چۈشتى. ئۇممۇ مەئبەد كىچىك ئوغلىدىن ئۇلارغا بىر پىچاق بىلەن بىر تۇياق ساغلىق ئەۋەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ پىچاقنى قايتۇرۇپ ئەكىتىپ، بىر ياغاچ ئاياق ئەكىلىپ بەرگىن! ـ دېدى. ئۇممۇ مەئبەد ئوغلىنى يەنە ئەۋەتىپ:

ـــ ئۇ ساغلىقتىن سۈت چىقمايدۇ، بوغازمۇ ئەمەس (سويۇپ يەۋېرىڭلار)، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ـ پىچاقنى قايتۇرۇپ ئەكىتىپ، ياغاچ ئاياق ئەكىلىپ بەرگىن! ـ دېدى. ئۇ بالا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر ئاياق ئەكىلىپ بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساغلىق قويننىڭ دۈمبىسىگە بىرنى ئۇرۇپ قويۇۋىدى، يېلىنى كۆپۈپ سۈت پەيدا بولدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى سېغىپ، ئۆزى ئىچكەندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرىگىمۇ ئىچكۈزۈپ، قالغىنىنى ئۇممۇ مەئبەدكە ئەۋەتتى[1].

(بەززار: 1742)

[1] ھەيسەمى (9907): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تەرجىمىھالى ئېنىق بولمىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

6436 - عن حُبَيش بن خَالِدٍ صَاحِبِ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أن رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم حين خَرَجَ من مَكةَ وَخَرَجَ منها مُهَاجِرًا إلى الْمَدِينَةِ وهو وأبو بَكْرٍ رضي اللهُ عنه وَمَوْلَى أبي بَكْرٍ عَامِرُ بن فُهَيْرَةَ رضي اللهُ عنه وَدِلِيلُهُمَا اللَّيْثِي عبد اللهِ بن الْأُرَيْقِطِ مَروا على خَيْمَتَيْ أُم مَعْبَدٍ الْخُزَاعِيةِ وَكَانَتْ بَرْزَةً جَلْدَةً تَحْتَبِي بِفِنَاءِ الْقُبةِ ثُم تَسْقِي وَتُطْعِمُ فَسَأَلُوهَا لَحْمًا وَتَمْرًا لِيَشْتَرُوهُ منها فلم يُصِيبُوا عِنْدَهَا شيئا من ذلك وكان الْقَوْمُ مُرْمِلِينَ مُسْنِتِينَ فَنظَرَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم إلى شَاةٍ في كِسْرِ الْخَيْمَةِ فقال ما هذه الشاةُ يا أُم مَعْبَدٍ قالت خَلفَهَا الْجَهْدُ عَنِ الْغَنمِ قال فَهَلْ بها من لَبنٍ قالت هِي أَجْهَدُ من ذلك قال أَتَأْذَنِينَ أَنْ أَحْلُبَهَا قالت بَلَى بِأَبِي أنت وَأُمي نعم إن رَأَيتَ بها حَلْبًا فَاحْلُبْهَا فَدَعَا بها رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فَمَسَحَ بيده ضَرْعَهَا وَسَمى اللهَ عز وجل وَدَعَا لها في شَاتِها فَتفَاجَتْ عليه وَدَرتْ واجْتَرتْ وَدَعَا بِإِنَاءٍ يُرْبِضُ الرهْطَ فَحَلَبَ فيها ثَجا حتى عَلاهُ الْبهَاءُ ثُم سَقَاهَا حتى رَوِيَتْ وَسَقَى أَصْحَابَهُ حتى رَوَوْا وَشَرِبَ آخِرَهُمْ صلى اللهُ عليه وسلم ثُم أَرَاضُوا ثُم حَلَبَ فيها ثَانِيًا بَعْدَ بَدْءٍ حتى مَلأَ الإِنَاءَ ثُم غَادَرَهُ عِنْدَهَا ثُم بَايَعَهَا وارْتَحَلُوا عنها فَقَلمَا لَبِثَتْ حتى جاء زَوْجُهَا أبو مَعْبَدٍ يَسُوقُ أَعْنُزًا عِجَافًا يَتسَاوَكْنَ هُزْلا ضُحًى مُخهُن قَلِيلٌ فلما رَأَى أبو مَعْبَدٍ اللبَنَ عَجِبَ وقال من أَينَ لك هذا اللبَنُ يا أُم مَعْبَدٍ وَالشاةُ عَازِبٌ حِيَالٌ وَلا حَلُوبَةَ في الْبَيْتِ قالت لا وَاللهِ إلا أَنهُ مَر بنا رَجُلٌ مُبَارَكٌ من حَالِهِ كَذَا وَكَذَا قال صِفِيهِ لي يا أُم مَعْبَدٍ قالت رأيت رَجُلا ظَاهِرَ الْوَضَاءَةِ أَبْلَجَ الْوَجْهِ حَسَنَ الْخَلْقِ لم تَعِبْهُ ثُجْلَةٌ ولم تُزْرِ بِهِ صَعْلَةٌ وَسِيمٌ في عَيْنَيْهِ دَعَجٌ وفي أَشْفَارِهِ وَطَفٌ وفي صَوْتِهِ صَهَلٌ وفي عُنُقِهِ سَطَعٌ وفي لِحْيَتِهِ كَثَاثَةٌ أَزَج أَقْرَنُ إن صَمَتَ فَعَلَيْهِ الْوَقَارُ وَإِنْ تَكلمَ سَمَاهُ وَعَلاهُ الْبهَاءُ أَجْمَلُ الناس وَأَبْهَاهُ من بَعِيدٍ وأَحْلاهُ وَأَحْسَنُهُ من قَرِيبٍ حُلْوُ الْمَنْطِقِ فَصْلٌ لا هَذِرٌ وَلا نَزِرٌ كَأَن مَنْطِقَهُ خَرَزَاتٌ نَظْمٌ يَتحَدرْنَ رَبْعٌ لا يَأْسَ من طُولٍ وَلا تَقْتَحِمُهُ عَيْنٌ من قِصَرٍ غُصْنٌ بين غُصْنَيْنِ فَهُوَ أَنْضَرُ الثلاثَةِ مَنْظَرًا وَأَحْسَنُهُمْ قَدْرًا له رُفَقَاءُ يَحُفونَ بِهِ إن قال انصتوا لِقَوْلِهِ وَإِنْ أَمَرَ تَبَادَرُوا إلى أَمْرِهِ مَحْفُودٌ مَحْشُودٌ لا عَابِسٌ وَلا مُفَندٌ قال أبو مَعْبَدٍ هو وَاللهِ صَاحِبُ قُرَيْشٍ الذي ذُكِرَ لنا أَمْرُهُ ما ذُكِرَ بِمَكةَ وَلَقَدْ هَمَمْتُ أَنْ أَصْحَبَهُ وَلأَفْعَلَن إن وَجَدْتُ إلى ذلك سَبِيلا...

6436 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن ھۇبەيش ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋە ئۇنىڭ ئازادگەردىسى ئامىر ئىبنى فۇھەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئېلىپ، لەيس قەبىلىسىلىك يول باشلىغۇچى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىتنىڭ باشچىلىقىدا مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ چىقتى ۋە خۇزائە قەبىلىسىلىك ئۇممۇ مەئبەد دېگەن ئايالنىڭ چېدىرلىرىغا چۈشتى. ئۇ، ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، تېتىك ئايال بولۇپ، چېدىرىنىڭ بوسۇغىسىدا ئولتۇرۇپ، مېھمانلارغا يېمەك ـ ئىچمەك ئىلتىپات قىلاتتى. يولۇچىلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ قالغاچقا، ئۇ ئايالدىن سېتىۋالغۇدەك گۆش ۋە خورما سورىغانىدى، ئۇنىڭدىن ھېچنېمە چىقمىدى. چۈنكى ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسى قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە دۇچار بولغانىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېدىرنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر ساغلىق قوينى كۆرۈپ:

ـ ئى ئۇممۇ مەئبەد! بۇ ساغلىققا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇممۇ مەئبەد:

ـ ئورۇقلاپ كەتكەچكە پادا بىلەن بىللە يايلاققا چىقالماي قېلىپ قالدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سۈتى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇممۇ مەئبەد:

ـ سۈت چىققۇدەك ھالەتتە ئەمەس، بەكلا ئورۇق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەن سېغىپ باقسام بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇممۇ مەئبەد:

ـ ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇنكى، ساغقۇدەك بىرەر نەرسە بولسىلا ساغقىن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساغلىقنى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. اللہ تائالانىڭ نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ، ئۇممۇ مەئبەدكە ساغلىقتا بەرىكەت ئاتا قىلىشىنى تىلىدى ۋە مۇبارەك قولى بىلەن ساغلىقنىڭ يېلىنىنى سىلىغانىدى، ساغلىقنىڭ

ئىككى پۇتى كېرىلىپ، يىپىنى سۇتكە تولۇشقا باشلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت - بەش كىشىنى قاندۇرغىدەك سۈت ساغقىلى بولىدىغان قاچىدىن بىرنى كەلتۈرۈپ، ساغلىقنى سېغىۋىدى، سۈت شارقىراپ ئېقىپ، كۆپۈك قايىنىتىپ قاچىغا لىق تولدى. ئاۋۋال ئۇممۇ مەئبەدكە، ئاندىن ھەمراھلىرىغا تويغۇچە ئىچكۈزگەندىن كېيىن، ئاخىرىدا ئۆزى ئىچتى. ئاندىن يەنە بىر قېتىمدىن ئايلاندۇرۇپ، قورساقلىرى راسا تويغۇچە ئىچتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوينى قايتا سېغىپ، قاچىنى توشقۇزدى ۋە ئۇممۇ مەئبەدنىڭ قېشىدا قويۇپ قويدى. ئاندىن ئۇنىڭدىن بەيئەت ئېلىپ، يولغا چىقتى. ئاردىن كۆپ ئۆتمەي، ئۇممۇ مەئبەدنىڭ ئېرى ئەبۇ مەئبەد ئورۇقلىقىدىن يىقىلىپ چۈشەي دەپ قالغان ئۆچكىلەرنى ھەيدەپ كېلىپ، چېدىردىكى سۈتنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى - دە:

— بۇ سۈتنى نەدىن تاپتىڭ؟ قويلار يايلاقتا ھەم قىسىر تۇرسا، ئۆيدە سۈت ساغقۇدەك ساغلىقمۇ بولمىسا؟ - دەپ سورىدى. ئۇممۇ مەئبەد:

— اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قېشىمىزدىن مۇبارەك بىر ئادەم ئۆتتى ۋە مۇنداق - مۇنداق ئىشلار بولۇپ ئۆتتى، - دېدى. ئەبۇ مەئبەد:

— ئۇنى تەرىپلەپ بەرگىنە! - دېدى. ئۇممۇ مەئبەد:

— چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، بوي - بەستى بەكمۇ كېلىشكەن بىرى بولۇپ، ئورۇقمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا بوي كىشى ئىدى. كۆزلىرى قارا، كىرپىك ۋە قاشلىرى قويۇق، ئاۋازى يېقىملىق، بوينى ئۇزۇن ساقاللىرى ھەم قويۇق ھەم قايرىلىپ تۇرىدىغان زات ئىدى. سۈكۈت قىلسا، چىرايىدىن سالاپەت يېغىپ تۇراتتى. سۆزلىسە، بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ، ھەمراھلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق تۇس ئالاتتى. يىراقتىن ھەيۋەتلىك، يېقىندىن بەكمۇ يېقىملىق ۋە كېلىشكەن كۆرۈنەتتى. سۆزلىرى ناھايىتى تاتلىق بولۇپ، مۇبارەك ئېغىزىدىن خۇددى مارجاندەك دانىمۇ دانە تىزىلىپ چىقاتتى. كۆپ گەپ قىلمايتتى، ئەمما بەكلا قىسقا ۋە چۈشىنىكسىز سۆز قىلمايتتى. گەۋدىلىك بولۇپ، يا ئېگىز ياكى پاكار كۆرۈنمەيتتى،

يەنى دەل ئوتتۇرا بوي ئىدى. ئارىلىرىدىكى ئۈچ كىشىنىڭ ئەڭ جەزبىدار ۋە ئەڭ يېقىملىقى ئىدى. ھەمراھلىرى ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئەتراپىدا خۇددى پەرۋانىلەردەك پايپېتەك بولاتتى. ئۇ گەپ قىلغاندا، ئىمتاس ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى، ئەمرلىرىنى بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ تۇرۇپ بەجا كەلتۈرەتتى. بەكمۇ خۇشخۇي بولۇپ، يۈزنى پەقەتلا پۈرۈشتۈرمەيتتى ۋە ئورۇنسىز گەپ قىلمايتتى، - دەپ تەرىپلەپ بەردى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئەبۇ مەئبەد:

— اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ، قۇرەيشلەرنىڭ ئارىسىدىن چىققان ۋە بىز نامىنى ئاڭلىغان ھېلىقى ئۇلۇغ شەخس ئىكەن. ئۇنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىدىم، ئامالىنى قىلالىسام، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، - دېدى...[①].

(«ئەلكەبىر»: 3605)

6437 - عن قيس بن النعمان قال لما انطلق رسول الله صلى الله عليه وسلم وأبو بكر مستخفيان نزلا بأبى معبد فقال والله ما لنا شاة وان شاءنا لحوائل فما بقى لنا لـبن فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم أحسبه فما تلك الشاة فأتى بها فدعا رسول الله صلى الله عليه وسلم بالبركة عليها ثم حلب عسا فسقاه ثم شربوا فقال أنت الذى تزعم أنـك صابى قال انهم يقولون قال أشهد أن ما جئت به حق ثم قال اتبعك قال لاحتى تسمع أنا قد ظهرنا فاتبعه بعد.

6437 - قەيس ئىبنى نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن يوشۇرۇن ھالدا ھىجرەت قىلىپ چىقىپ، ئەبۇ مەئبەدنىڭ چېدىرىغا چۈشتى. ئەبۇ مەئبەد:

---

[①] ھەيسەمى (9910): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تەرجىمىھالى ئېنىق بولمىغان بىر قانچە كىشى بار، - دېگەن.

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزنىڭ ساغلىق قويىمىز يوق. قويلىرىمىزنىڭ ھېچقايىسىسى بوغاز بولمىغاچقا، سۈتىمىزمۇ يوق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئاۋۇ ساغلىقتا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدى ۋە ئۇنى ئەكەلدۈرۈپ، الله تائالادىن بەرىكەت تىلىدى، ئاندىن بىر ئاز سېغىپ، ئاۋۋال ئەبۇ مەئبەدكە ئىچكۈزدى، ئاندىن ئۆزلىرى ئىچتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ساھىبخان:

ـ سەن ھېلىقى دىنىنى ئۆزگەرتكەن ئادەم بولامسەن؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇلار شۇنداق دېيىشىدۇ، ـ دېدى. ئەبۇ مەئبەد:

ـ مەن سېنى ئېلىپ كەلگەن دىنىنى ھەق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېدى. ئاندىن:

ـ ساڭا ئەگىشىپ ماڭاي، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ياق، بىزنىڭ غەلىبە قىلغىنىمىزنى ئاڭلىمىغىچە، ئەگەشمەي تۇرغىن، غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەگەشسەڭمۇ بولىدۇ، ـ دېدى[1].

(بەززار: 1743)

6438 - عن أَوْسَ بن عبد اللهِ بن حَجَرٍ الأَسْلَمِي قال مَر بِي رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم وَمَعَهُ أبو بَكْرٍ رضي اللهُ عنه بِخَذَوَاتَ بين الْجُحْفَةِ وَهَرْشَا وَهُمَا على جَمَلٍ وَاحِدٍ وَهُمَا مُتَوَجهَانِ إلى الْمَدِينَةِ فَحَمَلَهُمَا على فَحْلِ إِبِلِهِ ابن الرداء وَبَعَثَ مَعَهُمَا غُلاَمًا له يُقَالُ له مَسْعُودٌ فقال له أسلك بِهِمَا حَيْثُ تَعْلَمُ من مَخَازِمِ الطرُقِ وَلا تُفَارِقْهُمَا حتى يَقْضِيَا حَاجَتَهُمَا مِنْكَ وَمِنْ جَمَلِكَ فَسَلَكَ بِهِمَا ثَنِيةَ الرمْحَاءِ ثُم سَلَكَ بِهِمَا ثَنِيةَ الْكُوَيَةِ ثُم قَيلَ بِهِمَا أَحْيَاءَ ثُم سَلَكَ بِهِمَا ثَنِيةَ الْمُرةِ ثُم أتى بِهِمَا من شُعْبَةِ ذَاتِ كَشْطٍ ثُم سَلَكَ بِهِمَا الْمُدْلَجَةَ ثُم سَلَكَ بِهِمَا الْعِشَالَةَ ثُم سَلَكَ بِهِمَا ثَنِيةَ الْمُرةِ ثُم أَدْخَلَهُمَا الْمَدِينَةَ وقد قَضَيَا

[1] ھەيسەمى (9911): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

حَاجَتَهُمَا منه وَمِنْ جمله ثُم رَجعَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم مَسْعُودًا إلى سَيدِهِ أَوْسِ بن عبد اللهِ وكان مُغَفلا لا يَسِمُ الإِبِلَ، فَأَمَرَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَـأْمُرَ أَوْسًا أَنْ يَسِمَهَا فِي أَعْنَاقِهَا.

6438 ـ ئەۋس ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەجەر ئەسلەمىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۇھفە بىلەن ھەرشا ئارىلىقىدىكى خەزەۋات دېگەن جايدىن بىر تۆگىگە مىنگەن ھالدا قېشىمدىن ئۆتتى. ئۇ ئىككىيلەن مەدىنىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنى بىر ئەركەك تۆگىگە مىندۇرۇپ، مەسئۇد ئىسىملىك خىزمەتكارىمنى قوشۇپ قويدۇم ۋە ئۇنىڭغا:

ـ ئۇلارنى سەن بىلىدىغان يوللاردىن ئېلىپ ماڭغىن ۋە مەنزىلىگە يېتىپ بارغىچە قايتىپ كەلمىگىن. يولبويى خىزمىتىدە بولغىن، تۆگەڭدىنمۇ لايىقىدا پايدىلانسۇن، ـ دەپ تاپىلىدىم. شۇنىڭ بىلەن، مەسئۇد ئۇ ئىككىيلەننى رەمھا داۋىنىدىن ئېلىپ ماڭدى، ئاندىن كۇبە داۋىنى، ئاندىن مۇررە ۋە زاتى كەشت جىلغىسى، ئاندىن مەدلەجە داۋىنى، ئاندىن غەسسابە داۋىنى، ئاندىن ئىشالە داۋىنى، ئاندىن مۇررە داۋىنىدىن ئۆتكۈزۈپ، مەدىنىگە ئېلىپ كىردى. كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسئۇدنى تۆگە بىلەن بىللە مېنىڭ يېنىمغا قايتۇرۇپ، تۆگىگە ئەن سېلىپ قويۇشۇمنى تاپىلاپتۇ. چۈنكى مەن پەرۋاسىزراق ئادەم بولغاچقا، تۆگىلىرىمگە ئەن سالمايتتىم[①].

(«ئەلكەبىر»: 611)

6439 - عن صُهَيْبٍ قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ أُرِيتُ دَارَ هِجْرَتِكُمْ سَبِخَةً بين ظَهْرَانَيْ حَرةٍ فَإِما أَنْ يَكُونَ هَجَرَ أَو يَكُونَ يَثْرِبَ قال وَخَرَجَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ إلى الْمَدِينَةِ وَخَرَجَ معه أبو بَكْرٍ رضي اللهُ عنه وَكُنْـتُ قَـد هَمَمْـتُ

[①] ھەيسەمى (9907): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تەرجىمىھالى ئېنىق بولمىغان بىر قانچە كىشى بار، ـ دېگەن.

بِالْخُرُوجِ معه وَصَدنِي فِتْيَانٌ من قُرَيْشٍ فَجَعَلْتُ لَيْلَتِي تِلْكَ أَقُومُ لا أَقْعُدُ فَقَالُوا قد شَغَلَهُ اللهُ عَنْكُمْ بِبَطْنِهِ ولم أَكُنْ شَاكِيًا فَنَامُوا فَخَرَجْتُ فَلَحِقَنِي منهم نَاسٌ بعد ما سِرْتُ يُرِيدُونَ رَدي فقلت لهم: هل لَكُمْ أَنْ أُعْطِيَكُمْ أَوَاقًا من ذَهَبٍ وَسِيَرَا وَتُخَلونَ سَبِيلِي؟ وَتَوْثُقُونَ لي فَفَعَلُوا فَتَبِعْتُهُمْ إلى مَكةَ فقلت احْفُرُوا تَحْتَ أُسْكُفةِ الْبَابِ فإن تَحْتَهَا الأَوَاقِ فَاذْهَبُوا إلى فُلاَنَةَ بِآيَةِ كَذَا وَكَذَا فَخُذُوا الْحُلَّتَيْنِ وَخَرَجْتُ حتى قَدِمْتُ على رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ قُبَاءَ قبل أَنْ يَتَحَولَ منها فلما رَآنِي قال يا أَبَا يحيى رَبِحَ الْبَيْعُ ثَلاَثًا فقلت يا رَسُولَ اللهِ ما سَبَقَنِي إِلَيْكَ أَحَدٌ وما أَخْبَرَكَ إلا جِبْرِيلُ عليه وَسَلمْ.

6439 ـ سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«چۈشۈمدە سىلەر ھىجرەت قىلىدىغان يۇرتنىڭ ئىككى قارا سايلىق ئوتتۇرىدىكى بوستانلىق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلدى. ئۇ يەر يا ھەجەر ياكى يەسرىب» دېدى. كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ چىقتى، مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە چىقماقچى بولغان ئىدىم، قۇرەيشلىك بىر توپ يىگىت مېنى توسىۋالدى. مەن شۇ كېچىسى ئولتۇرالماي، ئۆرە تۇرۇپ چىقتىم. ئۇلار:

— قورسىقى ئاغرىپ كەتكەچكە، قاچقۇدەك مادارى قالمىدى، ـ دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە مەن ئاغرىق ئەمەس ئىدىم. ئاخىرى ئۇلار ئۇخلاپ قالغاندا، قېچىپ چىقىپ، مەلۇم يەرگىچە بېرىپ بولغاندا، ئۇلاردىن بىر قانچىسى ئارقامدىن قوغلاپ يېتىشىۋالدى ۋە مېنى قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولدى. مەن ئۇلارغا:

— سىلەرگە بىر قانچە مىسقال ئالتۇن بىلەن بىر قۇر يوللۇق كىيىم بەرسەم، مېنى قويۇپ بېرەمسىلەر؟ ـ دېسەم، ئۇلار ماقۇللۇق بىلدۈردى. مەن:

— ئىشىكىمنىڭ بوسۇغىسىنىڭ ئاستىنى كولىساڭلار، ئالتۇن چىقىدۇ. ئالتۇننى شۇ يەردىن ئېلىڭلار. ئاندىن پالانچى ئايالنىڭ يېنىغا مۇنداق پارول بىلەن بېرىپ، كىيىمنى شۇنىڭدىن ئېلىۋېلىڭلار! ـ

دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مېنى قويۇپ بېرىپ، مەككىگە قايتىپ كەتتى، مەنمۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن دەرھال يولغا چىقتىم ۋە ئۇلار قۇبادىن كېتىپ بولغىچە يېتىپ باردىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى كۆرۈپ:

— ئى ئەبۇ يەھيا، سوداڭدا پايدا ئالدىڭ، ـ دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! سېنى كۆرۈشتىن بۇرۇن ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىگەنىدىم. قارىغاندا، بۇنى ساڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يەتكۈزگەن ئوخشايدۇ، ـ دېدىم[1].

(«ئەلكەبىر»: 7296)

6440 - عن أنس نحوه ونزلت على النبي صلى الله عليه وسلم (ومن الناس مـن يشري نفسه ابتغاء مرضات الله) فلما رآه النبي صلى الله عليه وسلم قال أبا يحيى ربح البيع قال وتلا عليه الآية.

6440 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقىرىقىدەك رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇ ھەقتە: بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار اللهنىڭ رىزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ[2] دېگەن ئايەت نازىل بولغان. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە:

ـ ئى ئەبۇ يەھيا! سوداڭدا پايدا ئالدىڭ، ـ دېگەن ۋە بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەرگەن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

[1] ھەيسەمى (9915): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تەرجىمىھالى ئېنىق بولمىغان بىر قانچە كىشى بار، ـ دېگەن.
[2] سۈرە بەقەرە، 207 ـ ئايەت.

6441 - عن عروة قال خرج عمر بن الخطاب وعياش بن أبى ربيعة في أصحاب لهم فـ لوا في بنى عمرو بن عوف فطلب أبو جهل بن هشام والحارث بن هشام عياش بن أبى ربيعة وهو أخوهما لأمهما فقدما المدينة فذكرا له حزن أمه فقالا إنـ ـا حلفـ ـت أن لا يظلها بيت ولا يمس رأسها دهن حتى تراك ولولا ذلك لم نطلبك فنذكرك الله في أمـ ـك وكان بـا رحيما وكان يعلم من حبها إياه ورقها يعنى عليه ما كان يصدقهما به فرق لها لما ذكروا له وأبى أن يتبعهما حتى عقد له الحارث ابن هشام فلما خرج معهما أوثقاه فلم يزل هناك موثقا حتى خرج مع من خرج قبل فتح مكة وكان رسول الله صلى الله عليـ ـه وسلم دعا له بالخلاص والحفظ.

6441 ــ ئۇرۋەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەييىاش ئىبنى ئەبۇ رەبىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قانچە ھەمراھ بىلەن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ، مەدىنىدىكى بەنى ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتىگە مېھمان بولۇپ چۈشتى. ئەبۇ جەھل ئىبنى ھىشام بىلەن ھارىس ئىبنى ھىشام ئىككىسى ئەييىاش ئىبنى ئەبۇ رەبىيئەنى ئىزدەپ چىقتى. ئۇلار ئانا تەرەپتىن بىر تۇغقان ئىدى. ئىككىسى مەدىنىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن نەقەدەر قايغۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ:

ــ ئانىمىز سېنى كۆرمىگىچە سايىدا ئولتۇرماسلىققا ۋە چېچىنى مايلىماسلىققا قەسەم قىلدى. بۇنداق بولمىغان بولسا، سېنى ئىزدەپ چىقمىغان بولاتتۇق. ئاناڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، اللهتىن قورققىن! ــ دېيىشتى. ئۇ ئانىسىغا بەك كۆيۈمچان بولغاچقا ھەم ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەندى. شۇندىمۇ ئۇلار بىلەن مەككىگە قايتىپ كېتىشنى خالىمايتتى. ئاخىرى، ھارىس ئىبنى ھىشام ئۇنىڭغا ئەھدۇ پەيمان بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار بىللە يولغا چىقتى. لېكىن كۆپ ماڭمايلا، ئۇلار ئەبۇ رەبىيئەنى باغلاپ، مەجبۇرى ئېلىپ ماڭدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قۇتۇلۇپ قېلىشى ۋە قوغدىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. ئەبۇ رەبىيئە مەككە

فەتىنە بولۇشتىن بۇرۇن، قاماقتىكى باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە (مەككىدىن) قېچىپ چىقتى[1].

(«ئەلكەبىر»)

6442 - وللبزار نحوه عن عمر، وزاد: وكنا نقول والله لا يقبل الله ممن افتتن صرفا ولا عدلا ولا تقبل توبة قوم عرفوا الله ثم رجعوا إلى الكفر لبلاء أصابهم قال وكانوا يقولون ذلك لأنفسهم فلما قدم رسول الله صلى الله عليه وسلم المدينة أنزل الله فيهم وفي قولنا لهم وقولهم لأنفسهم (قل يا عبادي الذين أسرفوا على أنفسهم لا تقنطوا من رحمة الله إن الله يغفر الذنوب جميعا) إلى قوله (وأنتم لا تشعرون) قال عمر فكتبتها في صحيفة وبعثت بها إلى هشام بن العاصي قال هشام فلم أزل أقرؤها حتى فهمتها قال فألقي في نفسي أنها إنما أنزلت فينا فجلست على بعيري فلحقت برسول الله صلى الله عليه وسلم.

6442 ـ بەززارمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە مۇنۇلار قوشۇپ بايان قىلىنغان: بىز ئۆز ئارىمىزدا:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، اللهنى تونۇپ، ئىمان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىگە يەتكەن مۇسىبەت تۈپەيلى كۇپرىغا قايتقان كىشىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ـ دېيىشەتتۇق. كۇپرىغا قايتقۇچىلارمۇ ئۆز نەپسىلىرىگە بۇ سۆزنى تەكىتلەپ تۇراتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، الله تائالا بىزنىڭ ئۇلارغا دېگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە دېگەن سۆزلىرى ھەققىدە: (ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! اللهنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. سىلەر

[1] ھەيسەمى (9919): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھىيئە ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ئەمما راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

تۇيمىغان ھالەتتە سىلەرگە ئازابنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىشىدىن ئىلگىرى سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ گۈزەل قۇرئانغا ئەگىشىڭلار» ① دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئايەتنى بىر سەھىپىگە يېزىپ، دەرھال ھىشام ئىبنى ئاسغا ئەۋەتىپ بەردىم.

ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇ ئايەتنى داۋاملىق ئوقۇدۇم ۋە ئاخىرى مەنىسىنى چۈشەندىم. كۆڭلۈمدە: "بۇ ئايەت بىزنىڭ ھەققىمىزدە نازىل بولغان ئوخشايدۇ" دەپ ئويلىدىم ـ دە، دەرھال تۆگەمگە مىنىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدىن مەدىنىگە يېتىپ كەلدىم②.

(بەززار: 1746)

6443 - عن ابن عباس قال كان قدومنا على رسول الله صلى الله عليه وسلم لخمس من الهجرة خرجنا متوصلين مع قريش عام الأحزاب وأنا مع أخي الفضل ومعنا غلامنا أبو رافع حتى انتهينا إلى العرج فضل لنا في الطريق ركوبة وأخذنا في ذلك الطريق على الجثجاثة حتى خرجنا على بني عمرو بن عوف فدخلنا المدينة فوجدنا رسول الله صلى الله عليه وسلم في الخندق وأنا يومئذ ابن ثمان سنين وأخي ابن ثلاث عشرة سنة.

6443 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ھىجرەتنىڭ بەشىنچى يىلى (ھىجرەت قىلىپ) باردۇق. ئەھزاب يىلى قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىلەن بىللە يولغا چىقتۇق. قېرىندىشىم فەزل بىلەن خىزمەتچىمىز ئەبۇ رافىئمۇ بىللە ئىدى. ئەرەج دېگەن جايغا كەلگەندە، بىر تۆگىمىز يوقاپ كېتىپ، ئۇنى ئىزدەپ جەسجاسە يولىغا كىردۇق ۋە ئۇ يەردىن بەنى ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن مەدىنىگە كىردۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

① سۈرە زۇمەر، 52 ـ 53 ـ ئايەتلەر.

② ھەيسەمى (9918): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

خەندەك ئۇرۇشىدا ئىكەن. مەن شۇ كۈنى سەككىز ياشتا، قىرىندىشىم ئون ئۈچ ياشتا ئىدى[1].

(«ئەلئىسابە»: 3624)

[1] ھەيسەمى (9927): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەممارە ئەنسارى ۋە سۇلايمان ئىبنى داۋۇد ئىبنى ھۇسەين ئىسىملىك ھەدىسى ئىشەنچلىك ياكى زەئىپ دەپ باھا بېرىلمىگەن ئىككى كىشى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غازاتلىرىنىڭ سانى ۋە بەدر غازىتىدىن ئىلگىرىكى ۋەقەلەر بايانى

6444 - عَنْ أَبِي إِسْحَقَ قَالَ كُنْتُ إِلَى جَنْبِ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ فَقِيلَ لَهُ كَمْ غَزَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ غَزْوَةٍ قَالَ تِسْعَ عَشْرَةَ فَقُلْتُ كَمْ غَزَوْتَ أَنتَ مَعَهُ قَالَ سَبْعَ عَشْرَةَ قُلْتُ أَيتُهُن كَانَ أَولَ قَالَ ذَاتُ الْعُشَيْرِ أَوْ الْعُشَيْرَةِ.

6444 ـ ئەبۇ ئىسھاقتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىدا ئىدىم، ئۇنىڭدىن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانچە قېتىم غازات قىلغان؟ ـ دەپ سورىلىۋىدى، ئۇ:

ــ 19 قېتىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى، مەن:

ــ سەن ئۇنىڭ بىلەن قانچە قېتىم غازات قىلغان؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ 17 قېتىم، ـ دېدى، مەن:

ــ ئەڭ دەسلەپكىسى قايسىسى ئىدى؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ زاتۇلئۇشەير، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 1676)

6445 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ غَزَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تِسْعَ عَشْرَةَ غَزْوَةً قَاتَلَ فِي ثَمَانٍ مِنْهُن.

---

[①] ئەلبانى (1370): سەھىھ ـ دېگەن.

6445 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 19 قېتىم غازات قىلغان بولۇپ، سەككىز قېتىمدا ئۆزى بىۋاستە ئۇرۇشقا قاتناشقان.
(مۇسلىم: 1814)

6446 - عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقاصٍ قَالَ لَما قَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَدِينَةَ جَاءَتْهُ جُهَيْنَةُ فَقَالُوا إِنكَ قَدْ نَزَلْتَ بَيْنَ أَظْهُرِنَا فَأَوْثِقْ لَنا حَتى نَأْتِيَكَ وَتُؤْمِنا فَأَوْثَقَ لَهُمْ فَأَسْلَمُوا قَالَ فَبَعَثَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي رَجَبٍ وَلَا نَكُونُ مِائَةً وَأَمَرَنَا أَنْ نُغِيرَ عَلَى حَي مِنْ بَنِي كِنَانَةَ إِلَى جَنْبِ جُهَيْنَةَ فَأَغَرْنَا عَلَيْهِمْ وَكَانُوا كَثِيرًا فَلَجَأْنَا إِلَى جُهَيْنَةَ فَمَنَعُونَا وَقَالُوا لِمَ تُقَاتِلُونَ فِي الشهْرِ الْحَرَامِ فَقُلْنَا إِنمَا نُقَاتِلُ مَنْ أَخْرَجَنَا مِنْ الْبَلَدِ الْحَرَامِ فِي الشهْرِ الْحَرَامِ فَقَالَ بَعْضُنَا لِبَعْضٍ مَا تَرَوْنَ فَقَالَ بَعْضُنَا نَأْتِي نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنُخْبِرُهُ وَقَالَ قَوْمٌ لَا بَلْ نُقِيمُ هَاهُنَا وَقُلْتُ أَنَا فِي أُنَاسٍ مَعِي لَا بَلْ نَأْتِي عِيرَ قُرَيْشٍ فَنَقْتَطِعُهَا فَانْطَلَقْنَا إِلَى الْعِيرِ وَكَانَ الْفَيْءُ إِذْ ذَاكَ مَنْ أَخَذَ شَيْئًا فَهُوَ لَهُ فَانْطَلَقْنَا إِلَى الْعِيرِ وَانْطَلَقَ أَصْحَابُنَا إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرُوهُ الْخَبَرَ فَقَامَ غَضْبَانًا مُحْمَر الْوَجْهِ فَقَالَ أَذَهَبْتُمْ مِنْ عِنْدِي جَمِيعًا وَجِئْتُمْ مُتَفَرقِينَ إِنمَا أَهْلَكَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ الْفُرْقَةُ لَأَبْعَثَن عَلَيْكُمْ رَجُلًا لَيْسَ بِخَيْرِكُمْ أَصْبَرُكُمْ عَلَى الْجُوعِ وَالْعَطَشِ فَبَعَثَ عَلَيْنَا عَبْدَ اللهِ بْنَ جَحْشٍ الْأَسَدِي فَكَانَ أَولَ أَمِيرٍ أُمرَ فِي الْإِسْلَامِ.

6446 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەن چاغدا، جۇھەينە قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

ـ سەن بىزنىڭ ئارىمىزغا كېلىپ چۈشتۈڭ. بىزگە ئەھدە بەرگىن، بىز يېنىڭغا خاتىرجەم كېلىپ ـ كېتىپ تۇرايلى، سەنمۇ بىزگە ئىشىنەلەيسەن، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا ئەھدە بەردى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مۇسۇلمان بولدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەجەب ئېيىدا بىزنى جۇھەينە قەبىلىسىنىڭ قېشىدىكى بەنى كىنانە قەبىلىسىنىڭ بىر مەھەللىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، ئەسكەر سانىمىز يۈزگىمۇ يەتمەيتتى. شۇنداقتىمۇ

ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدۇق، لېكىن ئۇلار سان جەھەتتىن ئۈستۈن كەلگەچكە، ئارقىمىزغا چېكىنىپ، جۇھەينە قەبىلىسىگە پاناھلانماقچى بولدۇق. بىراق ئۇلار بىزنى پاناھىغا ئالماي:

ـ نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىسىلەر؟ ـ دەپ تۇرىۋالدى، بىز:

ــ بىزنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش ھارام قىلىنغان جاي (ھەرەم)دىن چىقىرىۋەتكەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلدۇق، ـ دېدۇق. ئاندىن قانداق قىلىش توغرىسىدا كېڭىشىشكە باشلىدۇق، بەزىلەر:

ـ قايتىپ كېتىپ، ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىلدۈرەيلى، ـ دېسە، بەزىلەر:

ـ مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرايلى، ـ دەيتتى. مەن ۋە بىر نەچچە ھەمراھىم:

ـ ياق، ئەڭ ياخشىسى قۇرەيش كارۋىنىغا ھۇجۇم قىلايلى، ـ دەپ تۇرىۋالدۇق. شۇنداق قىلىپ، بىز قۇرەيش كارۋىنىغا ھۇجۇم قىلدۇق، قالغانلار مەدىنىگە قايتىپ، ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاچچىقلانغان ھالدا:

ـ مەن سىلەرنى بىر پۈتۈن قوشۇن سۈپىتىدە ئەۋەتسەم، سىلەر پارچە ـ پارچە بولۇپ كەپسىلەر. سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھالاك بولغانىدى. قارىغاندا، سىلەرگە بىرىنى قوماندان قىلىپ ئەۋەتمىسەم بولمىغۇدەك، گەرچە ئۇ سىلەرنىڭ ئەڭ خەيرلىكلىرى بولمىسىمۇ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا سىلەردىنمۇ بەكرەك چىقدامىلىقتۇر، ـ دېدى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ئەسەدىينى قوماندان قىلىپ ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى قوماندان بولۇپ قالدى[①].

(ئەھمەد: 1542)

---

[①] ھەيسەمى (9938): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇجالىد ئىبنى سەئىد ئىسىملىك بىرى بار. كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، نەسائى ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىمام ئەھمەدنىڭ قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

6447 - عن زر قال أول راية رفعت في الاسلام راية عبدالله بن جحش وأول مال خمس في الاسلام مال عبدالله بن جحش.

6447 ـ زىر ئىبنى ھۇبەيش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىسلامىيەتتە تۇنجى بولۇپ كۆتۈرۈلگەن تۇغ ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنىڭ تۇغى؛ ئىسلامىيەتتە تۇنجى قېتىم بەشكە بۆلۈنگەن ئولجىمۇ ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنىڭ ئولجىسى ئىدى[①].

(«ئەلكەبىر»)

6448 - عَنْ جُنْدُبٍ: أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أنهُ بَعَثَ رَهْطًا وَبَعَثَ عَلَيهِمْ عَبْدَ اللهِ بن جَحْشٍ وَكَتبَ لَهُ كِتَابًا وَأَمَرَهُ أَنْ لا يَقْرَأَ الْكِتَابَ حَتى يَبْلُغَ مَكَانَ كَذَا وَكَذَا، وَقَالَ: لا تُكْرِهَن أَحَدًا مِنْ أَصْحَابِكَ عَلَى الْمَسِيرِ مَعَكَ، فَلَما قَرَأَ الْكِتَابَ اسْتَرْجَعَ ثُم قَالَ: سَمْعٌ وَطَاعَةٌ لِلهِ وَرَسُولِهِ، فَخَبَرَهُمُ الْخَبَرَ وَقَرَأَ عَلَيهِمُ الْكِتَابَ، فَرَجَعَ رَجُلانِ وَمَضَى بَقِيتُهُمْ، فَلَقُوا ابْنَ الْحَضْرَمِي فَقَتَلُوهُ ، وَلَمْ يَدْرُوا أن ذَلِكَ الْيَوْمَ مِنْ رَجَبٍ أَوْ جُمَادَى، فَقَالَ الْمُشْرِكُونَ لِلْمُسْلِمِينَ: قَتَلْتُمْ فِي الشهْرِ الْحَرَامِ، فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل: يَسْأَلُونَكَ عَنِ الشهْرِ الْحَرَامِ قِتَالٍ فِيهِ فَقَالَ بَعْضُهُمْ: إِنْ لَمْ يَكُونُوا أَصَابُوا وِزْرًا فَلَيْسَ لَهُمْ أَجْرٌ فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل: إِن الذِينَ آمَنُوا وَالذِينَ هَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللهِ أُولَئِكَ يَرْجُونَ رَحْمَةَ اللهِ وَاللهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ .

6448 ـ جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قانچە كىشىلىك ئەترەت تەشكىللەپ، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنى قوماندان قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا بىر پارچە مەكتۇب بېرىپ، مەكتۇبنى ئۆزى بەلگىلەپ بەرگەن يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئېچىشقا بۇيرىدى ۋە: «قول ئاستىڭدىكىلەرنى ئۆزەڭ بىلەن بىللە مېڭىشقا زورلىمىغىن» دەپ تاپىلىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەلگىلەپ بەرگەن يەرگە بېرىپ مەكتۇبنى ئوقۇغان ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ئاۋۋال:

[①] ھەيسەمى (9939): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

ــ ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن (بىز ئەلۋەتتە اﷲنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم اﷲنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز) [1] دېگەندىن كېيىن:

ــ اﷲ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنۇش بۇرچۇمدۇر، ـ دېدى. ئاندىن ئەھۋالنى قوشۇندىكىلەرگە ئېيتىپ، مەكتۇبنى ئوقۇپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئىككى كىشى كەينىگە قايتتى، قالغانلار داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى ۋە تۇنجى بولۇپ ھەزرەمىنىڭ ئوغلى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۋەتتى. لېكىن ئۇلار بۇ كۈننىڭ رەجەب ئېيىغا ياكى جۇمادىلئاخىر ئېيىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەلمىدى. شۇڭا بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا:

ــ سىلەر ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايدا ئادەم ئۆلتۈردۈڭلار، ـ دەپ تۇرۇۋالغاندى، اﷲ ئەززە ۋەجەللە: (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: «ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر؛ اﷲنىڭ يولىدىن توسۇش، اﷲقا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرامدا (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرامدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش اﷲنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر، پىتنە (يەنى مۇئمىنلەرگە زىيانداشلىق قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر». ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرىۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كافىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر [2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بەزىلەر:

ــ ئۇلار گۇناھ ئىش قىلمىغان تەقدىردىمۇ ساۋابقا ئېرىشمەيدۇ، ـ دېيىشكە باشلىغاندى، اﷲ ئەززە ۋەجەللە: شۈبھىسىزكى، ئىمان

[1] سۇرە بەقەرە، 156 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۇرە بەقەرە، 217 ـ ئايەت.

ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە اللهنىڭ يولىدا جىهاد قىلغانلار ـ ئەنە شۇنداق كىشىلەر اللهنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر[①] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[②].

(«ئەلكەبىر»: 1670)

6449 - عَنْ جُبَيْرِ بن مُطْعِمٍ قال قال أبو جَهْلِ بن هِشَامٍ حين قَدِمَ مَكةَ مُنْـ صَرَفُهُ عن حَمْزَةَ يا مَعْشَرَ قُرَيْشٍ إن محمدا قد نَزَلَ يَثْرِبَ وَأَرْسَلَ طَلَائِعَهُ وَإِنَمَا يُرِيدُ أَنْ يُـ صِيبَ مِنْكُمْ شيئا فَاحْذَرُوا أَنْ تَمُروا طَرِيقَهُ وَأَنْ تُقَارِبُوهُ فإنه كَالأَسَدِ الضارِي. فذكر الحديث.

وفي رواية: بعث رسول الله صلى الله عليه وسلم حمزة إلى سيف بحر في ثلاثين راكبا من المهاجرين فلقي ابا جهل في ثلاثمائة راكب في عير لقريش جاءت من الشام فحجـ ـر بينهم مجدى بن عوف الجهني ولم يكن قتال.

6449 ـ جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەترىتىدىن قۇتۇلۇپ، مەككىگە كەلگەندىن كېيىن:

ـــ ئى قۇرەيش خەلقى! مۇھەممەد يەسرىبكە جايلىشىپ، جاسۇسلىرىنى ھەر تەرەپكە ئەۋەتتى، ئۇ سىلەردىن بىرەر نەرسە ئۇندۇرۇۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ يولىدىن ئۆتۈپ قالماڭلار، يېقىنمۇ يولاپ سالماڭلار. چۈنكى ئۇ ھازىر يارىدار شىرغا ئوخشاش (خەتەرلىك) بولۇپ قالدى، ـ دېگەن...

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەمزەنى 30 كىشىلىك ئاتلىق ئەترەتكە باش قىلىپ، سەيفى بەھر دېگەن جايغا ئەۋەتتى. ئەترەت ئەبۇ جەھىل باشچىلىقىدا شامدىن كېلىۋاتقان 300 كىشىلىك كارۋانغا ئۇچراشتى. لېكىن مەجدا ئىبنى ئەۋف جۇھەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، توقۇنۇشنىڭ ئالدىنى ئالدى[③].

(«ئەلكەبىر»: 1532)

[①] سۈرە بەقەرە، 218 ـ ئايەت.
[②] ھەيسەمى (10336): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.
[③] ھەيسەمى (9940): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6450 - عن عمرو بن عوف الْمُزَنِي، قَالَ: غَزَوْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أولَ غَزْوَةٍ غَزَاهَا الأَبْوَاءَ حَتى إِذَا كُنا بِالروْحَاءِ، نَزَلَ بِعِرْقِ الظبْيَةِ، فَصَلى، ثُم قَالَ: هَلْ تَدْرُونَ مَا اسْمُ هَذَا الْجَبَلِ؟ قَالُوا: اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ، قَالَ: هَذَا جَبَلٌ مِنْ جِبَالِ الْجَنةِ، اللهُم بَارِكْ فِيهِ، وَبَارِكْ لأَهْلِهِ فِيهِ وَقَالَ لِلروْحَاءِ: هَذِهِ سَجَاسِجُ وَادٍ مِنْ أَوْدِيَةِ الْجَنةِ, لَقَدْ صَلى فِي هَذَا الْمَسْجِدِ قَبْلِي سَبْعُونَ نَبِيا، وَلَقَدْ مَر بِهَا مُوسَى عَلَيْهِ عَبَاءَتَانِ قَطْوَانِيتَانِ عَلَى نَاقَةٍ وَرْقَاءَ فِي سَبْعِينَ أَلْفٍ مِنْ بني إِسْرَائِيلَ حَاجِينَ الْبَيْتَ الْعَتِيقَ، وَلا تَمُر الساعَةُ حَتى يَمُر بِهَا عِيسَى بن مَرْيَمَ عَبْدُ اللهِ وَرَسُولُهُ حَاجا، أَوْ مُعْتَمِرًا، أَوْ يَجْمَعُ اللهُ لَهُ ذَلِكَ.

6450 ـ ئەمىر ئىبنى ئەۋف مۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇنجى غازىتى ئەبۋائ غازىتىغا چىقتۇق. رەۋھاغا يېتىپ بېرىپ، قەرنۇززەبىيە دېگەن جىلغىغا چۈشتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ يەردە ناماز ئوقۇدى، ئاندىن:

ــ بۇ تاغنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى، بىز:

ـــ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلىدۇ، ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇ، جەننەت تاغلىرىدىن بىرىدۇر. ئى الله! بۇ تاغقا ۋە ئاھالىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن! ـ دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن:

ــ بۇ جىلغا جەننەت جىلغىلىرىدىن بىرىدۇر. مۇشۇ مەسجىدتە مەندىن بۇرۇن 70 پەيغەمبەر ناماز ئوقۇغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىككى تونىنى كىيىپ، كۆلرەڭ تۆگىگە مىنىپ، بەنى ئىسرائىلدىن 70 مىڭ كىشىنى باشلاپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغىلى ماڭغاندا، مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن. ئىيسا ئەلەيھىسسالامۇ ھەج ياكى ئۆمرە قىلغىلى ۋە ياكى ھەر ئىككىسىگە بىراقلا نىيەت قىلىپ بۇ يەردىن ئۆتمىگىچە، قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 16/17)

---

[1] ھەيسەمى (9941): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كەسىر ئىبنى مۇزەنى ئىسىملىك بىرى بار. كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، تىرمىزى ھەدىسى ھەسەن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6451 - عَنْ أَنسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَاوَرَ حِينَ بَلَغَهُ إِقْبَالُ أَبِي سُفْيَانَ قَالَ فَتكَلمَ أَبو بَكْرٍ فَأَعْرَضَ عَنْهُ ثُم تَكَلمَ عُمَرُ فَأَعْرَضَ عَنْهُ فَقَامَ سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ فَقَالَ إِيانَا تُرِيدُ يَا رَسُولَ اللهِ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَوْ أَمَرْتَنَا أَنْ نُخِيضَهَا الْبَحْرَ لَأَخَضْنَاهَا وَلَوْ أَمَرْتَنَا أَنْ نَضْرِبَ أَكْبَادَهَا إِلَى بَرْكِ الْغِمَادِ لَفَعَلْنَا قَالَ فَنَدَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الناسَ فَانْطَلَقُوا حَتى نَزَلُوا بَدْرًا وَوَرَدَتْ عَلَيْهِمْ رَوَايَا قُرَيْشٍ وَفِيهِمْ غُلَامٌ أَسْوَدُ لِبَنِي الْحَجاجِ فَأَخَذُوهُ فَكَانَ أَصْحَابُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْأَلُونَهُ عَنْ أَبِي سُفْيَانَ وَأَصْحَابِهِ فَيَقُولُ مَا لِي عِلْمٌ بِأَبِي سُفْيَانَ وَلَكِنْ هَذَا أَبو جَهْلٍ وَعُتْبَةُ وَشَيْبَةُ وَأُمَيةُ بْنُ خَلَفٍ فَإِذَا قَالَ ذَلِكَ ضَرَبُوهُ فَقَالَ نَعَمْ أَنَا أُخْبِرُكُمْ هَذَا أَبُو سُفْيَانَ فَإِذَا تَرَكُوهُ فَسَأَلُوهُ فَقَالَ مَا لِي بِأَبِي سُفْيَانَ عِلْمٌ وَلَكِنْ هَذَا أَبو جَهْلٍ وَعُتْبَةُ وَشَيْبَةُ وَأُمَيةُ بْنُ خَلَفٍ فِي الناسِ فَإِذَا قَالَ هَذَا أَيْضًا ضَرَبُوهُ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَائِمٌ يُصَلي فَلَما رَأَى ذَلِكَ انْصَرَفَ قَالَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَتَضْرِبُوهُ إِذَا صَدَقَكُمْ وَتَتْرُكُوهُ إِذَا كَذَبَكُمْ قَالَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَا مَصْرَعُ فُلَانٍ قَالَ وَيَضَعُ يَدَهُ عَلَى الْأَرْضِ هَاهُنَا هَاهُنَا قَالَ فَمَا مَاطَ أَحَدُهُمْ عَنْ مَوْضِعِ يَدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

6451 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ سۇفيانىنىڭ (شامدىن) كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ساھابىلىرىدىن مەسلىھەت سورىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆز قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆز قىلىۋىدى، ئۇنىڭدىنمۇ يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. سەئد ئىبنى ئۇبادە ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! قارىغاندا، بىز (ئەنسارىلار)نىڭ مەسلىھەت بېرىشىمىزنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلىسەن. جېنىم ئىلكىدە بولغان ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ناۋادا بىزنى دېڭىزغا كىرىشكە بۇيرىساڭ، قىلچە ئىككىلەنمىگەن ھالدا شۇڭغۇيمىز. ناۋادا تۆگىلىرىمىزنىڭ بېقىنىغا دېۋىتكەن يېتى بەركىل غىمادقىچە بېرىشقا بۇيرىساڭ، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنى غازاتقا چىقىشقا چاقىردى. ئۇلار ئاتلىنىپ بەدرگە چۈشتى. قۇرەيشنىڭ بىر نەچچە سۇچىسى شۇ تەرەپكە كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەججاج جەمەتىنىڭ بىر قارا مالىيى بار بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۇنى تۇتۇپ كېلىشتى. ساھابىلار ئۇنىڭدىن ئەبۇ سۇفيان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى توغرىلىق سورىسا، ئۇ:

ـ ئەبۇ سۇفياننى بىلمەيمەن. بۇ يەردە ئەبۇ جەھل، ئۇتبە، شەيبە ۋە ئۇمەييە ئىبنى خەلەف قاتارلىقلار بار، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلەر ئۇنى (يالغان ئېيتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ) دۇمبالاشقا باشلىغاندى:

ـ توختاڭلار، ئېيتىپ بېرەي. ئەبۇ سۇفيانمۇ مۇشۇ يەردە، ـ دېدى. ئۇرۇشتىن توختاپ، قايتا سورىسا، يەنە:

ـ ئەبۇ سۇفياننى بىلمەيمەن، بۇ يەردە ئەبۇ جەھل، ئۇتبە، شەيبە ۋە ئۇمەييە ئىبنى خەلەف قاتارلىقلار بار، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار يەنە ئۇرۇشقا باشلىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرغان بولۇپ، نامىزنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:

ـــ جېنىم ئىلكىدە بولغان ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ سىلەرگە راست سۆزلىسە ئۇردۇڭلار، يالغان سۆزلىسە قويۇپ بەردىڭلار، ـ دېدى، ئاندىن قولى بىلەن يەرنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

ـــ بۇ يەردە پالانى، بۇ يەردە پوستانى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ـ دېدى. دەرۋەقە، ئىسمى ئاتالغان ئۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولى بىلەن كۆرسەتكەن يەرلەردە ئۆلتۈرۈلدى.

(مۇسلىم: 1779)

6452 - عَنْ عُرْوَةَ، قَالَ: كَانَتْ عَاتِكَةُ بنتُ عَبْدِ الْمُطلِبِ عَمةُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَاكِنَةٌ مَعَ أَخِيهَا الْعَباسِ بن عَبْدِ الْمُطلِبِ، فَرَأَتْ رُؤْيَا قُبَيْلَ بَدْرٍ فَفَزِعَتْ، فَأَرْسَلَتْ إِلَى أَخِيهَا عَباسٍ مِنْ لَيْلَتِهَا حِينَ فَزِعَتْ، واسْتَيْقَظَتْ مِنْ نَوْمِها، وَقَالَتْ: رَأَيْتُ رُؤْيَا وَقَدْ خَشِيتُ مِنْهَا عَلَى قَوْمِكَ الْهَلَكَةَ، قَالَ: وَمَا رَأَيْتِ؟ قَالَتْ: لَنْ أُحَدثُكَ حَتى تُعَاهِدَنِي أَنْ لا تَذْكُرَهَا، فَإِنهُمْ إِنْ سَمِعُوها آذَوْنا، فَأَسْمَعُونَا مَا لا نُحِب، فَعَاهَدَها عَباسٌ، فَقَالَتْ: رَأَيْتُ رَاكِبًا أَقْبَلَ عَلَى رَاحِلَتِهِ مِنْ أَعْلَى مَكةَ يَصِيحُ بِأَعْلَى صَوْتِهِ: يَا آلَ غُدَرٍ، وَيَا آلَ فُجَرٍ، اخْرُجُوا فِي لَيْلَتَيْنِ أَوْ ثَلاثٍ، ثُم دَخَلَ الْمَسْجِدَ عَلَى رَاحِلَتِهِ فَصَرَخَ فِي الْمَسْجِدِ ثَلاثَ صَرَخَاتٍ، وَمَالَ إِلَيْهِ مِنَ الرجَالِ وَالنسَاءِ وَالصبْيَانِ، وَفَزِعَ الناسُ لَهُ أَشَد الْفَزَعِ، ثُم أُرَاهُ عَلَى ظَهْرِ الْكَعْبَةِ عَلَى رَاحِلَتِهِ، فَصَاحَ ثَلاثَ صَرَخَاتٍ: يَا آلَ غُدَرٍ، وَيَا آلَ فُجَرٍ، اخْرُجُوا فِي لَيْلَتَيْنِ أَوْ ثَلاثٍ حَتى أَسْمَعَ مَنْ بَيْنَ الأَخْشَبَيْنِ مِنْ أَهْلِ مَكةَ، ثُم عَمَدَ لِصَخْرَةٍ عَظِيمَةٍ فَنَزَعَهَا مِنْ أَصْلِهَا، ثُم أَرْسَلَهَا عَلَى أَهْلِ مَكةَ، فَأَقْبَلَتِ الصخْرَةُ لَهَا دَوِي، حَتى إِذَا كَانَتْ عِنْدَ أَصْلِ الْجَبَلِ ارْفَضتْ، فَلا أَعْلَمُ بِمَكةَ بَيْتًا وَلا دَارًا إِلا قَدْ دَخَلَهَا فِلْقَةٌ مِنْ تِلْكَ الصخْرَةِ، فَلَقَدْ خَشِيتُ عَلَى قَوْمِكَ أَنْ يَنْزِلَ بِهِمْ شَر، فَفَزِعَ مِنْهَا عَباسٌ، وَخَرَجَ مِنْ عِنْدِهَا فَلَقِيَ مِنْ آخِرِ لَيْلَتِهِ الْوَلِيدَ بن عُتْبَةَ بن رَبِيعَةَ، وَكَانَ خَلِيلا لِلْعَباسِ فَقَص عَلَيْهِ رُؤْيَا عَاتِكَةَ وَأَمَرَهُ أَنْ لا يَذْكُرَهَا لأَحَدٍ، فَذَكَرَهَا الْوَلِيدُ لأَبِيهِ، وَذَكَرَهَا عُتْبَةُ لأَخِيهِ شَيْبَةَ، وَارْتَفَعَ حَدِيثُهَا حَتى بَلَغَ أَبَا جَهْلِ بن هِشَامٍ، واسْتَفَاضَتْ، فَلَما أَصْبَحُوا غَدَا عَباسٌ يَطُوفُ بِالْبَيْتِ حِينَ أَصْبَحَ فَوَجَدَ أَبَا جَهْلٍ، وَعُتْبَةَ بن رَبِيعَةَ، وَشَيْبَةَ بن رَبِيعَةَ، وَأُمَيةَ بن خَلَفٍ، وَزَمْعَةَ بن الأَسْوَدِ، وَأَبَا الْبَخْتَرِي فِي نَفَرٍ يَتَحَدثُونَ، فَلَما نَظَرُوا إِلَى عَباسٍ يَطُوفُ بِالْبَيْتِ نَادَاهُ أَبُو جَهْلٍ: يَا أَبَا الْفَضْلِ إِذَا قَضَيْتَ طَوَافَكَ فَائْتِنا، فَلَما قَضَى طَوَافَهُ أَتَى فَجَلَسَ، فَقَالَ أَبُو جَهْلٍ: يَا أَبَا الْفَضْلِ مَا رُؤْيَا رَأَتْهَا عَاتِكَةُ؟ قَالَ: مَا رَأَتْ مِنْ شَيْءٍ، قَالَ: بَلَى، أَمَا رَضِيتُمْ يَا بني هَاشِمٍ، بِكَذِبِ الرجَالِ حَتى جِئْتُمُونا بِكَذِبِ النسَاءِ، إِنا كُنا وَأَنْتُمْ كَفَرَسَيْ رِهَانٍ فَاسْتَبَقْنَا الْمَجْدَ مُنْذُ حِينٍ، فَلَما تَحَاذَتِ الركَبُ قُلْتُم مِنا نَبِي، فَمَا بَقِيَ إِلا تَقُولُوا مِنا نَبِيةٌ، لا أَعْلَمُ فِي قُرَيْشٍ أَهْلَ بَيْتٍ أَكْذَبَ رَجُلا، وَلا أَكْذَبَ امْرَأَةً مِنْكُمْ، فَآذَوْهُ يَوْمَئِذٍ أَشَد الأَذَى، وَقَالَ أَبو جَهْلٍ: زَعَمَتْ عَاتِكَةُ أَن الراكِبَ قَالَ: اخْرُجُوا فِي لَيْلَتَيْنِ أَوْ ثَلاثٍ، فَلَوْ

قَدْ مَضَتْ هَذِهِ الثلاثُ تَبينَتْ لِقُرَيْشٍ كَذِبُكُمْ، وَكَتَبْنَا سِجِلا ثُم عَلقْنَاهُ بِالْكَعْبَةِ أَنكُمْ أَكْذَبُ بَيْتٍ فِي الْعَرَبِ رَجُلا وَامْرَأَةً، أَمَا رَضِيتُمْ يَا بَنِي قُصَي أَنكُمْ ذَهَبْتُمْ بِالْحِجَابَةِ وَالندْوَةِ وَالسقَايَةِ، وَالرِوَاءِ وَالرفَادَةِ حَتى جِئْتُمُونَا زَعَمْتُمْ بِنَبِي مِنْكُمْ، فَآذَوْهُ يَوْمَئِذٍ أَشَد الأَذَى، وَقَالَ لَهُ عَباسٌ: مَهْلا يَا مُصَفرَ اسْتِهِ، هَلْ أَنتَ مُنْتَهٍ فَإِن الْكَذِبَ فِيكَ وَفِي أَهْلِ بَيْتِكَ، وَقَالَ لَهُ مَنْ حَضَرَهُ: يَا أَبَا الْفَضْلِ، مَا كُنتَ بِجَاهِلٍ، وَلا خَرِفٍ، وَلَقِيَ عَباسٌ مِنْ عَاتِكَةَ أَذًى شَدِيدًا فِيمَا أَفْشَى مِنْ حَدِيثِهَا، فَلَما كَانَ مَسَاءُ لَيْلَةِ الثالِثَةِ مِنَ الليَالِي، التِي رَأَتْ فِيهَا عَاتِكَةُ الرؤْيَا جَاءَهُمُ الراكِبُ الذِي بَعَثَ أَبُو سُفْيَانَ، ضَمْضَمُ بن عَمْرٍو الْغِفَارِي فَقَالَ: يَا آلَ غَالِبٍ، انْفِرُوا فَقَدْ خَرَجَ مُحَمدٌ وَأَصْحَابُهُ لِيَعْتَرِضُوا لأَبِي سُفْيَانَ فَأَحْرِزُوا عِيرَكُمْ، فَفَزِعَتْ قُرَيْشٌ أَشَد الْفَزَعِ، وأَشْفَقُوا مِنْ رُؤْيَا عَاتِكَةَ، وَنَفَرُوا عَلَى كُل صَعْبٍ وَذَلُولٍ.

6452 ـ ئۇرۋەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئاتىكە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىب (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاممىسى) ئاكىسى ئابباسقا:

— بىر چۈش كۆردۈم، قەۋمىڭنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىۋاتىمەن، ـ دېدى. ئابباس:

ـ نېمە چۈش كۆردۈڭ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ـ ئۇنى ھېچكىمگە ئېيتمايدىغانلىقىڭغا ئەھدە بەرمىسەڭ، سۆزلەپ بەرمەيمەن. چۈنكى كىشىلەر بۇنى ئاڭلىسا، بىزگە تىل ـ ھاقارەت ياغدۇرۇپ ئازار بېرىدۇ، ـ دەپ تۇرىۋالدى. ئابباس ئۇنىڭغا ئەھدە بەرگەندىن كېيىن، ئاتىكە چۈشىنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى:

ـ ئۇلاغقا مىنگەن بىرى مەككىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن كېلىپ، ئاۋازىنىڭ بېرىچە: ”ئى ۋاپاسىزلار! ئى فاجىرلار! ئىككى ياكى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۆلتۈرۈلىدىغان جايىڭلارغا چىقىڭلار!“ دەپ توۋلىدى. ئاندىن مەسجىدكە كىرىپ، يەنە ئۈچ قېتىم توۋلىدى. مەككىدىكى ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇلىغى بىلەن كەئبىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ھېلىقى جۈملىلەرنى ئەينەن تەكرارلاپ ئۈچ قېتىم توۋلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن

ئاھالە ئوچۇق ئاڭلىدى. ئاندىن ئۇ يوغان بىر قۇرام تاشنى قومۇرۇپ مەككە ئاھالىسىگە قارىتىپ دۇمىلاتتى. تاش دۇمىلاپ تاغ تۈۋىگە كەلگەندە، پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى ۋە مەككىدىكى ھەر بىر ئۆينىڭ ئۈستىگە بىر پارچىدىن چۈشتى. شۇڭا مەن سېنىڭ قەۋمىڭگە يامانلىق يېتىپ قېلىشىدىن قورقتۇم.

ئاباسمۇ بۇ چۈشتىن قورقۇپ كەتتى ۋە سىرتقا چىقىپ كەتتى. يولدا ۋەلىد ئىبنى ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ، ئاباسنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئاباس ئۇنىڭغا ئاتىكەنىڭ چۈشىنى سۆزلەپ بەردى ۋە ھېچكىمگە دېمەسلىكىنى تاپىلىدى. لېكىن ۋەلىد بۇ سۆزلەرنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، دادىسى ئۇتبەگە سۆزلەپ بەردى. ئۇتبە قېرىندىشى شەيبەگە ئېيتىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، بۇ چۈش ھەممىگە يېيىلىپ، ئەبۇ جەھلگىچە يېتىپ باردى. ئەتىسى سەھەردە، ئاباس كەئبىنى تاۋاپ قىلغىلى باردى. ئەبۇ جەھل، ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف، زەمئە ئىبنى ئەسۋەد ۋە ئەبۇ بەختەرى قاتارلىقلار كەئبە تۈۋىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئەبۇ جەھل:

ــ ئەي ئەبۇ فەزل! تاۋاپ قىلىپ بولۇپ قېشىمىزغا كەلگىن! ـ دېدى. ئاباس تاۋاپ قىلىپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەبۇ جەھل ئۇنىڭدىن:

ــ ئاتىكە قانداق چۈش كۆرۈپتۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئاباس:

ــ ئۇ ھېچقانداق چۈش كۆرمىدى، ـ دېدى. ئەبۇ جەھل:

ــ ياق، كۆرۈپتۇ. ئەي بەنى ھاشىم جەمەتى، سىلەر ئەرلىرىڭلارنىڭ يالغانچىلىقى يەتمىگەندەك، ئەمدى ئاياللىرىڭلارنىڭ يالغان سۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقتىڭلارمۇ؟ بىز ئۇزۇن زاماندىن بېرى سىلەر بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئاتلاردەك ئىززەت ـ ئابرۇي ئۈچۈن توختىماي بەسلىشەتتۇق. مانا ئەمدى بىز تەڭلىشىپ قالغان بىر پەيتتە، سىلەر قوپۇپ: ”بىزدىن پەيغەمبەر چىقتى“ دەپ تۇرۇۋالدىڭلار. ئەمدىلىكتە: ”بىزدىن ئايال پەيغەمبەر چىقتى“ دەۋېلىشىڭلاردىن باشقا ئىش قالمىدى. مەن قۇرەيش خەلقى ئىچىدە مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، سىلەردىنمۇ يالغانچىراق

بىر جەمەتنى كۆرمىدىم. ئاتىكەنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلاغقا مىنگەن بىرى كېلىپ: ”ئىككى ياكى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۆلتۈرۈلىدىغان جايىڭلارغا چىقىڭلار!“ دەپ تۇۋلاپتىمىش. ئۈچ كۈندىن كېيىن، سىلەرنىڭ يالغانچىلىقىڭلار قۇرەيش خەلقىگە ئاشكارا بولىدۇ. بىز سىلەرنىڭ مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئەرەبلەر ئىچىدىكى ئەڭ يالغانچى كىشىلەر ئىكەنلىكىڭلار ھەققىدە بىر پۈتۈك يېزىپ، كەئبىگە ئېسىپ قويىمىز. ئى قۇسەي ئەۋلادى! سىلەر كەئبىنىڭ خىزمىتىنى، قۇرۇلتاي ئىشلىرىنى ھەم ھاجىلارنى سۇغۇرۇش، سۇ توشۇش ۋە ئىئانە توپلاپ ھاجىلارغا تارقىتىش ئىشلىرىنى قولۇڭلارغا ئېلىۋالغانلىقىڭلارغا رازى بولماي، ئاخىرى ئالدىمىزغا: ”بىزدىن پەيغەمبەر چىقتى“ دەپ كەلدىڭلار، ـ دېدى ۋە ئاbباسنى قاتتىق ئازارلىدى. ئاbباس ئۇنىڭغا:

ـ ئى ئۇسسۇرغاق! گېپىڭ تۈگىدىمۇ؟ يالغانچىلىق دېگەن سەندە، سېنىڭ جەمەتىڭدە. كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى يېقىندا كۆرىسەن، ـ دېدى. سورۇندىكىلەردىن بىرى:

ــ ئى ئەبۇل فەزل! سەن نادان ئەمەس، ئالىجوقا سۆزلەيدىغان كىشىمۇ ئەمەس تۇرۇپ، بۇ سۆزلەرگە قانداق ئىشەندىڭ؟ ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئاbباس ئاتىكەنىڭ چۈشى سەۋەبىدىن قاتتىق ئازار يېدى.

(ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ) ئۈچىنچى كۈنى كەچ ۋاقتى بولغاندا، ئەبۇ سۇفيان ئەۋەتكەن چاپارمەن زەمزەم ئىبنى ئەمر غىفارى يېتىپ كەلدى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن:

ــ ئى غالىب ئەۋلادى، ئۇرۇشقا ئاتلىنىڭلار! مۇھەممەد ھەمراھلىرىنى ئېلىپ، ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا چىقتى، كارۋىنىڭلارنى قۇتقۇزىۋېلىڭلار! ــ دەپ توۋلىدى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان قۇرەيش خەلقىنىڭ يادىغا ئاتىكەنىڭ چۈشى كەلدى ـ دە، قاتتىق چۆچۈشۈپ كەتتى. ئۇلار دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، بەدرگە قاراپ ئاتلاندى[1].

(«ئەلكەبىر»: 346/24)

[1] ھەيسەمى (9947): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھەيئە ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

6453 - عن مُصْعَبُ بن عَبْدِ اللهِ، وَغَيْرُهُ مِنْ قُرَيْشٍ، أن عَاتِكَةَ بنتَ عَبْدِ الْمُطلِبِ، قَالَتْ فِي صِدْقِ رُؤْيَاها وَتَكْذِيبِ قُرَيْشٍ لَهَا حِينَ أَوْقَعَ بِهِمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِبَدْرٍ:

أَلَمْ تَكُنِ الرؤْيَا بِحَق وَيَأْتِكُمْ ... بِتَأْوِيلِها فُلُّ مِنَ الْقَوْمِ هَارِبُ

رَأَى فَأَتَاكُمْ بِالْيَقِينِ الذِي رَأَى ... بِعَيْنَيْهِ مَا تُفْرَى السُيُوفُ الْقَوَاضِبُ

فَقُلْتُمْ وَلَمْ أَكْذِبْ كَذَبْتُ وإنما ... يَكْذِبُنِي بِالصدْقِ مَنْ هُوَ كَاذِبُ

6453 ـ مۇسئەب ئىبنى ئابدۇللاھ بىلەن باشقىلاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى بەدرىدە ئېغىر تالاپەتكە دۇچار قىلغاندىن كېيىن، ئاتىكە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىب ئۆز چۈشىنىڭ (گەرچە قۇرەيشلەر تەرىپىدىن يالغانغا چىقىرىلغان بولسىمۇ) ئەمەلىيەتكە ئايلانغانلىقى ھەققىدە مۇنۇ بېيىتلارنى ئېيتقان:

كۆرگەن چۈشۈم راستىمكەن،
ئېيتسۇن بەدردىن قاچقانلار.
كۆزنى قىلدى ئالىچەكمەن،
يالت ـ يۇلت قىلىچ ـ قالقانلار.

چۈشۈمنى ئېيتىپ بەرسەم،
”يالغانچى“ دېدىڭلارغۇ؟
كىم يالغانچى، كىم دۇرۇست،
ئوڭۇمدىن بىلدىڭلارمۇ؟[①]

(«ئەلكەبىر»: 348/24)

6454 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ بَعَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بُسَيْسَةَ عَيْنًا يَنظُرُ مَا صَنَعَتْ عِيرُ أَبِي سُفْيَانَ فَجَاءَ وَمَا فِي الْبَيْتِ أَحَدٌ غَيْرِي وَغَيْرُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ

[①] ھەيسەمى (9948): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ لَا أَدْرِي مَا اسْتَثْنَى بَعْضَ نِسَائِهِ قَالَ فَحَدَثَهُ الْحَدِيثَ قَالَ فَخَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ فَتَكَلَمَ فَقَالَ إِن لَنَا طَلِبَةً فَمَنْ كَانَ ظَهْرُهُ حَاضِرًا فَلْيَرْكَبْ مَعَنَا فَجَعَلَ رِجَالٌ يَسْتَأْذِنُونَهُ فِي ظُهْرَانِهِمْ فِي عُلْوِ الْمَدِينَةِ فَقَالَ لَا إِلا مَنْ كَانَ ظَهْرُهُ حَاضِرًا فَانْطَلَقَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ وَأَصْحَابُهُ حَتى سَبَقُوا الْمُشْرِكِينَ إِلَى بَدْرٍ وَجَاءَ الْمُشْرِكُونَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ لَا يُقَدمَن أَحَدٌ مِنْكُمْ إِلَى شَيْءٍ حَتى أَكُونَ أَنَا دُونَهُ فَدَنَا الْمُشْرِكُونَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قُومُوا إِلَى جَنةٍ عَرْضُهَا السمَوَاتُ وَالْأَرْضُ قَالَ يَقُولُ عُمَيْرُ بْنُ الْحُمَامِ الْأَنْصَارِي يَا رَسُولَ اللهِ جَنةٌ عَرْضُهَا السمَوَاتُ وَالْأَرْضُ قَالَ نَعَمْ قَالَ بَخٍ بَخٍ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ مَا يَحْمِلُكَ عَلَى قَوْلِكَ بَخٍ بَخٍ قَالَ لَا وَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ إِلا رَجَاءَةَ أَنْ أَكُونَ مِنْ أَهْلِهَا قَالَ فَإِنكَ مِنْ أَهْلِهَا فَأَخْرَجَ تَمَرَاتٍ مِنْ قَرَنِهِ فَجَعَلَ يَأْكُلُ مِنْهُن ثُم قَالَ لَئِنْ أَنَا حَيِيتُ حَتى آكُلَ تَمَرَاتِي هَذِهِ إِنهَا لَحَيَاةٌ طَوِيلَةٌ قَالَ فَرَمَى بِمَا كَانَ مَعَهُ مِنْ التمْرِ ثُم قَاتَلَهُمْ حَتى قُتِلَ.

6454 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى كارۋاننىڭ ئۆچۈرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بۇسەيسەنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى يەتكۈزدى. ئۆيدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىمىزلا بار ئىدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىرتقا چىقىپ ساھابىلەرگە سۆز قىلدى ۋە:

ــ دەرھال ئۇلارنىڭ پېشىگە چۈشىمىز. كىمنىڭ ئۇلىغى بولسا، شۇ مىنىپ چىقسۇن! ــ دېدى، بەزىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مەدىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئوتلاۋاتقان ئۇلاغلىرىنى ئەكىلىۋېلىشقا ئىجازەت سورىغان ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ياق، ئۇلىغى قېشىدا تەييار بولغان كىشىلا چىقسۇن، ـ دەپ جىكىلىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرى بىلەن ئاتلىنىپ، مۇشرىكلاردىن بۇرۇن بەدرگە يېتىپ

باردى. كېيىن مۇشرىكلار يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— مەن بۇيرۇق بەرمىگىچە، ھېچقايسىڭلار قوزغالماڭلار! — دېدى، مۇشرىكلار يېقىنلاپ كېلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىندەك كېلىدىغان جەننەت ئۈچۈن ئاتلىنىڭلار! ـ دېدى. ئۇمەير ئىبنى ھۇمام ئەلئەنسارى:

— ئى رەسۇلۇللاھ! كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى، ئۇ:

— پاھ! پاھ! ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەتلا ئاشۇ جەننەت ئەھلىدىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ شۇنداق دېدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇنداقتا، سەن شۇنىڭ ئەھلى، ـ دېدى. ئۇمەير ئوقدىنىدىن بىر قانچە تال خورمىنى چىقىرىپ، يېيىشكە باشلىدى. ئاندىن:

— بۇ خورمىلارنى يەپ بولغىچە ياشىسام، بۇ بەكلا ئۇزۇن ھايات بولغۇدەك، ـ دېگىنىچە، قولىدىكى خورمىلارنى چۆرۈۋېتىپ، مۇشرىكلارغا قاراپ ئېتىلدى ۋە قاتتىق ئېلىشىپ شېھىد بولدى.

(مۇسلىم: 1901)

6455 - عن عَبْدُ اللهِ بْنُ عَباسٍ قَالَ حَدثَنِي عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ قَالَ لَما كَانَ يَوْمُ بَدْرٍ نَظَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْمُشْرِكِينَ وَهُمْ أَلْفٌ وَأَصْحَابُهُ ثَلَاثُ مِائَةٍ وَتِسْعَةَ عَشَرَ رَجُلًا فَاسْتَقْبَلَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْقِبْلَةَ ثُم مَد يَدَيْهِ فَجَعَلَ يَهْتِفُ بِرَبِهِ اللهُم أَنْجِزْ لِي مَا وَعَدْتَنِي اللهُم آتِ مَا وَعَدْتَنِي اللهُم إِنْ تُهْلِكْ هَذِهِ الْعِصَابَةَ مِنْ أَهْلِ الْإِسْلَامِ لَا تُعْبَدْ فِي الْأَرْضِ فَمَا زَالَ يَهْتِفُ بِرَبِهِ مَادا يَدَيْهِ مُسْتَقْبِلَ الْقِبْلَةِ حَتى سَقَطَ رِدَاؤُهُ عَنْ مَنْكِبَيْهِ فَأَتَاهُ أَبُو بَكْرٍ فَأَخَذَ رِدَاءَهُ فَأَلْقَاهُ عَلَى مَنْكِبَيْهِ ثُم الْتَزَمَهُ مِنْ وَرَائِهِ وَقَالَ يَا نَبِي

اللهِ كَفَاكَ مُنَاشَدَتُكَ رَبكَ فَإِنهُ سَيُنجِزُ لَكَ مَا وَعَدَكَ فَأَنزَلَ اللهُ عَز وَجَل إِذْ تَسْتَغِيثُونَ رَبكُمْ فَاسْتَجَابَ لَكُمْ أَني مُمِدكُمْ بِأَلْفٍ مِنْ الْمَلَائِكَةِ مُرْدِفِينَ فَأَمَدهُ اللهُ بِالْمَلَائِكَةِ قَالَ أَبُو زُمَيْلٍ فَحَدثَنِي ابْنُ عَباسٍ قَالَ بَيْنَمَا رَجُلٌ مِنْ الْمُسْلِمِينَ يَوْمَئِذٍ يَشْتَد فِي أَثَرِ رَجُلٍ مِنْ الْمُشْرِكِينَ أَمَامَهُ إِذْ سَمِعَ ضَرْبَةً بِالسوْطِ فَوْقَهُ وَصَوْتَ الْفَارِسِ يَقُولُ أَقْدِمْ حَيْزُومُ فَنَظَرَ إِلَى الْمُشْرِكِ أَمَامَهُ فَخَر مُسْتَلْقِيًا فَنَظَرَ إِلَيْهِ فَإِذَا هُوَ قَدْ خُطِمَ أَنْفُهُ وَشُق وَجْهُهُ كَضَرْبَةِ السوْطِ فَاخْضَر ذَلِكَ أَجْمَعُ فَجَاءَ الْأَنْصَارِي فَحَدثَ بِذَلِكَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ صَدَقْتَ ذَلِكَ مِنْ مَدَدِ السمَاءِ الثالِثَةِ فَقَتَلُوا يَوْمَئِذٍ سَبْعِينَ وَأَسَرُوا سَبْعِينَ قَالَ أَبُو زُمَيْلٍ قَالَ ابْنُ عَباسٍ فَلَما أَسَرُوا الْأُسَارَى قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ مَا تَرَوْنَ فِي هَؤُلَاءِ الْأُسَارَى فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ يَا نَبِي اللهِ هُمْ بَنُو الْعَم وَالْعَشِيرَةِ أَرَى أَنْ تَأْخُذَ مِنْهُمْ فِدْيَةً فَتَكُونُ لَنَا قُوةً عَلَى الْكُفارِ فَعَسَى اللهُ أَنْ يَهْدِيَهُمْ لِلْإِسْلَامِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا تَرَى يَا ابْنَ الْخَطابِ قُلْتُ لَا وَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ مَا أَرَى الذِي رَأَى أَبُو بَكْرٍ وَلَكِني أَرَى أَنْ تُمَكنا فَنَضْرِبَ أَعْنَاقَهُمْ فَتُمَكنَ عَلِيا مِنْ عَقِيلٍ فَيَضْرِبَ عُنُقَهُ وَتُمَكني مِنْ فُلَانٍ نَسِيبًا لِعُمَرَ فَأَضْرِبَ عُنُقَهُ فَإِن هَؤُلَاءِ أَئِمةُ الْكُفْرِ وَصَنَادِيدُهَا فَهَوِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا قَالَ أَبُو بَكْرٍ وَلَمْ يَهْوَ مَا قُلْتُ فَلَما كَانَ مِنْ الْغَدِ جِئْتُ فَإِذَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبُو بَكْرٍ قَاعِدَيْنِ يَبْكِيَانِ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَخْبِرْنِي مِنْ أَي شَيْءٍ تَبْكِي أَنتَ وَصَاحِبُكَ فَإِنْ وَجَدْتُ بُكَاءً بَكَيْتُ وَإِنْ لَمْ أَجِدْ بُكَاءً تَبَاكَيْتُ لِبُكَائِكُمَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَبْكِي لِلذِي عَرَضَ عَلَي أَصْحَابُكَ مِنْ أَخْذِهِمْ الْفِدَاءَ لَقَدْ عُرِضَ عَلَي عَذَابُهُمْ أَدْنَى مِنْ هَذِهِ الشجَرَةِ شَجَرَةٍ قَرِيبَةٍ مِنْ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل مَا كَانَ لِنَبِي أَنْ يَكُونَ لَهُ أَسْرَى حَتى يُثْخِنَ فِي الْأَرْضِ إِلَى قَوْلِهِ فَكُلُوا مِما غَنِمْتُمْ حَلَالًا طَيبًا فَأَحَل اللهُ الْغَنِيمَةَ لَهُمْ.

6455 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەنىدى: بەدر غازىتى بولغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشرىكلارنىڭ سانىنى ئىگەللىدى. ئۇلار مىڭ كىشى بولۇپ، ساھابىلەر ئاران 319 كىشى ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم قىبلىگە يۈزلىنىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈردى ۋە: «ئى الله! ماڭا ۋەدە قىلغان نۇسرىتىڭنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىن. ئى الله! ماڭا ۋەدە قىلغان نۇسرىتىڭنى ۋۇجۇتقا چىقارغىن. ئى الله! مۇشۇ جامائەت ھالاك بولۇپ كەتسە، زېمىندا ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ» دەپ دۇئا قىلدى. ئۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغاچقا، تونى مۈرىسىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئەبۇ بەكرى كېلىپ، تونىنى ئۇچىسىغا ئارتقاچ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! رەببىڭگە قىلغان دۇئايىڭ يېتەرلىك بولدى. ئۇ چوقۇم ساڭا ۋەدە قىلغان نۇسرەتنى ئاتا قىلىدۇ، ـ دېدى. كۆپ ئۆتمەي، الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، الله: «سىلەرگە ئارقىمۇ ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى [1]. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىلدى.

شۇ كۈنى، مۇسۇلمانلاردىن بىرى ئالدىدىكى بىر مۇشرىكنى قوغلاپ كېتىۋېتىپ، بېشى ئۈستىدە ئاتلىق بىرىنىڭ قامچىسىنى قارسىلداتقان ھالدا: ”ئى ھەيزۇم! ئالدىغا ئۆت!“ دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان. ئۇ ئالدىغا شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، مۇشرىك ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشكەن بولۇپ، يۈز ـ كۆزى يېرىلىپ، قامچا ئىزىدىن كۆكىرىپ كەتكەن ۋە بۇرنى كېسىلگەنىدى. بۇنى كۆرگەن ئەنسارى ۋەقەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بېرىۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ راست ئېيتتىڭ. ئۇ، ئۈچىنچى ئاسمانىنىڭ مەدەتچىلىرىدىن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار 70 كاپىرنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە 70 كىشىنى تىرىك ئەسىر ئېلىۋالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرى ئىككىمىزدىن:

[1] سۈرە ئەنفال، 9 ـ ئايەت.

ــ ئەسىرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولار؟ ـ دەپ مەسلىھەت سورىدى. ئەبۇ بەكرى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار بىزنىڭ بىر نەۋرە تۇغقانلىرىمىز. مېنىڭچە، ئۇلاردىن تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بېرەيلى. تۆلەم بىلەن كاپىرلارغا قارشى ئازراق بولسىمۇ كۈچلىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، الله ئۇلارنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىپ قالسا، ئەجەب ئەمەس، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى ئىبنى خەتتاب! سەن قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئەبۇ بەكرىنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايمەن. مېنىڭچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرىساڭ، بىز ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالساق دەيمەن. ئەلىنى ئەقىلنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرىغىن. مېنى پالانىنىڭ (ئۆمەرنىڭ بىر تۇغقىنى) كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرىغىن. مەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالاي، چۈنكى ئۇلار كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرى، چوڭلىرى، ـ دەپ مەسلىھەت بەردىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرىنىڭ مەسلىھەتىنى ياقتۇرۇپ، مېنىڭكىگە قوشۇلمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە بېرىپ قارىسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇ بەكرى ئىككىيلەن يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە سەۋەبتىن يىغلاۋاتىسىلەر؟ سەۋەبىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار. ئەگەر يىغلىيالىسام يىغلاي. يىغا كەلمىسىمۇ، سىلەر بىلەن تەڭ يىغلاشقا ئۇرۇناي، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەمراھلىرىڭنىڭ ماڭا تۆلەم ئېلىش توغرىسىدا بەرگەن مەسلىھەتى ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن. ماڭا مەسلىھەت بەرگەنلەرنىڭ ئازابى مۇشۇ دەرەختىنمۇ يېقىن قىلىپ كۆرسىتىلدى، ـ دېدى ۋە يېقىن يەردىكى بىر تۈپ دەرەخنى كۆرسەتتى. الله تائالا: پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى

يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۇئمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، الله سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. اللەنىڭ (ئۇچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزىلى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار. (ئى جىھاد قىلغۇچىلار جامائەسى!) غەنىمەت ئالغان نەرسەڭلارنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار، الله (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش)تىن قورقۇڭلار. الله ھەقىقەتەن مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر [1] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلىپ، بىزگە غەنىمەتنى ھالال قىلىپ بەردى.

(مۇسلىم: 1763)

6456 - عن ابْنَ مَسْعُودٍ قال شَهِدْتُ مِنْ الْمِقْدَادِ بْنِ الْأَسْوَدِ مَشْهَدًا لَأَنْ أَكُونَ صَاحِبَهُ أَحَب إِلَي مِما عُدِلَ بِهِ أَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَدْعُو عَلَى الْمُشْرِكِينَ فَقَالَ لَا نَقُولُ كَمَا قَالَ قَوْمُ مُوسَى اذْهَبْ أَنتَ وَرَبكَ فَقَاتِلَا وَلَكِنا نُقَاتِلُ عَنْ يَمِينِكَ وَعَنْ شِمَالِكَ وَبَيْنَ يَدَيْكَ وَخَلْفَكَ فَرَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَشْرَقَ وَجْهُهُ وَسَرهُ يَعْنِي قَوْلَهُ.

6456 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن مىقداد ئىبنى ئەسۋەدنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق بىر سۆزنى ئاڭلىدىمكى، ئۆزەمنىڭ پۈتۈن دۇنيالىق نەرسىلەردىنمۇ ئەۋزەل بىلىنىپ كەتكەن ئۇ سۆزنىڭ ساھىبى بولۇپ قېلىشمنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم. ئۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشرىكلارغا قارشى بەددۇئا قىلىۋاتاتتى. مىقداد:

---

[1] سۈرە ئەنفال، 67 ـ دىن 69 ـ ئايەتكىچە.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ساڭا بەنى ئىسرائىل قەۋمى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئۇرۇش قىلغىن، بىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرىمىز» دېگەندەك دېمەيمىز. بەلكى سېنىڭ ئوڭ، سول، ئالدى ۋە ئارقا تەرەپلىرىڭدە تۇرۇپ، قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلىمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزگە خۇرسەن بولۇپ، چىرايىنىڭ نۇرلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇم.

(بۇخارى: 3952)

6457 - عَنْ ٱبْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَوْمَ بَدْرٍ هَذَا جِبْرِيلُ آخِذٌ بِرَأْسِ فَرَسِهِ عَلَيْهِ أَدَاةُ الْحَرْبِ.

6457 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر غازىتىدا مۇنداق دېگەن:

«مانا بۇ جىبرىئىل. ئۇ جەڭ قوراللىرىنى ئاسقان ھالدا، ئېتىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ».

(بۇخارى: 3995)

6458 - عَنْ ٱبْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ فِي قُبةٍ اللهُم إِني أَنْشُدُكَ عَهْدَكَ وَوَعْدَكَ اللهُم إِنْ شِئْتَ لَمْ تُعْبَدْ بَعْدَ الْيَوْمِ فَأَخَذَ أَبُو بَكْرٍ بِيَدِهِ فَقَالَ حَسْبُكَ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَدْ أَلْحَحْتَ عَلَى رَبكَ وَهُوَ فِي الدرْعِ فَخَرَجَ وَهُوَ يَقُولُ سَيُهْزَمُ الْجَمْعُ وَيُوَلونَ الدبُرَ بَلْ الساعَةُ مَوْعِدُهُمْ وَالساعَةُ أَدْهَى وَأَمَر.

6458 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېدىرىدا تۇرۇپ: «ئى الله! مەن سېنىڭ ئەھدەڭنى ۋە ۋەدەڭنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن. ناۋادا سەن خالىساڭ، يەر يۈزىدە بۈگۈندىن ئېتىبارەن ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ» دەپ دۇئا قىلىۋاتاتتى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بولدى قىلغىن! پەرۋەردىگارىڭغا بەك قاتتىق دۇئا قىلىپ كەتتىڭ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساۋۇت كىيىۋالغانىدى. ئۇ چېدىردىن: (مۇشرىكلار) تopى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب بۇلا ئەمەس)، قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر، تېخىمۇ جاپالىقتۇر [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان ھالدا چىقتى. يەنە بىر رىۋايەتتە: بەدر كۈنى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 2915)

6459 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ يَوْمَ بَدْرٍ فِي ثَلَاثِ مِائَةٍ وَخَمْسَةَ عَشَرَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُم إِنهُـمْ حُفَـاةٌ فَاحْمِلْهُمْ اللهُم إِنهُمْ عُرَاةٌ فَاكْسُهُمْ اللهُم إِنهُمْ جِيَاعٌ فَأَشْبِعْهُمْ فَفَتَحَ اللهُ لَهُ يَـوْمَ بَـدْرٍ فَانْقَلَبُوا حِينَ انْقَلَبُوا وَمَا مِنْهُمْ رَجُلٌ إِلا وَقَدْ رَجَعَ بِجَمَلٍ أَوْ جَمَلَيْنِ وَاكْتَسَوْا وَشَبِعُوا.

6459 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر غازىتى كۈنى 315 كىشى بىلەن چىقىپ:

ــ ئى الله! ئۇلار پىيادە، ئۇلارغا ئۇلاغ ئاتا قىلغىن. ئى الله! ئۇلار يالىڭاچ، ئۇلارنى كىيىندۈرگىن. ئى الله! ئۇلار ئاچ، قورساقلىرىنى تويغۇزغىن! ـ دەپ دۇئا قىلىۋىدى، الله ئۇنىڭغا بەدر غازىتىدا غەلىبە ئاتا قىلدى. غازىلار ئۇرۇشتىن كېيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولغاندىن سىرت، ھەر بىرى بىر ياكى ئىككى تۆگە يېتىلىگەن ھالدا قايتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2747)

[1] سۈرە قەمەر، 45 ـ ۋە 46 ـ ئايەتلەر.
[2] ئەلبانى (2386): ھەسەن، ـ دېگەن.

6460 - عَنْ الْبَرَاءِ قَالَ كُنا أَصْحَابَ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَتَحَدثُ أَن عِدةَ أَصْحَابِ بَدْرٍ عَلَى عِدةِ أَصْحَابِ طَالُوتَ الذِينَ جَاوَزُوا مَعَهُ النهَرَ وَلَمْ يُجَاوِزْ مَعَـهُ إِلـا مُؤْمِنٌ بِضْعَةَ عَشَرَ وَثَلَاثَ مِائَةٍ

6460 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى بولغان) بىز:

ــ بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ سانى، تالۇت بىلەن دەريادىن ئۆتكەنلەرنىڭ سانى بىلەن ئوخشاش، ـ دېيىشەتتۇق. ئۇنىڭ بىلەن دەريادىن پەقەت مۇئمىن كىشىلەرلا ئۆتكەن بولۇپ، سانى 310 نەچچە كىشى ئىدى.

(بۇخارى: 3958)

6461 - عَنْ الْبَرَاءِ قَالَ اسْتُصْغِرْتُ أَنَا وَابْنُ عُمَرَ يَوْمَ بَدْرٍ وَكَانَ الْمُهَاجِرُونَ يَـوْمَ بَدْرٍ نَيفًا عَلَى سِتينَ وَالْأَنصَارُ نَيفًا وَأَرْبَعِينَ وَمِائَتَيْنِ.

6461 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەدر كۈنى، ئىبنى ئۆمەر ئىككىمىز يېشىمىز كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن قوشۇندىن قالدۇرۇپ قويۇلدۇق. بەدر غازىتىدا مۇھاجىرلارنىڭ سانى 60 نەچچە، ئەنسارلارنىڭ سانى 240 نەچچە ئىدى.

(بۇخارى: 3956)

6462 - عَنْ أَبِي أُسَيْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ لَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ بَدْرٍ إِذَا أَكْثَبُوكُمْ يَعْنِي كَثَرُوكُمْ فَارْمُوهُمْ وَاسْتَبْقُوا نَبْلَكُمْ.

6462 ـ ئەبۇ ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر غازىتىدا بىزگە مۇنداق دېدى:

«مۇشرىكلار سىلەرگە يېقىنلاشقاندا، ئوق ئېتىڭلار، (ئۇلار يېقىنلاشمىغىچە) ئوقلىرىڭلارنى زايا قىلماڭلار».

(بۇخارى: 3985)

6463 - وفي رواية: فَارْمُوهُمْ بِالنَّبْلِ وَلَا تَسُلوا السُيوفَ حَتى يَغْشَوْكُمْ.

6463 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «دۈشمەنلەرگە ئوق ياغدۇرۇڭلار. بىر ـ بىرىڭلارغا يۈزمۇ يۈز كەلگەندە، ئاندىن قىلىچىڭلارنى (قىنىدىن) سۇغۇرۇڭلار» دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2664)

6464 - عن عَبْدَ اللهِ بْنَ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ حَدثَ عَنْ سَعْدِ بْنِ مُعَاذٍ أنهُ قَالَ كَانَ صَدِيقًا لِأُميةَ بْنِ خَلَفٍ وَكَانَ أُميةُ إِذَا مَر بِالْمَدِينَةِ نَزَلَ عَلَى سَعْدٍ وَكَانَ سَعْدٌ إِذَا مَر بِمَكةَ نَزَلَ عَلَى أُميةَ فَلَما قَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَدِينَةَ انْطَلَقَ سَعْدٌ مُعْتَمِرًا فَنَزَلَ عَلَى أُميةَ بِمَكةَ فَقَالَ لِأُميةَ انْظُرْ لِي سَاعَةَ خَلْوَةٍ لَعَلي أَنْ أَطُوفَ بِالْبَيْتِ فَخَرَجَ بِهِ قَرِيبًا مِنْ نِصْفِ النهَارِ فَلَقِيَهُمَا أَبُو جَهْلٍ فَقَالَ يَا أَبَا صَفْوَانَ مَنْ هَذَا مَعَكَ فَقَالَ هَذَا سَعْدٌ فَقَالَ لَهُ أَبُو جَهْلٍ أَلَا أَرَاكَ تَطُوفُ بِمَكةَ آمِنًا وَقَدْ أَوَيْتُمْ الصبَاةَ وَزَعَمْتُمْ أَنكُمْ تَنْصُرُونَهُمْ وَتُعِينُونَهُمْ أَمَا وَاللهِ لَوْلَا أَنكَ مَعَ أَبِي صَفْوَانَ مَا رَجَعْتَ إِلَى أَهْلِكَ سَالِمًا فَقَالَ لَهُ سَعْدٌ وَرَفَعَ صَوْتَهُ عَلَيْهِ أَمَا وَاللهِ لَئِنْ مَنَعْتَنِي هَذَا لَأَمْنَعَنكَ مَا هُوَ أَشَد عَلَيْكَ مِنْهُ طَرِيقَكَ عَلَى الْمَدِينَةِ فَقَالَ لَهُ أُميةُ لَا تَرْفَعْ صَوْتَكَ يَا سَعْدُ عَلَى أَبِي الْحَكَمِ سَيدِ أَهْلِ الْوَادِي فَقَالَ سَعْدٌ دَعْنَا عَنْكَ يَا أُميةُ فَوَاللهِ لَقَدْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِنهُمْ قَاتِلُوكَ قَالَ بِمَكةَ قَالَ لَا أَدْرِي فَفَزِعَ لِذَلِكَ أُميةُ فَزَعًا شَدِيدًا فَلَما رَجَعَ أُميةُ إِلَى أَهْلِهِ قَالَ يَا أُم صَفْوَانَ أَلَمْ تَرَيْ مَا قَالَ لِي سَعْدٌ قَالَتْ وَمَا قَالَ لَكَ قَالَ زَعَمَ أَن مُحَمدًا أَخْبَرَهُمْ أَنهُمْ قَاتِلِي فَقُلْتُ لَهُ بِمَكةَ قَالَ لَا أَدْرِي فَقَالَ أُميةُ وَاللهِ لَا أَخْرُجُ مِنْ مَكةَ فَلَما كَانَ يَوْمُ بَدْرٍ اسْتَنْفَرَ أَبُو جَهْلٍ الناسَ قَالَ أَدْرِكُوا عِيرَكُمْ فَكَرِهَ أُميةُ أَنْ يَخْرُجَ فَأَتَاهُ أَبُو جَهْلٍ فَقَالَ يَا أَبَا صَفْوَانَ إِنكَ مَتَى مَا يَرَاكَ الناسُ قَدْ تَخَلفْتَ وَأَنْتَ سَيدُ أَهْلِ الْوَادِي تَخَلفُوا مَعَكَ فَلَمْ يَزَلْ بِهِ أَبُو جَهْلٍ حَتى قَالَ أَما إِذْ غَلَبْتَنِي فَوَاللهِ لَأَشْتَرِيَن أَجْوَدَ بَعِيرٍ بِمَكةَ ثُم قَالَ أُميةُ يَا أُم صَفْوَانَ جَهزِينِي فَقَالَتْ لَهُ يَا أَبَا صَفْوَانَ وَقَدْ نَسِيتَ مَا قَالَ لَكَ أَخُوكَ الْيَثْرِبِي قَالَ لَا مَا

[1] ئەلبانى (569): زەئىپ، ـ دېگەن.

أُرِيدُ أَنْ أَجُوزَ مَعَهُمْ إِلا قَرِيبًا فَلَما خَرَجَ أُمَيةُ أَخَذَ لَا يَنْزِلُ مَنْزِلًا إِلا عَقَلَ بَعِيرَهُ فَلَمْ يَزَلْ بِذَلِكَ حَتى قَتَلَهُ اللهُ عَز وَجَل بِبَدْرٍ

6464 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەئد ئىبنى مۇئاز مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىدىن ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ، مەككىگە كەلسە، ئۇمەييەنىڭ ئۆيىگە چۈشەتتى. ئۇمەييەمۇ مەدىنىدىن ئۆتۈپ قالسا، سەئدنىڭ ئۆيىگە چۈشەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، سەئد ئىبنى مۇئاز ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كېلىپ، ئۇمەييەنىڭ ئۆيىگە چۈشتى ۋە ئۇنىڭغا:

ــ كەئبە خالىي ۋاقىتتا مېنى كەئبىگە ئېلىپ بارساڭ، تاۋاپ قىلىۋالغان بولسام، ـ دېدى. ئۇمەييە ئۇنى چۈش ۋاقتىدا كەئبىگە ئېلىپ باردى. ئۇلارغا ئەبۇ جەھل ئۇچراپ قېلىپ:

ــ ئەي ئۇمەييە! بۇ ھەمراھىڭ كىم؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇمەييە:

ــ ئۇ سەئد بولىدۇ، ـ دېدى. ئەبۇ جەھل سەئدكە:

ــ سىلەر ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىدىن تانغان مۇھاجىرلارغا ئورۇن بەردىڭلار ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىمىز دەپ داۋراڭ سېلىۋاتىسىلەر ـ يۇ، سەن كەئبىنى خاتىرجەم ھالدا تاۋاپ قىلىۋاتىسىنا؟! ئۇقۇپ قوي، اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇمەييە بىلەن بىللە بولمىغان بولساڭ، ئۆيۈڭگە ساق ـ سالامەت قايتالمايتتىڭ، ـ دېدى. سەئد ئەبۇ جەھلگە بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ:

ــ سەنمۇ ئۇقۇپ قوي، اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن مېنى بۇنىڭدىن توسساڭ، مەنمۇ سېنىڭ مەدىنىدىن ئۆتىدىغان يولۇڭنى تېخىمۇ چىڭ قامال قىلىمەن، ـ دېدى. ئۇمەييە ئارىغا كىرىپ، سەئدكە:

ــ ئەي سەئد! ئەبۇ ھەكەمگە ۋارقىرىما! ئۇ دېگەن مەككە خەلقىنىڭ خوجايىنى، ـ دېدى. سەئد:

ــ سـەن بـىـزگـە ئاربلاشـما! ئـى ئـۇمـەيـيـە، ئاللاھـنىـڭ بـىـلـەن قـەسـەمـكـى، پەيغەمـبـەر سـەللاللاھۇ ئـەلـەيـھـى ۋەسـەللـەمـدىـن مۇسـۇلـمانـلارنـىـڭ سـىـنـى چوقـۇم ئۆلـتـۈرىدىغانـلـىـقـىـنى ئاڭـلىـدىم، ـ دېدى. ئۇمـەيـيـە دەرھال:

ــ مـەككـىـدە ئۆلـتـۈرەمـدىكـەن؟ ـ دەپ سورىـدى، سـەئد:

ــ ئـۇقـمايـمـەن، ـ دەپ جاۋاب بـەردى. ئـۇمـەيـيـە قاتـتـىق چـۆچـۈپ كـەتـتـى. ئائـىـلـىـسـىـگە قـايـتـىـپ كـېـلـىـپ:

ــ ئـى ئـۇمـمـۇ سـەفـۋان! سـەئـدنـىـڭ مـاڭـا نـېـمـە دېگـەنـلـىـكـىـنى بـىـلـەمـسـەن؟ ـ دېدى. ئـۇمـمـۇ سـەفـۋان:

ــ نـېـمـە دېدى؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇمـەيـيـە:

ــ مۇھەمـمـەد ئۇنـىـڭغـا مۇسـۇلـمانـلارنـىـڭ مـېـنـى ئۆلـتـۈرىـدىـغانـلـىـقـىـنى ئېـيـتـىـپ بېـرىـپـتـۇ. ئۇنـىـڭـدىـن: "مـېـنـى مـەككـىـدە ئۆلـتـۈرەمـدىـكـەن؟" دەپ سورىـسام، ئۇ: "بـىـلـمـەيـمـەن" دېدى، ئاللاھـنـىـڭ نـامـى بـىـلـەن قـەسـەمـكـى، مـەن مـەككـىـدىـن سـىـرتـقا چـىـقـمايـمـەن، ـ دېدى.

بەدر ئۇرۇشـىـغا چـىـقـىـشـىـنىـڭ تـەيـيـارلـىـقـى بولـۇۋاتـقـانـدا، ئـەبـۇ جـەھـىـل كـىـشـىـلـەرنى ھـەيـدەپ:

ــ كـارۋانـلـىـرىـڭـلارنى قۇتـقـۇزـۇش ئۈچـۈن ئـاتـلـىـنـىـڭـلار! ــ دېـدى. ئۇمـەيـيـەنـىـڭ چـىـقـقـۇسـى كـەلـمـىـدى. ئـەبۇ جـەھـىـل ئۇنـىـڭ قـېـشـىـغا كـېـلـىـپ:

ــ ئـەي ئـەبـۇ سـەفـۋان! سـەن مـەكـكـە خـەلـقـىـنـىـڭ خـوجـايـىـنـىـسـەن. سـېـنـىـڭ چـىـقـمـىـغانـلـىـقـىـڭـنى كـۆرسـە، باشـقـىـلارمـۇ چـىـقـمايـدۇ، ـ دېدى ۋە بـۇ سـۆزىدە چـىـڭ تـۇرۇۋالـدى. ئـاخـىـرى، ئۇمـەيـيـە:

ــ قـارىـغانـدا، سـاڭـا تـەڭ كـەلـگـىـلـى بولـمـىـغـۇدەك. بۇنـداق دەپ تۇرۇۋالـساڭ، مـاڭـمـۇ چـىـقـماي ئامال يوق. ئاللاھـنـىـڭ نـامـى بـىـلـەن قـەسـەمـكـى، مـەككـىـدىـكـى ئـەڭ ياخـشـى تـۆگـىـنـى سـېـتـىـۋالـىـمـەن (بـىـرەر پـىـشـكـەللـىـككـە يولـۇقـقـانـدا، دەرھـال قـېـچـىـش ئۈچـۈن)، ـ دېـدى. ئـانـدىـن ئايالـىـغا:

ــ ئـەي ئـۇمـمـۇ سـەفـۋان! سـەپـەر تـەيـيـارلـىـقـىـنى باشـلـىـغـىـن! ــ دېـدى. ئـۇمـمـۇ سـەفـۋان:

ــ ئەي ئەبۇ سەفۋان! مەدىنىلىك دوستۇڭ سەئدنىڭ سۆزىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ـ دېۋىدى، ئۇ:

ــ ئۇنتۇپ قالمىدىم. مەن ئۇلار بىلەن ئازغىنە يەرگىچە بىللە مېڭىپ، قايتىپ كېلىمەن، ـ دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇمەييە يولغا چىقتى. قوشۇن بىرەر قونالغۇغا چۈشسىلا، ئۇ تۆگىسىنى چىڭ چۈشەپ، يېنىدا تۇرغۇزۇپ قوياتتى. ئاخىرى، الله ئەززە ۋەجەللە ئۇنى (بەدر غازىتىغا سۆرەپ كىرىپ) ئۆلتۈرگۈزىۋەتتى.

(بۇخارى: 3950)

6465 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بن مسعود قَالَ: كَانَ عُتْبَةُ بْنُ رَبِيعَةَ صَدِيقًا لِسَعْدِ بْنِ مُعَاذٍ فِي الْجَاهِلِيةِ، فَكَانَ إِذَا قَدِمَ عُتْبَةُ الْمَدِينَةَ نَزَلَ عَلَى سَعْدِ بْنِ مُعَاذٍ، وَكَانَ إِذَا قَدِمَ سَعْدٌ مَكةَ نَزَلَ عَلَى عُتْبَةَ. بمثل الحديث المتقدم في جميع فصوله، ولا مخالفة بينهما إلا أن صديق سعد في الأول أمية بن خلف وفي هذا عتبة بن ربيعة.

6465 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «سەئدنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاغىنىسى ئۇتبە ئىبنى رەبىئە ئىدى» دەپ كەلگەن. بۇ ھەدىسنىڭ داۋامى يۇقىرىدىكى ھەدىس بىلەن ئوخشاش[1].

(بەززار: 1758)

6466 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَاتَبْتُ أُمَيةَ بْنَ خَلَفٍ كِتَابًا بِأَنْ يَحْفَظَنِي فِي صَاغِيَتِي بِمَكةَ وَأَحْفَظَهُ فِي صَاغِيَتِهِ بِالْمَدِينَةِ فَلَما ذَكَرْتُ الرحْمَنَ قَالَ لَا أَعْرِفُ الرحْمَنَ كَاتِبْنِي بِاسْمِكَ الذِي كَانَ فِي الْجَاهِلِيةِ فَكَاتَبْتُهُ عَبْدَ عَمْرٍو فَلَما كَانَ فِي يَوْمِ بَدْرٍ خَرَجْتُ إِلَى جَبَلٍ لِأُحْرِزَهُ حِينَ نَامَ الناسُ فَأَبْصَرَهُ بِلَالٌ فَخَرَجَ حَتى وَقَفَ عَلَى مَجْلِسٍ مِنْ الْأَنْصَارِ فَقَالَ أُمَيةُ بْنُ خَلَفٍ لَا نَجَوْتُ إِنْ نَجَا أُمَيةُ فَخَرَجَ مَعَهُ فَرِيقٌ مِنْ الْأَنْصَارِ فِي آثَارِنَا فَلَما خَشِيتُ أَنْ يَلْحَقُونَا خَلفْتُ لَهُمْ ابْنَهُ لِأَشْغَلَهُمْ فَقَتَلُوهُ ثُم أَبَوْا حَتى

[1] ھەيسەمى (9949): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

يَتْبَعُونَا وَكَانَ رَجُلًا ثَقِيلًا فَلَما أَدْرَكُونَا قُلْتُ لَهُ ابْرُكْ فَبَرَكَ فَأَلْقَيْتُ عَلَيْهِ نَفْسِي لِأَمْنَعَهُ فَتَخَلَّلُوهُ بِالسُّيُوفِ مِنْ تَحْتِي حَتى قَتَلُوهُ وَأَصَابَ أَحَدُهُمْ رِجْلِي بِسَيْفِهِ وَكَانَ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ يُرِينَا ذَلِكَ الْأَثَرَ فِي ظَهْرِ قَدَمِهِ.

6466 ـ ئابدۇراهمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ”مەن ئۇمەييە ئىبنى خەلەفكە: ”مەن مەككىگە بارغاندا، جان ۋە ماللىرىمنى قوغدىغىن. سەن مەدىنىگە كەلگەندە، جان ۋە ماللىرىڭنى مەن قوغداي“ دەپ مەكتۇب يوللىدىم ۋە مەكتۇبتا ئىسمىمنى ”راھمان“ دەپ يازدىم. ئۇ، مەكتۇبتىكى ئىسمىمنى كۆرۈپ: ”مەن ‹راھمان› دېگەن ئىسىمنى تونۇمايمەن. شۇڭا جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىسمىڭ بىلەن مەكتۇب يوللىغىن“ دەپ جاۋاب يوللاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىسمىمنى ”ئەبدۇ ئەمر“ قىلىپ مەكتۇب يوللىدىم.

بەدر كۈنى، باشقىلار ئۇخلاپ قالغان ۋاقىت ئىدى. مەن ئۇمەييەنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن تاغقا چىقتىم. بىلال ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە دەرھال ئەنسارىلار يىغىلىپ ئولتۇرغان جايغا كېلىپ:

ـ ئى ئەنسارىلار جامائىتى! مانا بۇ ئۇمەييە ئىبنى خەلەف بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ساق قالسا، مەن ياشىمايمەن، ـ دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنسارىلاردىن بىر نەچچىسى بىلال بىلەن بىللە كەينىمىزدىن قوغلاپ چىقتى. مەن ئۇلارنىڭ بىزگە يېتىشىۋېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ بالىسىنى ئۇلارنى هايالدىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئارقىمىزغا تاشلاپ قويدۇم. ئۇلار بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ بىزنى قوغلاشتى. ئۇمەييە سېمىز ئادەم ئىدى. ئۇلار بىزگە يېتىشۋالغاندا، مەن ئۇنىڭغا:

ـ يېتىۋال! ـ دېۋىدىم. ئۇ يېتىۋالدى، مەن ئۇنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزۈمنى ئۇستىگە تاشلىدىم. ئۇلار مېنىڭ ئاستىمدىن قىلىچلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن سانجىپ، ئاخىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. شۇ ئەسنادا، بىرسىنىڭ قىلىچى مېنىڭ پۇتۇمغا تېگىپ كەتتى.

(ئابدۇراھماننىڭ ئوغلى) ئىبراھىم مۇنداق دەيدۇ: (دادام) ئابدۇرراھمان ۋوتىدىكى قىلىچ ئىزىنى بەزىدە بىزگە كۆرسىتىپ قوياتتى.

(بۇخارى: 2301)

6467 – عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ قَالَ كَاتَبْتُ أُميةَ بْنَ خَلَفٍ، فَلَما كَانَ يَوْمُ بَدْرٍ، فَذَكَرَ قَتْلَهُ وَقَتْلَ ابْنِهِ، فَقَالَ بِلَالٌ لَا نَجَوْتُ إِنْ نَجَا أُميةُ.

6467 ـ ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇمەييە ئىبنى خەلەف بىلەن بىر ـ بىرىمىزنى قوغداشقا پۈتۈشكەن ئىدۇق. بەدر غازىتى بولغاندا، ئۇمەييە ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۆلتۈرۈلدى. بىلال:

ــ ئەگەر ئۇمەييە ساق قۇتۇلۇپ قالسا، مەن ياشىمايمەن، ـ دېگەنىدى.

(بۇخارى: 3971)

6468 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ قَالَ بَيْنَا أَنَا وَاقِفٌ فِي الصف يَوْمَ بَدْرٍ فَنَظَرْتُ عَنْ يَمِينِي وَعَنْ شِمَالِي فَإِذَا أَنَا بِغُلَامَيْنِ مِنْ الْأَنصَارِ حَدِيثَةٍ أَسْنَانُهُمَا تَمَنيْتُ أَنْ أَكُونَ بَيْنَ أَضْلَعَ مِنْهُمَا فَغَمَزَنِي أَحَدُهُمَا فَقَالَ يَا عَم هَلْ تَعْرِفُ أَبَا جَهْلٍ قُلْتُ نَعَمْ مَا حَاجَتُكَ إِلَيْهِ يَا ابْنَ أَخِي قَالَ أُخْبِرْتُ أَنهُ يَسُب رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَـئِنْ رَأَيْتُهُ لَا يُفَارِقُ سَوَادِي سَوَادَهُ حَتى يَمُوتَ الْأَعْجَلُ مِنا فَتَعَجبْتُ لِذَلِكَ فَغَمَزَنِي الْآخَرُ فَقَالَ لِي مِثْلَهَا فَلَمْ أَنشَبْ أَنْ نَظَرْتُ إِلَى أَبِي جَهْلٍ يَجُولُ فِي الناسِ قُلْتُ أَلَا إِن هَذَا صَاحِبُكُمَا الذِي سَأَلْتُمَانِي فَابْتَدَرَاهُ بِسَيْفَيْهِمَا فَضَرَبَاهُ حَتى قَتَلَاهُ ثُم انْصَرَفَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرَاهُ فَقَالَ أَيكُمَا قَتَلَهُ قَالَ كُل وَاحِدٍ مِنْهُمَا أَنَا قَتَلْتُهُ فَقَالَ هَـلْ مَـسَحْتُمَا سَيْفَيْكُمَا قَالَا لَا فَنَظَرَ فِي السيْفَيْنِ فَقَالَ كِلَاكُمَا قَتَلَهُ سَلَبُهُ لِمُعَاذِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْجَمُـوحِ وَكَانَا مُعَاذَ بْنَ عَفْرَاءَ وَمُعَاذَ بْنَ عَمْرِو بْنِ الجَمُوحِ.

6468 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەدر غازىتىدا سەپكە كىرىپ، رۇسلىنىپ بولغاندىن

كېيىن، ئىككى يېنىمغا قارىسام، ئەنسارىلاردىن ئىككى ناتونۇشنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ قاپتىمەن. بۇنى كۆرۈپ:

ــ كاشكى، بۇلاردىن قاۋۇلراق كىشىلەرنىڭ يېنىدا تۇرغان بولسامچۇ؟! ـ دەپ ئارزۇ قىلىپ قالدىم. دەل شۇ پەيتتە، ئۇلارنىڭ بىرى مېنى نوقۇپ تۇرۇپ:

ـ ئى تاغا، ئەبۇ جەھلنى تونۇمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ھەئە، تونۇيمەن. ئۇنىڭدا نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ ـ دېدىم. ئۇ يىگىت:

ـ مەن ئۇنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نۇرغۇن تىل ـ ھاقارەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسام، ئىككىمىزدىن بىرىمىزنىڭ ئەجىلى توشمىغۇچە ئۇنى قويۇۋەتمەيمەن، ـ دېدى. مەن ئۇنىڭ جاسارىتىگە ھەيران بولۇپ تۇرسام، يەنە بىرىمۇ مېنى نوقۇپ شۇنداق دېدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەبۇ جەھلنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا:

ـ سىلەر سورىغان ئادەم ئاۋۇ شۇ، ـ دەپ كۆرسىتىپ قويدۇم. ئۇلار دەرھال قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈردى. ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەبۇ جەھلنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ قايسىڭلار ئۆلتۈردۇڭلار؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئىككىلىسى:

ــ مەن ئۆلتۈردۇم، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ قىلىچىڭلارنىڭ قېنىنى سۈرتۈۋەتتىڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورى، ئۇلار:

ــ ياق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ قىلىچلىرىغا قاراپ:

ــ ئۇنى ئىككىڭلار ئۆلتۈرۈپسىلەر. ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى مۇئاز ئىبنى ئەمىر ئىبنى جەمۇھنىڭ بولسۇن! ــ دېدى. بۇ ئىككى

يىگىتنىڭ بىرى مۇئاز ئىبنى ئەفرائ، يەنە بىرى مۇئاز ئىبنى ئەمر ئىبنى جەمۇھ ئىدى.

(بۇخارى: 3141)

6469 - وفي رواية: فَشَدا عَلَيْهِ مِثْلَ الصقْرَيْنِ حَتى ضَرَبَاهُ وَهُمَا ابْنا عَفْرَاءَ.

6469 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئىككىسى ئەبۇ جەھلگە خۇددى بىر جۈپ قارچۇغىدەك تەڭ ئېتىلىپ بېرىپ، قىلىچ ئۇردى. ئۇ ئىككىسى ئەفرائنىڭ ئىككى ئوغلى بولىدۇ.

(بۇخارى: 3988)

6470 - عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ يَنظُرُ مَا صَنَعَ أَبو جَهْلٍ فَانْطَلَقَ ابْنُ مَسْعُودٍ فَوَجَدَهُ قَدْ ضَرَبَهُ ابْنا عَفْرَاءَ حَتى بَرَدَ قَالَ أَأَنتَ أَبو جَهْلٍ قَالَ فَأَخَذَ بِلِحْيَتِهِ قَالَ وَهَلْ فَوْقَ رَجُلٍ قَتَلْتُمُوهُ أَوْ رَجُلٍ قَتَلَهُ قَوْمُهُ.

6470 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەدر كۈنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ كىم بېرىپ، ئەبۇ جەھلنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىدۇ، ـ دېۋىدى، ئىبنى مەسئۇد دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەبۇ جەھلنىڭ قېشىغا كەتتى. ئەفرائنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇرغان قىلىچ زەربىسى ئۇنى نىمجان قىلىپ قويغانىدى. ئىبنى مەسئۇد ئۇنىڭ ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ:

ــ سەن ئەبۇ جەھلمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ جەھل:

ــ سىلەر ئۆلتۈرگەن بۇ ئادەمدىنمۇ كاتتا ئادەم بارمىدۇ (ياكى ئۆز قەۋمى ئۆلتۈرگەن بۇ ئادەمدىنمۇ كاتتا بىرى بارمىدۇ)؟! ـ دېدى.

(بۇخارى: 3963)

6471 - وفي رواية: قَالَ أَبو جَهْلٍ فَلَوْ غَيْرُ أَكارٍ قَتَلَنِي.

6471 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئەبۇ جەھىل (ئەفرائىنىڭ ئوغۇللىرىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا): كاشكى مېنى دېھقاندىن باشقىسى ئۆلتۈرگەن بولسىچۇ؟! ـ دېگەن.

(بۇخارى: 4020)

6472 - عن أَبِي عُبَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ مَرَرْتُ فَإِذَا أَبُو جَهْلٍ صَرِيعٌ قَدْ ضُرِبَتْ رِجْلُهُ فَقُلْتُ يَا عَدُو اللهِ يَا أَبَا جَهْلٍ قَدْ أَخْزَى اللهُ الْأَخِرَ قَالَ وَلَا أَهَابُهُ عِنْدَ ذَلِكَ فَقَالَ أَبْعَدُ مِنْ رَجُلٍ قَتَلَهُ قَوْمُهُ فَضَرَبْتُهُ بِسَيْفٍ غَيْرِ طَائِلٍ فَلَمْ يُغْنِ شَيْئًا حَتى سَقَطَ سَيْفُهُ مِنْ يَدِهِ فَضَرَبْتُهُ بِهِ حَتى بَرَدَ.

6472 ـ ئەبۇ ئۇبەيدە دادىسى (ئىبنى مەسئۇد) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەبۇ جەھلىنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇ پۇتىدىن يارىلانغان بولۇپ، نىمجان ھالەتتە ياتاتتى. مەن:

ــ ئى اللهنىڭ دۈشمىنى! ئى ئەبۇ جەھىل! الله ئۆلۈمىڭنى رەزىل قىلدى، ـ دېدىم. مەن ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىن قورقمىغان ئىدىم، ئۇ:

ــ بۇ ساڭا ئۆز قەۋمى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ بەكرەك چوڭ بىلىنىپ كەتتىمۇ؟ ـ دېدى، مەن گال بىر قىلىچ بىلەن ئۇنى چاپسامۇ كار قىلمىدى. لېكىن ئۇنىڭ قىلىچى قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇنى ئېلىپ چاپقىنىمدىلا ئاندىن جان ئۈزدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2709)

6474 - قَالَ الزُبَيْرُ لَقِيتُ يَوْمَ بَدْرٍ عُبَيْدَةَ بْنَ سَعِيدِ بْنِ الْعَاصِ وَهُوَ مُدَججٌ لَا يُرَى مِنْهُ إِلا عَيْنَاهُ وَهُوَ يُكْنَى أَبُو ذَاتِ الْكَرِشِ فَقَالَ أَنَا أَبُو ذَاتِ الْكَرِشِ فَحَمَلْتُ عَلَيْهِ بِالْعَنَزَةِ فَطَعَنْتُهُ فِي عَيْنِهِ فَمَاتَ قَالَ هِشَامٌ فَأُخْبِرْتُ أَن الزُبَيْرَ قَالَ لَقَدْ وَضَعْتُ رِجْلِي عَلَيْهِ ثُم تَمَطأْتُ فَكَانَ الْجَهْدَ أَنْ نَزَعْتُهَا وَقَدْ انْثَنَى طَرَفَاهَا قَالَ عُرْوَةُ فَسَأَلَهُ إِياهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَعْطَاهُ فَلَما قُبِضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَخَذَهَا ثُم طَلَبَهَا أَبُو بَكْرٍ فَأَعْطَاهُ فَلَما قُبِضَ أَبُو بَكْرٍ سَأَلَهَا إِياهُ عُمَرُ فَأَعْطَاهُ إِياهَا فَلَما قُبِضَ عُمَرُ أَخَذَهَا ثُم

[1] ئەلبانى (2357): سەھىھ ـ دېگەن.

طَلَبَهَا عُثْمَانُ مِنْهُ فَأَعْطَاهُ إِيَاهَا فَلَما قُتِلَ عُثْمَانُ وَقَعَتْ عِنْدَ آلِ عَلِي فَطَلَبَهَا عَبْدُ اللهِ بْنُ الزبَيْرِ فَكَانَتْ عِنْدَهُ حَتى قُتِلَ.

6474 ـ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەدر غازىتىدا ئۇبەيدە ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاسقا ئۇچراپ قالدىم. ئۇ شۇنداق پۈختا ساۋۇت كىيىۋالغان بولۇپ، ئىككى كۆزىدىن باشقا يېرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ كۇنىيەسى ”ئەبۇ زاتىلكەرش“ ئىدى. ئۇ:

ـ مەن ئەبۇ زاتىلكەرش بولىمەن، ـ دېۋىدى، مەن ئۇنىڭغا ئېتىلىپ، قىسقا نەيزىنى كۆزىگە تىقىۋەتتىم، ئۇ ئۆلدى. ئاندىن مەن ئۇنى پۇتۇم بىلەن دەسسەپ تۇرۇپ، نەيزىنى كۈچەپ تارتقان ئىدىم، ئىككى ئۇچى ئېگىلىپ قالدى.

ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇبەيردىن نەيزىنى سورىغان ئىدى، زۇبەير نەيزىنى بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، زۇبەير ئۇنى ئېلىۋالدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى سورىدى، زۇبەير ئۇنى ئەبۇ بەكرىگە بەردى. ئەبۇ بەكرى ۋاپات بولغاندا، ئۇنى ئۆمەر سورىۋىدى، زۇبەير ئۇنى ئۆمەرگە بەردى. ئۆمەر ۋاپات بولغاندا، زۇبەير ئۇنى يەنە ئېلىۋالدى. ئاندىن ئۇنى ئوسمان سورىۋىدى، زۇبەير ئۇنى بەردى. ئوسمان شېھىد قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ نەيزە ئەلىدە، ئەلىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسىدە تۇردى. كېيىن ئۇنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير سوراپ ئېلىۋالدى. بۇ نەيزە تاكى ئۇ ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇنىڭ يېنىدا تۇردى.

(بۇخارى: 3998)

6475 - عَنْ عَلِي قَالَ تَقَدمَ يَعْنِي عُتْبَةَ بْنَ رَبِيعَةَ وَتَبِعَهُ ابْنُهُ وَأَخُوهُ فَنَادَى مَنْ يُبَارِزُ فَانْتَدَبَ لَهُ شَبَابٌ مِنْ الْأَنْصَارِ فَقَالَ مَنْ أَنْتُمْ فَأَخْبَرُوهُ فَقَالَ لَا حَاجَةَ لَنَا فِيكُمْ إِنمَا أَرَدْنَا بَنِي عَمنَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُمْ يَا حَمْزَةُ قُمْ يَا عَلِي قُمْ يَا عُبَيْدَةَ بْنَ الْحَارِثِ فَأَقْبَلَ حَمْزَةُ إِلَى عُتْبَةَ وَأَقْبَلْتُ إِلَى شَيْبَةَ وَاخْتُلِفَ بَيْنَ عُبَيْدَةَ وَالْوَلِيدِ ضَرْبَتَانِ فَأَثْخَنَ كُل وَاحِدٍ مِنْهُمَا صَاحِبَهُ ثُم مِلْنَا عَلَى الْوَلِيدِ فَقَتَلْنَاهُ وَاحْتَمَلْنَا عُبَيْدَةَ.

6475 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە مەيدانغا چىقىۋىدى، ئوغلى بىلەن قېرىندىشىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىللە چىقتى، ئۇ:

— كىم مەن بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشىدۇ؟ ـ دەپ توۋلىۋىدى، ئەنسارىلاردىن بىرقانچە يىگىت يۈگۈرۈپ چىقتى، ئۇ:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇلار كىملىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى، ئۇ:

ـ سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقىنىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، بىز بىر نەۋرە تۇغقانلىرىمىز بىلەن چۈشىمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى ھەمزە، تۇر! ئى ئەلى، تۇر! ئى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس، تۇر! ـ دەپ بۇيرىدى، ھەمزە ئۇتبە بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. مەن شەيبە بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى ئۆلتۈردۈم. ئۇبەيدە بىلەن ۋەلىد ئىككىسى بىر ـ بىرىگە بىردىن قىلىچ ئۇرۇشتى. بىز بىرلا ھۇجۇم قىلىپ، ۋەلىدنى ئۆلتۈرىۋېتىپ، ئۇبەيدەنى كۆتۈرۈپ (مەيداندىن چىقىپ) كەتتۇق[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2665)

6476 - عَنْ أَبِي طَلْحَةَ أَن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَ يَوْمَ بَدْرٍ بِأَرْبَعَةٍ وَعِشْرِينَ رَجُلًا مِنْ صَنَادِيدِ قُرَيْشٍ فَقُذِفُوا فِي طَوِي مِنْ أَطْوَاءِ بَدْرٍ خَبِيثٍ مُخْبِثٍ وَكَانَ إِذَا ظَهَرَ عَلَى قَوْمٍ أَقَامَ بِالْعَرْصَةِ ثَلَاثَ لَيَالٍ فَلَما كَانَ بِبَدْرٍ الْيَوْمَ الثالِثَ أَمَرَ بِرَاحِلَتِهِ فَشُد عَلَيْهَا رَحْلُهَا ثُم مَشَى وَاتبَعَهُ أَصْحَابُهُ وَقَالُوا مَا نُرَى يَنْطَلِقُ إِلا لِبَعْضِ حَاجَتِهِ حَتى قَامَ عَلَى شَفَةِ الركِي فَجَعَلَ يُنَادِيهِمْ بِأَسْمَائِهِمْ وَأَسْمَاءِ آبَائِهِمْ يَا فُلَانُ بْنَ فُلَانٍ وَيَا فُلَانُ بْنَ فُلَانٍ أَيَسُركُمْ أَنكُمْ أَطَعْتُمْ اللهَ وَرَسُولَهُ فَإِنا قَدْ وَجَدْنَا مَا وَعَدَنَا رَبنَا حَقًا فَهَلْ وَجَدْتُمْ مَا وَعَدَ رَبكُمْ حَقًا قَالَ فَقَالَ عُمَرُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا تُكَلمُ مِنْ أَجْسَادٍ لَا أَرْوَاحَ لَهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِي نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ مَا أَنْتُمْ بِأَسْمَعَ لِمَا أَقُولُ مِنْهُمْ قَالَ قَتَادَةُ أَحْيَاهُمْ اللهُ حَتى أَسْمَعَهُمْ قَوْلَهُ تَوْبِيخًا وَتَصْغِيرًا وَنَقِيمَةً وَحَسْرَةً وَنَدَمًا.

---

[1] ئەلبانى (2321): سەھىھ ـ دېگەن.

6476 ـ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەدر غازىتى بولغان كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇرەيش كۇپپارلىرىنىڭ چوڭلىرىدىن يىگىرمە تۆتى چۆرىسىگە تاش بىلەن گىرۋەك قوپۇرۇلغان، ئېچىپ كەتكەن قۇدۇققا تاشلاندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەۋمنى مەغلۇپ قىلسا، جەڭ مەيدانىدا ئۈچ كۈن تۇراتتى. بەدر ئۇرۇشى غەلىبىلىك تاماملانغاندىن كېيىن، ئادىتى بويىچە بەدردە تۇرۇپ، ئۈچىنچى كۈنى تۆگىسىنى توقۇشقا بۇيرىدى. ئاندىن بىر تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى، ساھابىلەرمۇ ئارقىسىدىن ماڭدى. كېيىن ساھابىلەر مۇنداق دېگەنىدى: بىز، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر ھاجىتى ئۈچۈن كېتىۋاتىدۇ، ـ دەپ ئويلاپتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇدۇقنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ، ئۆلۈكلەرنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن توۋلاپ:

ـ ھەي پالانىنىڭ ئوغلى پالانى! ھەي پالانىنىڭ ئوغلى پالانى! اللہ ۋە اللہنىڭ رەسۇلىغا بويسۇنغان بولساڭلار، سىلەرنى خۇشال قىلاتتىمكەن؟ بىز رەببىمىزنىڭ بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشتۇق. سىلەرمۇ رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە ۋەدە قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشتىڭلارمۇ؟ ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەجەبلىنىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! جەسەتلەرگە خىتاب قىلىۋاتامسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇلار سۆزلىرىمنى سىلەردىنمۇ ياخشىراق ئاڭلايدۇ، ـ دېدى. قەتادە مۇنداق دەيدۇ:

ــ اللہ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگەن، مەسخىرە قىلغان، خارلىغان، ھەسرەت چەكتۈرگەن ۋە پۇشايمان قىلدۇرغان سۆزىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى تىرىلدۈرگەن.

(بۇخارى: 3976)

6477 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَرَكَ قَتْلَى بَدْرٍ ثَلَاثًا ثُم أَتاهُمْ فَقَامَ عَلَيْهِمْ فَنادَاهُمْ فَقَالَ يا أَبا جَهْلِ بْنَ هِشَامٍ يا أُمَيةَ بْنَ خَلَفٍ يا عُتْبَةَ بْنَ رَبِيعَةَ يا شَيْبَةَ بْنَ رَبِيعَةَ أَلَيْسَ قَدْ وَجَدْتُمْ مَا وَعَدَ رَبكُمْ حَقًّا فَإِني قَدْ وَجَدْتُ مَا وَعَدَنِي رَبي حَقًّا فَسَمِعَ عُمَرُ قَوْلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ يَسْمَعُوا وَأَنى يُجِيبُوا وَقَدْ جَيفُوا قَالَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ مَا أَنْتُمْ بِأَسْمَعَ لِمَا أَقُولُ مِنْهُمْ وَلَكِنهُمْ لَا يَقْدِرُونَ أَنْ يُجِيبُوا ثُم أَمَرَ بِهِمْ فَسُحِبُوا فَأُلْقُوا فِي قَلِيبِ بَدْرٍ.

6477 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر ئۆلۈكلىرىنى ئۈچ كۈن تاشلاپ قويدى. ئاندىن جەسەتلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارنى چاقىرىپ:

ــ ئى ئەبۇ جەھل ئىبنى ھىشام! ئى ئۇمەييە ئىبنى خەلەف! ئى ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە! ئى شەيبە ئىبنى رەبىيئە! سىلەر رەببىڭلار سىلەرگە ۋەدە قىلغان نەرسىگە ئېرىشكەنسىلەر ـ ھەرقاچان؟! مەن الله ماڭا ۋەدە قىلغان نەرسىگە ئېرىشتىم، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار تاپقا ئايلىنىپ كەتكەن تۇرسا، قانداقمۇ ئاڭلاپ، قانداق جاۋاب قايتۇرسۇن؟ ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار سۆزۈمنى سىلەردىنمۇ ياخشىراق ئاڭلايدۇ، بىراق ئۇلار جاۋاب قايتۇرالمايدۇ، ـ دېدى. ئاندىن بۇيرۇق قىلىنۇۋىدى، ئۇلار سۆرەلگەن پېتى بەدر قۇدۇقىغا تاشلىنىۋېتىلدى.

(مۇسلىم: 2865)

6478 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ جُبَيْرٍ عَنْ أَبِيهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فِي أُسَارَى بَدْرٍ لَوْ كَانَ الْمُطْعِمُ بْنُ عَدِي حَيا ثُم كَلمَنِي فِي هَؤُلَاءِ النتْنَى لَتَرَكْتُهُمْ لَهُ.

6478 ـ جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر ئەسىرلىرى توغرۇلۇق مۇنداق دېدى: «ئەگەر مۇتئىم ئىبنى ئەدىي ھايات بولۇپ، ماۋۇ سېسىقلار توغرۇلۇق ماڭا گەپ قىلغان بولسا، مەن ئۇنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلىپ، بۇلارنى چوقۇم قويۇپ بېرەتتىم».

(بۇخارى: 3139)

6479 - عَنْ عَلِي أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إن جِبْرَائِيلَ هَبطَ عَلَيْهِ فَقَالَ لَهُ خَيرْهُمْ يَعْنِي أَصْحَابَكَ فِي أُسَارَى بَدْرٍ الْقَتْلَ أَوْ الْفِدَاءَ عَلَى أنْ يُقْتَلَ مِنْهُمْ قَابِلاً مِثْلُهُمْ قَالُوا الْفِدَاءَ وَيُقْتَلُ مِنا.

6479 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ماڭا: ”ساھابىلىرىڭ بەدر ئەسىرلىرىنى يا ئۆلتۈرۈش ياكى كېلەر يىلى ئۆزلىرىدىنمۇ شۇنچىلىك مىقداردا ئادەم ئۆلۈش شەرتى بىلەن فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىشتىن بىرنى تاللىسۇن“ دېدى». ساھابىلار:

ــــ فىدىيە ئالايلى، كېلەر يىلى بىزدىن شۇنچىلىك ئادەم ئۆلتۈرۈلسۇن، ـ دېيىشتى[1].

(تىرمىزى: 1567)

6480 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ بَدْرٍ مَنْ فَعَلَ كَذَا وَكَذَا فَلَهُ مِنْ النفَلِ كَذَا وَكَذَا قَالَ فَتَقَدمَ الْفِتْيَانُ وَلَزِمَ الْمَشْيَخَةُ الرايَاتِ فَلَمْ يَبْرَحُوهَا فَلَما فَتَحَ اللهُ عَلَيْهِمْ قَالَ الْمَشْيَخَةُ كُنا رِدْءًا لَكُمْ لَوْ انْهَزَمْتُمْ لَفِئْتُمْ إِلَيْنَا فَلَا تَذْهَبُوا بِالْمَغْنَمِ وَنَبْقَى فَأَبَى الْفِتْيَانُ وَقَالُوا جَعَلَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَنَا فَأَنْزَلَ اللهُ يَسْأَلُونَكَ عَنْ الْأَنفَالِ قُلْ الْأَنفَالُ لِلهِ وَالرسُولِ إِلَى قَوْلِهِ كَمَا أَخْرَجَكَ رَبكَ مِنْ بَيْتِكَ بِالْحَق وَإِن

[1] ئەلبانى (1272): سەھىھ ـ دېگەن.

فَرِيقًا مِنْ الْمُؤْمِنِينَ لَكَارِهُونَ يَقُولُ فَكَانَ ذَلِكَ خَيْرًا لَهُمْ فَكَذَلِكَ أَيْضًا فَأَطِيعُونِي فَـ إِنِي أَعْلَمُ بِعَاقِبَةِ هَذَا مِنْكُمْ.

6480 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر غازىتىدا:

ـ كىم مۇنداق ـ مۇنداق قىلسا، ئۇنىڭغا ئۇلجىدىن مۇنداق ـ مۇنداق نەرسىلەر تارتۇق قىلىنىدۇ، ـ دېۋىدى، ياشلار ئالغا ئىتىلدى، چوڭلار تۇغلارنى چىڭ تۇتۇپ، جايىدىن مىدىرلىماي تۇردى. مۇسۇلمانلار غەلىبىگە ئېرىشكەندە، چوڭلار:

ـ بىز سىلەرگە ھەمدەمدە بولدۇق، يېڭىلىپ قالساڭلار، بىزگە قايتاتتىڭلار. شۇڭا بىزنى قۇرۇق قول قويۇپ، ئولجىنى ئۆزەڭلارلا ئېلىۋالماڭلار، ـ دېدى. لېكىن ياشلار ئۇنىماي:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولجىنى بىزگە بەرگەن، ـ دەپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى:

(ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ) غەنىمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «غەنىمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر، اللهتىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار. ئەگەر سىلەر مۆئمىن بولساڭلار، الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار». پەقەت الله ياد ئېتىلسە، دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، اللهنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا، ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆئمىنلەردۇر. ئۇلار مۇكەممەل (رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مالدىن (خۇدا يولىدا) سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقى مۆئمىنلەردۇر، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغفىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېئمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ. (غەنىمەت تەقسىماتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنىڭ اللهقا ۋە پەيغەمبىرىگە خاس قىلىنغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى

ھەقلىق رەۋىشتە ئۆيۈڭدىن (يەنى ئۆيۈڭ جايلاشقان مەدىنىدىن ئۇرۇشقا) چىقارغانلىقىنى (ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقىغا) ئوخشايدۇ، مۇئمىنلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا چىقىشنى) ئەلۋەتتە يامان كۆردۇ ①.

ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىپ: الله تائالا بۇ ئايەتلەردە: "ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا چىققىنى ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، ئولجىلارنى تەڭ تەقسىم قىلىشمۇ شۇنداق، شۇڭا ماڭا بويسۇنۇڭلار، چۈنكى مەن بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى سىلەردىن ئوبدانراق بىلىمەن" دېمەكچى بولغان، ـ دەيدۇ.

(ئەبۇ داۋۇد: 2737)

6481 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَنفلَ سَيْفَهُ ذَا الْفَقَارِ يَوْمَ بَدْرٍ وَهُوَ الذِي رَأى فِيهِ الرؤْيَا يَوْمَ أُحُدٍ.

6481 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر غازىتىدا "زۇلپىقار" دېگەن قىلىچنى غەنىمەت (تىن ئارتۇق) ئالغان ئىدى، ئۇھۇد غازىتىغا چىقىش ئالدىدا بىر چۈش كۆرگەن بولۇپ، چۈشىدە شۇ قىلىچى سۇنۇپ كەتكەنىكەن (يەنى ئۇھۇد ئۇرۇشىدا زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقى بېشارەت بېرىلگەن)②.

(تىرمىزى: 1561)

6482 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ لَما كَانَ يَوْمُ بَدْرٍ وَجِيءَ بِالْأَسَارَى قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا تَقُولُونَ فِي هَؤُلَاءِ الْأَسَارَى فَذَكَرَ فِي الْحَدِيثِ قِصةً طَوِيلَةً فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَنْفَلِتَن مِنْهُمْ أَحَدٌ إلا بِفِدَاءٍ أَوْ ضَرْبِ عُنُقٍ قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ مَسْعُودٍ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إلا سُهَيْلَ ابْنَ بَيْضَاءَ فَإِني قَدْ سَمِعْتُهُ يَذْكُرُ

① سۈرە ئەنفال، 1 ـ دىن 5 ـ ئايەتكىچە.
② ئەلبانى (1266): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

الْإِسْلَامَ قَالَ فَسَكَتَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَمَا رَأَيْتُنِي فِي يَوْمٍ أَخْـوَفَ أَنْ تَقَعَ عَلَي حِجَارَةٌ مِنْ السمَاءِ مِني فِي ذَلِكَ الْيَوْمِ قَالَ حَتى قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلا سُهَيْلَ ابْنَ الْبَيْضَاءِ قَالَ وَنَزَلَ الْقُرْآنُ بِقَوْلِ عُمَرَ مَا كَانَ لِنَبِي أَنْ يَكُونَ لَهُ أَسْرَى حَتى يُثْخِنَ فِي الْأَرْضِ إِلَى آخِرِ الْآيَاتِ.

6482 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەدر غازىتى ئاخىرلىشىپ، ئەسىرلەر كەلتۈرۈلدى (ئاندىن ئۇزۇن بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلدى). پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ ئەسىرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق دەيسىلەر؟ ـ دېدى. كېيىن:

ـ ئۇلارنىڭ ھېچبىرى يا تۆلەم تۆلىمەستىن ياكى كاللىسى چېپىلماستىن قۇتۇلۇپ قالمىسۇن، ـ دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: شۇ ئەسنادا مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سۇھەيل ئىبنى بەيزائ بۇنىڭ سىرتىدا، چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئىسلامنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گەپ ـ سۆز قىلماي جىم تۇردى. مەن شۇ كۈنى ئاسماندىن ئۈستۈمگە تاش چۈشۈپ جازالىنىپ كېتىشىمدىن ئەنتايىن قورقۇپ كەتتىم. كېيىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ پەقەت سۇھەيل ئىبنى بەيزائ بۇنىڭ سىرتىدا، ـ دېدى، ئاندىن خاتىرجەم بولدۇم. كۆپ ئۆتمەي، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىكرىنى تەكىتلەپ: پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۇئمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، الله سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى)

تىلەيدۇ. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [1] دېگەن ئايەت چۈشتى[2].

(تىرمىزى: 3084)

6483 - عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ لَما كَانَ يَوْمُ بَدْرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا تَقُولُونَ فِي هَؤُلَاءِ الْأَسْرَى قَالَ فَقَالَ أَبو بَكْرٍ يَا رَسُولَ اللهِ قَوْمُكَ وَأَهْلُكَ اسْتَبْقِهِمْ وَاسْتَأْنِ بِهِمْ لَعَل اللهَ أَنْ يَتُوبَ عَلَيْهِمْ قَالَ وَقَالَ عُمَرُ يَا رَسُولَ اللهِ أَخْرَجُوكَ وَكَذبُوكَ قَربْهُمْ فَاضْرِبْ أَعْنَاقَهُمْ قَالَ وَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ رَوَاحَةَ يَا رَسُولَ اللهِ انْظُرْ وَادِيًا كَثِيرَ الْحَطَبِ فَأَدْخِلْهُمْ فِيهِ ثُم أَضْرِمْ عَلَيْهِمْ نَارًا قَالَ فَقَالَ الْعَباسُ قَطَعْتَ رَحِمَكَ قَالَ فَدَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَمْ يَرُد عَلَيْهِمْ شَيْئًا قَالَ فَقَالَ نَاسٌ يَأْخُذُ بِقَوْلِ أَبِي بَكْرٍ وَقَالَ نَاسٌ يَأْخُذُ بِقَوْلِ عُمَرَ وَقَالَ نَاسٌ يَأْخُذُ بِقَوْلِ عَبْدِ اللهِ بْنِ رَوَاحَةَ قَالَ فَخَرَجَ عَلَيْهِمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِن اللهَ لَيُلِينُ قُلُوبَ رِجَالٍ فِيهِ حَتى تَكُونَ أَلْيَنَ مِنْ اللبَنِ وَإِن اللهَ لَيَشُد قُلُوبَ رِجَالٍ فِيهِ حَتى تَكُونَ أَشَد مِنْ الْحِجَارَةِ وَإِن مَثَلَكَ يَا أَبَا بَكْرٍ كَمَثَلِ إِبْرَاهِيمَ عَلَيْهِ السلَام قَالَ مَنْ تَبِعَنِي فَإِنهُ مِني وَمَنْ عَصَانِي فَإِنكَ غَفُورٌ رَحِيمٌ وَمَثَلَكَ يَا أَبَا بَكْرٍ كَمَثَلِ عِيسَى قَالَ إِنْ تُعَذبْهُمْ فَإِنهُمْ عِبَادُكَ وَإِنْ تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنكَ أَنْتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ وَإِن مَثَلَكَ يَا عُمَرُ كَمَثَلِ نُوحٍ قَالَ رَب لَا تَذَرْ عَلَى الْأَرْضِ مِنْ الْكَافِرِينَ دَيارًا وَإِن مِثْلَكَ يَا عُمَرُ كَمَثَلِ مُوسَى قَالَ رَب اشْدُدْ عَلَى قُلُوبِهِمْ فَلَا يُؤْمِنُوا حَتى يَرَوْا الْعَذَابَ الْأَلِيمَ أَنْتُمْ عَالَةٌ فَلَا يَنْفَلِتَن مِنْهُمْ أَحَدٌ إِلا بِفِدَاءٍ أَوْ ضَرْبَةِ عُنُقٍ.

6483 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەدر غازىتى ئاياغلاشقاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇ ئەسىرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلىشىۋاتىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

[1] سۈرە ئەنفال، 67 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (598): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ سېنىڭ قەۋمىڭ، ئۇلار سېنىڭ تۇغقانلىرىڭ. ئۇلارنى ئۆلتۈرمەي، سەل كېچىكتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغىن. بەلكى الله ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ قالسا، ئەجەب ئەمەس، ـ دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار سېنى يۇرتۇڭدىن چىقىرىۋەتتى. سېنى يالغانچىغا چىقاردى، ئۇلارنى كەلتۈرۈپ كاللىسىنى ئالغىن! ــ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنى ئوتۇن دۆۋىلەنگەن بىر جىلغىغا سولاپ كۆيدۈرىۋەتكىن! ـ دېدى، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ تۇغقانچىلىق، سىلە ـ رەھىمگە رىئايە قىلمىدىڭ. ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرماستىن چېدىرىغا كىرىپ كەتتى. بەزىلەر: "پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرىنىڭ سۆزى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولدى" دېسە؛ يەنە بەزىلەر: "پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەرنىڭ سۆزى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولدى" دەيتتى؛ يەنە بەزىلەر بولسا: "پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھنىڭ سۆزى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولدى" دېيىشەتتى. كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ:

ــ الله بەزى كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى شۇنداق يۇمشىتىۋېتىدۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىقتىنمۇ يۇمشاق بولۇپ كېتىدۇ ۋە الله بەزى كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى شۇنداق قاتۇرىۋېتىدۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى تاشتىنمۇ قاتتىق بولۇپ كېتىدۇ. ئى ئەبۇ بەكرى! سەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايسەن، ئۇ: كىمكى ماڭا ئەگەشكەن ئىكەن، ئۇ مېنىڭ دىنىمدىدۇر، كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئىكەن، سەن ئەلۋەتتە (ئۇنى) مەغفىرەت قىلىشقا ۋە مەرھەمەت قىلىشقا (قادىرسەن)[1] دەپ دۇئا قىلغانىدى. ئى ئەبۇ بەكرى! سەن يەنە ئىيسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئوخشايسەن، ئۇ: ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار

[1] سۈرە ئىبراھىم، 36 ـ ئايەت.

سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغفىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن [1] دېگەنىدى. ئى ئۆمەر! سەن خۇددى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايسەن. ئۇ (نۇھ) ئېيتتى: يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن [2]. ئى ئۆمەر! سەن يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئوخشايسەن. ئۇ: پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى يوق قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئىمان ئېيتماي قاتتىق ئازابنى كۆرسۇن [3] دەپ دۇئا قىلغانىدى. سىلەر نامرات، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھېچبىرى يا تۆلەم تۆلىمەستىن ياكى كاللىسى چېپىلماستىن قۇتۇلۇپ قالمىسۇن، - دېدى.

(ئەھمەد: 3625)

6484 - عَنْ اْبنِ عَباسٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ جَعَلَ فِدَاءَ أْهْلِ الْجَاهِلِيةِ يَوْمَ بَدْرٍ أْرَبعَ مِائَةٍ.

6484 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر غازىتىدا ئەسىرگە چۈشكەن كاپىرلارنىڭ تۆلىمىنى تۆت يۈز تەڭگە قىلىپ بەلگىلىگەن [4].

(ئەبۇ داۋۇد: 2691)

6485 - عن أْنسٌ رَضِيَ اللهُ عْنُه أن رِجَالًا مِنْ الْأْنصَارِ اسْتأْذُنوا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ فَقَالُوا ائْذَنْ لَنا فَلْنتْرُكْ لِاْبنِ أُخْتِنا عَباسٍ فِدَاءَهُ فَقَالَ لَا تَدَعُونَ مِنْهُ دِرْهَمًا.

---

[1] سۈرە مائىدە، 118 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نۇھ 26 ـ ئايەت.
[3] سۈرە يۇنۇس، 88 ـ ئايەت.
[4] ئەلبانى (2340): "تۆت يۈز" دېگەن ئىبارىدىن باشقا قىسمى سەھىھ ـ دېگەن.

6485 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر نەچچە كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇنى سوراپ:

ـــ ھەمشىرىمىزنىڭ ئوغلى (ئابباس)نىڭ تۆلىمىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشىمىزگە رۇخسەت قىلغان بولساڭ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنىڭ تۆلىمىدىن بىر تەڭگىنىمۇ قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2537)

6486 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ لَما بَعَثَ أَهْلُ مَكةَ فِي فِدَاءِ أَسْرَاهُمْ بَعَثَتْ زَيْنَبُ فِي فِدَاءِ أَبِي الْعَاصِ بِمَالٍ وَبَعَثَتْ فِيهِ بِقِلَادَةٍ لَهَا كَانَتْ عِنْدَ خَدِيجَةَ أَدْخَلَتْهَا بِهَا عَلَى أَبِي الْعَاصِ قَالَتْ فَلَما رَآهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَق لَهَا رِقةً شَدِيدَةً وَقَالَ إِنْ رَأَيْتُمْ أَنْ تُطْلِقُوا لَهَا أَسِيرَهَا وَتَرُدوا عَلَيْهَا الذِي لَهَا فَقَالُوا نَعَمْ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَخَذَ عَلَيْهِ أَوْ وَعَدَهُ أَنْ يُخَليَ سَبِيلَ زَيْنَبَ إِلَيْهِ وَبَعَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ زَيْدَ بْنَ حَارِثَةَ وَرَجُلًا مِنْ الْأَنْصَارِ فَقَالَ كُونَا بِبَطْنِ يَأْجَجَ حَتى تَمُر بِكُمَا زَيْنَبُ فَتَصْحَبَاهَا حَتى تَأْتِيَا بِهَا.

6486 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەككە مۇشرىكلىرى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان تۇغقانلىرىنىڭ فىدىيەسىنى ئەۋەتىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى زەينەبمۇ ئېرى ئەبۇلئاسنىڭ فىدىيەسىنى ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تويدا تاقاپ قويغان بىر قۇر زەنجىرنىمۇ ئەۋەتكەنىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ زەنجىرنى كۆرۈپ، قىزىغا بەكمۇ ئىچ ئاغرىتتى ۋە:

ـــ خالىساڭلار، ئۇنىڭ ئېرىنى قويۇپ بېرىپ، فىدىيەسىنىمۇ قايتۇرۇپ بەرگەن بولساڭلار، ـ دېگەنىدى، باشقىلار دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇلئاستىن

مەككىگە قايتقاندا، زەينەبنى مەدىنىگە ئەۋەتىۋېتىش ئۈچۈن ۋەدە ئالدى. كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن ئەنسارىلاردىن بىر كىشىنى ئەۋەتىپ:

— ئىككىڭلار بەتنى يەئجەج دېگەن جايدا ساقلاڭلار. زەينەب قېشىڭلارغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئېلىپ كېلىڭلار! - دەپ تاپىلىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2692)

6487 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ لَما فَرَغَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ بَدْرٍ قِيلَ لَهُ عَلَيْكَ الْعِيرَ لَيْسَ دُونَهَا شَيْءٌ قَالَ فَنَادَاهُ الْعَباسُ وَهُوَ فِي وَثَاقِهِ لَا يَصْلُحُ وَقَالَ لِأَن اللـهَ وَعَدَكَ إِحْدَى الطائِفَتَيْنِ وَقَدْ أَعْطَاكَ مَا وَعَدَكَ قَالَ صَدَقْتَ.

6487 - ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەدر غازىتى ئاياغلاشقاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

— كارۋانغا تېگىش قىلغىن، چۈنكى ئۇنى قوغدايدىغان قوشۇن يوق، - دېيىلگەن ئىدى. ئاباباس باغلاقلىق جايدا تۇرۇپ:

— بولمايدۇ، چۈنكى الله ساڭا ئىككىسىنىڭ بىرىگە ئېرىشىشنى ۋەدە قىلغانىدى، الله ۋەدە قىلغان نەرسىگە ئېرىشىپ بولدۇڭ، - دەپ توۋلىدى، بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— راست ئېيتتىڭ، - دېدى[②].

(تىرمىزى: 3080)

6488 - عَنْ عَائِشَةَ أَن أَبَا بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ تَزَوجَ امْرَأَةً مِنْ كَلْبٍ يُقَالُ لَهَـا أُم بَكْرٍ فَلَما هَاجَرَ أَبُو بَكْرٍ طَلقَهَا فَتَزَوجَهَا ابْنُ عَمهَا هَذَا الشاعِرُ الذِي قَالَ هَذِهِ الْقَـصِيدَةَ رَثَى كُفارَ قُرَيْشٍ

[①] ئەلبانى (2341): ھەسەن، - دېگەن.

[②] ئەلبانى (596): سەنەدى زەئىپ، - دېگەن.

6488 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلىب قەبىلىسىدىن ئۇممۇ بەكىر دېيىلىدىغان بىر ئايالغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، ھىجرەت قىلغاندا، ئۇنى تالاق قىلىۋەتكەن ئىدى. كېيىن ئۇ ئايالنى (ئايالنىڭ) تاغىسىنىڭ ئوغلى ئالدى.

(بۇخارى: 3921)

6489 - عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قِبَلَ بَدْرٍ فَلَما كَانَ بِحَرةِ الْوَبَرَةِ أَدْرَكَهُ رَجُلٌ قَدْ كَانَ يُذْكَرُ مِنْهُ جُرْأَةٌ وَنَجْدَةٌ فَفَرِحَ أَصْحَابُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ رَأَوْهُ فَلَما أَدْرَكَهُ قَالَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جِئْتُ لِأَتبِعَكَ وَأُصِيبَ مَعَكَ قَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تُؤْمِنُ بِاللهِ وَرَسُولِهِ قَالَ لَا قَالَ فَارْجِعْ فَلَنْ أَسْتَعِينَ بِمُشْرِكٍ قَالَتْ ثُم مَضَى حَتى إِذَا كُنا بِالشجَرَةِ أَدْرَكَهُ الرجُلُ فَقَالَ لَهُ كَمَا قَالَ أَولَ مَرةٍ فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَمَا قَالَ أَولَ مَرةٍ قَالَ فَارْجِعْ فَلَنْ أَسْتَعِينَ بِمُشْرِكٍ قَالَ ثُم رَجَعَ فَأَدْرَكَهُ بِالْبَيْدَاءِ فَقَالَ لَهُ كَمَا قَالَ أَولَ مَرةٍ تُؤْمِنُ بِاللهِ وَرَسُولِهِ قَالَ نَعَمْ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَانْطَلِقْ.

6489 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى. ۋەبەرە سايلىقىغا بارغاندا، ئارقىسىدىن قەيسەرلىكى ۋە جەددىي پەيتلەرگە يارامىلىقى بىلەن تونۇلغان بىرى يېتىشىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى. ئۇ كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېقىنلاپ كېلىپ:

ــ مەن ساڭا ئەگىشىپ ئولجىغا ئېرىشكىلى كەلدىم، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن:

ــ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىشىنەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ــ ياق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇنداقتا، قايتىپ كەتكىن، چۈنكى مەن مۇشرىكتىن ياردەم ئالمايمەن، - دېدى. ئۇ ئادەم قايتىپ كەتتى. كېيىن، يول ئۈستىدىكى بىر توپ دەرەخنىڭ ئاستىغا بارغاندا، ھېلىقى ئادەم ئارقىدىن يېتىشىپ بېرىپ، بايىقى سۆزلىرىنى تەكرارلىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۇنىڭدىن بايىقى سۆزلەرنى سورىدى، ئاندىن:

— ئۇنداقتا، قايتىپ كەتكىن، چۈنكى مەن مۇشرىكتىن ياردەم ئالمايمەن، - دېدى. ئۇ قايتىپ كېتىپ، بەيدائ دېگەن جايدا يەنە يېتىشىپ كەلدى ۋە ئۇ سۆزنى يەنە تەكرارلىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۇنىڭدىن:

— الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىشىنەمسەن؟ - دەپ سورىدى، ئۇ:

— ھەئە، - دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇنداقتا، (بىز بىلەن) ئاتلانغىن! - دېدى.

(مۇسلىم: 1817)

6490 - عن حُذَيْفَةُ بْنُ الْيَمَانِ قَالَ مَا مَنَعَنِي أَنْ أَشْهَدَ بَدْرًا إِلا أَنِي خَرَجْتُ أَنـا وَأَبِي حُسَيْلٌ قَالَ فَأَخَذَنَا كُفارُ قُرَيْشٍ قَالُوا إِنكُمْ تُرِيدُونَ مُحَمدًا فَقُلْنا مَا نُرِيدُهُ مَا نُرِيدُ إِلا الْمَدِينَةَ فَأَخَذُوا مِنا عَهْدَ اللهِ وَمِيثَاقَهُ لَنَنْصَرِفَن إِلَى الْمَدِينَةِ وَلَا نُقَاتِلُ مَعَهُ فَأَتَيْنا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرْنَاهُ الْخَبَرَ فَقَالَ انْصَرِفَا نَفِي لَهُمْ بِعَهْدِهِمْ وَنَسْتَعِينُ اللهَ عَلَيْهِمْ.

6490 - ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مېنىڭ بەدر غازىتىغا قاتنىشىشىمغا مۇنداق بىر ئىش توسالغۇ بولۇپ قالدى: مەن ئەبۇ ھۇسەيل بىلەن بىللە بەدرگە قاراپ يولغا چىققانىدىم، لېكىن قۇرەيش كاپىرلىرى بىزنى تۇتۇۋېلىپ:

— سىلەر مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بارماقچى ئىكەنسىلەر، - دەپ تۇرىۋالدى، بىز:

— ئۇنىڭ قېشىغا بارماقچى ئەمەسمىز، بىز پەقەت مەدىنىگە بارماقچى، - دەپ تۇرىۋالساق، ئۇلار بىزدىن: "مەدىنىگە قايتىپ كېتىمىز، ئۇنىڭغا قېتىلىپ ئۇرۇش قىلمايمىز" دەپ، اللهنىڭ نامىدا ئەھدە ئېلىپ قويۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ۋەقەنى سۆزلەپ بەرسەك، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ كېتىڭلار، بىز ئۇلارغا بەرگەن ئەھدىمىزدە تۇرىمىز. ﷲتىن ئۇلارغا قارشى ياردەم تىلەيمىز. ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1787)

6491 - عَنْ الزُّبَيْرِ قَالَ ضُرِبَتْ يَوْمَ بَدْرٍ لِلْمُهَاجِرِينَ بِمِائَةِ سَهْمٍ.

قَالَ أَبو عَبْد اللهِ فَجَمِيعُ مَنْ شَهِدَ بَدْرًا مِنْ قُرَيْشٍ مِمَّنْ ضُرِبَ لَـهُ بِـسَهْمِهِ أَحَـدٌ وَثَمَانُونَ رَجُلًا وَكَانَ عُرْوَةُ بْنُ الزُّبَيْرِ يَقُولُ قَالَ الزُّبَيْرُ قُسِمَتْ سُهْمَانُهُمْ فَكَانُوا مِائَةً وَاللهُ أَعْلَمُ.

6491 ـ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەدر كۈنى غەنىمەتتىن مۇھاجىرلارغا يۈز ئۈلۈش تەقسىم قىلىندى.

(بۇخارى: 4027)

ئىمام بۇخارى مۇنداق دېگەن: قۇرەيشلىك مۇسۇلمانلاردىن بەدر غازىتىغا قاتنىشىپ، غەنىمەتتىن ئۈلۈش تەقسىم قىلىنغانلارنىڭ جەمئىي سانى 81 كىشى ئىدى.

ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دادىسى زۇبەيرنىڭ: غەنىمەت تەقسىم قىلىنغاندا، ئۇلار 100 كىشى ئىدى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

## بەدر غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭ ئىسىملىكى (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

النبِي مُحَمدُ بْنُ عَبْدِ اللهِ الْهَاشِمِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِيَاسُ بْنُ الْبُكَيْرِ بِلَالُ بْنُ رَبَاحٍ مَوْلَى أَبِي بَكْرٍ الْقُرَشِي حَمْزَةُ بْنُ عَبْدِ الْمُطلبِ الْهَاشِمِي حَاطِبُ بْنُ أَبِي بَلْتَعَةَ حَلِيفٌ لِقُرَيْشٍ أَبُو حُذَيْفَةَ بْنُ عُتْبَةَ بْنِ رَبِيعَةَ الْقُرَشِي حَارِثَةُ بْنُ الربِيعِ الْأَنْصَارِي قُتِلَ يَوْمَ بَدْرٍ وَهُوَ حَارِثَةُ بْنُ سُرَاقَةَ كَانَ فِي النظارَةِ خُبَيْبُ بْنُ عَدِي الْأَنْصَارِي خُنَيْسُ بْنُ حُذَافَةَ السهْمِي رِفَاعَةُ بْنُ رَافِعٍ الْأَنْصَارِي رِفاعَةُ بْنُ عَبْدِ الْمُنْذِرِ أَبُو لُبَابَةَ الْأَنْصَارِي الزبَيْرُ بْنُ الْعَوامِ الْقُرَشِي زَيْدُ بْنُ سَهْلٍ أَبُو طَلْحَةَ الْأَنْصَارِي أَبُو زَيْدٍ الْأَنْصَارِي سَعْدُ بْنُ مَالِكٍ الزهْرِي سَعْدُ بْنُ خَوْلَةَ الْقُرَشِي سَعِيدُ بْنُ زَيْدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ نُفَيْلٍ الْقُرَشِي سَهْلُ بْنُ حُنَيْفٍ الْأَنْصَارِي ظُهَيْرُ بْنُ رَافِعٍ الْأَنْصَارِي وَأَخُوهُ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُثْمَانَ أَبُو بَكْرٍ الصديقُ الْقُرَشِي عَبْدُ اللهِ بْنُ مَسْعُودٍ الْهُذَلِي عُتْبَةُ بْنُ مَسْعُودٍ الْهُذَلِي عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ الزهْرِي عُبَيْدَةُ بْنُ الْحَارِثِ الْقُرَشِي عُبَادَةُ بْنُ الصامِتِ الْأَنْصَارِي عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ الْعَدَوِي عُثْمَانُ بْنُ عَفانَ الْقُرَشِي خَلفَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى ابْنَتِهِ وَضَرَبَ لَهُ بِسَهْمِهِ عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ الْهَاشِمِي عَمْرُو بْنُ عَوْفٍ حَلِيفُ بَنِي عَامِرِ بْنِ لُؤَي عُقْبَةُ بْنُ عَمْرٍو الْأَنْصَارِي عَامِرُ بْنُ رَبِيعَةَ الْعَنَزِي عَاصِمُ بْنُ ثَابِتٍ الْأَنْصَارِي عُوَيْمُ بْنُ سَاعِدَةَ الْأَنْصَارِي عِتْبَانُ بْنُ مَالِكٍ الْأَنْصَارِي قُدَامَةُ بْنُ مَظْعُونٍ قَتَادَةُ بْنُ النعْمَانِ الْأَنْصَارِي مُعَاذُ بْنُ عَمْرِو بْنِ الْجَمُوحِ مُعَوذُ بْنُ عَفْرَاءَ وَأَخُوهُ مَالِكُ بْنُ رَبِيعَةَ أَبُو أُسَيْدٍ الْأَنْصَارِي مُرَارَةُ بْنُ الربِيعِ الْأَنْصَارِي مَعْنُ بْنُ عَدِي الْأَنْصَارِي مِسْطَحُ بْنُ أُثَاثَةَ بْنِ عَبادِ بْنِ الْمُطلِبِ بْنِ عَبْدِ مَنَافٍ مِقْدَادُ بْنُ عَمْرٍو الْكِنْدِي حَلِيفُ بَنِي زُهْرَةَ هِلَالُ بْنُ أُمَيةَ الْأَنْصَارِي.

ئۇلار: اللهنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ھاشىمى سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئىياس ئىبنى بۇكەير، ئەبۇ بەكرىنىڭ ئازادگەردىسى بىلال ئىبنى رەباھ، ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب

ھاشىمى، قۇرەيشنىڭ ئىتتىپاقدېشى ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئە، ئەبۇ ھۇزەيفە ئىبنى ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە قۇرەيشى، ھارىسە ئىبنى رۇبەييىئ ئەنسارى (ئۇنىڭ ئىسمى ھارىسە ئىبنى سۇراقە بولۇپ، نەرسە - كېرەكلەرگە قاراشقا بەلگىلەنگەنلەردىن ئىدى، ئۇ بەدردە شېھىد بولغان)، خۇبەيب ئىبنى ئەدىي ئەنسارى، خۇنەيس ئىبنى ھۇزافە سەھمى، رىفائە ئىبنى رافىئ ئەنسارى، رىفائە ئىبنى ئابدۇل مۇنزىر ئەبۇ لۇبابە ئەنسارى، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام قۇرەيشى، زەيد ئىبنى سەھل، ئەبۇ تەلھە ئەنسارى، ئەبۇ زەيد ئەنسارى، سەئد ئىبنى مالىك زۇھرى، سەئد ئىبنى خەۋلە قۇرەيشى، سەئىد ئىبنى زەيد ئىبنى ئەمر ئىبنى نۇفەيل قۇرەيشى، سەھل ئىبنى ھۇنەيف ئەنسارى، زۇھەير ئىبنى رافىئ ئەنسارى ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى (مۇزھىر)، ئابدۇللاھ ئىبنى ئوسمان ئەبۇ بەكرى سىددىق قۇرەيشى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ھۇزەلى، ئۇتبە ئىبنى مەسئۇد ھۇزەلى، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف زۇھرى، ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس قۇرەيشى، ئۇبادە ئىبنى سامىت ئەنسارى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئەدەۋى، ئوسمان ئىبنى ئەففان قۇرەيشى (پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئاغرىپ قالغان قىزىغا قاراشقا قالدۇرۇپ، غازاتقا قاتناشقانلار قاتارىدا غەنىمەتتىن بىر كىشىلىك تەقسىم قىلىپ بەرگەن)، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ھاشىمى، بەنى ئامىر ئىبنى لۇئەي جەمەتىنىڭ ئىتتىپاقدېشى ئەمر ئىبنى ئەۋف، ئۇقبە ئىبنى ئەمر ئەنسارى، ئامىر ئىبنى رەبىيئە ئەنەزى، ئاسىم ئىبنى سابىت ئەنسارى، ئۇۋەيم ئىبنى سائىدە ئەنسارى، ئىتبان ئىبنى مالىك ئەنسارى، قۇدامە ئىبنى مەزئۇن، قەتادە ئىبنى نۇئمان ئەنسارى، مۇئاز ئىبنى ئەمر ئىبنى جەمۇھ، مۇئەۋۋىز ئىبنى ئەفرائ بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى (ئەۋف)، مالىك ئىبنى رەبىيئە ئەبۇ ئۇسەيد ئەنسارى، مۇرارە ئىبنى رەبىئ ئەنسارى، مەئىن ئىبنى ئەدىي ئەنسارى، مىستەھ ئىبنى ئۇساسە ئىبنى ئەبباد ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىبنى ئابدۇمەنناف، بەنى زۇھرە جەمەتىنىڭ ئىتتىپاقدېشى مىقداد ئىبنى ئەمر كىندى ۋە ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ئەنسارى قاتارلىقلاردۇر.

## بۇندىن باشقا، «مەجمەئۇززاۋائىد» ناملىق كىتابتا ئىسمى ئاتالغانلار:

**من المهاجرين:** الأرقم بن أبي الأرقم، أسعد مولى حاطب بن أبي بلتعة، أعبد ثلاثة لبني غفار، وثعلبة بن قبطي بن صخر بن سلمة، حصين بن الحارث بن عبد المطلب، أخو عبيدة، الحكم بن سعيد بن العاص، رفاعة بن قيس بن عمرو بن ثعلبة، زيد بن حارثة، زيد بن الخطاب، زيد بن أسلم، سالم مولى أبي حذيفة، السائب بن عثمان بن مظعون، سعد مولى خولة، رجل من مذحج، سهيل بن بيضاء، صهيب بن سنان، طلحة بن عبيد الله، عامر بن فهيرة، عبد الله بن جحش، عبد الله بن حذافة السهمي، عبد الله بن مظعون، عتبة بن غزوان بن جابر، عثمان بن مظعون، عثمان بن حبيب، أبو وهب، أبو السائب، عكاشة بن محصن، عمير بن أبي وقاص، مرثد بن أبي مرثد الغنوي، أبو عبيدة بن الجراح، أبو كبشة مولى رسول الله صلى الله عليه وسلم، أبو مرثد الغنوي.

**ومن الأنصار:** أسعد بن زيد، أسود بن زيد، أمية بن لوذان، أنيس بن قتادة، أنيسة مولى النبي صلى الله عليه وسلم، أوس بن ثابت بن المنذر، أوس بن الصامت، أوس بن عبد الله بن الحارث، بجير بن أبي بجير، بسيس بن عمرو، بشير بن البراء بن معرور، بشير بن سعد، تميم بن يعار بن قيس، تميم مولى خراش بن الصمه، ثابت بن خالد، ثابت بن ثعلبة بن زيد ، ثابت بن ربيعة ثابت بن عمرو بن زيد، ثابت بن حسان بن عمرو، ثعلبة بن حاطب ثعلبة الذي يقال له الجدع، ثعلبة بن عثمة جابر بن خالد بن مخلد، جابر بن خالد بن عبد الأشهل، جابر بن عبد الله، جبر بن عيتك، حارثة بن زيد، حارثة بن الحمير حليف لهم، الحارث بن قيس، الحارث بن أوس، الحرث بن قيس الحارث بن الصمة،

الحرث بن خزمة بن عدي حليف لهم من بني سالم، الحارث بن حاطب، حريث بن زيد، أبو أيوب خالد بن زيد، رافع بن سهل، رافع بن الحرث، رافع بن عنجدة، رفاعة بن رافع بن مالك ربيعة بن أكتم حليف لهم من بني أسد، ربيع بن إياس، ربعي بـن أبي ربعـي، رخيلة بن ثعلبة، أبو طلحة زيد بن سهل، زيد بن أسلم، زيد بن المرين، زيد بن وديعـة، زياد بن لبيد، زياد بن عمرو الجهني حليف لهم، سعد بن معاذ، سعد بن الربيع، سعد بن حيثمة، سعد بن زيد، سعد بن يزيد، سعد بن النعمان، سهل بن قيس، سهيل بن رافـع، سهيل بن عبيد، أبو دجانة سماك بن خرشة، عبد الله بن رواحة، عبد الله بن حرام، عبـد الله بن سرخس، عبد الله بن عمرو بن حرام، عبيد الله بن مالك، عبد الله بـن أبي ابـن سلول، عبد الله بن طارق البلوي، عبد الله بن سلمة، عبدالله بن عرفطة، عبـد الله بـن عمير، عبد الله بن ربيع، عبد الله بن ثعلبة، عبد الله بن جد، عبد الله بن الحمير، عبـد الله بن عبد مناف، عبد الله بن قيس بن صخر، أبو قيس بن جبر، عمارة بن حـزم، عمـير ويكنى عمير أبو داود بن عامر، فروة بن عمرو، محمد بن مسلمة، أبو الهيثم بن التيهـان، معاذ بن جبل، معاذ بن الحرث، مسعود بن أصرم، النعمان بن قوقل.

## مۇھاجىرلاردىن:

ئەرقەم ئىبنى ئەبۇ ئەرقەم، ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئەنىڭ ئازادگەردىسى ئەسئەد، بەنى غىفار قەبىلىسىدىن ئۈچ قول، سەئلەبە ئىبنى قىبتى، ھۇسەين ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب، ھەكەم ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس، رىفائە ئىبنى قەيس، زەيد ئىبنى ھارىسە، زەيد ئىبنى خەتتاب، زەيد ئىبنى ئەسلەم، ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادگەردىسى سالىم، سائىب ئىبنى ئوسمان، خەۋلەنىڭ ئازادگەردىسى سەئىد، مۇزھەج قەبىلىسىدىن بىر ئادەم، سۇھەيل ئىبنى بەيزائ، سۇھەيب ئىبنى سىنان، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ، ئامىر ئىبنى فۇھەيرە، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش، ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە سەھمى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەزئۇن، ئۇتبە ئىبنى غەزۋان، ئوسمان ئىبنى مەزئۇن، ئوسمان ئىبنى ھەبىب، ئەبۇ ۋەھب، ئەبۇ سائىب، ئۇكاشە ئىبنى مىھسەن، ئۇمەير ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، مەرسەد ئىبنى ئەبۇ مەرسەد غەنەۋى، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى

جەرراھ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ كەبشە، ئەبۇ مەرسەد غەنەۋى.

## ئەنسارىلاردىن:

ئەسئەد ئىبنى زەيد، ئەسۋەد ئىبنى زەيد، ئۇمەييە ئىبنى لەۋزان، ئۇنەيس ئىبنى قەتادە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى ئۇنەيسە، ئەۋس ئىبنى سابىت، ئەۋس ئىبنى سامىت، ئەۋس ئىبنى ئابدۇللاھ، بۇجەير ئىبنى ئەبۇ بۇجەير، بۇسەيس ئىبنى ئەمر، بەشر ئىبنى بەرا ئىبنى مەئرۇر، بەشر ئىبنى سەئد، تەمىيم ئىبنى يەئار، خەراشنىڭ ئازادگەردىسى تەمىيم، سابىت ئىبنى خالىد، سابىت ئىبنى سەئلەبە، سابىت ئىبنى رەبىيئە، سابىت ئىبنى ئەمر، سابىت ئىبنى ھەسسان، سەئلەبە ئىبنى ھاتىب، سەئلەبە ئىبنى ئەسمە، جابىر ئىبنى خالىد ئىبنى مۇخەللەد، جابىر ئىبنى خالىد ئىبنى ئابدۇلئەشھەل، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ، جەبەر ئىبنى ئۇتەيك، ھارىسە ئىبنى زەيد، ھارىسە ئىبنى ھەمىر، ھارىس ئىبنى قەيس، ھارىس ئىبنى ئەۋس، ھارىسە ئىبنى سۇراقە، ھەرس ئىبنى قەيس، ھەرس ئىبنى خىزمە، ھەرس ئىبنى ھاتىب، ھىررىيس ئىبنى زەيد، ئەبۇ ئەييۇب خالىد ئىبنى زەيد، رافىئ ئىبنى سەھل، رافىئ ئىبنى ھەرس، رافىئ ئىبنى ئەنجەدە، رىفائە ئىبنى رافىئ، رەبىيئ ئىبنى ئىياس، رەبئىي ئىبنى ئەبۇ رەبئىي، رۇخەيلە ئىبنى سەئلەبە، ئەبۇ تەلھە زەيد ئىبنى سەھل، زەيد ئىبنى ئەسلەم، زەيد ئىبنى مەرىن، زەيد ئىبنى ۋەدىئە، زىياد ئىبنى لۇبەيد، زىياد ئىبنى ئەمر، سەئد ئىبنى مۇئاز، سەئد ئىبنى رەبىئ، سەئد ئىبنى ھەيسەمە، سەئد ئىبنى زەيد، سەئد ئىبنى يەزىد، سەئد ئىبنى نۇئمان، سەھل ئىبنى قەيس، سۇھەيل ئىبنى رافىئ، سۇھەيل ئىبنى ئۇبەيد، ئەبۇ دۇجانە سىماك ئىبنى خەرەشە، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە، ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام، ئابدۇللاھ ئىبنى سەرخەس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ھەرام، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مالىك، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل، ئابدۇللاھ ئىبنى تارىق، ئابدۇللاھ ئىبنى سەلەمە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرفەتە، ئابدۇللاھ ئىبنى رەبىئ، ئابدۇللاھ ئىبنى سەئلەبە، ئابدۇللاھ

ئىبنى جەد، ئابدۇللاھ ئىبنى ھەمىر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇ مەنناف، ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس ئىبنى سەخر، ئەبۇ قەيس ئىبنى جەبەر، ئۇمارە ئىبنى ھەزم، ئەبۇ داۋۇد ئۇمەير ئىبنى ئامىر، فەرۋە ئىبنى ئەمىر، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە، ئەبۇ ھەيسەم ئىبنى تىيھان، مۇئاز ئىبنى جەبەل، مۇئاز ئىبنى ھەرس، مەسئۇد ئىبنى ئەسرەم، نۇئمان ئىبنى قەۋقەل.

6492 - عَنِ ٱبْنِ عَباسٍ أَنَّهُ قَالَ إِن أَهْلَ بَدْرٍ كَانُوا ثَلَاثَ مِائَةٍ وَثَلَاثَةَ عَشَرَ رَجُلًا وَكَانَ الْمُهَاجِرُونَ سِتةً وَسَبْعِينَ وَكَانَ هَزِيمَةُ أَهْلِ بَدْرٍ لِسَبْعَ عَشْرَةَ مَضَيْنَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ فِي شَهْرِ رَمَضَانَ.

6492 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەدر غازىتىغا قاتناشقان مۇجاھىدلارنىڭ سانى 313 نەپەر بولۇپ، مۇھاجىرلار 76 كىشى ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ بەدردە مەغلۇپ بولغان ۋاقتى رامىزان ئېيىنىڭ ئون يەتتىسى جۈمە كۈنى ئىدى.

(ئەھمەد: 2232)

6493 - وللبزار: إلا انه قال ثلثمائة وبضعة عشر وقال وكانت الانصار مـ ـائتين وستا وثلاثين.

6493 ـ بەززارمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: مۇجاھىدلار جەمئى 310 نەچچە كىشى بولۇپ، ئەنسارىلارنىڭ سانى 236 كىشى ئىدى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[1].

(بەززار: 1783؛ «ئەلكەبىر»)

6494 - وله بمدلس: كان يوم بدر لسبع وعشرين من رمضان.

---

[1] ھەيسەمى (10034): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەججاج ئىبنى ئەرتەئە ئىسىملىك ھەدىسى مۇدەللەس بىرى بار، ـ دېگەن.

6494 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: بەدر غازىتى رامىزان ئېيىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى بولغاندى[1].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

6495 - وله بحفي عن عامر بن عبدالله البدرى قال كانت صبيحة يوم الاثـنين لسبع عشرة من رمضان.

6495 ـ بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بەدر غازىتى رامىزاننىڭ ئون يەتتىسى، دۈشەنبە كۈنى ئەتىگىنى بولغاندى[2].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

6496 - عَنْ مُعَاذِ بْنِ رِفَاعَةَ بْنِ رَافِعٍ الزرَقِي عَنْ أَبِيهِ وَكَانَ أَبُوهُ مِنْ أَهْلِ بَدْرٍ قَالَ جَاءَ جِبْرِيلُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَا تَعُدونَ أَهْلَ بَدْرٍ فِيكُمْ قَالَ مِنْ أَفْضَلِ الْمُسْلِمِينَ أَوْ كَلِمَةً نَحْوَهَا قَالَ وَكَذَلِكَ مَنْ شَهِدَ بَدْرًا مِنْ الْمَلَائِكَةِ.

6496 ـ بەدر غازىتىغا قاتناشقانلاردىن رىفائە ئىبنى رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئاراڭلاردىكى بەدر غازىتىغا قاتناشقانلارغا قانداق قارايسىلەر؟ ـ دەپ سورىغانىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى دەپ قارايمىز، ـ دېدى (ياكى شۇنىڭغا يېقىن بىر سۆزنى قىلدى). جىبرىل ئەلەيھىسسالام:

ـ بەدر غازىتىغا قاتناشقان پەرىشتىلەرمۇ شۇنداق، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3992)

---

[1] ھەيسەمى (10035): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەججاج ئىبنى ئەرتەئە ئىسىملىك ھەدىسى مۇدەللەس بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (10036): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تەرجىمىھالى ئېنىق بولمىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

6497 - وَكَانَ رِفَاعَةُ مِنْ أَهْلِ بَدْرٍ وَكَانَ رَافِعٌ مِنْ أَهْلِ الْعَقَبَةِ فَكَانَ يَقُولُ لِابْنِهِ مَا يَسُرُّنِي أَنِّي شَهِدْتُ بَدْرًا بِالْعَقَبَةِ.

6497 ـ رىفائە بەدر غازىتىغا، ئاتىسى رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشقانلاردىن بولۇپ، رافىئ ئوغلى رىفائەگە:

ـ ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمنى بەدر غازىتىغا قاتناشقاندەك ھېس قىلىمەن، ـ دەيتتى.

(بۇخارى: 3993)

6498 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ اطَّلَعَ اللهُ عَلَى أَهْلِ بَدْرٍ فَقَالَ اعْمَلُوا مَا شِئْتُمْ فَقَدْ غَفَرْتُ لَكُمْ.

6498 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«بەلكى الله بەدر غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىپ، ئۇلارغا: ''خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىۋەتتىم'' دەۋەتكەن بولسا، ئەجەب ئەمەس» دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4654)

6499 - عَنْ رَافِعِ بن خَدِيجٍ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ، قَالَ يَوْمَ بَدْرٍ: وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَوْ أَنَّ مَوْلُودًا وُلِدَ فِي فِقْهِ أَرْبَعِينَ سَنَةً مِنْ أَهْلِ الدِّينِ يَعْمَلُ بِطَاعَةِ اللهِ كُلِّهَا، وَيَجْتَنِبُ الْمَعَاصِيَ كُلَّهَا إِلَى أَنْ يُرَدَّ إِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ، أَوْ يُرَدَّ إِلَى أَنْ لَا يَعْلَمَ بَعْدَ عِلْمٍ شَيْئًا، لَمْ يَبْلُغْ أَحَدُكُمْ هَذِهِ اللَّيْلَةَ.

6499 ـ رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر غازىتى بولغان كۈنى مۇنداق دېگەن:

«جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ناۋادا بىر بالا قىرىق يىللىق دىنىي ئىلىم بىلەن تۇغۇلۇپ، تاكى ئۆمرىنىڭ

---

[1] ئەلبانى (3890): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

ئاخىرىغىچە، يەنى ھېچنېمىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە قېرىپ كەتكىچە ئاللاھنىڭ تائەتىدە ئەمەل قىلىپ، گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى ئۆتكۈزمەي ياشىسىمۇ، يەنىلا بىرىڭلارنىڭ مۇشۇ بىر كېچىدە ئېرىشكەن ساۋابىغا ئېرىشەلمىگەن بولاتتى»[1].

(«ئەلكەبىر»: 4435)

6500 - عن علي بن أبي طالب قال كنت على قليب يوم بدر أميح أو أمتح منه فجاءت ريح شديدة ثم جاءت ريح شديدة شديدة لم أر ريحا أشد منها إلا التي كانت قبلها ثم جاءت ريح شديدة فكانت الأولى ميكائيل في ألف من الملائكة عن يمين النبي ﷺ والثانية إسرافيل في ألف من الملائكة عن يسار النبي ﷺ والثالثة جبريل في ألف من الملائكة وكان أبو بكر عن يمينه وكنت عن يساره فلما هزم الله الكفار حملني رسول الله ﷺ على فرس فلما استويت عليه حمل بي فصرت على عنقه فدعوت الله فثبتني عليه فطعنت برمحي حتى بلغ الدم إبطي.

6500 - ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن بەدرە قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ بېرىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ شىددەتلىك بوران چىقتى. مەن ئۇنداق قاتتىق بورانىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. بىرىنچى بوراندا مىكائىل ئەلەيھىسسالام مىڭ پەرىشتىنى باشلاپ كېلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇردى. ئىككىنچى بوراندا ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام مىڭ پەرىشتىنى باشلاپ كېلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سول تەرىپىدە تۇردى. ئۈچىنچى بوراندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مىڭ پەرىشتىنى باشلاپ كەلدى، ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇردى، مەن سول تەرىپىدە تۇردۇم. ئاللاھ تائالا

[1] ھەيسەمى (10053): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە جەئفەر ئىبنى مىقلاس ئىسىملىك تەرجىمىھالى ئېنىق بولمىغان بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

كاپىرلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى بىر ئاتقا مىندۈرۈۋىدى، ئۇ ئات ئۇچقاندەك تېز چېپىپ كەتكەنلىكتىن بويىنىغا چىڭ يېپىشىۋېلىپ، ﷲقا دۇئا قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئاتتىن چۈشۈپ كەتمەي، مەھكەم ئولتۇردۇم. ئاتنى چاپتۇرغانچە دۈشمەنلەرگە توختىماي نەيزە سانجىدىم، ھەتتا قانلار نەيزىنىڭ ئۇچىدىن قولتۇقۇمغىچە ئېقىپ كەلدى[①].

(مەۋسىلى: 489)

6501 - عن ابن عمر قال بينا أنا سائر بجنبات بدر إذ خرج رجل من حفـير في عنقه سلسلة فناداني يا عبد الله اسقني يا عبد الله اسقني فلا ادري اعرف اسمي أو دعـاني بدعاية العرب وخرج أسود من ذلك الحفير في يده سوط فناداني يا عبد الله لا تسقه فإنه كافر ثم ضربه بالسوط حتى عاد إلى حفرته فأتيت النبي ﷺ مسرعا فأخبرته فقال لي أو قد رأيته قلت نعم قال ذاك عدو الله أبو جهل بن هشام وذاك عذابه إلى يوم القيامة

6501 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن بەدر ئەتراپىدا كېتىۋاتسام، بىر ئادەم بىر ئورەكتىن بويىنىغا زەنجىر سېلىنغان ھالدا چىقىپ، مېنى چاقىردى ۋە:

ـ ئى ئابدۇللاھ! ماڭا سۇ بەرگىن! ـ دېدى. ئۇ ئادەم ئىسمىمنى راستىنلا بىلەمدۇ ياكى ئۇ ئەرەبلەرنىڭ تونۇمايدىغان كىشىنى چاقىرىش ئادىتى بويىچە شۇنداق چاقىردىمۇ بىلەلمىدىم. ئۇ چىققان ھېلىقى ئورەكتىن بىر قارا ئادەم قولىدا قامچا تۇتقىنىچە چىقىپ، ماڭا:

ـ ئى ئابدۇللاھ! ئۇنىڭغا سۇ بەرمىگىن، چۈنكى ئۇ كاپىر، ـ دېدى، ئاندىن ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ، ئورەككە قايتۇرۇپ ئەكىرىپ كەتتى. مەن ئالدىراپ بېرىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كۆرگەن ئەھۋالنى دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ـ سەن ئۇنى راستىنلا كۆردۈڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ھەئە، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[①] ھەيسەمى (9955): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ ئۇ، اللهنىڭ دۈشمىنى ئەبۇ جەھل ئىبنى ھىشام بولىدۇ، ئۇ تاكى قىيامەتكىچە شۇنداق ئازابلىنىدۇ، ـ دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 6560)

6502 - عَنِ ٱبنِ عَباسٍ، قَالَ: كَانَ سِيمَاءُ الْمَلائِكَةِ يَوْمَ بَدْرٍ عمائمَ بِيضٍ قَدْ أَرْسَلُوها إِلَى ظُهُورِهِمْ، وَيَوْمَ حُنَيْنٍ عمائمَ حُمْرٍ، وَلَمْ يُقَاتِلِ الْمَلائِكَةُ فِي يَوْمٍ إلا يَوْمَ بَدْرٍ إِنَمَا كَانُوا يَكُونُونَ عِدَدًا وَمَدَدًا لا يَضْرِبُونَ.

6502 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەدر غازىتىدا پەرىشتىلەرنىڭ بەلگىسى ئاق سەللە بولۇپ، ئۇلار سەللىسىنىڭ ئۇچىنى دۈمبىسىگە ساڭگىلىتىۋالغان ئىدى. ھۇنەيىن غازىتىدا قىزىل سەللە ئىدى. پەرىشتىلەر بەدر غازىتىدىن باشقا غازاتتا ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتناشماي، دۈشمەنگە تەگمەيدىغان ھەمدەمچى ۋە سانىنى ئاۋۇتۇپ بەرگۈچى قوشۇن بولغانىدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 12085)

6503 - وفي رواية: لم يُقَاتِلِ الْمَلائِكَةُ مع النبي صلى اللهُ عليه وسلم إلا يوم بَدْرٍ وَكَانَتْ فِيمَا سِوَى ذلك إمدادًا ولم يَكُنْ مع النبي صلى اللهُ عليه وسلم مِنَ الْخَيْلِ إلا فَرَسَانِ أَحَدُهُمَا لِلْمِقْدَادِ بن الأَسْوَدِ وَالآخَرُ لأَبِي مَرْثَدٍ الْغَنَوِي.

6503 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەرىشتىلەر بەدر غازىتىدىن باشقا غازاتتا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتناشمىغان بولۇپ، باشقا غازاتلاردا ھەمدەمچى قوشۇن بولغانىدى. بەدر ئۇرۇشى بولغان كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

[1] ھەيسەمى (9973): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تەرجىمىھالى ئېنىق بولمىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9985): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەممار ئىبنى ئەبۇ مالىك ئىسمىلىك بىرى بار. ئەزدى ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا پەقەت ئىككى تۇياق ئات بار بولۇپ، بىرى مىقدادتا، يەنە بىرى ئەبۇ مەرسەد غەنەۋىيدە ئىدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 11377؛ «ئەلئەۋسەت»: 9125)

6504 - عَن ابن عَباسٍ رَضِي اللهُ عنهما أنّ النبي صلى اللهُ عليه وسلم قال لِعَلِي نَاوِلْنِي كَفًا من حصباء فناوله فرمى بِهِ وُجُوهَ الْقَوْمِ فما بَقِي أَحَدٌ مِنَ الْقَوْمِ إلا امْتَلأَتْ عَيْنَاهُ مِنَ الْحَصْبَاءِ فَنَزَلَتْ (وما رَمَيْتَ إِذْ رَمَيْتَ وَلَكِن اللهَ رَمَى).

6504 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر غازىتىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ بىر سىقىم قۇم ئېلىپ بەرگىن! ـ دېدى. ئەلى سۇنۇپ بەردى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى دۈشمەننىڭ يۈزلىرىگە قارىتىپ ئېتىۋىدى، ھەممىسىنىڭ كۆزىگە (قۇم) كىرىپ كەتتى. شۇ چاغدا: (ئى مۇھەممەد! بىر سىقىم قۇمنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزىگە) الله ئاتتى [2] دېگەن ئايەت نازىل بولدى[3].

(«ئەلكەبىر»: 11750)

6505 - عن ابن عباس قال قلت لأبي: يا أبت كيف أسرك أبو اليسر ولو شئت لجعلته في كفك قال يا بنى لا تقل ذاك لقد لقيني وهو أعظم في عينى من الخندمة.

6505 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن دادامغا:

---

[1] ھەيسەمى (9986): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئىمران ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] سۈرە ئەنفال، 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ھەيسەمى (9999): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ـ ئى دادا! ئەبۇ يەسەر سېنى قانداق قىلىپ ئەسىرگە ئېلىۋالدى؟ ئەگەر خالىساڭ، ئۇنى بىر قولۇڭ بىلەنلا يۇغۇرۇپ تاشلىيالايتتىڭغۇ؟! ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ئى ئوغلۇم! ئۇنداق دېمىگىن، ئۇ ماڭا ئۇچرىغاندا، ماڭا خەندەمە تېغىدىنمۇ يوغان كۆرۈنۈپ كەتتى، ـ دېدى[①].

(«ئەلكەبىر»؛ بەززار: 1297)

6506 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ الذِي أَسَرَ الْعَباسَ بْنَ عَبْدِ الْمُطلِبِ أَبُو الْيَسَرِ بْنُ عَمْرٍو وَهُوَ كَعْبُ بْنُ عَمْرٍو أَحَدُ بَنِي سَلِمَةَ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَيْفَ أَسَرْتَهُ يَا أَبَا الْيَسَرِ قَالَ لَقَدْ أَعَانَنِي عَلَيْهِ رَجُلٌ مَا رَأَيْتُهُ بَعْدُ وَلَا قَبْلُ هَيْئَتُهُ كَذَا هَيْئَتُهُ كَذَا قَالَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَقَدْ أَعَانَكَ عَلَيْهِ مَلَكٌ كَرِيمٌ وَقَالَ لِلْعَباسِ يَا عَباسُ افْدِ نَفْسَكَ وَابْنَ أَخِيكَ عَقِيلَ بْنَ أَبِي طَالِبٍ وَنَوْفَلَ بْنَ الْحَارِثِ وَحَلِيفَكَ عُتْبَةَ بْنَ جَحْدَمٍ أَحَدُ بَنِي الْحَارِثِ بْنِ فِهْرٍ قَالَ فَأَبَى وَقَالَ إِني كُنتُ مُسْلِمًا قَبْلَ ذَلِكَ وَإِنمَا اسْتَكْرَهُونِي قَالَ اللهُ أَعْلَمُ بِشَأْنِكَ إِنْ يَكُ مَا تَدعِي حَقًا فَاللهُ يَجْزِيكَ بِذَلِكَ وَأَما ظَاهِرُ أَمْرِكَ فَقَدْ كَانَ عَلَيْنَا فَافْدِ نَفْسَكَ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ أَخَذَ مِنْهُ عِشْرِينَ أُوقِيةَ ذَهَبٍ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ احْسُبْهَا لِي مِنْ فِدَايَ قَالَ لَا ذَاكَ شَيْءٌ أَعْطَانَاهُ اللهُ مِنْكَ قَالَ فَإِنهُ لَيْسَ لِي مَالٌ قَالَ فَأَيْنَ الْمَالُ الذِي وَضَعْتَهُ بِمَكةَ حَيْثُ خَرَجْتَ عِنْدَ أُم الْفَضْلِ وَلَيْسَ مَعَكُمَا أَحَدٌ غَيْرُكُمَا فَقُلْتَ إِنْ أُصِبْتُ فِي سَفَرِي هَذَا فَلِلْفَضْلِ كَذَا وَلِقُثَمَ كَذَا وَلِعَبْدِ اللهِ كَذَا قَالَ فَوَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق مَا عَلِمَ بِهَذَا أَحَدٌ مِنْ الناسِ غَيْرِي وَغَيْرُهَا وَإِني لَأَعْلَمُ أَنكَ رَسُولُ اللهِ.

6506 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: دادام ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنى ئەسىرگە ئالغان كىشى بەنى سەلەمە جەمەتىلىك ئەبۇ يەسەر كەئب ئىبنى ئەمر ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن:

---

① ھەيسەمى (10003): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەلى ئىبنى زەيد ئىسىملىك ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى تۆۋەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ ئى ئەبۇ يەسەر! ئۇنى قانداق قىلىپ ئەسىر ئېلىۋالدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ ماڭا بۇرۇن پەقەت كۆرۈپ باقمىغان بىر ئادەم ياردەملەشتى، ئۇنىڭ تۇرقى مۇنداق ـ مۇنداق ئىدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، ساڭا بىر ئېسىل پەرىشتە ياردەملىشىپتۇ. ـ دېدى. ئاندىن ئاbbاسقا:

ــ ئى ئاbbاس! ئۆزەڭگە، جىيەنىڭ ئەقىل ئىبنى ئەبۇ تالىبقا، نەۋفەل ئىبنى هارىسقا ۋە ئىتتىپاقدىشىڭ ئۇتبە ئىبنى جەھدەمگە تۆلەم تۆلەپ، ئەسىرلىكتىن قۇتۇلغىن! ـ دېۋىدى، ئۇ ئۇنىماي:

ــ مەن بۇرۇندىن تارتىپلا مۇسۇلمان ئىدىم، مېنى قەۋمىم زورلاپ ئېلىپ كەلدى، ـ دەپ تۇرىۋالدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەھۋالىڭنى الله ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر سۆزلىرىڭ راست بولسا، الله ساڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭ ئۈچۈن كاتتا ساۋاب بېرىدۇ. ئەمما سېنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىڭدىكى قىلمىشىڭ بىزگە قارشى ئىدى، شۇڭا تۆلەم تۆلەپ ئاسارەتتىن قۇتۇلغىن! ـ دېدى. ئەسلىدە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يىگىرمە ئۇقىيە ئالتۇننى ئولجا ئالغان ئىدى، ئۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەشۇ ئالتۇننى مېنىڭ فىدىيەمگە ھېساب قىلغىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ياق، ئۇ دېگەن الله سېنىڭ قولۇڭدىن بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشۈرۈپ بەرگەن ئولجا، ـ دېدى، ئاbbاس:

ــ ئۇنداقتا، مېنىڭ باشقا مېلىم يوق، ـ دەپ تۇرىۋالدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەمىسە، سەن مەككىدىن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئايالىڭ ئۇممۇ فەزلگە يالغۇز يەردە: ”مەن مۇشۇ سەپىرىمدە ئۆلۈپ كەتسەم، فەزلگە مۇنچىلىك، قۇسەمگە مۇنچىلىك، ئابدۇللاھقا مۇنچىلىك بېرىلسۇن“

دەپ تەقسىم قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلكۈڭ قېنى؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئابباس:

ـ سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىشتىن ئايالىم ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. ئەمدى چۈشىنىپ يەتتىمكى، سەن ھەقىقەتەن اللەنىڭ پەيغەمبىرىسەن، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 3300)

6507 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ بَدْرٍ مَنْ اسْتَطَعْتُمْ أَنْ تَأْسِرُوهُ مِنْ بَنِي عَبْدِ الْمُطلِبِ فَإِنهُمْ خَرَجُوا كُرْهًا.

6507 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر غازىتىدا مۇنداق دېگەن:

«بەنى ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىدىن كۈچۈڭلار يەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەسىرگە ئېلىڭلار (يەنى ئۆلتۈرمەڭلار)، چۈنكى ئۇلار ئۇرۇشقا مەجبۇرى چىققان»[2].

(ئەھمەد: 678؛ بەززار)

6508 - عن أبي رَافِعٍ مولى رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم قال كنت غُلاَمًا لِلْعَباسِ بن عبد الْمُطلِبِ وَكُنْتُ قد أَسْلَمْتُ وَأَسْلَمَتْ أُم الْفَضْلِ وَأَسْلَمَ الْعَباسُ وكان يَكْتُمُ إِسْلاَمَهُ مَخَافَةَ قَوْمِهِ وكان أبو لَهَبٍ قد تَخَلفَ عن بَدْرٍ وَبَعَثَ مَكَانَهُ الْعَاصَ بن هِشَامٍ وكان له عليه دَيْنٌ فقال له اكْفِنِي هذا الْغَزْوَ وَأَتْرُكُ لك ما عَلَيْكَ فَفَعَلَ فلما جاء الْخَبَرُ وَكَبَتَ اللهُ أَبَا لَهَبٍ وَكُنْتُ رَجُلا ضَعِيفًا أَنْحِتُ هذه الأَقْدَاحَ في حُجْرَةٍ وَمَر بِي فَوَاللهِ إني لَجَالِسٌ في الْحُجْرَةِ أَنْحِتُ أَقْدَاحِي وَعِنْدِي أُم الْفَضْلِ إِذِ الْفَاسِقُ أبو لَهَبٍ يَجُر رِجْلَيْهِ أُرَاهُ قال حتى جَلَسَ عِنْدَ طُنُبِ الْحُجْرَةِ فَكَانَ ظَهْرُهُ إلى ظَهْرِي فقال الناس هذا أبو

---

[1] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار، باشقا راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

سُفْيَانَ بن الْحَارِثِ فقال أبو لَهَبٍ هَلُم إلي يا بن أَخِي فَجَاءَ أبو سُفْيَانَ حتى جَلَسَ عِنْدَهُ فَجَاءَ الناس فَقَامُوا عَلَيْهِمَا فقال يا بن أَخِي كَيْفَ كان أَمْرُ الناس قال لا شَيْءَ وَاللهِ ما هو إلا أَنْ لَقِينَاهُمْ فَمَنَحْنَاهُمْ أَكْتَافَنَا يَقْتُلُونَنَا كَيْفَ شاؤوا وَيَأْسِرُونَنَا كَيْفَ شاؤوا وأيم اللهِ لَمَا لُمْتُ الناس قال وَلِمَ فقال رأيت رِجَالا بِيضًا على خَيْلٍ بُلْقٍ لا وَاللهِ ما تَلِيقُ شيئا وَلا يَقُومُ لها شَيْءٌ قال فَرَفَعْتُ طُنُبَ الْحُجْرَةِ فقلت تِلْكَ وَاللهِ الْمَلائِكَةُ فَرَفَعَ أبو لَهَبٍ يَدَهُ فَلَطَمَ وَجْهِي وَثَاوَرْتُهُ فَاحْتَمَلَنِي فَضَرَبَ بِيَ الأَرْضَ حتى نَزَلَ عَلَيَّ فَقَامَتْ أُم الْفَضْلِ فَاحْتَجَزَتْ فَأَخَذَتْ عَمُودًا من عُمُدِ الْحُجْرَةِ فَضَرَبَتْهُ بِهِ فَفَلَقَتْ في رَأْسِهُ شَجةً مُنْكَرَةً وَقَالَتْ أَيْ عَدُو اللهِ استضعفته أن رَأَيتَ سَيدَهُ غَائِبًا عنه فَقَامَ ذَلِيلا فَوَاللهِ ما عَاشَ إلا سَبْعَ لَيَالٍ حتى ضَرَبَهُ اللهُ بِالْعَدَسَةِ فَقَتَلَتْهُ فَلَقَدْ تَرَكَهُ ابْنَاهُ لَيْلَتَيْنِ أو ثَلاثَةً ما يَدْفِنَاهُ حتى أَنْتَنَ فقال رَجُلٌ مِن قُرَيْشٍ لإبنيه أَلا تَسْتَحِيَانِ إِن أَبَاكُمَا قد أَنْتَنَ في بَيْتِهِ فَقَالا إِنا نخشي هذه الْقُرْحَةَ وَكَانَتْ قُرَيْشٌ يَتقُونَ الْعَدَسَةَ كما يتقي الطاعُونُ فقال رَجُلٌ انْطَلِقَا فَأَنا مَعَكُمَا قال فَوَاللهِ مَا غَسلُوهُ إلا قَذْفًا بِالْمَاءِ عليه من بَعِيدٍ ثُم احْتَمَلُوهُ فَقَذَفُوهُ في أَعْلَى مَكةَ إلى جِدَارٍ وَقَذَفُوا عليه الْحِجَارَةَ

6508 ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ خىزمەتچىسى ئىدىم. مەن، ئابباس ۋە ئابباسنىڭ ئايالى ئۇممۇ فەزل ئۈچىلىمىز مۇسۇلمان بولغان ئىدۇق. ئابباس قەۋمىدىن قورقۇپ، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مەخپىي تۇتاتتى. ئەبۇ لەھەب بەدر غازىتىغا چىقماي، ئۆز ئورنىغا ئاس ئىبنى ھىشامنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىبنى ھىشامدىن ئالىدىغان قەرزى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا:

ــ مېنىڭ ئورنۇمدا بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقىن، مەن بوينۇڭدىكى قەرزنى كۆتۈرىۋېتەي، ـ دېگەن ئىدى، ئۇ ماقۇل بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى. ئۇرۇش توغرىسىدا خەۋەر كېلىپ، الله ئەبۇ لەھەبنى خار قىلغاندا، مەن بىر ھۇجرىدا ياغاچ ئاياق ئويۇپ ئولتۇراتتىم، يېنىمدا ئۇممۇ فەزلمۇ بار ئىدى. مەن جىسمىم ئاجىز ئادەم ئىدىم. بەدبەخت ئەبۇ لەھەب ئىككى

پۇتىنى سۆرىگەن پېتى ھۇجرامنىڭ پەردىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، دۇمبىسىنى بىزنىڭ دۇمبىمىزگە قىلىپ (يەنى تەتۈر قاراپ) ئولتۇردى. كىشىلەر:

— ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس كېلىۋاتىدۇ، ـ دېيىشىۋىدى، ئەبۇ لەھەب:

— ئى جىيەنىم! قېشىمغا كەلگىن! ـ دېدى، ئەبۇ سۇفيان كېلىپ قېشىدا ئولتۇردى، باشقىلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئەبۇ لەھەب:

— ئى جىيەنىم! قېنى ئېيتقىنە، ئادەملەرگە نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ سۇفيان:

— ھېچ ئىش بولمىدى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارغا ئۇچراشقان ۋاقتىمىزدا، بويۇنلىرىمىزنى تۇتۇپ بېرىۋىدۇق، بىزنى خالىغىنىچە ئۆلتۈرۈپ، خالىغىنىچە ئەسىرگە ئالغىلى تۇردى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئادەملىرىمىزنى ئەيىبلىمەيمەن، ـ دېدى. ئەبۇ لەھەب:

— نېمىشقا؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ سۇفيان:

— مەن ئاق كىيىملەرنى كىيىپ، ئاق ئاتلارغا مىنىۋالغان كىشىلەرنى كۆردۇم. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ـ دېدى. مەن دەرھال ھۇجرامنىڭ چىملىدىقىنى قايرىپ:

— ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ كۆرگىنى ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىدۇر، ـ دەۋەتتىم. ئەبۇ لەھەب قولىنى كۆتۈرۈپ، كاچىتىمغا بىرنى سالدى. مەن ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرگەنىدىم، ئۇ مېنى يەرگە بېسىپ، ئۇستۇمگە چىقىۋالدى. ئۇممۇ فەزل دەرھال ئارىغا كىرىپ مېنى ئاجرىتىپ قويدى. مەن چاققانلىق بىلەن ھۇجرىدىكى كالتەكتىن بىرنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا سالدىم ۋە ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەندۈردۈم. ئۇممۇ فەزل:

— ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! خوجايىنى يوق دەپ، ئۇنى بوزەك قىلماقچى بولۇۋاتامسەن؟! ـ دېدى. ئەبۇ لەھەب رەزىل ـ رەسۋا بولغان ھالدا كېتىپ

قالدى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەبۇ لەھەب شۇ ۋەقەدىن كېيىن، پەقەت يەتتە كۈنلا ياشىدى. الله ئۇنى چېچەك كېسىلىگە گىرىپتار قىلغان بولۇپ، ئۇ شۇ كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئىككى ئوغلى ئۇنى ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە دەپنە قىلىشقا ئەيمىنىپ تاشلاپ قويۇپ سېسىتىۋەتتى. ئاخىرى قۇرەيشلىك بىر ئادەم:

- سىلەر نومۇس قىلمامسىلەر؟ داداڭلارنىڭ جەسىدى سېسىپ كەتتى، - دېۋىدى، ئۇلار:

- بىز چېچەك كېسىلىنىڭ يۇقۇپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتىمىز، - دەپ جاۋاب بېرىشتى. قۇرەيش خەلقى چېچەك كېسىلىدىن خۇددى ۋابادىن قورققاندەك قورقاتتى. ئۇ ئادەم:

- يۈرۈڭلار، مەن ياردەم قىلاي، - دەپ ئۇلارنى ئېلىپ باردى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئەبۇ لەھەبنىڭ جەسىدىنى يىراقتىنلا سۇ چېچىپ يۇيۇپ، ئاندىن مەككىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى تۆپىلىككە ئېلىپ چىقتى ۋە بىر ئەسكى تامنىڭ قېشىغا تاشلاپ، ئۈستىگە تاش تاشلاپ كۆمۈۋەتتى[1].

(«ئەلكەبىر»؛ بەززار: 1297)

6509 - عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ، قَالَ: فَادَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُسَارَى بَدْرٍ، وَكَانَ فِدَاءُ كُل وَاحِدٍ مِنْهُمْ أَرْبَعَةَ آلافٍ، وَقُتِلَ عُقْبَةُ بن أَبِي مُعَيْطٍ قَبْلَ الْفِدَاءِ قَامَ إِلَيْهِ عَلِي بن أَبِي طَالِبٍ فَقَتَلَهُ صَبْرًا، فَقَالَ: مَنْ لِلصِّبْيَةِ يَا مُحَمَّدُ؟ قَالَ: النارُ.

6509 - ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمـادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر ئەسىرلىرىنى بىر يەرگە يىغدى. ھەر بىرىنىڭ فىديەسى ئۇچۇن تۆت مىڭ تەڭگە بەلگىلەندى. ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت فىديە ئېلىشتىن بۇرۇن

[1] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھۈسەيىن ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىسىملىك بىرى بار. بەزىلەر ئۇنى ئىشەنچلىك دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر زەئىپ دەپ باھا بەرگەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى باغلاپ قويۇپ، ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا:

— ئى مۇھەممەد! بالا ـ چاقىلىرىمغا كىم قارايدۇ؟ ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ جەھەننەم، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 12154؛ «ئەلئەۋسەت»: 3003)

6510 - عن ابْنَ مَسْعُودٍ أن الثمَانِيَةَ عَشَرَ الذِينَ قُتِلُوا مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ بَدْرٍ جَعَلَ اللهُ أَرْوَاحَهُمْ فِي الْجَنةِ فِي طَيْرٍ خُضْرٍ تَسْرَحُ فِي الْجَنةِ.

6510 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: الله تائالا بەدردە شېھىد قىلىنغان ئون سەككىز ساھابىنىڭ روھلىرىنى يېشىل قۇشلارنىڭ پوكىنىدا قىلغان بولۇپ، ئۇلار جەننەتتە ئۇچۇپ يۈرىدۇ[2].

(«ئەلكەبىر»: 10466)

6511 ـ عَن ابْنِ عَباسٍ قَالَ: كان لِوَاءُ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يوم بَدْرٍ مع عَلِي بن أبي طَالِبٍ وَلِوَاءُ الأَنصَارِ مع سَعْدِ بن عُبَادَةَ.

6511 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەدر غازىتىدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (يەنى مۇھاجىرلار)نىڭ بايرىقى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبتا، ئەنسارىلارنىڭ بايرىقى سەئد ئىبنى ئۇبادەدە ئىدى[3].

(«ئەلكەبىر»: 5355)

[1] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## بەنى نەزىر غازىتى، مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىش ۋە كەئب ئىبنى ئەشرەف بىلەن ئەبۇ رافىئنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

6512 - عَنْ عُرْوَةَ كَانَتْ عَلَى رَأْسِ سِتَّةِ أَشْهُرٍ مِنْ وَقْعَةِ بَدْرٍ قَبْلَ أُحُدٍ.

6512 ـ ئۇرۋەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بۇ ۋەقە (بەنى نەزىر غازىتى) بەدر غازىتىدىن ئالتە ئاي كېيىن ۋە ئۇھۇد غازىتىدىن بۇرۇن بولغان.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

6513 - عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّ كُفَّارَ قُرَيْشٍ كَتَبُوا إِلَى ابْنِ أُبَيٍّ وَمَنْ كَانَ يَعْبُدُ مَعَهُ الْأَوْثَانَ مِنْ الْأَوْسِ وَالْخَزْرَجِ وَرَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَوْمَئِذٍ بِالْمَدِينَةِ قَبْلَ وَقْعَةِ بَدْرٍ إِنَّكُمْ آوَيْتُمْ صَاحِبَنَا وَإِنَّا نُقْسِمُ بِاللهِ لَتُقَاتِلُنَّهُ أَوْ لَتُخْرِجُنَّهُ أَوْ لَنَسِيرَنَّ إِلَيْكُمْ بِأَجْمَعِنَا حَتَّى نَقْتُلَ مُقَاتِلَتَكُمْ وَنَسْتَبِيحَ نِسَاءَكُمْ فَلَمَّا بَلَغَ ذَلِكَ عَبْدَ اللهِ بْنَ أُبَيٍّ وَمَنْ كَانَ مَعَهُ مِنْ عَبَدَةِ الْأَوْثَانِ اجْتَمَعُوا لِقِتَالِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَلَمَّا بَلَغَ ذَلِكَ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَقِيَهُمْ فَقَالَ لَقَدْ بَلَغَ وَعِيدُ قُرَيْشٍ مِنْكُمْ الْمَبَالِغَ مَا كَانَتْ تَكِيدُكُمْ بِأَكْثَرَ مِمَّا تُرِيدُونَ أَنْ تَكِيدُوا بِهِ أَنْفُسَكُمْ تُرِيدُونَ أَنْ تُقَاتِلُوا أَبْنَاءَكُمْ وَإِخْوَانَكُمْ فَلَمَّا سَمِعُوا ذَلِكَ مِنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تَفَرَّقُوا فَبَلَغَ ذَلِكَ كُفَّارَ قُرَيْشٍ فَكَتَبَتْ كُفَّارُ قُرَيْشٍ بَعْدَ وَقْعَةِ بَدْرٍ إِلَى الْيَهُودِ إِنَّكُمْ أَهْلُ الْحَلْقَةِ وَالْحُصُونِ وَإِنَّكُمْ لَتُقَاتِلُنَّ صَاحِبَنَا أَوْ لَنَفْعَلَنَّ كَذَا وَكَذَا وَلَا يَحُولُ بَيْنَنَا وَبَيْنَ خَدَمِ نِسَائِكُمْ شَيْءٌ وَهِيَ الْخَلَاخِيلُ فَلَمَّا بَلَغَ كِتَابُهُمْ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَجْمَعَتْ بَنُو النَّضِيرِ بِالْغَدْرِ فَأَرْسَلُوا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اخْرُجْ إِلَيْنَا فِي ثَلَاثِينَ رَجُلًا مِنْ أَصْحَابِكَ وَلْيَخْرُجْ مِنَّا ثَلَاثُونَ

حَبْرًا حَتى نَلْتَقِيَ بِمَكَانِ الْمَنْصَفِ فَيَسْمَعُوا مِنْكَ فَإِنْ صَدقُوكَ وَآمَنُوا بِكَ آمنا بِكَ فَقَص خَبَرَهُمْ فَلَما كَانَ الْغَدُ غَدَا عَلَيْهِمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْكَتَائِبِ فَحَصَرَهُمْ فَقَالَ لَهُمْ إِنكُمْ وَاللهِ لَا تَأْمُنُونَ عِنْدِي إِلا بِعَهْدٍ تُعَاهِدُونِي عَلَيْهِ فَأَبَوْا أَنْ يُعْطُوهُ عَهْدًا فَقَاتَلَهُمْ يَوْمَهُمْ ذَلِكَ ثُم غَدَا الْغَدُ عَلَى بَنِي قُرَيْظَةَ بِالْكَتَائِبِ وَتَرَكَ بَنِي النضِيرِ وَدَعَاهُمْ إِلَى أَنْ يُعَاهِدُوهُ فَعَاهَدُوهُ فَانْصَرَفَ عَنْهُمْ وَغَدَا عَلَى بَنِي النضِيرِ بِالْكَتَائِبِ فَقَاتَلَهُمْ حَتى نَزَلُوا عَلَى الْجَلَاءِ فَجَلَتْ بَنُو النضِيرِ وَاحْتَمَلُوا مَا أَقَلتْ الْإِبِلُ مِنْ أَمْتِعَتِهِمْ وَأَبْوَابِ بُيُوتِهِمْ وَخَشَبِهَا فَكَانَ نَخْلُ بَنِي النضِيرِ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَاصةً أَعْطَاهُ اللهُ إِياهَا وَخَصهُ بِهَا فَقَالَ وَمَا أَفَاءَ اللهُ عَلَى رَسُولِهِ مِنْهُمْ فَمَا أَوْجَفْتُمْ عَلَيْهِ مِنْ خَيْلٍ وَلَا رِكَابٍ يَقُولُ بِغَيْرِ قِتَالٍ فَأَعْطَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَكْثَرَهَا لِلْمُهَاجِرِينَ وَقَسَمَهَا بَيْنَهُمْ وَقَسَمَ مِنْهَا لِرَجُلَيْنِ مِنْ الْأَنْصَارِ وَكَانَا ذَوِي حَاجَةٍ لَمْ يَقْسِمْ لِأَحَدٍ مِنْ الْأَنْصَارِ غَيْرِهِمَا وَبَقِيَ مِنْهَا صَدَقَةُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ التِي فِي أَيْدِي بَنِي فَاطِمَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا.

6513 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرەيش كاپىرلىرى بەدر غازىتىدىن ئىلگىرى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدىكى چاغدا، ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بۇتقا چوقۇنىدىغان ئەۋس ۋە خەزرەجلىكلەرگە مەكتۇب يوللاپ:

ـ سىلەر بىزنىڭ ئادىمىمىزنى پاناھلاندۇردۇڭلار. لات ۋە ئۇززانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، يا سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىسىلەر ياكى ئۇنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىسىلەر. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، ھەممىمىز ئۇلاش ـ چۇلاش بېرىپ، ئەرلىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، بالا ـ چاقىلىرىڭلارنى ئەسىرگە ئالىمىز، ـ دېدى. بۇ مەكتۇبنى تاپشۇرۇۋالغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي باشلىق بۇتپەرەسلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپ مەسلىھەتلەشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى ۋە:

ــ قۇرەيشنىڭ تەھدىتى سىلەرنى بەكلا قورقىتىۋەتكەن ئوخشايدۇ. سىلەر ئۆز قېرىنداشلىرىڭلار ۋە بالا - چاقاڭلارغا قارشى ئۇرۇش قىلماقچىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، قۇرەيشلەر سىلەرگە سالالمايدىغان چوڭ زىياننى ئۆز - ئۆزەڭلارغا سالىسىلەر، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار تارقىلىپ كەتتى. بۇ خەۋەر قۇرەيشلەرگە يېتىپ باردى، بەدر غازىتىدىن كېيىن، ئۇلار يەھۇدىيلارغا مەكتۇپ يوللاپ:

ــ سىلەر قورال - ياراق ۋە قورغان - ئىستىھكاملار ئىگىسى. سىلەر يا بىزنىڭ ئادىمىمىز بىلەن ئۇرۇشىسىلەر ياكى بولمىسا، بىز (باستۇرۇپ بېرىپ) ئۇنداق قىلىمىز، مۇنداق قىلىمىز. ئۇ چاغدا بىزنى ئاياللىرىڭلارغا چېقىلىشتىن ھېچنىمە توسۇپ قالالمايدۇ، - دېدى. بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى بۇ مەكتۇبنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلماقچى بولدى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئادەم يوللاپ:

ــ ساھابىلىرىڭدىن ئوتتۇز ئادەمنى ئېلىپ كەلگىن، بىزدىنمۇ ئوتتۇز ئالىم چىقىپ، بىر جايدا ئۇچرىشىڭلار. سەن دەلىل - ئىسپاتلىرىڭنى كۆرسەتكىن. ئەگەر ئۇلار سېنى راستچىل دەپ ئىشەنسە، بىزمۇ ساڭا ئىشىنىپ، ئىمان ئېيتايلى، - دېيىشتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەست قىلماقچى بولغانلىقىنى يەتكۈزدى. ئەتىسى ئەتىگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىدائىيلارنى باشلاپ، بەنى نەزىر قەبىلىسىگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۇلارغا:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزگە ئىشەنچلىك ئەھدە بەرمىسەڭلار، مەندىن سىلەرگە ئامانلىق يوق، - دېدى. لېكىن يەھۇدىيلار ئەھدە بېرىشكە ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ كۈنى كەچكىچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە، بەنى نەزىرنى تاشلاپ، بەنى قۇرەيزەگە باردى ۋە ئۇلارنى ئەھدىلىشىشكە چاقىردى. ئۇلار دەرھال ئەھدىلەشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا چېقىلماي، يەنە بەنى نەزىر

قەبىلىسىگە يېتىپ كەلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىدائىيلارنى باشلاپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئاخىرى، ئۇلار مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشكە ماقۇل بولدى ۋە ئىشىك - دېرىزىلىرىدىن تارتىپ ھەممە نەرسىسىنى تۆگىلەرگە ئارتىپ، چىقىپ كېتىشتى. الله تائالا بەنى نەزىرنىڭ خورمىزارلىقلىرىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خاس قىلىپ بېرىپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: الله پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن يەنى (بەنى نەزىرنىڭ ماللىرىدىن) قايتۇرغان غەنىمەتلەرنى سىلەر ئات ـ تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ (يەنى ئەجىر قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ) قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس، لېكىن الله پەيغەمبەرلىرىنى خالىغان ئادەمگە مۇسەللەت قىلىدۇ، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر [1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ غەنىمەتنىڭ كۆپىنچىسىنى مۇھاجىرلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى، ئەنسارىلاردىن موھتاج ئىككى كىشىدىن باشقا ھېچكىمگە بەرمىدى. ئۇ خورمىزارلىقتىن پەقەت پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەدىقە قىلغان ۋە كېيىن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن ۋەقفىلا ساقلىنىپ قالغان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3004)

6514 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَرقَ نَخْلَ بَنِي النضِيرِ قَالَ وَلَهَا يَقُولُ حَسانُ بْنُ ثَابِتٍ

وَهَانَ عَلَى سَرَاةِ بَنِي لُؤَي حَرِيقٌ بِالْبُوَيْرَةِ مُسْتَطِيرُ

قَالَ فَأَجَابَهُ أَبو سُفْيَانَ بْنُ الْحَارِثِ

أَدَامَ اللهُ ذَلِكَ مِنْ صَنِيعٍ وَحَرقَ فِي نَوَاحِيهَا السعِيرُ
سَتَعْلَمُ أَينَا مِنْهَا بِنُزْهٍ وَتَعْلَمُ أَي أَرْضَيْنَا تَضِيرُ

---

[1] سۈرە ھەشىر، 6 ـ ئايەت.
[2] ئەلبانى (2595): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

6514 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بەنى نەزىر خورمىلىقىنىڭ بەزىلىرىنى كۆيدۈرۈپ، بەزىلىرىنى كېسىۋەتتى. بۇ خورمىلىق ''ئەل بۇۋەيرە'' دەپ ئاتىلاتتى. ھەسسان ئىبنى سابىت بۇ ۋەقەلىك ھەققىدە:

بەنى لۇئەي چوڭلىرىغا كار قىلمىدى ئانچە بەك،
بۇۋەيرەنى كۆيدۈرگەن شۇنچە ئوتنىڭ يالقۇنى...

دەپ شېئىر ئوقۇغانىدى، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

الله ئوتنى ئۇلغايتىپ، ئەتراپىنىمۇ كۆيدۈرسۇن،
كۆرسەن ئوتتىن كىم يىراق، كىمنىڭ ئېغىر زىيىنى...

(بۇخارى: 4032)

6515 - عن بن عُمَرَ رضي الله عنهما قال حَرقَ رسول اللهِ ﷺ نَخْلَ بَنِي النضِيرِ وَقَطَعَ وَهِيَ الْبُوَيْرَةُ فَنَزَلَتْ ما قَطَعْتُمْ من لِينَةٍ أو تَرَكْتُمُوهَا قَائِمَةً على أُصُولِهَا فَبِإِذْنِ اللهِ .

6515 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بەنى نەزىر خورمىلىقىنىڭ بەزىلىرىنى كۆيدۈرۈپ، بەزىلىرىنى كېسىۋەتتى. بۇ خورمىلىق ''بۇۋەيرە'' دەپ ئاتىلاتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە: (ئى مۇسۇلمانلار!) سىلەر مەيلى (بەنى نەزىرنىڭ) خورمىلىرىنى كېسىڭلار، مەيلى ئۇنى بۇرۇنقى پېتى ئۆرە قالدۇرۇڭلار، ھەممىسىگە الله رۇخسەت قىلىدۇ، (اللهنىڭ مۇنداق رۇخسەت قىلىشى) اللهنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلارنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

(بۇخارى: 4031)

[1] سۇرە ھەشر، 5 ـ ئايەت.

6516 - عن ابْنَةِ مُحَيِّصَةَ عن أَبِيهَا مُحَيِّصَةَ أن رَسُولَ اللهِ ﷺ قال من ظَفِرْتُمْ بِهِ من رِجَالِ يَهُودَ فَاقْتُلُوهُ فَوَثَبَ مُحَيِّصَةُ على شَبِيبَةَ رَجُلٍ من تُجارِ يَهُودَ كان يُلَابِسُهُمْ فَقَتَلَهُ وكان حُوَيِّصَةُ إِذْ ذَاكَ لم يُسْلِمْ وكان أَسَن من مُحَيِّصَةَ فلما قَتَلَهُ جَعَلَ حُوَيِّصَةُ يَضْرِبُهُ وَيَقُولُ يا عَدُو اللهِ أَمَا والله لَرُب شَحْمٍ في بَطْنِكَ من مَالِهِ. (أبو داود)

فقال محيصة والله لقد أمرني بقتله من لو أمرني بقتلك لضربت عنقك قال فقال والله ان دينا بلغ بك هذا لدين له شأن انطلق الى صاحبك حتى أسمع منه فانطلق الى رسول الله ﷺ فكان أول اسلام حويصة. (سيرة ابن إسحاق)

6516 ـ مۇھەيسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يەھۇدىيلارنىڭ ئەرلىرىنى تۇتىۋالغان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەنىدى، مەن مۇسۇلمانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىپ تۇرىدىغان يەھۇدىي سودىگەرلىرىدىن بىرى بولغان شەبىيبەگە ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتىم. ئۇ چاغدا، ئاكام ھۇۋەيسە تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. ھۇۋەيسە مېنىڭ شەبىيبەنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن ئۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن:

ـ ئى اللهنىڭ دۈشمىنى! قورسىقىڭدا ئۇنىڭ مېلىدىن يىغىلغان مايلار تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈردۈڭ؟ ـ دەپ ئەيىبلەيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3002)

مۇھەيسە مۇنداق دەيدۇ: شۇ چاغدا مەن:

ـ توغرا، ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتىم. چۈنكى ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى شۇنداق بىر زات بۇيرۇدىكى، ئەگەر ئۇ زات سېنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغان بولسا، كۆزۈڭنىڭ يېشىغا باقماي، ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ھۇۋەيسە:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سېنى بۇ ھالغا يەتكۈزگەن دىن ھەقىقەتەن ئۇلۇغ دىن ئىكەن. مېنى دوستۇڭنىڭ قېشىغا باشلاپ

---

[1] ئەلبانى (648): زەئىپ، ـ دېگەن.

بارغىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقاي، ـ دېدى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، مۇسۇلمان بولدى.

(ئىبنى ئىسھاق سىيرىدە رىۋايەت قىلغان)

6517 - عن بن عُمَرَ رضي الله عنهما قال حَارَبَتْ النضِيرُ وَقُرَيْظَةُ فَأَجْلَى بَنِي النضِيرِ وَأَقَر قُرَيْظَةَ وَمَن عليهم حتى حَارَبَتْ قُرَيْظَةُ فَقَتَلَ رِجَالَهُمْ وَقَسَمَ نِسَاءَهُمْ وَأَوْلَادَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بين الْمُسْلِمِينَ إلا بَعْضَهُمْ لَحِقُوا بِالنبِي ﷺ فَآمَنَهُمْ وَأَسْلَمُوا وَأَجْلَى يَهُودَ الْمَدِينَةِ كُلهُمْ بَنِي قَيْنُقَاعَ وَهُمْ رَهْطُ عبد اللهِ بن سَلَامٍ وَيَهُودَ بَنِي حَارِثَةَ وَكُل يَهُودِ الْمَدِينَةِ.

6517 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: بەنى نەزىر ۋە بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارشى ئۇرۇش قىلغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى نەزىرنى قوغلاپ چىقىرىپ، بەنى قۇرەيزەگە ئىلتىپات قىلدى. كېيىن، بەنى قۇرەيزەمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋېدى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بالىلىرىنى، ئاياللىرىنى، ماللىرىنى مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئەمما ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قوشۇلغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئامانلىق بەردى، ئۇلار مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بەنى قەينۇقا (ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى سالامنىڭ قەۋمى) ۋە بەنى ھارىسە قاتارلىق مەدىنە يەھۇدىيلىرىنىڭ ھەممىسىنى (مەدىنىدىن) چىقىرىۋەتتى.

(بۇخارى: 4028)

6518 - عن أبي هُرَيْرَةَ قال بَيْنَا نَحْنُ في الْمَسْجِدِ خَرَجَ رسول اللهِ ﷺ فقال انْطَلِقُوا إلى يَهُودَ فَخَرَجْنَا معه حتى جِئْنَا بَيْتَ الْمِدْرَاسِ فَقَامَ النبي ﷺ فَنَادَاهُمْ فقال يا مَعْشَرَ يَهُودَ أَسْلِمُوا تَسْلَمُوا فَقَالُوا بَلغْتَ يا أَبَا الْقَاسِمِ قال فقال لهم رسول اللهِ ﷺ ذلك أُرِيدُ أَسْلِمُوا تَسْلَمُوا فَقَالُوا قد بَلغْتَ يا أَبَا الْقَاسِمِ فقال لهم رسول اللهِ ﷺ ذلك أُرِيدُ ثُم

قَالَهَا الثالِثَةَ فقال اعْلَمُوا إنما الْأَرْضُ لِلهِ وَرَسُولِهِ وَأني أُرِيدُ أَنْ أُجْلِيَكُمْ من هـذه الأرض فَمَنْ وَجَدَ مِنْكُمْ بِمَالِهِ شيئا فَلْيَبِعْهُ وَإلا فَاعْلَمُوا إنما الْأَرْضُ لِلهِ وَرَسُولِهِ.

6518 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: بىز مەسجىدتە ئىدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ: «يەھۇدىيلارنىڭ يۇرتلىرىغا قاراپ ئاتلىنىڭلار!» دېدى. دەرھال يولغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ يۇرتىغا يېتىپ باردۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەھۇدىيلارغا:

ــ مۇسۇلمان بولۇڭلار، شۇندىلا ئامان قالىسىلەر! ــ دەپ توۋلىۋىدى، ئۇلار:

ــ ئى ئەبۇلقاسىم! يەتكۈزدۈڭ، ـ دېيىشتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ مېنىڭ مەقسىدىمۇ شۇ ئىدى. ئىمان ئېيتىڭلار، ئامان قالىسىلەر، ـ دېدى. ئۇلار يەنە:

ــ ئى ئەبۇلقاسىم! يەتكۈزدۈڭ، ـ دېيىشتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مېنىڭ مەقسىدىمۇ شۇ ئىدى، ـ دېدى ۋە بۇ سۆزىنى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن:

ــ بىلىپ قويۇڭلاركى، بۇ زېمىن الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنىڭدۇر، مەن سىلەرنى بۇ زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىۋەتمەكچىمەن. مال ـ مۈلكى بارلار دەرھال ساتسۇن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، بىلىپ قويۇڭلاركى، بۇ زېمىن الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنىڭدۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6944)

6519 – عَنْ عمرو بن أمية رضي الله عنه قال: «كتب عامر بنُ الطفيل إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم: قد قَتلتَ رجلين لهما منك جِوار، فابعث بديتـهما، فـانطلق رسولُ الله صلى الله عليه وسلم إلى قُباءَ ثم مال إلى بني النضير يستعينهم في دِيتهما، ومعه نفر من المسلمين، فاستند إلى جدار، فكلمهم فقالوا: نعم، فقام أحدُهم، فَصَعِدَ على رأس

الجدار لُيَدَليَ عليه صخرة، فأخبر جبريلُ رسولَ الله صلى الله عليه وسلم، فقام، ثم اتَبَعه المسلمون، فقال: لقد همت اليهود بقتلي، فقال لمحمد بن مَسْلمة: اذهب إلى اليهود، فقل: اخرجوا من المدينة، ولا تُساكنوني فيها، فأجْلاهم رسولُ الله صلى الله عليه وسلم بعد أن أراد غير ذلك، فرغب فيهم عبد الله بن أُبي بن سَلول، فوهبهم له».

6519 ـ ئەمر ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئامىر ئىبنى تۇفەيل پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەت يېزىپ:

ـ سەن ئۆزەڭ ئامانلىق بەرگەن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ، شۇڭا ئۇلارنىڭ دىيىتىنى ئەۋەتىپ بەرگىن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىيەت ئۈچۈن پۇل توپلاش مەقسىتىدە قۇباغا چىقتى. ئاندىن بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىدىن دىيەت ئۈچۈن ياردەم سوراپ باردى. بىر بۆلۈك مۇسۇلمانمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتى. ئۇلار:

ـ بولىدۇ، بىز ياردەم قىلايلى، ـ دېيىشتى. شۇ ئەسنادا، ئۇلاردىن بىرى تام ئۈستىگە چىقىپ، يوغان تاشتىن بىرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا تاشلىماقچى بولدى. دەل شۇ پەيتتە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ھېلىقى يەھۇدىينىڭ سۇيىقەستلىك پىلانىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ئۇ يەردىن يىراقلاشتى. ئاندىن ئۇ:

ـ يەھۇدىيلار مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇندى، ـ دېدى. ئاندىن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەگە:

ـــ سەن يەھۇدىيلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشى لازىملىقىنى، مەن بىلەن بىللە ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتقىن! ـــ دېدى. كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقاردى. ئەسلىدە ئۇ بۇنىڭدىن باشقىچىرەك جازا قوللىنىشنى ئويلاشقانىدى، لېكىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يالۋۇرۇپ، ئۇلارغا ئۇنداق جازا ئىجرا قىلماسلىقنى

ئۆتتۈنۈپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

6520 - جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ ـ رضى الله عنهما ـ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم «مَنْ لِكَعْبِ بْنِ الأَشْرَفِ فَإِنَّهُ قَدْ آذَى اللهَ وَرَسُولَهُ». فَقَامَ مُحَمَّدُ بْنُ مَسْلَمَةَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَتُحِب أَنْ أَقْتُلَهُ قَالَ «نَعَمْ». قَالَ فَأْذَنْ لِي أَنْ أَقُولَ شَيْئًا. قَالَ «قُلْ». فَأَتَاهُ مُحَمَّدُ بْنُ مَسْلَمَةَ فَقَالَ إِن هَذَا الرجُلَ قَدْ سَأَلَنَا صَدَقَةً، وَإِنَّهُ قَدْ عَنَانَا، وَإِني قَدْ أَتَيْتُكَ أَسْتَسْلِفُكَ. قَالَ وَأَيْضًا وَاللهِ لَتَمَلنهُ قَالَ إِنا قَدِ اتبَعْنَاهُ فَلاَ نُحِب أَنْ نَدَعَهُ حَتى نَنْظُرَ إِلَى أَى شَيْءٍ يَصِيرُ شَأْنُهُ، وَقَدْ أَرَدْنَا أَنْ تُسْلِفَنَا وَسْقًا، أَوْ وَسْقَيْنِ ـ وَحَدثَنَا عَمْرٌو غَيْرَ مَرةٍ، فَلَمْ يَذْكُرْ وَسْقًا أَوْ وَسْقَيْنِ أَوْ فَقُلْتُ لَهُ فِيهِ وَسْقًا أَوْ وَسْقَيْنِ فَقَالَ أُرَى فِيهِ وَسْقًا أَوْ وَسْقَيْنِ ـ فَقَالَ نَعَمِ ارْهَنُونِي. قَالُوا أَى شَيْءٍ تُرِيدُ قَالَ فَارْهَنُونِي نِسَاءَكُمْ. قَالُوا كَيْفَ نَرْهَنُكَ نِسَاءَنَا وَأَنْتَ أَجْمَلُ الْعَرَبِ قَالَ فَارْهَنُونِي أَبْنَاءَكُمْ. قَالُوا كَيْفَ نَرْهَنُكَ أَبْنَاءَنَا فَيُسَب أَحَدُهُمْ، فَيُقَالُ رُهِنَ بِوَسْقٍ أَوْ وَسْقَيْنِ. هَذَا عَارٌ عَلَيْنَا، وَلَكِنا نَرْهَنُكَ اللأْمَةَ ـ قَالَ سُفْيَانُ يَعْنِي السلاَحَ ـ فَوَاعَدَهُ أَنْ يَأْتِيَهُ، فَجَاءَهُ لَيْلاً وَمَعَهُ أَبُو نَائِلَةَ وَهْوَ أَخُو كَعْبٍ مِنَ الرضَاعَةِ، فَدَعَاهُمْ إِلَى الْحِصْنِ، فَنَزَلَ إِلَيْهِمْ فَقَالَتْ لَهُ امْرَأَتُهُ أَيْنَ تَخْرُجُ هَذِهِ الساعَةَ فَقَالَ إِنمَا هُوَ مُحَمدُ بْنُ مَسْلَمَةَ، وَأَخِي أَبُو نَائِلَةَ ـ وَقَالَ غَيْرُ عَمْرٍو قَالَتْ أَسْمَعُ صَوْتًا كَأَنهُ يَقْطُرُ مِنْهُ الدمُ. قَالَ إِنمَا هُوَ أَخِي مُحَمدُ بْنُ مَسْلَمَةَ وَرَضِيعِي أَبُو نَائِلَةَ ـ إِن الْكَرِيمَ لَوْ دُعِيَ إِلَى طَعْنَةٍ بِلَيْلٍ لأَجَابَ قَالَ وَيُدْخِلُ مُحَمدُ بْنُ مَسْلَمَةَ مَعَهُ رَجُلَيْنِ ـ قِيلَ لِسُفْيَانَ سَماهُمْ عَمْرٌو قَالَ سَمى بَعْضَهُمْ قَالَ عَمْرٌو جَاءَ مَعَهُ بِرَجُلَيْنِ وَقَالَ غَيْرُ عَمْرٍو أَبُو عَبْسِ بْنُ جَبْرٍ، وَالْحَارِثُ بْنُ أَوْسٍ وَعَبادُ بْنُ بِشْرٍ قَالَ عَمْرٌو وَجَاءَ مَعَهُ بِرَجُلَيْنِ ـ فَقَالَ إِذَا مَا جَاءَ فَإِني قَائِلٌ بِشَعَرِهِ فَأَشَمهُ، فَإِذَا رَأَيْتُمُونِي اسْتَمْكَنْتُ مِنْ رَأْسِهِ فَدُونَكُمْ فَاضْرِبُوهُ. وَقَالَ مَرةً ثُم أُشِمكُمْ. فَنَزَلَ إِلَيْهِمْ مُتَوَشحًا وَهْوَ يَنْفَحُ مِنْهُ رِيحُ الطيبِ، فَقَالَ مَا رَأَيْتُ كَالْيَوْمِ رِيحًا ـ أَىْ أَطْيَبَ ـ وَقَالَ غَيْرُ عَمْرٍو قَالَ عِنْدِي أَعْطَرُ نِسَاءِ الْعَرَبِ وَأَكْمَلُ الْعَرَبِ قَالَ عَمْرٌو

فَقَالَ أَتأْذَنُ لِي أَنْ أَشَم رَأْسَكَ قَالَ نَعَمْ، فَشَمهُ، ثُم أَشَم أَصْحَابهُ ثُم قَالَ أَتأْذَنُ لِي قَالَ نَعَمْ. فَلَما اسْتَمْكَنَ مِنْهُ قَالَ دُونَكُمْ.

6520 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كىم كەئب ئىبنى ئەشرەفكە تېتىپ قويىدۇ؟ چۈنكى ئۇ، الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىغا ئازار يەتكۈزىۋاتىدۇ. ـ دېگەنىدى، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە دەرھال:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمنى خالامسەن؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھەئە، ـ دېۋىدى، ئۇ:

ـ ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، سېنىڭ ھەققىڭدە بەزى نامۇۋاپىق سۆزلەرنى قىلىشىمغا رۇخسەت بەرگىن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئۇنىڭ (يەنى كەئبنىڭ) يېنىغا بېرىپ، بۇرۇنقى ئىشلار ھەققىدە بىر ئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن:

ـ بۇ ئادەم (پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى دېمەكچى) بىزنىڭ ھالىمىزنى قويمىدى. ئەمدى بىزدىن زاكات تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ـ دېدى. كەئب:

ـ بولىدۇ، بېرىپ تۇراي. ئەمما گۆرۈگە بىر نەرسە قويۇڭلار! ـ دېدى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە:

ـ سېنىڭچە، گۆرۈگە نېمە قويساق بولار؟ ـ دېدى. كەئب:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ سىلەرنى تېخى كۆپ قىينايدۇ، ـ دېدى. مەسلەمە:

ـ بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپتۇق، ئىشنىڭ ئايىغى چىققۇچە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باقايلى. سەندىن بىر ـ ئىككى ۋەسەق ئاشلىق قەرز بېرىپ تۇرارمىكىن دەپ كەلگەنىدىم، ـ دېدى. كەئب:

ـ نېمەڭنى گۆرۈگە قويىسەن؟ ئاياللىرىڭنى گۆرۈگە قويامسەن؟ ـ دېدى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە:

ـــ سەن ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ كېلىشكەن ئادىمى تۇرسالڭ، ئاياللىرىمىزنى قانداقمۇ ساڭا گۆرۈگە قويالايمىز؟ ـ دېدى، كەئب:

ـ (ئۇنداق بولسا) باللىرىڭلارنى گۆرۈگە قويۇڭلار، ـ دېدى. ئۇ:

ـــ باللىرىمىزنى قانداقمۇ گۆرۈگە قويىمىز؟ باشقىلار باللىرىمىزنى بىر ـ ئىككى ۋەسەق ئاشلىق ئۈچۈن گۆرۈگە قويۇلغان دەپ مازاق قىلسا، بەكمۇ نومۇسلۇق ئىش بولمامدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى، ساڭا قوراللىرىمىزنى گۆرۈگە قويايلى، ـ دېدى. كەئب بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆز ئارا كېلىشتى. شۇ كېچىسى، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە كەئبنىڭ ئېمىلدىشى ئەبۇ نائىلەنى ئېلىپ، كەئبنىڭ قېشىغا باردى ۋە ئۇنى چاقىردى. كەئب ئۇلارنى سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرىشكە چاقىرىپ، ئۆزى ئۆيىدىن پەسكە چۈشۈۋاتقاندا، ئايالى:

ـ بۇ كېچىدە نەگە بارىسەن؟ ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن قان تېمىپ تۇرىدۇ، ـ دەپ توسۇۋىدى، ئۇ:

ـ ئۇلار مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە بىلەن ئېمىلدىشىم ئەبۇ نائىلە. ئېسىل ئادەم كېچىسى پىچاق بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشكە چاقىرىلسىمۇ چىقىۋېرىدۇ، ـ دېدى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئەبۇ نائىلە بىلەن ئىككى ئادەمنى سېپىلغا كىرگۈزۈۋەتتى. مۇھەممەد ئۇلارغا:

ـ مەن ئۇنىڭ چېچىنى تۇتۇپ پۇرايمەن، سىلەرگىمۇ پۇرىتىمەن. ئۇنىڭ بېشىنى راۋۇرۇس تۇتقىنىمنى كۆرگىنىڭلاردا، دەرھال قول سېلىڭلار، ـ دەپ تاپىلىدى.

كەئب قوراللىنى ئېسىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا چۈشتى. ئۇنىڭدىن گۈپۈلدەپ خۇشھىد كېلىپ تۇراتتى. مۇھەممەد:

ـــ پاھ، بۈگۈنكىدەك خۇشھىدنى پۇراپ باقمىغان ئىدىم، ـ دېدى. كەئب:

ـ مېنىڭ قولۇمدا ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ خۇشھىدلىق بۇيۇملىرى ۋە ئەڭ گۈزەل ئاياللىرى بار، ـ دېدى. مۇھەممەد:

ـ بېشىڭنى پۇرىۋالسام بولامدۇ؟ ـ دېۋىدى، ئۇ:

ــ بولىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇھەممەد ئۇنىڭ بېشىنى پۇرىدى، ئاندىن ھەمراھلىرىغىمۇ پۇراتتى. ئاندىن:

ــ يەنە بىر قېتىم پۇرىۋالسام بولامدۇ؟ ـ دېۋىدى، كەئب:

ــ ماقۇل، ـ دېدى. مۇھەممەد ئۇنىڭ بېشىنى راۋۇرۇس تۇتۇپ:

ــ قېنى قول سېلىڭلار! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار كەئبنى ئۆلتۈردى.

(بۇخارى: 4037)

6521 - عن الْبَرَاءِ بن عَازِبٍ قال بَعَثَ رسول اللهِ ﷺ إلى أبي رَافِعٍ الْيَهُودِي رِجَالًا من الْأَنصَارِ فَأَمَرَ عليهم عَبْدَ اللهِ بن عَتِيكٍ وكان أبو رَافِعٍ يُؤْذِي رَسُولَ اللهِ ﷺ وَيُعِينُ عليه وكان في حِصْنٍ له بِأَرْضِ الْحِجَازِ فلما دَنَوْا منه وقد غَرَبَتْ الشمْسُ وَرَاحَ الناس بِسَرْحِهِمْ فقال عبد اللهِ لِأَصْحَابِهِ اجْلِسُوا مَكَانَكُمْ فَإِني مُنطَلِقٌ وَمُتَلَطفٌ لِلْبواب لَعَلي أَنْ أَدْخُلَ فَأَقْبَلَ حتى دَنَا من الْبَابِ ثُم تَقَنعَ بِثَوْبِهِ كَأَنهُ يَقْضِي حَاجَةً وقد دخل الناس فَهَتَفَ بِهِ الْبوابُ يا عَبْدَ اللهِ إن كُنتَ تُرِيدُ أَنْ تَدْخُلَ فَادْخُلْ فَإِني أُرِيدُ أَنْ أُغْلِقَ الْبَابَ فَدَخَلْتُ فَكَمَنْتُ فلما دخل الناس أَغْلَقَ الْبَابَ ثُم عَلقَ الْأَغَالِيقَ على وَتَدٍ قال فَقُمْتُ إلى الْأَقَالِيدِ فَأَخَذْتُهَا فَفَتَحْتُ الْبَابَ وكان أبو رَافِعٍ يُسْمَرُ عِنْدَهُ وكان في عَلَالِي له فلما ذَهَبَ عنه أَهْلُ سَمَرِهِ صَعِدْتُ إليه فَجَعَلْتُ كُلمَا فَتَحْتُ بَابًا أَغْلَقْتُ عَلَي من دَاخِلٍ قلت إن الْقَوْمُ نَذِرُوا بِي لم يَخْلُصُوا إلي حتى أَقْتُلَهُ فَانْتَهَيْتُ إليه فإذا هو في بَيْتٍ مُظْلِمٍ وَسْطَ عِيَالِهِ لَا أَدْرِي أَيْنَ هو من الْبَيْتِ فقلت يا أَبَا رَافِعٍ قال من هذا فَأَهْوَيْتُ نحو الصوْتِ فَأَضْرِبُهُ ضَرْبَةً بِالسيْفِ وأنا دَهِشٌ فما أَغْنَيْتُ شيئا وَصَاحَ فَخَرَجْتُ من الْبَيْتِ فَأَمْكُثُ غير بَعِيدٍ ثُم دَخَلْتُ إليه فقلت ما هذا الصوْتُ يا أَبَا رَافِعٍ فقال لِأُمكَ الْوَيْلُ إن رَجُلًا في الْبَيْتِ ضَرَبَنِي قَبْلُ بِالسيْفِ قال فَأَضْرِبُهُ ضَرْبَةً أَثْخَنَتْهُ ولم أَقْتُلْهُ ثُم وَضَعْتُ ظِبَةَ السيْفِ في بَطْنِهِ حتى أَخَذَ في ظَهْرِهِ فَعَرَفْتُ أَني قَتَلْتُهُ فَجَعَلْتُ أَفْتَحُ الْأَبْوَابَ بَابًا بَابًا حتى انْتَهَيْتُ إلى دَرَجَةٍ له فَوَضَعْتُ رِجْلِي وأنا أُرَى أَني قد انْتَهَيْتُ إلى الأرض فَوَقَعْتُ في لَيْلَةٍ مُقْمِرَةٍ فَانْكَسَرَتْ سَاقِي فَعَصَبْتُهَا بِعِمَامَةٍ ثُم انْطَلَقْتُ حتى جَلَسْتُ على الْبَابِ فقلت لَا أَخْرُجُ اللَّيْلَةَ حتى أَعْلَمَ أَقَتَلْتُهُ فلما صَاحَ الديكُ قام الناعِي على السورِ فقال أَنْعَى أَبَا رَافِعٍ تَاجِرَ أَهْلِ الْحِجَازِ فَانْطَلَقْتُ إلى

أَصْحَابِي فقلت النجَاءَ فَقَدْ قَتَلَ الله أَبا رَافِعٍ فَانْتَهَيْتُ إلى النبي ﷺ فَحَدَّثْتُهُ فقـال اُبْسُطْ رِجْلَكَ فَبَسَطْتُ رِجْلِي فَمَسَحَهَا فَكَأَنهَا لم أَشْتَكِهَا قَط.

6521 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتىيك باشچىلىقىدىكى بىر نەچچە ئەنسارىنى يەھۇدى ئەبۇ رافىئىنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئەبۇ رافىئ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئازار يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىگە ياردەم قىلاتتى. ئۇ ھىجاز زېمىنىدىكى بىر قورغىنىدا تۇراتتى. كۈن ئولتۇرۇپ، كىشىلەر ياپلاقتىكى چارۋىلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىۋاتقان چاغدا، ئۇلار قورغانغا يېقىنلاشتى، ئابدۇللاھ ھەمراھلىرىغا:

ــ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن دەرۋازىۋەننىڭ يېنىغا بېرىپ، سىلىق گەپ قىلىپ، ئىچىگە كىرىۋېلىشىم مۇمكىن، ـ دېدى ۋە دەرۋازىغا كېلىپ، ھاجەت قىلغان بولۇپ، كىيىمىنى چۈمكىۋالدى. كىشىلەر دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىپ باراتتى، دەرۋازىۋەن ئۇنىڭغا:

ــ ھەي اللهنىڭ بەندىسى، كىرمەكچى بولساڭ، تېزرەك كىرىۋال، دەرۋازىنى تاقايمەن، ـ دېدى.

(قالغان ئىشلارنى ئابدۇللاھنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايلى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:) دەرھال ئىچىگە كىرىپ يوشۇرۇنىۋالدىم. كىشىلەر كىرىپ بولغاندا، دەرۋازىۋەن ئىشىكنى تاقاپ، ئاچقۇچلارنى قوزۇققا ئېسىپ قويدى. مەن ئاچقۇچلارنى ئېلىپ، ئىشىكلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئېچىپ، ئىچىدىن تاقىۋالدىم. رافىئ ئۈستۈن قەۋەتتىكى ئۆيىدە بولۇپ، دوست ـ يارەنلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۆز ـ ئۆزەمگە: ''ھەمراھلىرىمغا ۋەدە بەرگەنىدىم. بۇنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ، بۇ يەردىن ھەرگىز كەتمەيمەن'' دېدىم. سۆھبەت تۈگەپ، دوستلىرى كەتكەندىن كېيىن، رافىئ بالا ـ چاقىلىرىنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى. ھۇجرا بەكمۇ قاراڭغۇ بولغاچقا، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمىدىم ۋە:

ــ ئى ئەبۇ رافىئ! ـ دېدىم. ئەبۇ رافىئ:

ـــ كىمسەن؟ ـ دېدى. ھاياجان ئىلكىدە ئاۋاز چىققان تەرەپكە قىلىچنى چاپتىم، لېكىن ئۇنىڭغا تەگكۈزەلمىدىم. ئەبۇ رافىئ ۋارقىراشقا باشلىدى. مەن ھۇجرىدىن چىقىپ، بىر ئاز تۇردۇم. تېخى ھېچنېمە قىلالمىغانىدىم. ئاندىن ئۆيگە كىرىپ، ئاۋازىمنى ئۆزگەرتىپ:

ــ ئەي ئەبۇ رافىئ! بايىقى ئاۋاز نەدىن كەلدى؟ ـ دېدىم. ئۇ:

ــ ۋۇي ئۆلگۈر! ئۇ يەردە بىرى بار ئىكەن، ماڭا قىلىچ بىلەن ھۇجۇم قىلدى، ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇپ، ئېغىر يارىلاندۇردۇم، ئەمما ئۆلتۈرەلمىدىم. قىلىچنىڭ ئۇچىنى دەرھال قورسىقىغا تىقىپ، دۈمبىسىدىن چىقىرىۋەتتىم. شۇندىلا ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ كەينىمگە قايتتىم ۋە ئىشىكلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئېچىپ چىقىپ، بىر شوتىدىن چۈشۈۋېتىپ، يەرگە دەسسىدىمغۇ دەپ ئويلاپ، پۇتۇمنى شۇنداق قويۇشۇمغا پەسكە يىقىلىپ چۈشتىم، پۇتۇم سۇنۇپ كەتكەنىدى. ئاي نۇرىدا پۇتۇمنى سەللە بىلەن تېڭىپ، دەرۋازا تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇردۇم. ئەبۇ رافىئنىڭ ئۆلگەن ياكى ئۆلمىگەنلىكىنى بىلمىگۈچە قورغاندىن چىقىپ كەتمەسلىككە قەسەم ئىچتىم. خوراز چىلىلىغان چاغدا، سېپىل ئۈستىدىن يىغا ـ زارە ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىر جاكارچى سېپىلغا چىقىپ:

ــ ھىجاز ئەھلىنىڭ تىجارەتچىسى ئەبۇ رافىئنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئۇقتۇرىمەن! دەپ توۋلىدى.

ھېچكىمگە چاندۇرماي ئورنىمدىن تۇرۇپ، ھەمراھلىرىمنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ـــ تېز بولۇڭلار، الله ئەبۇ رافىئنىڭ جېنىنى ئالدى، ـ دېدىم. ھەممىمىز بىرلىكتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، بولغان ۋەقەنى باشتىن ـ ئاخىرىغىچە سۆزلەپ بەردىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەكمۇ مەمنۇن بولدى ۋە ماڭا:

ــ پۇتۇڭنى سۇنغىن! ــ دېدى. پۇتۇمنى سۇنۇپ بەردىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلاپ قويغان ئىدى، پۇتۇم خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەكلا ساقىيىپ كەتتى.

(بۇخارى: 4039)

6522 - عن عبد الرحمن بن كَعْبٍ أنه قال نهى رسول الله ﷺ الذِينَ قَتَلُوا بن أبِي الْحُقَيْقِ عن قَتْلِ النسَاءِ وَالْوِلْدَانِ قال فَكَانَ رَجُلٌ منهم يقول بَرحَتْ بِنَا امْرَأَةُ بْـنِ أبِـي الْحُقَيْقِ بِالصِّيَاحِ فَأَرْفَعُ السَّيْفَ عليها ثُم أَذْكُرُ نهى رسول الله ﷺ فَأَكُفُّ وَلَـوْلاَ ذلِـكَ اسْتَرَحْنَا منها.

6522 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبنى ئەبۇ ھۇقەيقنى ئۆلتۈرۈشكە ماڭغانلارنى ئاياللار ۋە كىچىك باللارنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان ئىدى. بارغانلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئەبۇ ھۇقەيقنىڭ ئايالى بىزنى كۆرۈپ قېلىپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراشقا باشلىدى. مەن قىلىچىمنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى يادىمغا كېلىپ قالدى ۋە قولۇمنى تارتىۋالدىم. ئەگەر چەكلىمە بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، خاتىرجەم بولغان بولاتتۇق.

(مالىك: 980)

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئەبۇ ھۇقەيقنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەبۇ رافىئ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ھۇقەيقتۇر. ئۇنىڭ يەنە سەلام ئىبنى ئەبۇ ھۇقەيق دېگەن ئىسمىمۇ بار.

# ئۇھۇد غازىتى

6523 ـ عن زَيْدٍ بْنِ ثَابِتٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ يَقُولُ لَمَّا خَرَجَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِلَى أُحُدٍ رَجَعَ نَاسٌ مِنْ أَصْحَابِهِ فَقَالَتْ فِرْقَةٌ نَقْتُلُهُمْ وَقَالَتْ فِرْقَةٌ لَا نَقْتُلُهُمْ فَنَزَلَتْ فَمَا لَكُمْ فِي الْمُنَافِقِينَ فِئَتَيْنِ وَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّهَا تَنْفِي الرِّجَالَ كَمَا تَنْفِي النَّارُ خَبَثَ الْحَدِيدِ.

6523 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد غازىتىغا چىققاندا، ساھابىلەردىن بىر تۈركۈم كىشى (يولدىنلا) قايتىپ كەتتى. (رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە قېلىپ قالغان) بىر قىسىم ساھابىلەر: ”ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز“ دېيىشە؛ يەنە بىر قىسىم ساھابىلەر: ”ئۇلارنى ئۆلتۈرمەيمىز“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، اللّٰه تائالانىڭ: ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمىشقا مۇناپىقلار توغرىسىدا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىسىلەر؟ اللّٰه ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى كاپىرلار ھۆكمىدە قىلدى، اللّٰه ئازدۇرغان كىشىلەرنى سىلەر ھىدايەت قىلماقچى بولامسىلەر؟ كىمنىكى اللّٰه گۇمراھ قىلىدىكەن، سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز توغرا يول تېپىپ بېرەلمەيسەن [1] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى، رەسۇلۇللاھمۇ مۇنداق دېدى: «خۇددى ئوت تۆمۈرنىڭ دېتىنى ئايرىغاندەك، مەدىنە (شەھىرىمۇ) كىشىلەرنى (يەنى ياخشىسى بىلەن يامىنىنى ئېنىق) ئايرىۋېتىدۇ».

(بۇخارى: 1884)

---

[1] سۈرە نىسا، 88 ـ ئايەت.

6524 ـ عَنْ الْبَرَاءِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ لَقِينَا الْمُشْرِكِينَ يَوْمَئِذٍ وَأَجْلَسَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَيْشًا مِنْ الرمَاةِ وَأَمرَ عَلَيْهِمْ عَبْدَ اللهِ وَقَالَ لَا تَبْرَحُوا إِنْ رَأَيْتُمُونَا ظَهَرْنَا عَلَيْهِمْ فَلَا تَبْرَحُوا وَإِنْ رَأَيْتُمُوهُمْ ظَهَرُوا عَلَيْنَا فَلَا تُعِينُونَا فَلما لَقِينَا هَرَبُوا حَتى رَأَيْتُ النسَاءَ يَشْتَدِدْنَ فِي الْجَبَلِ رَفَعْنَ عَنْ سُوقِهِن قَدْ بَدَتْ خَلَاخِلُهُن فَأَخَذُوا يَقُولُونَ الْغَنِيمَةَ الْغَنِيمَةَ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ عَهِدَ إِلَي النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ لَا تَبْرَحُوا فَأَبَوْا فَلما أَبَوْا صُرِفَ وُجُوهُهُمْ فَأُصِيبَ سَبْعُونَ قَتِيلًا وَأَشْرَفَ أَبُو سُفْيَانَ فَقَالَ أَفِي الْقَوْمِ مُحَمدٌ فَقَالَ لَا تُجِيبُوهُ فَقَالَ أَفِي الْقَوْمِ ابْنُ أَبِي قُحَافَةَ قَالَ لَا تُجِيبُوهُ فَقَالَ أَفِي الْقَوْمِ ابْنُ الْخَطابِ فَقَالَ إِن هَؤُلَاءِ قُتِلُوا فَلَوْ كَانُوا أَحْيَاءً لَأَجَابُوا فَلَمْ يَمْلِكْ عُمَرُ نَفْسَهُ فَقَالَ كَذَبْتَ يَا عَدُو اللهِ أَبْقَى اللهُ عَلَيْكَ مَا يُخْزِيكَ قَالَ أَبُو سُفْيَانَ اعْلُ هُبَلُ فَقَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَجِيبُوهُ قَالُوا مَا نَقُولُ قَالَ قُولُوا اللهُ أَعْلَى وَأَجَل قَالَ أَبُو سُفْيَانَ لَنَا الْعُزى وَلَا عُزى لَكُمْ فَقَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَجِيبُوهُ قَالُوا مَا نَقُولُ قَالَ قُولُوا اللهُ مَوْلَانَا وَلَا مَوْلَى لَكُمْ قَالَ أَبُو سُفْيَانَ يَوْمٌ بِيَوْمِ بَدْرٍ وَالْحَرْبُ سِجَالٌ وَتَجِدُونَ مُثْلَةً لَمْ آمُرْ بِهَا وَلَمْ تَسُؤْنِي.

وفيه: قَالَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أجيبوه فقالوا ما نقول؟ قَالَ: قولوه لا سواء قتلانـا في الجنة وقتلاكم في النار.

6524 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: شۇ كۈنى (ئۇھۇد كۈنى) مۇشرىكلارغا ئۇچراشقىنىمىزدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرنى مەرگەنلەرگە باش قىلىپ: «ئورنۇڭلاردىن قوزغالماڭلار، بىزنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىمىزنى كۆرسەڭلارمۇ تەۋرەنمەڭلار. ئۇلارنىڭ ئۈستىمىزدىن غالىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسەڭلارمۇ مۇشۇ ئورنۇڭلاردىن قوزغالماڭلار!» دەپ تاپىلىدى. بىز ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى چېكىندۇردۇق. دۈشمەن قوشۇنى قاچقىلى تۇردى، ھەتتاكى مەن خەلخال ۋە پاچاقلىرىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىغا قارىماي ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ، جان جەھلى بىلەن قېچىۋاتقان ئاياللارنى كۆردۈم. بۇنى كۆرگەن ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرنىڭ ھەمراھلىرى:

ـ غەنىمەت، غەنىمەت! ــ دېيىشكىلى تۇردى. ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير:

ـــ رەسۇلۇللاھ ماڭا: «ئورنۇڭلاردىن قوزغالماڭلار!» دەپ تاپىلىغان، ـ دېسىمۇ، ئۇلار ئۇنىماي، غەنىمەت يىغقىلى يۈگۈرۈشتى. الله تائالا ئۇلارنىڭ يۈزىنى ئارقىغا بۇرىدى (يەنى ئۇلار تالاپەتكە ئۇچراپ، ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىدى). نەتىجىدە، بىزدىن 70 كىشى شېھىد بولدى. ئەبۇ سۇفيان پەيدا بولۇپ:

ــ ئاراڭلاردا مۇھەممەد بارمۇ؟ ـ دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىدى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلارغا:

ـ جاۋاب قايتۇرماڭلار! ـ دېدى. ئەبۇ سۇفيان يەنە:

ـ ئاراڭلاردا ئەبۇ قۇھافەنىڭ ئوغلى (ئەبۇ بەكرى) بارمۇ؟ ـ دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىدى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلارغا:

ـ جاۋاب قايتۇرماڭلار! ـ دېدى. ئەبۇ سۇفيان بۇ قېتىم:

ـ ئاراڭلاردا خەتتاب ئوغلى (ئۆمەر) بارمۇ؟ ـ دەپ توۋلىدى. ئاندىن ئۆز قوشۇنىغا قايتىپ بېرىپ:

ـ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، ھايات قالغان بولسا، جاۋاب قايتۇرغان بولاتتى، ـ دېدى. شۇ چاغدا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي:

ـ ئى اللهنىڭ دۈشمىنى! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يالغان ئېيتتىڭ (سەن ئىسمىنى ئاتىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە ھايات). سېنى خار قىلىدىغان كۈنلەر تېخى ئالدىڭدا، ـ دېدى. ئەبۇ سوفيان:

ـ ھۇبەل (بۇتنىڭ ئىسمى) ئۆرلە، ھۇبەل ئۆرلە! ــ دەپ قوشاق ئوقۇدى. رەسۇلۇللاھ:

ـ جاۋاب قايتۇرۇڭلار! ـ دېگەن ئىدى. ساھابىلەر:

ـ نېمە دەيمىز؟ ـ دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ:

ـ الله ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە ئۇلۇغ دەڭلار! ـ دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

ــ ئۇززا بىزنىڭ بۇتىمىز. سىلەرنىڭ ئۇززايىڭلار يوق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ جاۋاب قايتۇرۇڭلار! ـ دېگەن ئىدى. ساھابىلەر:

ــ نېمە دەيمىز؟ ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ الله بىزنىڭ ئىگىمىز، سىلەرنىڭ ئىگەڭلار يوق دەڭلار، ـ دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

ــ بۈگۈنكى يېڭىش بەدردىكى مەغلۇبىيىتىمىزگە تەڭ بولسۇن. ئۇرۇشتا يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆلۈكلىرىڭلار ئىچىدىن قۇلاق ـ بۇرۇنلىرى كېسىلگەنلەرنى ئۇچرىتىسىلەر. مەن ئەسلىدە بۇنداق قىلىشقا بۇيرىمىغان ئىدىم، لېكىن بۇ ئىشقا خاپا بولۇپمۇ كەتمىدىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4043)

رەزىننىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلارغا:

ـ ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇڭلار! ـ دېدى، ئۇلار:

ــ نېمە دەيمىز؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۆلۈكلىرىمىز ھەرگىز باراۋەر ئەمەس، چۈنكى بىزنىڭ ئۆلۈكلىرىمىز جەننەتتە، سىلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىڭلار دوزاختا دەڭلار! ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

6525 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ هُزِمَ الْمُشْرِكُونَ يَوْمَ أُحُدٍ هَزِيمَةً تُعْرَفُ فِيهِمْ فَصَرَخَ إِبْلِيسُ أَيْ عِبَادَ اللهِ أُخْرَاكُمْ فَرَجَعَتْ أُولَاهُمْ فَاجْتَلَدَتْ هِيَ وَأُخْرَاهُمْ فَنَظَرَ حُذَيْفَةُ بْنُ الْيَمَانِ فَإِذَا هُوَ بِأَبِيهِ فَقَالَ أَبِي أَبِي قَالَتْ فَوَاللهِ مَا انْحَجَزُوا حَتى قَتَلُوهُ فَقَالَ حُذَيْفَةُ غَفَرَ اللهُ لَكُمْ قَالَ عُرْوَةُ فَوَاللهِ مَا زَالَتْ فِي حُذَيْفَةَ مِنْهَا بَقِيةُ خَيْرٍ حَتى لَقِيَ اللهَ.

6525 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد كۈنى، مۇشرىكلار قاتتىق يېڭىلدى. ئىبلىس:

ـــ ئى اﷲنىڭ بەندىلىرى! كەينىڭلارغا دىققەت قىلىڭلار (كەينىڭلاردىن دۈشمەن كەلدى)، ـ دەپ ۋارقىرىدى. مۇشرىكلارنى قوغلاپ كېتىۋاتقان مۇسۇلمانلار كەينىگە يېنىپ، كەينىدىن كېلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى تونۇيالماي، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى. ھۇزەيفە شۇنداق قارىسا، (ئۆزلىرى ئۇرۇشۇۋاتقان كىشى) دادىسى ئىكەن. ئۇ:

ـــ ئى اﷲنىڭ بەندىلىرى! دادام، دادام! ـــ دەپ ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ئۇلار بولدى قىلماي ئاخىرى ھۇزەيفەنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇنى كۆرگەن ھۇزەيفە:

ـ اﷲ سىلەرنى مەغفىرەت قىلسۇن! ـ دېدى.

ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: ھۇزەيفە تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر (ئەپۇچانلىقتىن ئىبارەت) مۇشۇ ياخشى خىسلەتتىن ئايرىلمىغان.

(بۇخارى: 6668)

6526 ـ وفي رواية: قَالَ وَقَدْ كَانَ انْهَزَمَ مِنْهُمْ قَوْمٌ حَتى لَحِقُوا بِالطائِفِ.

6526 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: مۇشرىكلارنىڭ بىر قىسمى يېڭىلىپ، تائىفقا قېچىپ بېرىۋالغان ئىدى.

(بۇخارى: 6883)

6527 ـ عَنْ أَنسٍ بْنِ مَالِكٍ قَالَ لَما كَانَ يَوْمُ أُحُدٍ انْهَزَمَ نَاسٌ مِنْ الناسِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبو طَلْحَةَ بيْنَ يَدَيْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُجَوبٌ عَلَيْهِ بِحَجَفَةٍ قَالَ وَكَانَ أَبو طَلْحَةَ رَجُلًا رَامِيًا شَدِيدَ النزْعِ وَكَسَرَ يَوْمَئِذٍ قَوْسَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا قَالَ فَكَانَ الرجُلُ يَمُر مَعَهُ الْجَعْبَةُ مِنْ النبْلِ فَيَقُولُ انْثُرْهَا لِأَبِي طَلْحَةَ قَالَ وَيُشْرِفُ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَنْظُرُ إِلَى الْقَوْمِ فَيَقُولُ أَبو طَلْحَةَ يَا نَبِي اللهِ بِأَبِي أَنتَ وَأُمي لَا تُشْرِفْ لَا يُصِبْكَ سَهْمٌ مِنْ سِهَامِ الْقَوْمِ نَحْرِي دُونَ نَحْرِكَ قَالَ وَلَقَدْ رَأَيْتُ عَائِشَةَ بِنْتَ

أَبِي بَكْرٍ وَأُم سُلَيْمٍ وَإِنهُمَا لَمُشَمرَتَان أَرَى خَدَمَ سُوقِهِمَا تَنْقُلَان الْقِرَبَ عَلَى مُتُونِهِمَا ثُـم تُفْرِغَانِهِ فِي أَفْوَاهِهِمْ ثُم تَرْجِعَان فَتَمْلَآنِهَا ثُم تَجِيئَان تُفْرِغَانِهِ فِي أَفْوَاهِ الْقَوْمِ وَلَقَـدْ وَقَـعَ السيْفُ مِنْ يَدَيْ أَبِي طَلْحَةَ إِما مَرتَيْنِ وَإِما ثَلَاثًا مِنْ النعَاسِ.

6527 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد كۈنى، تالاپەتكە ئۇچرىغان بىر قىسىم كىشىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىمۇ تاشلاپ قېچىشتى. (دادام) ئەبۇ تەلھە تېرىدىن قىلىنغان قالقىنى بىلەن ھەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھەم ئۆزىنى قوغدىدى. ئەبۇ تەلھە ئوقيانىڭ كىرىچىنى ناھايىتى تېز تارتىدىغان مەرگەن بولۇپ، شۇ كۈنى ئىككى ئۈچ يانى سۇندۇرۇۋەتكەنىدى. بىرەرسى ئۇنىڭ قېشىدىن ئوق ۋە يا سېلىنغان خالتا كۆتۈرگەن ھالدا ئۆتۈپ قالسا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئوقنى ئەبۇ تەلھەنىڭ ئالدىغا تىزىپ بەرگىن! ــ دەيتتى. رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بوينىنى سوزۇپ دۈشمەننى كۆزەتمەكچى بولغانىدى، ئەبۇ تەلھە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، سەن ئۇلارغا قارىمىغىن، ساڭا دۈشمەن ئوقى تېگىپ كەتمىسۇن. مېنىڭ كۆكرىكىم ساڭا قالقان بولسۇن، ـ دېدى.

ئائىشە بىلەن ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنى كۆردۇم. ئۇلار پۇشقاقلىرىنى تۇرۇۋالغان بولۇپ، سۇ قاچىلانغان تۇلۇمنى مۈرىسىگە ئارتىپ كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا قۇياتتى. بوشىغان تۇلۇملارغا يەنە سۇ توشقۇزۇپ كېلىپ، يەنە كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا قۇياتتى. شۇ كۈنى ئەبۇ تەلھەنى مۈگدەك بېسىپ، قىلىچ قولىدىن ئىككى ـ ئۈچ قېتىم چۈشۈپ كەتتى.

(مۇسلىم: 1811)

6528 ـ عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ غَابَ عَمي أَنسُ بْنُ النضْرِ عَنْ قِتَالِ بَـدْرٍ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ غِبْتُ عَنْ أَولِ قِتَالٍ قَاتَلْتَ الْمُشْرِكِينَ لَئِنْ اللهُ أَشْهَدَنِي قِتَالَ الْمُشْرِكِينَ لَيَرَين اللهُ مَا أَصْنَعُ فَلَما كَانَ يَوْمُ أُحُدٍ وَانْكَشَفَ الْمُسْلِمُونَ قَالَ اللهُم إِني أَعْتَذِرُ إِلَيْـكَ مِما صَنَعَ هَؤُلَاءِ يَعْنِي أَصْحَابَهُ وَأَبْرَأُ إِلَيْكَ مِما صَنَعَ هَؤُلَاءِ يَعْنِي الْمُـشْرِكِينَ ثُـم تَقَـدمَ فَاسْتَقْبَلَهُ سَعْدُ بْنُ مُعَاذٍ فَقَالَ يَا سَعْدُ بْنَ مُعَاذٍ الْجَنةَ وَرَب النضْرِ إِني أَجِدُ رِيحَهَا مِنْ دُونِ أُحُدٍ قَالَ سَعْدٌ فَمَا اسْتَطَعْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا صَنَعَ قَالَ أَنسٌ فَوَجَدْنَا بِهِ بِضْعًا وَثَمَـانِينَ ضَرْبَةً بِالسيْفِ أَوْ طَعْنَةً بِرُمْحٍ أَوْ رَمْيَةً بِسَهْمٍ وَوَجَدْنَاهُ قَدْ قُتِلَ وَقَدْ مَثلَ بِهِ الْمُشْرِكُونَ فَمَا عَرَفَهُ أَحَدٌ إِلا أُخْتُهُ بِبَنَانِهِ قَالَ أَنسٌ كُنا نُرَى أَوْ نَظُن أَن هَذِهِ الْآيَةَ نَزَلَتْ فِيهِ وَفِي أَشْـبَاهِهِ مِنْ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللهَ عَلَيْهِ إِلَى آخِرِ الْآيَةِ.

6528 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: تاغام ئەنەس ئىبنى نەزر بەدر غازىتى بولغان ۋاقىتتا، بىر يەرگە كەتكەنلىكتىن (غازاتقا) قاتنىشالماي قالغان ئىدى. ئۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! سەن مۇشرىكلار بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇرۇشقاندا، مەن يوق بولۇپ قاپتىمەن. ئەگەر الله ماڭا مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى نېسىپ قىلسا، الله مېنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىمنى بىلىدۇ، ـ دېدى. ئۇھۇد غازىتى بولۇپ، مۇسۇلمانلار تالاپەتكە ئۇچرىغاندا، ئۇ:

— ئى الله! مەن ساڭا مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭ مەيدانىدىن قېچىشىدىن ئىبارەت قىلمىشىدىن ئۆزرە ئېيتىمەن ۋە مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن بىزارلىقىمنى بىلدۈرىمەن، ـ دەپ مۇشرىكلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭغان ئىدى. ئۇنىڭغا سەئد ئىبنى مۇئاز ئۇچرىدى. ئۇ:

— ئى سەئد ئىبنى مۇئاز، جەننەتنى ئىرادە قىلىمەن. دادام نەزرنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇھۇدنىڭ يېنىدا جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇراۋاتىمەن، ـ دېدى. سەئد:

ــــ ئـــى رەســـۇلۇللاھ! ئەنەس ئىبنـــى نەزر كۆرســـەتكەن قەھرىمــانلىقنى مەن كۆرســـىتەلمىدىم، ـ دېــدى. ئەنەس مۇنــداق دەيدۇ:

ـ بىز ئەنەس ئىبنى نەزرنىــڭ جەسىــدىنى تاپتۇق. ئۇ، قىلىچ، نەيــزە ۋە ئــوق بىــلەن سەكســەن نەچچە يېرىــدىن يارىلانغانــدى. مۇشرىكلار ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، جەسىدىنى كېسىپ، قىيما ـ چىيمــا قىلىــۋەتكەچكە، ئــۇنى ھــېچكىم تونۇيالمىــدى. ئــاخىرى، ھەمشىرىــسى ئــۇنى بارمىقىــدىن تونۇۋالــدى. ئەنەس مۇنــداق دەيــدۇ: مۇئمىنلەرنىــڭ ئىچىــدە (رەســۇلۇللاھ بىــلەن غازاتقــا چىققانــدا ساباتلىــق بولــۇپ، شــېھىت بولغانغــا قەدەر دادىللىــق بىــلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) اللهقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىــشىلەر بــار. ئۇلارنىــڭ بەزىــسى (ئەھــدىگە ۋاپــا قىلىــپ) شــېھىد بولدى، بەزىسى (شېھىد بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئــۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىــسىنى) ھەرگىــز ئــۆزگەرتكىنى يــوق [1] دېــگەن بــۇ ئايەتنى ئەنەس ئىبنى نەزر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كىــشىلەر ھەققىــدە چۈشكەن دەپ قارايمىز.

(بۇخارى: 2805)

6529 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ لَما كَانَ يَوْمُ أُحُدٍ وَوَلى الناسُ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي نَاحِيَةٍ فِي اثْنَيْ عَشَرَ رَجُلًا مِنْ الْأَنصَارِ وَفِيهِمْ طَلْحَةُ بْنُ عُبَيْدِ اللهِ فَأَدْرَكَهُمْ الْمُشْرِكُونَ فَالْتَفَتَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ مَنْ لِلْقَوْمِ فَقَالَ طَلْحَةُ أَنَا قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَمَا أَنتَ فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنصَارِ أَنَا يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ أَنتَ فَقَاتَلَ حَتى قُتِلَ ثُم الْتَفَتَ فَإِذَا الْمُشْرِكُونَ فَقَالَ مَنْ لِلْقَوْمِ فَقَالَ طَلْحَةُ أَنَا قَالَ كَمَا أَنتَ فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنصَارِ أَنَا فَقَالَ أَنتَ فَقَاتَلَ حَتى قُتِلَ ثُم لَمْ يَزَلْ يَقُولُ ذَلِكَ وَيَخْرُجُ إِلَيْهِمْ رَجُلٌ مِنْ الْأَنصَارِ فَيُقَاتِلُ قِتَالَ مَنْ قَبْلَهُ حَتى يُقْتَلَ حَتى بَقِيَ

[1] سۈرە ئەھزاب، 23 ـ ئايەت.

رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَطَلْحَةُ بْنُ عُبَيْدِ اللهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ لِلْقَوْمِ فَقَالَ طَلْحَةُ أَنا فَقَاتَلَ طَلْحَةُ قِتَالَ الْأَحَدَ عَشَرَ حَتى ضُرِبَتْ يَدُهُ فَقُطِعَتْ أَصَابِعُهُ فَقَالَ حَس فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ قُلْتَ بِسْمِ اللهِ لَرَفَعَتْكَ الْمَلَائِكَةُ وَالناسُ يَنْظُرُونَ ثُم رَد اللهُ الْمُشْرِكِينَ.

6529 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد كۈنى كىشىلەر پاتپاراق بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئەنسارىلاردىن ئون ئىككى كىشى قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھمۇ بار ئىدى. مۇشرىكلار ئۇلارغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى بۇراپ:

ــ بۇلارغا كىم تاقابىل تۇرىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، تەلھە:

ــ مانا مەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەن جايىڭدا تۇرغىن! ـ دېدى، ئەنسارىلاردىن بىرى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مانا مەن چىقىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھە، سەن چىق! ــ دېدى، ئۇ تاكى شېھىد قىلىنغانغا قەدەر باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قارىسا، مۇشرىكلار يەنە كېلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇلارغا كىم تاقابىل تۇرىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، تەلھە:

ــ مانا مەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەن جايىڭدا تۇرغىن! ـ دېدى. ئەنسارىلاردىن بىرى:

ــ مانا مەن چىقىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھە، سەن چىق، ـ دېدى. ئۇ ئادەممۇ ھەمراھىدەك تاكى شېھىد قىلىنغانغا قەدەر باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىش تەكرارلىنىۋەردى، ئەنسارىلار بىر ــ بىرلەپ چىقىپ ئىلگىرىكىلەردەك تاكى شېھىد قىلىنغانغا قەدەر باتۇرلۇق بىلەن

ئۆرۈشتى. ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تەلھە ئىككىيلەنلا قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇلارغا كىم تاقابىل تۇرىدۇ؟ ـ دېۋىدى، تەلھە:

ــ مانا مەن، ـ دېدى ۋە ئىلگىرىكى ئون بىر كىشىدەك قاتتىق ئۆرۈشتى. ئاخىرى قولىغا قىلىچ چېپىلىپ، بارماقلىرى كېسىلگەن ئىدى، ئۇ:

ــ ۋايجان! ــ دەۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ "بىسمىللاھ" دېگەن بولساڭ، سېنى پەرىشتىلەر كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا كۆتۈرگەن بولاتتى، ـ دېدى. كېيىن، الله تائالا مۇشرىكلارنى چېكىندۈردى[1].

(نەسائى: 3129)

6530 ـ عَنْ أَنسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ أَخَذَ سَيْفًا يَوْمَ أُحُدٍ فَقَالَ مَنْ يَأْخُذُ مِني هَذَا فَبَسَطُوا أَيْدِيَهُمْ كُل إِنْسَانٍ مِنْهُمْ يَقُولُ أَنا أَنا قَالَ فَمَنْ يَأْخُذُهُ بِحَقهِ قَالَ فَأَحْجَمَ الْقَوْمُ فَقَالَ سِمَاكُ بْنُ خَرَشَةَ أَبو دُجَانَةَ أَنا آخُذُهُ بِحَقهِ قَالَ فَأَخَذَهُ فَفَلَقَ بِهِ هَامَ الْمُشْرِكِينَ.

6530 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىغا بىر قىلىچ ئېلىپ:

ــ كىم بۇنى مەندىن ئالىدۇ؟ ـ دېدى. ھەممەيلەن قوللىرىنى ئۇزىتىپ:

ــ مەن، مەن، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ئەلبانى (2951): ھەسەندۇر، ئەمما "بارماقلىرى كېسىلدى" دېگەن جايىدىن باشلاپ ھەسەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ مۇسلىمنىڭ ھەدىس قوبۇل قىلىش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن، ـ دېگەن.

ــ كىم بۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئالىدۇ؟ ـ دېگەن ئىدى، ھەممەيلەن جىم تۇرۇشتى. سىماك ئىبنى خەرەشە ئەبۇ دۇجانە:

ـــ ئۇنىڭ ھەققىنى مەن ئادا قىلىپ ئالىمەن، ـ دېدى ۋە قىلىچنى (قولىغا) ئېلىپ مۇشرىكلارنىڭ باشلىرىنى تەنلىرىدىن جۇدا قىلىشقا باشلىدى.

(مۇسلىم: 2470)

6531 ـ وزاد البزار عن الزبير: فَاتَبَعْتُه فَجَعَلَ لاَ يَمُر بِشَيْءٍ إلا أَفْرَاهُ وَهَتَكَهُ حَتى أَتى نِسْوَةً فِي سَفْحِ جَبَلٍ وَمَعَهُمْ هِنْدُ وَهِيَ تَقُولُ:

نَحْنُ بَنَاتُ طَارِقْ  نَمْشِي عَلَى النَمَارِقْ
وَالْمِسْكُ فِي الْمَفَارِقْ إِنْ تُقْبِلُوا نُعَانِقْ
أَوْ تُدْبِرُوا نُفَارِقْ  فِرَاقَ غَيْرِ وَامِقْ

قَالَ: فَحَمَلَ عَلَيْهَا فَنَادَتْ بالصحراء، فَلَمْ يُجِبْهَا أَحَدٌ، فَانْصَرَفَ، فَقُلْتُ لَهُ: كُل صَنِيعِكَ قَدْ رَأَيْتُهُ فَأَعْجَبَنِي غَيْرَ أَنكَ لَمْ تَقْتُلِ الْمَرْأَةَ، قَالَ: إِنهَا نَادَتْ فَلَمْ يُجِبْهَا أَحَدٌ، فَكَرِهْتُ أَنْ أَضْرِبَ بِسَيْفِ رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم امْرَأَةً لاَ نَاصِرَ لَهَا.

6531 ـ زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: مەن ئەبۇ دۇجانەنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم، ئۇ ئۇچرىغانلا نەرسىنى چېپىپ ـ قىرىپ ماڭدى. ئاخىرى تاغ باغرىدا تۇرغان ئاياللارنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھىندمۇ بار بولۇپ، ئۇ مۇنداق قوشاق ئوقۇيتتى:

بىز تارىقنىڭ (يۇلتۇزنىڭ) قىزلىرى،
ماڭىمىز ماموق ـ كۆرپىدە.
چاچلىرىمىزدىن مۇشكى ـ ئەنبەر،
ھىدى كېلىدۇ ھۆپپىدە.
كەلسەڭلار ئاچىمىز قۇچاق،
قاچساڭلار بولىمىز يىراق.

زۇبەيىر مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ دۇجانە بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئۇ سايىغا قاراپ تۇۋلاپ باقتى ـ يۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم ياردەم قىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ دۇجانە ئۇنى تاشلاپ، كەينىگە قايتتى.

زۇبەيىر مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ دۇجانەگە:

— سېنىڭ ھەممە باتۇرلۇقۇڭنى كۆردۈم، ھەممىسىدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. پەقەتلا ئۇ ئايالنى ئۆلتۈرمىگىنىڭ نېمىسى؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

— چۈنكى ئۇ ئايال تۇۋلاپ باقسىمۇ، ھېچكىم قۇتقۇزۇشقا كەلمىدى. مەن رەسۇلۇللاھنىڭ شەمشىرى بىلەن قۇتقۇزغۇچىسى يوق بىچارە ئايالنى چېپىشنى ياقتۇرمىدىم، ـ دېدى[1].

(بەززار: 1738)

6532 ـ عَنْ أَبِي طَلْحَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كُنْتُ فِيمَنْ تَغَشاهُ النَعَاسُ يَوْمَ أُحُدٍ حَتى سَقَطَ سَيْفِي مِنْ يَدِي مِرَارًا يَسْقُطُ وَآخُذُهُ وَيَسْقُطُ فَآخُذُهُ.

6532 ـ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئۇھۇد غازىتىدا مۈگدەك بېسىپ كەتكەنلەردىن ئىدىم، ھەتتا قىلىچىم قولۇمدىن بىر نەچچە قېتىم چۈشۈپ كەتتى. قىلىچ چۈشۈپ كېتىدۇ، ئالىمەن. يەنە چۈشۈپ كېتىدۇ، يەنە ئالىمەن...

(بۇخارى: 4068)

6533 ـ عن جَابِرِ بْن عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَجُلٌ لِلنبِي صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ أُحُدٍ أَرَأَيْتَ إِنْ قُتِلْتُ فَأَيْنَ أَنا قَالَ فِي الْجَنةِ فَأَلْقَى تَمَرَاتٍ فِي يَدِهِ ثُم قَاتَلَ حَتى قُتِلَ.

---

[1] ھەيسەمى (10069): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6533 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد غازىتىدا بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئەگەر مەن ئۆلتۈرۈلسەم، نەدە بولىمەن؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ جەننەتتە، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم قولىدىكى بىر قانچە تال خورمىنى تاشلىۋەتتى ۋە (جەڭ مەيدانىغا ئېتىلىپ كىرىپ) قاتتىق ئېلىشىپ، ئاخىرى ئۆلتۈرۈلدى.

(بۇخارى: 4046)

6534 ـ عن سَعْد بن أبِي وَقاصٍ يَقُولُ نَثَلَ لِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كِنَانَتَهُ يَوْمَ أُحُدٍ فَقَالَ ارْمِ فِدَاكَ أَبِي وَأُمي.

6534 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئوقدىنىنى سۇنۇپ بېرىپ: «ئاتقىن، ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن!» دېگەنىدى.

(بۇخارى: 4055)

6535 ـ وفي رواية: كَانَ رَجُلٌ مِنْ الْمُشْرِكِينَ قَدْ أَحْرَقَ الْمُسْلِمِينَ فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ارْمِ فِدَاكَ أَبِي وَأُمي قَالَ فَنَزَعْتُ لَهُ بِسَهْمٍ لَيْسَ فِيهِ نَصْلٌ فَأَصَبْتُ جَنْبَهُ فَسَقَطَ فَانْكَشَفَتْ عَوْرَتُهُ فَضَحِكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى نَظَرْتُ إِلَى نَوَاجِذِهِ.

6535 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: مۇشرىكلاردىن بىرى مۇسۇلمانلارنى قاتتىق قىرىۋەتكەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئدكە:

ـ ئاتە ـ ئات! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ـ دېدى. سەئد مۇنداق دەيدۇ:

ــ بۇنى ئاڭلاپ، ھېلىقى مۇشرىكقا ئۇچى يوق بىر ئوقنى ئېتىپ بېقىنىغا تەگكۈزدۇم. ئۇ يەرگە يىقىلىپ، ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە كۈلۈپ كەتتى.

(مۇسلىم: 2412)

6536 ـ عَنْ سَعْدٍ قَالَ رَأَيْتُ عَنْ يَمِينِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَـنْ شِمَالِهِ يَوْمَ أُحُدٍ رَجُلَيْنِ عَلَيْهِمَا ثِيَابُ بَيَاضٍ مَا رَأَيْتُهُمَا قَبْلُ وَلَا بَعْدُ يَعْنِي جِبْرِيلَ وَمِيكَائِيلَ عَلَيْهِمَا السلَامُ.

6536 ـ سەئد مۇنداق دەيدۇ: ئۇھۇد كۈنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئاق كىيىم كىيگەن ئىككى كىشىنى كۆردۈم، ئۇلارنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، شۇندىن كېيىنمۇ كۆرۈپ باقمىدىم. ـ دېدى. ئۇ، جىبرىئىل ۋە مىكائىل ئەلەيھىسسالاملارنى دېمەكچى.

(مۇسلىم: 2306)

6537 ـ عَنْ جَعْفَرِ بْنِ عَمْرِو بْنِ أُمَيةَ الضمْرِي قَالَ خَرَجْتُ مَعَ عُبَيْدِ اللـهِ بْـنِ عَدِي بْنِ الْخِيَارِ فَلَما قَدِمْنَا حِمْصَ قَالَ لِي عُبَيْدُ اللهِ بْنُ عَدِي هَلْ لَكَ فِي وَحْشِي نَسْأَلُهُ عَنْ قَتْلِ حَمْزَةَ قُلْتُ نَعَمْ وَكَانَ وَحْشِي يَسْكُنُ حِمْصَ فَسَأَلْنَا عَنْهُ فَقِيلَ لَنَا هُوَ ذَاكَ فِي ظِلِّ قَصْرِهِ كَأَنهُ حَمِيتٌ قَالَ فَجِئْنَا حَتى وَقَفْنَا عَلَيْهِ بِيَسِيرٍ فَسَلمْنَا فَرَد السلَامَ قَالَ وَعُبَيْدُ اللـهِ مُعْتَجِرٌ بِعِمَامَتِهِ مَا يَرَى وَحْشِي إِلا عَيْنَيْهِ وَرِجْلَيْهِ فَقَالَ عُبَيْدُ اللهِ يَا وَحْشِي أَتَعْرِفُنِي قَـالَ فَنَظَرَ إِلَيْهِ ثُم قَالَ لَا وَاللهِ إِلا أَني أَعْلَمُ أَن عَدِي بْنَ الْخِيَارِ تَزَوجَ امْرَأَةً يُقَالُ لَهَا أُم قِتَـالٍ بِنْتُ أَبِي الْعِيصِ فَوَلَدَتْ لَهُ غُلَامًا بِمَكةَ فَكُنْتُ أَسْتَرْضِعُ لَهُ فَحَمَلْتُ ذَلِكَ الْغُلَامَ مَعَ أُمـهِ فَنَاوَلْتُهَا إِياهُ فَلَكَأَني نَظَرْتُ إِلَى قَدَمَيْكَ قَالَ فَكَشَفَ عُبَيْدُ اللهِ عَنْ وَجْهِهِ ثُم قَالَ أَلَا تُخْبِرُنَا بِقَتْلِ حَمْزَةَ قَالَ نَعَمْ إِن حَمْزَةَ قَتَلَ طُعَيْمَةَ بْنَ عَدِي بْنِ الْخِيَارِ بِبَدْرٍ فَقَالَ لِي مَوْلَايَ جُبَيْرُ بْنُ مُطْعِمٍ إِنْ قَتَلْتَ حَمْزَةَ بِعَمي فَأَنْتَ حُر قَالَ فَلَما أَنْ خَرَجَ الناسُ عَامَ عَيْنَـيْنِ وَعَيْنَـيْنِ

جَبَلٌ بِحِيَالِ أُحُدٍ بَيْنَهُ وَبَيْنَهُ وَادٍ خَرَجْتُ مَعَ الناسِ إِلَى الْقِتَالِ فَلَما أَنْ اصْطَفوا لِلْقِتَالِ خَرَجَ سِبَاعٌ فَقَالَ هَلْ مِنْ مُبَارِزٍ قَالَ فَخَرَجَ إِلَيْهِ حَمْزَةُ بْنُ عَبْدِ الْمُطلِبِ فَقَالَ يَا سِبَاعُ يَا ابْنَ أُم أَنْمَارٍ مُقَطعَةِ الْبُظُورِ أَتُحَاد اللهَ وَرَسُولَهُ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ ثُم شَد عَلَيْهِ فَكَانَ كَأَمْسِ الذاهِبِ قَالَ وَكَمَنْتُ لِحَمْزَةَ تَحْتَ صَخْرَةٍ فَلَما دَنَا مِني رَمَيْتُهُ بِحَرْبَتِي فَأَضَعُهَا فِي ثُنتِهِ حَتى خَرَجَتْ مِنْ بَيْنِ وَرِكَيْهِ قَالَ فَكَانَ ذَاكَ الْعَهْدَ بِهِ فَلَما رَجَعَ الناسُ رَجَعْتُ مَعَهُمْ فَأَقَمْتُ بِمَكةَ حَتى فَشَا فِيهَا الْإِسْلَامُ ثُم خَرَجْتُ إِلَى الطائِفِ فَأَرْسَلُوا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَسُولًا فَقِيلَ لِي إِنهُ لَا يَهِيجُ الرسُلَ قَالَ فَخَرَجْتُ مَعَهُمْ حَتى قَدِمْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما رَآنِي قَالَ آنْتَ وَحْشِي قُلْتُ نَعَمْ قَالَ أَنْتَ قَتَلْتَ حَمْزَةَ قُلْتُ قَدْ كَانَ مِنْ الْأَمْرِ مَا بَلَغَكَ قَالَ فَهَلْ تَسْتَطِيعُ أَنْ تُغَيبَ وَجْهَكَ عَني قَالَ فَخَرَجْتُ فَلَما قُبِضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَخَرَجَ مُسَيْلِمَةُ الْكَذابُ قُلْتُ لَأَخْرُجَن إِلَى مُسَيْلِمَةَ لَعَلي أَقْتُلُهُ فَأُكَافِئَ بِهِ حَمْزَةَ قَالَ فَخَرَجْتُ مَعَ الناسِ فَكَانَ مِنْ أَمْرِهِ مَا كَانَ قَالَ فَإِذَا رَجُلٌ قَائِمٌ فِي ثَلْمَةِ جِدَارٍ كَأَنهُ جَمَلٌ أَوْرَقُ ثَائِرُ الرأْسِ قَالَ فَرَمَيْتُهُ بِحَرْبَتِي فَأَضَعُهَا بَيْنَ ثَدْيَيْهِ حَتى خَرَجَتْ مِنْ بَيْنِ كَتِفَيْهِ قَالَ وَوَثَبَ إِلَيْهِ رَجُلٌ مِنْ الْأَنْصَارِ فَضَرَبَهُ بِالسيْفِ عَلَى هَامَتِهِ قَالَ قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ الْفَضْلِ فَأَخْبَرَنِي سُلَيْمَانُ بْنُ يَسَارٍ أَنهُ سَمِعَ عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ يَقُولُ فَقَالَتْ جَارِيَةٌ عَلَى ظَهْرِ بَيْتٍ وَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ قَتَلَهُ الْعَبْدُ الْأَسْوَدُ.

6537 ـ جەئفەر ئىبنى ئەمر ئىبنى ئۇمەييە زەمرىي رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەدىي ئىبنى خىيار بىلەن سەپەرگە چىقتىم. ھىمس شەھىرىگە كەلگەندە، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەدىي ماڭا:

ــــ ۋەھشىينى ئىزدەپ، ئۇنىڭدىن ھەمزەنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى سوراپ باقامدۇق؟ ـ دېدى، مەن:

ـ ھەئە، شۇنداق قىلايلى، ـ دېدىم. ۋەھشىي (ئۇ چاغلاردا) ھىمس شەھىرىدە تۇراتتى. كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرگەندۇق، ئۇنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويدى ۋە:

ــ ئەنە، ئۆيىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرىدۇ. ـ دېدى. ئۇ، خۇددى ياغ كۈپىدەك سېمىز بىرى ئىدى. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، سالام قىلدۇق، بىزگە سالام قايتۇردى. ئۇبەيدۇللاھ سەللىسى بىلەن يۈزىنى يۆگىۋالغان بولۇپ، ۋەھشىي ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ۋە ئىككى پۇتىدىن باشقا يەرلىرىنى كۆرەلمەيتتى. ئۇبەيدۇللاھ:

ــ ئى ۋەھشىي! مېنى تونۇمسەن؟ ـ دېۋىدى، ئۇ، ئۇبەيدۇللاھقا سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن:

ــ ياق، اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەمما يادىمغا مۇنداق بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ: ئەدىي ئىبنى خىيار (ئۇبەيدۇللاھنىڭ دادىسى) ئەبۇ ئىيسنىڭ قىزى ئۇممۇ قىتال ئىسىملىك بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالغان ئىدى. ئۇ ئايال مەككىدە ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. مەن بىر ئېنىكئانا تېپىپ، ئانىسى بىلەن بىللە بالىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇ ئېنىكئانىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدىم. سېنىڭ پۇتلىرىڭنى شۇ بالىنىڭ پۇتلىرىغا ئوخشاتتىم. شۇڭا پۇتلىرىڭغا بەكرەك سەپسالدىم، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇبەيدۇللاھ يۈزىنى ئېچىۋەتتى. ئاندىن:

ـــ بىزگە ھەمزەنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى ئېيتىپ بېرەمسەن؟ ـ دېدى، ئۇ:

ــ بولىدۇ. بەدر ئۇرۇشىدا، ھەمزە تۇئەيمە ئىبنى ئەدىي ئىبنى خىيارنى ئۆلتۈرىۋەتكەن ئىدى. خوجايىنىم جۇبەير ئىبنى مۇتئىم ماڭا: "ئەگەر ھەمزەنى ئۆلتۈرۈپ، تاغامنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەرسەڭ، سېنى ئازاد قىلىۋېتىمەن، ـ دېدى. ئەيىنەين (ئۇھۇد تېغىنىڭ قارشىسىدىكى تاغ بولۇپ، ئۇھۇد تېغى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ۋادى بار) ئۇرۇشى بولغان يىلى قۇرەيش سېپىگە قېتىلدىم. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە قارشى سەپ تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلاردىن سىبائ ئىسىملىك بىرى چىقىپ:

ــ مەن بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشىدىغانلار بارمۇ؟ ـ دېدى. ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب چىقىپ:

ــ ئەي سىباﺋ! ئەي ئايال سۈننەتچىسى ئۇممۇ ئەنمارنىڭ ئوغلى! سەن (ئۆزەڭچە) اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىقىۋاتامسەن؟ ـ دېدى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. مەن بىر چوڭ قۇرام تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ھەمزەنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇ ماڭا يېقىن كەلگەندە، نەيزىنى ئاتتىم. نەيزە ئۇنىڭ بېقىنىدىن كىرىپ، يانپىشىدىن چىقىپ كەتتى، ئەنەشۇ نەيزە زەربىسى ھەمزەنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. كىشىلەر ئۇرۇشتىن قايتقاندا، مەنمۇ بىللە قايتتىم. ئىسلام ئومۇملاشقىچە مەككىدە تۇرۇپ، ئاندىن تائىفقا قېچىپ كەتتىم. تائىف خەلقى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولغاندا، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلەرگە چېقىلمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەلچىلەر قاتارىدا مەدىنىگە باردىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى كۆرۈپ:

ــ سەن ۋەھشىيمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ھەئە، ـ دېدىم.

ــ ھەمزەنى سەن ئۆلتۈرگەنمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، مەن:

ــ ساڭا قانداق يەتكۈزۈلگەن بولسا، ۋەقە ئۆز ئەينى شۇنداق يۈز بەردى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سەن ماڭا يۈزۈڭنى كۆرسەتمەي يۈرەلەمسەن؟ ـ دېدى، شۇنىڭ بىلەن، مەدىنىدىن چىقىپ كەتتىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغان چاغدا، مۇسەيلەمە كەززاپ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندى، مەنمۇ سەپكە قېتىلدىم. ئۆز ـ ئۆزەمگە: ”مۇسەيلەمەگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرسەم، اللە

تائالا بۇ ئارقىلىق ھەمزەنى ئۆلتۈرگەن جىنايىتىمنى ئەپۇ قىلىۋەتسە ئەجەب ئەمەس“ دەيتتىم. جەڭ باشلاندى. قارىسام، قارامتۇل تۆگىنىڭ رەڭگىدە پۈركىنىۋالغان بىر ئادەم، ئۇستى - بېشى چۇۋۇق ھالدا تام تۈۋىدە تۇرۇپتۇ. دەرھال ئۇنى نىشانغا ئالدىم - دە، نەيزەمنى ئاتتىم. نەيزە ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن كىرىپ، ئىككى تاغىقىنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى. بىر ئەنسارى ئۇنىڭ يېنىغا سەكرەپ كېلىپ، قىلىچى بىلەن بېشىغا ئۇردى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆگزىدە تۇرغان بىر جارىيە (مۇسەيلىمەنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ): ۋاي ئىسسىت! مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنى (يەنى مۇسەيلىمەنى) بىر قارا قۇل (يەنى ۋەھشىي) ئۆلتۈرىۋەتتى، - دەپ ۋارقىرىدى.

(بۇخارى: 4072)

6538 ـ عن وحشي قَالَ: قَالَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: يَا وَحْشِي، اخْرُجْ فَقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللهِ كَمَا قَاتَلْتَ لِتَصُد عَنْ سَبِيلِ اللهِ.

6538 ــ ۋەھشىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:

«ئى ۋەھشىي! ئىلگىرى كىشىلەرنى الله يولىدىن توسۇش ئۈچۈن قانداق ئۇرۇشقان بولساڭ، ئەمدى الله يولىدا شۇنداق ئۇرۇشقىن!»[①].

(«ئەلكەبىر»: 139/22)

6539 ـ عَنْ يَحْيى بْنِ سَعِيدٍ قَالَ لَما كَانَ يَوْمُ أُحُدٍ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ يَأْتِينِي بِخَبَرِ سَعْدِ بْنِ الربِيعِ الْأَنصَارِي فَقَالَ رَجُلٌ أَنَا يَا رَسُولَ اللهِ فَذَهَبَ

[①] ھەيسەمى (10112): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەن، - دېگەن.

الرجُلُ يطُوفُ بيْنَ الْقتْلى فَقَالَ لَهُ سَعْدُ بْنُ الربِيعِ مَا شَأْنُكَ فَقَالَ لَهُ الرجُلُ بَعَثَنِي إِلَيْكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِآتِيَهُ بِخَبَرِكَ قَالَ فَاذْهَبْ إِلَيْهِ فَاقْرَأْهُ مِني السلَامَ وَأَخْبِرْهُ أني قَدْ طُعِنْتُ اثْنَتَيْ عَشْرَةَ طَعْنَةً وَأني قَدْ أُنفِذَتْ مَقَاتِلِي وَأَخْبِرْ قَوْمَكَ أَنهُ لَا عُذْرَ لَهُمْ عِنْدَ اللهِ إِنْ قُتِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَوَاحِدٌ مِنْهُمْ حَي.

6539 ـ يەھيا ئىبنى سەئىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد كۈنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كىم بېرىپ، ماڭا سەئد ئىبنى رەبىيئ ئەنسارىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ؟ ـ دېدى. بىر ئادەم:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مانا مەن بېرىپ كېلىمەن، ـ دېدى. ئۇ ئادەم سەئدنى ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدىن ئىزدەپ تاپتى، سەئد ئىبنى رەبىيئ ئۇنىڭدىن:

ـ بۇ يەردە نېمە ئىشىڭ بار؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم:

ـ رەسۇلۇللاھ مېنى سېنىڭ خەۋىرىڭنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەندى، ـ دېدى. سەئد:

ـ سەن بېرىپ مەندىن ئۇنىڭغا سالام ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭغا مېنىڭ ئون ئىككى يەردىن يارىلانغانلىقىمنى، يارىلىرىمنىڭ جان يېرىمدە ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغىن. ئاندىن قەۋمىڭگە ئېيتقىنكى، ئۇلاردىن بىرەرسى ھايات تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلىدىغان بولسا، اللەنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئۆزرى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ـ دېدى[1].

(مالىك: 1013)

6540 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ أُصِيبَ أَبِي يَوْمَ أُحُدٍ فَجَعَلْتُ أَكْشِفُ الثوْبَ عَنْ وَجْهِهِ وَأَبْكِي وَجَعَلُوا يَنْهَوْنَنِي وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَنْهَانِي قَالَ

[1] بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك "جىھاد بۆلۈمى"دە يەھيادىن مۇرسەل رىۋايەت قىلغان، لېكىن: "ئۇلاردىن بىرەرسى ھايات تۇرۇپ" دېگەن ئىبارىنى كەلتۈرمىگەن.

وَجَعَلَتْ فَاطِمَةُ بِنْتُ عَمْرٍو تَبْكِيهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَبْكِيهِ أَوْ لَا تَبْكِيهِ مَا زَالَتْ الْمَلَائِكَةُ تُظِلُّهُ بِأَجْنِحَتِهَا حَتى رَفَعْتُمُوهُ.

6540 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد كۈنى دادام شېھىد قىلىندى. مەن ئۇنىڭ يۈزىگە يېپىپ قويۇلغان يوپۇقنى ئېچىپ، يىغلىغىلى تۇردۇم. باشقىلار مېنى توسماقچى بولدى، لېكىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توسمىدى. (دادامنىڭ ھەمشىرىسى) فاتىمە بىنتى ئەمرمۇ يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئۇنىڭغا يىغلىساڭمۇ، يىغلىمىساڭمۇ ئوخشاش. چۈنكى پەرىشتىلەر ئۇنى قاناتلىرى بىلەن تاكى سىلەر ئۇنى (شېھىد قىلىنغان يېرىدىن) كۆتۈرگەنگە قەدەر سايىدىتىپ تۇرغان» دېدى.

(مۇسلىم: 2471)

6541 ـ وفي رواية: لما كَانَ يَوْمُ أُحُدٍ جِيءَ بِأَبِي مُسَجى وَقَدْ مُثِلَ بِهِ

6541 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇھۇد كۈنى، دادامنىڭ جەسىدى يوپۇققا ئورالغان ھالدا كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئەزالىرى كېسىۋېتىلگەن ئىدى، ـ دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 2471)

6542 ـ عَنْ رَجُلٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ظَاهَرَ يَوْمَ أُحُدٍ بَيْنَ دِرْعَيْنِ أَوْ لَبِسَ دِرْعَيْنِ

6542 ـ ساھابىلارنىڭ بىرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇھۇد كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ساۋۇتنى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ كىيىۋالغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2590)

[1] ئەلبانى (2257): سەھىھ ـ دېگەن.

6543 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اشْتَد غَضَبُ اللهِ عَلَى قَوْمٍ فَعَلُوا بِنَبِيِّهِ يُشِيرُ إِلَى رَبَاعِيَتِهِ اشْتَد غَضَبُ اللهِ عَلَى رَجُلٍ يَقْتُلُهُ رَسُولُ اللهِ فِي سَبِيلِ اللهِ

6543 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىشلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

«ﷲنىڭ پەيغەمبىرىگە ئازار بەرگەن قەۋمگە ﷲنىڭ غەزىۋى ئىنتايىن شىددەتلىك بولىدۇ. ﷲنىڭ پەيغەمبىرى ﷲ يولىدا ئۆلتۈرگەن كىشىگىمۇ ﷲنىڭ غەزىۋى ئىنتايىن شىددەتلىك بولىدۇ».

(بۇخارى: 4073)

6544 ـ عَنْ أَنسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُسِرَتْ رَبَاعِيَتُهُ يَوْمَ أُحُدٍ وَشُج فِي رَأْسِهِ فَجَعَلَ يَسْلُتُ الدمَ عَنْهُ وَيَقُولُ كَيْفَ يُفْلِحُ قَوْمٌ شَجوا نَبِيهُمْ وَكَسَرُوا رَبَاعِيَتَهُ وَهُوَ يَدْعُوهُمْ إِلَى اللهِ فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل لَيْسَ لَكَ مِنْ الْأَمْرِ شَيْءٌ.

6544 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يان چىشى سۇنۇپ، بېشى يېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاننى سۈرتكەچ: «ئۆزلىرىنى ﷲقا چاقىرغان پەيغەمبىرىنىڭ چىشىنى سۇندۇرۇپ، بېشىنى يارغان قەۋم قانداقمۇ نىجاتلىق تاپسۇن؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ﷲ ئەززە ۋە جەللە: (ئى مۇھەممەد!) ھېچ ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، ﷲ يا ئۇلارنىڭ (مۇسۇلمان بولسا) تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، يا ئۇلار زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن (كۇفرىدا چىڭ

تۇرسا) ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ [1] دېگەن ئايىتىنى نازىل قىلدى.

(مۇسلىم: 1791)

6545 ـ عن أبي سَعِيدٍ: أنَهُ قال أُصِيبَ وَجْهُ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يوم أُحُدٍ فَاسْتَقْبَلَهُ مَالِكُ بن سِنَانٍ فَمَص جُرْحَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فقال رسـول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم: من أَحَب أَنْ يَنظُرَ إلى من خَالَطَ دَمِي دَمَهُ فَلْيَنظُرْ إلى مَالِكِ بن سِنَانٍ.

6545 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزى يارىلانغان ئىدى، مالىك ئىبنى سىنان كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىسىنى شورىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى قېنى مېنىڭ قېنىمغا ئارىلاشقان بىرسىگە قاراي دېسە، مالىك ئىبنى سىنانغا قارىسۇن» دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 5430)

6546 ـ عَنْ أَنسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ كَانَ يَقُولُ يَوْمَ أُحُدٍ اللهُم إنكَ إنْ تَشَأْ لَا تُعْبَدْ فِي الْأَرْضِ.

6546 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد غازىتىدا مۇنداق دېگەن:

«ئى الله! خالىساڭ، ئەمدى يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىنمايدۇ (يەنى ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ)».

(مۇسلىم: 1743)

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 128 ـ ئايەت.
[2] ھەيسەمى (10083): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6547 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا الذِينَ اسْتَجَابُوا لِلهِ وَالرسُولِ مِنْ بَعْـدِ مَـا أَصَابَهُمْ الْقَرْحُ لِلذِينَ أَحْسَنُوا مِنْهُمْ وَاتقَوْا أَجْرٌ عَظِيمٌ قَالَتْ لِعُرْوَةَ يَا ابْنَ أُخْتِي كَانَ أَبَوَاكَ مِنْهُمْ الزبَيْرُ وَأَبُو بَكْرٍ لَما أَصَابَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا أَصَابَ يَـوْمَ أُحُـدٍ وَانْصَرَفَ عَنْهُ الْمُشْرِكُونَ خَافَ أَنْ يَرْجِعُوا قَالَ مَنْ يَذْهَبُ فِي إِثْرِهِمْ فَانْتَـدَبَ مِـنْهُمْ سَبْعُونَ رَجُلًا قَالَ كَانَ فِيهِمْ أَبُو بَكْرٍ وَالزبَيْرُ.

6547 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا الله تائالانىڭ: ئۇھۇد غازىتىدا يارىلانغاندىن كېيىن، اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار، ئۇلار (يەنى مۆئمىنلەر)دىن ياخشى ئەمەل قىلغانلار ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلار چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ [1] دېگەن ئايىتى توغرىسىدا ئۇرۋەگە مۇنداق دېگەن:

ــ ئى جىيەنىم! الله ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار ئىچىدە ئەجدادلىرىڭدىن زۇبەير ۋە ئەبۇ بەكرىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يارىلاندى. (ئۇرۇش ئاياغلىشىپ) مۇشرىكلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ قايتا كېلىشىدىن ئەنسىرەپ: «كىم پىدائىي بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن بارىدۇ؟» دېۋىدى، مۇسۇلمانلاردىن يەتمىش كىشى پىدائىي بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ بەكرى بىلەن زۇبەيرمۇ بار ئىدى.

(بۇخارى: 4077)

6548 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ قَالَ: لَما انْصَرَفَ أَبُو سُفْيَانَ وَالْمُشْرِكُونَ عَـنْ أحَـدٍ، وَبَلَغُوا الروْحَاءَ، قَالُوا: لا مُحَمدًا قَتَلْتُمْ، وَلا الْكَوَاعِبَ أَرْدَفْتُمْ، شَر مَا صَنَعْتُمْ، فَبَلَغَ ذَلِكَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنَدَبَ الناسَ فَانْتَدَبُوا حَتى بَلَغُوا حَمْرَاءَ الأَسَدِ أَوْ بِئْرَ أَبِي عُيَيْنَةَ فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل "الذِينَ اسْتَجَابُوا لِلهِ وَالرسُولِ مِنْ بَعْدِ مَا أَصَابَهُمُ الْقَرْحُ".

[1] سۈرە ئال ئىمران، 172 ـ ئايەت.

6548 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار ئۇھۇدتىن قايتىپ، رەۋھائ دېگەن جايغا بارغاندا، ئۆزئارا:
ـ يا مۇھەممەدنى ئۆلتۈرمىدىڭلار ياكى چىرايلىق قىزلارنى ئارقاڭلارغا مىندۈرۈپ كېلەلمىدىڭلار. بۇ ئىشىڭلار پەقەت قاملاشمىدى، ـ دېيىشىپ، بىر ـ بىرىدىن ئاغرىنىشتى.

بۇ سۆزدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇجاھىدلارنى ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈرۈش قىلىشقا چاقىردى، ئۇلار تەييارلىنىپ، ھەمرائۇل ئەسەد دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، الله تائالا: يارىلانغاندىن كېيىن، اللهنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار، ئۇلاردىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلار چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 11632)

6549 ـ عن على قال لما انجلى الناس عن رسول الله صلى الله عليه وسلم يـوم أحد نظرت في القتلى فلم أر رسول الله صلى الله عليه وسلم فقلت والله ما كان ليفر ولا أراه في القتلى ولكن أرى الله غضب علينا بما صنعنا فرفع نبيه صلى الله عليه وسلم فما لى خير من أن أقاتل حتى أقتل فكسرت جفن سيفى ثم حملت على القوم فرجوا لى فإذا أنـا برسول الله صلى الله عليه وسلم بينهم.

6549 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد كۈنى، كىشىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەتراپىدىن يىراقلىشىپ كەتكەندە، مەن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئارىسىغا قاراپ باقتىم، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاپالمىدىم. ئۆز ـ ئۆزۈمگە: "ئۇ قاچمايدۇ، لېكىن ئۇنى ئۆلۈكلەرنىڭ

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 172 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (10113): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مۇھەممەد ئىبنى مەنسۇر جەۋۋازدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، لېكىن ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ئارىسىدىنىمۇ تاپالمىدىم. قارىغاندا، الله تائالا قىلمىشىمىز تۈپەيلىدىن بىزگە غەزەب قىلىپ، پەيغەمبىرىنى ئارىمىزدىن كۆتۈرۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ماڭا ئېلىشىپ ئۆلۈشتىن باشقا ئەۋزەل يول يوق ئىكەن'' دەپ قىلىچىمىنىڭ غىلىپىنى سۇندۇرىۋېتىپ، ئاندىن دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلدىم. كىشىلەر يول ئېچىپ بەردى، شۇنداق قارىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىكەن[1].

(مەۋسىلى: 546)

6550 ـ عن عائشة عن أبيها قال: لَما انْصَرَفَ الناسُ عَن النبي صلى الله عليه وسلم يَوْمَ أُحُدٍ كُنْتُ أولَ مَنْ فَاءَ إلى رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم، فَجَعَلْتُ أَنظُرُ إلى رَجُلٍ يُقَاتِلُ بَيْنَ يَدَيْهِ، فَقُلْتُ: كُنْ طَلْحَةَ، قَالَ: ثُم نَظَرْتُ فَإذَا إنْسَانٌ خَلْفِي كَأَنَّهُ طَائِرٌ، فَلَمْ أَشْعُرْ أَنْ أَدْرَكَنِي فَإذَا هُوَ أَبو عُبَيْدَةَ بْنُ الْجَراحِ، وَإذَا طَلْحَةُ بَيْنَ يَدَيْهِ صَرِيعًا، فَقَالَ: دُونَكُمْ أَخُوكُمْ، فَقَدْ أَوْجَبَ فَتَرَكْنَاهُ وَأَقْبَلْنَا عَلَى رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم، وَإذَا قَدْ أَصَابَ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم فِي وَجْهِهِ سَهْمَانِ، فَأَرَدْتُ أَنْ أَنزِعَهُمَا، فَمَا زَالَ أَبو عُبَيْدَةَ يَسْأَلُنِي وَيَطْلُبُ إلَي حَتى تَرَكْتُهُ، فَنَزَعَ أَحَدَ السهْمَيْنِ وَأَزَم عَلَيْهِ بِأَسْنَانِهِ فَقَلَعَهُ، وَانْتَدَرَتْ إحْدَى ثَنِيتَيْهِ، ثُم لَمْ يَزَلْ يَسْأَلُنِي وَيَطْلُبِ إلَي أَنْ أَدَعَهُ يَنزِعُ الآخَرَ، فَوَضَعَ ثَنِيتَهُ عَلَى السهْمِ وَأَزَم عَلَيْهِ كَرَاهَةَ أَنْ يُؤْذِيَ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم أَنْ تَحَولَ فَنَزَعَهُ، وَانْتَدَرَتْ ثَنِيتُهُ أَوْ إحْدَى ثَنِيتَيْهِ، قَالَ: وَكَانَ أَبو عُبَيْدَةَ أَهْتَمَ الثنَايَا.

6550 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: ئۇھۇد كۈنى كىشىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاشلاپ كەتكەندە، مەن بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم.

---

[1] ھەيسەمى (10075): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى مەرۋان ئۇقەيلى ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ئالدىمىدا بىر ئادەم دۈشمەنگە قارشى قاتتىق ئېلىشىۋاتاتتى، قارىسام، تەلھە ئىكەن. ئارقامدىن بىر كىشى قۇشتەك تېز كېلىپ، ماڭا يېتىشىۋالدى. ئۇ، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ئىكەن. تەلھە ئۇنىڭ ئالدىغا يىقىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قېرىندىشىڭلاردىن خەۋەر ئېلىڭلار، جان ئۈزگەندەك قىلىدۇ» دېدى، بىز ئۇنى تاشلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باردۇق. رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىگە ئىككى تال ئوق تېگىپتۇ. مەن ئوقلارنى تارتماقچى بولغانىدىم، ئەبۇ ئۇبەيدە:

ــ سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئوقلارنى مېنىڭ چىقىرىشىمغا رۇخسەت قىلغىن، ـ دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردىم. ئۇ، ئوقنىڭ بىرىنى چىشى بىلەن سۇغۇرۇپ چىقاردى، لېكىن ئۆزىنىڭ بىر تال چىشى چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن يەنە بىر تال ئوقنىمۇ چىقىرىش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىپ تۇرىۋالدى، يەنە رۇخسەت بەردىم. ئۇ، ئوقنىڭ مىدىرلاپ كېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئازابلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئوقنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن سۇغۇرىۋالدى. لېكىن ئۇنىڭ يەنە بىر تال چىشى چۈشۈپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق ئىككى تال چىشىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پىدا قىلدى[1].

(بەززار: 1791)

6551 ـ عَنْ كَعْبٍ قَالَ: "لَما كَانَ يَوْمُ أُحُدٍ وَصِرْنَا إِلَى الشعْبِ، كُنتُ أولَ مَنْ عَرَفَهُ، فَقُلْتُ: هَذَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَأَشَارَ إِلَي بِيَدِهِ أَن اسْـكُتْ، ثُـم

[1] ھەيسەمى (10076): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسھاق ئىبنى يەھيا ئىبنى تەلھە ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك بىرى بار، ـ دېگەن.

أَلْبَسَنِي لأَمَتَهُ، وَلَيسَ لأَمتِي، فَلَقَدْ ضُرِبْتُ حَتى جُرِحْتُ عِشْرِينَ“، أَوْ قَالَ: ”بِضْعَةَ عَشَرَ جُرْحًا، كُل مَنْ يَضْرِبُنِي يَحْسِبُنِي رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ“.

6551 ـ كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد كۈنى، بىز تاغ جىلغىسىغا قايتتۇق. مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بىرىنچى بولۇپ تونۇۋالدىم ۋە:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مانا! ــ دەپ ۋارقىراشقا باشلىدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ــ گەپ قىلماي جىم تۇر! ــ دەپ ئىشارەت قىلدى، ئاندىن دۇبۇلغىسىنى ماڭا كەيدۈرۈپ، مېنىڭكىنى ئۆزى كىيىۋالدى. مەن كۆپ قىلىچ زەربىسى يېدىم، ھەتتا يىگىرمە (ياكى يىگىرمە نەچچە) يەردىن يارىلاندىم. ماڭا قىلىچ ئۇرغانلار (بېشىمدىكى دۇبۇلغىغا قاراپ) مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەپ ئويلاپ قالغانىدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 100/19؛ «ئەلئەۋسەت»)

6552 ـ عَنْ قَتَادَةَ بن النعْمَان، قَالَ: أُهْدِيَ إِلَى رَسُولِ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَوْسٌ فَدَفَعَهَا إِلَي يَوْمَ أُحُدٍ، فَرَمَيْتُ بِهَا بَيْنَ يَدَيْ رَسُولِ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى انْدَقتْ عَنْ سِيَتِهَا، وَلَمْ أَزَلْ عَنْ مَقَامِي نَصْبَ وَجْهِ رَسُولِ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلْقَى السهَامَ بِوَجْهِي، كُلمَا مَالَ سَهْمٌ مِنْهَا إِلَى وَجْهِ رَسُولِ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِلْتُ رَأْسِي لأَقِيَ وَجْهَ رَسُولِ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِلا رَمْيٍ أَرْمِيهِ، فَكَانَ آخِرُهَا سَهْمًا بَدَرَتْ مِنْهُ حَدَقَتِي عَلَى خَدي، وَتَفَرقَ الْجَمْعُ، فَأَخَذْتُ حَدَقَتِي بِكَفي، فَسَعَيْتُ بِهَا فِي كَفي إِلَى رَسُولِ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَلَما رَآهَا رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي كَفي دَمَعَتْ عَيْنَاهُ، فَقَالَ: ”اللهُم إِن قَتَادَةَ قَدْ أَوْجَهَ نَبِيكَ بِوَجْهِهِ، فَاجْعَلْهَا أَحْسَنَ عَيْنَيْهِ، وَأَحَدهُمَا نَظَرًا“، فَكَانَتْ أَحْسَنَ عَيْنَيْهِ وَأَحَدهُمَا نَظَرًا.

---

[1] ھەيسەمى (10077) بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ”ئەلكەبىر“ ۋە ”ئەلئەۋسەت“تە رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ”ئەلئەۋسەت“نىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6552 ــ قەتادە ئىبنى نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر يا سوۋغا قىلىنغان ئىدى، ئۇھۇد كۈنى ئۇنى ماڭا بەردى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇ يادىن توختىماي ئوق ئاتتىم، ئاخىرى يانىڭ كىرىچى ئۈزۈلۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئورنىمدىن مىدىرلىماي تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دالدا بولدۇم. قاياقتىن بىر تال ئوق كەلسە، دەرھال شۇ تەرەپكە يۈزلىنەتتىم. مەقسىتىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوق تەگكۈزمەسلىك ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر پاي ئوق كېلىپ، كۆزۈمگە تەگدى ۋە كۆز قارىچۇقۇم يۈزۈمگە ئېقىپ چۈشتى. (ئۇرۇش توختاپ) قوشۇنلار ئۆز سەپلىرىگە قايتقاندىن كېيىن، كۆزۈمنىڭ قارىچۇقىنى ئالقىنىمغا ئېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى ۋە:

«ئى الله! قەتادە ئۆزىنىڭ يۈزىنى پەيغەمبىرىڭنىڭ يۈزى ئۈچۈن پىدا قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ كۆزىنى ئىككى كۆزىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ ئۆتكۈرى قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ قۇيۇلۇپ كەتكەن كۆزى ئىككى كۆزىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ ئۆتكۈرى بولۇپ قالدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 8/19)

6553 ـ قَالَ الْحَارِثُ بن الصمةِ: سَأَلَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَـوْمَ أُحُدٍ وَهُوَ فِي الشعْبِ: "هَلْ رَأَيتَ عَبْدَ الرحْمَنِ بن عَوْفٍ؟" قُلْتُ: نَعَمْ يَا رَسُولَ اللـهِ، رَأَيْتُه إِلى حَر الْجَبَلِ، وَعَلَيْهِ عَكَرٌ مِنَ الْمُشْرِكِينَ، فَهَرَبْتُ إِلَيْهِ لأَمْنَعَهُ، فَرَأَيْتُـكَ فَعَـدَلْتُ

[1] ھەيسەمى (10079): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تەرجىمىھالى نامەلۇم كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

إِلَيْكَ، فَقَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: ”أَما إِن الْمَلاَئِكَةَ تُقَاتِلُ مَعَهُ“، قَالَ الْحَارِثُ: فَرَجَعْتُ إِلَى عَبْدِ الرحْمَنِ فَأَجِدُهُ بَيْنَ نَفَرٍ سَبْعَةٍ صَرْعَى، فَقُلْتُ لَهُ: ظَفِرَتْ يَمِينُكَ، أَكُل هَؤُلاَءِ قَتَلْتَ؟ قَالَ: أَما هَذَا لأَرْطَاةَ بن شُرَحْبِيلَ، وَهَذَا فَأَنَا قَتَلْتُهُمَا، وَأَما هَؤُلاَءِ فَقَتَلَهُمْ مَنْ لَمْ أَرَهُ، قُلْتُ: صَدَقَ اللهُ وَرَسُولُهُ.

6553 ـ ھارىس ئىبنى سىممە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇھۇدتىكى) جىلغىدا مەندىن:

ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفنى كۆردۈڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى كۆردۈم، (ئۇزى يالغۇز) بىر نەچچە مۇشرىك بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. (ئەسلىدە ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى ئىدىم) سىنى كۆرۈپ بۇ ياققا يۈگۈردۈم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ (ئۇ يالغۇز قالغان بولسا) پەرىشتىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇرۇشىدۇ، ـ دېدى. كېيىن، ئابدۇرراھماننىڭ قېشىغا باردىم. قارىسام، ئۇ يەردە ياتقان يەتتە ئۆلۈكنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن:

ـ مۇبارەك بولسۇن! بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سەن ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم، ئۇ:

ـ ماۋۇنىڭ بىلەن ئەرتا ئىبنى شۇرەھبىل ئىككىسىنى مەن ئۆلتۈردۈم. قالغانلىرىنى مەن كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەر ئۆلتۈردى، ـ دېدى. مەن:

ـ دېمەك، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى راست ئېيتىپتۇ، ـ دېدىم[1].

(«ئەلكەبىر»: 3385؛ بەززار)

[1] ھەيسەمى (10082): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئىمران ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

6554 ـ عن أنس بن مالك قال: لما كان يوم أحد حاض أهل المدينـة حيـصة وقالوا قتل محمد حتى كثرت الصوارخ في ناحية المدينة فخرجت امـرأة مـن الانـصار فاستقبلت بأبيها وابنها وزوجها وأخيها فقالوا أبوك أخوك زوجك ابنك تقول ما فعـل رسول الله صلى الله عليه وسلم يقولون امامك حتى دفعت إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فأخذت بناحية ثوبه ثم قالت بأبي أنت وأمي يا رسول الله لا أبالي إذ سلمت مـن عطب.

6554 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد كۈنى، مەدىنە تەۋرەپ كەتتى. "مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلتۈرۈلدى" دېگەن سۆزنى ئاڭلىغانلار ئاھ ـ پەرياد چېكىپ، زار ـ زار يىغلاشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇھۇدتىن قايتقانلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىققان ئەنسارلاردىن بىر ئايالغا ئۆزىنىڭ دادىسى، ئېرى، ئوغلى ۋە قېرىندىشىنىڭ خەۋىرى يەتكۈزۈلۈپ:

ـ داداڭ، ئېرىڭ، ئوغلۇڭ ۋە قېرىندىشىڭ (شېھىد قىلىندى)، ـ دېيىشىشىمۇ، ئۇ ھېچبىرىگە پىسەنت قىلماي، داۋاملىق:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ ـ دەپ سورايتتى. ئۇنىڭغا:

ـ مانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىۋاتىدۇ، ـ دېيىشتى. ئۇ ئايال دەرھال بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىملىرىنىڭ پېشىنى يۈز ـ كۆزىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلغانلا بولساڭ، مەن ئۈچۈن باشقا نەرسىنىڭ تايىنى چاغلىق، ـ دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 7499)

[1] ھەيسەمى (10087): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئۇستازى مۇھەممەد ئىبنى شۇئەيبتىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مەن ئۇنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6555 ـ عن أبي الزبير رضي الله عنه أنه لما كان يوم أحد أقبلت امرأة تسعى حتى إذا كادت أن تشرف على القتلى قال فكره النبي صلى الله عليه وسلم أن تراهم فقال المرأة المرأة قال الزبير رضي الله عنه فتوسمت أنها أمي صفية قال فخرجت أسعى إليها فأدركتها قبل أن تنتهي إلى القتلى قال فلدمت في صدري وكانت امرأة جلدة قالت إليك لا أرض لك قال فقلت إن رسول الله صلى الله عليه وسلم عزم عليك قال فوقفت وأخرجت ثوبين معها فقالت هذان ثوبان جئت بهما لأخي حمزة فقد بلغني مقتله فكفنوه فيهما قال فجئنا بالثوبين لنكفن فيهما حمزة فإذا إلى جنبه رجل من الأنصار قتيل قد فعل به كما فعل بحمزة قال فوجدنا غضاضة وحياء أن نكفن حمزة في ثوبين والأنصاري لا كفن له فقلنا لحمزة ثوب وللأنصاري ثوب فقدرناهما فكان أحدهما أكبر من الآخر فأقرعنا بينهما فكفنا كل واحد منهما في الثوب الذي صار له.

6555 ـ ئەبۇ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد كۈنى، بىر ئايال يۈگۈرگەن پېتى (جەڭ مەيدانىغا) يېتىپ كەلدى. جەسەتلەرنى كۆرۈپ قېلىشقا ئاز قالغانىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەرھال:

ـ ئۇ ئايالنى توسۇڭلار! ئايالنى توسۇڭلار! ـ دېدى. قارىغۇدەك بولسام، ئۇ، ئانام سەفىييە ئىكەن. يۈگۈرگەن پېتى ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ قۇچاقلىۋالدىم. ئۇ بەكمۇ تېتىك ئايال ئىدى، مەيدەمگە بىرنى سېلىپ:

ـ مەندىن نېرى تۇر! ـ دېدى. مەن:

ـ رەسۇلۇللاھ مېنى (سېنى) توسۇشقا بۇيرىدى، ـ دېدىم. بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال توختىدى ۋە يېنىدىن ئىككى پارچە رەختنى چىقىرىپ:

ـ بۇ ئىككى پارچە رەختنى قېرىندىشىم ھەمزە ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم. ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىدىم، ئۇنى مۇشۇ رەختتە كېپەنلەڭلار! ـ دېدى.

بىز ئۇ ئىككى پارچە رەختنى ئېلىپ، ھەمزەنى كېپەنلەش ئۈچۈن باردۇق. قارىساق، ئۇنىڭ يېنىدا ئەنسارىلاردىن بىر كىشى ياتقان بولۇپ، ئۇمۇ ھەمزەگە ئوخشاش قىيما ـ چىيما قىلىنىپتۇ. بىز ھەمزەنى ئىككى پارچە رەخت بىلەن كېپەنلەپ، ئەنسارىنى كېپەنسىز قالدۇرۇشتىن ھايا قىلىپ:

ـــ ئىككىسىنى بىر پارچىدىن رەخت بىلەن يۆگەيلى، ـ دېيىشتۇق. ئۆلچەپ باقساق، رەختنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن سەل ئۇزۇنراق ئىكەن. شۇڭا ئىككىيلەنگە چەك تاشلاپ، ھەر بىرىنى ئۆزىگە چىققان رەخت بىلەن كېپەنلەپ قويدۇق[1].

(ئىمام ئەھمەد: 1421؛ مەۋسىلى ۋە بەززار)

6556 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ، قَالَ: "لَما قُتِلَ حَمْزَةُ يَوْمَ أُحُدٍ أَقْبَلَتْ صَفِيةُ تَطْلُبُهُ لا تَدْرِي مَا صَنَعَ، فَلَقِيَتْ عَلِيا وَالزبَيْرَ، فَقَالَ عَلِي لِلزبَيْرِ : اذْكُرْ لأُمكَ، وَقَالَ الزبَيْرُ لِعَلِي: اذْكُرْ أَنتَ لِعَمتِكَ، فَقَالَتَ: مَا فَعَلَ حَمْزَةُ؟ فَأَرَيَاهَا أَنهُمَا لا يَدْرِيَانِ، فَجَاءَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَقَالَ: إِني أَخَافُ عَلَى عَقْلِهَا، فَوَضَعَ يَدَهُ عَلَى صَدْرِهَا، وَدَعَا لَهَا، فَاسْتَرْجَعَتْ وَبَكَتْ، ثُم جَاءَ فَقَامَ عَلَيْهِ وَقَدْ مُثلَ بِهِ، فَقَالَ: لَوْلا جَزَعُ النسَاءِ لَتَرَكْتُهُ حَتى يُحْشَرَ مِنْ حَوَاصِلِ الطيْرِ وَبُطُونِ السبَاعِ، ثُم أَمَرَ بِالْقَتْلَى، فَجَعَلَ يُصَلي عَلَيْهِمْ، فَيَضَعُ تِسْعَةً وَحَمْزَةَ، فَيُكَبرُ عَلَيْهِمْ سَبْعَ تَكْبِيرَاتٍ، ثُم يُرْفَعُونَ وَيُتْرَكُ حَمْزَةُ، ثُم دَعَا بِتِسْعَةٍ، فَكَبرَ عَلَيْهِمْ سَبْعَ تَكْبِيرَاتٍ، حَتى فَرَغَ مِنْهُمْ".

6556 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد كۈنى ھەمزە ئۆلتۈرۈلگەندە، سەفىيە ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن بىخەۋەر ھالدا ئۇنى ئىزدەپ كەلدى ۋە ھەزرىتى ئەلى بىلەن زۇبەيرگە ئۇچراپ قالدى. ئەلى زۇبەيرگە:

[1] ھەيسەمى (10099): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ زەناد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. ئەمما بەزىلەر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

ــ خەۋەرنى ئاناڭغا سەن يەتكۈزگىن! ـ دېسە، زۇبەير ئەلگە:

ــ هاماڭغا سەن يەتكۈزگىن! ـ دېدى. سەفىييە:

ــ ھەمزەگە نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ ئىككىيلەن خۇددى بىلمەيدىغاندەك بولۇۋېلىشتى، شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ كېلىپ:

ــ مەن ئۇنىڭ ئېلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، ـ دېدى ۋە قولىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويۇپ، دۇئا قىلىۋىدى، سەفىييە ئىنچىلىپ: "بىز ھەممىمىز اللهنىڭ ئىلكىدىدۇرمىز، ئاخىرى چوقۇم اللهنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز" دەپ يىغلىدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمزەنىڭ جەستى بار يەرگە كېلىپ تۇردى، ئۇ قىيما ـ چىيما قىلىنغان ئىدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئاياللارنىڭ چىدىيالماي داد ـ پەرياد سېلىشىنى دېمەيدىغان بولسام، قىيامەت كۈنى قۇش ۋە يىرتقۇچلارنىڭ قورسىقىدىن تىرىلىشى ئۈچۈن ئۇنى مۇشۇ جايدا تاشلاپ قويغان بولاتتىم، ـ دېدى.

ئاندىن كېيىن ئۆلۈكلەرنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپ، ئۇلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ھەمزەنى توققۇز كىشى بىلەن بىللە قويۇپ، يەتتە تەكبىر بىلەن نامىزىنى چۈشۈردى. ئاندىن ھەمزەدىن باشقىلىرىنى ئېلىۋېتىپ، يەنە توققۇز جەسەتنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ نامىزىنىمۇ يەتتە تەكبىر بىلەن چۈشۈردى. قالغان جەسەتلەرنىڭ نامىزىنىمۇ مۇشۇ تەرىقىدە چۈشۈردى[1].

(«ئەلكەبىر»: 2934؛ بەززار)

[1] ھەيسەمى (10100): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەزىد ئىبنى ئەبۇ زىياد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

6557 ـ ولأحمد والكبير بضعف: ثُم أَمَرَ بِهِ فَهُيِءَ إِلَى الْقِبْلَةِ، ثُم كَبرَ عَلَيْهِ تِسْعًا، ثُم جَمَعَ عَلَيْهِ الشهَدَاءَ كُلمَا أُتِي بِشَهِيدٍ وُضِعَ إِلَى حَمْزَةَ فَصَلى عَلَيْهِ، وَعَلَى الشهَدَاءِ مَعَهُ، حَتى صَلى عَلَيْهِ وَعَلَى الشهَدَاءِ اثْنَتَيْنِ وَسَبْعِينَ صَلاَةً.

6557 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: رەسۇلۇللاھ بۇيرۇندى، ھەمزە قىبلە تەرەپكە قويۇلدى. ئۇنىڭ نامىزىنى توققۇز تەكبىر بىلەن چۈشۈردى. ئاندىن ھەممە شېھىدنى ئۇنىڭ بىلەن جەملىدى، شېھىدلەر بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ كېلىنىپ، ھەمزەنىڭ يېنىغا قويۇلاتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتقان شېھىدلەرنىڭ نامىزىنى بىللە چۈشۈرەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ۋە باشقا شېھىدلەرگە جەمئىي يەتمىش ئىككى قېتىم ناماز چۈشۈردى[①].

(«ئەلكەبىر»: 11051)

6558 ـ وعن أبي هريرة أن رسول الله ﷺ وقف على حمزة بن عبد المطلب حين استشهد فنظر إلى منظر لم ينظر إلى منظر أوجع للقلب منه أو أوجع لقلبه منه ونظر اليـه وقد مثل به فقال رحمة الله عليك إن كنت ما علمت لوصولاً للرحم فعولاً للخيرات والله لولا حزن من بعدك عليك لسرني أن أتركك حتى يحشرك الله من بطون السباع أو كلمة نحوها أما والله على ذلك لأمثلن بسبعين كميتتك ف ل جبريل عليه السلام على محمد ﷺ بذه السورة وقرأ (وإن عاقبتم فعاقبوا بمثل ما عوقبتم به) الى آخر الآية، فكفر رسول الله ﷺ وأمسك عن ذلك.

6558 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب شەھىد بولغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ شۇنداق بىر مەنزىرە كۆردىكى، دىلنى ئۇنىڭدىنمۇ بەك

[①] ھەيسەمى (10107): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەھمەد ئىبنى ئەييۇب ئىبنى راشىد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

ئىچىندۇرغىدەك قەبىھ مەنزىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىلگەن ھالىتىگە قاراپ مۇنداق دېدى:

«ئاللاھنىڭ رەھمىتى ساڭا بولسۇن! بىلىشىمچە، رەھمانغا ئىبادەتگۇي، خەير ـ ئېھسانني كۆپ قىلىدىغان كىشى ئىدىڭ. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەندىن كېيىنكىلەرنىڭ ساڭا قايغۇ ـ ھەسرەت چېكىشىنى دېمەيدىغان بولسام، سېنى مۇشۇ ھالىتىڭدە تاشلاپ قويغان بولاتتىم. قىيامەت كۈنى، ئاللاھ سېنى يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ قورساقلىرىدىن تىرىلدۇرگەن بولاتتى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلاردىن يەتمىش ئادەمنى خۇددى سەن ئۆلتۈرۈلگەندەك ئۆلتۈرمىسەم ھېساب ئەمەس».

كۆپ ئۆتمەي، جىبرىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاللاھ تائالانىڭ: ئەگەر ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار [1] دېگەن ئايىتىنى ئاخىرىغىچە ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەسەمى ئۈچۈن كاپپارەت بېرىپ، ئاچچىقىغا ھاي بەردى[2].

(«ئەلكەبىر»: 2937؛ بەززار)

6559 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: لَما رَجَعَ رَسُولُ اللهِ مِنْ أُحُدٍ بَكَتْ نِسَاءُ الأَنصَارِ عَلَى شُهَدائِهِمْ، فَبَلَغَ ذَلِكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ، فَقَالَ: لَكِنْ حَمْزَةُ لا بَوَاكِيَ لَـهُ فَرَجَعَتِ الأَنصَارُ، فَقَالَتْ لِنِسائِهِن: لا تَبْكِينَ أَحَدًا حَتى تَنْدُبْنَ حَمْزَةَ، قَالَ: فَذَاكَ فِـيهِمْ إِلَى الْيَوْمِ لا تَبْكِينَ إِلا بَدَيْنَ بِحَمْزَةَ.

6559 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد

[1] سۈرە نەھل، 126- ئايەت.

[2] ھەيسەمى (10104): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سالىھ ئىبنى بەشىر مەرىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

غازىتىدىن قايتقاندا، ئەنسارىلارنىڭ ئاياللىرى شېھىدلىرىگە يىغلاشتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئەمما ھەمزەنىڭ يىغلىغۇچىلىرى يوق، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنسارىلار قايتىپ ئاياللىرىغا:

— ھەمزەگە يىغلىماي تۇرۇپ، باشقا ھېچكىمگە يىغلىماڭلار، - دېدى. شۇندىن بېرى، بىرەرسىگە ماتەم تۇتماقچى بولسا، يىغىسىنى ھەمزەگە ماتەم تۇتۇشتىن باشلاش ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 12096)

6560 ـ عن بريدة: أن رجلا قال يوم أحد اللهم إن كان محمـد علـى الحـق فاخسف بي قال فخسف به. (رواه البزار:1799)

6560 — بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد كۈنى، بىر ئادەم:

— ئى الله! ئەگەر مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ھەق يولدا بولسا، مېنى يەرگە يۇتقۇزىۋەتكىن! - دېگەنىدى، يەر ئۇ ئادەمنى شۇ هامان يۇتۇۋەتتى[2].

(بەززار: 1799)

6561 ـ عن جابر قال دخل على رضى الله عنه على فاطمة رحمة الله عليها يوم أحد فقال:

أفاطم هاك السيف غير ذميم فلست برعديد ولا بلئيم

[1] ھەيسەمى (10110): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى مۇتىئ شەيبانى ئىسىملىك تەرجىمىھالى نامەلۇم بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (10115): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

لعمري لقد أبليت في نصر أحمد ومرضاة رب بالعباد عليم

فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم إن كنت أحسنت القتال فقد أحسنه سهل بن حنيف وابن الصمة وذكر آخر فنسبه معلى فقال جبريل صلى الله عليه وسلم يا محمد هذا وأبيك المواساة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم يا جبريل إنه منى فقال جبريل صلى الله عليه وسلم وأنا منكما.

6561 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد كۈنى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ:

ئى فاتىمە! كۆركەم شەمشەرنى ئالغىن،
ئەمەسمەن قورقۇنچاق ياكى پەسكەش.
قەسەمكى، ئېلىشتىم ئەھمەدنىڭ نۇسرىتى ئۈچۈن،
بەندىلەرنى بىلگۈچى ئىگەمنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن.

دەپ بېيىت ئوقۇدى، بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ياخشى ئېلىشقان بولساڭ، سەھل ئىبنى ھۇنەيف ۋە ئىبنى سىممەمۇ ياخشى ئېلىشتى، ـ دەپ، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى.

بۇنى ئاڭلىغان جىبرىل ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى مۇھەممەد! مانا بۇ تەسەللىيدۇر، ـ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى جىبرىل! ئۇ مەندىندۇر، ـ دېگەندى، جىبرىل ئەلەيھىسسالام:

ــ مەنمۇ سىلەردىن، ـ دېدى[1].

(بەززار: 1798)

[1] ھەيسەمى (10116): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇئەللا ئىبنى ئابدۇرراھمان ۋاستى ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

6562 ـ عن ابن عباس قال: قال النبي صلى الله عليه وسلم لئن كنت أحـسنت القتال لقد أحسنه سهل بن حنيف وأبو دجانة سماك بن خرشة.

6562 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«سەن ياخشى ئېلىشقان بولساڭ، سەھل ئىبنى ھۇنەيف ۋە ئەبۇ دۇجانە سىماك ئىبنى خەرەشەمۇ ياخشى ئېلىشتى» دېگەن[1].

(«ئەلكەبىر»: 6507)

[1] ھەيسەمى (10118): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

## «مەجمەئۇززاۋائىد» تا ئىسمى بايان قىلىنغان ئۇھۇد شېھىدلىرى

من المهاجرين: حمزة بن عبد المطلب، ربيعة بن أكثم، عبد الله بن جحش، مصعب بن عمير.

ومن الأنصار: أنيس بن قتادة، أوس بن أرقم، أوس بن المنذر، إياس بن أوس ، ثعلبة بن سعد، الحارس بن أوس، حنظلة بن أبي عامر غسيل الملائكة، ذكوان بن عبد قـيس، ربيعة بن الفضل، رفاعة بن أوس، رفاعة بن عمرو، سعد بن ربيعة، سعد بن سويد، سليط بن ثابت، سهل بن قيس، عبد الله بن عمرو بن حرام، الـذر بن زياد.

**مۇھاجىرلاردىن:** ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب، رەبىيئە ئىبنى ئەكتەم، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير.

**ئەنسارىلاردىن:** ئۇنەيس ئىبنى قەتادە، ئەۋس ئىبنى ئەرقەم، ئەۋس ئىبنى مۇنزىر، ئىيياس ئىبنى ئەۋس، سەئلەبە ئىبنى سەئد، ھارىس ئىبنى ئەۋس، ھەنزەلە ئىبنى ئەبۇ ئامىر (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن يۇيۇلغان ساھابە)، زەكۋان ئىبنى ئەبدۇ قەيس، رەبىيئە ئىبنى فەزل، رىفائە ئىبنى ئەۋس، رىفائە ئىبنى ئەمىر، سەئد ئىبنى رەبىيئە، سەئد ئىبنى سۇۋەيد، سەلىت ئىبنى سابىت، سەھل ئىبنى قەيس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ھەرام، مىجزەر ئىبنى زىياد.

6563 ـ عَنْ مُحَمدِ بن إِسْحَاقَ، قَالَ: وَخَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ حِينَ صَلى الْجُمُعَةَ، فَأَصْبَحَ بِالشعْبِ مِنْ أُحُدٍ، فَالْتقَوْا يَوْمَ السبْتِ فِي النصْفِ مِنْ شَوالٍ سَنَةَ ثَلاثٍ.

6563 ــ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئاتلىنىپ، ئۇھۇد تېغىنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ باردى ۋە شەنبە كۈنى (ھىجرىيە 3 ـ يىلى، شەئبان ئېيىنىڭ 15 ـ كۈنى) دۈشمەن بىلەن ئۇچراشتى[1].

(«ئەلكەبىر»: 2929)

6564 ـ عَنْ صَفِيةَ بنتِ عَبْدِ الْمُطِلبِ، أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما خَرَجَ إِلَى أُحُدٍ جَعَلَ نِسَاءَهُ فِي أُطُمٍ يُقَالُ لَهُ فَارِعٌ، وَجَعَلَ مَعَهُن حَسانُ بن ثَابِتٍ، فَكَانَ حَسانُ يَطلُعُ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: فَإِذَا شَد عَلَى الْمُشْرِكِينَ أَشَد مَعَهُ فِي الْحِصْنِ، وَإِذَا رَجَعَ رَجَعَ وَرَاءَهُ، قَالَتْ: فَجَاءَ أُنَاسٌ مِنَ الْيَهُودِ فَتَرَقى أَحَدُهُمْ فِي الْحِصْنِ حَتى أَطَل الْحِصْنَ عَلَيْنَا، فَقُلْتُ لِحَسانَ: قُمْ إِلَيْهِ فَاقْتُلْهُ، فَقَالَ: مَا ذَاكَ فِي وَلَوْ كَانَ ذَلِكَ فِي لَكُنْتُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَضَرَبَتْ صَفِيةُ رَأْسَهُ حَتى قَطَعَتْهُ فَلَما قَطَعَتْهُ، قَالَتْ: يَا حَسانُ، قُمْ إِلَى رَأْسِهِ فَارْمِ بِهِ إِلَيْهِمْ وَهُمْ مِنْ أَسْفَلِ الْحِصْنِ، فَقَالَ: وَاللهِ مَا ذَاكَ فِي، قَالَتْ: فَأَخَذْتُ بِرَأْسِهِ فَرَمَيْتُهُ عَلَيْهِمْ، فَقَالُوا: قَدْ وَاللهِ عَلِمْنَا أَن مُحَمدًا لَمْ يَتْرُكْ أَهْلَهُ خُلُوفًا لَيْسَ مَعَهُمْ أَحَدٌ، وَتَفَرقُوا، وَذَهَبُوا، قَالَتْ: وَمَر قَبْلَ سَعْدِ بن مُعَاذٍ وَبِهِ أَثَرُ صُفْرَةٍ كَأَنهُ كَانَ مُعَرسًا قَبْلَ ذَلِكَ وَهُوَ يَقُولُ: مَهْلا قَلِيلا تَلْحَقُ الْهَيْجَا جَمَلْ لا بَأْسَ بِالْمَوْتِ إِذَا حَانَ الأَجَلْ.

6564 ـ سەفىييە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇدقا چىققان چاغدا، ئاياللىرىنى فارىئ دېگەن بىر تاش قورغانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەسسان ئىبنى سابىتنى بىللە قويۇپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارغا ھۇجۇم قىلىپ يۈگۈرسە، ھەسسانمۇ (قورغاندا تۇرۇپ) ھۇجۇم قىلاتتى، پەيغەمبەر

[1] ھەيسەمى (10124): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

ئەلەيھىسسالام چىكىنسە، ئۇمۇ چېكىنەتتى. ئۇ ئارىلىقتا، بىر توپ يەھۇدىي يېتىپ كەلدى ۋە ئارىدىن بىرى قەلئەگە يامىشىپ چىقىپ، بىزنى كۆرۈپ قالدى. مەن ھەسسانغا:

ــ نېمە قاراپ تۇرىسەن؟ ئۇنى ئۆلتۈرىۋەت! ـ دېسەم، ئۇ:

ــ مەندە ئۇنچىلىك كۈچ ـ قۇۋۋەت يوق. بولغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئۇرۇش قىلغان بولاتتىم، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ، ئۆزەم ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، بارغان پېتى يەھۇدىينىڭ كاللىسىنى ئېلىۋەتتىم. ئاندىن:

ــــ ئى ھەسسان! بۇنىڭ كاللىسىنى قورغان ئاستىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئۈستىگە تاشلىغىن! ـ دېدىم، ئۇ يەنە:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىمۇ قىلالمايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۆزەم ئېلىپ، پەستە تۇرغان يەھۇدىيلارنىڭ ئۈستىگە ئاتتىم. پەستىكى يەھۇدىيلار:

ــــ دېمەك، مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ئائىلىسىنى يالغۇز قويۇپ كەتمەپتۇ، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئادەم بار ئىكەن، ـ دېيىشىپ تارقىلىپ كېتىشتى.

سەفىييە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭدىن بۇرۇن، سەئد ئىبنى مۇئاز خۇددى يېڭى تويى بولغانلاردەك ياسىنىپ، خۇشبۇي نەرسىلەرنى چېچىپ، مۇنداق بېيىت ئوقۇغاچ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى:

ئالدىرىما، ئالدىرىما، تۆگىلەر جەڭگە ئۈلگۈرسۇن،
كەلسە ئەجەل، ئۆلۈم ھەم مۇھەققەقتۇر[1].

(مەۋسىلى: 683؛ «ئەلكەبىر»: 321/24؛ «ئەلئەۋسەت»: 3754)

[1] ھەيسەمى (10086): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئۇممۇ ئۇرۋە بىنتى جەئفەر ئىبنى زۇبەيرنىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ئېنىق ئەمەس. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## رەجىئ غازىتى، بىئرى مەئۇنە غازىتى ۋە فەزارە غازىتى

6565 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ بَعَثَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَرِيةً عَيْنًا وَأَمرَ عَلَيهِمْ عَاصِمَ بْنَ ثَابِتٍ وَهُوَ جَد عَاصِمِ بْنِ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فَانْطَلَقُوا حَتى إِذَا كَانَ بَيْنَ عُسْفَانَ وَمَكةَ ذُكِرُوا لِحَي مِنْ هُذَيْلٍ يُقَالُ لَهُمْ بَنُو لَحْيَانَ فَتَبِعُوهُمْ بِقَرِيبٍ مِنْ مِائَةِ رَامٍ فَاقْتَصوا آثَارَهُمْ حَتى أَتَوْا مَنْزِلًا نَزَلُوهُ فَوَجَدُوا فِيهِ نَوَى تَمْرٍ تَزَودُوهُ مِنْ الْمَدِينَةِ فَقَالُوا هَذَا تَمْرُ يَثْرِبَ فَتَبِعُوا آثَارَهُمْ حَتى لَحِقُوهُمْ فَلَما انْتَهَى عَاصِمٌ وَأَصْحَابُهُ لَجَئُوا إِلَى فَدْفَدٍ وَجَاءَ الْقَوْمُ فَأَحَاطُوا بِهِمْ فَقَالُوا لَكُمْ الْعَهْدُ وَالْمِيثَاقُ إِنْ نَزَلْتُمْ إِلَيْنَا أَنْ لَا نَقْتُلَ مِنْكُمْ رَجُلًا فَقَالَ عَاصِمٌ أَما أَنَا فَلَا أَنْزِلُ فِي ذِمةِ كَافِرٍ اللهُم أَخْبِرْ عَنا نَبِيكَ فَقَاتَلُوهُمْ حَتى قَتَلُوا عَاصِمًا فِي سَبْعَةِ نَفَرٍ بِالنبْلِ وَبَقِيَ خُبَيْبٌ وَزَيْدٌ وَرَجُلٌ آخَرُ فَأَعْطَوْهُمْ الْعَهْدَ وَالْمِيثَاقَ فَلَما أَعْطَوْهُمْ الْعَهْدَ وَالْمِيثَاقَ نَزَلُوا إِلَيْهِمْ فَلَما اسْتَمْكَنُوا مِنْهُمْ حَلوا أَوْتَارَ قِسِيهِمْ فَرَبَطُوهُمْ بِهَا فَقَالَ الرجُلُ الثالِثُ الذِي مَعَهُمَا هَذَا أَولُ الْغَدْرِ فَأَبَى أَنْ يَصْحَبَهُمْ فَجَررُوهُ وَعَالَجُوهُ عَلَى أَنْ يَصْحَبَهُمْ فَلَمْ يَفْعَلْ فَقَتَلُوهُ وَانْطَلَقُوا بِخُبَيْبٍ وَزَيْدٍ حَتى بَاعُوهُمَا بِمَكةَ فَاشْتَرَى خُبَيْبًا بَنُو الْحَارِثِ بْنِ عَامِرِ بْنِ نَوْفَلٍ وَكَانَ خُبَيْبٌ هُوَ قَتَلَ الْحَارِثَ يَوْمَ بَدْرٍ فَمَكَثَ عِنْدَهُمْ أَسِيرًا حَتى إِذَا أَجْمَعُوا قَتْلَهُ اسْتَعَارَ مُوسًى مِنْ بَعْضِ بَنَاتِ الْحَارِثِ لِيَسْتَحِد بِهَا فَأَعَارَتْهُ قَالَتْ فَغَفَلْتُ عَنْ صَبِي لِي فَدَرَجَ إِلَيْهِ حَتى أَتَاهُ فَوَضَعَهُ عَلَى فَخِذِهِ فَلَما رَأَيْتُهُ فَزِعْتُ فَزْعَةً عَرَفَ ذَاكَ مِني وَفِي يَدِهِ الْمُوسَى فَقَالَ أَتَخْشَيْنَ أَنْ أَقْتُلَهُ مَا كُنْتُ لِأَفْعَلَ ذَاكِ إِنْ شَاءَ اللهُ وَكَانَتْ تَقُولُ مَا رَأَيْتُ أَسِيرًا قَط خَيْرًا مِنْ خُبَيْبٍ لَقَدْ رَأَيْتُهُ يَأْكُلُ مِنْ قِطْفِ عِنَبٍ وَمَا بِمَكةَ يَوْمَئِذٍ ثَمَرَةٌ وَإِنهُ لَمُوثَقٌ فِي الْحَدِيدِ وَمَا كَانَ إِلا رِزْقٌ رَزَقَهُ اللهُ فَخَرَجُوا بِهِ مِنْ الْحَرَمِ لِيَقْتُلُوهُ فَقَالَ دَعُونِي أُصَلي رَكْعَتَيْنِ ثُم انْصَرَفَ إِلَيْهِمْ فَقَالَ لَوْلَا أَنْ تَرَوْا أَن مَا بِي جَزَعٌ مِنْ الْمَوْتِ لَزِدْتُ فَكَانَ أَولَ مَنْ سَن الركْعَتَيْنِ عِنْدَ الْقَتْلِ هُوَ ثُم قَالَ اللهُم أَحْصِهِمْ

عَدَدًا ثُم قَالَ مَا أُبَالِي حِينَ أُقْتَلُ مُسْلِمًا عَلَى أَي شِق كَانَ لِلهِ مَصْرَعِي وَذَلِكَ فِي ذَاتِ الْإِلَهِ وَإِنْ يَشَأْ يُبَارِكْ عَلَى أَوْصَالِ شِلْوٍ مُمَزعِ ثُم قَامَ إِلَيْهِ عُقَبَةُ بْنُ الْحَارِثِ فَقَتَلَهُ وَبَعَثَتْ قُرَيْشٌ إِلَى عَاصِمٍ لِيُؤْتَوْا بِشَيْءٍ مِنْ جَسَدِهِ يَعْرِفُونَهُ وَكَانَ عَاصِمٌ قَتَلَ عَظِيمًا مِنْ عُظَمَائِهِمْ يَوْمَ بَدْرٍ فَبَعَثَ اللهُ عَلَيْهِ مِثْلَ الظلَةِ مِنْ الدبْرِ فَحَمَتْهُ مِنْ رُسُلِهِمْ فَلَمْ يَقْدِرُوا مِنْهُ عَلَى شَيْءٍ.

6565 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىپ كېلىش ئۈچۈن بىر ئەترەت ئەۋەتتى، ئاسىم ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ بوۋىسى ئاسىم ئىبنى سابىت ئەنسارى ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇلار ئۇسفان بىلەن مەككىنىڭ ئارىلىقىغا يېتىپ بارغاندا، ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بولغان بەنى لىھيان جەمەتىنىڭ ئادەملىرى ئاگلاپ قېلىپ، يۈزگە يېقىن مەرگەننى ئۇلارنى قوغلاشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ئىز قوغلاپ مېڭىپ، مۇسۇلمانلار چۈشكەن بىر مەنزىلدىن خورما ئۇرۇقچىلىرىنى تاپتى ۋە:

ـ بۇ، مەدىنىنىڭ خورمىسى، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئاسىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مۇشرىكلارنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، قىيالىق بىر يەرگە ساقلىنىۋالدى. مۇشرىكلار ئۇلارنى قورشىۋېلىپ:

ـ چۈشۈپ بىزگە تەسلىم بولۇڭلار، سىلەردىن ھېچبىر ئادەمنى ئۆلتۈرمەسلىككە چىن ئەھدە قىلىمىز، ـ دېيىشتى. قوماندان ئاسىم ئىبنى سابىت:

ـ ئى قېرىنداشلار! ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن كاپىرنىڭ ئەھدىسىگە ئاساسەن بۇ يەردىن چۈشمەيمەن. ئى ﷲ! بىزنىڭ ھالىمىزنى پەيغەمبىرىڭگە يەتكۈزگىن، ـ دېدى. مۇشرىكلار ئۇلارنى ئوققا تۇتۇپ، ئاسىم بىلەن قوشۇپ يەتتە كىشىنى

ئۆلتۈرۈۋەتتى. خۇبەيب ئەنسارى، زەيد ئىبنى دەسىنە ۋە يەنە بىرەيلەن بولۇپ، ئاران ئۈچ كىشى قالدى. ئۇلار مۇشرىكلار بەرگەن ئەھدە بويىچە، چىقىۋالغان يەرلىرىدىن چۈشتى. مۇشرىكلار ئۇلارنى تۇتۇپ، يالىرىنىڭ كىرىچلىرىنى چىقىرىپ باغلىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى:

— مانا بۇ خىيانەتنىڭ باشلىنىشى، - دېدى. مۇشرىكلار ئۇنى سۆرەپ ماڭدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرسىمۇ، ئۇ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇشرىكلار ئۇنىمۇ ئۆلتۈرىۋېتىپ، خۇبەيب بىلەن زەيد ئىبنى دەسىنەنى مەككىگە ئېلىپ بېرىپ ساتتى. خۇبەيبنى ھارىس ئىبنى ئامىر ئىبنى نەۋفەلنىڭ بالىلىرى سېتىۋالدى. خۇبەيب بەدر غازىتىدا ھارىس ئىبنى ئامىرنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. خۇبەيب ئۇلارنىڭ قولىدا (ئادەم ئۆلتۈرۈش ھارام قىلىنغان ئايلار چىقىپ كەتكىچە) ئەسىر بولۇپ تۇردى.

ئۇلار خۇبەيبنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلانغاندا، ئۇ تازىلىق قىلىش ئۈچۈن ھارىسنىڭ قىزلىرىنىڭ بىرىدىن ئۇستۇرا سورىغانىدى، ئۇنىڭغا ئەچىقىپ بەردى.

(ئۇنىڭغا ئۇستۇرا بەرگەن) ئايال مۇنداق دەيدۇ: دىققەتسىزلىكتىن بالامنى ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنتۇپ قاپتىمەن. قارىسام، ئۇ بالامنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزىۋاپتۇ، ئۇستۇر قولىدا تۇرىدۇ... مەن بۇ ھالنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. خۇبەيب چىراي ئىپادەمگە قاراپ:

— بالاڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمدىن قورقۇۋاتامسەن؟ الله خالىسا، ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، - دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئايال ھەمىشە: اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، خۇبەيبدىن ياخشىراق بىر ئەسىرنى كۆرمىدىم. ئۇنىڭ باغلاقتا تۇرۇپ ئۈزۈم يەۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. ئۇ چاغلاردا مەككىدە

مېۋە يوق ئىدى. ئۇ چوقۇم اللهنىڭ خۇبەيبگە ئاتا قىلغان رىزقى ئىدى، ـ دەپ يۈرەر ئىمىش.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: خۇبەيبنى ھەرەمنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، خۇبەيب ئۇلارغا:

ـ مېنى قويۇۋېتىڭلار، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالاي، ـ دېدى. ئۇلار خۇبەيبنى قويۇپ بەردى. ئۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بولۇپ:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنى ئۆلۈمدىن قورقۇۋاتىدۇ دەپ ئويلىمايدىغان بولساڭلار، نامازنى ئۇزۇن ئوقۇيتتىم، ـ دېدى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇ مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئۆلتۈرۈلۇش ئالدىدا ناماز ئوقۇشنى سۈننەت قىلىپ قالدۇرغان بىرىنچى كىشى بولۇپ قالدى. ئاندىن كېيىن ئۇ:

ـ ئى الله! بۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ھالاك قىلغىن! ـ دەپ دۇئا قىلىپ بولۇپ مۇنۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى:

پەقەت ئىمان بىلەن كەتسەملا بولدى، يوقكى پەرۋايىم،
شېھىد بولۇپ يىقىلسام سولدىن ياكى ئوڭ ياندىن،
اللهنىڭ يولىدا ئۆلدۈم ئەگەر ئۇ خالىسا، شەكسىز،
ئورۇن ئالغاي بۇ قىينالغان ۋۇجۇدۇم باغۇ رىزۋاندىن.

ھارىسنىڭ ئوغلى ئۇقبە خۇبەيبنى ئۆلتۈردى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئاسىمنىڭ راست ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئەزالىرىدىن تونۇلغۇدەك بىر پارچە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم كىشىنى ئەۋەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئاسىم ئۇلارنىڭ چوڭ ئادەملىرىدىن بىرىنى بەدر غازىتىدا ئۆلتۈرگەن ئىدى. الله ئاسىمغا سايە چۈشۈرۈپ تۇرىدىغان بۇلۇتقا ئوخشاش ھەرىلەرنى ئەۋەتكەن ئىدى، ھەرىلەر ئۇنى قۇرەيش ئەۋەتكەن

كىشىلەردىن قوغدىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئاسمىنىڭ جەستىدىن ھېچ نەرسىنى كېسىۋېلىشقا قادىر بولالمىدى. (بۇخارى: 4086)

6566 ـ عن أنس أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعَثَ خَالَهُ أَخٌ لِأم سُلَيْمٍ فِي سَبْعِينَ رَاكِبًا وَكَانَ رَئِيسَ الْمُشْرِكِينَ عَامِرُ بْنُ الطفَيْلِ خَيرَ بَيْنَ ثَلَاثِ خِصَالٍ فَقَالَ يَكُونُ لَكَ أَهْلُ السهْلِ وَلِي أَهْلُ الْمَدَرِ أَوْ أَكُونُ خَلِيفَتَكَ أَوْ أَغْزُوكَ بِأَهْلِ غَطَفَانَ بِأَلْفٍ وَأَلْفٍ فَطُعِنَ عَامِرٌ فِي بَيْتِ أُم فُلَانٍ فَقَالَ غُدةٌ كَغُدةِ الْبَكْرِ فِي بَيْتِ امْرَأَةٍ مِنْ آلِ فُلَانٍ ائْتُونِي بِفَرَسِي فَمَاتَ عَلَى ظَهْرِ فَرَسِهِ فَانْطَلَقَ حَرَامٌ أَخُو أُم سُلَيْمٍ هُوَ {وَ}رَجُلٌ أَعْرَجُ وَرَجُلٌ مِنْ بَنِي فُلَانٍ قَالَ كُونَا قَرِيبًا حَتى آتِيَهُمْ فَإِنْ آمَنُونِي كُنْتُمْ وَإِنْ قَتَلُونِي أَتَيْتُمْ أَصْحَابَكُمْ فَقَالَ أَتُؤْمِنُونِي أُبَلغْ رِسَالَةَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَعَلَ يُحَدثُهُمْ وَأَوْمَئُوا إِلَى رَجُلٍ فَأَتَاهُ مِنْ خَلْفِهِ فَطَعَنَهُ قَالَ هَمامٌ أَحْسِبُهُ حَتى أَنْفَذَهُ بِالرمْحِ قَالَ اللهُ أَكْبَرُ فُزْتُ وَرَب الْكَعْبَةِ فَلُحِقَ الرجُلُ فَقُتِلُوا كُلهُمْ غَيْرَ الْأَعْرَجِ كَانَ فِي رَأْسِ جَبَلٍ فَأَنْزَلَ اللهُ عَلَيْنَا ثُم كَانَ مِنْ الْمَنْسُوخِ إِنا قَدْ لَقِينَا رَبنَا فَرَضِيَ عَنا وَأَرْضَانَا فَدَعَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَيْهِمْ ثَلَاثِينَ صَبَاحًا عَلَى رِعْلٍ وَذَكْوَانَ وَبَنِي لَحْيَانَ وَعُصَيةَ الذِينَ عَصَوْا اللهَ وَرَسُولَهُ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

6566 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنەسنىڭ تاغىسى، ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ قېرىندىشىنى يەتمىش كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن بەنى ئامىر قەبىلىسىگە ئەۋەتتى. (بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى) ئامىر ئىبنى تۇفەيل مۇشرىكلارنىڭ رەئىسى بولۇپ، ئۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنۇ ئۈچ ئىشتىن بىرىنى تاللاشنى تەلەپ قىلغان: بىرىنچىسى، سەھرالىق كىشىلەر ساڭا، شەھەرلىك كىشىلەر ماڭا تەۋە بولسۇن. ئىككىنچىسى، مەن سېنىڭ خەلىپەڭ بولىمەن. (ئەگەر يۇقىرىقى ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قوبۇل قىلمىسا) غەتەفان خەلقىنى باشلاپ، مىڭ تۇياق

ئـايغىـر ۋە مـىـڭ تۇيـاق بايتـال بىــلەن ھۇجـۇم قىـلىــدىغانلىـقىـنى ئېيتىـپ تەھدىت سالغان ئىـدى (رەسـۇلۇللاھ ئـۇنى قارغـاپ بەددۇئـا قىـلـدى). ئـامىـر ئۇممـۇ پـالانى دېـگەن بىـر ئايالنىــڭ ئۆيىــدە گـال ئـاغرىقى ۋاباسـىغا مـۇبتىـلا بولـدى، ئـۇ ھەسـرەتلىنىـپ ۋايىسـرىغان ھالدا:

ــ ۋايجان! ياش تۆگـىگە تەگكەن بەز ۋاباسىدەك ۋابا تەگـدىغۇ ماڭا، بۇ ئايالنىـڭ ئۆيىـدە ئۆلـۇپ كېـتەرمەنمـۇ، ئېـتىمنـى كەلـتـۇرۇڭلار! ــ دېدى ۋە ئات ئۇستىـدە ئۆلدى.

تاغـام ئـىككـى ـ ئـۈچ ھەمراھىـنـى ئېلـىـپ، ئـامىـر قەبىلـىسـىگە يېقىنلاپ باردى ۋە ھەمـراھلىـرىغا:

ــ سىـلـەر بـۇ يەردە تـۇرۇپ تـۇرۇڭلار، ئالـدى بىـلەن مەن بېرىـپ باقـاي. ئەگـەر ئـۇلار ماڭـا ئامـانلىـق بەرسـە، جـايىڭلاردا تۇرـۋېرىڭلار. ئەگـەر ئـۇلار مېنـى ئۆلتۈرىۋەتـسە، ھەمراھلىـرىڭلارغـا يەتكـۈزۈڭلار، ـ دەپ تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى ۋە:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى يەتكۈزىشىم ئۈچۈن ماڭا ئامانلىق بېرەمسىلەر؟ ـ دېدى. ئۇلار تاغامغا ئامـانلىـق بەردى. شـۇنىڭ بىــلەن، تاغــام ئۇلارغــا پەيغەمبــەر سەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىـسـىنى شـېـپى كەلـتـۈرۈپ، تەبلىـغ قىلىــشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا، ئۇلار بىرىگە ئىشارەت قىلىپ قويدى. ئۇ ئادەم تاغامغــا ئارقىــسىدىن كېلىــپ نەيــزە ســانجىۋەتتى. تاغــام جــان ئۈزۈشتىن بۇرۇن:

ــ الله ئەكبەر! كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، مەن نىجـات تـاپتىم، ـ دېـدى. مۇشرىكلار ئۇنىڭ قالغـان ھەمراھلىرىغـا قـاراپ ئېتىلدى ۋە تاغقا چىقىۋالغان بىر ئاقساقتىن باشقا ھەممىسىنى ئۆلتۈرىۋەتتى. كۆپ ئۆتمەي، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەق دەرگاھىغــا ســەپەر قىلغــانلىقىنى، اللهنىــڭ ئــۇلاردىن رازى

بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ﷲتىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇ كۈنلەردە بىز (جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان): قەۋمىمىزگە يەتكۈزۈڭلاركى، بىز ھەقىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتۇق. ئۇ بىزدىن رازى بولدى، بىزنىمۇ ھەم رازى قىلدى دېگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇيتتۇق. كېيىنچە، بۇ ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاكى ئوتتۇز كۈنگىچە بامدات نامىزىدا رىئلى، زەكۋان، بەنى لىھيان ۋە بەنى ئۇسەييە قاتارلىق ﷲ ۋە رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلغان قەبىلىلەرنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن بەددۇئا قىلدى.

(بۇخارى: 4091)

6567 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رِعْلًا وَذَكْوَانَ وَعُصَيةَ وَبَنِي لَحْيَانَ اسْتَمَدوا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى عَدُو فَأَمَدهُمْ بِسَبْعِينَ مِنْ الْأَنْصَارِ كُنا نُسَميهِمْ الْقُراءَ فِي زَمَانِهِمْ كَانُوا يَحْتَطِبُونَ بِالنهَارِ وَيُصَلونَ بِاللَّيْلِ حَتى كَانُوا بِبِئْرِ مَعُونَةَ قَتَلُوهُمْ وَغَدَرُوا بِهِمْ فَبَلَغَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَنَتَ شَهْرًا يَدْعُو فِي الصبْحِ عَلَى أَحْيَاءٍ مِنْ أَحْيَاءِ الْعَرَبِ عَلَى رِعْلٍ وَذَكْوَانَ وَعُصَيةَ وَبَنِي لَحْيَانَ قَالَ أَنسٌ فَقَرَأْنَا فِيهِمْ قُرْآنًا ثُم إِن ذَلِكَ رُفِعَ بَلغُوا عَنا قَوْمَنَا أنا لَقِينَا رَبنَا فَرَضِيَ عَنا وَأَرْضَانَا وَعَنْ قَتَادَةَ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ حَدثَهُ أَن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَنتَ شَهْرًا فِي صَلَاةِ الصبْحِ يَدْعُو عَلَى أَحْيَاءٍ مِنْ أَحْيَاءِ الْعَرَبِ عَلَى رِعْلٍ وَذَكْوَانَ وَعُصَيةَ وَبَنِي لِحْيَانَ.

6567 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رىئلى، زەكۋان، ئۇسەييە ۋە بەنى لىھيان قەبىلىلىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مەلۇم بىر دۈشمەنگە قارشى ھەمدەمچى قوشۇن سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەنسارىلاردىن 70 كىشىنى ناللاپ ئەۋەتتى. بىز ئۇلارنى ”قارىيلار“ دەپ ئاتايتتۇق. ئۇلار كۈندۈزى ئوتۇن يىغىپ، كېچىسى ناماز ئوقۇيتتى. قارىيلار مەئۇنە قۇدۇقىغا كەلگەندە، ئۇلار خىيانەت

قىلىپ، قارىيلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئايغىچە بامدات نامازىدا قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇپ، ئەرەبلەردىن رىئلى، زەكۋان، ئۇسەييە ۋە بەنى لىھيان قەبىلىلىرىگە بەددۇئا قىلدى. شۇ كۈنلەردە، بىز: قەۋمىمىزگە بىزنىڭ رەببىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ، رەببىمىزنىڭ بىزدىن رازى بولغانلىقىنى ۋە بىزنى رازى قىلغانلىقىنى يەتكۈزۈڭلار دېگەن ئايەتنى ئوقۇيتتۇق. كېيىنچە، ئۇ ئايەت نەسخ قىلىندى[1].

قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنەس (ئىبنى مالىك)تىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئايغىچە بامدات نامىزىدا دۇئايى قۇنۇت ئوقۇپ، ئەرەبلەردىن رىئلى، زەكۋان، ئۇسەييە ۋە بەنى لىھيان قەبىلىلىرىگە بەددۇئا قىلدى.

(بۇخارى: 4090)

6568 ـ وفي رواية: لَما طُعِنَ حَرَامُ بْنُ مِلْحَانَ وَكَانَ خَالَهُ يَوْمَ بِئْرِ مَعُونَةَ قَـالَ بِالدمِ هَكَذَا فَنَضَحَهُ عَلَى وَجْهِهِ وَرَأْسِهِ ثُم قَالَ فُزْتُ وَرَب الْكَعْبَةِ.

6568 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىئرى مەئۇنە كۈنى (تاغام) ھەرام ئىبنى مىلھانغا نەيزە سانجىلغاندا، قاننى ئېلىپ يۈزىگە ۋە بېشىغا سۈرتۈپ:

ــ كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، مەن نىجات تاپتىم، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 4092)

[1] ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

6569 ـ عن أنس بن مَالِكٍ قال جاءَ نَاسٌ إلى النبي ﷺ فَقَالُوا أنْ ٱبْعَثْ مَعَنَا رِجَالًا يُعَلِّمُونَا الْقُرْآنَ وَالسنةَ فَبَعَثَ إِلَيهِمْ سَبْعِينَ رَجُلًا من الْأَنصَارِ يُقَالُ لهم الْقُرَّاءُ فِيهِمْ خَالِي حَرَامٌ يقرؤون الْقُرْآنَ وَيَتَدَارَسُونَ بِاللَّيْلِ يَتَعَلَّمُونَ وَكَانُوا بِالنهَارِ يَجِيئُونَ بِالْمَاءِ فَيَضَعُونَهُ في الْمَسْجِدِ وَيَحْتَطِبُونَ فَيَبِيعُونَهُ وَيَشْتَرُونَ بِهِ الطعَامَ لِأَهْلِ الصفةِ وَلِلْفُقَرَاءِ فَبَعَثَهُمْ النبي ﷺ إِلَيهِمْ فَعَرَضُوا لهم فَقَتَلُوهُمْ قبل أَنْ يَبْلُغُوا الْمَكَانَ فَقَالُوا اللهم بَلِّغْ عَنا نَبِيَّنَا انا قد لَقِينَاكَ فَرَضِينَا عَنْكَ وَرَضِيتَ عَنا قال وَأَتَى رَجُلٌ حَرَامًا خَالَ أَنسٍ من خَلْفِهِ فَطَعَنَهُ بِرُمْحٍ حتى أَنفَذَهُ فقال حَرَامٌ فُزْتُ وَرَب الْكَعْبَةِ فقال رسول اللهِ ﷺ لِأَصْحَابِهِ إن إِخْوَانَكُمْ قد قُتِلُوا وَإِنهُمْ قالوا اللهم بَلِّغْ عَنا نَبِيَّنَا أنا قد لَقِينَاكَ فَرَضِينَا عَنْكَ وَرَضِيتَ عَنا.

6569 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر قانچە كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ بىز بىلەن بىرگە قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆگىتىدىغان ئادەملەرنى ئەۋەتكىن، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ''قارىيلار'' دەپ ئاتالغان 70 ساھابىسىنى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ تاغام ھەراممۇ بار ئىدى. ئۇلار كېچىلىرى قۇرئان ئوقۇپ، مۇتالىئە قىلىشسا، كۈندۈزلىرى مەسجىدكە سۇ توشۇيتتى، ئوتۇن ئەكىلىپ سېتىپ، سۇففە ئەھلىگە ۋە پېقىرلارغا تاماق ئېلىپ بېرەتتى. ھېلىقى كىشىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەۋەتكەن بۇ ساھابىلەرنى يېرىم يولدا توزاق قۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلار:

ــ ئى الله! بىزدىن پەيغەمبىرىڭگە يەتكۈزگىنكى، بىز سېنىڭ دەرگاھىڭغا قايتتۇق ۋە سەندىن رازى بولدۇق، سەنمۇ بىزدىن رازى بولدۇڭ، ـ دېيىشتى. كاپىرلاردىن بىرى تاغام ھەرامنىڭ كەينىدىن كېلىپ، نەيزە سانجىدى. تاغام ھەرام:

ــ كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، شېھىدلىككە ئېرىشتىم، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىغا:

— قېرىنداشلىرىڭلار ئۆلتۈرۈلدى، ئۇلار: ”ئى الله! بىزدىن پەيغەمبىرىمىزگە يەتكۈزگىنكى، بىز سېنىڭ دەرگاھىڭغا قايتتۇق ۋە سەندىن رازى بولدۇق، سەنمۇ بىزدىن رازى بولدۇڭ“ دېيىشتى، - دېدى.

(مۇسلىم: 677)

6570 ـ عن أَنسٌ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعَثَ خَالَهُ أَخٌ لِأم سُلَيْمٍ فِي سَبْعِينَ رَاكِبًا وَكَانَ رَئِيسَ الْمُشْرِكِينَ عَامِرُ بْنُ الطفَيْلِ خَيرَ بَيْنَ ثَلَاثِ خِصَالٍ فَقَالَ يَكُونُ لَكَ أَهْلُ السهْلِ وَلِي أَهْلُ الْمَدَرِ أَوْ أَكُونُ خَلِيفَتَكَ أَوْ أَغْزُوكَ بِأَهْلِ غَطَفَانَ بِأَلْفٍ وَأَلْفٍ فَطُعِنَ عَامِرٌ فِي بَيْتِ أُم فُلَانٍ فَقَالَ غُدةٌ كَغُدةِ الْبَكْرِ فِي بَيْتِ امْرَأَةٍ مِنْ آلِ فُلَانٍ ائْتُونِي بِفَرَسِي فَمَاتَ عَلَى ظَهْرِ فَرَسِهِ فَانْطَلَقَ حَرَامٌ أَخُو أُم سُلَيْمٍ وَهُوَ رَجُلٌ أَعْرَجُ وَرَجُلٌ مِنْ بَنِي فُلَانٍ قَالَ كُونَا قَرِيبًا حَتى آتِيَهُمْ فَإِنْ آمَنُونِي كُنْتُمْ وَإِنْ قَتَلُونِي أَتَيْتُمْ أَصْحَابَكُمْ فَقَالَ أَتُؤْمِنُونِي أُبَلغْ رِسَالَةَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ. بنحوه

6570 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ قېرىندىشى (ئەنەسنىڭ تاغىسى)نى 70 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن بەنى ئامىر قەبىلىسىگە ئەۋەتتى. (بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى) ئامىر ئىبنى تۇفەيل مۇشرىكلارنىڭ رەئىسى بولۇپ، ئۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنۇ ئۈچ ئىشتىن بىرىنى تاللاشنى تەلەپ قىلغان: بىرىنچىسى، سەھرالىق كىشىلەر ساڭا، شەھەرلىك كىشىلەر ماڭا تەۋە بولسۇن. ئىككىنچىسى، مەن سېنىڭ خەلىپەڭ بولىمەن. (ئەگەر يۇقىرىقى ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قوبۇل قىلمىسا) غەتەفان خەلقىنى باشلاپ، مىڭ تۇياق ئايغىر ۋە مىڭ تۇياق بايتال بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى

ئېيتىپ تەھدىت سالغان ئىدى. (رەسۇلۇللاھ ئۇنى قارغاپ بەددۇئا قىلدى) ئامىر ئۇممۇ پالانى دېگەن بىر ئايالنىڭ ئۆيىدە گال ئاغرىقى ۋاباسىغا مۇبتىلا بولدى، ئۇ ھەسرەتلىنىپ ۋايسىرىغان ھالدا:

ــ ياش تۆگىگە تەگكەن بەز ۋاباسىدەك ۋابا تەگدىغۇ ماڭا، بۇ ئايالنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ، ئېتىمنى كەلتۈرۈڭلار! ـ دېدى ۋە ئات ئۈستىدە ئۆلدى.

تاغام ئىككى ـ ئۈچ ھەمراھىنى ئېلىپ، بەنى ئامىر قەبىلىسىگە يېقىنلاپ باردى ۋە ھەمراھلىرىغا:

ــ سىلەر بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئالدى بىلەن مەن بېرىپ باقاي. ئەگەر ئۇلار ماڭا ئامانلىق بەرسە، جايىڭلاردا تۇرىۋېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار مېنى ئۆلتۈرىۋەتسە، ھەمراھلىرىڭلارغا يەتكۈزۈڭلار، ـ دەپ تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى ۋە:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى يەتكۈزىشىم ئۈچۈن ماڭا ئامانلىق بېرەمسىلەر؟ ـ دېدى. ئۇلار تاغامغا ئامانلىق بەردى... داۋامى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

(بۇخارى: 4091)

6571 ـ وفي رواية لأحمد: بِأَلْفِ أَشْقَرَ وَأَلْفِ شَقْرَاءَ.

6571 ـ ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە: مىڭ تۇياق چىلانتورۇق ئايغىر ۋە مىڭ تۇياق چىلانتورۇق بايتال بىلەن ساڭا ھۇجۇم قىلىمەن، ـ دېيىلگەن[1].

(ئەھمەد: 13218)

6572 ـ وللكبير بضعف عن سهل بن سعد: ذكر قصة قدوم عامر بن الطفيـل المدينة وكلام ثابت بن قيس له بحضرة النبي صلى الله عليه وسلم وقول عامر: لأملأنـها

[1] ھەيسەمى (10127): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

خيلا ورجالا، ثم خرج فجمع للنبي صلى الله عليه وسلم فدعا صلى الله عليه وسلم سَبْعَ عَشْرَةَ لَيْلَةً فلما سمع أن عَامِرًا قد جَمَعَ له بَعَثَ النبي صلى اللهُ عليه وسلم عشرة فِيهِمْ عَمْرَو بن أُمية الضمْرِي وسَائِرُهُمْ مِنَ الأَنصَارِ وَأَمِيرُهُمُ الْمُنْذِرُ بن عَمْرٍو فَمَضَوْا حتى نَزَلُوا بِئْرَ مَعُونَةَ فَأَقْبَلَ حتى هَجَمَ عليهم فَقَتَلَهُمْ كُلُهُمْ فلم يُفْلِتْ منهم الا عَمْرُو بن أُمية كان في الركَابِ فَأَوْحَى اللهُ إلى نَبِيهِ صلى اللهُ عليه وسلم يَومَ قُتِلُوا خَبَرَ أَصْحَابِهِ فقال قد قُتِلَ أَصْحَابُكُمْ فَرُؤوا رَأْيكُمْ فَدَعَا النبي صلى اللهُ عليه وسلم على عَامِرٍ فقال النبي صلى اللهُ عليه وَسَلمْ اللهُم اكْفِنِي عَامِرًا فَكَفَاهُ اللهُ إِياهُ فَأَقْبَلَ حتى نَزَلَ بِفَنَائِهِ فَرَمَاهُ اللهُ بالذُبْحَةِ في حَلْقِهِ في بَيْتِ امْرَأَةٍ من سَلُولٍ وَأَقْبَلَ يَنْزُو وهو يقول يا لَعَامِرٍ من غُدةٍ كَغُدةِ الْجَمَلِ في بَيْتِ سَلُولِيةٍ يَرْغَبُ أنْ يَمُوتَ في بَيْتِهَا فلم يَزَلْ كَذَلِكَ حتى مَاتَ في بَيْتِها وكان زَيْدُ بن قَيسٍ أَصَابَتْهُ صَاعِقَةٌ فَاحْتَرَقَ فَمَاتَ وَرَجَعَ من كان مَعَهُمْ.

6572 ـ تەبەرانى «ئەلكەبىر»دە سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئامىر ئىبنى تۇفەيلنىڭ مەدىنىگە كېلىش قىسسىسىنى، سابىت ئىبنى قەيسنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا دېگەن سۆزلىرىنى ۋە ئامىرنىڭ: ''ساڭا قارشى ئات ۋە ئادەم يىغىمەن'' دېگەن تەھدىتلىك سۆزلىرىنى رىۋايەت قىلغان. دەرۋەقە، ئامىر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارشى ئادەم يىغدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئون يەتتە كېچە قارغىدى. ئاندىن ئەمر ئىبنى ئۇمەييە زامىرى قاتارلىق ئون كىشىنى مۇنزىر ئىبنى ئەمرنىڭ قوماندانلىقىدا ئەۋەتتى. ئۇلار يولغا چىقىپ، بىئرى مەئۇنە دېگەن جايغا بارغاندا، ئامىر يېتىپ كېلىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، يۈك - تاقلارنى ساقلاپ قالغان ئەمر ئىبنى ئۇمەييەدىن باشقا ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى الله تائالا پەيغەمبەرگە ۋەھيي قىلىپ، ئەھۋالنى يەتكۈزدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئامىرنى قارغاپ:

ــ ئى الله! ئامىرنى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم، - دەپ بەددۇئا قىلدى.

ئامىر ئارقىغا قايتىپ، سەلۇل قەبىلىسىدىكى بىر ئايالنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقاندا، الله ئۇنى گال ۋاباسىغا گىرىپتار قىلدى. ئامىر ۋايىسىغان هالدا مۇنداق ئاھ ئۇراتتى:

ــ ئىسىت ساڭا ئامىر! تۆگىگە تەگكەن بەز ۋاباسىدەك ۋابا تەگدىغۇ ساڭا. سەلۇلىيلىك بۇ ئايالنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇڭ.

ئامىر شۇنداق ئاھ ئۇرغان هالدا، ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈپ قالدى. زەيد ئىبنى قەيسنى چاقماق سوقۇپ كۆيدۈرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بىللە چىققان قوشۇن تارقىلىپ كەتتى[1].

(«ئەلكەبىر»: 5724)

6573 ـ عَن كَعْبِ بن مَالِكٍ قال: جاء مُلاعِبُ الأَسِنةِ إلى النبي صلى اللهُ عليـه وسلم بِهَدِيةٍ فَعَرَضَ عليه الاسلام فَأَبى أَنْ يُسْلِمَ فقال النبي صلى اللهُ عليه وسلم فَإِني لا أَقْبَلُ هَدِيةَ مُشْرِكٍ قال فَابْعَثْ إلى أَهْلِ نَجْدٍ من شِئْتَ فَأَنا لهم جَارٌ فَبَعَثَ إِلَيهِمْ بِقَوْمٍ فِيهِمُ الْمُنْذِرُ بن عَمْرٍو وهو الذي كان يُقَالُ له الْمُعتِقُ أَعْتَقَ عِنْدَ الْمَوْتِ فَاسْتَجَاشَ عليهم عَامِرُ بن الطفَيْلِ بني عَامِرٍ فَأَبَوْا أَنْ يُطِيعُوهُ وَأَبَوْا أَنْ يَخْفِرُوا مُلاعِبَ الأَسِنةِ فَاسْتَجَاشَ عليهم بني سُلَيْمٍ فَأَطَاعُوهُ فَاتبَعَهُمْ بِقَرِيبٍ من مِائَةِ رَجُلٍ رَامٍ فَأَدْرَكُوهُمْ بِبِئْرِ مَعُونَةَ فَقَتَلُوهُمْ إلا عَمْرَو بن أُمَيةَ الضمْرِي.

6573 ـ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇلائىبۇل ئەسىننە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سوۋغات ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانىدى، ئۇ قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مەن مۇشرىكنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلمايمەن، ـ دېدى. ئۇ:

---

[1] ھەيسەمى (10126): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلمۇھەيمىن ئىبنى ئابباس ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ـــ ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردىكى ئادەملەر. ـــ ئۇنداقتا، نەجد تەۋەسىدىكى قەبىلىلەرگە خالىغان ئەلچىلىرىڭنى ئەۋەتكىن، مەن ئۇلارنى قوغداپ باشپاناھلىق قىلاي، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئامىر ئىبنى تۇفەيل ئۇلارغا قارشى ئامىر جەمەتىنى كۈشكۈرتتى. نەجدلىكلەر مۇلائىبۇل ئەسىننەنىڭ باشپاناھلىقىنى بىكار قىلىۋېتىشنى ياقتۇرماي، ئامىرنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى. ئامىر بەنى سۇلەيم جەمەتىنى كۈشكۈرتكەن ئىدى، ئۇلار ماقۇل كېلىپ ئادەم چىقاردى. ئامىر يۈزگە يېقىن مەرگەننى باشلاپ، ساھابىلەرنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى ۋە بىئرى مەئۇنە دېگەن جايدا ئۇلارغا يېتىشىۋېلىپ، ئەمر ئىبنى ئۇمەييەدىن باشقا ھەممىسىنى ئۆلتۈرىۋەتتى[1].

(«ئەلكەبىر»: 71/19)

6574 ـ عن مُحَمدِ بن إِسْحَاقَ قال: أَقَامَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم بَعْدَ أُحُدٍ بَقِيةَ شَوالٍ وَذَا الْقَعْدَةِ وَذَا الْحِجةِ وولي تِلْكَ الْحَجةَ الْمُشْرِكُونَ وَالْمُحَرمَ ثُم بَعَثَ أَصْحَابَ بِئْرِ مَعُونَةَ في صفر على رَأْسِ أَرْبَعَةِ أَشْهُرٍ من أُحُدٍ فَكَانَ من حَدِيثِهِمْ كما حدثني أبي إِسْحَاقُ بن يَسَارٍ عَنِ الْمُغِيرَةِ بن عبد الرحمن بن الْحَارِثِ بن هِشَامٍ وَعَبْدُ اللهِ بن أبي بكر بن محمد بن عمرو بن حزم وغيرهم من أهل العلم قالوا قَدِمَ أبو بَرَاءٍ عَامِرُ بن مَالِكِ بن جَعْفَرٍ مُلاعِبُ الأَسِنةِ على رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم الْمَدِينَةَ فَعَرَضَ عليه الإِسْلامَ وَدَعَاهُ إليه فلم يُسْلِمْ ولم يَبْعُدْ مِنَ الإِسْلامِ فقال يا محمد لو بَعَثْتَ رِجَالا من أَصْحَابِكَ إلى أَهْلِ نَجْدٍ فَدَعَوْهُمْ إلى الإِيمانِ رَجَوْتُ أَنْ يَسْتَجِيبُوا لك فأبعثهم فَلْيَدْعُوا الناس إلى أَمْرِكَ فَبَعَثَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم الْمُنْذِرَ بن عَمْرٍو أَخَا بني سَاعِدَةَ بن كَعْبِ بن الْخَزْرَجِ الْمُعْنِقَ لِيَمُوتَ في أَرْبَعِينَ رَجُلا مِنَ الْمُسْلِمِينَ من خِيَارِهِمْ مِنْهُمُ الْحَارِثُ بن الصمةِ وَحَرَامُ بن مِلْحَانَ أَخُو بني عَدِي بن النجارِ وَعُرْوَةُ بن أَسْمَاءَ بن

[1] ھەيسەمى (10129): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

الصلْتِ السلَمِي وَنَافِعُ بن بُدَيْلِ بن وَرْقَاءَ الْخُزَاعِي وَعَامِرُ بن فُهَيْرَةَ مولى أبي بَكْرٍ وَرِجَالٌ مُسَمَّوْنَ من خِيَارِ الْمُسْلِمِينَ فَسَارُوا حتى نَزَلُوا بِئْرَ مَعُونَةَ وَهِيَ بين أَرْضِ بني عَامِرٍ وَحَرَّةِ بني سُلَيْمٍ كِلا الْبَلَدَيْنِ منها قَرِيبٌ وَهِيَ من سُلَيْمٍ أَقْرَبُ فلما نَزَلُوهَا بَعَثُوا حَرَامَ بن مِلْحَانَ بِكِتَابِ رسول اللهِ إلى عَامِرِ بن الطفَيْلِ فلما أَتَاهُمْ لم يَنظُرْ في كِتَابِهِ إلى أَنْ عَدَا على الرجُلِ فَقَتَلَهُ ثُم اسْتَصْرَخَ عليهم بني عَامِرٍ فَأَبَوْا أَنْ يُجِيبُوهُ إلى ما دَعَاهُمْ وَقَالُوا لَنْ نَخْفِرَ أَبَا بَرَاءٍ وقد عَقَدَ لهم عَقْدًا وَجِوَارًا فَاسْتَصْرَخَ عليهم قَبَائِلَ بني سُلَيْمٍ عُصَيةَ وَرِعْلا وذَكْوَانًا فَأَجَابُوهُ إلى ذلك فَخَرَجُوا حتى غَشُوا الْقَوْمَ فَأَحَاطُوا بِهِمْ في رِحَالِهِمْ فلما رَأَوْهُمْ أَخَذُوا أَسْيَافَهُمْ ثُم قَاتَلُوهُمْ حتى قُتِلُوا عن آخِرِهِمْ إلا كَعْبَ بن زَيْدٍ أَخَا بني دِينَارِ بن النجارِ فَإِنهُمْ تَرَكُوهُ فيه رَمَقٌ فَارْتُثَ من بَيْنِ الْقَتْلَى فَعَاشَ حتى قُتِلَ يوم الْخَنْدَقِ فَكَانَ في سَرْحِ الْقَوْمِ عَمْرُو بن أُمَيةَ الضمْرِي وَرَجُلٌ مِنَ الأَنصَارِ أَحَدُ بني عَمْرِو بن عَوْفٍ فلم يُنَبئْهُمَا بِمُصَابِ إِخْوَتِهِمَا إلا الطيْرُ تَحُومُ على الْعَسْكَرِ فقال وَاللهِ إن لِهَذِهِ الطيْرِ لَشَأْنًا فَأَقْبَلا لِيَنظُرَا فإذا الْقَوْمُ في دِمَائِهِمْ فإذا الْخَيْلُ التي أَصَابَتْهُمْ وَاقِفَةٌ فقال الأَنصَارِي لِعَمْرِو بن أُمَيةَ ما تَرَى قال أَرَى أَنْ نَلْحَقَ بِرَسُولِ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فَنُخْبِرَهُ الْخَبَرَ فقال الأَنصَارِي لَكِني ما كنت أَرْغَبُ بنفْسِي عن مَوْطِنٍ قُتِلَ فيه الْمُنْذِرُ بن عَمْرٍو وما كنت لِتُخْبِرَنِي عنه الرجَالُ ثُم قَاتَلَ الْقَوْمَ حتى قُتِلَ وَأَخَذَ عَمْرُو بن أُمَيةَ أَسِيرًا فلما أَخْبَرَهُمْ أنهُ من مُضَرَ أَطْلَقَهُ عَامِرُ بن الطفَيْلِ وَجَزَ نَاصِيَتَهُ وَأَعْتَقَهُ عن رَقَبَةٍ زَعَمَ أنا كانت على أُمهِ فَخَرَجَ عَمْرُو بن أُمَيةَ حتى إذا كان بِالْقَرْقَرَةِ من صَدْرِ قَنَاةٍ أَقْبَلَ رَجُلان من بني عَامِرٍ حتى نَزَلا معه في ظِل هو فيه وكان لِلْعَامِرِيينَ عَقْدٌ مع رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم وَجِوَارٌ فلم يَعْلَمْ بِهِ عَمْرُو بن أُمَيةَ وقد سَأَلَهُمَا حين نَزَلا من أَنْتُمَا قَالا من بني عَامِرٍ فَأَمْهَلَهُمَا حتى إذا نَامَا عَدَا عَلَيْهِمَا فَقَتَلَهُمَا وهو يَرَى أَنهُ أَصَابَ بِهِمَا ثَأْرَهُ من بني عَامِرٍ لِمَا أَصَابُوا من أَصْحَابِ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فلما قَدِمَ عَمْرُو بن أُمَيةَ على رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أخبره الْخَبَرَ فقال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم لَئِنْ قَتَلْتَ قَتِيلَيْنِ لأَدِيَنهُمَا ثُم قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم هذا عَمَلُ أَبِي بَرَاءٍ قد كنت لها كَارِهًا متخوفا فبلغ ذلك

أَبا بَرَاءٍ فَشَق عليه إِخْفَارُ عَامِرٍ إِيَّاهُ وما أُصِيبَ من أَصْحَابِ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم في سَبَبِهِ وَجِوَارِهِ وقال حَسانُ بن ثَابِتٍ يُحَرضُ بني أبي بَرَاءٍ على عَامِرِ بن الطفَيْلِ:

بني أُم الْبَنِينَ أَلَمْ يَرُعْكُمْ وَأَنْتُمْ من ذَوَائِبِ أَهْلِ نَجْدِ

تَهَكمُ عَامِرٍ بِأَبِي بَرَاءٍ لِيُخْفِرَهُ وما خَطَأٌ كعمد

ألا أخبر رَبِيعَةَ ذَا المساعي فما أَحْدَثْتَ في الْحَدَثَانِ بعدي

أبوك أبو الْحُرُوبِ أبو براء وخالك مَاجِدٌ حَكَمُ بن سعد

فحمل رَبِيعَةُ بن أبي براء على عَامِرِ بن الطفَيْلِ فَطَعَنَهُ بِالرمْحِ فَوَقَعَ في فَخِذِهِ وَأَشْوَاهُ وَوَقَعَ عن فَرَسِهِ فقال هذا عَمَلُ أبي بَرَاءٍ فإن أُمتْ فَدَمِي لِعَمي فَلا يُتْبَعَن بِهِ وَإِنْ أَعِشْ فَسَأَرَى رَأْيِي فِيمَا أتى إلي.

6574 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد غازىتىدىن كېيىن، شەۋۋال ئېيىنىڭ قالغان كۈنلىرىنى، زۇلقەئىدە، زۇلھەججە ۋە مۇھەررەم ئايلىرىنى ئۆتكۈزدى، ئۇ يىلى مۇشرىكلار ھەج قىلدى. ئۇھۇد غازىتىدىن تۆت ئاي ئۆتۈپ، سەپەر ئېيى كىرگەندە، ئەبۇ بەرائ ئامىر ئىبنى مالىك ئىبنى جەئفەر مۇلائىبۇل ئەسىننە مەدىنىگە كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئىسلامغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ، ئىسلامغا دۈشمەنلىكمۇ قىلمايتتى. شۇڭا:

— ئى مۇھەممەد! سەن ساھابىلىرىڭدىن بىر قانچەيلەننى نەجدتىكى قەبىلىلەرگە ئەۋەتسەڭ، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ قېلىشىدىن ئۈمىدىم بار. ساھابىلىرىڭنى ئەۋەتكىن، كىشىلەرنى دىنىڭغا چاقىرسۇن! — دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— نەجد خەلقىگە ئىشەنچىم يوق، ئۇلار دەۋەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ، ـ دېدى. ئەبۇ بەرائ:

ــ مەن ئۇلارنى ئۆز كېپىلىلىكىمگە ئالىمەن، قورقۇپ كەتكۇدەك ئىش يوق، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەزرەج قەبىلىسىنىڭ بەنى سائىدە جەمەتىدىن ”ئەجىلىنى سۆرەپ ماڭغۇچى“ دەپ نام ئالغان مۇنزىر ئىبنى ئەمر دېگەن ساھابىنىڭ باشچىلىقىدا ھارىس ئىبنى سىممە، بەنى ئەدىي جەمەتىدىن ھەرام ئىبنى مىلھان، ئۇرۋە ئىبنى ئەسمائ ئىبنى سەلت سەلەمى، نافىئ ئىبنى بۇدەيل ئىبنى ۋەرقائ خۇزائىي ۋە ئەبۇ بەكرىنىڭ خىزمەتچىسى ئامىر ئىبنى فۇھەيرە قاتارلىق تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن قىرىق كىشىنى ئەۋەتتى. ئۇلار يولغا چىقىپ، بىئرى مەئۇنە دېگەن جايغا كەلدى. بۇ جاي بەنى ئامىر جەمەتى بىلەن بەنى سۇلەيم جەمەتىنىڭ سايلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەر بولۇپ، بەنى سۇلەيمگە بەكرەك يېقىن ئىدى. ئۇلار ئۇ جايغا چۈشۈپ، ھەرام ئىبنى مىلھاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبىنى ئامىر ئىبنى تۇفەيلگە ئەۋەتتى. ئامىر ئىبنى تۇفەيل مەكتۇبنى ئېچىپمۇ باقماي، ئەلچىنى ئۆلتۈرىۋەتتى، ئاندىن بەنى ئامىر جەمەتىنى ئۇرۇشقا چاقىرىۋىدى، ئۇلار چىقىشقا ئۇنىماي:

ــ ئەبۇ بەرائ ئۇلارغا ئەھدە بېرىپ باشپاناھ بولغان، بىز ئۇنىڭ ئەھدىسىنى بۇزمايمىز، ـ دېيىشتى. ئامىر ئىبنى تۇفەيل ئۇسەييە، رىئل ۋە زەكۋان قاتارلىق بەنى سۇلەيم قەبىلىلىرىنى ئۇرۇش قىلىشقا چاقىردى. ئۇلار چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، مۇسۇلمانلارنى قونالغۇ قىلغان جايدا قورشىۋالدى. مۇسۇلمانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇپ ئۇرۇشتى، ئاخىرى بىرىمۇ قالماي ئۆلتۈرۈلدى. پەقەت بەنى دىنار جەمەتىدىن بولغان كەئب ئىبنى زەيدلا يېرىم جان ھالەتتە ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدا قالغانىدى، بۇنى سەزمىگەن دۈشمەن ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قۇتۇلۇپ قېلىپ، تاكى خەندەك غازىتىدا شېھىد بولغانغا قەدەر ياشىدى. ئەمر ئىبنى ئۇمەييە زامىرى بىلەن بەنى ئەمر ئىبنى ئەۋف

جەمەتىدىن بولغان بىر ئەنسارى ئىككىسى ساھابىلەرنىڭ ئۆلاغلىرىنى بېقىۋاتقان بولۇپ، ھەمراھلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇلار قۇشلارنىڭ مۇسۇلمانلار چۈشكەن يەرگە شۇڭغۇپ، يەنە ئاسمانغا كۆتۈرۈلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر ئىش بولغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ھەمراھلىرى چۈشكەن يەرگە يېتىپ باردى. قارىغۇدەك بولسا، ھەمراھلىرى قانغا مىلەنگەن ھالدا ئۆلۈك ياتقان بولۇپ، دۈشمەنلەرمۇ تېخى ئۇ يەردىن كەتمىگەنىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەنسارى ھەمراھى ئەمر ئىبنى ئۇمەييەگە:

ــ قانداق قىلىمىز؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەمر ئىبنى ئۇمەييە:

ــ قايتىپ بېرىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلايلى، ـ دېدى. لېكىن ئەنسارى:

ــ مۇنزىر ئىبنى ئەمر ئۆلتۈرۈلگەن جايدىن جېنىمنى ساق ئېلىپ كەتمەيمەن، ـ دېدى ۋە دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلدى، دۈشمەنلەر ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئەمر ئىبنى ئۇمەييەنى ئەسىرگە ئېلىۋالدى. ئەمر ئىبنى ئۇمەييە دۈشمەنگە ئۆزىنىڭ مۇزار قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى، ئامىر ئىبنى تۇفەيل ئۇنىڭ چېچىنى قىرقىپ، ئانىسىنىڭ بىر قۇل ئازاد قىلىش قەسىمىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئۇنى قويۇپ بەردى.

ئەمر ئىبنى ئۇمەييە يولغا چىقىپ، ئېقىنىنىڭ باش تەرىپىدىكى قەرقەرە دېگەن جايغا كەلگەندە، بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان ئىككى كىشىگە ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ قايسى جەمەتتىن ئىكەنلىكىنى سورىغانىدى:

ــ بىز بەنى ئامىر جەمەتىدىن، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئامىر جەمەتىدىكىلەر بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدا ئەھدە بار بولۇپ، ئەمر ئىبنى ئۇمەييە بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئىدى. ئەمر ئۇلارنىڭ يېنىغا چۈشۈپ ئارام ئالدى ۋە ئۇلار ئۇخلاپ قالغاندا، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئىككىلىسىنى ئۆلتۈرىۋەتتى. بۇنىڭ

بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرگەن بەنى ئامىر جەمەتىدىن قىساس ئالدىم دەپ ئويلىغان ئىدى.

ئەمىر ئىبنى ئۇمەييە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى يەتكۈزدى. ئەمرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— سەن ئىككى كىشىنى ئۆلتۈرىۋېتىپسەن، مەن ئۇلارنىڭ دىيىتىنى تۆلەيمەن، - دېدى. ئاندىن:

- بۇ، ئەبۇ بەرانىڭ ئىشى، ئۇ ماڭا كاپالەت بەرگەنىدى. ھالبۇكى، نەجدلىكلەرنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، خەۋپسىرەپ تۇراتتىم، - دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن خەۋەر تاپقان ئەبۇ بەرائ ئۇنىڭ ئەھدىسىنى بۇزغان ئامىر ئىبنى تۇفەيلگە قاتتىق خاپا بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئۇنىڭ باشپاناھلىقى تۈپەيلىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كەلگەنىدى.

شائىر ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ بەرائنىڭ ئوغۇللىرىنى ئامىرغا قارشى قوزغىتىپ مۇنداق بېيتلارنى ئوقۇدى:

ئى ئۇممۇل بەنىن ئوغۇللىرى!
سىلەر نەجدنىڭ ئېسىل زاتلىرىغۇ؟
بۇزدى ئامىر ئەبۇ بەرانىڭ ئەھدىسىنى،
كۆزگە ئىلماي سىلەرنى،
سەۋەنلىك قەستەنلىككە ھېچقاچان ئوخشىمايدىغۇ،
رەبىيئە دېگەن پالۋانغا دەپ قويۇڭلاركى،
بۇ پاجىئەدىن كېيىن قاراپ تۇرامدىكىن،
ئاتاڭ جەڭلەرنىڭ ئاتىسى ئەبۇ بەرا تۇرسا،
تاغاڭ ئۇلۇغ ئەزىمەت ھەكەم ئىبنى سەئد تۇرسا.

بۇنىڭ تەسىرىدە ئەبۇ بەرائنىڭ ئوغلى رەبىيئە ئامىر ئىبنى تۇفەيلگە ئېتىلىپ بېرىپ، نەيزە ئۇردى ۋە ئۇنى يوتىسىدىن يارىلاندۇرۇپ، ئېتىدىن يىقىتتى. ئامىر ئىبنى تۇفەيل جان ئۈزۈش ئالدىدا:

ـ بۇ، ئەبۇ بەرائنىڭ ئىشى، ئۆلۈپ كەتسەم، خۇنۇم تاغامغا پىدا، ھېچكىم ئۇنىڭدىن قىساس تەلەپ قىلمىسۇن. ئەگەر ياشاپ قالسام، ئۆز قارارىمنى ئۆزەم بېرىمەن، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 356/20)

6575 ـ وله عن عبد الرحمن بن كَعْبِ بن مَالِكٍ أرسله: كان فِيهِمْ عَامِرُ بن فُهَيْرَةَ فَزَعَمَ لي عُرْوَةُ أَنَّهُ قُتِلَ يَوْمَئِذٍ فلم يُوجَدْ جَسَدُهُ حين دَفَنُوهُ يقول عُرْوَةُ وَكَانُوا يَرَوْنَ أن الْمَلَائِكَةَ هِيَ دَفَنَتْهُ.

6575 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى كەئب ئىبنى مالىكتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئامىر ئىبنى فۇھەيرە بار ئىدى، ئۇرۋەنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ ئاشۇ ۋەقەلىكتە ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى دەپنە قىلىدىغان چاغدا جەسىتىنى تاپالمىغان. شۇڭا ئۇنى پەرىشتىلەر دەپنە قىلغان دەپ قارايتتى[2].

(«ئەلكەبىر»: 71/19)

6576 ـ وله عن عروة: أن ممن شهد بئر معونة أوس بن معاذ الأنصاري والحكم بن كيسان المخزومي.(الطبراني في الكبير 228/1 و 215/3).

---

[1] ھەيسەمى (10132): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئىبنى ئىسھاقتىن باشقا راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (10130): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

6576 ـ ئۇرۋەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىئرى مەئۇنە ۋەقەلىكىگە قاتناشقانلار ئىچىدە ئەۋس ئىبنى مۇئاز ئەنسارى ۋە ھەكەم ئىبنى كەيسان مەخزۇمى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى[1].
(«ئەلكەبىر»: 228/1؛ 215/3)

6577 ـ عن إِيَاسُ بْنُ سَلَمَةَ حَدثَنِي أَبِي قَالَ غَزَوْنَا فَزَارَةَ وَعَلَيْنَا أَبُو بَكْرٍ أَمـرَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَيْنَا فَلَما كَانَ بَيْنَنَا وَبَيْنَ الْمَاءِ سَاعَةٌ أَمَرَنَا أَبُـو بَكْـرٍ فَعَرسْنَا ثُم شَن الْغَارَةَ فَوَرَدَ الْمَاءَ فَقَتَلَ مَنْ قَتَلَ عَلَيْهِ وَسَبَى وَأَنْظُرُ إِلَى عُنُقٍ مِنْ الناسِ فِيهِمْ الذرَارِي فَخَشِيتُ أَنْ يَسْبِقُونِي إِلَى الْجَبَلِ فَرَمَيْتُ بِسَهْمٍ بَيْنَهُمْ وَبَيْنَ الْجَبَـلِ فَلَمـا رَأَوْا السهْمَ وَقَفُوا فَجِئْتُ بِهِمْ أَسُوقُهُمْ وَفِيهِمْ امْرَأَةٌ مِنْ بَنِي فَزَارَةَ عَلَيْهَا قَشْعٌ مِنْ أَدَمٍ قَالَ الْقَشْعُ النطَعُ مَعَهَا ابْنَةٌ لَهَا مِنْ أَحْسَنِ الْعَرَبِ فَسُقْتُهُمْ حَتى أَتَيْتُ بِهِمْ أَبَا بَكْرٍ فَنَفلَنِي أَبُـو بَكْـرٍ ابْنَتَهَا فَقَدِمْنَا الْمَدِينَةَ وَمَا كَشَفْتُ لَهَا ثَوْبًا فَلَقِيَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِـي السوقِ فَقَالَ يَا سَلَمَةُ هَبْ لِي الْمَرْأَةَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ وَاللهِ لَقَدْ أَعْجَبَتْنِي وَمَا كَشَفْتُ لَهَا ثَوْبًا ثُم لَقِيَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ الْغَدِ فِي السوقِ فَقَالَ لِي يَا سَلَمَةُ هَبْ لِي الْمَرْأَةَ لِلهِ أَبُوكَ فَقُلْتُ هِيَ لَكَ يَا رَسُولَ اللهِ فَوَاللهِ مَا كَشَفْتُ لَهَا ثَوْبًا فَبَعَثَ بِهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى أَهْلِ مَكةَ فَفَدَى بِهَا نَاسًا مِنْ الْمُسْلِمِينَ كَانُوا أُسِرُوا بِمَكةَ.

6577 ـ ئىياس ئىبنى سەلەمە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوماندانلىقىدا فەزارە قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلدۇق. سۇ بار يەرگە بىر سائەتلىك يول قالغان چاغدا، ئەبۇ بەكرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چۈشۈپ ئارام ئالدۇق. ئاندىن ئاتلىنىپ، سۇ بار جايغا كەلدۇق ۋە ئۇ يەردىكىلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بەزىلىرىنى ئەسىرگە ئالدۇق. شۇ ئەسنادا، ئايال ـ باللاردىن تەركىب تاپقان بىر توپ

---

[1] ھەيسەمى (10133): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھەيئە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. ـ دېگەن.

كــــشــگە كـــۆزۈم چۈشـــتى. ئۇلارنىـــڭ مەنـــدىن بـــۇرۇن تاغقـــا چىقىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تاغ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قارىتىپ بىر تال ئوق ئاتتىم. ئۇلار ئوقنى كۆرۈپ توختاپ قېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنى ئالدىمغا سېلىپ، ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇستىگە تېرە كىيىم كىيىۋالغان بىر ئايال بولۇپ، يېنىدا بەكمۇ چىرايلىق بىر قىزى بار ئىدى. مەنچە ئۇ قىز ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن چىققان ساھىبجامال ئىدى. ئەبۇ بەكرى ماڭا ئۇ ئايالنىڭ قىزىنى ئىنئام قىلدى. مەدىنىگە قايتتۇق، تېخى ئۇ قىزغا يېقىنچىلىق قىلماي تۇرۇپ، بازاردا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ــ ئى سەلەمە! ھېلىقى قىزنى ماڭا بېغىشلىغىن! ــ دېدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئۇنى بەكلا ياقتۇرۇپ قالدىم. لېكىن ئۇنىڭغا تېخى يېقىنچىلىق قىلمىدىم، ـ دېدىم. ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بازاردا يەنە ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ:

ــ ئى سەلەمە (داداڭغا رەھمەت بولغاي)! ھېلىقى قىزنى ماڭا بېغىشلىغىن، ـ دېدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ سىزنىڭ بولسۇن. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ باقمىدىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە ئەھلىگە ئەسىر چۈشۈپ قالغان بىر گۇرۇھ مۇسۇلماننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ قىزنى فىدىيە ئورنىدا مەككە ئەھلىگە يوللىدى.

(مۇسلىم: 1755)

## خەندەك ئۇرۇشى ۋە بەنى قۇرەيزە غازىتى

6578 ـ كانت في شوال سنة أربع.

6578 ــ خەندەك ۋە بەنى قۇرەيزە غازاتلىرى ھىجرەتنىڭ تۆتىنچى يىلى شەۋۋال ئېيىدا مەيدانغا كەلگەن.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

6579 ـ وللكبير عن ابن إسحاق: سنة خمس.

6579 ـ ئىبنى ئىسھاقتىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، (خەندەك ئۇرۇشى) ھىجرىيەنىڭ بەشىنچى يىلى بولغان[①].

(«ئەلكەبىر»)

6580 ـ عن عمرو بن عوف الْمُزَنِي: أَنّ رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم خَط الْخَنْدَقَ من أَحْمَرَ الْبسْخَتْينِ طَرَفِ بني حَارِثَةَ عَامَ حِزْبِ الأَحْزَابِ حتى بَلَغَ الْمَذَايِحَ فَقَطَعَ لِكُل عَشَرَةٍ أَرْبَعِينَ ذِرَاعًا فَاحْتج الْمُهاجِرُونَ وَالأَنصَارُ في سَلْمَانَ الْفَارِسِي رَحِمَـهُ اللـهُ وكان رَجُلا قَوِيا فقال الْمُهَاجِرُونَ سَلْمَانُ مِنا وَقَالَتِ الأَنصَارُ سَلْمَانُ مِنا فقال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم سَلْمَانُ مِنا أَهْلَ الْبَيتِ.

6580 ــ ئەمىر ئىبنى ئەۋف مۇزەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەھزاب ئۇرۇشى كۈنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى ھارىسە جەمەتى تەرەپتىكى قىزىل شورلۇقتىن تاكى كەلكۈن ئېقىنلىرىغا قەدەر خەندەكنىڭ

---

① ھەيسەمى (10171): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

لىنىيەسىنى سىزىپ، ھەر ئون كىشىگە 40 گەز بەلگىلەپ بەردى. مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلار سەلمان فارىسىنى تالىشىپ قالدى، سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاۋۇل، كۈچلۈك ئادەم ئىدى. مۇھاجىرلار:

ــ سەلمان بىزدىن، ـ دېسە، ئەنسارىلارمۇ:

ــ سەلمان بىزدىن، ـ دېيىشەتتى. ئاخىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سەلمان ئەھلى بەيتىمىزدىندۇر، ـ دېدى[1].

((«ئەلكەبىر»: 6040)

6581 ـ حَدثَنَا عَبْدُ اللهِ بْنُ مُحَمدٍ حَدثَنَا مُعَاوِيَةُ بْنُ عَمْرٍو حَدثَنَا أَبو إِسْحَاقَ عَنْ حُمَيْدٍ قَالَ سَمِعْتُ أَنسًا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْخَنْدَقِ فَإِذَا الْمُهَاجِرُونَ وَالْأَنصَارُ يَحْفِرُونَ فِي غَدَاةٍ بَارِدَةٍ فَلَمْ يَكُنْ لَهُمْ عَبِيدٌ يَعْمَلُـونَ ذَلِكَ لَهُمْ فَلَما رَأَى مَا بِهِمْ مِنْ النصَبِ وَالْجُوعِ قَالَ:

اللهُم إِن الْعَيْشَ عَيْشُ الْآخِرَهْ فَاغْفِرْ لِلْأَنصَارِ وَالْمُهَاجِرَهْ

فَقَالُوا مُجِيبِينَ لَهُ:

نَحْنُ الذِينَ بَايَعُوا مُحَمدَا عَلَى الْجِهَادِ مَا بَقِينَا أَبَدَا.

6581 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەتىگەن سوغۇقتا خەندەك كولاۋاتقان مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنىڭ يېنىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىپ بەرگۈدەك خىزمەتكارلىرى يوق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئاچلىق ئازابى تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ئى اللە! ئاخىرەت ھاياتى ھەقىقى ھايات،

[1] ھەيسەمى (10137): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كەسىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇزەنىي ئىسىملىك بىرى بار. كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، تىرمىزى ئۇنىڭ ھەدىسىنى ھەسەن دەپ قارىغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ئەنسار ۋە مۇھاجىرغا قىلغىن مەغپىرەت.

دەپ دۇئا قىلدى، ئۇلارمۇ رەسۇلۇللاھقا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

بىز ساڭا بەيئەت قىلدۇق، ئەي مۇھەممەد!

جىھاد قىلىمىز دەپ تىنىماي تا ئەبەد.

(بۇخارى: 2834)

6582 ـ عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ جَعَلَ الْمُهَاجِرُونَ وَالْأَنْصَارُ يَحْفِرُونَ الْخَنْدَقَ حَوْلَ الْمَدِينَةِ وَيَنْقُلُونَ التُّرَابَ عَلَى مُتُونِهِمْ وَهُمْ يَقُولُونَ:

نَحْنُ الَّذِينَ بَايَعُوا مُحَمَّدَا عَلَى الْإِسْلَامِ مَا بَقِينَا أَبَدَا

قَالَ يَقُولُ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَهُوَ يُجِيبُهُمْ:

اللَّهُمَّ إِنَّهُ لَا خَيْرَ إِلَّا خَيْرُ الْآخِرَهْ فَبَارِكْ فِي الْأَنْصَارِ وَالْمُهَاجِرَهْ

قَالَ: يُؤْتَوْنَ بِمِلْءِ كَفِّي مِنْ الشَّعِيرِ فَيُصْنَعُ لَهُمْ بِإِهَالَةٍ سَنِخَةٍ تُوضَعُ بَيْنَ يَدَيْ الْقَوْمِ وَالْقَوْمُ جِيَاعٌ وَهِيَ بَشِعَةٌ فِي الْحَلْقِ وَلَهَا رِيحٌ مُنْتِنٌ.

6582 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇھاجىر، ئەنسارىلار مەدىنە چۆرىسىگە بىر تەرەپتىن خەندەك كولىسا، يەنە بىر تەرەپتىن قېزىلغان تۇپىلارنى توشۇغاچ مۇنداق دەيتتى:

بىز ساڭا بەيئەت قىلدۇق، ئەي مۇھەممەد!

ئىسلام يولىدا ماڭىمىز دەپ تا ئەبەد.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دەيتتى:

ئى الله! ئاخىرەت هاياتى هەقىقى هايات،

ئەنسار ۋە مۇھاجىرلارغا ئاتا قىلغىن بەرىكەت.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارغا بىر چاڭگال ئارپا ئېلىپ كېلىنىپ، تەمى ئۆزگىرىپ قالغان قوي مېيىدا قورۇپ بېرىلەتتى. ئىشلەۋاتقانلار بەكمۇ ئاچ

بولغاچقا، بۇنى يېمەي ئامال يوق ئىدى. تائام بوغۇزغا بارغاندا، ياغنىڭ سېسىق تەمىنى ئاسانلا بىلىۋالغىلى بولاتتى.

(بۇخارى: 4100)

6583 ـ عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ قَالَ رَأَيْتُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ الْخَنْدَقِ يَنقُلُ مَعَنا التّرَابَ وَهُوَ يَقُولُ:

وَاللهِ لَوْلَا اللهُ مَا اهْتَدَيْنَا وَلَا صُمْنَا وَلَا صَلَّيْنَا

فَأَنزِلَنْ سَكِينَةً عَلَيْنَا وَثَبِّتْ الْأَقْدَامَ إِنْ لَاقَيْنَا

وَالْمُشْرِكُونَ قَدْ بَغَوْا عَلَيْنَا إِذَا أَرَادُوا فِتْنَةً أَبَيْنَا

6583 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەھزاب غازىتىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ توپا توشۇغاچ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

رەببىمىز! سەن بولمىساڭ، تاپماس ئىدۇق ھىدايەت،

بىلمەس ئىدۇق نېمىدۇر زاكات، ناماز ـ ئىبادەت؟

بېغىشلىغىن بىزلەرگە خاتىرجەملىك، جاسارەت،

ئېلىشقاندا ياۋ بىلەن ئاتا قىلغىن مەتانەت.

زۇلۇم قىلدى مۇشرىكلار تۇتۇپ بىزگە ئاداۋەت،

دىنىمىزدىن ياندۇرسا، قىلمايمىز ھېچ ئىتائەت.

(بۇخارى: 6620)

6584 ـ عَنْ إِبْرَاهِيمَ التَّيْمِي عَنْ أَبِيهِ قَالَ كُنا عِنْدَ حُذَيْفَةَ فَقَالَ رَجُلٌ لَوْ أَدْرَكْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَاتَلْتُ مَعَهُ وَأَبْلَيْتُ فَقَالَ حُذَيْفَةُ أَنتَ كُنتَ تَفْعَلُ ذَلِكَ لَقَدْ رَأَيْتَنا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْلَةَ الْأَحْزَابِ وَأَخَذَتْنَا رِيحٌ شَدِيدَةٌ وَقُرٌّ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَا رَجُلٌ يَأْتِينِي بِخَبَرِ الْقَوْمِ جَعَلَهُ اللهُ مَعِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَسَكَتْنَا فَلَمْ يُجِبْهُ مِنا أَحَدٌ ثُم قَالَ أَلَا رَجُلٌ يَأْتِينَا بِخَبَرِ الْقَوْمِ جَعَلَهُ اللهُ مَعِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَسَكَتْنَا فَلَمْ يُجِبْهُ مِنا أَحَدٌ ثُم قَالَ أَلَا رَجُلٌ يَأْتِينَا بِخَبَرِ الْقَوْمِ جَعَلَهُ اللهُ مَعِي يَوْمَ

الْقِيَامَةِ فَسَكَتْنَا فَلَمْ يُجِبْهُ مِنا أَحَدٌ فَقَالَ قُمْ يَا حُذَيْفَةُ فَأْتِنَا بِخَبَرِ الْقَوْمِ فَلَمْ أَجِدْ بُدًّا إِذْ دَعَانِي بِاسْمِي أَنْ أَقُومَ قَالَ اذْهَبْ فَأْتِنِي بِخَبَرِ الْقَوْمِ وَلَا تَذْعَرْهُمْ عَلَي فَلَما وَلَّيْتُ مِنْ عِنْدِهِ جَعَلْتُ كَأَنَمَا أَمْشِي فِي حَمامٍ حَتى أَتَيْتُهُمْ فَرَأَيْتُ أَبَا سُفْيَانَ يَصْلِي ظَهْرَهُ بِالنارِ فَوَضَعْتُ سَهْمًا فِي كَبِدِ الْقَوْسِ فَأَرَدْتُ أَنْ أَرْمِيَهُ فَذَكَرْتُ قَوْلَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَا تَذْعَرْهُمْ عَلَي وَلَوْ رَمَيْتُهُ لَأَصَبْتُهُ فَرَجَعْتُ وَأَنَا أَمْشِي فِي مِثْلِ الْحَمامِ فَلَما أَتَيْتُهُ فَأَخْبَرْتُهُ بِخَبَرِ الْقَوْمِ وَفَرَغْتُ قُرِرْتُ فَأَلْبَسَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ فَضْلِ عَبَاءَةٍ كَانَتْ عَلَيْهِ يُصَلي فِيهَا فَلَمْ أَزَلْ نَائِمًا حَتى أَصْبَحْتُ فَلَما أَصْبَحْتُ قَالَ قُمْ يَا نَوْمَانُ.

6584 ـ ئىبراھىم تەيمىي دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ھۇزەيفەنىڭ قېشىدا ئىدۇق، بىر كىشى:

ـ ناۋادا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا بولغان بولسام، ھەرقانداق خېيىم ـ خەتەرگە پەرۋا قىلماي، ئۇنىڭ بىللە ئۇرۇش قىلغان بولاتتىم، ـ دېگەنىدى، ھۇزەيفە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ـــ ھەقىقەتەن شۇنداق قىلارمىدىڭ؟ ئەھزاب كېچىسى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدۇق. بوران چىقىپ، جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ كېلىدىغان بىرەر كىشى يوقمۇ؟ الله ئۇنى قىيامەت كۈنى مەن بىلەن قىلغاي! ـ دېدى. ھېچقايسىمىز جاۋاب بەرمەي جىم تۇردۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ـ دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ كېلىدىغان بىرەر كىشى يوقمۇ؟ الله ئۇنى قىيامەت كۈنى مەن بىلەن قىلغاي! ـ دېدى.

بىز يەنە جاۋاب بەرمەي جىم تۇردۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزىنى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ تۇرۇپ:

ــ ئى ھۇزەيفە، ئورنۇڭدىن تۇر! بېرىپ، دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ كەلگىن. ئەمما ئۇلارغا تۇيدۇرمىغىن! ـ دېدى.

ئىسمىمنى ئاتاپ چاقىرغانلىقى ئۈچۈن، ئەمرىگە ئىتائەت قىلماي ئامالىم يوق ئىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، خۇددى ھاممامدا تۇرغاندەك بىر خىل ئىللىقلىق ئىچىدە مېڭىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىردىم. ئەبۇ سۇفياننىڭ دۈمبىسىنى ئوتقا قاقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم ـ دە، ئوقتىن بىرنى ئېلىپ، يانىڭ كىرىچىنى كەردىم. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇلارغا تۇيدۇرمىغىن!» دېگەن سۆزىنى يادىمغا ئېلىپ، ئوق ئېتىشتىن ۋاز كەچتىم. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئاتقان بولسام، چوقۇم تەگكۈزگەن بولاتتىم. يەنە خۇددى ھاممامدا تۇرغاندەك بىر خىل ئىللىقلىق ئىچىدە مېڭىپ، قايتىپ كەلدىم ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزدۈم. ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە مۇزلاشقا باشلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ناماز ئوقۇغاندا كىيىدىغان تونىنى كىيدۈرۈپ قويدى. ئۇخلاپ قالدىم، تاڭ ئاتقاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاخچاق قىلىپ:

ــ ئەي ئۇيقۇخۇمار، ئورنۇڭدىن تۇر! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1788)

6585 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ قال جاء الْحَارِثُ الْغَطَفَانِي إلى النبي صلى اللهُ عليه وسلم فقال يا محمد شَاطِرْنَا تَمْرَ الْمَدِينَةِ قال حتى استأمر السعُودَ فَبَعَثَ إلى سَعْدِ بن مُعَاذٍ وَسَعْدِ بن عُبَادَةَ وَسَعْدِ بن الربِيعِ وَسَعْدِ بن خَيْثَمَةَ وَسَعْدِ بن مَسْعُودٍ رَحِمَهُمُ اللهُ فقال اني قـد عَلِمْتُ أن الْعَرَبَ قد رَمَتْكُمْ عن قَوْسٍ وَاحِدَةٍ وَإِن الْحَارِثَ يَسْأَلُكُمْ أَنْ تُـشَاطِرُوهُ تَمْـرَ الْمَدِينَةِ فَإِنْ أَرَدْتُمْ أَنْ تَدْفَعُوا إليه عَامَكُمْ هذا حتى تَنْظُرُوا في أَمْرِكُمْ بَعْدُ قالوا يا رَسُـولَ اللهِ أَوَحْيٌ مِنَ السمَاءِ فَالتسْلِيمُ لأَمْرِ اللهِ أو عن رَأْيِكَ أو هَوَاكَ فَرَأْيُنَا تَبَعٌ لِهَوَاكَ ورَأْيِـكَ

فَإِنْ كُنْتَ إنما تُرِيدُ الابقاء عَلَيْنا فَوَاللهِ لقد رَأَيْتَنا واياهم على سَوَاءٍ ما يَنالُونَ مِنا تَمْرَةً الا بِشِرًى أو قِرًى فقال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم هو ذَا تَسْمَعُونَ ما يَقُولُونَ.

6585 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھارىس غەتەفانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـــ ئى مۇھەممەد! مەدىنە خورمىلىرىنى بىز بىلەن تەڭ بۆلۈشكىن، بولمىسا، ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن ساڭا ھۇجۇم قىلىمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئدلەر، يەنى سەئد ئىبنى مۇئاز، سەئد ئىبنى ئۇبادە، سەئد ئىبنى رەبىئ، سەئد ئىبنى ھەيسەمە ۋە سەئد ئىبنى مەسئۇدلارنى چاقىرتىپ، ئۇلارغا:

ـــ بارلىق ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ سىلەرگە بىردەك قارشى تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن، ھارىس سىلەردىن مەدىنە خورمىلىرىنى تەڭ بۆلۈپ بېرىشنى سوراپ كەپتۇ. خالىساڭلار، بۇ يىل بېرىپ تۇرۇپ، كېلەر يىلى ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلساڭلارمۇ بولىدۇ، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ سۆز ئاسماندىن كەلگەن ۋەھىيمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، بىز اللهنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماي تۇرالمايمىز. ياكى بۇ سىزنىڭ پىكرىڭىزمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولسىمۇ، بىز سەن خالىغان ئىشنى خالاپ قىلىمىز. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، جاھىلىيەت دەۋرىدە سودا ـــ سېتىق ياكى مېھماندارچىلىقتىن باشقا ئەھۋالدا بىزدىن بىر تالمۇ خورما ئالالمىغان قەبىلىلەر، الله بىزنى ئىسلامغا مۇشەررەپ قىلغاندىن كېيىن قانداق ئالالايدىكەن؟! ـ دېيىشتى.

بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھارىسقا:

— مانا، ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرۇپسىلەر، - دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 5409)

6586 ـ رَافِعِ بن خَدِيجٍ قال: لَما كان يَوْمُ الْخَنْدَقِ لم يَكُنْ حِصْنٌ أَحْصِنَ مِن حِصْنِ بني حَارِثٍ فَجَعَلَ النبي صلى اللهُ عليه وسلم النسَاءَ وَالصِّبْيانَ وَالذرَارِي فيه فقال إن أَلم يكُن أَحَدٌ فَأَلْمِعْنَ بِالسيْفِ فَجَاءَهُن رَجُلٌ من بني ثَعْلَبَةَ بن سَعْدٍ يُقَالُ له بُجْدَانُ أَحَدُ بني جَحاشٍ على فَرَسٍ حتى كان في أَصْلِ الْحِصْنِ ثُم جَعَلَ يقول لِلنسَاءِ انْزِلْنَ إلي خَيْرٌ لَكُن فَحَركْنَ السيْفَ فَأَبصَرَهُ أَصْحَابُ النبي صلى اللهُ عليه وسلم فَابْتَدَرَ الْحِصْنَ قَوْمٌ فِيهِمْ رَجُلٌ من بني حَارِثَةَ يُقَالُ له ظُهَيْرُ بن رَافِعٍ فقال يا بُجْدَانُ أُبرزْ فَبَرَزَ إليه فَحَمَلَ عليه فَرَسُهُ فَقَتَلَهُ وَأَخَذَ رَأْسَهُ فَذَهَبَ بِهِ إلى النبي صلى اللهُ عليه وسلم.

6586 — رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەنى ھارىس جەمەتىنىڭ قورغىنىدىنمۇ مۇستەھكەم قورغان يوق ئىدى. خەندەك غازىتى بولغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايال - باللارنى شۇ قورغانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ:

- بىرەرسى باستۇرۇپ كېلىپ قالسا، قىلىچنى پۇلاڭلىتىپ ئىشارەت قىلىڭلار! - دەپ تاپىلىدى.

بەنى سەئلەبە جەمەتىدىن نەجدان ئىسىملىك بىرى ئاتقا مىنگەن ھالدا قورغاننىڭ تۈۋىگە كېلىپ:

- قېنى، سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىراق بولغان بىر يەرگە چۈشۈڭلار! - دېدى. ئاياللار دەرھال قىلىچنى پۇلاڭلىتىپ بەلگە بەردى. ساھابىلار بەلگىنى كۆردى ۋە بەنى ھارىسەلىك زۇھەير

[1] ھەيسەمى (10141): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەمر ئىسىملىك ھەدىسى ھەسەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

ئىبنى رافىئ قاتارلىق بىر نەچچە كىشى قورغانغا قاراپ يۈگۈردى. زۇھەير:

ــ ھەي نەجدان، مەيدانغا چىق! ـ دېۋىدى، ئۇ چىقتى. ئۇلار يەكمۇ يەك تۇتۇشتى. ئاخىرى زۇھەير ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 4378)

6587 ـ عن سُلَيْمَانَ بْنَ صُرَدٍ يَقُولُ سَمِعْتُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ حِينَ أَجْلَى الْأَحْزَابَ عَنْهُ الْآنَ نَغْزُوهُمْ وَلَا يَغْزُونَنَا نَحْنُ نَسِيرُ إِلَيْهِمْ.

6587 ـ سۇلايمان ئىبنى سۇرەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەھزاب (ئىتتىپاقداش دۈشمەنلەر) قوشۇنى چېكىنگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«بۇندىن كېيىن، بىز ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچىمىز، ئۇلار بىزگە ئۇرۇش ئاچالمايدۇ. بىز ئۇلارغا يۈرۈش قىلىمىز».

(بۇخارى: 4110)

6588 ـ عن ابْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ أَولُ يَوْمٍ شَهِدْتُهُ يَوْمُ الْخَنْدَقِ.

6588 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: مەن قاتناشقان بىرىنچى غازات خەندەك غازىتىدۇر.

(بۇخارى: 4007)

6589 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ أُصِيبَ سَعْدٌ يَوْمَ الْخَنْدَقِ رَمَاهُ رَجُلٌ مِنْ قُرَيْشٍ يُقَالُ لَهُ حِبانُ بْنُ الْعَرِقَةِ وَهُوَ حِبانُ بْنُ قَيْسٍ مِنْ بَنِي مَعِيصِ بْنِ عَامِرِ بْنِ لُؤَي رَمَاهُ فِي الْأَكْحَلِ فَضَرَبَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَيْمَةً فِي الْمَسْجِدِ لِيَعُودَهُ مِنْ قَرِيبٍ

[1] ھەيسەمى (10144): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

فَلَما رَجَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ الْخَنْدَقِ وَضَعَ السلَاحَ وَاغْتَسَلَ فَأَتَاهُ جِبْرِيلُ عَلَيْهِ السلَام وَهُوَ يَنْفُضُ رَأْسَهُ مِنْ الْغُبَارِ فَقَالَ قَدْ وَضَعْتَ السلَاحَ وَاللهِ مَا وَضَعْتُهُ اخْرُجْ إِلَيْهِمْ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَيْنَ فَأَشَارَ إِلَى بَنِي قُرَيْظَةَ فَأَتَاهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنَزَلُوا عَلَى حُكْمِهِ فَرَد الْحُكْمَ إِلَى سَعْدٍ قَالَ فَإِني أَحْكُمُ فِيهِمْ أَنْ تُقْتَلَ الْمُقَاتِلَةُ وَأَنْ تُسْبَى النسَاءُ وَالذريةُ وَأَنْ تُقْسَمَ أَمْوَالُهُمْ قَالَ هِشَامٌ فَأَخْبَرَنِي أَبِي عَنْ عَائِشَةَ أَن سَعْدًا قَالَ اللهُم إِنكَ تَعْلَمُ أَنهُ لَيْسَ أَحَدٌ أَحَب إِلَي أَنْ أُجَاهِدَهُمْ فِيكَ مِنْ قَوْمٍ كَذبُوا رَسُولَكَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَخْرَجُوهُ اللهُم فَإِني أَظُن أَنكَ قَدْ وَضَعْتَ الْحَرْبَ بَيْنَنَا وَبَيْنَهُمْ فَإِنْ كَانَ بَقِيَ مِنْ حَرْبِ قُرَيْشٍ شَيْءٌ فَأَبْقِنِي لَهُ حَتى أُجَاهِدَهُمْ فِيكَ وَإِنْ كُنْتَ وَضَعْتَ الْحَرْبَ فَافْجُرْهَا وَاجْعَلْ مَوْتَتِي فِيهَا فَانْفَجَرَتْ مِنْ لَبتِهِ فَلَمْ يَرُعْهُمْ وَفِي الْمَسْجِدِ خَيْمَةٌ مِنْ بَنِي غِفَارٍ إِلا الدمُ يَسِيلُ إِلَيْهِمْ فَقَالُوا يَا أَهْلَ الْخَيْمَةِ مَا هَذَا الذِي يَأْتِينَا مِنْ قِبَلِكُمْ فَإِذَا سَعْدٌ يَغْذُو جُرْحُهُ دَمًا فَمَاتَ مِنْهَا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ.

6589 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەئد (ئىبنى مۇئاز) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەندەك غازىتىدا يارىلاندى. قۇرەيش قەبىلىسىدىن ھىببان ئىبنى ئەرىقە دېگەن ئادەم ئاتقان ئوق ئۇنىڭ بىلىكىدىكى جان تومۇرغا تەگكەن ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يات ـ يات يوقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن مەسجىدكە چېدىر تىكتۈردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەندەك غازىتىدىن كېلىپ، قورال ـ ياراقلىرىنى قويۇپ غۇسلى قىلىۋاتقاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ بېشىدىكى توپا ـ چاڭنى قېقىپ تۇرۇپ:

ــ قورالنى قويۇپ بولدۇڭمۇ؟ اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن قورالىمنى تېخى قويمىدىم، ئۇلار تەرەپكە ئاتلان! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ نەگە؟ ـ دەپ سورىغانىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

ــ ئاۋۇ تەرەپكە، ـ دەپ، بەنى قۇرەيزە تەرەپنى ئىشارەت قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەرھال ئاتلىنىپ، ئۇلارنى

مۇھاسىرىگە ئالدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىگە رازىلىق بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىش ئىختىيارلىقىنى سەئدكە بەردى. سەئد:

ـ مەن ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئەسىر ئېلىپ، پۇل ـ ماللىرىنى تەقسىم قىلىشقا ھۆكۈم قىلىمەن، ـ دېدى.

ھىشام مۇنداق دەيدۇ: دادامنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىشىچە، سەئد مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان:

ــ ئى الله! پەيغەمبىرىڭنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەنلەرگە قارشى جىھاد قىلىشنىڭ ماڭا نىسبەتەن ئەڭ سۆيۈملۈك (ئەمەل) ئىكەنلىكىنى بىلىسەن. ئى الله! بىزنى ئۇرۇش قىلىشقا سەن چاقىردىڭ. سېنىڭ يولۇڭدا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىم ئۈچۈن، مېنى ھايات قالدۇرغىن. ئەگەر ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرغان بولساڭ، جاراھىتىمنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتكىن، مەن مۇشۇ يارام بىلەن ئۆلۈپ كېتەي!

كۆپ ئۆتمەيلا (دۇئاسى قوبۇل قىلىنىپ) يارىسىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كېتىپ، قان ئېقىشقا باشلىدى. مەسجىدتە بەنى غىفارلىقلارنىڭ چېدىرى بولۇپ، ئۇلار سەئدتىن ئېقىپ كەلگەن قاننى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتى ـ دە:

ـ ئەي چېدىر ئەھلى! بىز تەرەپكە ئېقىپ كەلگەن بۇ نەرسە نېمە؟ ـ دېيىشتى ۋە سەئدنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. شۇنداق قىلىپ، سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قانسىراپ ئۆلۈپ كەتتى.

(بۇخارى: 4122)

6590 ـ عن عَائِشَةَ أن سَعْدًا قال وَتحَجرَ كَلْمُهُ لِلْبُرْءِ فقال اللهم إنـكَ تَعْلَـمُ، بنحوه.

6590 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەئد يارىسى قۇرۇپ، ساقىيىشقا باشلىغاندا، مۇنداق دېگەن: ئى الله! سەن بىلىسەن... داۋامى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

(مۇسلىم: 1769)

6592 ـ عَنْ جَابِرٍ أَنَّهُ قَالَ رُمِيَ يَوْمَ الْأَحْزَابِ سَعْدُ بْنُ مُعَاذٍ فَقَطَعُوا أَكْحَلَهُ أَوْ أَبْجَلَهُ فَحَسَمَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالنارِ فَانْتَفَخَتْ يَدُهُ فَتَرَكَهُ فَنَزَفَهُ الدمُ فَحَسَمَهُ أُخْرَى فَانْتَفَخَتْ يَدُهُ فَلَما رَأَى ذَلِكَ قَالَ اللهُم لَا تُخْرِجْ نَفْسِي حَتى تُقِر عَيْنِي مِنْ بَنِي قُرَيْظَةَ فَاسْتَمْسَكَ عِرْقُهُ فَمَا قَطَرَ قَطْرَةً حَتى نَزَلُوا عَلَى حُكْمِ سَعْدِ بْنِ مُعَاذٍ فَأَرْسَلَ إِلَيْهِ فَحَكَمَ أَنْ يُقْتَلَ رِجَالُهُمْ وَيُسْتَحْيَا نِسَاؤُهُمْ يَسْتَعِينُ بِهِن الْمُسْلِمُونَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَصَبْتَ حُكْمَ اللهِ فِيهِمْ وَكَانُوا أَرْبَعَ مِائَةٍ فَلَما فَرَغَ مِنْ قَتْلِهِمْ انْفَتَقَ عِرْقُهُ فَمَاتَ.

6592 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەھزاب غازىتىدا سەئد ئىبنى مۇئازغا ئوق تېگىپ، بىلىكىدىكى چوڭ تومۇرنى ئۈزىۋەتتى. (قان توختىماي ئاققانلىقى ئۈچۈن) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ يارىسىنى ئوتتا داغلىدى. ئەمما سەئدنىڭ قولى ئىششىپ كەتكەچكە، داغلاشتىن توختىدى. قان يەنە ئېقىشقا باشلىغان ئىدى، ئۇنى يەنە بىر قېتىم داغلىدى، قولى يەنە ئىششىپ كەتتى. سەئد بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:

ــ ئى الله! بەنى قۇرەيزە ھەققىدە كۆڭلۈم تىنجىماي تۇرۇپ كۆزۈمنى يۇمدۇرمىغىن، ـ دەپ دۇئا قىلىۋىدى، قان توختاپ قالدى ۋە بەنى قۇرەيزە ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغۇچە بىر تامچىمۇ ئاقمىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆكۈم قىلىش ئىختىيارلىقىنى ئۇنىڭغا بەرگەنىدى، ئۇ:

ـ بەنى قۇرەيزەنىڭ ئەرلىرى ئۆلتۈرۈلسۇن. ئاياللىرى ئەسىر ئېلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىگە سېلىنسۇن، ـ دەپ ھۆكۈم

قىلدى، (بۇ ھۆكۈمنى ئاڭلىغان) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئاللاھنىڭ ئۇلارغا چىقارغان ھۆكمىنى بەردىڭ، ـ دېدى. ئۇلار جەمئىي 400 كىشى بولۇپ، ھەممىسى قەتلى قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، سەئدنىڭ يارىسى ئېچىلىپ، قانسىراپ ئۆلۈپ كەتتى[1].

(تىرمىزى: 1582)

6593 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ النبي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ الْأَحْزَابِ لَا يُصَلِّين أَحَدٌ الْعَصْرَ إِلا فِي بَنِي قُرَيْظَةَ فَأَدْرَكَ بَعْضُهُمْ الْعَصْرَ فِي الطرِيقِ فَقَالَ بَعْضُهُمْ لَا نُصَلي حَتى نَأْتِيَهَا وَقَالَ بَعْضُهُمْ بَلْ نُصَلي لَمْ يُرِدْ مِنا ذَلِكَ فَذُكِرَ ذَلِكَ لِلنبِي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ يُعَنفْ وَاحِدًا مِنْهُمْ.

6593 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەھزاب (خەندەك) غازىتىدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھەممەيلەن ئەسىر نامىزىنى بەنى قۇرەيزەدە ئوقۇسۇن! ـ دەپ بۇيرۇق بەردى. قوشۇن يولدا كېتىۋاتقاندا، ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كىردى. بەزىلەر:

ـــ ئۇ يەرگە بارمىغىچە ئوقۇمايمىز، ـ دېيىشتى، يەنە بىر قىسمى:

ـــ ياق، ئوقۇيمىز. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەنزىلگە تېز يېتىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن شۇنداق دېگەنىدى، ـ دېيىشتى. كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى، لېكىن ھېچكىمگە كايىمىدى.

(بۇخارى: 4119)

---

[1] ئەلبانى (1287): سەھىھ ـ دېگەن.

6594 ـ عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَأَني أَنظُرُ إلَى الْغُبَارِ سَاطِعًا فِي زُقَاقِ بَنِي غَنْمٍ مَوْكِبَ جِبْرِيلَ صَلَوَاتُ اللهِ عَلَيْهِ حِينَ سَارَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إلَى بَنِي قُرَيظَةَ.

6594 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى قۇرەيزەگە جىبرىئىلنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرگە يۈرۈش قىلغاندا بەنى غەنم كوچىسىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزاڭ ھېلىمۇ ئېسىمدە.

(بۇخارى: 4118)

6595 ـ عن أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ نَزَلَ أَهْلُ قُرَيظَةَ عَلَى حُكْمِ سَعْدِ بْنِ مُعَاذٍ فَأَرْسَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إلَى سَعْدٍ فَأَتَى عَلَى حِمَارٍ فَلَما دَنَا مِنْ الْمَسْجِدِ قَالَ لِلْأَنصَارِ قُومُوا إلَى سَيدِكُمْ أَوْ خَيْرِكُمْ فَقَالَ هَؤُلَاءِ نَزَلُوا عَلَى حُكْمِكَ فَقَالَ تَقْتُلُ مُقَاتِلَتَهُمْ وَتَسْبِي ذَرَارِيهُمْ قَالَ قَضَيْتَ بِحُكْمِ اللهِ وَرُبمَا قَالَ بِحُكْمِ الْمَلِكِ.

6595 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەنى قۇرەيزەلىكلەر سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ ھۆكمىگە رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئدنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ ئېشەككە مىنىپ كەلدى. مەسجىدكە يېقىن كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارىلارغا:

ـ قېنى، خوجاڭلار ئۈچۈن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار! ـ دېدى. ئاندىن سەئدكە:

ـ ئۇلار سېنىڭ ھۆكمىڭگە رازى بولىدىغان بولدى، ـ دېدى. سەئد:

ـ ئۇرۇشقا يارايدىغانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بالا ـ چاقىلىرىنى ئەسىر ئېلىشقا ھۆكۈم قىلىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇلارغا اللهنىڭ ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم چىقاردىڭ، ـ دېدى.
(بۇخارى: 4121)

6596 ـ عَنْ عَطِيةَ الْقُرَظِي قَالَ عُرِضْنَا عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ قُرَيْظَةَ فَكَانَ مَنْ أَنْبتَ قُتِلَ وَمَنْ لَمْ يُنْبِتْ خُلِيَ سَبِيلُهُ فَكُنْتُ مِمنْ لَمْ يُنْبِتْ فَخُلِيَ سَبِيلِي.

6596 ـ ئەتىييە قۇرەزىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قۇرەيزە غازىتى كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدۇق. ئەۋرىتىگە تۈك ئۈنگەنلەر ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۈنمىگەنلەر ئۆلتۈرۈلمەيتتى. مەن تېخى تۈك ئۈنمىگەنلەردىن ئىدىم، شۇڭا قويۇۋېتىلدىم[1].
(تىرمىزى: 1584)

6597 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ لَمْ يُقْتَلْ مِنْ نِسَائِهِمْ تَعْنِي بَنِي قُرَيْظَةَ إِلا امْرَأَةٌ إِنهَا لَعِنْدِي تُحَدثُ تَضْحَكُ ظَهْرًا وَبَطْنًا وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْتُلُ رِجَالَهُمْ بِالسيُوفِ إِذْ هَتَفَ هَاتِفٌ بِاسْمِهَا أَيْنَ فُلَانَةُ قَالَتْ أَنَا قُلْتُ وَمَا شَأْنُكِ قَالَتْ حَدَثٌ أَحْدَثْتُهُ قَالَتْ فَانْطَلَقَ بِهَا فَضُرِبَتْ عُنُقُهَا فَمَا أَنْسَى عَجَبًا مِنْهَا أَنهَا تَضْحَكُ ظَهْرًا وَبَطْنًا وَقَدْ عَلِمَتْ أَنهَا تُقْتَلُ.

6597 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەنى قۇرەيزەنىڭ ئاياللىرىدىن پەقەت بىرسىلا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ ئايال مېنىڭ يېنىمدا تۇراتتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىۋاتسا، ئۇ ئايال ئىچ ـ ئىچىدىن توختىماي كۈلەتتى. ئۇشتۇمتۇت بىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ:
ــ پالانى ئايال قېنى؟ ـ دەپ چاقىرىپ قالدى. ئۇ ئايال:
ــ مانا مەن، ـ دېدى.

[1] ئەلبانى (1288): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ نېمە ئىش بولدى؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ ئايال:

ــ مەن بىر ئىش سادىر قىلىپ قويغانىدىم، ـ دېدى.

ئۇ ئايال ئېلىپ كېتىلىپ كاللىسى ئېلىندى. مەن بۇ ئايالنىڭ ھەيران قالارلىق ئىشىنى ھېچ ئۇنتۇمايمەن، ئۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىچ ـ ئىچىدىن توختىماي كۈلەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2671)

6598 ـ وعن عائشة قالت كان الزبير رجلا أعمى فقال ثابت بن قيس بن شماس لرسول الله ﷺ إن الزبير مر علي يوم بعاث فأعتقني فهبه لي أجزه به فقال هو لك فقال للزبير هل تعرفني قال نعم أنت ثابت قال إني أمن عليك كما مننت علي يوم بعاث قال هل تنفعني أين أهلي فرجع إلى رسول الله ﷺ فقال هب لي أهله قال فوهب له أهله قال فأتاه فأخبره أن رسول الله ﷺ قد رد له أهله قال يا بن أخي ما ينفعني أن نعيش أجسادا أين المال فرجع إلى رسول الله ﷺ فقال يا رسول الله هب لي ماله قال ولك ماله فرجع إليه فقال إن رسول الله ﷺ قد رد مالك وقد أراد الله تعالى بك خيرا فقال يا بن أخي ما فعل حيي بن أخطب سيد الحاضر والبادي قال قد قتل قال يا بن أخي ما فعل زيد بن بوطا حامية اليهود قال قد قتل قال يا بن أخي ما فعل كعب بن أشطا الذي تظل عذارى الحي يتعجبن من حسنه قال قتل قال ما فعل اللسان قال هما كأمس الذاهب قال فما بيني وبين لقاء الأحبة إلا كإفراغ الدلو أسألك بيدي عليك إلا ألحقتني بالقوم قال فقتله.

6598 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: زۇبەير ئەما كىشى ئىدى. سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ بۇئاس جېڭى بولغاندا، زۇبەير ماڭا ياخشىلىق قىلغانىدى. سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنى ماڭا بېغىشلىغىن، مەن ئۇنى ئازاد

[1] ئەلبانى (2325): ھەسەن، ـ دېگەن.

قىلىپ، (شۇ ياخشىلىقىنىڭ) ھەققىنى ئادا قىلاي، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ماقۇل، ئۇ سېنىڭ بولسۇن، ـ دېدى. سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زۇبەيردىن:

ــ مېنى تونۇمسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ ھەئە، سەن سابىت، ـ دەپ جاۋاب بەردى، سابىت:

ــ بۇئاس جېڭىدە ماڭا ياخشىلىق قىلغانىدىڭ، ھازىر شۇ ياخشىلىقىڭنى قايتۇرماقچىمەن، ـ دېدى. زۇبەير:

ــ بالا ـ چاقىلىرىمچۇ؟ ـ دەپ سورىدى. سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇبەيرنىڭ بالىلىرىنىمۇ قويۇپ بەردى. زۇبەير يەنە:

ــ پۇل ـ مالسىز ياشىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ـ دېدى. سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ــ (ئى رەسۇلۇللاھ!) مېنىڭ يۈز ـ خاتىرەم ئۈچۈن ئۇنىڭ مال ــ دۇنياسىنى قايتۇرۇپ بەرگەن بولساڭ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنىڭ مال ــ دۇنياسىنىمۇ ئالغىن! ــ دېدى. سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زۇبەيرنىڭ قېشىغا قايتىپ، ئەھۋالنى ئېيتقانىدى، زۇبەير:

ــ ئى جىيەنىم! ھۆيەي ئىبنى ئەختەب قېنى؟ ـ دەپ سورىدى. سابىت:

ــ ئۆلتۈرۈلدى، ـ دېدى. زۇبەير:

ــ زەيد ئىبنى بۇتا، كەئب ئىبنى ئەشتا...؟ ـ دەپ بىر ـ بىرلەپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر بىرىنىڭ ئىسمى ئاتالغاندا:

ــ ئۆلدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. زۇبەير:

ــ شۇ دوستلىرىم بىلەن ئۇچرىشىشىمغا پەقەت بىر نەچچە مىنۇتلا قالدى. ساڭا قىلغان ياخشىلىقىمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن سەندىن ئىلتىماس قىلىمەنكى، مېنىمۇ شۇلارنىڭ يېنىغا يوللىۋەت! ـ دېدى، شۇنىڭ بىلەن، سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتى[①].

(«ئەلئەۋسەت»: 8226)

[①] ھەيسەمى (10169): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسا ئىبنى ئۇبەيدە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

## زاتۇررىقائ، بەنى مۇستەلىق ۋە ئەنمار غازاتلىرى

6599 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي غَزْوَةٍ وَنَحْنُ سِتةُ نَفَرٍ بَيْنَنَا بَعِيرٌ نَعْتَقِبُهُ فَنَقِبَتْ أَقْدَامُنَا وَنَقِبَتْ قَدَمَايَ وَسَقَطَتْ أَظْفَارِي وَكُنا نَلُف عَلَى أَرْجُلِنَا الْخِرَقَ فَسُميَتْ غَزْوَةَ ذَاتِ الرقَاعِ لِمَا كُنا نَعْصِبُ مِنْ الْخِرَقِ عَلَى أَرْجُلِنَا وَحَدثَ أَبُو مُوسَى بِهَذَا ثُم كَرِهَ ذَاكَ قَالَ مَا كُنْتُ أَصْنَعُ بِأَنْ أَذْكُرَهُ كَأَنهُ كَرِهَ أَنْ يَكُونَ شَيْءٌ مِنْ عَمَلِهِ أَفْشَاهُ.

6599 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېدى: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە غازاتقا چىقتۇق. ئالتە كىشى بىر تۆگىنى نۆۋەتلىشىپ مىنەتتۇق. پۇتلىرىمىز تېشىلىشكە باشلىدى. مېنىڭ ئىككىلى پۇتۇم تېشىلىپ، تىرناقلىرىم چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پۇتلىرىمىزغا لاتىلارنى يۆگىۋالدۇق. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ غازات زاتۇررىقائ (لاتا ـ پۇتا) غازىتى دەپ ئاتالدى.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنى قايتا سۆزلەپ بېرىشنى ياقتۇرماي:

— بۇندىن كېيىن (بۇنى ھېچكىمگە) سۆزلەپ بەرمەيمەن، ـ دېدى. ئۇ، قىلغان ئەمىلىنى باشقىلارغا يېيىپ يۈرۈشنى ياقتۇرمىغاندەك قىلاتتى.

(بۇخارى: 4128)

6600 ـ عَنْ جَابِرٍ: خَرَجَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى ذَاتِ الرقَاعِ مِنْ نَخْلٍ فَلَقِيَ جَمْعًا مِنْ غَطَفَانَ فَلَمْ يَكُنْ قِتَالٌ وَأَخَافَ الناسُ بَعْضُهُمْ بَعْضًا فَصَلى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَكْعَتَيْ الْخَوْفِ.

6600 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (مەدىنىدىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى) نەخلە دېگەن جايدىن زاتۇررىقائغا چىقىپ، غەتەفان قوشۇنىغا ئۇچرىشىپ قالدى. گەرچە ئۇرۇش بولمىغان بولسىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى قورقۇتۇشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى رەكئەت خەۋپ نامىزى ئوقۇدى.

(بۇخارى: 4127)

6601 ـ وفي رواية عن أبي مُوسَى: أن جَابِرًا حَدثَهُمْ أن النبي ﷺ صلى بِهِمْ يوم مُحَارِبٍ وَثَعْلَبَةَ.

6601 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇھارىب ۋە سەئلەبە غازىتى بولغان كۈنى ئۇلارغا خەۋپ نامىزى ئوقۇپ بەرگەنىكەن.

(بۇخارى: 4126)

6602 ـ البخاري: هِيَ بَعْدَ خَيْبَرَ لِأَن أَبَا مُوسَى جاء بَعْدَ خَيْبَرَ. وقال أبو هُرَيْرَةَ صَلَّيْتُ مع النبي ﷺ في غَزْوَةِ نَجْدٍ صَلَاةَ الْخَوْفِ وَإِنمَا جاء أبو هُرَيْرَةَ إلى النبي ﷺ أَيامَ خَيْبَرَ.

6602 ـ ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: زاتۇررىقائ غازىتى خەيبەر غازىتىدىن كېيىن بولغان، چۈنكى ئەبۇ مۇسا خەيبەر غازىتىدىن كېيىن كەلگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: نەجد غازىتىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن خەۋپ نامىزى ئوقۇدۇم، ـ دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا خەيبەر غازىتى بولغان كۈنلەردە كەلگەندى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

6603 ـ عن مُحَمدِ بن إِسْحَاقَ، أسنده: بَلَغَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أن بني الْمُصْطَلِقِ يَجْمَعُونَ له وَقَائِدُهُمُ الْحَارِثُ بن أبي ضِرَارٍ أبو جُوَيْرِيَةَ بنتِ الْحَارِثِ زَوْجِ النبي صلى اللهُ عليه وسلم فلما سمع بِهِمْ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم خَرَجَ إِلَيْهِمْ حتى لَقِيَهُمْ على مَاءٍ لهم يُقَالُ له الْمُرَيْسِيعُ من نَاحِيَةِ قُدَيْدٍ إلى الساحِلِ فَتَزَاحَمَ الناس وَاقْتَتَلُوا فَهَزَمَ اللهُ بني الْمُصْطَلِقِ وَقُتِلَ الْحَارِثُ بن أبي ضِرَارٍ أبو جُوَيْرِيَةَ وَقُتِلَ مَن قُتِلَ منهم وَنَفلَ اللهُ رَسُولَهُ أَبْنَاءَهُمْ وَنِسَاءَهُمْ وكان رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أَصَابَ منهم سَبْيًا كَثِيرًا قَسَمَهُ في الْمُسْلِمِينَ وكان فِيمَا أَصَابَ يَوْمَئِذٍ مِنَ النسَاءِ جُوَيْرِيَةُ بنتُ الْحَارِثِ بن أبي ضِرَارٍ سَيدَةُ نِسَاءِ قَوْمِهَا.

6603 ــ ئىبنى ئىسھاقتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى مۇستەلىق قەبىلىسىنىڭ ئۆزىگە قارشى لەشكەر توپلاۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارغا (بولغۇسى ئايالى جۇۋەيرىيەنىڭ دادىسى) ھارىس ئىبنى ئەبۇ زەرارنىڭ قوماندان بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ئۇلارغا لەشكەر تارتىپ چىقتى. ئۇلار قۇدەيد تەرەپتىن ساھىلغا كېتىدىغان جايدىكى مۇرەيسىئ دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇدۇقنىڭ قېشىدا ئۇچرىشىپ قاتتىق ئېلىشتى. ئاخىرىدا، الله تائالا بەنى مۇستەلىق قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلدى. جۇۋەيرىيەنىڭ دادىسى ھارىس بىلەن بىللە نۇرغۇن ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. الله تائالا ئۇلارنىڭ خوتۇن ــ بالىلىرىنى پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاردىن ئېلىنغان ئەسىر ۋە

غەنىمەتلەرنى مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدا (بولغۇسى ئايالى) جۇۋەيرىيەمۇ بار ئىدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 61ـ60/24)

6604 ـ غَزْوَةِ بَنِي الْمُصْطَلِقِ من خُزَاعَةَ وَهِيَ غَزْوَةُ الْمُرَيْسِيعِ قال بن إِسْحَاقَ وَذَلِكَ سَنَةَ سِت وقال مُوسَى بن عُقْبَةَ سَنَةَ أَرْبَعٍ وقال النُّعْمَانُ بن رَاشِدٍ عن الزُّهْرِي كان حَدِيثُ الْإِفْكِ في غَزْوَةِ الْمُرَيْسِيعِ.

6604 ـ ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: بەزى رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئۇرۇش (بەنى مۇستەلىق غازىتى) ھىجرىيەنىڭ 6 ـ يىلى؛ يەنە بەزى رىۋايەتلەرگە كۆرە، ھىجرىيەنىڭ 4 ـ يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، بوھتان چاپلاش ۋەقەسى مۇشۇ قېتىملىق سەپەردە مەيدانغا كەلگەن.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

6605 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ الْأَنصَارِي قَالَ رَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي غَزْوَةِ أَنْمَارٍ يُصَلي عَلَى رَاحِلَتِهِ مُتَوَجهًا قِبَلَ الْمَشْرِقِ مُتَطَوعًا.

6605 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېدى: ئەنمار غازىتىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ شەرق تەرەپكە قاراپ نەپلە ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

(بۇخارى: 4140)

[①] ھەيسەمى (10173): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## ھۆدەيبىيە غازىتى

6606 ـ عَنْ الْمِسْوَرِ بْنِ مَخْرَمَةَ وَمَرْوَانَ يُصَدقُ كُل وَاحِدٍ مِنْهُمَا حَدِيثَ صَاحِبِهِ قَالَا خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ زَمَنَ الْحُدَيْبِيَةِ حَتى إِذَا كَانُوا بِبَعْضِ الطريـ ـقِ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن خَالِدَ بْنَ الْوَلِيدِ بِالْغَمِيمِ فِي خَيْلٍ لِقُرَيْشٍ طَلِيعَةٌ فَخُذُوا ذَاتَ الْيَمِينِ فَوَاللهِ مَا شَعَرَ بِهِمْ خَالِدٌ حَتى إِذَا هُمْ بِقَتَرَةِ الْجَيْشِ فَانْطَلَقَ يَـ ـرْكُضُ نَـ ـذِيرًا لِقُرَيْشٍ وَسَارَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى إِذَا كَانَ بِالثنِيةِ التِي يُهْبَطُ عَلَـ ـيْهِمْ مِنْهَـ ـا بَرَكَتْ بِهِ رَاحِلَتُهُ فَقَالَ الناسُ حَلْ حَلْ فَأَلَحتْ فَقَالُوا خَلَأَتْ الْقَصْوَاءُ خَلَأَتْ الْقَصْوَاءُ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا خَلَأَتْ الْقَصْوَاءُ وَمَا ذَاكَ لَهَا بِخُلُقٍ وَلَكِنْ حَبَسَهَا حَـ ـابِسُ الْفِيلِ ثُم قَالَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَا يَسْأَلُونِي خُطةً يُعَظمُونَ فِيهَا حُرُمَاتِ اللهِ إِلا أَعْطَيْتُهُمْ إِياهَا ثُم زَجَرَهَا فَوَثَبَتْ قَالَ فَعَدَلَ عَنْهُمْ حَتى نَزَلَ بِأَقْصَى الْحُدَيْبِيَةِ عَلَى ثَمَدٍ قَلِيلِ الْمَـ ـاءِ يَتَبَرضُهُ الناسُ تَبَرضًا فَلَمْ يُلَبثْهُ الناسُ حَتى نَزَحُوهُ وَشُكِيَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـ ـهِ وَسَلمَ الْعَطَشُ فَانْتَزَعَ سَهْمًا مِنْ كِنَانَتِهِ ثُم أَمَرَهُمْ أَنْ يَجْعَلُوهُ فِيهِ فَوَاللهِ مَا زَالَ يَجِيشُ لَهُمْ بِالري حَتى صَدَرُوا عَنْهُ فَبَيْنَمَا هُمْ كَذَلِكَ إِذْ جَاءَ بُدَيْلُ بْنُ وَرْقَاءَ الْخُزَاعِي فِي نَفَرٍ مِـ ـنْ قَوْمِهِ مِنْ خُزَاعَةَ وَكَانُوا عَيْبَةَ نُصْحِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ أَهْلِ تِهَامَةَ فَقَالَ إِني تَرَكْتُ كَعْبَ بْنَ لُؤَي وَعَامِرَ بْنَ لُؤَي نَزَلُوا أَعْدَادَ مِيَاهِ الْحُدَيْبِيَـ ـةِ وَمَعَهُـ ـمْ الْعُـ ـوذُ الْمَطَافِيلُ وَهُمْ مُقَاتِلُوكَ وَصَادوكَ عَنْ الْبَيْتِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنا لَمْ نَجِئْ لِقِتَالِ أَحَدٍ وَلَكِنا جِئْنَا مُعْتَمِرِينَ وَإِن قُرَيْشًا قَدْ نَهِكَتْهُمْ الْحَرْبُ وَأَضَرتْ بِهِمْ فَـ ـإِنْ شَاءُوا مَادَدْتُهُمْ مُدةً وَيُخَلوا بَيْنِي وَبَيْنَ الناسِ فَإِنْ أَظْهَرْ فَإِنْ شَاءُوا أَنْ يَدْخُلُوا فِيمَا دَخَـ ـلَ فِيهِ الناسُ فَعَلُوا وَإِلا فَقَدْ جَموا وَإِنْ هُمْ أَبَوْا فَوَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَأُقَاتِلَنهُمْ عَلَى أَمْرِي هَذَا

حَتى تَنْفَرِدَ سَالِفَتِي وَلَيُنْفِذَنَ اللهُ أَمْرَهُ فَقَالَ بُدَيْلٌ سَأُبَلِّغُهُمْ مَا تَقُولُ قَالَ فَانْطَلَقَ حَتى أَتَى قُرَيْشًا قَالَ إِنا قَدْ جِئْنَاكُمْ مِنْ هَذَا الرجُلِ وَسَمِعْنَاهُ يَقُولُ قَوْلًا فَإِنْ شِئْتُمْ أَنْ نَعْرِضَهُ عَلَيْكُمْ فَعَلْنَا فَقَالَ سُفَهَاؤُهُمْ لَا حَاجَةَ لَنَا أَنْ تُخْبِرَنَا عَنْهُ بِشَيْءٍ وَقَالَ ذَوُو الرأْيِ مِنْهُمْ هَاتِ مَا سَمِعْتَهُ يَقُولُ قَالَ سَمِعْتُهُ يَقُولُ كَذَا وَكَذَا فَحَدثَهُمْ بِمَا قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَامَ عُرْوَةُ بْنُ مَسْعُودٍ فَقَالَ أَيْ قَوْمِ أَلَسْتُمْ بِالْوَالِدِ قَالُوا بَلَى قَالَ أَوَلَسْتُ بِالْوَلَدِ قَالُوا بَلَى قَالَ فَهَلْ تَتهِمُونِي قَالُوا لَا قَالَ أَلَسْتُمْ تَعْلَمُونَ أَني اسْتَنْفَرْتُ أَهْلَ عُكَاظَ فَلَما بَلحُوا عَلَي جِئْتُكُمْ بِأَهْلِي وَوَلَدِي وَمَنْ أَطَاعَنِي قَالُوا بَلَى قَالَ فَإِن هَذَا قَدْ عَرَضَ لَكُمْ خُطةَ رُشْدٍ اقْبَلُوهَا وَدَعُونِي آتِيهِ قَالُوا ائْتِهِ فَأَتَاهُ فَجَعَلَ يُكَلمُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَحْوًا مِنْ قَوْلِهِ لِبُدَيْلٍ فَقَالَ عُرْوَةُ عِنْدَ ذَلِكَ أَيْ مُحَمدُ أَرَأَيْتَ إِنْ اسْتَأْصَلْتَ أَمْرَ قَوْمِكَ هَلْ سَمِعْتَ بِأَحَدٍ مِنْ الْعَرَبِ اجْتَاحَ أَهْلَهُ قَبْلَكَ وَإِنْ تَكُنِ الْأُخْرَى فَإِني وَاللهِ لَأَرَى وُجُوهًا وَإِني لَأَرَى أَوْشَابًا مِنْ الناسِ خَلِيقًا أَنْ يَفِروا وَيَدَعُوكَ فَقَالَ لَهُ أَبُو بَكْرٍ الصديقُ امْصُصْ بِبَظْرِ اللاتِ أَنَحْنُ نَفِر عَنْهُ وَنَدَعُهُ فَقَالَ مَنْ ذَا قَالُوا أَبُو بَكْرٍ قَالَ أَمَا وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَوْلَا يَدٌ كَانَتْ لَكَ عِنْدِي لَمْ أَجْزِكَ بِهَا لَأَجَبْتُكَ قَالَ وَجَعَلَ يُكَلمُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكُلمَا تَكَلمَ أَخَذَ بِلِحْيَتِهِ وَالْمُغِيرَةُ بْنُ شُعْبَةَ قَائِمٌ عَلَى رَأْسِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَعَهُ السيْفُ وَعَلَيْهِ الْمِغْفَرُ فَكُلمَا أَهْوَى عُرْوَةُ بِيَدِهِ إِلَى لِحْيَةِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ضَرَبَ يَدَهُ بِنَعْلِ السيْفِ وَقَالَ لَهُ أَخرْ يَدَكَ عَنْ لِحْيَةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَرَفَعَ عُرْوَةُ رَأْسَهُ فَقَالَ مَنْ هَذَا قَالُوا الْمُغِيرَةُ بْنُ شُعْبَةَ فَقَالَ أَيْ غُدَرُ أَلَسْتُ أَسْعَى فِي غَدْرَتِكَ وَكَانَ الْمُغِيرَةُ صَحِبَ قَوْمًا فِي الْجَاهِلِيةِ فَقَتَلَهُمْ وَأَخَذَ أَمْوَالَهُمْ ثُم جَاءَ فَأَسْلَمَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَما الْإِسْلَامَ فَأَقْبَلُ وَأَما الْمَالَ فَلَسْتُ مِنْهُ فِي شَيْءٍ ثُم إِن عُرْوَةَ جَعَلَ يَرْمُقُ أَصْحَابَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِعَيْنَيْهِ قَالَ فَوَاللهِ مَا تَنَخمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نُخَامَةً إِلا وَقَعَتْ فِي كَف رَجُلٍ مِنْهُمْ فَدَلَكَ بِهَا وَجْهَهُ وَجِلْدَهُ وَإِذَا أَمَرَهُمْ ابْتَدَرُوا أَمْرَهُ وَإِذَا تَوَضأَ كَادُوا يَقْتَتِلُونَ عَلَى وَضُوئِهِ وَإِذَا تَكَلمَ خَفَضُوا أَصْوَاتَهُمْ عِنْدَهُ وَمَا يُحِدونَ إِلَيْهِ النظَرَ تَعْظِيمًا لَهُ فَرَجَعَ عُرْوَةُ إِلَى أَصْحَابِهِ فَقَالَ أَيْ قَوْمِ وَاللهِ لَقَدْ وَفَدْتُ عَلَى الْمُلُوكِ وَوَفَدْتُ عَلَى قَيْصَرَ وَكِسْرَى وَالنجَاشِي وَاللهِ إِنْ رَأَيْتُ

مَلِكًا قَطُّ يُعَظِّمُهُ أَصْحَابُهُ مَا يُعَظِّمُ أَصْحَابُ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مُحَمَّدًا وَاللَّهِ إِنْ تَنَخَّمَ نُخَامَةً إِلَّا وَقَعَتْ فِي كَفِّ رَجُلٍ مِنْهُمْ فَدَلَكَ بِهَا وَجْهَهُ وَجِلْدَهُ وَإِذَا أَمَرَهُمْ ابْتَدَرُوا أَمْرَهُ وَإِذَا تَوَضَّأَ كَادُوا يَقْتَتِلُونَ عَلَى وَضُوئِهِ وَإِذَا تَكَلَّمَ خَفَضُوا أَصْوَاتَهُمْ عِنْدَهُ وَمَا يُحِدُّونَ إِلَيْهِ النَّظَرَ تَعْظِيمًا لَهُ وَإِنَّهُ قَدْ عَرَضَ عَلَيْكُمْ خُطَّةَ رُشْدٍ فَاقْبَلُوهَا فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي كِنَانَةَ دَعُونِي آتِيهِ فَقَالُوا ائْتِهِ فَلَمَّا أَشْرَفَ عَلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَصْحَابِهِ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ هَذَا فُلَانٌ وَهُوَ مِنْ قَوْمٍ يُعَظِّمُونَ الْبُدْنَ فَابْعَثُوهَا لَهُ فَبُعِثَتْ لَهُ وَاسْتَقْبَلَهُ النَّاسُ يُلَبُّونَ فَلَمَّا رَأَى ذَلِكَ قَالَ سُبْحَانَ اللَّهِ مَا يَنْبَغِي لِهَؤُلَاءِ أَنْ يُصَدُّوا عَنْ الْبَيْتِ فَلَمَّا رَجَعَ إِلَى أَصْحَابِهِ قَالَ رَأَيْتُ الْبُدْنَ قَدْ قُلِّدَتْ وَأُشْعِرَتْ فَمَا أَرَى أَنْ يُصَدُّوا عَنْ الْبَيْتِ فَقَامَ رَجُلٌ مِنْهُمْ يُقَالُ لَهُ مِكْرَزُ بْنُ حَفْصٍ فَقَالَ دَعُونِي آتِيهِ فَقَالُوا ائْتِهِ فَلَمَّا أَشْرَفَ عَلَيْهِمْ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ هَذَا مِكْرَزٌ وَهُوَ رَجُلٌ فَاجِرٌ فَجَعَلَ يُكَلِّمُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَبَيْنَمَا هُوَ يُكَلِّمُهُ إِذْ جَاءَ سُهَيْلُ بْنُ عَمْرٍو قَالَ مَعْمَرٌ فَأَخْبَرَنِي أَيُّوبُ عَنْ عِكْرِمَةَ أَنَّهُ لَمَّا جَاءَ سُهَيْلُ بْنُ عَمْرٍو قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَقَدْ سَهُلَ لَكُمْ مِنْ أَمْرِكُمْ قَالَ مَعْمَرٌ قَالَ الزُّهْرِيُّ فِي حَدِيثِهِ فَجَاءَ سُهَيْلُ بْنُ عَمْرٍو فَقَالَ هَاتِ اكْتُبْ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ كِتَابًا فَدَعَا النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْكَاتِبَ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ قَالَ سُهَيْلٌ أَمَّا الرَّحْمَنُ فَوَاللَّهِ مَا أَدْرِي مَا هُوَ وَلَكِنْ اكْتُبْ بِاسْمِكَ اللَّهُمَّ كَمَا كُنْتَ تَكْتُبُ فَقَالَ الْمُسْلِمُونَ وَاللَّهِ لَا نَكْتُبُهَا إِلَّا بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اكْتُبْ بِاسْمِكَ اللَّهُمَّ ثُمَّ قَالَ هَذَا مَا قَاضَى عَلَيْهِ مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللَّهِ فَقَالَ سُهَيْلٌ وَاللَّهِ لَوْ كُنَّا نَعْلَمُ أَنَّكَ رَسُولُ اللَّهِ مَا صَدَدْنَاكَ عَنْ الْبَيْتِ وَلَا قَاتَلْنَاكَ وَلَكِنْ اكْتُبْ مُحَمَّدُ بْنُ عَبْدِ اللَّهِ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَاللَّهِ إِنِّي لَرَسُولُ اللَّهِ وَإِنْ كَذَّبْتُمُونِي اكْتُبْ مُحَمَّدُ بْنُ عَبْدِ اللَّهِ قَالَ الزُّهْرِيُّ وَذَلِكَ لِقَوْلِهِ لَا يَسْأَلُونِي خُطَّةً يُعَظِّمُونَ فِيهَا حُرُمَاتِ اللَّهِ إِلَّا أَعْطَيْتُهُمْ إِيَّاهَا فَقَالَ لَهُ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَى أَنْ تُخَلُّوا بَيْنَنَا وَبَيْنَ الْبَيْتِ فَنَطُوفَ بِهِ فَقَالَ سُهَيْلٌ وَاللَّهِ لَا تَتَحَدَّثُ الْعَرَبُ أَنَّا أُخِذْنَا ضُغْطَةً وَلَكِنْ ذَلِكَ مِنْ الْعَامِ الْمُقْبِلِ فَكَتَبَ فَقَالَ سُهَيْلٌ وَعَلَى أَنَّهُ لَا يَأْتِيكَ مِنَّا رَجُلٌ وَإِنْ كَانَ عَلَى دِينِكَ إِلَّا رَدَدْتَهُ إِلَيْنَا قَالَ الْمُسْلِمُونَ سُبْحَانَ اللَّهِ كَيْفَ يُرَدُّ إِلَى الْمُشْرِكِينَ وَقَدْ جَاءَ

مُسْلِمًا فَبَيْنَمَا هُمْ كَذَلِكَ إِذْ دَخَلَ أَبُو جَنْدَلِ بْنُ سُهَيْلِ بْنِ عَمْرٍو يَرْسُفُ فِي قُيُودِهِ وَقَدْ خَرَجَ مِنْ أَسْفَلِ مَكَةَ حَتى رَمَى بِنَفْسِهِ بَيْنَ أَظْهُرِ الْمُسْلِمِينَ فَقَالَ سُهَيْلٌ هَذَا يَا مُحَمدُ أَولُ مَا أُقَاضِيكَ عَلَيْهِ أَنْ تَرُدهُ إِلَي فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنا لَمْ نَقْضِ الْكِتَابَ بَعْدُ قَالَ فَوَاللهِ إِذًا لَمْ أُصَالِحْكَ عَلَى شَيْءٍ أَبَدًا قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَجِزْهُ لِي قَالَ مَا أَنَا بِمُجِيزِهِ لَكَ قَالَ بَلَى فَافْعَلْ قَالَ مَا أَنَا بِفَاعِلٍ قَالَ مِكْرَزٌ بَلْ قَدْ أَجَزْنَاهُ لَكَ قَالَ أَبُو جَنْدَلٍ أَيْ مَعْشَرَ الْمُسْلِمِينَ أُرَد إِلَى الْمُشْرِكِينَ وَقَدْ جِئْتُ مُسْلِمًا أَلَا تَرَوْنَ مَا قَدْ لَقِيتُ وَكَانَ قَدْ عُذبَ عَذَابًا شَدِيدًا فِي اللهِ قَالَ فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ فَأَتَيْتُ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ أَلَسْتَ نَبِي اللهِ حَقا قَالَ بَلَى قُلْتُ أَلَسْنَا عَلَى الْحَق وَعَدُونَا عَلَى الْبَاطِلِ قَالَ بَلَى قُلْتُ فَلِمَ نُعْطِي الدنِيةَ فِي دِينِنَا إِذًا قَالَ إِني رَسُولُ اللهِ وَلَسْتُ أَعْصِيهِ وَهُوَ نَاصِرِي قُلْتُ أَوَلَيْسَ كُنْتَ تُحَدثُنَا أَنا سَنَأْتِي الْبَيْتَ فَنَطُوفُ بِهِ قَالَ بَلَى فَأَخْبَرْتُكَ أَنا نَأْتِيهِ الْعَامَ قَالَ قُلْتُ لَا قَالَ فَإِنكَ آتِيهِ وَمُطوفٌ بِهِ قَالَ فَأَتَيْتُ أَبَا بَكْرٍ فَقُلْتُ يَا أَبَا بَكْرٍ أَلَيْسَ هَذَا نَبِي اللهِ حَقا قَالَ بَلَى قُلْتُ أَلَسْنَا عَلَى الْحَق وَعَدُونَا عَلَى الْبَاطِلِ قَالَ بَلَى قُلْتُ فَلِمَ نُعْطِي الدنِيةَ فِي دِينِنَا إِذًا قَالَ أَيهَا الرجُلُ إِنهُ لَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَيْسَ يَعْصِي رَبهُ وَهُوَ نَاصِرُهُ فَاسْتَمْسِكْ بِغَرْزِهِ فَوَاللهِ إِنهُ عَلَى الْحَق قُلْتُ أَلَيْسَ كَانَ يُحَدثُنَا أَنا سَنَأْتِي الْبَيْتَ وَنَطُوفُ بِهِ قَالَ بَلَى أَفَأَخْبَرَكَ أَنكَ تَأْتِيهِ الْعَامَ قُلْتُ لَا قَالَ فَإِنكَ آتِيهِ وَمُطوفٌ بِهِ قَالَ الزهْرِي قَالَ عُمَرُ فَعَمِلْتُ لِذَلِكَ أَعْمَالًا قَالَ فَلَما فَرَغَ مِنْ قَضِيةِ الْكِتَابِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَصْحَابِهِ قُومُوا فَانْحَرُوا ثُم احْلِقُوا قَالَ فَوَاللهِ مَا قَامَ مِنْهُمْ رَجُلٌ حَتى قَالَ ذَلِكَ ثَلَاثَ مَراتٍ فَلَما لَمْ يَقُمْ مِنْهُمْ أَحَدٌ دَخَلَ عَلَى أُم سَلَمَةَ فَذَكَرَ لَهَا مَا لَقِيَ مِنْ الناسِ فَقَالَتْ أُم سَلَمَةَ يَا نَبِي اللهِ أَتُحِب ذَلِكَ اخْرُجْ ثُم لَا تُكَلمْ أَحَدًا مِنْهُمْ كَلِمَةً حَتى تَنْحَرَ بُدْنَكَ وَتَدْعُوَ حَالِقَكَ فَيَحْلِقَكَ فَخَرَجَ فَلَمْ يُكَلمْ أَحَدًا مِنْهُمْ حَتى فَعَلَ ذَلِكَ نَحَرَ بُدْنَهُ وَدَعَا حَالِقَهُ فَحَلَقَهُ فَلَما رَأَوْا ذَلِكَ قَامُوا فَنَحَرُوا وَجَعَلَ بَعْضُهُمْ يَحْلِقُ بَعْضًا حَتى كَادَ بَعْضُهُمْ يَقْتُلُ بَعْضًا غَما ثُم جَاءَهُ نِسْوَةٌ مُؤْمِنَاتٌ فَأَنْزَلَ اللهُ تَعَالَى يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا إِذَا جَاءَكُمْ الْمُؤْمِنَاتُ مُهَاجِرَاتٍ فَامْتَحِنُوهُن حَتى بَلَغَ بِعِصَمِ الْكَوَافِرِ فَطَلَقَ عُمَرُ يَوْمَئِذٍ امْرَأَتَيْنِ كَانَتَا لَهُ فِي الشرْكِ فَتَزَوجَ إِحْدَاهُمَا مُعَاوِيَةُ بْنُ أَبِي سُفْيَانَ وَالْأُخْرَى صَفْوَانُ بْنُ أُمَيةَ ثُم

رَجَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْمَدِينَةِ فَجَاءَهُ أَبُو بَصِيرٍ رَجُلٌ مِنْ قُرَيْشٍ وَهُوَ مُسْلِمٌ فَأَرْسَلُوا فِي طَلَبِهِ رَجُلَيْنِ فَقَالُوا الْعَهْدَ الذِي جَعَلْتَ لَنَا فَدَفَعَهُ إِلَى الرجُلَيْنِ فَخَرَجَا بِهِ حَتى بَلَغَا ذَا الْحُلَيْفَةِ فَنَزَلُوا يَأْكُلُونَ مِنْ تَمْرٍ لَهُمْ فَقَالَ أَبُو بَصِيرٍ لِأَحَدِ الرجُلَيْنِ وَاللهِ إِني لَأَرَى سَيْفَكَ هَذَا يَا فُلَانُ جَيدًا فَاسْتَلهُ الْآخَرُ فَقَالَ أَجَلْ وَاللهِ إِنهُ لَجَيدٌ لَقَدْ جَربْتُ بِهِ ثُم جَربْتُ فَقَالَ أَبُو بَصِيرٍ أَرِنِي أَنْظُرْ إِلَيْهِ فَأَمْكَنَهُ مِنْهُ فَضَرَبَهُ حَتى بَرَدَ وَفَر الْآخَرُ حَتى أَتَى الْمَدِينَةَ فَدَخَلَ الْمَسْجِدَ يَعْدُو فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ رَآهُ لَقَدْ رَأَى هَذَا ذُعْرًا فَلَما انْتَهَى إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قُتِلَ وَاللهِ صَاحِبِي وَإِني لَمَقْتُولٌ فَجَاءَ أَبُو بَصِيرٍ فَقَالَ يَا نَبِي اللهِ قَدْ وَاللهِ أَوْفَى اللهُ ذِمتَكَ قَدْ رَدَدْتَنِي إِلَيْهِمْ ثُم أَنْجَانِي اللهُ مِنْهُمْ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَيْلُ أُمهِ مِسْعَرَ حَرْبٍ لَوْ كَانَ لَهُ أَحَدٌ فَلَما سَمِعَ ذَلِكَ عَرَفَ أَنهُ سَيَرُدهُ إِلَيْهِمْ فَخَرَجَ حَتى أَتَى سِيفَ الْبَحْرِ قَالَ وَيَنْفَلِتُ مِنْهُمْ أَبُو جَنْدَلِ بْنُ سُهَيْلٍ فَلَحِقَ بِأَبِي بَصِيرٍ فَجَعَلَ لَا يَخْرُجُ مِنْ قُرَيْشٍ رَجُلٌ قَدْ أَسْلَمَ إِلا لَحِقَ بِأَبِي بَصِيرٍ حَتى اجْتَمَعَتْ مِنْهُمْ عِصَابَةٌ فَوَاللهِ مَا يَسْمَعُونَ بِعِيرٍ خَرَجَتْ لِقُرَيْشٍ إِلَى الشأْمِ إِلا اعْتَرَضُوا لَهَا فَقَتَلُوهُمْ وَأَخَذُوا أَمْوَالَهُمْ فَأَرْسَلَتْ قُرَيْشٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تُنَاشِدُهُ بِاللهِ وَالرحِمِ لَما أَرْسَلَ فَمَنْ أَتَاهُ فَهُوَ آمِنٌ فَأَرْسَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَيْهِمْ فَأَنْزَلَ اللهُ تَعَالَى وَهُوَ الذِي كَف أَيْدِيَهُمْ عَنْكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ عَنْهُمْ بِبَطْنِ مَكةَ مِنْ بَعْدِ أَنْ أَظْفَرَكُمْ عَلَيْهِمْ حَتى بَلَغَ الْحَمِيةَ حَمِيةَ الْجَاهِلِيةِ وَكَانَتْ حَمِيتُهُمْ أَنهُمْ لَمْ يُقِروا أَنهُ نَبِي اللهِ وَلَمْ يُقِروا بِبِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ وَحَالُوا بَيْنَهُمْ وَبَيْنَ الْبَيْتِ.

6606 ــ مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە بىلەن مەرۋاندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھۆدەيبىيە يىلى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلار بىلەن مەدىنىدىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. يولنىڭ بىر قىسمىنى بېسىپ بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قۇرەيشنىڭ خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىقىدىكى رازۋېتكا ئەترىتى غەمىم دېگەن جايدا بىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. شۇڭا ئوڭ تەرەپنى بېسىپ مېڭىڭلار! ـ دېدى. اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، خالىد

مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ ئايىغىدىن چىققان چاڭ ـ توزانلارنى كۆرگەندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى سېزىپ، ئېتىنى دېۋىتكىنىچە قورەيشنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن چاپتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردىن خاتىرجەم ئۆتۈپ، تۆۋەنگە چۈشىدىغان داۋانغا كەلگەندە، تۆگىسى چۆكۈۋالدى. كىشىلەر تۆگىنى قوپۇرۇش ئۈچۈن:

ــ چۇھ، چۇھ! ـ دەپ باققان بولسىمۇ، تۆگە قوپمىدى. ئۇلار:

ــ قەسۋائ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنىڭ ئىسمى) كاجلىق قىلىۋاتىدۇ، ـ دېيىشتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ قەسۋائ كاجلىق قىلمىدى، ئۇنىڭ بۇنداق ئادىتى يوق. بەلكى ئۇنى مەككىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان پىلنى توختىتىپ قويغان زات (الله) توختاتتى، ـ دېدى، ئاندىن:

ـــ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇلار الله بېكىتكەن چەك ـ چېگرالارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلايدىغان (يەنى مەككىدە قان تۆكۈلمەيدىغان) ھەر قانداق بىر پىلاننى ئوتتۇرىغا قويسا، مەن چوقۇم ئۇلارنىڭ پىلانىغا قوشۇلىمەن، ـ دېدى. ئاندىن تۆگىسىنى دېۋىتكەنىدى، تۆگە سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇلار ئۇ يەردىن يۆتكىلىپ، ھۇدەيبىيەنىڭ بىر چېتىدىكى ئازغىنا سۈيى بار بىر قۇدۇقنىڭ قېشىغا چۈشتى. كىشىلەر سۇنى ئاز ـ ئازدىن ئېلىپ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، سۇ تېزلا تۈگەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇسسۇزلۇقتىن شىكايەت قىلغىلى تۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساداقتىن بىر تال ئوقنى چىقىرىپ، قۇدۇققا سانجىشقا بۇيرىدى. مۇسۇلمانلار شۇنداق قىلىۋېدى، سۇ ئېتىلىپ چىقتى، ھەممەيلەن سۇدىن قانغىچە ئىچتى.

شۇ ئەسنادا، بۇدەيل ئىبنى ۋەرقا ئۆز قەۋمى خۇزائەدىن بىر قانچە ھەمراھلىرى بىلەن بىللە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار تىھامە خەلقى ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنچ باغلايدىغان كىشىلەر ئىدى. بۇدەيل:

— مەن كەئب ئىبنى لۇئەي ۋە ئامىر ئىبنى لۇئەيلەرنى ئۇچراتتىم. ئۇلار بوتىلاقلىق تۆگىلەرنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى بىللە ئېلىپ چىقىپ، سۇ بويلىرىغا ئورۇنلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى سىلەر بىلەن ئېلىشىپ، سىلەرنى بەيتۇللاھقا كىرىشتىن قەتئىي توسۇش ئىكەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بىز ھېچكىم بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلمىدۇق، بەلكى ئۇمرە قىلغىلى كەلدۇق. ئۇلار خالىسا، مەن كېلىشىم تۈزىمەن. ئۇرۇش ھەقىقەتەن قۇرەيشنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، ئۇلار نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئايرىلدى. شۇڭا ئەگەر ئۇلار خالىسا، مەن ئۇلار بىلەن تىنچلىق (بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىق ھەققىدە) كېلىشىم تۈزىمەن. ئەگەر مەن دەۋەت ئىشلىرىمدا غەلىبە قىلسام ۋە ئۇلار كىشىلەر كىرىۋاتقان ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالىسا، ئىسلامغا كىرسۇن. ئەگەر مەن دەۋەت ئىشلىرىمدا غەلىبە قىلمىغان تەقدىردىمۇ (غەلىبە قىلالماسلىقىم مۇمكىن ئەمەس)، (ھېچ بولمىغاندا ئۇلار توختام مۇددىتى ئىچىدە) ئۇرۇشنىڭ جاپاسىدىن قۇتۇلۇپ ئارام ئېلىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار كېلىشىم تۈزۈشكە ئۇنىمىسا، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ئىشىم (دىنىم) ئۈچۈن كاللام كەتكىچە ئېلىشىمەن. اللە ئۆزىنىڭ دىنىنى چوقۇم ھۆكۈمران قىلىدۇ، ـ دېدى. بۇدەيل:

— سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئۇلارغا دەرھال يەتكۈزىمەن، ـ دەپ ماڭدى. ئۇ قۇرەيشلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بىز سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا ئۇ ئادەمنىڭ قېشىدىن (پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى دېمەكچى) كەلدۇق. بىز ئۇنىڭدىن بىر مۇنچە سۆزلەرنى ئاڭلىدۇق. ئەگەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دەپ بېرىشىمنى خالىساڭلار، سۆزلەپ بېرىمەن، - دېدى. ئۇلارنىڭ تەنتەكلىرى:

- ئۇنىڭدىن بىزگە خەۋەر يەتكۈزىشىڭنىڭ نېمە هاجىتى؟ - دېدى. لېكىن ئەقلى - هوشى جايىدا كىشىلىرى:

- قېنى ئېيتقىن! - دېدى. بۇدەيل ئۇلارغا پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرىنى بىرمۇ بىر يەتكۈزدى. ئۇنىڭ سۆزى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇرۋە:

- ئى قۇرەيش خەلقى! مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار. ئۇ سىلەرگە ياخشى تەكلىپ بېرىپتۇ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىڭلار. ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار، مەن ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي، - دېدى، ئۇلار:

— بولىدۇ، بېرىپ كەلگىن! — دېيىشتى. ئۇرۋە پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا بۇدەيلگە قىلغاندەك سۆزلەرنى قىلدى. ئۇرۋە:

— ئى مۇهەممەد! سەن قەۋمىڭنى پۈتۈنلەي يوقۇتىۋەتسەڭ، ئېيتقىنە، بۇ ياخشى بولامدۇ؟ سەن ئەرەبلەردىن بىرەرسىنىڭ سەندىن بۇرۇن ئۆز قەۋمىنى يوقىتىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئىش ئەكسىچە بولغان تەقدىردە ئېغىر ئەهۋالدا قالىسەن. چۈنكى اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن يېنىڭدا ئېسىل كىشىلەرنى كۆرگەندىن سىرت، بەزى تۇتامى يوق كىشىلەرنىمۇ كۆرۈۋاتىمەن. ئۇلار سېنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدىغان ئادەملەر، - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭغا:

ــ لات دېگەن بۇتنىڭ دىلچىقىنى يالىغىن. بىز ئۇنى تاشلاپ قېچىپ كېتەمدۇق؟! ـ دېدى. ئۇرۋە:

ــ بۇ كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــ ئەبۇ بەكرى، ـ دېيىشتى، ئۇرۋە:

ــ ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەندە ساڭا قايتۇرالىغان بىر ياخشىلىقىڭ بولمىسا ئىدى، مەن ساڭا رەددىيە بەرگەن بولاتتىم، ـ دېدى ۋە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلغىلى تۇردى. ھەر قېتىم گەپ قىلسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقىلىنى تۇتۇشقا ئورۇناتتى. مۇغىرە ئىبنى شۇئبە دۇبۇلغا كىيىپ، قولىدا قىلىچ تۇتقان ھالدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇرۋە ھەر قېتىم قولىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقىلىغا ئۇزاتماقچى بولغىنىدا، مۇغىرە دەرھال قىلىچىنىڭ غىلىپىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇپ:

ــ قولۇڭنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساقىلىدىن نېرى تۇت! ـ دەيتتى. ئۇرۋە:

ــ بۇ كىم؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا:

ــ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە، ـ دېيىشتى. ئۇرۋە:

ــ ۋۇ خائىن! مەن تاكى ھازىرغىچە سېنىڭ خىيانىتىڭنىڭ شالتىقىنى تازىلاش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتىمەن، ـ دېدى. مۇغىرە جاھىلىيەت زامانىدا بىر قانچە كىشىگە ھەمراھ بولۇپ، سەپەرگە چىققان ئىدى، كېيىن ئۇلارنى ئۆلتۈرىۋېتىپ، ماللىرىنى ئېلىۋالدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ ئىسلامىڭنى قوبۇل قىلىمەن، ئەمما باشقىلاردىن ئېلىۋالغان مال ـ مۈلۈكنى قوبۇل قىلالمايمەن، ـ دېگەن ئىدى.

ئۇرۇۋە بىر تەرەپتىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە گەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپىنى كۆزىتەتتى. ئۇ، قۇرەيشلىك ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

ــ ئى قەۋمىم! مەن نۇرغۇن پادىشاھلارنىڭ، يەنى كىسرا، قەيسەر ۋە نەجاشىيلارنىڭ ھوزۇرىغا بارغان ئىدىم. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ساھابىلەرنىڭ مۇھەممەدكە كۆرسەتكەن ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىنى ھېچبىر پادىشاھنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن كۆرۈپ باقمىدىم. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ تۈكۈرسە ساھابىلىرىدىن بىرىنىڭ ئالىقىنىغا چۈشىدىكەن ـ دە، ئۇنى يۈز ـ كۆزىگە سۈرتىدىكەن. ئۇلارنى بىر ئىشنى قىلىشقا بۇيرىسا، دەرھال ئىجرا قىلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشىدىكەن. تاھارەتتىن ئاشقان سۈيىنى تالىشىپ، بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشقىلى تاس قېلىشىدىكەن. ئۇ سۆز قىلغاندا، ھەممىسى ئاۋازلىرىنى پەسەيتىپ جىم تۇرۇشىدىكەن، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىكىدىن ھېچكىم يۈزىگە تىكىلىپ قارىيالمايدىكەن، ئۇ سىلەرگە ياخشى تەكلىپ بېرىپتۇ، قوبۇل قىلىڭلار! ـ دېدى.

بەنى كەنانە جەمەتىلىك بىر كىشى:

ــ ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ باقاي، ـ دېدى. ئۇلار ماقۇل بولدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ بۇ ئادەم قۇربانلىق تۆگىلەرنى ئۇلۇغلايدىغان پالانى جەمەتتىن بولىدۇ، شۇڭا تۆگىلەرنى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈڭلار! ــ دېدى. مۇسۇلمانلار تۆگىلەرنى يېتىلەپ، تەلبىيە ئېيتقان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا:

ــ سۇبھەنەللاھ! بۇلارنى ھەرەمدىن توسۇۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدىكەن، ـ دېدى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن كۆرۈشمەيلا قايتىپ كېتىپ:

ـ مەن بەلگە سىلىنغان قۇربانلىق تۆگىلەرنى كۆردۇم، ئۇلارنى اللەنىڭ بەيتىدىن توسۇۋېلىشقا بولمايدۇ دەپ قارايمەن، ـ دېدى. قۇرەيشلىكلەردىن مىكرەز ئىبنى ھەفس دېگەن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئىجازەت بېرىڭلار، مەن بىر بېرىپ باقاي، ـ دېدى. ئۇنىڭغىمۇ ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ـ بۇ مىكرەز بولىدۇ، ئۇ ئۇسال ئادەم، ـ دېدى. مىكرەز كېلىپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە گەپ قىلىۋاتقان چاغدا، سۇھەيل ئىبنى ئەمر كېلىپ قالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆرۈپ:

ـ ئىشىڭلار ئاسان بولىدىغان بولدى، ـ دېدى. سۇھەيل:

ـ ئارىمىزدا بىر سۈلھىنامە يازايلى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كاتىپىدىن بىرنى چاقىرىپ:

ـ ئالدى بىلەن: ”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“ دەپ يازغىن! ـ دېدى. ئەمما سۇھەيل ئېتىراز بىلدۈرۈپ:

ـ رەھمان دېگەن نېمە؟ مەن ئۇنى تونۇمايمەن. شۇڭا بۇرۇنقىدەك: ”بىسمىكەللاھۇممە“ (ئى الله! سېنىڭ نامىڭ بىلەن باشلايمەن) دەپ يازغىن، ـ دېدى. بەزى مۇسۇلمانلار:

ـ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“دىن باشقا سۆز بىلەن يازمايمىز، ـ دەپ تۇرۇۋالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەيلى، ”بىسمىكەللاھۇممە“ دەپ يازغىن! ـ دېدى. ئاندىن:

ـ ”بۇ، اللەنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد تۈزگەن كېلىشىمدۇر“ دەپ يازغىن! ـ دېۋىدى، سۇھەيل يەنە ئېتىراز بىلدۈرۈپ:

ـ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز سېنىڭ اللەنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىڭنى ئېتىراپ قىلغان بولساق، سېنى ھەرگىز

كەئبىدىن توسمايتتۇق، ئۇرۇش قىلىپمۇ ئولتۇرمايتتۇق. شۇڭا ”مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ“ دەپ يازغىن! ـ دېدى.

زۆھرى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ: «ئۇلار الله بېكىتكەن چەك ـ چېگرالارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلايدىغان (يەنى مەككىدە قان تۆكۈلمەيدىغان) ھەر قانداق بىر پىلاننى ئوتتۇرىغا قويسا، مەن چوقۇم ئۇلارنىڭ پىلانىغا قوشۇلىمەن» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بولغان ئىدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇھەيلگە:

ـ بىرنى بەيتۇللاھتىن توسماسلىق ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىشىمىزغا قوشۇلۇشۇڭلار شەرتى بىلەن ماقۇل دەيمەن، ـ دېۋىدى، سۇھەيل:

ـ ياق! ئۇنداق قىلساق، ئەرەبلەر بىزنى بېسىمغا ئۇچراپ بوزەك بولۇپتۇ دېيىشمەمدۇ؟ شۇڭا كېلەر يىلى كېلىپ، تاۋاپ قىلىڭلار، ـ دېدى. سۈلھنامىگە شۇنداق دەپ يېزىلدى. سۇھەيل:

ـ يەنە بىر شەرت شۇكى، بىزدىن بىرەر كىشى سېنىڭ دىنىڭدا بولغان تەقدىردىمۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز سېنىڭ قېشىڭغا بېرىۋالسا، ئۇنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىسەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار:

ـ سۇبھانالله! ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەن تۇرسا، قانداقمۇ ئۇ مۇشرىكلارغا قايتۇرۇلىدىكەن؟! ـــ دېيىشتى. دەل شۇ پەيتتە، سۇھەيل ئىبنى ئەمرنىڭ ئوغلى ئەبۇ جەندەل كىشەنلىرىنى سۆرىگەن پېتى ئۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن چىقىپ، مۇسۇلمانلار ئىچىگە ئۆزىنى تاشلىغان ئىدى. بۇنى كۆرگەن سۇھەيل:

ـ ئى مۇھەممەد! مانا بۇ سۈلھىنامىگە ئاساسەن قايتۇرۇپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىدىغان دەسلەپكى كىشىم مۇشۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بىز تېخى سۈلھىنامىنى پۈتتۈرۈپ ئىمزالىمىدۇققۇ؟ ـ دېسەمۇ، ئۇ:

ـ ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنداقتا مەن سەن بىلەن ھېچنېمىگە سۈلھى تۈزمەيمەن، ـ دەپ تۇرىۋالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ماقۇل دېگىن، ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمەي، ـ دېدى. لېكىن ئۇ:

ـ مەن ئۇنى ساڭا تاشلاپ بەرمەيمەن، ـ دېدى. مىكرەز:

ـ ماقۇل دېگىن! ـ دېدى، ئۇ:

ـ ھەرگىزمۇ ماقۇل دېمەيمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مىكرەز:

ـ ئى مۇھەممەد! بوپتۇ، بىز ئۇنىڭغا كېپىل بولىمىز، سەن خاتىرجەم بولغىن، ـ دېدى. ئەبۇ جەندەل:

ـ ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! مەن مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەن تۇرسام، مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بېرىلەمدىم؟ مېنىڭ تارتقان كۈنلىرىمنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ ـ دېدى. ئۇ، ﷲ يولىدا قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغان ئىدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ﷲنىڭ پەيغەمبىرى ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم، ئۇ:

ـ شۇنداق، مەن ﷲنىڭ پەيغەمبىرى، ـ دېدى. مەن:

ـ بىز ھەق دىندا، دۈشمەنلىرىمىز باتىل دىندا، شۇنداقمۇ؟ ـ دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

ـ شۇنداق، ـ دېدى، مەن:

ـ ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن دىنىمىزنىڭ ئېتىبارىنى چۈشۈرىمىز؟ ـ دېسەم:

ـ مەن ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇرمەن، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلمايمەن، ئۇ ماڭا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ، ـ دېدى، مەن:

ـ بىزگە كەئبىگە بېرىپ، تاۋاپ قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتمىغانمىدىڭ؟ ـ دېسەم:

ـ شۇنداق، لېكىن مەن بۇ يىل تاۋاپ قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتمىغاندىمەن؟! ـ دېدى. مەن:

ـ ياق، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

ـ ئۇنداق بولغانىكەن، سەن چوقۇم كەئبىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىسەن، ـ دېدى. مەن يەنە چىنپۇتمەي ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ـ ئى ئەبۇ بەكرى! ئۇ، ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئەمەسمۇ؟ ـ دېدىم، ئۇ:

ـ شۇنداق، ئۇ، ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى، ـ دېدى. مەن:

ـ بىز ھەق دىندا، دۈشمىنىمىز باتىل دىندا شۇنداقمۇ؟ ـ دېدىم، ئۇ:

ـ شۇنداق، ـ دېدى، مەن:

ـ ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن دىنىمىزنىڭ ئېتىبارىنى چۈشۈرىمىز، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ئەي ئۆمەر! ئۇ دېگەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى. ئۇ رەببىگە ئاسىيلىق قىلمايدۇ. رەببى ئۇنىڭغا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلما. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ قىلغىنى ھەقتۇر، ـ دېدى. مەن:

ـ بىزگە كەئبىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىدىغىنىمىزنى ئېيتقانىدىغۇ؟ ـ دېسەم:

ـ شۇنداق، لېكىن بۇ يىل بىرىپ تاۋاپ قىلىدىغانلىقىڭنى ئېيتقانمىدى؟ ـ دېدى، مەن:

ـ ياق، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ئۇنداق بولغانىكەن، ئالدىراپ كەتمە. سەن چوقۇم كەئبىگە بىرىپ تاۋاپ قىلىسەن، ـ دېدى.

زۇھرىدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: شۇ كۈنى تاكاللىشىپ تۇرۇۋالغانلىقىم ئۈچۈن، كېيىن جازاغا ئۇچراپ قېلىشتىن قاتتىق ئەنسىرەپ، ياخشى ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىشقا باشلىدىم، ـ دېگەن.

سۈلھىنامە يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىغا:

ـ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ، قۇربانلىقلارنى بوغۇزلاپ، ئاندىن چېچىڭلارنى چۈشۈرۈڭلار! ــ دەپ بۇيرۇق قىلدى. اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قېشىغا كىرىپ، بۇ ئەھۋالدىن دادلاندى. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىنى ياقتۇرساڭ، ھېچكىمگە گەپ قىلمايلا قۇربانلىق تۆگىلىرىڭنى بوغۇزلىغىن، ئاندىن ساتىراچنى چاقىرتىپ، چاچلىرىڭنى چۈشۈرگىن! ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ، قۇربانلىق تۆگىلىرىنى بوغۇزلاپ، چېچىنى چۈشۈرۈپ بولغۇچە ھېچكىمگە گەپ ـ سۆز قىلمىدى. ساھابىلار بۇنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇردى ۋە قۇربانلىقلىرىنى بەس ـ بەستە بوغۇزلاپ، بىر ـ بىرىنىڭ چېچىنى چۈشۈردى. لېكىن ئۇلار چوڭقۇر غەمگە چۆمگەنىدى.

كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا مۆئمىن ئاياللار كەلگەن ئىدى، اللە تائالا: ئى مۆئمىنلەر! سىلەرگە مۆئمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى اللە ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى (سىنىغاندىن كېيىن ھەقىقى) مۆئمىنە دەپ تونۇساڭلار، ئۇلارنى كافىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كافىرلارغا ھالال ئەمەس، كافىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس، كافىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، كافىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار، ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار، كافىرلارمۇ (ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆئمىن ئاياللىرىغا بەرگەن) مەھرىلىرىنى تەلەپ قىلسۇن، اللەنىڭ ھۆكمى ئەنە شۇ. اللە ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، اللە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى، ئۆمەر دەرھال مۇشرىك چېغىدا ئالغان ئىككى خوتۇنىنى تالاق قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ بىرىنى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان، يەنە بىرىنى سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە ئالدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە قايتتى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭ قېشىغا (قۇرەيشلىك) ئەبۇ بەسىر ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان يىگىت قېچىپ كەلدى. قۇرەيشلەر ئۇنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن، ئىككى ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ بىز بىلەن قىلىشقان كېلىشىمنامە بويىچە ئۇنى بىزگە قايتۇرۇپ بەرگىن! ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ مۇسۇلماننى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەردى. ئۇلار ئۇنى يالاپ مېڭىپ،

---

[1] سۈرە مۇمتەھىنە، 10 ـ ئايەت.

زۇلھۇلەيفە دېگەن جايغا بارغاندا، غىزالىنىۋېلىش ئۈچۈن توختىدى. ئەبۇ بەسىر ئۇلارنىڭ بىرىگە:

ــ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى پالانى! شەمشىرىڭ بەك ئېسىلدەك قىلىدۇ، ـ دېۋىدى، ئۇ ئادەم قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ:

ــ شۇنداق، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ بەك ئېسىل شەمشەر. مەن بۇنى نەچچە قېتىم سىناپ كۆرگەن ئىدىم، ــ دېدى، ئەبۇ بەسىر:

ــ مۇنداق قىلغىنە، كۆرۈپ باقاي، ـ دېدى. شەمشەرنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بەسىر شەمشەرنى قولىغا ئالار ـ ئالماي، ئۇنى ئۆلگىچە چاپتى. يەنە بىرى قاچقان پېتى مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ، مەسجىدكە كىردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆرۈپ:

ــ بۇ ئادەم قورقۇنچلۇق بىر ۋەقە كۆرگەندەك قىلىدۇ، ـ دېدى. ئۇ:

ــ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەمراھىم ئۆلتۈرۈلدى، قۇتقۇزىۋالمىساڭلار مەنمۇ ئۆلتۈرۈلىمەن، ـ دېدى. بەسىرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يېتىپ كەلدى ۋە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى اللە سېنىڭ ئەھدەڭنى بۇزۇشقا نېسىپ قىلمىدى. سەن مېنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەرگەن بولساڭمۇ، اللە مېنى ئۇلاردىن قۇتقۇزدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولىدىغان بىرى بولسا، تازا ئۇرۇشخۇمار نېمىكەن بۇ، ۋاي ئىسست! ــ دېدى. ئەبۇ بەسىر بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىنى يەنە قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ، شۇ چىقىپ كەتكىنىچە، دېڭىز ساھىلى تامان يۈرۈپ كەتتى. ئەبۇ جەندەل ئىبنى سۇھەيل مۇشرىكلاردىن قېچىپ، ئەبۇ بەسىرگە قېتىلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمان

بولغان بىرەرسى قۇرەيشتىن قېچىپ چىقسىلا، ئەبۇ بەسىرگە قېتىلىۋالىدىغان بولدى. بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ سېپى ئۇلغىيىپ، قوشۇن بولۇپ تەشكىللەندى. ئۇلار قۇرەيشنىڭ شامغا چىققان كارۋىنىنىڭ خەۋىرىنى ئۇقسىلا، ئالدىنى توسۇپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىۋالاتتى، بۇ سەۋەبتىن قۇرەيش كاتتىلىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەلچى ئەۋەتىپ، اللهنى ۋە تۇغقانچىلىقنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ بەسىرگە ئادەم ئەۋەتىپ پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى توختىتىشنى، بۇندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىۋالغان ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ قايتۇرۇپ كېتىلمەيدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا مەكتۇپ يېزىپ ئادەم ئەۋەتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە: ئۇلار كافىر بولدى، سىلەرنى مەسجىدى ھەرامدىن ۋە تۇتۇپ تۇرۇلغان قۇربانلىقنىڭ ئۆز جايىغا يېتىشىدىن توستى، (مەككىدە) سىلەر بىلمەيدىغان ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەر بولۇپ، سىلەر بىلمەستىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش بىلەن گۇناھقا گىرىپتار بولۇشۇڭلارنىڭ خەۋپى بولمىسا ئىدى (ئەلۋەتتە الله مەككىگە كىرىشىڭلارغا رۇخسەت قىلاتتى ۋە سىلەرنى كافىرلارغا مۇسەللەت قىلاتتى)، الله خالىغان ئادەمنى رەھمىتى (دائىرىسىگە) كىرگۈزۈش ئۈچۈن (سىلەرنى مەككىنى فەتھ قىلىشتىن توستى)، ئەگەر ئۇلار ئايرىلسا (يەنى مۇئمىنلار كافىرلاردىن ئايرىلسا)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كافىرلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلايتتۇق . كافىرلار قىزىققانلىقنى ـ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قىزىققانلىقىنى ـ دىللىرىغا پۈككەن چاغدا، الله پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە تەمكىنلىكنى چۈشۈردى. ئۇلارغا تەقۋا كەلىمىسىنى (يەنى كەلىمە تەۋھىدنى) ئىختىيار قىلدى. مۇئمىنلەر تەقۋا كەلىمىسىگە ئەڭ

لايىــق ئىــدى ۋە ئۇنىــڭ ئەھلــى ئىــدى، الله ھەر نەرســىنى بىلگۈچىــدۇر [1] دېــگەن ئــايەتلەرنى نازىــل قىلــدى. پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ اللهنىــڭ پەيغەمبىــرى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش، ''بىسمىللاھىرراھمانىررەھىم'' دەپ يېزىشقا ئۇنىماسلىق ۋە مۇسۇلمانلارنى بەيتۇللاھتىن توسۇش قاتارلىق ئىشلار ئەنە شۇ كاپىرلارنىڭ قىزىققانلىقىدىن بولغانىدى.

(بۇخارى: 2731)

6607 ـ وفي رواية: وَكَانَتْ أُم كُلْثُومٍ بِنْتُ عُقْبَةَ بْنِ أَبِي مُعَيْطٍ مِمنْ خَرَجَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَئِذٍ وَهِيَ عَاتِقٌ فَجَاءَ أَهْلُهَا يَسْأَلُونَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَرْجِعَهَا إِلَيْهِمْ فَلَمْ يَرْجِعْهَا إِلَيْهِمْ.

6607 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيتىنىڭ قىزى ئۇممۇ گۈلسۇم شۇ كۈنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلگەن ئاياللاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ تېخى ياش قىز ئىدى. ئائىلىسىدىكىلەر كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سورىدى. ئاياللار توغرىسىدا: ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە مۇئمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى الله ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى (سىنىغاندىن كېيىن ھەقىقى) مۇئمىنە دەپ تونۇساڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس [2] دېگەن ئايەت چۈشكەنلىكتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمىدى.

(بۇخارى: 2712)

[1] سۈرە فەتىھ 25 ـ ۋە 26 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە مۇمتەھىنە، 10 ـ ئايەت.

6608 ـ وفي رواية: خَرَجَ النبي ﷺ عَامَ الْحُدَيْبِيَةِ في بِضْعَ عَشْرَةَ مِائَةً من أَصْحَابِهِ فلما أتى ذَا الْحُلَيْفَةِ قَلَدَ الْهَدْيَ وَأَشْعَرَهُ وَأَحْرَمَ منها بِعُمْرَةٍ وَبَعَثَ عَيْنًا له من خُزَاعَةَ وَسَارَ النبي ﷺ حتى كان بِغَدِيرِ الْأَشْطَاطِ أَتَاهُ عَيْنُهُ قال إن قُرَيْشًا جَمَعُوا لك جُمُوعًا وقد جَمَعُوا لك الْأَحَابِيشَ وَهُمْ مُقَاتِلُوكَ وَصَادوكَ عن الْبَيْتِ وَمَانِعُوكَ فقال أَشِيرُوا أَيهَا الناس عَلَيَّ أَتَرَوْنَ أَنْ أَمِيلَ إلى عِيَالِهِمْ وَذَرَارِي هَؤُلَاءِ الذِينَ يُرِيدُونَ أَنْ يَصُدونَا عن الْبَيْتِ فَإِنْ يَأْتُونَا كان الله عز وجل قد قَطَعَ عَيْنًا من الْمُشْرِكِينَ وَإِلا تَرَكْنَاهُمْ مَحْرُوبِينَ قال أبو بَكْرٍ يا رَسُولَ اللهِ خَرَجْتَ عَامِدًا لِهَذَا الْبَيْتِ لَا تُرِيدُ قَتْلَ أَحَدٍ ولا حَرْبَ أَحَدٍ فَتَوَجهْ له فَمَنْ صَدنَا عنه قَاتَلْنَاهُ قال امْضُوا على اسْمِ اللهِ.

6608 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇدەيبىيە يىلى مىڭغا يېقىن ئادەم بىلەن مەدىنىدىن يولغا چىقتى. زۇلھۇلەيفەگە بارغاندا، قۇربانلىق تۆگىلەرنىڭ بوينىغا تاسما ئېسىپ، لوككىلىرىنى قاناتتى ۋە ئۆمرەگە ئېھرام باغلىدى. ئاندىن خۇزائە قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنى مۇشرىكلارنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ ـ تىڭلاپ بېقىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۆزىمۇ يولغا چىقىپ، غەدىر ئەشتات دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، خەۋەرچى قايتىپ كەلدى ۋە:

ـ قۇرەيشلەر ساڭا قارشى قوشۇن توپلاپتۇ ۋە ئەھابىشلارنىمۇ يېنىغا چاقىرىپتۇ. ئۇلار ساڭا قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپ تۇرۇپتۇ. سېنى مەككىگە كىرىپ، كەئبىنى تاۋاپ قىلىشتىن توسماقچى ئىكەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى خالايىق! ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار. بىزنى بەيتۇللاھتىن توسماقچى بولغانلارنى پەرىشان قىلىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئايال ـ بالىلىرىغا ھۇجۇم قىلايلىمۇ؟ ئەگەر بىزگە قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولسا، ئۇرۇش قىلىمىز. الله ئۇلارنىڭ بىر كۆزىنى ئېتىپ قويىدى (يەنى جاسۇسىمىزنى ئۇلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ساقلىدى). ئەگەر بىزگە قارشىلىق كۆرسەتمىسە، بىز ئۇلارنى ئايال

- بالىلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرغان بولىمىز، - دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! سەن پەقەت بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش نىيىتى بىلەن چىقتىڭ. بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئۇرۇش قىلىشنى ئىرادە قىلمىغانىدىڭ، شۇڭا بەيتۇللاھقىلا يۈزلەنگىن. كىمكى بىزنى بەيتۇللاھتىن توسىدىكەن، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىز، - دەپ مەسلىھەت بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇنداقتا، اللهنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتلىنىڭلار! - دېدى.

(بۇخارى: 4179)

6609 - وفي رواية: أَنهُمْ اصْطَلَحُوا عَلَى وَضْعِ الْحَرْبِ عَشْرَ سِنِينَ يَأْمَنُ فِيهِن الناسُ وَعَلَى أن بَيْنَنَا عَيْبَةً مَكْفُوفَةً وَأَنهُ لَا إِسْلَالَ وَلَا إِغْلَالَ.

6609 - يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇلار خەلقنىڭ ئەمىنلىككە ئېرىششى ئۈچۈن ئون يىلغىچە ئۇرۇش توختىتىشقا، ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرماسلىققا، ئوغرىلىق ۋە خىيانەت قىلماسلىققا كېلىشىم تۈزدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2766)

6610 - وزاد رزين: قالوا: وكيف نكتب هذا؟ فقال صلى الله عليه وسلم: نعم من ذهب منا إليهم أبعده الله، ومن جاءنا منهم رددناه إليهم سيجعل الله له مخرجا.

6610 - رەزىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان:

- بۇنى مۇشۇنداق يازامدۇق؟ - دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[①] ئەلبانى (2404): ھەسەن، - دېگەن.

ـ ھەئە، كىمكى بىزدىن ئۇلارغا قېچىپ كەتسە، اللە ئۇنى بىزدىن يىراقلاشتۇرغان بولىدۇ. كىمكى ئۇلار تەرەپتىن بىز تەرەپكە قېچىپ چىقسا ۋە بىز ئۇنى ئۇلارغا قايتۇرىۋەتسەك، اللە ئۇنىڭغا چىقىش يولى قىلىپ بېرىدۇ، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

6611 ـ وزاد أيضا: قال عمر: فأمكنت يده من السيف ليضرب أباه فضن بـه، فعلم به النبي صلى الله عليه وسلم فقال لي: يا عمر! لعله يقوم في الله مقاما تحمده عليه.

6611 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن دادىسىنى چېپىۋېتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ (ئەبۇ جەندەلنىڭ) قولىغا قىلىچنى تۇتقۇزۇپ قويدۇم، لېكىن ئۇ دادىسىنى ئۆلتۈرۈشكە چىدىمىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ماڭا مۇنداق دېدى:

ـ ئى ئۆمەر! بەلكى ئۇ اللە يولىدا شۇنداق بىر خىزمەت كۆرسىتىپ قالسا، سەن ئۇنى شۇ ئىشى ئۈچۈن ماختاپ كېتەرسەن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

6612 ـ عن عَلِي بن أَبِي طَالِبٍ بِالرحَبِةِ قَالَ لَما كَانَ يَوْمُ الْحُدَيْبِيَةِ خَرَجَ إِلَيْنَا نَاسٌ مِنْ الْمُشْرِكِينَ فِيهِمْ سُهَيْلُ بْنُ عَمْرٍو وَأُنَاسٌ مِنْ رُؤَسَاءِ الْمُشْرِكِينَ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ خَرَجَ إِلَيْكَ نَاسٌ مِنْ أَبْنَائِنَا وَإِخْوَانِنَا وَأَرِقائِنَا وَلَيْسَ لَهُمْ فِقْهٌ فِي الدين وَإِنمَا خَرَجُوا فِرَارًا مِنْ أَمْوَالِنَا وَضِيَاعِنَا فَارْدُدْهُمْ إِلَيْنا قَالَ فَإِنْ لَمْ يَكُنْ لَهُمْ فِقْهٌ فِي الدين سَنُفَقِّهُهُمْ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا مَعْشَرَ قُرَيْشٍ لَتَنْتَهُن أَوْ لَيَبْعَثَن اللهُ عَلَيْكُمْ مَنْ يَضْرِبُ رِقَابَكُمْ بِالسيْفِ عَلَى الدين قَدْ امْتَحَنَ اللهُ قَلْبَهُ عَلَى الْإِيمَانِ قَالُوا مَنْ هُوَ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ لَهُ أَبُو بَكْرٍ مَنْ هُوَ يَا رَسُولَ اللهِ وَقَالَ عُمَرُ مَنْ هُوَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ هُوَ خَاصِفُ النعْلِ وَكَانَ أَعْطَى عَلِيا نَعْلَهُ يَخْصِفُهَا ثُم الْتَفَتَ إِلَيْنا عَلِي فَقَالَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ كَذَبَ عَلَي مُتَعَمدًا فَلْيَتَبَوأْ مَقْعَدَهُ مِنْ النارِ.

6612 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (كۇفەدىكى) رەھبە دېگەن جايدا مۇنداق دېگەنىدى: ھۇدەيبىيە كۈنى، سۇھەيل ئىبنى ئەمر قاتارلىق بىر توپ مۇشرىك كاتتىلىرى ئالدىمىزغا كەلدى. ئۇلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سېنىڭ قېشىڭغا بىزنىڭ بالا ـــ چاقىلىرىمىز، قېرىنداشلىرىمىز ۋە قۇللىرىمىزدىن بىر توپ كىشى قېچىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ دىندىن ھېچقانداق مەلۇماتى يوق، پەقەت مال ـ مۈلۈك ۋە يەر ـ زېمىنلىرىمىزدىن (يەنى ئىشلەشتىن) قېچىپ، سېنىڭ قېشىڭغا كېلىۋالدى، ئۇلارنى بىزگە قايتۇرۇپ بەرگىن، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا جاۋابەن:

ـ ئەگەر دىندىن مەلۇماتلىرى بولمىسا، ئۇلارغا بىز ئۆگىتىپ قويىمىز. ئى قۇرەيش جامائەسى! يا بۇ رەزىل قىلمىشىڭلاردىن ۋاز كېچىڭلار ياكى الله تائالا قەلبىنى ئىمان ئۈچۈن سىنىغان بىر قەھرىمانىنى ئەۋەتىپ كاللاڭلارنى ئىسلام يولىدا چاپتۇرىدۇ، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ كىم؟ ـ دېيىشتى. ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ كىم؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ، ياماقچى، ـ دېدى.

ئەسلىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەشىنى ياماش ئۈچۈن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەرگەن ئىدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، بىزگە بۇرۇلۇپ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«كىمكى ماڭا قەستەن يالغاننى چاپلايدىكەن، دوزاختىكى ئورنىغا تەييارلانسۇن!» دېگەندى[1].

(تىرمىزى: 3715)

6613 ـ عَنْ مَعْقِلِ بْنِ يَسَارٍ قَالَ لَقَدْ رَأَيْتُنِي يَوْمَ الشجَرَةِ وَالنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُبَايِعُ الناسَ وَأَنا رَافِعٌ غُصْنًا مِنْ أَغْصَانِهَا عَنْ رَأْسِهِ وَنَحْنُ أَرْبَعَ عَشْرَةَ مِائَةً قَالَ لَمْ نُبَايِعْهُ عَلَى الْمَوْتِ وَلَكِنْ بَايَعْنَاهُ عَلَى أَنْ لَا نَفِر .

6613 ـ مەئقىل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ”رىزۋان بەيئىتى“ بولغان كۈنى كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغانلىقىنى كۆردۈم. مەن (بەيئەت ئېلىنغان يەردىكى) دەرەخنىڭ شېخىدىن بىرنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇراتتىم. بىز جەمئىي 1400 كىشى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قاچماسلىق ئۈچۈن بەيئەت قىلغاندۇق.

(مۇسلىم: 1858)

6614 ـ عَنْ طَارِقِ بْنِ عَبْدِ الرحْمَنِ قَالَ انْطَلَقْتُ حَاجا فَمَرَرْتُ بِقَوْمٍ يُصَلونَ قُلْتُ مَا هَذَا الْمَسْجِدُ قَالُوا هَذِهِ الشجَرَةُ حَيْثُ بَايَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْعَةَ الرضْوَانِ فَأَتَيْتُ سَعِيدَ بْنَ الْمُسَيبِ فَأَخْبَرْتُهُ فَقَالَ سَعِيدٌ حَدثَنِي أَبِي أَنهُ كَانَ فِيمَنْ بَايَعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَحْتَ الشجَرَةِ قَالَ فَلَما خَرَجْنَا مِنْ الْعَامِ الْمُقْبِلِ نَسِينَاهَا فَلَمْ نَقْدِرْ عَلَيْهَا فَقَالَ سَعِيدٌ إِن أَصْحَابَ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَعْلَمُوهَا وَعَلِمْتُمُوهَا أَنْتُمْ فَأَنْتُمْ أَعْلَمُ.

[1] ئەلبانى (768): بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى زەئىپ. لېكىن ئاخىرقى جۈملىسى سەھىھ ۋە مۇتەۋاتىر بولۇپ، بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

6614 ــ تـارىق ئىبنـى ئابدۇراھمانـدىن مۇنـداق رىـۋايەت قىلىنىـدۇ: ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، بىر يەردە نامـاز ئوقۇۋاتقان بىر جامائەتنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم. ئۇلاردىن:

ـ بۇ قايسى مەسجىد؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇلار:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇ (مەسجىدنىڭ ئورنىدىكى) دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ رىزۋان بەيئىتىنى ئالغانىدى، ـ دېدى. مەن سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم. سەئىد مۇنداق دېدى:

ـ دادام ماڭا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دەرەخنىڭ ئاستىدا بەيئەت قىلغان كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئاخىرىدا: بىز كېيىنكى يىلى (ئۇمرە ئۈچۈن سەپەرگە) چىققان چېغىمىزدا، ئۇ دەرەخنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلمىگەنىدۇق، ـ دېگەنىدى. ئۇ دەرەخنى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى بىلەلمەي قاپتۇ ـ يۇ، ئۇنى سىلەر بىلەلىدىڭلارمۇ؟ سىلەر ئۇلاردىنمۇ بەك بىلىملىكمۇ؟

(بۇخارى: 4163)

6615 ـ عن جَابِرٍ قال قال رسول اللهِ ﷺ لَا يَدْخُلُ النارَ أَحَدٌ مِمنْ بَايَعَ تَحْتَ الشجَرَةِ.

6615 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھېلىقى دەرەخ ئاستىدا بەيئەت (رىزۋان بەيئىتى) قىلغانلاردىن ھېچكىم دوزاخقا كىرمەيدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3860)

[1] ئەلبانى (3033): سەھىھ ـ دېگەن.

6616 ـ عَنْ جَابِرٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَيَدْخُلَن الْجَنةَ مَنْ بَـايَعَ تَحْتَ الشجَرَةِ إِلا صَاحِبَ الْجَمَلِ الْأَحْمَرِ.

6616 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھېلىقى دەرەخ ئاستىدا بەيئەت (رىزۋان بەيئىتى) قىلغان ھەر بىر كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، پەقەتلا قىزىل تۆگىنىڭ ئىگىسى كىرمەيدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3863)

6617 ـ عن إِيَاسُ بْنُ سَلَمَةَ حَدثَنِي أَبِي قَالَ قَدِمْنَا الْحُدَيْبِيَةَ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَنَحْنُ أَرْبَعَ عَشْرَةَ مِائَةً وَعَلَيْهَا خَمْسُونَ شَاةً لَا تُرْوِيهَا قَالَ فَقَعَدَ رَسُـولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى جَبَا الركِيةِ فَإِما دَعَا وَإِما بَصَقَ فِيهَا قَالَ فَجَاشَتْ فَـسَقَيْنَا وَاسْتَقَيْنَا قَالَ ثُم إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَعَانَا لِلْبَيْعَةِ فِي أَصْلِ الشجَرَةِ قَـالَ فَبَايَعْتُهُ أَولَ الناسِ ثُم بَايَعَ وَبَايَعَ حَتى إِذَا كَانَ فِي وَسَطٍ مِنْ الناسِ قَالَ بَايِعْ يَا سَلَمَةُ قَالَ قُلْتُ قَدْ بَايَعْتُكَ يَا رَسُولَ اللهِ فِي أَولِ الناسِ قَالَ وَأَيْضًا قَالَ وَرَآنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَزِلًا يَعْنِي لَيْسَ مَعَهُ سِلَاحٌ قَالَ فَأَعْطَانِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ حَجَفَةً أَوْ دَرَقَةً ثُم بَايَعَ حَتى إِذَا كَانَ فِي آخِرِ الناسِ قَالَ أَلَا تُبَايِعُنِي يَا سَلَمَةُ قَالَ قُلْتُ قَدْ بَايَعْتُكَ يَا رَسُولَ اللهِ فِي أَولِ الناسِ وَفِي أَوْسَطِ الناسِ قَالَ وَأَيْضًا قَالَ فَبَايَعْتُهُ الثالِثَةَ ثُم قَالَ لِي يَا سَلَمَةُ أَيْنَ حَجَفَتُكَ أَوْ دَرَقَتُكَ التِي أَعْطَيْتُكَ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ لَقِيَنِـي عَمـي عَامِرٌ عَزِلًا فَأَعْطَيْتُهُ إِياهَا قَالَ فَضَحِكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ إِنكَ كَالذِي قَالَ الْأَولُ اللهُم أَبْغِنِي حَبِيبًا هُوَ أَحَب إِلَي مِنْ نَفْسِي ثُم إِن الْمُشْرِكِينَ رَاسَلُونَا الـصلْحَ حَتى مَشَى بَعْضُنَا فِي بَعْضٍ وَاصْطَلَحْنَا قَالَ وَكُنْتُ تَبِيعًا لِطَلْحَةَ بْنِ عُبَيْدِ اللهِ أَسْقِي فَرَسَهُ وَأَحُسهُ وَأَخْدِمُهُ وَآكُلُ مِنْ طَعَامِهِ وَتَرَكْتُ أَهْلِي وَمَالِي مُهَاجِرًا إِلَى اللهِ وَرَسُولِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَلَما اصْطَلَحْنَا نَحْنُ وَأَهْلُ مَكةَ وَاخْتَلَطَ بَعْضُنَا بِـبَعْضٍ أَتَيْـتُ شَـجَرَةً

[1] ئەلبانى (809): زەئىپ، ـ دېگەن.

فَكَسَحْتُ شَوْكَهَا فَاضْطَجَعْتُ فِي أَصْلِهَا قَالَ فَأَتَانِي أَرْبَعَةٌ مِنْ الْمُشْرِكِينَ مِنْ أَهْلِ مَكَّةَ فَجَعَلُوا يَقَعُونَ فِي رَسُولِ اللهِ صلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلم فَأَبْغَضْتُهُمْ فَتَحَولْتُ إِلَى شَجَرَةٍ أُخْرَى وَعَلقُوا سِلَاحَهُمْ وَاضْطَجَعُوا فَبَيْنَمَا هُمْ كَذَلِكَ إِذْ نَادَى مُنَادٍ مِنْ أَسْفَلِ الْوَادِي يَا لِلْمُهَاجِرِينَ قُتِلَ ابْنُ زُنَيْمٍ قَالَ فَاخْتَرَطْتُ سَيْفِي ثُم شَدَدْتُ عَلَى أُولَئِكَ الْأَرْبَعَةِ وَهُمْ رُقُودٌ فَأَخَذْتُ سِلَاحَهُمْ فَجَعَلْتُهُ ضِغْثًا فِي يَدِي قَالَ ثُم قُلْتُ وَالذِي كَرمَ وَجْهَ مُحَمدٍ لَا يَرْفَعُ أَحَدٌ مِنْكُمْ رَأْسَهُ إِلا ضَرَبْتُ الذِي فِيهِ عَيْنَاهُ قَالَ ثُم جِئْتُ بِهِمْ أَسُوقُهُمْ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ وَجَاءَ عَمي عَامِرٌ بِرَجُلٍ مِنْ الْعَبَلَاتِ يُقَالُ لَهُ مِكْرَزٌ يَقُودُهُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى فَرَسٍ مُجَففٍ فِي سَبْعِينَ مِنْ الْمُشْرِكِينَ فَنَظَرَ إِلَيْهِمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ دَعُوهُمْ يَكُنْ لَهُمْ بَدْءُ الْفُجُورِ وَثِنَاهُ فَعَفَا عَنْهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنْزَلَ اللهُ وَهُوَ الذِي كَف أَيْدِيَهُمْ عَنْكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ عَنْهُمْ بِبَطْنِ مَكةَ مِنْ بَعْدِ أَنْ أَظْفَرَكُمْ عَلَيْهِمْ الْآيَةَ كُلهَا قَالَ ثُم خَرَجْنَا رَاجِعِينَ إِلَى الْمَدِينَةِ فَنَزَلْنَا مَنْزِلًا بَيْنَنَا وَبَيْنَ بَنِي لَحْيَانَ جَبَلٌ وَهُمْ الْمُشْرِكُونَ فَاسْتَغْفَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِمَنْ رَقِيَ هَذَا الْجَبَلَ اللَّيْلَةَ كَأَنهُ طَلِيعَةٌ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَصْحَابِهِ قَالَ سَلَمَةُ فَرَقِيتُ تِلْكَ اللَّيْلَةَ مَرتَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا ثُم قَدِمْنَا الْمَدِينَةَ فَبَعَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِظَهْرِهِ مَعَ رَبَاحٍ غُلَامِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنَا مَعَهُ وَخَرَجْتُ مَعَهُ بِفَرَسِ طَلْحَةَ أُنَدِيهِ مَعَ الظهْرِ فَلَما أَصْبَحْنَا إِذَا عَبْدُ الرحْمَنِ الْفَزَارِي قَدْ أَغَارَ عَلَى ظَهْرِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاسْتَاقَهُ أَجْمَعَ وَقَتَلَ رَاعِيَهُ قَالَ فَقُلْتُ يَا رَبَاحُ خُذْ هَذَا الْفَرَسَ فَأَبْلِغْهُ طَلْحَةَ بْنَ عُبَيْدِ اللهِ وَأَخْبِرْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن الْمُشْرِكِينَ قَدْ أَغَارُوا عَلَى سَرْحِهِ قَالَ ثُم قُمْتُ عَلَى أَكَمَةٍ فَاسْتَقْبَلْتُ الْمَدِينَةَ فَنَادَيْتُ ثَلَاثًا يَا صَبَاحَاهْ ثُم خَرَجْتُ فِي آثَارِ الْقَوْمِ أَرْمِيهِمْ بِالنبْلِ وَأَرْتَجِزُ أَقُولُ أَنَا ابْنُ الْأَكْوَعِ وَالْيَوْمُ يَوْمُ الرضعِ فَأَلْحَقُ رَجُلًا مِنْهُمْ فَأَصُك سَهْمًا فِي رَحْلِهِ حَتى خَلَصَ نَصْلُ السهْمِ إِلَى كَتِفِهِ قَالَ قُلْتُ خُذْهَا وَأَنَا ابْنُ الْأَكْوَعِ وَالْيَوْمُ يَوْمُ الرضعِ قَالَ فَوَاللهِ مَا زِلْتُ أَرْمِيهِمْ وَأَعْقِرُ بِهِمْ فَإِذَا رَجَعَ إِلَي فَارِسٌ أَتَيْتُ شَجَرَةً فَجَلَسْتُ فِي أَصْلِهَا ثُم رَمَيْتُهُ فَعَقَرْتُ بِهِ حَتى إِذَا تَضَايَقَ الْجَبَلُ فَدَخَلُوا فِي تَضَايُقِهِ عَلَوْتُ الْجَبَلَ فَجَعَلْتُ أُرَدِيهِمْ بِالْحِجَارَةِ قَالَ فَمَا زِلْتُ كَذَلِكَ أَتْبَعُهُمْ حَتى مَا

خَلَقَ اللهُ مِنْ بَعِيرٍ مِنْ ظَهْرِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلا خَلفْتُهُ وَرَاءَ ظَهْرِي وَخَلوْا بَيْنِي وَبَيْنَهُ ثُم اتبَعْتُهُمْ أَرْمِيهِمْ حَتى أَلْقَوْا أَكْثَرَ مِنْ ثَلَاثِينَ بُرْدَةً وَثَلَاثِينَ رُمْحًا يَسْتَخِفونَ وَلَا يَطْرَحُونَ شَيْئًا إِلا جَعَلْتُ عَلَيْهِ آرَامًا مِنْ الْحِجَارَةِ يَعْرِفُهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَصْحَابُهُ حَتى أَتَوْا مُتَضَايِقًا مِنْ ثَنِيةٍ فَإِذَا هُمْ قَدْ أَتَاهُمْ فُلَانُ بْنُ بَدْرٍ الْفَزَارِي فَجَلَسُوا يَتَضَحوْنَ يَعْنِي يَتَغَدوْنَ وَجَلَسْتُ عَلَى رَأْسِ قَرْنٍ قَالَ الْفَزَارِي مَا هَذَا الذِي أَرَى قَالُوا لَقِينَا مِنْ هَذَا الْبَرْحَ وَاللهِ مَا فَارَقَنَا مُنْذُ غَلَسٍ يَرْمِينَا حَتى انْتَزَعَ كُل شَيْءٍ فِي أَيْدِينَا قَالَ فَلْيَقُمْ إِلَيْهِ نَفَرٌ مِنْكُمْ أَرْبَعَةٌ قَالَ فَصَعِدَ إِلَي مِنْهُمْ أَرْبَعَةٌ فِي الْجَبَلِ قَالَ فَلَما أَمْكَنُونِي مِنْ الْكَلَامِ قَالَ قُلْتُ هَلْ تَعْرِفُونِي قَالُوا لَا وَمَنْ أَنْتَ قَالَ قُلْتُ أَنَا سَلَمَةُ بْنُ الْأَكْوَعِ وَالذِي كَرمَ وَجْهَ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا أَطْلُبُ رَجُلًا مِنْكُمْ إِلا أَدْرَكْتُهُ وَلَا يَطْلُبُنِي رَجُلٌ مِنْكُمْ فَيُدْرِكَنِي قَالَ أَحَدُهُمْ أَنَا أَظُن قَالَ فَرَجَعُوا فَمَا بَرِحْتُ مَكَانِي حَتى رَأَيْتُ فَوَارِسَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَتَخَللُونَ الشجَرَ قَالَ فَإِذَا أَولُهُمْ الْأَخْرَمُ الْأَسَدِي عَلَى إِثْرِهِ أَبُو قَتَادَةَ الْأَنْصَارِي وَعَلَى إِثْرِهِ الْمِقْدَادُ بْنُ الْأَسْوَدِ الْكِنْدِي قَالَ فَأَخَذْتُ بِعِنَانِ الْأَخْرَمِ قَالَ فَوَلوْا مُدْبِرِينَ قُلْتُ يَا أَخْرَمُ احْذَرْهُمْ لَا يَقْتَطِعُوكَ حَتى يَلْحَقَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَصْحَابُهُ قَالَ يَا سَلَمَةُ إِنْ كُنْتَ تُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَتَعْلَمُ أَن الْجَنةَ حَق وَالنارَ حَق فَلَا تَحُلْ بَيْنِي وَبَيْنَ الشهَادَةِ قَالَ فَخَليْتُهُ فَالْتَقَى هُوَ وَعَبْدُ الرحْمَنِ قَالَ فَعَقَرَ بِعَبْدِ الرحْمَنِ فَرَسَهُ وَطَعَنَهُ عَبْدُ الرحْمَنِ فَقَتَلَهُ وَتَحَولَ عَلَى فَرَسِهِ وَلَحِقَ أَبُو قَتَادَةَ فَارِسُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِعَبْدِ الرحْمَنِ فَطَعَنَهُ فَقَتَلَهُ فَوَالذِي كَرمَ وَجْهَ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَتَبِعْتُهُمْ أَعْدُو عَلَى رِجْلَي حَتى مَا أَرَى وَرَائِي مِنْ أَصْحَابِ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَا غُبَارِهِمْ شَيْئًا حَتى يَعْدِلُوا قَبْلَ غُرُوبِ الشمْسِ إِلَى شِعْبٍ فِيهِ مَاءٌ يُقَالُ لَهُ ذَو قَرَدٍ لِيَشْرَبُوا مِنْهُ وَهُمْ عِطَاشٌ قَالَ فَنَظَرُوا إِلَي أَعْدُو وَرَاءَهُمْ فَخَليْتُهُمْ عَنْهُ يَعْنِي أَجْلَيْتُهُمْ عَنْهُ فَمَا ذَاقُوا مِنْهُ قَطْرَةً قَالَ وَيَخْرُجُونَ فَيَشْتَدونَ فِي ثَنِيةٍ قَالَ فَأَعْدُو فَأَلْحَقُ رَجُلًا مِنْهُمْ فَأَصُكهُ بِسَهْمٍ فِي نُغْضِ كَتِفِهِ قَالَ قُلْتُ خُذْهَا وَأَنَا ابْنُ الْأَكْوَعِ وَالْيَوْمُ يَوْمُ الرضعِ قَالَ يَا ثَكِلَتْهُ أُمهُ أَكْوَعُهُ بُكْرَةَ قَالَ قُلْتُ نَعَمْ يَا عَدُو نَفْسِهِ أَكْوَعُكَ بُكْرَةَ قَالَ وَأَرْدَوْا فَرَسَيْنِ عَلَى ثَنِيةٍ قَالَ فَجِئْتُ بِهِمَا أَسُوقُهُمَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ وَلَحِقَنِي عَامِرٌ

بِسَطِيحَةٍ فِيهَا مَذْقَةٌ مِنْ لَبَنٍ وَسَطِيحَةٍ فِيهَا مَاءٌ فَتَوَضأْتُ وَشَرِبْتُ ثُم أَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ عَلَى الْمَاءِ الذِي حَلأْتُهُمْ عَنْهُ فَإِذَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ أَخَذَ تِلْكَ الْإِبِلَ وَكُل شَيْءٍ اسْتَنْقَذْتُهُ مِنْ الْمُشْرِكِينَ وَكُل رُمْحٍ وَبُرْدَةٍ وَإِذَا بِلَالٌ نَحَرَ نَاقَةً مِنْ الْإِبِلِ الذِي اسْتَنْقَذْتُ مِنْ الْقَوْمِ وَإِذَا هُوَ يَشْوِي لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ كَبِدِهَا وَسَنَامِهَا قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ خَلنِي فَأَنْتَخِبُ مِنْ الْقَوْمِ مِائَةَ رَجُلٍ فَأَتبِعُ الْقَوْمَ فَلَا يَبْقَى مِنْهُمْ مُخْبِرٌ إلا قَتَلْتُهُ قَالَ فَضَحِكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى بَدَتْ نَوَاجِذُهُ فِي ضَوْءِ النارِ فَقَالَ يَا سَلَمَةُ أَتُرَاكَ كُنْتَ فَاعِلًا قُلْتُ نَعَمْ وَالذِي أَكْرَمَكَ فَقَالَ إنهُمْ الْآنَ لَيُقْرَوْنَ فِي أَرْضِ غَطَفَانَ قَالَ فَجَاءَ رَجُلٌ مِنْ غَطَفَانَ فَقَالَ نَحَرَ لَهُمْ فُلَانٌ جَزُورًا فَلَما كَشَفُوا جِلْدَهَا رَأَوْا غُبَارًا فَقَالُوا أَتَاكُمْ الْقَوْمُ فَخَرَجُوا هَارِبِينَ فَلَما أَصْبَحْنَا قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ خَيْرَ فُرْسَانِنَا الْيَوْمَ أَبُو قَتَادَةَ وَخَيْرَ رَجالَتِنَا سَلَمَةُ قَالَ ثُم أَعْطَانِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَهْمَيْنِ سَهْمَ الْفَارِسِ وَسَهْمَ الراجِلِ فَجَمَعَهُمَا لِي جَمِيعًا ثُم أَرْدَفَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَرَاءَهُ عَلَى الْعَضْبَاءِ رَاجِعِينَ إلَى الْمَدِينَةِ قَالَ فَبَيْنَمَا نَحْنُ نَسِيرُ قَالَ وَكَانَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنْصَارِ لَا يُسْبَقُ شَدا قَالَ فَجَعَلَ يَقُولُ أَلَا مُسَابِقٌ إلَى الْمَدِينَةِ هَلْ مِنْ مُسَابِقٍ فَجَعَلَ يُعِيدُ ذَلِكَ قَالَ فَلَما سَمِعْتُ كَلَامَهُ قُلْتُ أَمَا تُكْرِمُ كَرِيمًا وَلَا تَهَابُ شَرِيفًا قَالَ لَا إلا أَنْ يَكُونَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ بِأَبِي وَأُمي ذَرْنِي فَلِأُسَابِقَ الرجُلَ قَالَ إنْ شِئْتَ قَالَ قُلْتُ اذْهَبْ إلَيْكَ وَثَنَيْتُ رِجْلَي فَطَفَرْتُ فَعَدَوْتُ قَالَ فَرَبَطْتُ عَلَيْهِ شَرَفًا أَوْ شَرَفَيْنِ أَسْتَبْقِي نَفَسِي ثُم عَدَوْتُ فِي إثْرِهِ فَرَبَطْتُ عَلَيْهِ شَرَفًا أَوْ شَرَفَيْنِ ثُم إنِي رَفَعْتُ حَتى أَلْحَقَهُ قَالَ فَأَصُكهُ بَيْنَ كَتِفَيْهِ قَالَ قُلْتُ قَدْ سُبِقْتَ وَاللهِ قَالَ أَنَا أَظُن قَالَ فَسَبَقْتُهُ إلَى الْمَدِينَةِ قَالَ فَوَاللهِ مَا لَبِثْنَا إلا ثَلَاثَ لَيَالٍ حَتى خَرَجْنَا إلَى خَيْبَرَ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَجَعَلَ عَمي عَامِرٌ يَرْتَجِزُ بِالْقَوْمِ:

تَاللهِ لَوْلَا اللهُ مَا اهْتَدَيْنَا
وَلَا تَصَدقْنَا وَلَا صَليْنَا
وَنَحْنُ عَنْ فَضْلِكَ مَا اسْتَغْنَيْنَا

فَثَبتْ الْأَقْدَامَ إِنْ لَاقَيْنَا

وَأُنْزِلَنْ سَكِينَةً عَلَيْنَا

فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ هَذَا قَالَ أَنَا عَامِرٌ قَالَ غَفَرَ لَكَ رَبكَ قَالَ وَمَا اسْتَغْفَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِإِنْسَانٍ يَخُصهُ إِلا اسْتُشْهِدَ قَالَ فَنَادَى عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ وَهُوَ عَلَى جَمَلٍ لَهُ يَا نَبِي اللهِ لَوْلَا مَا مَتعْتَنَا بِعَامِرٍ قَالَ فَلَما قَدِمْنَا خَيْبَرَ قَالَ خَرَجَ مَلِكُهُمْ مَرْحَبٌ يَخْطِرُ بِسَيْفِهِ وَيَقُولُ:

قَدْ عَلِمَتْ خَيْبَرُ أَني مَرْحَبُ شَاكِي السلَاحِ بَطَلٌ مُجَربُ

إِذَا الْحُرُوبُ أَقْبَلَتْ تَلَهبُ

قَالَ وَبَرَزَ لَهُ عَمي عَامِرٌ فَقَالَ:

قَدْ عَلِمَتْ خَيْبَرُ أَني عَامِرٌ شَاكِي السلَاحِ بَطَلٌ مُغَامِرٌ

قَالَ فَاخْتَلَفَا ضَرْبَتَيْنِ فَوَقَعَ سَيْفُ مَرْحَبٍ فِي تُرْسِ عَامِرٍ وَذَهَبَ عَامِرٌ يَسْفُلُ لَهُ فَرَجَعَ سَيْفُهُ عَلَى نَفْسِهِ فَقَطَعَ أَكْحَلَهُ فَكَانَتْ فِيهَا نَفْسُهُ قَالَ سَلَمَةُ فَخَرَجْتُ فَإِذَا نَفَرٌ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُونَ بَطَلَ عَمَلُ عَامِرٍ قَتَلَ نَفْسَهُ قَالَ فَأَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنَا أَبْكِي فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ بَطَلَ عَمَلُ عَامِرٍ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَالَ ذَلِكَ قَالَ قُلْتُ نَاسٌ مِنْ أَصْحَابِكَ قَالَ كَذَبَ مَنْ قَالَ ذَلِكَ بَلْ لَهُ أَجْرُهُ مَرتَيْنِ ثُم أَرْسَلَنِي إِلَى عَلِي وَهُوَ أَرْمَدُ فَقَالَ لَأُعْطِيَن الرايَةَ رَجُلًا يُحِب اللهَ وَرَسُولَهُ أَوْ يُحِبهُ اللهُ وَرَسُولُهُ قَالَ فَأَتَيْتُ عَلِيا فَجِئْتُ بِهِ أَقُودُهُ وَهُوَ أَرْمَدُ حَتى أَتَيْتُ بِهِ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَبَسَقَ فِي عَيْنَيْهِ فَبَرَأَ وَأَعْطَاهُ الرايَةَ وَخَرَجَ مَرْحَبٌ فَقَالَ:

قَدْ عَلِمَتْ خَيْبَرُ أَني مَرْحَبُ شَاكِي السلَاحِ بَطَلٌ مُجَربُ

إِذَا الْحُرُوبُ أَقْبَلَتْ تَلَهبُ

فَقَالَ عَلِي:

أَنَا الذِي سَمتْنِي أُمي حَيْدَرَهْ كَلَيْثِ غَابَاتٍ كَرِيهِ الْمَنْظَرَهْ

أُوفِيهِمُ بِالصاعِ كَيْلَ السنْدَرَهْ

قَالَ فَضَرَبَ رَأْسَ مَرْحَبٍ فَقَتَلَهُ ثُم كَانَ الْفَتْحُ عَلَى يَدَيْهِ.

6617 ـ ئىياس ئىبنى سەلەمە دادىسى سەلەمە ئىبنى ئەكۋەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز 1400 كىشى 50 تۇياق قوينى ئېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھۇدەيبىيەگە يېتىپ كەلدۇق. ھۇدەيبىيەدىكى قۇدۇقنىڭ سۈيى بىزگە يەتمەيتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇدۇقنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلغانىدى (ياكى ئۇنىڭغا تۈكۈرگەنىدى)، قۇدۇقنىڭ سۈيى دەرھال ئېتىلىپ چىقىپ تېشىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن، بىز سۇدىن ئىچىپ، ئۇلاغلىرىمىزنى سۇغاردۇق.

ئاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيئەت ئېلىش ئۈچۈن بىزنى بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىغا چاقىردى. مەن بىرىنچى بولۇپ بەيئەت قىلدىم. قالغانلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بەيئەت قىلىشقا باشلىدى. بىر چاغدا، ھەممىسىنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ قاپتىمەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەي سەلەمە! بەيئەت قىلغىن! ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ھەممىدىن بۇرۇن بەيئەت قىلدىم، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ يەنە بىر قېتىم قىلغىن! ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قورالسىز ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ، كالا تېرىسىدىن قىلىنغان بىر قالقاننى بەردى. ئاندىن يەنە كىشىلەردىن بەيئەت ئالغىلى تۇردى. ئۇلاردىن بەيئەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا يەنە:

ـ ئى سەلەمە! بەيئەت قىلمامسەن؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ساڭا باشتا بىر قېتىم ۋە ئوتتۇرىدا بىر قېتىم بەيئەت قىلدىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ يەنە بىر قېتىم قىلغىن! ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۈچىنچى قېتىم بەيئەت قىلدىم. كېيىن مەندىن:

ـ ئى سەلەمە! مەن ساڭا بەرگەن ھېلىقى قالقان قېنى؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! تاغام ئامىر قورالسىز ئۇچراپ قالغانىدى، قالقاننى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىم، ـ دېدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

ـ سەن خۇددى: ئى الله! ماڭا ئۆز نەپسىمدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بىرىنى يولۇقتۇرغىن! ـ دەپ دۇئا قىلغان كىشىگە ئوخشايدىكەنسەن، ـ دېدى.

كېيىن، مۇشرىكلار بىز بىلەن سۈلھى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتىشتى، بىزمۇ (ئەلچى) ئەۋەتتۇق ۋە ئارىمىزدا سۈلھى تۈزۈلدى.

مەن ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى تەلھەنىڭ خىزمەتچىسى ئىدىم. ئۇنىڭ ئېتىنى سۇغۇرۇپ، باقاتتىم، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتىم ۋە تامىقىنى يەيتتىم. مال ـ مۈلكۈمنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىمنى تاشلاپ، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ چىققان ئىدىم. مۇشرىكلار بىلەن سۈلھى تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە يېتىپ ئارام ئېلىۋاتاتتىم، مەككە مۇشرىكلىرىدىن تۆتى كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئالا ـ تاغىل سۆزلەرنى قىلغىلى تۇردى. مەن ئۇلاردىن نەپرەتلىنىپ، باشقا بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا يۆتكەلدىم. ئۇلارمۇ قوراللىرىنى ئېسىپ قويۇپ، يېتىپ ئارام ئېلىشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز بىر جاكارچى:

ـ ئەي مۇھاجىرلار، تېز كېلىڭلار! ئىبنى زۇنەيم ئۆلتۈرۈلدى، ـ دەپ توۋلاپ كەتتى. مەن دەرھال قىلىچىمنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، نېرىدا ياتقان تۆت مۇشرىكنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ باردىم ۋە ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى قولۇمغا ئېلىۋېلىپ:

ـ مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ يۈزىنى شەرەپلىك قىلغان الله تائالاغا قەسەم قىلىمەنكى، كىم بېشىنى

كۆتۈرىدىغان بولسا، كالىلىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىۋېتىمەن، ـ دېدىم.

ئاندىن ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ باردىم. تاغام ئامىرمۇ ئاتقا مىنگەن ھالدا مىكرەز ئىسىملىك بىرسىنى 70 مۇشرىك بىلەن بىللە ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا بىر نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن:

ـ ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار، بۇلار (ھەر ئىشنى) خىيانەت بىلەن باشلاپ، يەنە خىيانەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدىغانلار بولسۇن! ـ دېدى ۋە ئۇلارنى ئەپۇ قىلىۋەتتى.

الله تائالا: الله ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيەدە) سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشتىن توستى، الله قىلىدىغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [1] دېگەن ئايىتىنى ئاخىرىغىچە تولۇق نازىل قىلدى.

كېيىن، مەدىنىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، بىر يەردە قوندۇق. بەنى لەھيان قەبىلىسى بىلەن ئوتتۇرىمىزدا بىر تاغ بار ئىدى. ئۇلار مۇشرىك بولغاچقا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ كېچە، اللهنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا كۆزەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن مۇنۇ تاغقا چىققان كىشىگە الله مەغپىرەت قىلسۇن! ـ دېدى. مەن شۇ كېچىسى تاغقا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم چىقتىم.

مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىسىنى خىزمەتچىسى رەباھتىن يايلاققا ئەۋەتتى.

---

[1] سۈرە فەتھ 24 ـ ئايەت.

مەنمۇ تەلھەنىڭ ئېتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتلىتىشقا چىقتىم. تاڭ ئاتقاندا، ئابدۇراھمان فەزارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىلىرىنى بۇلاپ، پادىچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مەن رەباھقا:

ـ ئى رەباھ! بۇ ئاتنى ئېلىپ، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا يەتكۈزۈپ بەر ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەھۋالنى يەتكۈزگىن! ــ دېدىم. ئاندىن بىر دۆڭگە چىقىپ، مەدىنىگە قاراپ:

ـ دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى! ـ دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىدىم. ئاندىن:

مانا مەن بولىمەن ئەكۋەئنىڭ ئوغلى،
بۈگۈن پەسكەشلەرنىڭ ھالاكەت كۈنى.

دەپ توۋلىغاچ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ ماڭدىم. ئۇلاردىن بىرىگە يېتىشىۋېلىپ، ئوق ئاتقانىدىم، ئوق ئۇنىڭ تارغىقىغا تەگدى. مەن:

ـ ئاله! مانا مەن بولىمەن ئەكۋەئنىڭ ئوغلى، ۋە بۈگۈن پەسكەشلەرنىڭ ھالاكەت كۈنى، ـ دېدىم.

ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارغا توختىماي ئوق ئېتىپ، يارىلاندۇرىۋەردىم. ئاتلىق بىرەرسى ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭا ھۇجۇم قىلسا، دەرھال دەرەخنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئېتىپ يارىلاندۇراتتىم. ئاخىرى، تاغ يولى تارىيىپ، چىغىر يوللارغا كىرگەندە، تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۇلارغا تاش ئاتقىلى تۇردۇم. ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۇلارنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ يۈردۈم. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنى تاشلاپ قاچقىلى تۇردى، مەنمۇ تۆگىلەرنى ئارقامدا قالدۇرۇپ، داۋاملىق ئوق ئاتقان ھالدا ئارقىلىرىدىن قوغلاپ مېڭىۋەردىم. ئۇلار يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئوتتۇزغا يېقىن تون ۋە ئوتتۇزغا يېقىن نەيزىنى تاشلاپ ماڭدى. ئۇلار نېمىنى تاشلاپ ماڭسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە

ساھابىلىرىگە ئىشارەت بولۇشى ئۈچۈن، تاش بىلەن بەلگە قويۇپ ماڭدىم.

ئۇلارنى بىر تاغ قاپتىلىغا قىستىۋالدىم. ئۇلارنىڭ قېشىغا بەدر قەزارىنىڭ ئوغلى پالانچى يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يېگەچ پاراڭلىشىشقا باشلىدى. مەنمۇ بىر تۆپىلىككە چىقىپ ئولتۇردۇم. قەزارى ئۇلاردىن:

ـ سىلەرگە نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇلار:

ـ بۇ ئادەم بىشىمىزغا بالا بولدى. تاڭ يورىغاندىن باشلاپ بىزدىن نېرى كەتمەي ئوق ئېتىپ قوغلاۋاتىدۇ، قولىمىزدىكى ھەممە نەرسىنى ئېلىۋالدى، ـ دېيىشتى. قەزارى:

ـ تۆت كىشى تۆپىلىككە چىقىپ ئۇنىڭغا بىر نېمە دېسۇن، ـ دېدى. ئۇلاردىن تۆت كىشى مەن بار تۆپىلىككە ياماشقىلى تۇردى. ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندىن كېيىن:

ـ مېنى تونۇمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدىم، ئۇلار:

ـ ياق، كىم بولىسەن؟ ـ دېيىشتى، مەن:

ـ سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ بولىمەن. مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىنى ھۆرمەتلىك قىلغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قايسىڭلارنى قوغلىسام، شۇنىڭغا يېتىشەلەيمەن. ئەمما مېنى تۇتماقچى بولساڭلار، ھېچقايسىڭلار يېتىشەلمەيسىلەر، ـ دېدىم، ئۇلاردىن بىرى:

ـ (توغرا دەيدۇ) بۇنى بىلىمەن، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قايتىپ چۈشۈپ كەتتى. مەن جايىمدا مىدىرلىماي تۇردۇم. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ دەرەخزارلىقنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئەڭ باشتا ئەخرەم ئەسەدى، ئۇنىڭ ئارقىدىن ئەبۇ قەتادە ئەنسارى، ئۇنىڭ ئارقىدىن مىقداد ئىبنى

ئەسۋەد كىرىدى كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، دۈشمەنلەر قېچىپ كېتىشتى. مەن ئەخرەمنىڭ چۈلۈۋۈرىدىن تۇتۇۋېلىپ:

ـ ئى ئەخرەم! دىققەت قىل، ساھابىلەر يېتىپ كەلگىچە، ئۇلار سېنى ئۆلتۈرىۋېتىپ قالمىسۇن، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ئى سەلەمە! سەن اللهقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرسەڭ، جەننەت ۋە دوراخنى ھەق دەپ بىلسەڭ، مېنى شېھىد بولۇشتىن توسمىغىن! ـ دېدى، مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم. ئۇ بېرىپ، ئابدۇراھمان بىلەن ئېلىشىپ، ئېتىنى يارىلاندۇردى. لېكىن ئابدۇراھمان ئۇنى نەيزە بىلەن ئۆلتۈرىۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئېتىغا مىندى. دەل شۇ پەيتتە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەركەردىسى ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇراھمانغا يېتىشىۋېلىپ، نەيزە بىلەن ئۆلتۈرىۋەتتى. مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىنى ھۆرمەتلىك قىلغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن پىيادە يۈگۈردۈم. (مەن بەك ئىلگىرىلەپ كەتكەن بولغاچقا) ئارقامدىن كېلىۋاتقان ساھابىلەرنىڭ بىرىنىمۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئايىغىدىن چىققان چاڭ ـ توزاڭنىمۇ كۆرمىدىم. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغانىدا، دۈشمەن زۇلقەرەد دەپ ئاتىلىدىغان سۇلۇق جىلغىغا يېتىپ باردى ۋە قاتتىق چاڭقاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سۇ ئىچمەكچى بولۇشتى. لېكىن مېنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، بىر تامچىمۇ سۇ ئىچمەلمەي يەنە قاچتى ۋە ئېگىز بىر تۆپىلىككە قاراپ يامىشىشقا باشلىدى. بىرسىگە يېتىشىۋېلىپ، مۈرىسىنى چەنلەپ تۇرۇپ ئوق ئاتتىم ۋە:

ـ ئاله! مانا مەن بولىمەن ئەكۋەئنىڭ ئوغلى، بۈگۈن پەسكەشلەرنىڭ ھالاكەت كۈنى، ـ دېدىم، ئۇ:

ـ ۋۇي ئانىسى ئۆلگۈر، يەنە شۇ ئەتىگەنكى ئەكۋەئمۇسەن؟ ـ دېدى، مەن:

ــ ھەئە، ئى ئۆز نەپسىنىڭ دۈشمىنى! ئەتىگەنكى ئەكۆەئىگمەن، ـ دېدىم.

ئۇلار تاغ يولىدا ئىككى تۇياق ئاتنى تاشلاپ قاچتى. مەن ئۇ ئىككى ئاتنى ئېلىپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا قايتتىم. تاغام ئامىر ماڭا يېتىشىپ كەلدى. ئۇ بىر تۇلۇمدا سۈت، يەنە بىر تۇلۇمدا سۇ ئەكەلگەن ئىكەن. سۈتنى ئىچىپ، سۇدا تاھارەت ئالدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلقەرەدتىكى سۇلۇق جىلغىدا تۇرۇۋاتقانىكەن. قارىسام، مەن مۇشىرىكلاردىن تارتىۋالغان تۆگە، نەيزە ۋە تونلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ كەپتۇ. بىلال تۆگىدىن بىرنى بوغۇزلاپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇنىڭ جىگىرى بىلەن لوكىسىنى كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇپ بېرىۋېتىپتۇ. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىجازەت بەرگىن، يۈز ئادەمنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي قىرىپ تۇگىتىۋېتەي، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ كېتىپ:

ــ ئى سەلەمە! شۇنداق قىلامتىڭ؟ ـ دېۋىدى، مەن:

ــ ھەئە، سېنى ئىززەت ــ ھۆرمەتلىك قىلغان زات بىلەن قەسەمكى، شۇنداق قىلىمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇلار ھازىر غەتەفان زېمىنىدا مېھمان قىلىنىۋاتىدۇ، ـ دېدى.

غەتەفان تەرەپتىن كەلگەن بىر ئادەمنىڭ ئېيتىشىچە، (غەتەفاندىن) بىرى ئۇلار ئۈچۈن تۆگە بوغۇزلاپ، تېرىسىنى چىقىرىۋاتقان ۋاقىتتا، يىراقتىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ــ توزاڭنى كۆرۈپ: "ۋاي! مەدىنىلىكلەر ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەپتۇ" دېيىشىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۈگۈن ئاتلىق سەركەردىلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەبۇ قەتادە، پىيادىلىك ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى سەلەمە بولدى، ـ دېدى.

ئاندىن ماڭا ئولجىدىن بىر ئاتلىق مۇجاھىد بىلەن بىر پىيادە مۇجاھىدنىڭ نېسىۋىسىنى جەملەپ، ئىككى كىشىلىك نېسىۋە بەردى. ئاندىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنى ئەزبائ دېگەن تۆگىسىنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتۈرىۋالدى. شۇ ئارىدا، ئەنسارىلاردىن بىرى:

ـ مۇسابىقىلىشىدىغانلار بارمۇ؟ مەدىنىگىچە مۇسابىقىلىشىدىغانلار بارمۇ؟ ـ دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن توۋلىغىلى تۇردى، مەن ئۇنىڭغا:

ـ ئۇلۇغ كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمامسەن، يۈز ـ ئابرويلۇق كىشىدىن تەپ تارتمامسەن؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ياق، پەقەت رەسۇلۇللاھتىنلا تەپ تارتىمەن، ـ دېدى، مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن. رۇخسەت قىلساڭ، بۇ ئادەم بىلەن مۇسابىقىلەشسەم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ خالىساڭ، شۇنداق قىلغىن! ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

ـ قېنى ئەمىسە، باشلا! ـ دېدىم ۋە تۆگىدىن سەكرەپ چۈشتۈم. ئۆزۈمنى ھاردۇرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن بىر ـ ئىككى دۆڭدىن ئۆتۈپ، ئازراق دەم ئالدىم. ئاندىن يەنە يۈگۈرۈپ، بىر ـ ئىككى دۆڭدىن ئۆتۈپ، يەنە دەم ئېلىۋالدىم. ئاندىن سۈرئىتىمنى تېزلىتىپ، ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدىم ـ دە، مۈرىسىگە بىرنى ئۇرۇپ:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئارقامدا قالدىڭ، ـ دېدىم، ئۇ:

ـ شۇنداق بولدى، ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، مەدىنىگە ئۇنىڭدىن بۇرۇن يېتىپ باردىم.

مەدىنىدە ئۈچ كۈنلا تۇرغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن خەيبەرگە چىقتۇق. تاغام ئامىر ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدا مۇنداق دەپ قوشاق ئېيتقىلى تۇردى:

گەر بولمىساڭ، ئى الله!
تاپماس ئىدۇق ھىدايەت.
بىلمەس ئىدۇق نېمىدۇر،
زاكات، ناماز، ئىبادەت؟
بىز ئەمەسمىز ئى الله!
رەھمىتىڭگە بىھاجەت.
بىزنى قىلغىن خاتىرجەم،
بەرگىن بىزگە سۈكۈنەت.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، مەن:

ـ ئۇ (تاغام) ئامىر، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ رەببىم ساڭا رەھمەت قىلغاي! ـ دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم اللهتىن كىمگە رەھمەت تىلىسە، شۇ كىشى چوقۇم شېھىد بولاتتى. شۇڭا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئامىر بىلەن كۆڭلىمىز ئارام تاپاتتى ئەمەسمۇ؟! ـ دېدى.

خەيبەرگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ پادىشاھى مەرھەب شەمشىرىنى پۇلاڭلىتىپ چىقىپ، مۇنداق دېدى:

خەيبەر مېنىڭ كىملىكىمنى ئوبدان بىلىدۇ،
ئىسمىم مەرھەب (خەيبەرنىڭ شاھى بولىمەن).
ئۇرۇش بىر باشلانسا، ئۇندا كۆرۈڭلار،
توپ ـ تولۇق قوراللانغان پالۋان بولىمەن.

تاغام ئامىر ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ مۇنداق قوشاق ئېيتتى:

ئامىرمەن، بىلىدۇ خەيبەرمۇ مېنى،
بەك قارام پالۋانمەن، چۈشمەمسەن قېنى؟

ئۇلار قاتتىق تۇتۇشۇپ، بىر قەپەز ئېلىشقاندىن كېيىن، مەرھەبنىڭ قىلىچى ئامىرنىڭ قالقىنىغا تەگدى. ئامىر ئۇنىڭغا ئاستىدىن ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋىدى، قىلىچى سىيرىلىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ جان تومۇرى كېسىلىپ كەتتى ۋە شۇ يەردە جان بەردى.

ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرسەم، ساھابىلەردىن بىر نەچچىسى:

ــ ئامىرنىڭ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى، ـ دېيىشىۋاتقان ئىكەن. بۇنى ئاڭلاپ، يىغلىغان پېتى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئامىرنىڭ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتتىمۇ؟
ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ كىم شۇنداق دەيدۇ؟ ـ دېدى، مەن:

ــ ساھابىلىرىڭدىن بىر نەچچىسى، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ كىم ئۇنداق دېگەن بولسا، يالغان سۆزلەپتۇ. دەل ئەكسىچە، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ، ـ دېدى.

ئەلىنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى ۋە مۇنداق دېدى:

ــ بۈگۈن تۇغنى شۇنداق بىر كىشىگە تۇتقۇزايكى، ئۇ، ﷲنى ۋە رەسۇلىنى سۆيىدۇ. ﷲمۇ ۋە رەسۇلىمۇ ئۇنى سۆيىدۇ، ـ دېدى. ئەلىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە مۇبارەك تۈكۈرۈكىنى سۈرتۈپ قويغانىدى، ئەلىنىڭ كۆزلىرى دەرھال ساقىيىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى، مەرھەب مەيدانغا چىقىپ مۇنداق قوشاق ئېيتتى:

خەيبەر مىنىڭ كىملىكىمنى ئوبدان بىلىدۇ،
ئىسمىم مەرھەب (خەيبەرنىڭ شاھى بولىمەن).
ئۇرۇش بىر باشلانسا، ئۇندا كۆرۈڭلار،
توپ ـ تولۇق قوراللانغان پالۋان بولىمەن.
ئەلىمۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
ئانام مېنى شىر دەپ ئاتىغان،
گوياكى ئورمانىنىڭ ۋەھشىي شىرىمەن.
دۈشمەنگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمايمەن ئەسلا،
جازانى ھەددىدىن ئارتۇق بېرىمەن.
ئەلى ئېلىشىپ، مەرھەبنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى ۋە خەيبەر ئۇنىڭ قولىدا فەتھى قىلىندى.
(مۇسلىم: 1807)

## زۇقەرەد غازىتى، خەيبەر غازىتى ۋە (ھۇدەيبىيە سۇلھىسىگە ئاساسەن ئادا قىلىنماي قالغان) ئۆمرىنىڭ قازاسى

6618 ـ عن سَلَمَةَ بْنَ الْأَكْوَعِ يَقُولُ خَرَجْتُ قَبْلَ أَنْ يُؤَذنَ بِالْأُولَى وَكَانَتْ لِقَاحُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَرْعَى بِذِي قَرَدَ قَالَ فَلَقِيَنِي غُلَامٌ لِعَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ فَقَالَ أُخِذَتْ لِقَاحُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُلْتُ مَنْ أَخَذَهَا قَالَ غَطَفَانُ قَالَ فَصَرَخْتُ ثَلَاثَ صَرَخَاتٍ يَا صَبَاحَاهْ قَالَ فَأَسْمَعْتُ مَا بَيْنَ لَابَتَيْ الْمَدِينَةِ ثُم انْدَفَعْتُ عَلَى وَجْهِي حَتى أَدْرَكْتُهُمْ وَقَدْ أَخَذُوا يَسْتَقُونَ مِنْ الْمَاءِ فَجَعَلْتُ أَرْمِيهِمْ بِنَبْلِي وَكُنْتُ رَامِيًا وَأَقُولُ أَنَا ابْنُ الْأَكْوَعْ وَالْيَوْمُ يَوْمُ الرضعْ وَأَرْتَجِزُ حَتى اسْتَنْقَذْتُ اللقَاحَ مِنْهُمْ وَاسْتَلَبْتُ مِنْهُمْ ثَلَاثِينَ بُرْدَةً قَالَ وَجَاءَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالناسُ فَقُلْتُ يَا نَبِي اللهِ قَدْ حَمَيْتُ الْقَوْمَ الْمَاءَ وَهُمْ عِطَاشٌ فَابْعَثْ إِلَيْهِمْ الساعَةَ فَقَالَ يَا ابْنَ الْأَكْوَعِ مَلَكْتَ فَأَسْجِحْ قَالَ ثُم رَجَعْنَا وَيُرْدِفُنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى نَاقَتِهِ حَتى دَخَلْنَا الْمَدِينَةَ.

6618 — سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بامداتقا ئەزان ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن مەدىنىدىن يولغا چىقتىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىلىرى زۇقەرەد دېگەن جايدا بېقىلاتتى. ماڭا ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ خىزمەتچىسى ئۇچراپ:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېغىن تۆگىلىرى بۇلاپ كېتىلدى، - دېدى.

- كىم بۇلاپ كەتتى؟ - دېسەم، ئۇ:

- غەتەفان قەبىلىسى، - دېدى. مەن ئۈچ قېتىم:

— دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى! - دەپ، مەدىنە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا تووۋلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن

ناھايىتى تېز سۈرئەتتە قوغلىدىم. ئۇلار تۆگىلەرنى راستىنلا بۇلاپ كەتكەن بولۇپ، سۇ ئىچىش ئۈچۈن بىر يەردە توختىغانىكەن. مەن يېتىشىپ بېرىپ:

مانا مەن بولىمەن ئەكۋەئىنىڭ ئوغلى،
ۋە بۈگۈن پەسكەشلەرنىڭ ھالاكەت كۈنى...

دېگىنىمچە ئۇلارغا ئوق ئېتىشقا باشلىدىم ۋە ئۇلاردىن ئوتتۇز قۇر توننى تارتىۋالدىم. كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرى بىلەن يېتىپ كەلگەندە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! دۈشمەن ئۇسسۇز، مەن ئۇلارنىڭ سۇ ئىچىشىگە پۇرسەت بەرمەي قوغلىۋەتتىم، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا ئادەم ئەۋەتكىن، - دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئى ئىبنى ئەكۋەئ! ھېلىمۇ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدىڭ، بولدى قىل، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئارقىمىزغا قايتتۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاكى مەدىنىگە يېتىپ بارغىچە مېنى تۆگىسىگە مىنگەشتۈرىۋالدى.

(بۇخارى: 4194)

6619 ـ عَنْ سَلَمَةَ بنِ الْأَكْوَعِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلى خَيْبَرَ فَسِرْنَا لَيْلًا فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ الْقَوْمِ لِعَامِرٍ يَا عَامِرُ أَلَا تُسْمِعُنَا مِنْ هُنَيْهَاتِـكَ وَكَانَ عَامِرٌ رَجُلًا شَاعِرًا فَنَزَلَ يَحْدُو بِالْقَوْمِ يَقُولُ اللهُم لَوْلَا أَنتَ مَا اهْتَدَيْنَا وَلَا تَـصَدقْنَا وَلَا صَلَيْنَا فَاغْفِرْ فِدَاءً لَكَ مَا أَبْقَيْنَا وَثَبتْ الْأَقْدَامَ إِنْ لَاقَيْنَا وَأَلْقِيَنْ سَكِينَةً عَلَيْنَا إِنا إِذَا صِيحَ بِنَا أَبَيْنَا وَبِالصيَاحِ عَوَلُوا عَلَيْنَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ هَذَا السائِقُ قَالُوا عَامِرُ بْنُ الْأَكْوَعِ قَالَ يَرْحَمُهُ اللهُ قَالَ رَجُلٌ مِنْ الْقَوْمِ وَجَبَتْ يَا نَبِي اللهِ لَوْلَا أَمْتَعْتَنَا بِـهِ فَأَتَيْنَا خَيْبَرَ فَحَاصَرْنَاهُمْ حَتى أَصَابَتْنَا مَخْمَصَةٌ شَدِيدَةٌ ثُم إِن اللهَ تَعَالَى فَتَحَهَا عَلَيْهِمْ فَلَما أَمْسَى الناسُ مَسَاءَ الْيَوْمِ الذِي فُتِحَتْ عَلَيْهِمْ أَوْقَدُوا نِيرَانًا كَثِيرَةً فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا هَذِهِ النيرَانُ عَلَى أَي شَيْءٍ تُوقِدُونَ قَالُوا عَلَى لَحْمٍ قَالَ عَلَى أَي لَحْمٍ قَالُوا لَحْمِ

حُمُرِ الْإِنسِيةِ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَهْرِيقُوهَا وَاكْسِرُوهَا فَقَالَ رَجُلٌ يَا رَسُـولَ اللهِ أَوْ نُهَرِيقُهَا وَنَغْسِلُهَا قَالَ أَوْ ذَاكَ فَلَما تَصَافَ الْقَوْمُ كَانَ سَيْفُ عَامِرٍ قَصِيرًا فَتَنَاوَلَ بِهِ سَاقَ يَهُودِي لِيَضْرِبَهُ وَيَرْجِعُ ذُبَابُ سَيْفِهِ فَأَصَابَ عَيْنَ رُكْبَةِ عَامِرٍ فَمَاتَ مِنْهُ قَالَ فَلَمـا قَفَلُوا قَالَ سَلَمَةُ رَآنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ آخِذٌ بِيَدِي قَالَ مَا لَكَ قُلْتُ لَهُ فَدَاكَ أَبِي وَأُمي زَعَمُوا أَن عَامِرًا حَبِطَ عَمَلُهُ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَذَبَ مَنْ قَالَهُ إِن لَهُ لَأَجْرَيْنِ وَجَمَعَ بَيْنَ إِصْبَعَيْهِ إِنهُ لَجَاهِدٌ مُجَاهِدٌ قَل عَرَبِي مَشَى بِهَا مِثْلَهُ.

6619 ـ سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن خەيبەرگە بارماقچى بولۇپ، كېچىدە يولغا چىقتۇق. بىر ئادەم ئامىرغا:

— ئى ئامىر! ھېلىقى شېئىرلىرىڭدىن بىزگە ئېيتىپ بەرمەمسەن؟ ـ دېدى. ئامىر شائىر ئىدى. ئۇ ئۆلىغىدىن چۈشۈپ:

رەببىمىز سەن بولمىساڭ، تاپماس ئىدۇق ھىدايەت،
بىلمەس ئىدۇق نېمىدۇر، زاكات، ناماز، ئىبادەت.
جانلىرىمىز بولسۇن پىدا، قىلغىن بىزگە مەغپىرەت،
ئېلىشقاندا ياۋ بىلەن، ئاتا قىلغىن مەتانەت.
بېغىشلىغىن بىزلەرگە خاتىرجەملىك، جاسارەت،
زۇلۇم قىلدى مۇشرىكلار تۇتۇپ بىزگە ئاداۋەت،
دىنىمىزدىن ياندۇرسا، قىلمايمىز ھېچ ئىتائەت.

دەپ قوشاق ئوقۇغاچ كىشىلەرنىڭ تۆگىلىرىنى ھەيدەپ ماڭدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ تۆگىلەرنى ھەيدەپ ماڭغان كىم؟ ـ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

— ئامىر ئىبنى ئەكۋە، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ـ دېدى. ئارىدىن بىرەيلەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سېنىڭ دۇئايىڭ بىلەن ئۇنىڭغا شەھىد بولۇش نېسىپ بولدى. بىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىر مۇددەت بىللە بولغىلى قويساڭچۇ؟! ــ دېدى. خەيبەرگە يېتىپ بېرىپ، ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئالدۇق. بىز قاتتىق ئاچارچىلىققا دۇچار بولدۇق. نىھايەت، الله بىزگە خەيبەرنى ئازاد قىلىپ بەردى. خەيبەر ئازاد قىلىنغان كۈنى كەچتە نۇرغۇن يەرگە ئوت يېقىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇ نېمە ئوتلار؟ نېمىگە ئوت يېقىۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ــ گۆشكە، - دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

ــ قايسى گۆشكە؟ - دەپ سورىدى، ئۇلار:

ــ يەرلىك ئېشەكنىڭ گۆشى، - دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنى تۆكۈۋېتىپ، قازانلارنى چېقىۋېتىڭلار! - دېدى. بىرەيلەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! گۆشنى تۆكۈۋېتىپ، قازانلارنى يۇيىۋەتسەك بولمامدۇ؟ - دەپ سورىغانىدى:

ــ يۇيىۋەتسەڭلارمۇ بولىدۇ، - دېدى. ئىككى تەرەپ ئۇرۇش ئۈچۈن سەپ تارتتى. ئامىرنىڭ قىلىچى قىسقا بولۇپ، بىر يەھۇدىينىڭ پۇتىنى چېپىۋەتكەندىن كېيىن، يېنىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ تىزىغا تەگدى ۋە شۇ جاراھەتتىن ئۆلۈپ كەتتى. خەيبەردىن قايتقان چاغدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى كۆرۈپ، قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ــ ساڭا نېمە بولدى؟ - دەپ سورىدى، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! كىشىلەر: "ئامىرنىڭ ئەمىلى بىكار بولۇپ كەتتى" دېيىشىۋاتىدۇ، - دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئۇنـــداق دېــگەن ئـــادەم يالغـــان ئېيتـىپتـــۇ، ـ دەپ ئىـككــى بارمىـقىـنى جۈپلـەپ تۇرۇپ:

ـ ئۇنىڭغا ئىككى ئەجىر بار. چۈنكى ئۇ شۇنداق تىرىشچان ھەم كۈرەشچان ئىدىكى، ئەرەبلەر ئىچىدە بۇنىڭدەك كىشى تېپىلمايدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4196)

6620 ـ عن أنسٍ أن رَسُولَ اللهِ ﷺ غَزَا خَيْبَرَ قال فَصَلَّيْنَا عِنْدَهَا صَلَاةَ الْغَـدَاةِ بِغَلَسٍ فَرَكِبَ نَبِيُّ اللهِ ﷺ وَرَكِبَ أبو طَلْحَةَ وأنا رَدِيفُ أبي طَلْحَةَ فَأَجْرَى نَبِيُّ اللهِ ﷺ في زُقَاقِ خَيْبَرَ وَإِنَّ رُكْبَتِي لَتَمَسُّ فَخِذَ نَبِيِّ اللهِ ﷺ وَانْحَسَرَ الْإِزَارُ عن فَخِذِ نَبِيِّ اللهِ ﷺ فَإِنِّي لَأَرَى بَيَاضَ فَخِذِ نَبِيِّ اللهِ ﷺ فلما دخل الْقَرْيَةَ قال الله أَكْبَرُ خَرِبَتْ خَيْبَرُ إِنَّـا إذا نَزَلْنَـا بِسَاحَةِ قَوْمٍ فَسَاءَ صَبَاحُ الْمُنْذَرِينَ قَالَهَا ثَلَاثَ مَرَاتٍ قال وقد خَرَجَ الْقَوْمُ إلى أَعْمَـالِهِمْ فَقَالُوا مُحَمَّدٌ والله قال عبد الْعَزِيزِ وقال بَعْضُ أَصْحَابِنَا مُحَمَّدٌ وَالْخَمِيسُ قال وَأَصَـبْنَاهَا عَنْوَةً وَجُمِعَ السَّبْيُ فَجَاءَهُ دِحْيَةُ فقال يا رَسُولَ اللهِ أَعْطِنِي جَارِيَةً من السَّبْيِ فقال اذْهَبْ فَخُذْ جَارِيَةً فَأَخَذَ صَفِيَّةَ بِنْتَ حُيَيٍّ فَجَاءَ رَجُلٌ إلى نَبِيِّ اللهِ ﷺ فقال يا نَبِيَّ اللهِ أَعْطَيْـتَ دِحْيَةَ صَفِيَّةَ بِنْتَ حُيَيٍّ سَيِّدِ قُرَيْظَةَ وَالنَّضِيرِ ما تَصْلُحُ إلا لك قال ادْعُوهُ بها قال فَجَاءَ بِـهَا فلما نَظَرَ إِلَيْهَا النبي ﷺ قال خُذْ جَارِيَةً من السَّبْيِ غَيْرَهَا قال وَأَعْتَقَهَا وَتَزَوَّجَهَا فقال لـه ثَابِتٌ يا أَبَا حَمْزَةَ ما أَصْدَقَهَا قال نَفْسَهَا أَعْتَقَهَا وَتَزَوَّجَهَا.

6620 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەرگە يۈرۈش قىلدى، بىز بامدات نامىزىنى شۇ يەردە ئالاقاراڭغۇلۇقتا ئوقۇدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسىگە مىندى، ئەبۇ تەلھەمۇ تۆگىسىگە مىنىپ، مېنى مىنگەشتۈرۈۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلىغىنى خەيبەر كوچىلىرىدا چاپتۇرۇشقا باشلىدى. مېنىڭ تىزىم ئۇنىڭ يوتىسىغا تېگىپ تۇراتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ يوتىسى ئېچىلىپ

قالـدى. پەيغەمـبەر ئەلـەيھىـسسالامـنىـڭ يوتـىـسىـنىـڭ شـۇنداق ئـاق ئـىـكەنلـىـكـىـنى كۆردۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ الله ئەكـبەر، خەيـبەر ھالاك بولـدى، بـىـز قانـداق بـىـر قەۋمـنـىــڭ دائـىرىسـىـگە چۈشـىـدىكەنمـىـز، شۇ يەردىكى ئاگاھلانـدۇرۇلغۇچىلارنىـڭ ئەھۋالى يامـان بولـىدۇ. ـ دەپ ئۈچ قېـتـىم توۋلـىـدى.

(سـېـپـىـل سـىـرتـىـدىكى) ئـېـكـىـنزارلـىـقـلـغـا چىـقـىـپ كـېـتـىـۋاتقـان خەيبەر دېھقانلـىرى (بـىزنى كۆرۈپ):

ـــ مـۇھەممەد كەپـتـۇ، ـ دەپ ۋارقـىراشـقا (ۋە كەيـىـنـىـگە قـاراپ قېچىـشقا) باشلـىدى. شۇنداق قـىلـىـپ، خەيـبەرنـى ئۇرۇشـۇپ ئالـدۇق، ئەسـىرلەر بـىـر يەرگە يـىغـىلدى. دىھيە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ پەيغەمــبەر سەللاللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسەللەمـنىـڭ يېـنـىغا كېلـىپ:

ـــ ئـى رەسـۇلۇللاھ! مـاڭـا ئەسـىـرلەر ئـىچىــدىـن بـىــر كـېـنـىــزەك بەرگەن بولــساڭ، ـ دېگەنـىــدى، پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلـەيھــى ۋەسەللەم: ـــ بېرىـپ، كـېـنـىــزەكـتىـن بـىرنـى ئېلـىـۋال! ــ دېـدى. ئـۇ، ســەفـىيە بـىـنـتــى ھــۇيەيىنى تالـلـىـۋالــدى. بـىــرەيلەن پەيغەمـــبەر ئەلـەيھىـسسالامـنـىـڭ يېـنـىغا كېلـىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! دىھيەگە بەنى قـۇرەيزە ۋە بەنـى نەزىـرنـىــڭ ئەڭ ئېــسـىـل خېـنـىـمـىـنــى بېرىـۋەتتـىــڭ. ھــالبۇكى، ئـۇ ســەندىـن باشــقا كـىشـىگە مۇناسـىـپ كەلـمەيـدۇ، ـ دېـدى. بـۇنى ئاڭـلـىغـان پەيغەمــبەر سەللاللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئـىـككـىلـىـسـىنى چاقـىرىـپ كـېلـىڭلار! ــ دېـدى. دىھـيە بـىـلـەن سەفـىيە كەلـدى. پەيغەمـبەر ئەلـەيھىـسسالام سەفـىيەگە بـىـر قـۇر نەزەر تاشلـىـۋەتكەندىـن كـېيـىن:

ـ سـەن باشـقا بـىـر كـېنـىــزەك تـالـلـىـۋالغـىـن! ــ دېـدى. كـېـيـىـن، پەيغەمـبەر سەللاللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسـەللەم سـەفـىـيەنى ئـازاد قـىـلـىـپ، ئۆز ئەمـرىـگە ئالـدى.

(مۇسلـىم: 1365)

6621 ـ عن بُرَيْدَةَ قَالَ حَاصَرْنَا خَيْبَرَ فَأَخَذَ اللوَاءَ أَبو بَكْرٍ فَانْصَرَفَ وَلَمْ يُفْتَحْ لَهُ ثُم أَخَذَهُ مِنْ الْغَدِ فَخَرَجَ فَرَجَعَ وَلَمْ يُفْتَحْ لَهُ وَأَصَابَ الناسَ يَوْمَئِذٍ شِدةٌ وَجَهْـدٌ فَقَـالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِني دَافِعٌ اللوَاءَ غَدًا إِلَى رَجُلٍ يُحِبهُ اللهُ وَرَسُولُهُ وَيُحِب اللهَ وَرَسُولَهُ لَا يَرْجِعُ حَتى يُفْتَحَ لَهُ فَبِتْنَا طَيبَةٌ أَنْفُسُنَا أَن الْفَتْحَ غَدًا فَلَما أَنْ أَصْبَحَ رَسُـولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى الْغَدَاةَ ثُم قَامَ قَائِمًا فَدَعَا بِاللوَاءِ وَالناسُ عَلَى مَصَافهِمْ فَدَعَا عَلِيا وَهُوَ أَرْمَدُ فَتَفَلَ فِي عَيْنَيْهِ وَدَفَعَ إِلَيْهِ اللوَاءَ وَفُتِحَ لَهُ قَالَ بُرَيْدَةُ وَأَنَا فِيمَنْ تَطَاوَلَ لَهَا.

6621 ـــ بۇرەيـــدە رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇدىن مۇنـــداق رىـــۋايەت قىلىنىدۇ: بىز خەيبەرنى مۇھاسىرىگە ئالدۇق. تۇغ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا ئىدى. (بىرىنچى كۈنى) فەتھ تامام بولماي قايتتۇق. ئەتىسىمۇ تۇغنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدى، فەتھ يەنە ۋۇجۇدقا چىقمىدى. قوشۇن قاتتىق چارچاپ قىيىن ئەھۋالدا قالدى، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئەتىگەنلىككە تۇغنى شۇنداق بىرىگە بېرىمەنكى، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇمۇ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ، خەيبەر فەتھ قىلىنماي تۇرۇپ ئارقىغا يانمايدۇ، ـ دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ، فەتھنىڭ ئەتە ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلغان ھالدا كۆڭلىمىز توق ياتتۇق. تاڭ ئېتىشى بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە تۇغنى ئەكەلدۇردى. قوشۇن سەپ تارتىپ تەق بولغاندىن كېيىن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىردى. ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىق بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كۆزىگە مۇبارەك تۈكۈرۈكىنى سۈرۈپ (ساقايتتى ۋە) تۇغنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

دەرۋەقە، خەيبەر ئۇنىڭ قولىدا فەتھى قىلىندى. تۇغنى قولغا ئېلىش تەمەسىدە بولغانلارنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم[1].

(ئەھمەد: 22484)

6622 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ لَما افْتَتحَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَيْبَرَ قَالَ الْحَجاجُ بْنُ عِلَاطٍ يَا رَسُولَ اللهِ إِن لِي بِمَكةَ مَالًا وَإِن لِي بِهَا أَهْلًا وَإِني أُرِيدُ أَنْ آتِيَهُمْ فَأَنا فِي حِل إِنْ أَنا نِلْتُ مِنْكَ أَوْ قُلْتُ شَيْئًا فَأَذِنَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَقُولَ مَا شَاءَ فَأَتى امْرَأَتَهُ حِينَ قَدِمَ فَقَالَ اجْمَعِي لِي مَا كَانَ عِنْدَكِ فَإِني أُرِيدُ أَنْ أَشْتَرِيَ مِنْ غَنَائِمِ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَصْحَابِهِ فَإِنهُمْ قَدْ اسْتُبِيحُوا وَأُصِيبَتْ أَمْوَالُهُمْ قَالَ فَفَشَا ذَلِكَ فِي مَكةَ وَانْقَمَعَ الْمُسْلِمُونَ وَأَظْهَرَ الْمُشْرِكُونَ فَرَحًا وَسُرُورًا قَالَ وَبَلَغَ الْخَبَرُ الْعَباسَ فَعَقِرَ وَجَعَلَ لَا يَسْتَطِيعُ أَنْ يَقُومَ قَالَ مَعْمَرٌ فَأَخْبَرَنِي عُثْمَانُ الْجَزَرِي عَنْ مِقْسَمٍ قَالَ فَأَخَذَ ابْنًا لَهُ يُقَالُ لَهُ قُثَمُ فَاسْتَلْقَى فَوَضَعَهُ عَلَى صَدْرِهِ وَهُوَ يَقُولُ حَي قُثَمْ حَي قُثَمْ شَبِيهَ ذِي الْأَنفِ الْأَشَمْ بَنِي ذِي النعَمْ يَرْغَمْ مَنْ رَغَمْ قَالَ ثَابِتٌ عَنْ أَنسٍ ثُم أَرْسَلَ غُلَامًا إِلَى الْحَجاجِ بْنِ عِلَاطٍ وَيْلَكَ مَا جِئْتَ بِهِ وَمَاذَا تَقُولُ فَمَا وَعَدَ اللهُ خَيْرٌ مِما جِئْتَ بِهِ قَالَ الْحَجاجُ بْنُ عِلَاطٍ لِغُلَامِهِ اقْرَأْ عَلَى أَبِي الْفَضْلِ السلَامَ وَقُلْ لَهُ فَلْيَخْلُ لِي فِي بَعْضِ بُيُوتِهِ لِآتِيَهُ فَإِن الْخَبَرَ عَلَى مَا يَسُرهُ فَجَاءَ غُلَامُهُ فَلَما بَلَغَ بَابَ الدارِ قَالَ أَبْشِرْ يَا أَبَا الْفَضْلِ قَالَ فَوَثَبَ الْعَباسُ فَرَحًا حَتى قَبلَ بَيْنَ عَيْنَيْهِ فَأَخْبَرَهُ مَا قَالَ الْحَجاجُ فَأَعْتَقَهُ ثُم جَاءَهُ الْحَجاجُ فَأَخْبَرَهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ افْتَتحَ خَيْبَرَ وَغَنِمَ أَمْوَالَهُمْ وَجَرَتْ سِهَامُ اللهِ عَز وَجَل فِي أَمْوَالِهِمْ وَاصْطَفَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَفِيةَ بِنْتَ حُيَي فَاتخَذَهَا لِنَفْسِهِ وَخَيرَهَا أَنْ يُعْتِقَهَا وَتَكُونَ زَوْجَتَهُ أَوْ تَلْحَقَ بِأَهْلِهَا فَاخْتَارَتْ أَنْ يُعْتِقَهَا وَتَكُونَ زَوْجَتَهُ وَلَكِني جِئْتُ لِمَالٍ كَانَ لِي هَاهُنَا أَرَدْتُ أَنْ أَجْمَعَهُ فَأَذْهَبَ بِهِ فَاسْتَأْذَنْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَذِنَ لِي أَنْ أَقُولَ مَا شِئْتُ فَأَخْفِ عَني ثَلَاثًا ثُم اذْكُرْ مَا بَدَا لَكَ قَالَ فَجَمَعَتْ امْرَأَتُهُ مَا كَانَ عِنْدَهَا مِنْ حُلِي وَمَتَاعٍ فَجَمَعَتْهُ فَدَفَعَتْهُ إِلَيْهِ ثُم اسْتَمَر بِهِ فَلَما

[1] ھەيسەمى (10201): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

كَانَ بَعْدَ ثَلَاثٍ أَتَى الْعَبَاسُ امْرَأَةَ الْحَجَاجِ فَقَالَ مَا فَعَلَ زَوْجُكِ فَأَخْبَرَتْهُ أَنَهُ قَدْ ذَهَبَ يَوْمَ كَذَا وَكَذَا وَقَالَتْ لَا يُخْزِيكَ اللهُ يَا أَبَا الْفَضْلِ لَقَدْ شَقَ عَلَيْنَا الَذِي بَلَغَكَ قَالَ أَجَلْ لَا يُخْزِنِي اللهُ وَلَمْ يَكُنْ بِحَمْدِ اللهِ إِلَا مَا أَحْبَبْنَا فَتَحَ اللهُ خَيْبَرَ عَلَى رَسُولِهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ وَجَرَتْ فِيهَا سِهَامُ اللهِ وَاصْطَفَى رَسُولُ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ صَفِيَةَ بِنْتَ حُيَيٍ لِنَفْسِهِ فَإِنْ كَانَتْ لَكِ حَاجَةٌ فِي زَوْجِكِ فَالْحَقِي بِهِ قَالَتْ أَظُنُكَ وَاللهِ صَادِقًا قَالَ فَإِنِي صَادِقٌ الْأَمْرُ عَلَى مَا أَخْبَرْتُكِ فَذَهَبَ حَتَى أَتَى مَجَالِسَ قُرَيْشٍ وَهُمْ يَقُولُونَ إِذَا مَرَ بِهِمْ لَا يُصِيبُكَ إِلَا خَيْرٌ يَا أَبَا الْفَضْلِ قَالَ لَهُمْ لَمْ يُصِبْنِي إِلَا خَيْرٌ بِحَمْدِ اللهِ قَدْ أَخْبَرَنِي الْحَجَاجُ بْنُ عِلَاطٍ أَنَ خَيْبَرَ قَدْ فَتَحَهَا اللهُ عَلَى رَسُولِهِ وَجَرَتْ فِيهَا سِهَامُ اللهِ وَاصْطَفَى صَفِيَةَ لِنَفْسِهِ وَقَدْ سَأَلَنِي أَنْ أُخْفِيَ عَلَيْهِ ثَلَاثًا وَإِنَمَا جَاءَ لِيَأْخُذَ مَالَهُ وَمَا كَانَ لَهُ مِنْ شَيْءٍ هَاهُنَا ثُمَ يَذْهَبَ قَالَ فَرَدَ اللهُ الْكَآبَةَ الَتِي كَانَتْ بِالْمُسْلِمِينَ عَلَى الْمُشْرِكِينَ وَخَرَجَ الْمُسْلِمُونَ وَمَنْ كَانَ دَخَلَ بَيْتَهُ مُكْتَئِبًا حَتَى أَتَوْا الْعَبَاسَ فَأَخْبَرَهُمْ الْخَبَرَ فَسُرَ الْمُسْلِمُونَ وَرَدَ اللهُ يَعْنِي مَا كَانَ مِنْ كَآبَةٍ أَوْ غَيْظٍ أَوْ حُزْنٍ عَلَى الْمُشْرِكِينَ.

6622 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: خەيبەر فەتىھ قىلىنغاندىن كېيىن، ھەججاج ئىبنى ئىلات پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ مەككىدە مال ــ مۈلكۈم ۋە بالا ــ چاقىلىرىم بار ئىدى، شۇلارنىڭ قېشىغا باراي دەيمەن. مەككىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، سەن توغرۇلۇق يامان گەپ ـ سۆز قىلىپ قالسام ياكى بىر نەرسە دەپ سالسام، بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا رۇخسەت بېرەمسەن؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا خالىغىنىنى دېيىشكە ئىجازەت بەردى.

ئۇ مەككىگە يېتىپ بېرىپ، ئايالىغا:

ــ پۈتۈن مال ـ مۈلكۈڭنى ماڭا يىغىپ بەر. مەن مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن قولغا چۈشكەن غەنىمەتلەرنى

سېتىۋالماقچى. ئۇلار قىرىلىپ مال ـ مۈلكلىرى ئولجا قىلىنىدى، ـ دېدى.

بۇ گەپ مەككە ئىچىدە يېيىلىپ كېتىپ، مۇسۇلمانلار ئۆيلىرىدىن سىرتقا چىقالماي قالدى، مۇشرىكلار بولسا، شاد ـ خۇراملىققا تولۇپ، تېخىمۇ كۆرەڭلەشكە باشلىدى.

بۇ سۆزلەردىن خەۋەر تاپقان ئاbbاس ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ، ئوغدىسىغا ياتقان پېتى، ئوغلى قۇسەمنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە مەيدىسىگە قويۇپ تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى:

تېز بول قۇسەم، تېز بول قۇسەم،
قاڭشارلىققا ئوخشىغان قۇسەم.
شانۇ ـ شەۋكەتلىكنىڭ پەرزەنتى،
زالىملارنى خارلايدىغان قۇسەم.

ئاbbاس بىر خىزمەتچىسىنى ھەججاج ئىبنى ئىلاتقا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا:

ــ ئىسست ساڭا! نېمانداق يامان خەۋەر كۆتۈرۈپ كەلدىڭ؟ نېمىلەرنى دەپ يۈرىسەن؟ چۈنكى الله سەن ئەكەلگەن خەۋەردىن ياخشىراقىغا ۋەدە بەرگەنىدى، ـ دېيىشكە بۇيرىدى.

ھەججاج ئىبنى ئىلات ئۇ خىزمەتچىگە:

ـ ئەبۇل فەزلگە (يەنى ئاbbاسقا) سالام ئېيتقىن. ئۇنىڭ بىلەن خالىي ھۇجرىدا كۆرۈشەي. راست خەۋەر ئۇنى خۇش قىلىدۇ، ـ دېدى.

خىزمەتچى قايتىپ كېلىپ، دەرۋازا تۈۋىدىلا:

ـ ئى ئەبۇل فەزل! خۇش خەۋەر، ـ دېۋىدى، ئاbbاس ھاياجىنىنى باسالماي سەكرەپ قوپۇپ، خىزمەتچىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. خىزمەتچى ئۇنىڭغا ھەججاجنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلىغان ئاbbاس (خۇشاللىقىدىن) ئۇنى ئازاد قىلىۋەتتى.

كېيىن ھەججاج كېلىپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەيبەرنى فەتھى قىلغانلىقىنى،

خەيبەرلىكلەرنىڭ نۇرغۇن مال — دۇنيالىرىنى غەنىمەت ئالغانلىقىنى، مال ـ دۇنيانى الله تائالانىڭ ھۆكمى بويىچە تەقسىم قىلغانلىقىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ سەفىييە بىنتى ھۇيەيىنى ئۆزىگە تاللاپ ئېلىپ قالغانلىقىنى، ئۇنى ئازات قىلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈش ياكى ئائىلىسىگە قايتىش ئىختىيارلىقىنى بەرگەندە، سەفىيەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولۇشنى تاللىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن:

ــ مەن بۇ يەردە قالغان مال ـ مۈلكۈمنى يىغىپ كېتىش ئۈچۈن كەلدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىجازەت سورىغاندىم، ماڭا زۆرۈر تېپىلغاندا خالىغان سۆزنى قىلىشقا ئىجازەت بەردى. بۇ ئىشىمنى ئۈچ كۈنگىچە مەخپىي تۇتقىن. ئۇندىن كېيىن ئاشكارىلىساڭ بولىدۇ، ـ دېدى.

ھەججاجنىڭ ئايالى قولىدىكى ئالتۇن جابدۇق ۋە باشقا پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى توپلاپ ئۇنىڭغا بەردى، ئۇ ماللارنى ئېلىپ يولغا چىقتى.

ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئابباس ھەججاجنىڭ ئايالىغا:

ــ ئېرىڭ قېنى؟ ـ دەپ سورىدى. ئايال ئېرىنىڭ يولغا چىققان كۈنىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن:

ــ ئى ئەبۇ فەزل! الله سېنى ھەرگىزمۇ خار قىلمىغاي. ساڭا كەلگەن خەۋەرلەر بىلەن كۆڭلىمىز بەكمۇ يېرىم بولدى، ـ دېگەن ئىدى، ئابباس:

ــ شۇنداق، الله مېنى خار قىلمىسۇن. اللهقا ھەمدۇ ــ سانالار بولسۇنكى، بىز ياقتۇرىدىغان ئىشتىن باشقىچە ئىش بولماپتۇ. الله پەيغەمبىرىگە خەيبەرنى فەتھى قىلىپ بېرىپتۇ. خەيبەر غەنىمەتلىرى اللهنىڭ ھۆكمى بويىچە تەقسىم قىلىنىپتۇ. مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ئۆزىگە سەفىيە بىنتى

ھـۆيەينى تـاللـىۋاپتۇ، ئەگەر ئىـرىڭنـى خالايـدىغان بولـساڭ، دەرھـال يولغا چىققىـن! ـ دېدى. ئايال:

ـ اللهنىڭ نامى بىـلەن قەسەمكى، مەن سىـنى راست سۆزلەۋاتـىدۇ دەپ ئويلايمەن، ـ دېدى. ئاباس:

ــ مەن راســت ئېيتــىۋاتىمەن، ئىــشلار ســاڭا ئېيتىــپ بەرگىنىمدەك بولۇپتۇ، ـ دېدى.

ئاباس ئۇ ئايالنىڭ قېشىدىن قايتىپ كېتىۋېتىپ، بىـر يەردە توپلىشىپ ئولتۇرغان قۇرەيشلىكلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇلار:

ــ ئـى ئەبــۇل فەزل! بېــشىڭغا ياخــشىلىقتىن باشقىــسى كەلمىسۇن، ـ دېيىشتى. ئاباس ئۇلارغا:

ـ دېگىنىڭلاردەك بېشىمغا ياخشىلىقتىن باشقىسى كەلمىدى. اللهقــا كــۆپ شــۈكۈر. ھەججــاج ئىبنــى ئىــلات ماڭــا اللهنىــڭ پەيغەمبــىرىگە خەيبەرنـى فەتھـى قىلىــپ بەرگەنلىكىنـى، خەيبەر غەنىمەتلىرىنىــــڭ اللهنىـــــڭ ھــــۆكمى بــــويىچە تەقـــسىم قىلىنغــانلىقىنى، پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ســەفىيەنى تاللىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ، بۇ ئىـشنى ئـۈچ كـۈن مەخپـى تۇتۇپ تۇرۇشۇمنى ئېيتقانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ مـال ـ مۈلكىنى ۋە باشـقا نەرسە ـ كېرەكلىرنـى ئېلىــپ كېتىـشكە كەلگەنىكەن، ـ دېدى.

شــۇنىڭ بىـــلەن، الله تائــالا مۇســۇلمانلاردىكى غەم ــ قــايغۇنى مۇشـرىكلارنىڭ بېـشىغا مۇسەللەت قىلـدى. خەۋەردىـن قـايغۇرۇپ ئۆيىگە كىرىۋالغان مۇسۇلمانلار سىرتلارغا چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار ئاباستىن ھەقىقىي ئەھۋالنى سورىغانىدى، ئاباس ئۇلارغـا ئەينەن سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن، الله تائـالا مۇسـۇلمانلارنى خۇشاللىققا

چۆمدۈرۈپ، پۈتۈن قايغۇ ـ ھەسرەت، دەرت ـ ئەلەمنى مۇشرىكلارغا قايتۇردى[1].

(ئەھمەد: 12001؛ مەۋسىلى، بەززار، «ئەلكەبىر»)

6623 ـ عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ اعْتَمَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي ذِي الْقَعْدَةِ فَأَبى أَهْلُ مَكةَ أَنْ يَدَعُوهُ يَدْخُلُ مَكةَ حَتى قَاضَاهُمْ عَلَى أَنْ يُقِيمَ بِهَا ثَلَاثَةَ أيامٍ فَلَما كَتَبُوا الْكِتَابَ كَتَبُوا هَذَا مَا قَاضَى عَلَيْهِ مُحَمدٌ رَسُولُ اللهِ فَقَالُوا لَا نُقِر بِهَا فَلَوْ نَعْلَمُ أَنكَ رَسُولُ اللهِ مَا مَنَعْنَاكَ لَكِنْ أَنتَ مُحَمدُ بْنُ عَبْدِ اللهِ قَالَ أَنَا رَسُولُ اللهِ وَأَنَا مُحَمدُ بْنُ عَبْدِ اللهِ ثُم قَالَ لِعَلِي امْحُ رَسُولُ اللهِ قَالَ لَا وَاللهِ لَا أَمْحُوكَ أَبَدًا فَأَخَذَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْكِتَابَ فَكَتَبَ هَذَا مَا قَاضَى عَلَيْهِ مُحَمدُ بْنُ عَبْدِ اللهِ لَا يَدْخُلُ مَكةَ سِلَاحٌ إلا فِي الْقِرَابِ وَأَنْ لَا يَخْرُجَ مِنْ أَهْلِهَا بِأَحَدٍ إنْ أَرَادَ أَنْ يَتبِعَهُ وَأَنْ لَا يَمْنَعَ أَحَدًا مِنْ أَصْحَابِهِ أَرَادَ أَنْ يُقِيمَ بِهَا فَلَما دَخَلَهَا وَمَضَى الْأَجَلُ أَتَوْا عَلِيا فَقَالُوا قُلْ لِصَاحِبِكَ اخْرُجْ عَنا فَقَدْ مَضَى الْأَجَلُ فَخَرَجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتَبِعَتْهُمْ ابْنَةُ حَمْزَةَ يَا عَم يَا عَم فَتَنَاوَلَهَا عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَأَخَذَ بِيَدِهَا وَقَالَ لِفَاطِمَةَ عَلَيْهَا السلَام دُونَكِ ابْنَةَ عَمكِ حَمَلَتْهَا فَاخْتَصَمَ فِيهَا عَلِي وَزَيْدٌ وَجَعْفَرٌ فَقَالَ عَلِي أَنَا أَحَق بِهَا وَهِيَ ابْنَةُ عَمي وَقَالَ جَعْفَرٌ ابْنَةُ عَمي وَخَالَتُهَا تَحْتِي وَقَالَ زَيْدٌ ابْنَةُ أَخِي فَقَضَى بِهَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِخَالَتِهَا وَقَالَ الْخَالَةُ بِمَنْزِلَةِ الْأُم وَقَالَ لِعَلِي أَنتَ مِني وَأَنَا مِنْكَ وَقَالَ لِجَعْفَرٍ أَشْبَهْتَ خَلْقِي وَخُلُقِي وَقَالَ لِزَيْدٍ أَنتَ أَخُونَا وَمَوْلَانَا.

6623 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلقەئىدە ئېيىدا ئۇمرە قىلغىلى كەلگەندە، مەككە خەلقى ئۇنىڭ مەككىگە كىرىشىگە ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن كېلەر يىلى قايتا كېلىپ، مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئۆمرىسىنى

[1] ھەيسەمى (10210): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

قىلىنىۋېلىشقا سۈلھى تۈزدى. سۈلھىگە: ”بۇ، ﷲنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد كېلىشكەن سۈلھىدۇر“ يېزىلىۋىدى، مۇشرىكلار:

ـ بىز پەيغەمبەرلىكىڭنى ئېتىراپ قىلمايمىز. ئەگەر سېنىڭ ﷲنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭنى قوبۇل قىلغان بولساق، سېنى مەككىگە كىرىشتىن توسمايتتۇق. سەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بولىسەن (سۈلھىگىمۇ شۇنداق دەپ يازىمىز)، ـ دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەن ﷲنىڭ ئەلچىسى ۋە ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بولىمەن. ئەي ئەلى ”رەسۇلۇللاھ“ ( ﷲنىڭ ئەلچىسى) دېگەن سۆزنى ئۆچۈرۈۋەتكىن! ـ دېدى. لېكىن ئەلى:

ـ ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ سۆزنى مەڭگۈ ئۆچۈرمەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈلھىنامىنى ئېلىپ، ئۇ سۆزنى ئۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن: «بۇ ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنىڭ تۈزگەن كېلىشىمى. مەككىگە قىنىدىن چىقىرىلمىغان قورال ـ ياراغدىن باشقا نەرسە ئېلىپ كىرىلمەيدۇ. مەككە ئەھلىدىن مۇھەممەدكە ئەگەشمەكچى بولغانلار ئېلىپ كېتىلمەيدۇ. ساھابىلەردىن دىنىدىن يېنىپ، مەككىدە قالماقچى بولغانلارنى مۇھەممەد توسۇۋالمايدۇ» دەپ يازدۇردى. كېيىنكى يىلى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كېلىپ تۇردى. بەلگىلەنگەن مۇددەت توشۇشقا ئاز قالغاندا، مۇشرىكلار ئەلىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ بۇرادىرىڭگە (رەسۇلۇللاھقا) ئېيتقىن، مۇددەت توشۇپ بولدى. مەككىدىن چىقىپ كەتسۇن! ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن چىقىپ كەتتى. ھەمزەنىڭ قىزى:

ـ تاغا! تاغا! ـ دېگىنىچە ئۇلارغا ئەگەشتى. ئەلى ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ فاتىمەگە:

ــــ تاغاڭنىــــڭ قــىزىنـــى تاشــلاپ قــويمىغىن، ئــۇنى يېنىڭغــا ئېلىــۋالغىن! ــ دېــدى. كېيــىن ئــۇ قىزچــاقنى ئەلــى، زەيــد، جەئــفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار (مەدىنىدە) تالىشىپ قالدى. ئەلى:

ــ ئۇ، مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى، ئۇنى بېقىشقا مەن ئەڭ ھەقلىق، ـ دېسە؛ جەئفەر:

ــــ ئــۇ مېنىڭمــۇ تاغامنىــڭ قــىزى، ئۇنىــڭ ھاممىــسى مېنىــڭ ئايالىم، ـ دەيتتى؛ زەيد بولسا:

ــ ئۇ قېرىندىشىمنىڭ قــىزى، ـ دەپ تۇرىۋالغانــدى. پەيغەمــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزنى ھاممىسىغا بۇيرۇپ بېرىپ:

ــ ھامما دېگەن ئانىنىڭ ئورنىدا، ـ دېدى. ئاندىن ئەلىگە:

ــ سەن مەندىن، مەنمۇ سەندىن، ـ دېدى، جەئفەرگە:

ــــ ســەن مــىجەز ـ خۇلــق ۋە ۋۇجــۇد جەھەتــتە ماڭــا بەكمــۇ ئوخشايسەن، ـ دېدى. زەيدكە:

ــ سەن مېنىڭ دىنىي قېرىندىشىم ۋە ئازادگەردەم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2699)

6624 ـ عن ابن شهاب: أن أهل مكة الرجال والنساء والصبيان انكشفوا ينظرون إلى النبي صلى الله عليه وسلم وأصحابه وهم يطوفون بالبيت وعبد الله بن رواحة يرتجـز بين يديه صلى الله عليه وسلم متوشحا بالسيف يقول:

خلوا بني الكفار عن سبيله أنا الشهيد أنه رسوله

فاليوم نضربكم على تأويله كما ضربناكم على ت يله

وبعث رجالا من أشراف المشركين كراهية أن ينظروا الى رسول الله ﷺ غيظا وحنقا ونفاسة وحسدا خرجوا الى نواحي مكة فقضى رسول الله ﷺ نسكة وأقام ثلاثـا. (رواه الطبراني)

6624 ــــ ئىبنــــى شــــهابتىن مۇنــــداق رىــــۋايەت قىلىنىــــدۇ: مەككىنىڭ ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك پۈتۈن ئاھالىسى پەيغەمــبەر

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرىنىڭ كەئبىنى تاۋاپ قىلغىنىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن تالاغا چىقتى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا مۇنداق قوشاق ئېيتىپ ماڭاتتى:

ئى كاپىرلار ئەۋلادى! ئۇنىڭ يولىنى توسماڭلار،
ﷲنىڭ رەسۇلى دەپ گۇۋاھلىق بېرەي خالىساڭلار.
ئەمدى چاپىمىز قۇرئاننى بۇرمىلىساڭلار،
خۇددى بۇرۇن چاپقاندەك ئۇنىڭدىن تانساڭلار.

مۇشرىك كاتتىلىرى ھەسەد ئوتىدا پۇچىلىنىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈشكىمۇ تاقىتى يوق ھالدا مەككىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلارغا چىقىپ كېتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئۆمرە پائالىيىتىنى تاماملاپ چىقىپ كەتتى[1].

(«ئەلكەبىر»)

[1] ھەيسەمى (10189): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

## شام زېمىنىدىكى مۇئتە غازىتى ۋە ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ جۇھەينە قەبىلىسىنىڭ ھۇراقات جەمەتىگە ئەۋەتىلىشى

6625 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ أَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي غَزْوَةِ مُؤْتَةَ زَيْدَ بْنَ حَارِثَةَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنْ قُتِلَ زَيْدٌ فَجَعْفَرٌ وَإِنْ قُتِلَ جَعْفَرٌ فَعَبْدُ اللهِ بْنُ رَوَاحَةَ قَالَ عَبْدُ اللهِ كُنْتُ فِيهِمْ فِي تِلْكَ الْغَزْوَةِ فَالْتَمَسْنَا جَعْفَرَ بْنَ أَبِي طَالِبٍ فَوَجَدْنَاهُ فِي الْقَتْلَى وَوَجَدْنَا مَا فِي جَسَدِهِ بِضْعًا وَتِسْعِينَ مِنْ طَعْنَةٍ وَرَمْيَةٍ.

6625 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئتە غازىتىغا زەيد ئىبنى ھارىسەنى قوماندان قىلدى ۋە:

— ئەگەر زەيد ئۆلتۈرۈلسە، جەئفەر قوماندان بولسۇن. جەئفەر ئۆلتۈرۈلسە، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قوماندان بولسۇن! — دېدى. مەنمۇ شۇ غازاتقا قاتناشقان ئىدىم. بىز جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ئىزدەپ، ئۇنى ئۆلۈكلەرنىڭ ئىچىدىن تاپتۇق. قارىغۇدەك بولساق، ئۇنىڭ توقسان نەچچە يېرىگە نەيزە ۋە ئوقيا تەگكەن ئىكەن.

(بۇخارى: 4261)

6626 ـ عن أَحَدِ بَنِي مُرةَ بْنِ عَوْفٍ وَكَانَ فِي تِلْكَ الْغَزَاةِ غَزَاةِ مُؤْتَةَ قَالَ وَاللهِ لَكَأَني أَنْظُرُ إِلَى جَعْفَرٍ حِينَ اقْتَحَمَ عَنْ فَرَسٍ لَهُ شَقْرَاءَ فَعَقَرَهَا ثُم قَاتَلَ الْقَوْمَ حَتى قُتِلَ.

6626 ـ بەنى مۇررە ئىبنى ئەۋف جەمەتىدىن بىر كىشى مۇئتە غازىتىغا قاتناشقان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن شۇنداق قاراپ تۇرسام، جەئفەر چىلانتورۇق

ئېتىنىڭ ئۇستىدىن ئۆزىنى ئېتىپ، ئېتىنىڭ پۇتلىرىنى كېسىۋەتتى، ئاندىن دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئاخىرى ئۆلتۈرۈلدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2573)

6627 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ خَطَبَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَخَذَ الرايَةَ زَيْدٌ فَأُصِيبَ ثُم أَخَذَهَا جَعْفَرٌ فَأُصِيبَ ثُم أَخَذَهَا عَبْدُ اللهِ بْـنُ رَوَاحَـةَ فَأُصِيبَ ثُم أَخَذَهَا خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ عَنْ غَيْرِ إِمْرَةٍ فَفُتِحَ لَهُ.

6627 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن:

«تۇغنى زەيد ئېلىپ شېھىد بولدى. ئاندىن جەئفەر ئېلىپ ئۇمۇ شېھىد بولدى. ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە ئېلىپ ئۇمۇ شېھىد بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، گەرچە قوماندانلىققا تەيىنلەنمىگەن بولسىمۇ، تۇغنى خالىد ئىبنى ۋەلىد قولىغا ئالدى ۋە ئۇنىڭغا نۇسرەت ئاتا قىلىندى».

(بۇخارى: 2798)

6628 ـ وفي رواية: وَقَالَ مَا يَسُرنَا أَنهُمْ عِنْدَنَا قَالَ أَيوبُ أَوْ قَالَ مَا يَسُرهُمْ أَنهُمْ عِنْدَنَا وَعَيْنَاهُ تَذْرِفَانِ.

6628 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆككەن ھالدا:

«ئۇلارنىڭ بىزنىڭ قېشىمىزدا بولغىنى بىزنى سۆيۈندۈرمەيدۇ» ياكى: «ئۇلارنىڭ قېشىمىزدا بولۇشى ئۇلارنى سۆيۈندۈرمەيدۇ» دېگەن.

(بۇخارى: 2798)

[1] ئەلبانى (2243): ھەسەن، ـ دېگەن.

6629 ـ عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَعى زَيْدًا وَجَعْفَرًا وَابْنَ رَوَاحَةَ لِلناسِ قَبْلَ أَنْ يَأْتِيَهُمْ خَبَرُهُمْ فَقَالَ أَخَذَ الرايَةَ زَيْدٌ . فذكر خبرهم.

6629 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەيد، جەئفەر ۋە ئىبنى رەۋاھەلەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېخى قوشۇندىن خەۋەرچى كەلمەي تۇرۇپلا جامائەتكە يەتكۈزۈپ:

«تۇغنى زەيد ئېلىپ شېھىد بولدى...» دەپ يۈقىرىقىلارنى تىلغا ئالدى.

(بۇخارى: 3757)

6630 ـ وفي رواية: حَتى أَخَذَ سَيْفٌ مِنْ سُيُوفِ اللهِ حَتى فَتَحَ اللهُ عَلَيْهِمْ.

6630 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «ئاندىن تۇغنى اللهنىڭ قىلىچلىرىدىن بىرى ئېلىۋىدى، ئۇلارغا نۇسرەت ئاتا قىلىندى» دېدى.

(بۇخارى: 3757)

6631 ـ عَنْ خَالِدِ بْنِ الْوَلِيدِ يَقُولُ لَقَدْ انْقَطَعَتْ فِي يَدِي يَوْمَ مُؤْتَةَ تِسْعَةُ أَسْيَافٍ فَمَا بَقِيَ فِي يَدِي إِلا صَفِيحَةٌ يَمَانِيَةٌ.

6631 ــ خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇئتە غازىتىدا قولۇمدا توققۇز قىلىچ سۇنۇپ كەتتى، پەقەت يەمەندە سوقۇلغان كەڭرى قىلىچلا قولۇمدا توختىدى.

(بۇخارى: 4265)

6632 ـ عَنْ عَوْفِ بْنِ مَالِكٍ الْأَشْجَعِي قَالَ خَرَجْتُ مَعَ زَيْدِ بْنِ حَارِثَةَ فِي غَزْوَةِ مُؤْتَةَ فَرَافَقَنِي مَدَدٌ مِنْ أَهْلِ الْيَمَنِ لَيْسَ مَعَهُ غَيْرُ سَيْفِهِ فَنَحَرَ رَجُلٌ مِنْ الْمُسْلِمِينَ جَزُورًا فَسَأَلَهُ الْمَدَدِي طَائِفَةً مِنْ جِلْدِهِ فَأَعْطَاهُ إِياهُ فَاتخَذَهُ كَهَيْئَةِ الدرْقِ وَمَضَيْنَا فَلَقِينَا جُمُوعَ

الرومِ وَفِيهِمْ رَجُلٌ عَلَى فَرَسٍ لَهُ أَشْقَرَ عَلَيْهِ سَرْجٌ مُذْهَبٌ وَسِلَاحٌ مُذْهَبٌ فَجَعَلَ الرومِي يُغْرِي بِالْمُسْلِمِينَ فَقَعَدَ لَهُ الْمَدَدِي خَلْفَ صَخْرَةٍ فَمَر بِهِ الرومِي فَعَرْقَبَ فَرَسَهُ فَخَر وَعَلَاهُ فَقَتَلَهُ وَحَازَ فَرَسَهُ وَسِلَاحَهُ فَلَما فَتَحَ اللهُ عَز وَجَل لِلْمُسْلِمِينَ بَعَثَ إِلَيْهِ خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ فَأَخَذَ مِنْ السلَبِ قَالَ عَوْفٌ فَأَتَيْتُهُ فَقُلْتُ يَا خَالِدُ أَمَا عَلِمْتَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَضَى بِالسلَبِ لِلْقَاتِلِ قَالَ بَلَى وَلَكِني اسْتَكْثَرْتُهُ قُلْتُ لَتَرُدنهُ عَلَيْهِ أَوْ لَأُعَرفَنكَهَا عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَبَى أَنْ يَرُد عَلَيْهِ قَالَ عَوْفٌ فَاجْتَمَعْنَا عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَصَصْتُ عَلَيْهِ قِصةَ الْمَدَدِي وَمَا فَعَلَ خَالِدٌ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا خَالِدُ مَا حَمَلَكَ عَلَى مَا صَنَعْتَ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ لَقَدْ اسْتَكْثَرْتُهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا خَالِدُ رُد عَلَيْهِ مَا أَخَذْتَ مِنْهُ قَالَ عَوْفٌ فَقُلْتُ لَهُ دُونَكَ يَا خَالِدُ أَلَمْ أَفِ لَكَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَا ذَلِكَ فَأَخْبَرْتُهُ قَالَ فَغَضِبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا خَالِدُ لَا تَرُد عَلَيْهِ هَلْ أَنْتُمْ تَارِكُونَ لِي أُمَرَائِي لَكُمْ صَفْوَةُ أَمْرِهِمْ وَعَلَيْهِمْ كَدَرُهُ.

6632 ـ ئەۋف ئىبنى مالىك ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن مۇئتە غازىتىغا چىققان ئىدىم. يەمەندىن كەلگەن ھەمدەمچى غازىلاردىن بىرى ماڭا ھەمراھ بولدى. ئۇنىڭ قىلىچىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى. مۇسۇلمانلاردىن بىرى بىر تۆگە بوغۇزلىغانىدى، ھەمدەمچى ھەمراھىم ئۇنىڭ تېرىسىدىن بىر پارچە سورىدى. ئۇنىڭغا (سورىغان نەرسىنى) بېرىۋىدى، ئۇنى قالقانغا ئوخشاش بىر نەرسە قىلىۋالدى. بىز يۈرۈپ رىملىقلارنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتۇق. دۈشمەننىڭ سېپىدە چىلانتورۇق ئايغىرغا مىنگەن بىرى بار بولۇپ، ئەگەر ۋە قورالىغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەنىدى. بۇ ئادەم رىم زېمىنىدىكى مۇسۇلمانلارنى ۋەھشىيانە قىرغىن قىلاتتى. ھەمدەمچى ھەمراھىم ئۇنىڭ يېقىن كېلىشىنى پايلاپ، بىر قورام تاشنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇردى. رىملىق ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئورنىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئېتىنىڭ تومۇرىنى

كېسىۋەتتى. رىملىق ئاتتىن دۇمىلاپ چۈشتى، ھەمراھىم ئۇنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ ئۆلتۈرىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ ئېتى بىلەن قورالىنى ئولجا ئالدى.

الله تائالا مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلغاندىن كېيىن، خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۇنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئولجىسىنى ئېلىۋالدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـ ئى خالىد! سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن كىشى ئۇنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى ئولجا ئالىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ـ بىلىمەن، بىراق بۇ ئولجا ئۇنىڭغا جىق كېتىدۇ دەپ قارىدىم، ـ دېدى. مەن:

ـ يا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىسەن ياكى بولمىسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېمەي قويمايمەن، ـ دېسەممۇ، ئۇ قايتۇرۇشنى رەت قىلدى.

(غازاتتىن قايتىپ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا جەم بولغىنىمىزدا، ئۇنىڭغا ھەمدەمچى ھەمراھىمنىڭ ۋەقەلىكىنى ۋە خالىدنىڭ ئۇنىڭغا قىلغانلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى خالىد! نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى، خالىد:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇ ئولجا ئۇنىڭغا جىق كېتىدۇ دەپ قارىغانىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنىڭغا ئولجىسىنى قايتۇرۇپ بەرگىن! ـ دېدى. شۇ چاغدا مەن خالىدقا:

ـ ئى خالىد! ئەمدىغۇ بېرەرسەن؟ مەن دېگىنىمنى قىلغاندىمەن؟! ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇ نېمە گەپ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن بۇرۇنقى سۆزلەرنى دەپ بەرسەم، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام غەزەبلىنىپ:

ـ ئى خالىد! بولدى، قايتۇرۇپ بەرمە! سىلەر مېنىڭ قوماندانلىرىمنى ماڭا تاشلاپ بېرەۋاتامسىلەر؟ دېمەك، ئۇلارنىڭ غەلىبە ـ زەپەرلىرىدىن ئوبدان مەنپەئەتلىنىسىلەر ـ يۇ، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە پەرۋايىڭلار يەلەك ـ هە؟! نەدە مۇنداق ئىش بولسۇن؟! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2573)

6633 ـ عن عروة بن الزبير قال بعث النبي صلى الله عليه وسلم بعثا الى مؤتة في جمادي الأولى من سنة ثمان واستعمل عليهم زيد بن حارثة فقال لهم إن أصيب زيد فجعفر بن أبي طالب على الناس فان أصيب جعفر فعبد الله بن رواحة على الناس فتجهز الناس ثم تيئوا للخروج وهم ثلاثة آلاف فلما حضر خروجهم ودع الناس أمراء رسول الله صلى الله عليه وسلم وسلموا عليهم فلما ودع عبد الله بن رواحة مع من ودع بكى فقيل له ما يبكيك يا ابن رواحة فقال والله ما بي حب الدنيا وصبابة ولكن سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقرأ آية من كتاب الله يذكر فيها النار ) وإن منكم إلا واردها كان على ربك حتما مقضيا ( فلست أدري كيف لي بالصدر بعد الورود فقال لهم المسلمون صحبكم الله ودفع عنكم وردكم إلينا صالحين...

وفيه: ثم مضوا حتى نزلوا معان من أرض الشام فبلغهم أن هرقل في ماب من ارض البلقاء في مائة الف من الروم وقد اجتمعت اليه المستعربة من لخم وجذام وبلقين وبهرام وبلى في مائة ألف عليهم رجل يلي أخذ رايتهم يقال له ملك بن زانة فلما بلغ ذلك المسلمين قاموا بمعان ليلتين ينظرون في أمرهم وقالوا نكتب إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فنخبره بعدد عدونا فاما أن يمدنا وإما أن يأمرنا بأمره فنمضي له فشجع عبد الله بن رواحة الناس وقال يا قوم والله ان الذي تكرهون للذي خرجتم له تطلبون الشهادة وما

[1] ئەلبانى (2362): هەسەن، ـ دېگەن.

نقاتل الناس بعدد ولا قوة ولا كثره انما نقاتلهم بهذا الدين الذي أكرمنا الله به فـانطلقوا فانما هي احدى الحسنيين اما ظهور واما شهادة

وفيه: ومضى الناس حتي اذا كانوا بتخوم البلقاء لقيتهم جموع هرقل مـن الـروم والعرب بقرية من قرى البلقاء يقال لها ماب ثم دنا المسلمون وانحاز المسلمون الى قريـة يقال لها مؤتة فالتقى الناس عندها وتعبأ المسلمون فجعلوا على ميمنتهم رجلا مـن بـني عذرة يقال له قطبة بن قتادة وعلى ميسرتم رجلا من الأنصار يقال له عبادة ابن مالك ثم التقى الناس واقتتلوا فقاتل زيد واقتتلوا فقاتل زيد ابن حارثة براية رسول الله صـلى الله عليه وسلم حتى شاط في رماح القوم ثم أخذها جعفر بنحوه.

6633 ــ ئـۇرۋە ئـىبـنـى زۇبەيـر رەزىيـەلـلاھـۇ ئەنھـۇدىن مۇنـداق رىـۋايەت قـىلـىـنـىـدۇ: پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلـەيھـى ۋەسـەللـەم ھىجرەتنىڭ سەككىزىنچى يىلى مۇئتەگە قوشۇن ئەۋەتتى، قوشۇنغا زەيد ئىبنى ھارىسەنى قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارغا:

ــ ئەگەر زەيدكە بىر ئىش بولسا، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب قوشۇنغا قوماندان بولىدۇ. جەئفەرگە بىر ئىش بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قوشۇنغا قوماندان بولىدۇ، ـ دەپ تاپىلىدى.

قوشۇن ھازىرلىق قىلىپ يۈرۈشكە تەييارلاندى. ئۇلار ئۈچ مىڭ كىشى ئىدى. يۈرۈش ئالدىدا خەلق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوماندانلىرى بىلەن ۋىدالىشىپ، ئۇلارغا سالامەتلىك تىلەشتى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە خەلق بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندا يىغلىغان ئىدى، ئۇنىڭدىن:

ــ ئى ئىبنى راۋاھە! نېمىگە يىغلايسەن؟ ـ دەپ سوراشتى. ئۇ:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن دۇنيا ھاياتىغا ياكى بىرەرسىگە تارتىشىپ ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دوزاخنى تىلغا ئېلىپ، الله تائالانىڭ: سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخ (بويىغا) بارمايدىغان بىر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ

پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر[1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا مەن دوزاخ بويىغا بارغاندىن كېيىن، قانداق قايتارمەن دەپ قورقىۋاتىمەن، ـ دېدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارغا:

ـ الله سىلەرگە ھەمراھ بولغاي، سىلەرنى بىزگە ساق ـ سالامەت قايتۇرغاي! ـ دەپ دۇئا قىلدى...

يەنە شۇ ھەدىستە كېلىشىچە، قوشۇن يۈرۈپ تاكى شام زېمىنىدىكى مەئان دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، ھىرەقلىنىڭ يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن شامنىڭ بەلقا ئىقلىمىدىكى ماب دېگەن جايدا ئىكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. ئۇنىڭ قوشۇنىغا يەنە ئەرەبلەشكەن لەخم، جۇزام، بەلقىين، بەھرام ۋە بەلى قاتارلىق (خرىستىئان) قەبىلىلىرىدىن يۈز مىڭ لەشكەر توپلانغان بولۇپ، ئۇلارغا مەلىك ئىبنى زانە دېگەن بىر سەركەردە قوماندان ئىكەن. بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولغان مۇسۇلمانلار قوشۇنى مەئان دېگەن جايدا ئىككى كېچە قارار ئالالماي تۇرۇپ قالدى. بەزىلەر:

ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۈشمەننىڭ سانىنى مەلۇم قىلايلى. يا بىزگە ھەمدەمچى قوشۇن يوللار ياكى باشقىچە پەرمان قىلار. ئاندىن شۇ بويىچە ئىش قىلارمىز، ـ دېيىشتى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قوشۇننى ئۇرۇشۇشقا تەرغىب قىلىپ:

ـ ئى قەۋمىم! بۇ دىن ئۈچۈن شېھىدلىك ئارزۇسى بىلەن يولغا چىقمىدىڭلارمۇ؟ ھەرگىز بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنىمۇ يادىڭلاردىن چىقارماڭلاركى، بىز دۈشمەن بىلەن سان ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت الله بىزگە ئىلتىپات قىلغان مۇشۇ دىن ئۈچۈن ئۇرۇشىمىز. ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

[1] سۈرە مەريەم، 71 ـ ئايەت.

قېنى ئاتلىنىڭلار! يا نۇسرەتكە ئېرىشىسىلەر ياكى شېھىدلىككە. قايسىسىغا ئېرىشسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن شۇ ئەڭ ئەۋزەل، ـ دېدى.

شۇ ھەدىستە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: شۇنىڭ بىلەن، قوشۇن ئىلگىرىلەپ بەلقائ دىيارىنىڭ چېگرىسىغا كېلىپ قالغاندا، ھىرەقلىنىڭ رىم ۋە ئەرەبلەردىن تەركىپ تاپقان قوشۇنى بىلەن بەلقائنىڭ ماب دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزىسىدا ئۇچراشتى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇئتە دېگەن بىر يېزىغا چۈشتى ۋە دۈشمەن بىلەن شۇ جايدا تۇتۇشتى. مۇسۇلمانلار تەييارلىنىپ، ئوڭ قاناتقا بەنى ئۇزرە قەبىلىسىدىن قۇتبە ئىبنى قەتادە دېگەن بىر سەركەردىنى، سول قاناتقا ئەنسارىلاردىن ئۇبادە ئىبنى مالىك دېگەن بىر سەركەردىنى باش قىلدى. ئاندىن ئىككى قوشۇن بىر ـ بىرىگە شىددەتلىك نەرە تارتىپ ھۇجۇم قىلدى. زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇغىنى كۆتەرگىنىچە قوشۇن بىلەن بىرلىكتە جان تىكىپ ئېلىشىپ، ئاخىرى دۈشمەننىڭ نەيزىلىرى بىلەن شېھىد بولدى، ئاندىن تۇغنى جەئفەر ئالدى...①.

(«ئەلكەبىر»: 4655)

6634 ـ عن أسامة بن زيد رضي الله عنهما يقول بعثنا رسول الله صلى الله عليه وسلم إلى الحرقة فصبحنا القوم فهزمناهم ولحقت أنا ورجل من الأنصار رجلا منهم فلما غشيناه قال لا إله إلا الله فكف الأنصاري فطعنته برمحي حتى قتلته فلما قدمنا بلغ النبي صلى الله عليه وسلم فقال يا أسامة أقتلته بعد ما قال لا إله إلا الله قلت كان متعوذا فما زال يكررها حتى تمنيت أني لم أكن أسلمت قبل ذلك اليوم.

① ھەيسەمى (10220): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئۇرۇۋەگىچە بولغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6634 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ھۇرەقە قەبىلىسىگە ئەۋەتتى. ئۇلارغا سۇبھى ۋاقتىدا ھۇجۇم قىلىپ، مەغلۇپ قىلدۇق. بىر ئەنسارى بىلەن ئىككىمىز بىر ئادەمنى قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ، ئارىغا ئېلىۋالغان چېغىمىزدا، ئۇ:

ـ لائىلاھە ئىللەللاھ (بىر اللهتىن باشقا ئىلاھ يوق)، ـ دېۋىدى، ئەنسارى قولىنى تارتىۋالدى، لېكىن مەن نەيزەم بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. مەدىنىگە كەلگەن چاغدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ:

ـ ئى ئۇسامە! ئۇنى: ”لائىلاھە ئىللەللاھ“ دېگەندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋەتتىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئۇ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق دېدى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى قايتا ـ قايتا تەكرارلىدى. ھەتتا مەن ئۆز ـ ئۆزەمگە: ”شۇ كۈندىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولمىغان بولسامچۇ!“ دەپ كەتتىم.

(بۇخارى: 4269)

6635 ـ وفي رواية: قَالَ بَعَثَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي سَرِيةٍ فَصَبحْنَا الْحُرَقَاتِ مِنْ جُهَيْنَةَ فَأَدْرَكْتُ رَجُلًا فَقَالَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ فَطَعَنْتُهُ فَوَقَعَ فِي نَفْسِي مِنْ ذَلِكَ فَذَكَرْتُهُ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَقَالَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَقَتَلْتَهُ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنمَا قَالَهَا خَوْفًا مِنْ السلَاحِ قَالَ أَفَلَا شَقَقْتَ عَنْ قَلْبِهِ حَتى تَعْلَمَ أَقَالَهَا أَمْ لَا فَمَا زَالَ يُكَررُهَا عَلَي حَتى تَمَنيْتُ أَني أَسْلَمْتُ يَوْمَئِذٍ قَالَ فَقَالَ سَعْدٌ وَأَنَا وَاللهِ لَا أَقْتُلُ مُسْلِمًا حَتى يَقْتُلَهُ ذُو الْبُطَيْنِ يَعْنِي أُسَامَةَ قَالَ قَالَ رَجُلٌ أَلَمْ يَقُلْ اللهُ وَقَاتِلُوهُمْ حَتى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدينُ كُلهُ لِلهِ فَقَالَ سَعْدٌ قَدْ قَاتَلْنَا حَتى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَأَنْتَ وَأَصْحَابُكَ تُرِيدُونَ أَنْ تُقَاتِلُوا حَتى تَكُونَ فِتْنَةٌ.

6635 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى بىر روتا ئەسكەر بىلەن ئەۋەتتى. بىز جۇھەينە قەبىلىسىنىڭ ھۇراقات دېگەن جەمەتىگە ئەتىگەندە ھۇجۇم قىلدۇق. مەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگىلى تەمشەلگىنىمدە، ئۇ:

ـ لا ئىللالاھە ئىللاللاھ ـ دەپ توۋلىدى. مەن ئۇنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرىۋېتىپ بولۇپ، كۆڭلۈمدە دەرگۇمان بولۇپ قالدىم ـ دە، مەدىنىگە قايتقىنىمىزدا بۇ ۋەقەلىكنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ:

ـ "لا ئىللالاھە ئىللاللاھ" دەپ تۇرسا ئۆلتۈرىۋەتتىڭمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ قورالدىن قورقۇپ شۇنداق دېگەن تۇرسا؟! ــ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ چىن دىلىدىن دېدىمۇ ياكى قورقۇپ دېدىمۇ، سەن بۇنى بىلىش ئۇچۇن ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ باقتىڭمۇ؟! ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىغاندى، مەن ئۆز ـ ئۆزەمگە: "بۈگۈنگە قەدەر مۇسۇلمان بولمىغان بولسامچۇ" دەپ كەتتىم. سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس:

ـ مەن ھەرگىزمۇ بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرمەيمەن، ئۇنى ماۋۇ يوغان قورساق (ئۇسامە) ئۆلتۈردۇ، ـ دېگەن ئىدى، بىر كىشى:

ـ الله تائالا: پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار [1] دېمىگەنمۇ؟ ـ دېگەن ئىدى، سەئد ئۇنىڭغا:

ـ بىز پىتنە تۈگىگەنگە قەدەر ئۇرۇشتۇق، ئەمما سەن ۋە ھەمراھلىرىڭ پىتنە تۇغدۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇشىۋاتىسىلەر، ـ دېدى. (مۇسلىم: 96)

---

[1] سۈرە ئەنفال، 39 ـ ئايەت.

## مەككىنى فەتھ قىلىش غازىتى

6636 ـ عن علي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قال: بَعَثَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أنا وَالزبَيْرَ وَالْمِقْدَادَ فَقَالَ انطَلِقُوا حتى تَأْتُوا رَوْضَةَ خَاخٍ فَإِن بِهَا ظَعِينَةً مَعَهَا كِتَابٌ فَخُذُوا مِنْهَا قَالَ فَانطَلَقْنَا تَعَادَى بِنَا خَيْلُنَا حَتى أتَيْنَا الرَوْضَةَ فَإِذَا نَحْنُ بِالظعِينَةِ قُلْنَا لَهَا أَخْرِجِي الْكِتَابَ قَالَتْ مَا مَعِي كِتَابٌ فَقُلْنَا لَتُخْرِجِن الْكِتَابَ أَوْ لَنُلْقِيَن الثيَابَ قَالَ فَأَخْرَجَتْهُ مِنْ عِقَاصِهَا فَأَتَيْنَا بِهِ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِذَا فِيهِ مِنْ حَاطِبِ بْنِ أَبِي بَلْتَعَةَ إِلَى نَاسٍ بِمَكةَ مِنْ الْمُشْرِكِينَ يُخْبِرُهُمْ بِبَعْضِ أَمْرِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا حَاطِبُ مَا هَذَا قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ لَا تَعْجَلْ عَلَي إِني كُنتُ امْرَأً مُلْصَقًا فِي قُرَيْشٍ يَقُولُ كُنتُ حَلِيفًا وَلَمْ أَكُنْ مِنْ أَنفُسِهَا وَكَانَ مَنْ مَعَكَ مِنْ الْمُهَاجِرِينَ مَنْ لَهُمْ قَرَابَاتٌ يَحْمُونَ أَهْلِيهِمْ وَأَمْوَالَهُمْ فَأَحْبَبْتُ إِذْ فَاتَنِي ذَلِكَ مِنْ النسَبِ فِيهِمْ أَنْ أَتخِذَ عِنْدَهُمْ يَدًا يَحْمُونَ قَرَابَتِي وَلَمْ أَفْعَلْهُ ارْتِدَادًا عَنْ دِينِي وَلَا رِضًا بِالْكُفْرِ بَعْدَ الْإِسْلَامِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَا إِنهُ قَدْ صَدَقَكُمْ فَقَالَ عُمَرُ يَا رَسُولَ اللهِ دَعْنِي أَضْرِبْ عُنُقَ هَذَا الْمُنَافِقِ فَقَالَ إِنهُ قَدْ شَهِدَ بَدْرًا وَمَا يُدْرِيكَ لَعَل اللهَ اطلَعَ عَلَى مَنْ شَهِدَ بَدْرًا فَقَالَ اعْمَلُوا مَا شِئْتُمْ فَقَدْ غَفَرْتُ لَكُمْ فَأَنْزَلَ اللهُ السورَةَ يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا لَا تَتخِذُوا عَدُوي وَعَدُوكُمْ أَوْلِيَاءَ تُلْقُونَ إِلَيْهِمْ بِالْمَوَدةِ وَقَدْ كَفَرُوا بِمَا جَاءَكُمْ مِنْ الْحَق إِلَى قَوْلِهِ فَقَدْ ضَل سَوَاءَ السبِيلِ.

6636 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇبەير ۋە مىقداد ئىبنى ئەسۋەد ئۈچىمىزگە:

ـ دەرھال يولغا چىقىڭلار! ”رەۋزەتۇخاخ“ دېگەن جايغا بارغاندا، كاجۋىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان بىر ئايالنى ئۇچرىتىسىلەر. ئۇ ئايالدا

بىر پارچە خەت بار، شۇ خەتنى ئېلىپ كېلىڭلار! ـ دېدى. بىز ئاتلىرىمىزنى چاپتۇرغىنىمىزچە، رەۋزەتكە يېتىپ باردۇق. قارىساق، بىر ئايال كاجۋىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقانىكەن. ئالدىنى توسۇپ:

ـ خەتنى چىقار! ـ دېدۇق. ئۇ ئايال:

ـ مەندە خەت يوق، ـ دەپ تۇرۇۋالدى. بىز:

ـــ خەتنى چىقار! بولمىسا، كىيىملىرىڭنى سالدۇرۇپ ئاختۇرىمىز، ـ دېگەنىدۇق، ئۇ ئايال ئۆرۈمە چېچىنىڭ ئارىسىدىن خەتنى چىقىرىپ بەردى. خەتنى ئېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدۇق. ئۇ خەتنى ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئە يازغان بولۇپ، ھاتىب پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەزى مەخپىيەتلىكلىرىنى مەلۇم قىلىپ، مەككە مۇشرىكلىرىغا يوللىغانىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەتنى ئوقۇتقاندىن كېيىن، ھاتىبقا:

ـ ئى ھاتىب! بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! (جەريانىنى سۆزلەپ بېرەي) ئالدىرىمىغىن. مەن ئەسلى قۇرەيشلىك ئەمەس، سىرتتىن كېلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا يەرلەشكەن بىر ئادەممەن. مەندىن باشقا مۇھاجىرلارنىڭ مەككىدە تۇغقانلىرى بار. ئۇ تۇغقانلىرى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتى ئارقىلىق مۇھاجىرلارنىڭ مەككىدىكى ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ۋە مال ـ ۋارانلىرىنى قوغدايدۇ. مېنىڭ قۇرەيشلەر ئىچىدىن تۇغقىنىم بولمىغاچقا، قۇرەيشلەرگە بىر ئىش قىلىپ بەرسەم، قىلىپ بەرگەن ئىشىمنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى بىلەن مېنىڭ تۇغقانلىرىمنى قوغداپ قالارمىكىن دەپ مۇشۇنداق قىلدىم. مەن يا كۇفۇرلۇق قىلىپ، يا دىندىن يېنىپ، ياكى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن كۇفۇرلۇقتا رازى بولۇپ ئۇنداق قىلغىنىم يوق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئاڭلاپ:

ـ راست ئېيتتى، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا رۇخسەت قىلغىن، بۇ مۇناپىقنىڭ كاللىسىنى ئالاي! ـــ دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ بەدر غازىتىغا قاتناشقان، سەن نېمە بىلىسەن، بەلكى الله بەدر غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىپ، ئۇلارغا: "خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىۋەتتىم" دەۋەتكەن بولسا ئەجەب ئەمەس، ـ دېدى. شۇ چاغدا الله تائالا: ئى مۇئمىنلەر! مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى ئىسلامنى، قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان تۇرسا، ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر، ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار اللهقا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى، ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ چىققان بولساڭلار (ئۇ چاغدا مېنىڭ دۈشمىنىم ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار)، سىلەر ئۇلارغا يوشۇرۇن دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر، مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىمەن. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا پەيغەمبەرنىڭ خەۋەرلىرىنى يەتكۈزىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

(بۇخارى: 4274)

6637 ـ وفي رواية: فَأَنَخْنَا بِهَا بَعِيرَهَا فَابْتَغَيْنَا فِي رَحْلِهَا فَمَا وَجَدْنَا شَيْئًا فَقَالَ صَاحِبَايَ مَا نَرَى مَعَهَا كِتَابًا قَالَ فَقُلْتُ لَقَدْ عَلِمْنَا مَا كَذَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ

[1] سۈرە مۇمتەھىنە، 1 ـ ئايەت.

وَسَلمَ ثُم حَلَفَ عَلِي وَالذِي يُحْلَفُ بِهِ لَتُخْرِجِن الْكِتَابَ أَوْ لَأُجَرِدَنـكِ فَـأَهْوَتْ إِلَـى حُجْزَتِهَا وَهِيَ مُحْتَجِزَةٌ بِكِسَاءٍ فَأَخْرَجَتْ الصحِيفَةَ.

6637 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: بىز (ئۇ ئايالغا):

ــ خەتنى چىقار! ـ دېسەك، ئۇ ئايال:

ــ مەندە خەت يوق، ـ دەپ تۇرۇۋالدى. بىز تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ، يۈك ـ تاقلىرىنى ئاختۇرۇپ بىر نەرسە تاپالمىدۇق. ئىككى ھەمراھىم:

ــ خەت يوق ئوخشايدۇ، ـ دېدى. لېكىن مەن:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يالغان ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، خەتنى چىقار. بولمىسا كىيىملىرىڭنى سالدۇرۇپ ئاختۇرىمەن، ـ دېگەن ئىدىم. ئۇ ئايال مېنىڭ قەتئىي پوزىتسىيەمنى كۆرۈپ، خەتنى بەلبېغىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ بەردى.

(بۇخارى: 6939)

6638 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ فِي رَمَضَانَ مِنْ الْمَدِينَةِ وَمَعَهُ عَشَرَةُ آلَافٍ وَذَلِكَ عَلَى رَأْسِ ثَمَانِ سِنِينَ وَنِصْفٍ مِنْ مَقْدَمِـهِ الْمَدِينَةَ فَسَارَ هُوَ وَمَنْ مَعَهُ مِنْ الْمُسْلِمِينَ إِلَى مَكةَ يَصُومُ وَيَصُومُونَ حَتى بَلَغَ الْكَدِيدَ وَهُوَ مَاءٌ بَيْنَ عُسْفَانَ وَقُدَيْدٍ أَفْطَرَ وَأَفْطَرُوا.

6638 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان ئېيىدا ئون مىڭ كىشى بىلەن مەدىنىدىن چىقتى. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، سەككىز يېرىم يىلدىن كېيىن بولغان ۋەقە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولدا روزا تۇتتى، باشقىلارمۇ شۇنداق قىلدى. كەدىد (ئۇسفان بىلەن

قوُدەيدىنىڭ ئارىلىقىدىكى سۇ بار جاي) دېگەن جايغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىسىنى ئاچقاندى، باشقىلارمۇ تەڭ ئاچتى (يەنى روزا تۇتۇشتىن توختىدى).

(بۇخارى: 4276)

6639 ـ عَنْ هِشَامٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ لَما سَارَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَامَ الْفَتْحِ فَبَلَغَ ذَلِكَ قُرَيْشًا خَرَجَ أَبو سُفْيَانَ بْنُ حَرْبٍ وَحَكِيمُ بْنُ حِزَامٍ وَبُدَيْلُ بْنُ وَرْقَاءَ يَلْتَمِسُونَ الْخَبَرَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَقْبَلُوا يَسِيرُونَ حَتى أَتَوْا مَر الظهْرَانِ فَإِذَا هُمْ بِنِيرَانٍ كَأَنهَا نِيرَانُ عَرَفَةَ فَقَالَ أَبو سُفْيَانَ مَا هَذِهِ لَكَأَنهَا نِيرَانُ عَرَفَةَ فَقَالَ بُدَيْلُ بْنُ وَرْقَاءَ نِيرَانُ بَنِي عَمْرٍو فَقَالَ أَبو سُفْيَانَ عَمْرٌو أَقَل مِنْ ذَلِكَ فَرَآهُمْ نَاسٌ مِنْ حَرَسِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَدْرَكُوهُمْ فَأَخَذُوهُمْ فَأَتَوْا بِهِمْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَسْلَمَ أَبو سُفْيَانَ فَلَما سَارَ قَالَ لِلْعَباسِ احْبِسْ أَبا سُفْيَانَ عِنْدَ حَطْمِ الْخَيْلِ حَتى يَنْظُرَ إِلَى الْمُسْلِمِينَ فَحَبَسَهُ الْعَباسُ فَجَعَلَتْ الْقَبَائِلُ تَمُر مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَمُر كَتِيبَةً كَتِيبَةً عَلَى أَبِي سُفْيَانَ فَمَرتْ كَتِيبَةٌ قَالَ يَا عَباسُ مَنْ هَذِهِ قَالَ هَذِهِ غِفَارُ قَالَ مَا لِي وَلِغِفَارَ ثُم مَرتْ جُهَيْنَةُ قَالَ مِثْلَ ذَلِكَ ثُم مَرتْ سَعْدُ بْنُ هُذَيْمٍ فَقَالَ مِثْلَ ذَلِكَ وَمَرتْ سُلَيْمُ فَقَالَ مِثْلَ ذَلِكَ حَتى أَقْبَلَتْ كَتِيبَةٌ لَمْ يَرَ مِثْلَهَا قَالَ مَنْ هَذِهِ قَالَ هَؤُلَاءِ الْأَنْصَارُ عَلَيْهِمْ سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ مَعَهُ الرايَةُ فَقَالَ سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ يَا أَبَا سُفْيَانَ الْيَوْمَ يَوْمُ الْمَلْحَمَةِ الْيَوْمَ تُسْتَحَل الْكَعْبَةُ فَقَالَ أَبو سُفْيَانَ يَا عَباسُ حَبذَا يَوْمُ الذمَارِ ثُم جَاءَتْ كَتِيبَةٌ وَهِيَ أَقَل الْكَتَائِبِ فِيهِمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَصْحَابُهُ وَرَايَةُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَعَ الزبَيْرِ بْنِ الْعَوامِ فَلَما مَر رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِأَبِي سُفْيَانَ قَالَ أَلَمْ تَعْلَمْ مَا قَالَ سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ قَالَ مَا قَالَ قَالَ كَذَا وَكَذَا فَقَالَ كَذَبَ سَعْدٌ وَلَكِنْ هَذَا يَوْمٌ يُعَظمُ اللهُ فِيهِ الْكَعْبَةَ وَيَوْمٌ تُكْسَى فِيهِ الْكَعْبَةُ قَالَ وَأَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ تُرْكَزَ رَايَتُهُ بِالْحَجُونِ قَالَ عُرْوَةُ وَأَخْبَرَنِي نَافِعُ بْنُ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ قَالَ سَمِعْتُ الْعَباسَ يَقُولُ لِلزبَيْرِ بْنِ الْعَوامِ يَا أَبَا عَبْدِ اللهِ هَا هُنَا أَمَرَكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ تَرْكُزَ الرايَةَ قَالَ وَأَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَئِذٍ خَالِدَ بْنَ الْوَلِيدِ أَنْ يَدْخُلَ مِنْ أَعْلَى مَكةَ مِنْ كَدَاءٍ وَدَخَلَ النبِي

صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ كُدًا فَقُتِلَ مِنْ خَيْلِ خَالِدِ بْنِ الْوَلِيدِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَوْمَئِذٍ رَجُلَانِ حُبَيْشُ بْنُ الْأَشْعَرِ وَكُرْزُ بْنُ جابِرٍ الْفِهْرِي.

6639 ـ ھىشام دادىسى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەككە فەتھى قىلىنغان يىلى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈرۈش قىلغاندا، قۇرەيش بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى. ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب، ھەكىم ئىبنى ھىزام ۋە بۇدەيل ئىبنى ۋەرقائ قاتارلىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەش ئۈچۈن مەككىدىن يولغا چىقتى ۋە مەررىززاھران دېگەن جايغا كەلگەندە، كۆزلىرىگە خۇددى ئەرافاتنىڭ گۈلخانلىرىدەك سان ـ ساناقسىز گۈلخان كۆرۈندى. ئەبۇ سۇفيان:

ـ بۇ قانداق ئىش، خۇددى ئەرافاتنىڭ گۈلخانلىرىدەك كۆپقۇ؟ ـ دېگەندى، بۇدەيل ئىبنى ۋەرقائ:

ـ بەنى ئەمر قەبىلىسىنىڭ گۈلخانلىرىدۇر بەلكىم، ـ دېدى، ئەبۇ سۇفيان:

ـ بەنى ئەمر قەبىلىسىنىڭ ئاھالىسى بۇنچىلىك كۆپ ئەمەس، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قاراۋۇللىرى ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، قوغلاپ بېرىپ تۇتۇۋالدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. ئەبۇ سۇفيان دەرھال مۇسۇلمان بولدى. رەسۇلۇللاھ يۈرۈشكە ئاتلانغاندا، ئابباسقا:

ــ ئەبۇ سۇفياننى ئاتلىق قوشۇن ئۆتىدىغان تار ئېغىزدا توختىتىپ تۇرغىن. ئۇ بوگۇن مۇسۇلمانلارنى بىر كۆرۈپ باقسۇن! ــ دېدى. ئابباس ئۇنى شۇ يەردە تۇرغۇزۇپ قويدى، ئەبۇ سۇفياننىڭ ئالدىدىن ھەر بىر قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان ئاتلىق قوشۇنلار بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بىر بۆلۈك قوشۇن ئۆتتۈۋىدى، ئەبۇ سۇفيان ئابباستىن:

ـ بۇلار كىم؟ ـ دەپ سورىدى. ئابباس:

ــ بۇ، غىفار قەبىلىسى، ـ دېدى، ئەبۇ سۇفيان:

ــ غىفار بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم (ئۇلار بىلەن ئۆچ ــ ئاداۋىتىم بولمىسا)؟ ــ دېدى. جۇھەينە قەبىلىسىنىڭ ئاتلىق قوشۇنى ئۆتكەندىمۇ شۇنداق دېدى. ئاندىن سەئد ئىبنى ھۇزەيم ۋە سۇلەيم قەبىلىسىنىڭ ئاتلىق قوشۇنى ئۆتكەندىمۇ يەنە شۇنداق دېدى. ئاخىرى ئۇنىڭ ئالدىدىن مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئاتلىق قوشۇن ئۆتتى، ئۇ:

ــ بۇلار كىملەر؟ ـ دېۋىدى، ئاباس:

ــ ئۇلار سەئد ئىبنى ئۇبادە قوماندانلىقىدىكى ئەنسارىلار. توغ كۆتۈرگىنى سەئد ئىبنى ئۇبادە بولىدۇ، ـ دېدى. سەئد ئىبنى ئۇبادە ئەبۇ سۇفيانغا:

ــ ئەي ئەبۇ سۇفيان! بۈگۈن جەڭ كۈنى، بۈگۈن كەئبە ئەتراپىدا ئۇرۇش قىلىش ھالال قىلىنغان كۈن، ـ دېۋىدى، ئەبۇ سۇفيان:

ــ ئى ئاباس! خەلقىمنى قوغداپ قالالىسام ياخشى بولاتتى، ـ دېدى. ئاندىن كېيىن سان جەھەتتە ئىلگىرىكىلەردىن ئەڭ ئاز بىر قوشۇن كەلدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرى بىلەن بىللە بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغىنى زۇبەير ئىبنى ئاۋام كۆتۈرگەن ئىدى. ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇ نېمە دەپتۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئەبۇ سۇفيان:

ــ مۇنداق، مۇنداق دېدى، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سەئد خاتالىشىپتۇ، بۈگۈن الله تائالا كەئبىنى ئۇلۇغلىغان كۈندۇر. كەئبە يوپۇق بىلەن پۈركىنىدىغان كۈندۇر، ـ دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇغىنى ھەجۇن دېگەن جايغا تىكلەشكە بۇيرۇق قىلدى.

ئۇرۋەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، نافىئ ئىبنى جۇبەير ئىبنى مۇتئىم مۇنداق دېگەن: مەن ئابباسنىڭ زۇبەير ئىبنى ئاۋۋامغا:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنى تۇغنى مۇشۇ يەرگە تىكىشكە بۇيرىدىمۇ؟ ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

شۇ كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىد ئىبنى ۋەلىدنى مەككىنىڭ ئۇستۇن تەرىپىدىكى كەدائىدىن كىرىشكە بۇيرۇپ، ئۆزى كۇدا تەرەپتىن كىرگەن. ئۇ كۈنى خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن ئىككى كىشى ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلار: ھۇبەيش ئىبنى ئەشئەر بىلەن كۈرز ئىبنى جابىر فىهرىي ئىدى.

(بۇخارى: 4280)

6640 ـ عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ لَما نَزلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ مَر الظهْرَانِ قَالَ الْعباسُ قُلْتُ وَاللهِ لَئِنْ دَخلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ مَكةَ عْنوَةً قْبلَ أنْ يَأْتوهُ فَيسْتَأْمِنُوهُ إنهُ لَهَلَاكُ قُرْيشٍ فَجَلَسْتُ عَلَى بَغْلَةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ لَعَلي أجِدُ ذَا حَاجَةٍ يَأْتِي أهْلَ مَكةَ فُيخْبِرُهُمْ بِمَكَانِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ لِيَخْرُجُوا إلْيهِ فَيسْتَأْمِنُوهُ فَإِني لَأَسِيرُ إذْ سَمِعْتُ كَلَامَ أبِي سُفْيانَ وَبُدَيْلِ بْنِ وَرْقَاءَ فَقُلْتُ يَا أبَا حَنْظَلَةَ فَعَرَفَ صَوْتِي فَقَالَ أُبو الْفَضْلِ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ مَا لَكَ فِدَاكَ أبِي وَأُمي قُلْتُ هَذَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ وَالناسُ قَالَ فَمَا الْحِيلَةُ قَالَ فَرَكِبَ خَلْفِي وَرَجَعَ صَاحِبُهُ فَلَما أصْبَحَ غَدَوْتُ بِهِ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ فَأَسْلَمَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إن أبَا سُفْيانَ رَجُلٌ يُحِب هَذَا الْفَخْرَ فَاجْعَلْ لَهُ شْيئًا قَالَ نَعَمْ مَنْ دَخَلَ دَارَ أبِي سُفْيانَ فَهُوَ آمِنٌ وَمَنْ أغْلَقَ عَلْيهِ دَارَهُ فَهُوَ آمِنٌ وَمَنْ دَخَلَ الْمَسْجِدَ فَهُوَ آمِنٌ قَالَ فَتفَرقَ الناسُ إلَى دُورِهِمْ وَإلَى الْمَسْجِدِ.

6640 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەررىززاھىران دېگەن جايغا كېلىپ چۈشتى. مەن كۆڭلۈمدە: ”اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئامانلىق تىلىمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە قورال كۈچى بىلەن كىرسە، قۇرەيشنىڭ ھالاك بولۇشى تۇرغانلا گەپ“ دەپ ئويلىدىم ۋە ئىشى بار بىرەر كىشىنى تاپسام، مەككىكە خەلقىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەيەردىلىكىنى يەتكۈزۈپ قويسا، ئۇلار كېلىپ ئامانلىق تىلەرمىكىن دېگەن خىيال بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېچىرىنى مىنىپ يولغا چىقتىم. كېتىۋېتىپ، ئەبۇ سۇفيان بىلەن بۇدەيل ئىبنى ۋەرقائىنىڭ پاراڭلاشقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم ـ دە:

ــ ئى ئەبۇ ھەنزەلە! ـ دەپ چاقىرغان ئىدىم، ئۇ دەرھال ئاۋازىمدىن تونۇپ:

ــ ئەبۇل فەزلمۇ سەن؟ ـ دېدى، مەن:

ـ ھەئە، ـ دېدىم، ئۇ:

ـــ ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ئەھۋاللار قانداقراق؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ مانا بۇلار، اﷲنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن مۇسۇلمانلار قوشۇنى، ـ دېدىم، ئۇ:

ــ مەككىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنىڭ چارىسى بارمىدۇ؟ ـ دېدى. ئاندىن ئۇ مېنىڭ ئارقامغا مىنگەشتى، ھەمراھى قايتىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، مەن ئۇنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باردىم، ئۇ مۇسۇلمان بولدى، مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ سۇفيان پەخىرلىنىشنى ياقتۇرىدىغان ئادەم، ئۇنىڭغا پەخىرلەنگۈدەك بىرەر ئىلتىپات كۆرسەتكىن! ــ

دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ:

ــ كىمكى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا، ئامان بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكىنى تاقىۋالغانلارمۇ ئامان بولىدۇ. مەسجىدكە كىرىۋالغانلارمۇ ئامان بولىدۇ، ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، مەككىلىكلەر ئۆيلىرىگە ۋە مەسجىدكە بېكىنىۋېلىشتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3022)

6641 ـ قال أبو هُرَيْرَةَ: أَلَا أُعَلِّمُكُمْ بِحَدِيثٍ مِنْ حَدِيثِكُمْ يَا مَعْشَرَ الْأَنصَارِ ثُمَّ ذَكَرَ فَتْحَ مَكَّةَ فَقَالَ أَقْبَلَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَتَّى قَدِمَ مَكَّةَ فَبَعَثَ الزُّبَيْرَ عَلَى إِحْدَى الْمُجَنِّبَتَيْنِ وَبَعَثَ خَالِدًا عَلَى الْمُجَنِّبَةِ الْأُخْرَى وَبَعَثَ أَبَا عُبَيْدَةَ عَلَى الْحُسَّرِ فَأَخَذُوا بَطْنَ الْوَادِي وَرَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي كَتِيبَةٍ قَالَ فَنَظَرَ فَرَآنِي فَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ قُلْتُ لَبَّيْكَ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ لَا يَأْتِينِي إِلَّا أَنْصَارِيٌّ زَادَ غَيْرُ شَيْبَانَ فَقَالَ اهْتِفْ لِي بِالْأَنصَارِ قَالَ فَأَطَافُوا بِهِ وَوَبَّشَتْ قُرَيْشٌ أَوْبَاشًا لَهَا وَأَتْبَاعًا فَقَالُوا نُقَدِّمُ هَؤُلَاءِ فَإِنْ كَانَ لَهُمْ شَيْءٌ كُنَّا مَعَهُمْ وَإِنْ أُصِيبُوا أَعْطَيْنَا الَّذِي سُئِلْنَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تَرَوْنَ إِلَى أَوْبَاشِ قُرَيْشٍ وَأَتْبَاعِهِمْ ثُمَّ قَالَ بِيَدَيْهِ إِحْدَاهُمَا عَلَى الْأُخْرَى ثُمَّ قَالَ حَتَّى تُوَافُونِي بِالصَّفَا قَالَ فَانْطَلَقْنَا فَمَا شَاءَ أَحَدٌ مِنَّا أَنْ يَقْتُلَ أَحَدًا إِلَّا قَتَلَهُ وَمَا أَحَدٌ مِنْهُمْ يُوَجِّهُ إِلَيْنَا شَيْئًا قَالَ فَجَاءَ أَبُو سُفْيَانَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أُبِيحَتْ خَضْرَاءُ قُرَيْشٍ لَا قُرَيْشَ بَعْدَ الْيَوْمِ ثُمَّ قَالَ مَنْ دَخَلَ دَارَ أَبِي سُفْيَانَ فَهُوَ آمِنٌ فَقَالَتْ الْأَنصَارُ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ أَمَّا الرَّجُلُ فَأَدْرَكَتْهُ رَغْبَةٌ فِي قَرْيَتِهِ وَرَأْفَةٌ بِعَشِيرَتِهِ قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ وَجَاءَ الْوَحْيُ وَكَانَ إِذَا جَاءَ الْوَحْيُ لَا يَخْفَى عَلَيْنَا فَإِذَا جَاءَ فَلَيْسَ أَحَدٌ يَرْفَعُ طَرْفَهُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَتَّى يَنْقَضِيَ الْوَحْيُ فَلَمَّا انْقَضَى الْوَحْيُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَا مَعْشَرَ الْأَنصَارِ قَالُوا لَبَّيْكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ قُلْتُمْ أَمَّا الرَّجُلُ فَأَدْرَكَتْهُ رَغْبَةٌ فِي قَرْيَتِهِ قَالُوا قَدْ كَانَ ذَاكَ قَالَ كَلَّا إِنِّي عَبْدُ اللهِ وَرَسُولُهُ هَاجَرْتُ إِلَى اللهِ وَإِلَيْكُمْ وَالْمَحْيَا مَحْيَاكُمْ وَالْمَمَاتُ مَمَاتُكُمْ فَأَقْبَلُوا إِلَيْهِ

[1] ئەلبانى (2611): ھەسەن، ـ دېگەن.

يبكُونَ وَيقُولُونَ وَاللهِ مَا قُلْنَا الذِي قُلْنَا إِلا الضن بِاللهِ وَبِرَسُولِهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ وَرَسُولَهُ يُصَدقَانِكُمْ وَيَعْذِرَانِكُمْ قَالَ فَأَقْبَلَ الناسُ إِلَى دَارِ أَبِي سُـفْيَانَ وَأَغْلَقَ الناسُ أَبْوَابَهُمْ قَالَ وَأَقْبَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى أَقْبَلَ إِلَى الْحَجَـرِ فَاسْتَلَمَهُ ثُم طَافَ بِالْبَيْتِ قَالَ فَأَتَى عَلَى صَنَمٍ إِلَى جَنْبِ الْبَيْتِ كَانُوا يَعْبُدُونَهُ قَالَ وَفِي يَدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَوْسٌ وَهُوَ آخِذٌ بِسِيَةِ الْقَوْسِ فَلَما أَتَى عَلَى الصنَمِ جَعَلَ يَطْعُنُهُ فِي عَيْنِهِ وَيَقُولُ جَاءَ الْحَق وَزَهَقَ الْبَاطِلُ فَلَما فَرَغَ مِنْ طَوَافِهِ أَتَى الصفَا فَعَلَا عَلَيْـهِ حَتى نَظَرَ إِلَى الْبَيْتِ وَرَفَعَ يَدَيْهِ فَجَعَلَ يَحْمَدُ اللهَ وَيَدْعُو بِمَا شَاءَ أَنْ يَدْعُوَ

وفي رواية أبي داود: من دخل دَارًا فَهُوَ آمِنٌ وَمَنْ ألقي السلَاحَ فَهُوَ آمِـنٌ وَعَمَـدَ صَنَادِيدُ قُرَيْشٍ فَدَخَلُوا الْكَعْبَةَ فَغَص بِهِمْ وَطَافَ النبي ﷺ وَصَلى خَلْفَ الْمَقَامِ ثُم أَخَـذَ بِجَنْبَتَيْ الْبَابِ فَخَرَجُوا فَبَايَعُوا النبي ﷺ على الْإِسْلَامِ.

6641 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى ئەنسارىلار جامائىتى! سىلەرگە ئۆزۈڭلار ھەققىدىكى ھەدىسلەردىن بىرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى ۋە مەككىنى فەتىھ قىلىش يۇرۇشى ھەققىدە سۆز باشلاپ مۇنداق دېدى:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە يۇرۇش قىلىپ يولغا چىقتى. ئاتلىق قوشۇننىڭ بىر قانىتىغا زۇبەيرنى، يەنە بىر قانىتىغا خالىدنى، ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسىز قوشۇنغا ئەبۇ ئۇبەيدەنى قوماندان قىلىپ بەلگىلىدى. قوشۇن جىلغا بويلاپ يۇرۇش قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئاتلىق قوشۇننىڭ ئارىسىدا ئىدى، ئۇ مېنى كۆرۈپ:

ــ ئەي ئەبۇ ھۇرەيرە! ـ دېدى. مەن:

ــ لەببەي، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئەنسارىلارنى چاقىرغىن، ئۇلاردىن باشقىسى كەلمىسۇن! ــ دېدى. مەن ئەنسارىلارنى چاقىردىم، ئۇلار دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

قۇرەيشمۇ نۇرغۇن قەبىلىلەردىن لەشكەر توپلاپ: ”ئالدى بىلەن باشقا قەبىلىلەردىن توپلىغان قوشۇننى ئۇرۇشقا سالايلى. يەڭگۈدەك بولسا، دەرھال ئۇلارغا قېتىلايلى. يېڭىلگۈدەك بولسا، مۇسۇلمانلار بىزدىن تەلەپ قىلغان نەرسىنى بېرەرمىز“ دەپ پىلان سوقۇشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— قۇرەيش توپلىغان لەشكەرنى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنى كۆرىۋاتامسىلەر؟ - دېدى ۋە بىر قولىنى يەنە بىر قولىغا قويۇپ ئېزىشنى ئىشارەت قىلدى (يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇلارنى قىرىپ تاشلاڭلار!» دەپ كەلگەن). ئاندىن:

- ئاخىرىدا، سەفادا ئۇچرىشايلى، - دېدى.

شۇنداق قىلىپ، بىز ئاتلاندۇق. قايسىمىز بىرسىنى ئۆلتۈرمەكچى بولساق، ئۇنى ئۆلتۈرەلەيتتۇق، بىراق قۇرەيشلەردىن ھېچكىم بىزگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالمىدى. ئەبۇ سۇفيان كېلىپ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! قۇرەيش قىرىپ تاشلاندى، بۈگۈندىن تارتىپ قۇرەيش دېگەن نەرسە بولمايدۇ، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- كىمكى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا ئامان قالىدۇ، - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەنسارىلار بىر - بىرىگە:

- بۇ ئادەم ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئوتىدا ھەسرەت چېكىۋاتقانىكەن، - دېيىشتى.

شۇ ئارىدا، ۋەھيي نازىل بولدى. نازىل بولۇپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئى ئەنسارىلار جامائەسى! - دېدى، ئەنسارىلار:

— لەببەي، ئى رەسۇلۇللاھ! — دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــــ سىلەر: ”بۇ ئادەم ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئوتىدا ھەسرەت چېكىۋاتقانىكەن“ دېيىشتىڭلار، شۇنداقمۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئەنسارىلار:

ــــ ئارىمىزدا شۇنداق گەپ سادىر بولۇپ قالدى، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مەن اللهنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلىمەن. الله تائالاغا ۋە سىلەرگە ھىجرەت قىلغانمەن. ياشىسام سىلەر بىلەن ياشايمەن، ئۆلسەم سىلەر بىلەن ئۆلىمەن، ـ دېدى. ئەنسارىلار دەرھال يىغلاشقان ھالدا كېلىپ:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز بۇ سۆزنى پەقەت اللهنىڭ رەسۇلىغا ھېرىسمەنلىك قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئېيتقانىدۇق، ـ دەپ ئۆزرە ئېيتىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئىشىنىدۇ، ئۆزرەڭلارنى قوبۇل قىلىدۇ، ـ دېدى.

شۇنداق قىلىپ، قۇرەيشلەر ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ، ئىشىكلىرىنى تاقاشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيتۇللاھقا كىرىپ، ھەجەرۇلئەسۋەدنى سۆيدى. ئاندىن كەئبىنىڭ يېنىدىكى (قۇرەيشلەر ئىبادەت قىلىدىغان) بىر بۇتنىڭ يېنىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ قولىدا بىر يا بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئەگرى يېرىدىن تۇتۇۋالغان ئىدى. بۇتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە:

ـ ھەق دىن كەلدى، باتىل يوقالدى، ـ دەپ، يانى ئۇنىڭ كۆزىگە سانجىغىلى تۇردى. تاۋاپتىن پارىغ بولغاندىن كېيىن، سەفا تېغىغا چىقىپ، كەئبىگە قارىدى، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، اللهقا ھەمدۇ سانا ئېيتىپ، خالىغانچە دۇئا قىلدى.

(مۇسلىم: 1780)

ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كىمكى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا، ئۇ ئامان قالىدۇ. كىمكى قورالىنى تاشلىسا، ئۇ ئامان قالىدۇ. ـ دېگەن. قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرى كەئبىگە كىرىۋېلىشقان ئىدى، پېتىشماي كەپلىشىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاۋاپ قىلىپ، ماقامى ئىبراھىمنىڭ ئارقىدا ناماز ئوقۇدى. ئاندىن كەئبىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئىككى قانىتىنى تۇتتى. ئۇلار چىقىپ ئىمان ئېيتتى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلدى.

(ئەبۇ داۋۇد: 3024)

6642 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ دَخَلَ عَامَ الْفَتْحِ وَعَلَى رَأْسِهِ الْمِغْفَرُ فَلَمَّا نَزَعَهُ جَاءَ رَجُلٌ فَقَالَ إِنَّ ابْنَ خَطَلٍ مُتَعَلِّقٌ بِأَسْتَارِ الْكَعْبَةِ فَقَالَ اقْتُلُوهُ.

6642 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە فەتھى قىلىنغان كۈنى (مەككىگە) دۇبۇلغا كىيگەن ھالدا كىردى. ئۇ دۇبۇلغىنى بېشىدىن ئېلىپ تۇرۇشىغا بىر ئادەم كېلىپ:

ـ ئىبنى خەتەل كەئبىنىڭ يوپۇقىغا ئېسىلىۋاپتۇ. ـ دېگەندى:

ـ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! ـ دەپ بۇيرۇق بەردى.

(بۇخارى: 1846)

6643 ـ عَنْ مُصْعَبِ بْنِ سَعْدٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ لَمَّا كَانَ يَوْمُ فَتْحِ مَكَّةَ أَمَّنَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ النَّاسَ إِلَّا أَرْبَعَةَ نَفَرٍ وَامْرَأَتَيْنِ وَقَالَ اقْتُلُوهُمْ وَإِنْ وَجَدْتُمُوهُمْ مُتَعَلِّقِينَ بِأَسْتَارِ الْكَعْبَةِ عِكْرِمَةُ بْنُ أَبِي جَهْلٍ وَعَبْدُ اللَّهِ بْنُ خَطَلٍ وَمَقِيسُ بْنُ صُبَابَةَ وَعَبْدُ اللَّهِ بْنُ سَعْدِ بْنِ أَبِي السَّرْحِ فَأَمَّا عَبْدُ اللَّهِ بْنُ خَطَلٍ فَأُدْرِكَ وَهُوَ مُتَعَلِّقٌ بِأَسْتَارِ الْكَعْبَةِ فَاسْتَبَقَ إِلَيْهِ

سَعِيدُ بْنُ حُرَيْثٍ وَعَمارُ بْنُ يَاسِرٍ فَسَبَقَ سَعِيدٌ عَمارًا وَكَانَ أَشَب الرجُلَيْنِ فَقَتَلَـهُ وَأَمـا مَقِيسُ بْنُ صُبَابَةَ فَأَدْرَكَهُ الناسُ فِي السوقِ فَقَتَلُوهُ وَأَما عِكْرِمَةُ فَرَكِبَ الْبَحْرَ فَأَصَـابَتْهُمْ عَاصِفٌ فَقَالَ أَصْحَابُ السفِينَةِ أَخْلِصُوا فَإِن آلِهَتَكُمْ لَا تُغْنِي عَنْكُمْ شَيْئًا هَاهُنَا فَقَالَ عِكْرِمَةُ وَاللهِ لَئِنْ لَمْ يُنَجنِي مِنْ الْبَحْرِ إِلا الْإِخْلَاصُ لَا يُنَجينِي فِي الْبَر غَيْرُهُ اللهُم إِن لَكَ عَلَي عَهْدًا إِنْ أَنتَ عَافَيْتَنِي مِما أَنا فِيهِ أَنْ آتِيَ مُحَمدًا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى أَضَعَ يَدِي فِي يَدِهِ فَلَأَجِدَنهُ عَفُوا كَرِيمًا فَجَاءَ فَأَسْلَمَ وَأَما عَبْدُ اللهِ بْنُ سَعْدِ بْنِ أَبِي السرْحِ فَإِنهُ اخْتَبَـأَ عِنْـدَ عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ فَلَما دَعَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الناسَ إِلَى الْبَيْعَةِ جَاءَ بِهِ حَتـى أَوْقَفَهُ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ بَايِعْ عَبْدَ اللهِ قَالَ فَرَفَعَ رَأْسَهُ فَنظَرَ إِلَيْهِ ثَلَاثًا كُل ذَلِكَ يَأْبَى فَبَايَعَهُ بَعْدَ ثَلَاثٍ ثُم أَقْبَلَ عَلَى أَصْحَابِهِ فَقَالَ أَمَا كَانَ فِيكُمْ رَجُلٌ رَشِيدٌ يَقُومُ إِلَى هَذَا حَيْثُ رَآنِي كَفَفْتُ يَدِي عَنْ بَيْعَتِهِ فَيَقْتُلُهُ فَقَالُوا وَمَا يُدْرِينَا يَا رَسُولَ اللهِ مَا فِي نَفْسِكَ هَلا أَوْمَأْتَ إِلَيْنَا بِعَيْنِكَ قَالَ إِنهُ لَا يَنْبَغِي لِنَبِي أَنْ يَكُونَ لَهُ خَائِنَةُ أَعْيُنٍ.

6643 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: فەتىھ كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بارلىق خەلققە ئامانلىق بەردى. پەقەت تۆت ئەر بىلەن ئىككى ئايالغىلا ئامانلىق بەرمەي:

— ئۇلارنى كەئبىنىڭ يوپۇقىغا ئېسىلىۋالغان هالدا ئۇچراتساڭلارمۇ ئۆلتۈرىۋېتىڭلار! ـ دېدى. ئۇلار: ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھل، ئابدۇللاھ ئىبنى خەتەل، مەقىس ئىبنى سۇبابە ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ سەرھ قاتارلىقلار ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى خەتەل كەئبىنىڭ يوپۇقىغا ئېسىلىۋالغان هالدا تۇتۇلدى. سەئىد ئىبنى هۇرەيس بىلەن ئاممار ئىبنى ياسىر ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە يۈگۈردى، سەئىد ئاممارغا قارىغاندا ياشراق بولغاچقا، ئامماردىن بۇرۇن بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتى.

مەقىس ئىبنى سۇبابەنى مۇسۇلمانلار بازاردا تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرىۋەتتى. ئىكرىمە قېچىپ دېڭىز سەپىرىگە چىققان ئىدى، تۇيۇقسىز بوران چىقىپ كېتىپ، كېمىدىكىلەر:

ــــ نىيىتىڭلارنى رۇسلاپ دۇئا قىلىڭلار، سىلەرنىڭ ئىلاھلىرىڭلار سىلەرنى قۇتقۇزالمايدۇ. ـ دېيىشتى.

ئەھۋال بۇ يەرگە يەتكەندە، ئىكرىمە ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنداق دېدى:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنى دېڭىزدا ئىخلاستىن باشقىسى نىجاتلىقتا ئېرىشتۈرمىسە، قۇرۇغلۇقتىمۇ ئۇنىڭدىن باشقىسى قۇتقۇزالمايدۇ. ئى الله! مەن ساڭا شۇنداق ئەھدە بېرىمەنكى، ناۋادا سەن مېنى مۇشۇ قېيىن ئەھۋالدىن قۇتقۇزىدىغان بولساڭ، چوقۇم مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ قېشىغا بېرىپ، قولۇمنى قولىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ بەيئەت قىلىمەن. ئۇ چوقۇم مېنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ. ـ دېدى ۋە قايتىپ كېلىپ مۇسۇلمان بولدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ سەرھ بولسا، ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ قېشىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەلقنى بەيئەت قىلىشقا چاقىرغاندا، ئوسمان ئۇنى ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئابدۇللاھتىن بەيئەت ئالغىن! ــ دېدى. ئۈچ قېتىم شۇ تەرىقىدە ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، بەيئەت قوبۇل قىلمىدى. ئۈچىنچى قېتىمدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بەيئەت ئالدى. ئاندىن كېيىن ساھابىلىرىگە يۈزلىنىپ:

ــ ئۇنىڭ بەيئىتىدىن قولۇمنى تارتىۋالغىنىمنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاراڭلاردىن بىرەر ئەقلى جايىدا كىشى قوپۇپ ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتسە بولماسمىدى؟ ـ دېدى. ساھابىلار:

ــــ ئى رەسۇلۇللاھ! سىنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى بىز قانداقمۇ بىلەلەيمىز؟ بىزگە كۆزۈڭ بىلەن شۇنداقلا ئىشارەت قىلىۋەتسەڭ بولساڭچۇ؟! ــ دېيىشىۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ پەيغەمبەر دېگەن كۆز خىيانىتى قىلسا بولمايدۇ، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 4067)

6644 ـ عن سَعِيدِ بْنِ يَرْبُوعٍ الْمَخْزُومِي: أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَوْمَ فَتْحِ مَكةَ أَرْبَعَةٌ لَا أُؤَمِّنُهُمْ فِي حِل وَلَا حَرَمٍ فَسَماهُمْ قَالَ وَقَيْنَتَيْنِ كَانَتَا لِمِقْيَسٍ فَقُتِلَتْ إِحْدَاهُمَا وَأُفْلِتَتْ الْأُخْرَى فَأَسْلَمَتْ.

6644 ـ سەئىد ئىبنى يەربۇئ مەخزۇمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەككە فەتھى قىلىنغان كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ تۆت كىشىگە ھەرەمنىڭ ئىچى ياكى سىرتىدا بولسۇن، ھەرگىز ئامانلىق بەرمەيمەن، ـ دېدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتىدى. ئۇلاردىن باشقا، مىقيەسنىڭ ئىككى ناخشىچى دېدىكىنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ ئاتىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆلتۈرۈلدى، يەنە بىرى قۇتۇلۇپ قېلىپ مۇسۇلمان بولدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2684)

6645 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ دَخَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَكةَ يَوْمَ الْفَتْحِ وَحَوْلَ الْبَيْتِ سِتونَ وَثَلَاثُ مِائَةِ نُصُبٍ فَجَعَلَ يَطْعُنُهَا بِعُودٍ فِي يَدِهِ وَيَقُولُ جَاءَ الْحَق وَزَهَقَ الْبَاطِلُ جَاءَ الْحَق وَمَا يُبْدِئُ الْبَاطِلُ وَمَا يُعِيدُ.

6645 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: فەتىھ كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كىرگەندە، كەئبىنىڭ ئەتراپىدا 360 بۇت بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەق كەلدى، باتىل يوقالدى [3]؛ ھەقىقەت كەلدى، باتىل بىرەر مەخلۇقنى پەيدا قىلالمايدۇ

[1] ئەلبانى (3791): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (575): زەئىپ، ـ دېگەن.
[3] سۈرە ئىسرا، 81 ـ ئايەت.

(يوقالغان بىرەر مەخلۇقنى) ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ [1] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغىنىچە، ھاسىسىنى ئۇلارغا سانجىشقا باشلىدى.

(بۇخارى: 4287)

6646 ـ عَنْ جَابِرٍ: أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ زَمَنَ الْفَتْحِ وَهُوَ بِالْبَطْحَاءِ أَنْ يَأْتِيَ الْكَعْبَةَ فَيَمْحُوَ كُل صُورَةٍ فِيهَا فَلَمْ يَدْخُلْهَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى مُحِيَتْ كُل صُورَةٍ فِيهَا.

6646 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فەتھە كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كەئبىگە بېرىپ، ئۇنىڭدىكى بارلىق سۈرەتلەرنى ئۆچۈرىۋېتىشكە بۇيرىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ۋاقىتتا بەتھا دېگەن جايدا ئىدى. بارلىق سۈرەتلەر ئۆچۈرىۋېتىلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىگە كىردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4156)

6647 ـ عَنْ جَابِرٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ مَكةَ وَلِوَاؤُهُ أَبْيَضُ.

6647 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كىرگەندە (كۆتۈرگەن) تۇغى ئاق ئىدى[3].

(تىرمىزى: 1679)

6648 ـ عَنْ وَهْبِ بْنِ مُنَبهٍ قَالَ سَأَلْتُ جَابِرًا هَلْ غَنِمُوا يَوْمَ الْفَتْحِ شَيْئًا قَالَ لَا.

6648 ـ ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ مۇنداق دەيدۇ: مەن جابىردىن:

[1] سۈرە سەبەئ 49 ـ ئايەت.
[2] ئەلبانى (3502): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (1372): ھەسەن، ـ دېگەن.

ــ فەتىھ كۈنى مۇسۇلمانلار بىر نەرسە غەنىمەت ئالغانمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندىم، ئۇ:

ــ ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(تىرمىزى: 1679)

6649 ـ عَنْ مَيْمُونَة بنت الْحَارِثِ أن رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم بَاتَ عِنْدَهَا في لَيْلَتِهَا ثُم قام يَتَوَضأُ لِلصلاةِ فَسَمِعَتْهُ يقول في مُتَوَضئِهِ لَبيكَ لَبيكَ لَبيكَ ثَلاثًا وَنُصِرْتُ ثلاثا وَنُصِرْتُ ثَلاثًا قالت فلما خَرَجَ قلت يا رَسُولَ اللهِ بِأَبِي أنت سَمِعْتُكَ تَقُولُ في متوضئك لبيك لَبيكَ ثَلاثًا نصرت نُصِرْتُ ثَلاثًا كَأَنكَ تُكلمُ إِنْسَانًا فَهَلْ كان مَعَكَ أَحَدٌ قال هذا رَاجِزُ بني كَعْبٍ يَسْتَصْرِخُنِي وَيَزْعُمُ أن قُرَيْشًا أَعَانَتْ عليهم بني بَكْرٍ ثُم خَرَجَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم وَأَمَرَ عَائِشَةَ أَنْ تُجَهزَهُ وَلا تُعْلِمُ أَحَدًا قالت فَدَخَلَ عليها أَبُوهَا فقال يا بنيةُ ما هذا الْجِهَازُ قالت وَاللهِ ما أَدْرِي قال ما هذا بِزَمَانِ غَزْوِ بني الأَصْفَرِ فَأَيْنَ يُرِيدُ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم قالت لا عِلْمَ لي قالت فَأَقَمْنَا ثَلاثًا ثُم صلى الصبْحَ بِالناسِ فَسَمِعْتُ الراجِزَ يَنْشُدُهُ...فقال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم نُصِرْتُ ثَلاثًا أو لَبيكَ لَبيكَ ثَلاثًا ثُم خَرَجَ النبي صلى اللهُ عليه وسلم وقال اللهُم عَم عليهم خَبَرَنَا حتى نَأْخُذَهُمْ بَغْتَةً ثُم خَرَجَ حتى نَزَلَ مَرْوَ وذكر قصة أبي سُفْيَانَ وَحَكِيم بن حِزَامٍ وَبُدَيْل بن وَرْقَاءَ قد خَرَجُوا تِلْكَ الليْلَةَ فَأَشْرَفُوا على مَرْوٍ فَنظَرَ أبو سُفْيَانَ إلى النيرَانِ فقال يا بُدَيْلُ لقد أَمْسَكَتْ بنو كَعْبٍ أَهْلَهُ فقال حَاشَتْهَا إِلَيْكَ الْحَرْبُ ثُم هَبَطُوا فَأَخَذَتْهُم مُزَيْنَةُ وَكَانَتْ عَلَيْهِمُ الْحِرَاسَةُ تِلْكَ الليْلَةَ فَسَأَلُوهُمْ أَنْ يَذْهَبُوا بِهِمْ إلى الْعَباسِ بن عبد الْمُطلِبِ فَذَهَبُوا بِهِمْ فَسَأَلَهُ أبو سُفْيَانَ أَنْ يَسْتَأْمِنَ له رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فَخَرَجَ بِهِمُ الْعَباسُ إلى النبي صلى اللهُ عليه وسلم ثُم خَرَجَ بِهِمْ فقال أبو سُفْيَانَ إنا نُرِيدُ أَنْ نَذْهَبَ فقال أَسْفِرُوا فَقَامَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يَتَوَضأُ فَابْتَدَرَ الْمُسْلِمُونَ وَضُوءَهُ يَنْضَحُونَهُ في وُجُوهِهِمْ قال أبو سُفْيَانَ يا أَبَا الْفَضْلِ لقد أَصْبَحَ مُلْكُ بن أَخِيكَ عَظِيمًا فقال إنه ليس بِمُلْكٍ وَلَكِنهَا النبُوةُ وفي ذلك يَرْغَبُونَ.

[1] ئەلبانى (2612): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

6649 ـ مەيمۇنە بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: نەۋۋەت ماڭا كەلگەن كېچىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمدا قونۇپ قالدى. نامازغا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا:

ـــ لەببەيك، لەببەيك، لەببەيك (نۇسرەتكە ئېرىشتىم)، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. تاھارەتخانىدىن چىققاندا، مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن. سىنىڭ تاھارەت ئېلىۋېتىپ: "لەببەيك، لەببەيك، لەببەيك" دېگىنىڭنى ئاڭلىدىم، يېنىڭدا بىرى بارمىدى؟ ـ دەپ سورىغان ئىدىم:

ـ ئۇ كەئب قەبىلىسىنىڭ قوشاقچىسى. قۇتقۇزۇشىمنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، قۇرەيشلەر بەكىر قەبىلىسىنىڭ ئۇلارنى بوزەك قىلىشىغا ياردەم بېرىۋېتىپتۇدەك، ـ دېدى.

ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ، ئائىشەنى سەپەر تەييارلىقى قىلىپ بېرىشكە بۇيرىدى ۋە بۇنى ھېچكىمگە دېمەسلىكنى تاپىلىدى. ئائىشەنىڭ دادىسى (ئەبۇ بەكرى) كىرىپ:

ـ ئى قىزىم! بۇ نېمە تەييارلىق؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ بىلمىدىم، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى:

ـ بۇ رىملىقلارغا يۈرۈش قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەيەرگە بارىدىغاندۇ؟ ـ دېدى، ئائىشە يەنە:

ـ بىلمىدىم، ـ دېدى.

ئۈچىنچى كۈنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەت بىلەن بامداتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر قوشاقچىنىڭ قوشاق ئوقۇپ ئۇنى ياردەمگە چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئاڭلاپ يەنە:

ــ لەببەيك، لەببەيك، لەببەيك، ـ دېدى. ئاندىن: «ئى اللّٰه! ئۇلارنى سەپىرىمىزدىن بىخەۋەر قىلغايسەنكى، بىز ئۇلارغا تۇيۇقسىز تېگىش قىلالايلى» دەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن يۈرۈش قىلىپ، مەررەززەھران دېگەن جايغا كېلىپ چۈشتى...

ھەدىسنىڭ داۋامى مۇنداق بايان قىلىنغان: ئەبۇ سۇفيان، ھەكىم ئىبنى ھىزام ۋە بۇدەيل ئىبنى زەرقالار شۇ كېچىسى ئەتراپنى كۆزىتىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ، مەررەززەھران تەرەپكە باردى. ئەبۇ سۇفيان گۇلخانلارنى كۆرۈپ:

ــ ئى بۇدەيل! كەئىب قەبىلىسى پۈتۈن ئادىمىنى يىغقان ئوخشىمامدۇ؟ ـ دېۋىدى، بۇدەيل ئۇنىڭغا:

ــ ئۇلارنىڭ ساناقا قارشى ئۇرۇشىشى مۇمكىن ئەمەس، ـ دېدى. كېيىن ئۇلار پەسكە چۈشتى. شۇ كېچىسى كۆزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مۇزەينە قەبىلىسىنىڭ قاراۋۇللىرى ئۇلارنى تۇتۇۋالدى. ئۇلار قاراۋۇللاردىن ئۆزلىرىنى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئەبۇ سۇفيان ئابباسنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىگە ئامانلىق ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئابباس ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ، كۆرۈشتۈرگەندىن كېيىن قايتىپ چىقتى. ئەبۇ سۇفيان:

ــ ئەمدى بىز مەككىگە قايتايلى، ـ دېگەن ئىدى، ئاببas:

ــ تاڭ يورىغاندا قايتىڭلار، ـ دەپ تۇتىۋالدى. تاڭ ئاتقاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالغىلى ئورنىدىن تۇردى. ساھابىلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ تاھارەت ئالغان سۈيىنى يۈزلىرىگە چېچىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئەبۇ سۇفيان:

ــ ئى ئەبۇ فەزل! جىيەنىڭنىڭ پادىشاھلىقى بەك كاتتا بولۇپ كېتىپتىغۇ؟! ـ دېگەن ئىدى، ئاببas ئۇنىڭغا:

ــ ئۇ پادىشاھ ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر. شۇڭا ئۇلار مۇشۇنداق قىلىشىدۇ، ــ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 433/23)

6650 ــ وله عن عَنِ ابن عَباسٍ قال ثُم مَضَى رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ وَاسْتَخْلَفَ على الْمَدِينَةِ أَبَا رُهْمٍ كُلْثُومَ بن حُصَيْنٍ الْغِفَارِي فذكر الحديث.

وفيه: وقد عَمِيَتِ الأَخْبَارُ عن قُرَيْشٍ فلم يَأْتِهِمْ عن رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ خَبَرٌ وَلا يَدْرُونَ ما هو فَاعِلٌ خَرَجَ في تِلْكَ اللَّيْلَةِ أبو سُفْيَانَ بن حَرْبٍ وَحَكِيمُ بن حِزَامٍ وَبُدَيْلُ بن وَرْقَاءَ يَتَحَسسُونَ وَيَنْتَظِرُونَ هل يَجِدُونَ خَبَرًا أو يَسْمَعُونَ بِهِ وقد كان الْعَباسُ بن عبد الْمُطلِبِ أتى رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ بِبَعْضِ الطريقِ وقد كان أبو سُفْيَانَ بن الْحَارِثِ بن عبد الْمُطلِبِ وَعَبْدُ اللهِ بن أبي أُمَيةَ بن الْمُغِيرَةِ قد لَقِيَا رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ فِيمَا بين مَكةَ وَالْمَدِينَةِ فَالْتَمَسَا الدخُولَ عليه فَكَلمَتْهُ أُم سَلَمَةَ فِيهِمَا فقالت يا رَسُولَ اللهِ بن عَمكَ وبن عَمتِكَ وَصِهْرُكَ قال لا حَاجَةَ لي بِهِمَا أَما بن عَمي فَهَتَكَ عِرْضِي وَأَما بن عَمتِي وَصِهْرِي فَهُوَ الذي قال لي بِمَكةَ ما قال فلما أُخْرِجَ إِلَيْهِمَا بِذَلِكَ وَمَعَ أبي سُفْيَانَ بني له فقال وَاللهِ لَيَأْذَنن لي أو لآخُذَن بِيَدِ ابني هذا ثُم لَنَذْهَبن في الأَرْضِ حتى نَمُوتَ عَطَشًا وَجُوعًا فلما بَلَغَ ذلك رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ رَق لَهُمْا ثُم أَذِنَ لَهُمْا فَدَخَلا وَأَسْلَمَا.

وفيه: قال العباس لأبي سفيان حين لقيه: وَيْحَكَ يا أَبَا سُفْيَانَ هذا رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ في الناس وَاصَباحَ قُرَيْشٍ وَاللهِ قال فما الْحِيلَةُ فِدَاكَ أبي وَأُمي قال قالت وَاللهِ لَئِنْ ظَفَرَ بِكَ لَيَضْرِبَن عُنُقَكَ فَارْكَبْ مَعِي هذه الْبَغْلَةَ حتى آتِيَ بِكَ رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ أَسْتَأْمِنُهُ لك قال فَرَكِبَ خَلْفِي وَرَجَعَ صَاحِبَاهُ فَحَركْتُ بِهِ كُلمَا مَرَرْتُ بنارٍ من نِيرَانِ الْمُسْلِمِينَ قالوا من هذا فإذا رَأَوْا بَغْلَةَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ قالوا عَم رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ على بَغْلَتِهِ حتى مَرَرْتُ بنارِ عُمَرَ بن الْخَطابِ رضي

[1] ھەيسەمى (10232): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى سۇلايمان ئىبنى نەزلە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ــ دېگەن.

اللهُ عنه فقال من هذا وَقَامَ إلي فلما رَأَى أَبَا سُفْيَانَ على عَجُزِ الْبَغْلَةِ قال أبو سُفْيَانَ عَدُو اللهِ الْحَمْدُ لِلهِ الذي أَمْكَنَ مِنْكَ بِغَيْرِ عَقْدٍ وَلا عَهْدٍ ثُم خَرَجَ يَشْتَد نحو رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ وَرَكَضَتِ الْبَغْلَةُ فَسَبَقَتْهُ بِمَا تَسْبِقُ الدابةُ الْبَطِيءُ الرجُلَ الْبَطِيءَ فَاقْتَحَمْتُ عَنِ الْبَغْلَةِ فَدَخَلْتُ على رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ وَدَخَلَ عُمَرُ فقال يا رَسُولَ اللهِ هذا أبو سُفْيَانَ قد أَمْكَنَ اللهُ منه بِغَيْرِ عَقْدٍ وَلا عَهْدٍ فَدَعْنِي فَلأَضْرِبَ عُنُقَهُ قال قلت يا رَسُولَ اللهِ إني أَجَرْتُهُ ثُم جَلَسْتُ إلى رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ فَأَخَذْتُ بِرَأْسِهِ فقلت لا وَاللهِ لا يُنَاجِيهِ اللَّيْلَةَ رَجُلٌ دُونِي فلما أَكْثَرَ عُمَرُ في شَأْنِهِ قلت مَهْلا يا عُمَرُ أَمَا وَاللهِ لو كان من رِجَالِ بني عَدِي بن كَعْبٍ ما قلت هذا وَلَكِنكَ عَرَفْتَ أَنهُ رَجُلٌ من رِجَالِ بني عبد مَنَافٍ قال مَهْلا يا عَباسُ فَوَاللهِ لإِسلامُكَ يوم أَسْلَمْتَ كان أَحَب إلى من إِسْلامِ الْخَطابِ لو أَسْلَمَ وما بِي إلا أني قد عَرَفْتُ أن إِسْلامَكَ كان أَحَب إلى رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ من إِسْلامِ الْخَطابِ فقال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ اذْهَبْ بِهِ إلى رَحْلِكَ يا عَباسُ فإذا أَصْبَحَ فَائْتِنِي بِهِ فَذَهَبْتُ بِهِ إلى رَحْلِي فَبَاتَ عِنْدِي فلما أَصْبَحَ غَدَوْتُ بِهِ إلى رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ فلما رَآهُ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ قال وَيْحَكَ يا أَبَا سُفْيَانَ أَلَمْ يَأْنِ لك أَنْ تَعْلَمَ أَنْ لا إِلَهَ إلا اللهُ قال بِأَبِي أنت وَأُمي ما أَكْرَمَكَ وَأَوْصَلَكَ وَاللهِ لقد ظَنَنْتُ أَنْ لو كان مع اللهِ غَيْرُهُ لقد أَغْنَى عَني شيئا قال وَيْحَكَ يا أَبَا سُفْيَانَ أَلَمْ يَأْنِ لك أَنْ تَعْلَمَ أني رسول اللهِ قال بِأَبِي أنت وَأُمي ما أَحْلَمَكَ وَأَكْرَمَكَ وَأَوْصَلَكَ هذه وَاللهِ كان في نَفْسِي منها شَيْءٌ حتى الآنَ قال الْعَباسُ وَيْحَكَ يا أَبَا سُفْيَانَ أَسْلِمْ وأشهد أَنْ لا إِلَهَ إلا اللهُ وَأَن مُحَمدًا رسول اللهِ قبل أَنْ تُضْرَبَ عُنُقُكَ قال فَشَهِدَ بِشَهَادَةِ الْحَق وَأَسْلَمَ

وفيه: حتى مَر رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ في الْخَضْرَاءِ كَتِيبَةٌ فيها الْمُهَاجِرُونَ وَالأَنصَارُ لا يَرَى منهم إلا الْحَدَقَ قال سُبْحَانَ اللهِ من هَؤُلاءِ يا عَباسُ قلت هذا رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ في الْمُهَاجِرِينَ وَالأَنصَارِ قال ما لأَحَدٍ بِهَؤُلاءِ قِبَلٌ وَلا طَاقَةٌ وَاللهِ يا أَبَا الْفَضْلِ لقد أَصْبَحَ مِلْكُ بن أَخِيكَ الْغَدَاةَ عَظِيمًا قلت يا أَبَا سُفْيَانَ إِنهَا النبوةُ قال فَنَعَمْ إِذَنْ قلت النجَاءُ إلى قَوْمِكَ قال فَخَرَجَ حتى إذا جَاءَهُمْ صَرَخَ بِأَعْلَى صَوْتِهِ يا مَعْشَرَ

قُرَيْشٍ هذا مُحَمدٌ قد جَاءَكُمْ بِمَا لا قِبَلَ لَكُمْ بِهِ فَمَنْ دخل دَارَ أبي سُفْيَانَ فَهُوَ آمِنٌ فَقَامَتْ إليه امْرَأَتُهُ هِنْدُ بنتُ عُتْبَةَ فَأَخَذَتْ بِشَارِبِهِ فقالت أقتلوا الدسَمَ الأَحْمَشَ فَبِئْسَ من طَلِيعَةِ قَوْمٍ قال وَيْحَكُمْ لا تَغُرنكُمْ هذه من أَنفُسِكُمْ فإنه قد جاء ما لا قِبَلَ لَكُمْ بِهِ مَن دخل دَارَ أبي سُفْيَانَ فَهُوَ آمِنٌ قالوا وَيْلَكَ وما تُغْنِي عَنا دَارُكَ قال وَمَنْ أَغْلَقَ بَابَهُ فَهُوَ آمِنٌ وَمَنْ دخل الْمَسْجِدَ فَهُوَ آمِنٌ فَتفَرقَ الناس إلى دُورِهِمْ وَإِلَى الْمَسْجِدِ.

6650 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە ئەبۇ رۇھم كۇلسۇم ئىبنى ھۇسەين غىفارىنى ئەمىر نائىب قىلىپ، يۇرۇشكە ئاتلاندى...

قۇرەيش ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالماي، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. شۇ كېچىسى، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب، ھەكىم ئىبنى ھىزام ۋە بۇدەيل ئىبنى ۋەرقائىلار بىرەر خەۋەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەتراپنى تىڭ ـ تىڭلاشقا چىقتى. ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققان ئىدى، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى مۇغىرە مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىدا مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كىرمەكچى بولدى. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! تاغاڭنىڭ ئوغلى بىلەن كۈيئوغلۇڭ يەنى ھاماڭنىڭ ئوغلى ھوزۇرۇڭغا كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ كەپتۇ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇلارغا ئېھتىياجىم يوق. تاغامنىڭ ئوغلى مەككىدە شەرىپىمنى ئاياغ ئاستى قىلدى، هامامنىڭ ئوغلى ماڭا دەيدىغىنىنى دەپ بولغاندى، - دېدى.

بۇ سۆزلەر ئۇلارغا يەتكۈزۈلدى. ئەبۇ سۇفيانىنىڭ يېنىدا بىر كىچىك ئوغلى بار ئىدى، ئۇ:

— اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، يا ماڭا ئىجازەت بېرىدۇ ياكى مۇشۇ ئوغلۇمنىڭ قولىنى تۇتقىنىمچە چۆل - باياۋانلارغا كىرىپ كېتىپ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كەتكىچە سەرسان بولۇپ يۈرىمىز، - دەپ يالۋۇردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتتى ۋە كىرىشكە ئىجازەت بەردى. ئۇلار كىرىپ مۇسۇلمان بولدى...

بۇ ھەدىستە كېلىشىچە، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئەبۇ سۇفيان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا:

- ئىسسىت ساڭا، ئى ئەبۇ سۇفيان! مانا بۇ، اللهنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قۇرەيش ئەمدى تۈگىشىدىغان بولدى، - دېدى، ئەبۇ سۇفيان:

— ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇنكى، بۇنىڭغا قانداق چارە قىلغۇلۇق؟ - دەپ سورىدى. ئابباس:

— اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سېنى تۇتۇۋېلىپ قالسا، چوقۇم كاللاڭنى ئالىدۇ. شۇڭا مەن بىلەن بۇ قېچىرغا مىنگىن، سېنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، ئامانلىق ئېلىپ بېرەي، - دېدىم.

ئۇ ئارقامغا مىنگەشتى، ئىككى ھەمراھى قايتىپ كەتتى. مەن ئۇنى ئېلىپ ماڭدىم، مۇسۇلمانلار قوشۇنى ياققان ھەر بىر گۈلخاننىڭ يېنىدىن ئۆتكىنىمىزدە، ئۇلار:

ــ بۇ كىم؟ ـ دەپ سورىشاتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېچىرىنى كۆرۈپ:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى قېچىرىنى مىنىپ كېتىۋېتىپتۇ، ـ دېيىشىپ ئۆتكۈزىۋېتەتتى. شۇنداق مېڭىپ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ گۈلخانىنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئۇ:

ــ بۇ كىم؟ ـ دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىز تەرەپكە كەلدى. ئەبۇ سۇفياننى قېچىرنىڭ ئارقا تەرىپىدە كۆرۈپ:

ــ اللهنىڭ دۈشمىنى ئەبۇ سۇفيانغۇ بۇ؟ سېنى ھېچبىر ئەھدۇ ـ پەيمان ياكى كېلىشىمسىز قولىمىزغا چۈشۈرۈپ بەرگەن اللهقا ھەمدىلەر بولسۇن! ـ دېگىنىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. مەنمۇ قېچىرنى دېۋىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋالدىم ــ دە، قېچىردىن سەكرىگەن پېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىردىم، ئۆمەرمۇ كەينىمدىنلا كىرىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! الله تائالا ئەبۇ سۇفياننى ئەھدۇ ـ پەيمان ياكى كېلىشىمسىزلا قولىمىزغا چۈشۈرۈپتۇ. ماڭا ئىجازەت بەرسەڭ، كاللىسىنى ئالاي، ـ دېدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇنىڭغا پاناھلىق بەردىم، ـ دېدىم، ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، مۇبارەك بېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ـــ رەسۇلۇللاھ بۈگۈن مەندىن باشقا ھېچكىم بىلەن مۇڭداشمايدۇ، ـ دېدىم. ئۆمەر گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، مەن:

ــ ئى ئۆمەر! بەك ئالدىراپ كەتمىگىن. ئەبۇ سۇفيان ئەدىي ئىبنى كەئب جەمەتىدىن بولغان بولسا، ھەرگىز بۇنداق دېمىگەن بولاتتىڭ. سەن ئۇنىڭ ئابدۇ مەناف جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە شۇنداق دەۋاتىسەن، ـ دېدىم. ئۆمەر:

ــ ياق، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئى ئاببـاس! اﷲنىـڭ نـامى بىلـەن قەسـەمكى، سـېنىڭ مۇسـۇلمان بولۇشـۇڭ، مەن ئۈچـۈن (دادام) خەتتابنىـڭ مۇسـۇلمان بولۇشـىدىنمۇ بەك خۇشـاللىنارلىق ئىـش بولغانىدى. بۇ پەقەت سېنىڭ ئىسلامغا كىرىشىڭنىڭ رەسۇلۇللاھ ئۈچـۈن خەتتابنىـڭ ئىـسلامغا كىرىـشىدىنمۇ بەكـرەك خۇشاللىنارلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىمدىن بولغان، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى ئاببـاس! ئۇنى تۇرالغۇڭغا ئېلىـپ كېتىـپ، ئەتە ئەتىـگەن ئېلىپ كەلگىن! ـ دېدى.

مەن ئەبۇ سۇفياننى ئېلىپ تۇرالغۇمغا قايتتىم، ئۇ مەن بىلەن قونۇپ قالدى. تاڭ ئاتقاندا، ئۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىـپ باردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ:

ـ ئى ئەبۇ سۇفيان! ئىسـىت ساڭا، سـېنىڭ ئەمدى بىـر ھەق اﷲتىـن باشـقا مەبۇدنىـڭ يوقلۇقىنى تونـۇپ يېتىـدىغان ۋاقتىـڭ كەلمىدىمۇ؟ ـ دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

ـ ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! سەن نېمىدېگەن كەڭ قورساق، نېمىـدېگەن رەھىمـدىل سـەن؟! اﷲنىـڭ نـامى بىلـەن قەسـەمكى، اﷲتىـن باشـقا بىـر ئىـلاھ بولىـدىغان بولـسا، بـۇ چـاغقىچە مېنـى قۇتقۇلدۇرغان بولاتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

ــ ئى ئەبۇ سۇفيان! ئىسـىت ساڭا، سـېنىڭ ئەمدى مېنىـڭ اﷲنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىمنى بىلىدىغان ۋاقتىـڭ كەلمىدىمۇ؟ ـ دېدى. ئەبۇ سۇفيانمۇ:

ـ ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! سەن نېمىدېگەن كەڭ قورساق، نېمىدېگەن باغرى يۇمشاق، نېمىـدېگەن رەھىمـدىل سـەن. اﷲنىـڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھازىرغا قەدەر بۇ توغرىدا كۆڭلۈمدە ئازراق شەك بار ئىدى، ـ دېدى. ئاببـاس دەرھال:

ــ ئى ئەبۇ سۇفيان! ئىسىت ساڭا، كاللاڭ ئىلىنىپ كەتكىچە مۇسۇلمان بولۇپ، بىر اﷲتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ اﷲنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە شاھادەت كەلتۈرگىن! ـ دېگەن ئىدى، ئەبۇ سۇفيان ھەقكە شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى...

بۇ ھەدىستە يەنە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارىلار بىلەن مۇھاجىرلاردىن تەركىب تاپقان ئاتلىق قوشۇن ئىچىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ ساۋۇتى بەكمۇ پۇختا بولۇپ، پەقەت كۆزلىرىلا كۆرگىلى بولاتتى. ئەبۇ سۇفيان ئۇلارنى كۆرۈپ:

ــ سۇبھانالله! ئى ئابباس! بۇلار كىملەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئابباس:

ــ بۇ، ئەنسارىلار بىلەن مۇھاجىرلاردىن تەركىب تاپقان قوشۇن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، ـ دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

ــ بۇلارغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىگۈدەك. ئى ئەبۇ فەزل! اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، جىيەنىڭنىڭ ھاكىمىيىتى بەكمۇ كۈچلىنىپ كېتىپتۇ، ـ دېۋىدى، ئابباس:

ــ ئى ئەبۇ سۇفيان! بۇ ھاكىمىيەت ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەرلىك، ـ دېدى. ئۇ:

ــ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەن، ـ دېدى. ئابباس:

ــ ماڭ، دەرھال خەلقىڭنى قۇتقۇزغىن! ـ دېدىم. ئۇ دەرھال مەككىگە قايتىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن:

ــ ئى قۇرەيش خەلقى! مۇھەممەد ناھايىتى كۈچلۈك قوشۇن بىلەن ئۇستۇڭلارغا باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، كىم ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا، ئۇ ئامان قالىدۇ، ـ دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھىند بىنتى ئۇتبە (ئەبۇ سۇفياننىڭ ئايالى) ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇرۇتىدىن تارتقىنىچە:

ــ بۇ پەسكەشىنى ئۆلتۈرۈڭلار! ھۇ قۇرەيش خەلقىنىڭ يۈز قارىسى! ـ دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

ــ بۇ خوتۇنغا ئىشەنمەڭلار، بۇنىڭغا ئالدانماڭلار! مۇھەممەد سىلەر بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان قوشۇن بىلەن كېلىۋاتىدۇ. كىم ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا، ئۇ ئامان قالىدۇ، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ (ھەي ئەخمەق!) سېنىڭ ئۆيۈڭگە قانچىلىك ئادەم سىغاتتى؟ ـ دېيىشتى. ئەبۇ سۇفيان:

ـ كىم (ئۆيىگە كىرىپ) ئىشىكىنى تاقىۋالسا، ئۇ ئامان قالىدۇ. كىم مەسجىدكە كىرىۋالسا، ئۇ ئامان قالىدۇ، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، مەككە خەلقى ئۆيلىرىگە ۋە مەسجىدكە كىرىۋېلىشتى[1].

(«ئەلكەبىر: 7264)

[1] ھەيسەمى (10234): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

## هۇنەين غازىتى

6651 ـ عن سَهْل ابْن الْحَنْظَلِيةِ أنهُمْ سَارُوا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ حُنَيْنٍ فَأَطْنَبُوا السيْرَ حَتى كَانَتْ عَشِيةً فَحَضَرْتُ الصلَاةَ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَاءَ رَجُلٌ فَارِسٌ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِني انْطَلَقْتُ بَيْنَ أَيْدِيكُمْ حَتى طَلَعْتُ جَبَلَ كَذَا وَكَذَا فَإِذَا أَنَا بِهَوَازِنَ عَلَى بَكْرَةِ آبَائِهِمْ بِظُعُنِهِمْ وَنَعَمِهِمْ وَشَائِهِمْ اجْتَمَعُوا إِلَى حُنَيْنٍ فَتَبسمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ تِلْكَ غَنِيمَةُ الْمُسْلِمِينَ غَدًا إِنْ شَاءَ اللهُ ثُم قَالَ مَنْ يَحْرُسُنَا اللَّيْلَةَ قَالَ أَنسُ بْنُ أَبِي مَرْثَدٍ الْغَنَوِي أَنَا يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ فَارْكَبْ فَرَكِبَ فَرَسًا لَهُ فَجَاءَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَقْبِلْ هَذَا الشعْبَ حَتى تَكُونَ فِي أَعْلَاهُ وَلَا نُغَرن مِنْ قِبَلِكَ اللَّيْلَةَ فَلَما أَصْبَحْنَا خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى مُصَلاهُ فَرَكَعَ رَكْعَتَيْنِ ثُم قَالَ هَلْ أَحْسَسْتُمْ فَارِسَكُمْ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ مَا أَحْسَسْنَاهُ فَثُوبَ بِالصلَاةِ فَجَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي وَهُوَ يَلْتَفِتُ إِلَى الشعْبِ حَتى إِذَا قَضَى صَلَاتَهُ وَسَلمَ قَالَ أَبْشِرُوا فَقَدْ جَاءَكُمْ فَارِسُكُمْ فَجَعَلْنَا نَنْظُرُ إِلَى خِلَالِ الشجَرِ فِي الشعْبِ فَإِذَا هُوَ قَدْ جَاءَ حَتى وَقَفَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَلمَ فَقَالَ إِني انْطَلَقْتُ حَتى كُنْتُ فِي أَعْلَى هَذَا الشعْبِ حَيْثُ أَمَرَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما أَصْبَحْتُ اطلَعْتُ الشعْبَيْنِ كِلَيْهِمَا فَنَظَرْتُ فَلَمْ أَرَ أَحَدًا فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلْ نَزَلْتَ اللَّيْلَةَ قَالَ لَا إِلا مُصَلِّيًا أَوْ قَاضِيًا حَاجَةً فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ أَوْجَبْتَ فَلَا عَلَيْكَ أَنْ لَا تَعْمَلَ بَعْدَهَا.

6651 ـ سەھل ئىبنى ھەنزەلىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھۇنەين غازىتىغا چىقتۇق ۋە كۈن پاتقىچە يول باستۇق. پەيغەمبەر

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدۇق. شۇ چاغدا بىر ئاتلىق كىشى كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا مېڭىپ، پالانى تاغقىچە چىقتىم. ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئەر — ئايال، چوڭ — كىچىك ھەممىسى قوي - تۆگە ۋە ئۆچكە پادىلىرىنى ھەيدەپ ھۇنەينگە توپلىنىپتۇ، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— ئەشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەتە مۇسۇلمانلارنىڭ غەنىمەتلىرى بولىدۇ، ئىنشائاللاھ! - دېدى. ئاندىن:

— بۇ كېچە كىم بىز ئۈچۈن كۆزەتچىلىك قىلىدۇ؟ - دېدى. ئەنەس ئىبنى ئەبۇ مەرسەد غەنەۋىي:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن قىلىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— ئۇنداقتا، ئېتىڭغا مىن! — دېدى. ئۇ ئېتىغا مىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— مۇشۇ جىلغىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگىچە چارلىغىن. بۇ كېچە سېنىڭ بىخۇدلۇقىڭ تۈپەيلىدىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ قالمايلى - ھە! - دېدى.

سەھەر ۋاقتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازگاھىغا چىقىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن:

— كۆزەتچىدىن خەۋەر بارمۇ؟ - دەپ سورىدى، ساھابىلار:

— يوق، - دېيىشتى. نامازغا تەكبىر ئېيتىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرۇپ، پات - پات جىلغا تەرەپكە قاراپ قوياتتى. نامىزىنى تاماملاپ، سالام بەرگەندىن كېيىن:

— خوش خەۋەر! چاپارمىنىڭلار قايتىپ كەلدى، - دېدى. بىز جىلغىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئارىلىرىغا قاراشقا باشلىدۇق. ئۇ

راستىنلا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇدۇل پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـ ماڭا بۇيرىغان بويىچە مۇشۇ جىلغىنىڭ يۇقىرىسىغا قەدەر باردىم. تاڭ ئاتقاندا، يەنە ئىككى ئۆتكەل ئېشىپ چارلىدىم، لېكىن ھېچكىمنى كۆرمىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

ـ بۇ كېچە بىز تەرەپكە چۈشتۇڭمۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ـ ياق، پەقەت ناماز ئوقۇش ياكى ھاجەت قىلىش ئۈچۈنلا چۈشتۇم، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ساڭا جەننەت ۋاجىب بولدى، ئەمدى ئەمەل قىلمىساڭمۇ، ساڭا ھېچ زىيىنى يوق، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2501)

6652 ـ عن أنسِ بن مَالِكٍ رضي الله عنه قال لما كان يوم حُنَيْنٍ أَقْبَلَتْ هَوَازِنُ وَغَطَفَانُ وَغَيْرُهُمْ بِنَعَمِهِمْ وَذَرَارِيهِمْ وَمَعَ النبي ﷺ عَشَرَةُ آلَافٍ وَمِنْ الطُّلَقَاءِ فَأَدْبَرُوا عنه حتى بَقِيَ وَحْدَهُ فَنَادَى يَوْمَئِذٍ نِدَاءَيْنِ لم يَخْلِطْ بَيْنَهُمَا الْتَفَتَ عن يَمِينِهِ فقال يا مَعْشَرَ الْأَنْصَارِ قالوا لَبَّيْكَ يا رَسُولَ اللهِ أَبْشِرْ نَحْنُ مَعَكَ ثُم الْتَفَتَ عن يَسَارِهِ فقال يا مَعْشَرَ الْأَنْصَارِ قالوا لَبَّيْكَ يا رَسُولَ اللهِ أَبْشِرْ نَحْنُ مَعَكَ وهو على بَغْلَةٍ بَيْضَاءَ فَنَزَلَ فقال أنا عبد اللهِ وَرَسُولُهُ فَانْهَزَمَ الْمُشْرِكُونَ فَأَصَابَ يَوْمَئِذٍ غَنَائِمَ كَثِيرَةً فَقَسَمَ في الْمُهَاجِرِينَ وَالطُّلَقَاءِ ولم يُعْطِ الْأَنْصَارَ شيئا فقالت الْأَنْصَارُ إذا كانت شَدِيدَةٌ فَنَحْنُ نُدْعَى وَيُعْطَى الْغَنِيمَةَ غَيْرُنَا فَبَلَغَهُ ذلك فَجَمَعَهُمْ في قُبَّةٍ فقال يا مَعْشَرَ الْأَنْصَارِ ما حَدِيثٌ بَلَغَنِي عَنْكُمْ فَسَكَتُوا فقال يا مَعْشَرَ الْأَنْصَارِ ألا تَرْضَوْنَ أَنْ يَذْهَبَ الناس بِالدُّنْيَا وَتَذْهَبُونَ بِرَسُولِ اللهِ ﷺ تَحُوزُونَهُ إلى

[1] ئەلبانى (2183): سەھىھ ـ دېگەن.

بُيوتِكُمْ قالوا بَلَى فقال النبي ﷺ لو سَلَكَ الناس وَادِيًا وَسَلَكَتْ الْأَنصَارُ شِعْبًا لَأَخَذْتُ شِعْبَ الْأَنصَارِ.

وفي رواية: رَسُول اللِهِ صَلى اللُه عَلْيِهِ وَسَلمَ طَفِقَ يُعْطِي رِجَالًا مِنْ قُرَيْشٍ الْمِائَةَ مِنْ الْإِبِلِ فَقَالُوا يَغْفِرُ اللُه لِرَسُولِ اللِهِ صَلى اللُه عَلْيِهِ وَسَلمَ يُعْطِي قُرَيْشًا وَيَدَعُنَا وَسُيُوفُنَا تَقْطُرُ مِنْ دِمَائِهِمْ قَالَ أَنسٌ فَحُدثَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللُه عَلْيِهِ وَسَلمَ بِمَقَالَتِهِمْ فَأَرْسَلَ إِلَى الْأَنصَارِ فَجَمَعَهُمْ فِي قُبةٍ مِنْ أَدمٍ وَلَمْ يَدْعُ مَعَهُمْ أَحَدًا غَيْرَهُمْ فَلما اجْتَمَعُوا جَاءَهُمْ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللُه عَلْيِهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَا كَانَ حَدِيثٌ بَلَغَنِي عَنْكُمْ قَالَ لُه فُقَهَاؤُهُمْ أَما ذَوُو آرَائِنَا يَا رَسُولَ اللِهِ فَلَمْ يَقُولُوا شَيْئًا وَأَما أُنَاسٌ مِنا حَدِيثَةٌ أَسْنَانُهُمْ فَقَالُوا يَغْفِرُ اللُه لِرَسُولِ اللِهِ صَلى اللُه عَلْيِهِ وَسَلمَ يُعْطِي قُرَيْشًا وَيَتْرُكُ الْأَنصَارَ وَسُيُوفُنَا تَقْطُرُ مِنْ دِمَائِهِمْ فَقَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللُه عَلْيِهِ وَسَلمَ إِني أُعْطِي رِجَالًا حَدِيثٌ عَهْدُهُمْ بِكُفْرٍ أَما تَرْضَوْنَ أَنْ يَذْهَبَ الناسُ بِالْأَمْوَالِ وَتَرْجِعُوا إِلَى رِحَالِكُمْ بِرَسُولِ اللِهِ صَلى اللُه عَلْيِهِ وَسَلمَ فَوَاللِهِ مَا تَنقَلِبُونَ بِهِ خَيْرٌ مِما يَنقَلِبُونَ بِهِ قَالُوا بَلَى يَا رَسُولَ اللِهِ قَدْ رَضِينَا فَقَالَ لَهُمْ إِنكُمْ سَتَرَوْنَ بَعْدِي أُثَرَةً شَدِيدَةً فَاصْبِرُوا حَتى تَلْقَوْا اللَه وَرَسُولَهُ صَلى اللُه عَلْيِهِ وَسَلمَ عَلَى الْحَوْضِ قَالَ أَنسٌ فَلَمْ نَصْبِرْ.

6652 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھۇنەين كۈنى ھەۋازىن، غەتەفان ۋە باشقا قەبىلىلەر بالا ـ چاقا، مال ـ ۋارانلىرى بىلەن بىللە (ئۇرۇش مەيدانىغا) كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قوماندانلىقىدا ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن بار بولۇپ، مەككە فەتھى قىلىنغاندا ئەپۇ قىلىنغان مەككىلىكلەرمۇ بىللە ئىدى. (ئۇرۇش باشلانغان ھامان) ھەممىسى پىتىراپ كېتىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى يالغۇز تاشلاپ قويدى. شۇ چاغدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاۋۋال ئوڭ تەرىپىگە قاراپ:

ــ ئەي ئەنسارىلار جامائىتى! ـ دەپ چاقىرىۋىدى، ئۇلار:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! پەرمانبەردارمىز، خۇشخەۋەر بولسۇنكى، بىز سەن بىلەن بىللەمىز، ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سول تەرىپىگە قاراپ يەنە:

ــ ئەي ئەنسارىلار جامائىتى! ـ دەپ چاقىرىغانىدى، ئۇلارمۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! پەرمانبەردارمىز. خۇشخەۋەر بولسۇنكى، بىز سەن بىلەن بىللەمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاق قېچىرى ئۈستىدە ئىدى. قېچىرىدىن چۈشۈپ:

ــ مەن اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىمەن، ـ دېدى. ئۇ كۈنى، مۇشرىكلار مەغلۇپ بولدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە فەتھى قىلىنغاندا ئەپۇ قىلىنغان مەككىلىكلەرگە ۋە مۇھاجىرلارغا غەنىمەت بەردى، ئەمما ئەنسارىلارغا ھېچنەرسە بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، بەزى ئەنسارىلار:

ــ خەتەرلىك پەيتتە بىز چاقىرىلىمىز، غەنىمەت باشقىلارغا بېرىلىدۇ، ـ دېيىشتى. بۇ سۆزلەردىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى بىر چېدىرغا يىغىپ:

ــ ئى ئەنسارىلار جامائىتى! سىلەردىن چىققان بەزى سۆزلەرنى ئاڭلىدىم، بۇ نېمە گەپ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇلار جىم تۇرۇشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ــ باشقىلار مال ـ دۇنيانى ئېلىپ قايتقاندا، سىلەر پەيغەمبىرىڭلارنى ئېلىپ ئۆيۈڭلارغا قايتىشقا رازى بولمامسىلەر؟ ـ دېۋىدى، ئۇلار:

ــ ئەلۋەتتە رازى بولىمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بارلىق كىشىلەر بىر يولغا، ئەنسارىلار بىر يولغا ماڭسا، مەن چوقۇم ئەنسارىلارنىڭ يولىنى تاللايمەن ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ماڭىمەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1059)

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرەيشلىك بەزى كىشىلەرگە يۈز تۆياقتىن تۆگە بەرگىلى تۇرغان ئىدى، ئەنسارىلاردىن بەزىلىرى:

ـ الله پەيغەمبىرىنى مەغفىرەت قىلسۇن. قىلىچلىرىمىزدىن تېخى ئۇلارنىڭ (قۇرەيشلەرنىڭ) قانلىرى تېمىپ تۇرۇۋاتسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىمەتنى قۇرەيشلەرگە بېرىپ، بىزگە بەرمىدى، ـ دېيىشتى. بۇ گەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلدى. ئۇ ئەنسارىلارنى تېرىدىن تىكىلگەن بىر چېدىرغا يىغدى، ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم چاقىرىلمىدى. ئۇلار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بەزى گەپلىرىڭلارنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ قانداق گەپ؟ ـ دېۋىدى، ئۇلارنىڭ ئالىملىرى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەھۋالدىن خەۋىرى بارلىرىمىزنىڭ بىر نەرسە دېگىنى يوق. ئەمما بەزى ياشلار تەنتەكلىك قىلىپ: "الله پەيغەمبىرىنى مەغفىرەت قىلسۇن. قىلىچلىرىمىزدىن تېخى ئۇلارنىڭ (قۇرەيشلەرنىڭ) قانلىرى تېمىپ تۇرۇۋاتسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىمەتنى قۇرەيشلەرگە بېرىپ، بىزگە بەرمىدى" دەپ سالدى، ـ دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەن كۇفرىدىن ئەمدىلا يانغان كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا تېخىمۇ مايىل قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا غەنىمەت بەردىم. باشقىلار ئۆيلىرىگە ماللارنى ئېلىپ ماڭسا، سىلەر ئۆيلىرىڭلارغا اللهنىڭ پەيغەمبىرىنى ئېلىپ قايتىشقا رازى بولماسسىلەر؟ ئۇلارنىڭ ئېلىپ قايتىدىغان نەرسىلىرىدىن سىلەرنىڭ ئېلىپ قايتىدىغان نەرسەڭلار ئەلۋەتتە خەيرلىكتۇر، ـ دېگەندى، ئۇلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! رازى بولدۇق، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— مەندىن كېيىن (پات يېقىندا) قاتتىق شەخسىيەتچىلىككە ئۇچرىسىلەر. شۇڭا ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلەن ھەۋزى كەۋسەردە ئۇچراشقىچە سەۋر قىلىڭلار! ـ دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: لېكىن بىز سەۋر قىلالمىدۇق، ـ دەيدۇ.

(بۇخارى: 6762)

6653 ـ وفي رواية: وَاللهِ إن هَذَا لَهُوَ الْعَجَبُ إن سُيوفَنا تَقْطُرُ مِنْ دِمَاءِ قُرَيْشٍ وَغَنَائِمُنا تُرَد عَلَيْهِمْ فَبَلَغَ ذَلِكَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَدَعَا الْأَنْصَارَ قَالَ فَقَالَ مَا الذِي بَلَغَنِي عَنْكُمْ وَكَانُوا لَا يَكْذِبُونَ فَقَالُوا هُوَ الذِي بَلَغَكَ...

6653 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: (ھۆنەين غازىتىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرەيشلەرگە غەنىمەت بېرىپ، ئەنسارىلارغا بەرمىگەندى) بەزى ئەنسارىلار:

ــ قىزىق ئىشقۇ بۇ؟ قىلىچلىرىمىزدىن ئۇلارنىڭ قېنى تېمىپ تۇرسا، غەنىمەتلەر يەنە ئۇلارغا قايتۇرۇلامدۇ؟ ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى بىر يەرگە چاقىردى ۋە:

ــ ماڭا سىلەرنىڭ بەزى سۆزلىرىڭلار يەتتى، بۇ نېمە گەپ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار (ئەنسارىلار) يالغان گەپ قىلمايتتى. شۇڭا:

ـــ ھەقىقەتەن شۇنداق گەپ قىلدۇق، ـ دېيىشتى... داۋامى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بايان قىلىنغان.

(بۇخارى: 3778)

6654 ـ وفي رواية أخرى: غَزَوْنَا حُنَيْنًا فَجَاءَ الْمُشْرِكُونَ بِأَحْسَنِ صُفُوفٍ رأيت قال فَصُفتْ الْخَيْلُ ثُم صُفتْ الْمُقَاتِلَةُ ثُم صُفتْ النسَاءُ من وَرَاءِ ذلك ثُم صُفتْ الْغَنَمُ ثُم صُفتْ النعَمُ قال وَنَحْنُ بَشَرٌ كَثِيرٌ قد بَلَغْنَا سِتةَ آلَافٍ وَعَلَى مُجَنبَةِ خَيْلِنَا خَالِدُ بن الْوَلِيدِ قال فَجَعَلَتْ خَيْلُنَا تَلْوِي خَلْفَ ظُهُورِنَا فلم نَلْبَثْ أَنْ انْكَشَفَتْ خَيْلُنَا وَفَرتْ الْأَعْرَابُ وَمَنْ

نَعْلَمُ من الناس قال فَنَادَى رسول اللهِ يَالَ الْمُهَاجِرِينَ يَالَ الْمُهَاجِرِينَ ثُم قال يَالَ الْأَنصَارِ يَالَ الْأَنصَارِ قال قال أَنسٌ هذا حَدِيثُ عميه قال قُلْنا لَبَّيْكَ يا رَسُولَ اللهِ قال فَتَقَدَمَ رسول اللهِ قال فأيم اللهِ ما أَتَيْنَاهُمْ حتى هَزَمَهُمْ الله قال فَقَبَضْنَا ذلك الْمَالَ ثُم انْطَلَقْنَا إلى الطائِفِ فَحَاصَرْنَاهُمْ أَرْبَعِينَ لَيْلَةً ثُم رَجَعْنَا إلى مَكةَ فَنَزَلْنَا قال فَجَعَلَ رسول اللهِ يُعْطِي الرجُلَ الْمِائَةَ من الْإِبِلِ.

6654 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ھۆنەيىن غازىتىغا چىقتۇق. مۇشرىكلار مەن كۆرگەن ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە سەپ تۈزگەن بولۇپ، ئەڭ ئالدىغا ئاتلىق قوشۇننى، ئۇلارنىڭ كەينىگە پىيادە قوشۇننى، ئاندىن ئاياللارنى، ئەڭ ئاخىرىغا مال ـ ۋاران، قوي ـ تۆگىلەرنى تىزغانىدى. ئۇ كۈنى سانىمىز خېلىلا كۆپ بولۇپ، ئالتە مىڭ كىشى ئەتراپىدا ئىدۇق. ئوڭ قانات ئاتلىق قوشۇنغا خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇلار بىردىنلا پاتپاراق بولۇشۇپ، سەپ يېرىلىپ كەتتى. ئەئرابىيلار بىلەن بىز بىلىدىغان بەزى كىشىلەر قېچىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى مۇھاجىرلار! ئى ئەنسارىلار! ـ دەپ توۋلىدى (ئەنەس: بۇ ھەدىسلەرنى ماڭا تاغىلىرىم سۆزلەپ بەرگەنىدى، ـ دېگەن). بىز:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! پەرمانبەردارمىز، ـ دېيىشتۇق. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالغا ئىلگىرىلىدى. بىزنىڭ يېتىپ كېلىشىمىزگە الله ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇلارنىڭ مال ــ مۈلۈكلىرىنى غەنىمەت ئېلىپ، تائىفقا يۈرۈش قىلدۇق. ئۇلارنى قىرىق كېچە قورشاۋغا ئېلىپ تۇرغاندىن كېيىن، مەككىگە قايتتۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر بىر ئادەمگە يۈز تۆياقتىن تۆگە بەرگىلى تۇردى.

(مۇسلىم: 1059)

6655 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ زَيْدِ بْنِ عَاصِمٍ نحوه، وفيه: فَقَالَ يَا مَعْشَرَ الْأَنْصَارِ أَلَمْ أَجِدْكُمْ ضُلَّالًا فَهَدَاكُمْ اللهُ بِي وَكُنْتُمْ مُتَفَرِّقِينَ فَأَلَّفَكُمْ اللهُ بِي وَعَالَةً فَأَغْنَاكُمْ اللهُ بِي كُلَّمَا قَالَ شَيْئًا قَالُوا اللهُ وَرَسُولُهُ أَمَنُّ قَالَ مَا يَمْنَعُكُمْ أَنْ تُجِيبُوا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كُلَّمَا قَالَ شَيْئًا قَالُوا اللهُ وَرَسُولُهُ أَمَنُّ قَالَ لَوْ شِئْتُمْ قُلْتُمْ جِئْتَنَا كَذَا وَكَذَا.

6655 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئىبنى ئاسىمدىن يۇقىرىقىغا ئوخشاش ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارىلارغا:

ــ ئى ئەنسارىلار جامائەسى! مەن كېلىشتىن ئىلگىرى سىلەر ئازغۇن ئىدىڭلار، اللە سىلەرنى مەن ئارقىلىق ھىدايەتكە باشلىمىدىمۇ؟ چېچىلاڭغۇ ئىدىڭلار، اللە سىلەرنى مەن ئارقىلىق بىرلەشتۈرمىدىمۇ؟ كەمبەغەل ئىدىڭلار، اللە سىلەرنى مەن ئارقىلىق باي قىلمىدىمۇ؟ ـ دېدى. ئەنسارىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سوئالىغا:

ــ اللە ۋە اللەنىڭ ئەلچىسى مىننەت قىلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر، ـ دېيىشتىن باشقا جاۋاب بەرمىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ اللەنىڭ رەسۇلىنىڭ سوئالىغا نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسىلەر؟ ـ دېدى. ئۇلار ھەر بىر سوئالغا يەنە:

ــ اللە ۋە اللەنىڭ ئەلچىسى مىننەت قىلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ خالىساڭلار: ''سەن بىزنىڭ ئالدىمىزغا مۇنداق ـ مۇنداق ھالەتتە كەلگەن ئىدىڭ'' دېسەڭلار بولىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4330)

6656 ـ قَالَ عَباسٌ شَهِدْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ حُنَيْنٍ فَلَزِمْتُ أَنَا وَأَبُو سُفْيَانَ بْنُ الْحَارِثِ بْنِ عَبْدِ الْمُطلِبِ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ

نُفَارِقُهُ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى بَغْلَةٍ لَهُ بَيضَاءَ أَهْدَاهَا لَهُ فَرْوَةُ بْنُ نُفَاثَةَ الْجُذَامِي فَلَما الْتَقَى الْمُسْلِمُونَ وَالْكُفارُ وَلى الْمُسْلِمُونَ مُدْبِرِينَ فَطَفِقَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَرْكُضُ بَغْلَتَهُ قِبَلَ الْكُفارِ قَالَ عَباسٌ وَأَنا آخِذٌ بِلِجَامِ بَغْلَةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَكُفهَا إِرَادَةَ أَنْ لَا تُسْرِعَ وَأَبُو سُفْيَانَ آخِذٌ بِرِكَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَيْ عَباسُ نَادِ أَصْحَابَ السمُرَةِ فَقَالَ عَباسٌ وَكَانَ رَجُلًا صَيتًا فَقُلْتُ بِأَعْلَى صَوْتِي أَيْنَ أَصْحَابُ السمُرَةِ قَالَ فَوَاللهِ لَكَأَن عَطْفَتَهُمْ حِينَ سَمِعُوا صَوْتِي عَطْفَةُ الْبَقَرِ عَلَى أَوْلَادِهَا فَقَالُوا يَا لَبيكَ يَا لَبيكَ قَالَ فَاقْتَتَلُوا وَالْكُفارَ وَالدعْوَةُ فِي الْأَنْصَارِ يَقُولُونَ يَا مَعْشَرَ الْأَنْصَارِ يَا مَعْشَرَ الْأَنْصَارِ قَالَ ثُم قُصِرَتْ الدعْوَةُ عَلَى بَنِي الْحَارِثِ بْنِ الْخَزْرَجِ فَقَالُوا يَا بَنِي الْحَارِثِ بْنِ الْخَزْرَجِ يَا بَنِي الْحَارِثِ بْنِ الْخَزْرَجِ فَنَظَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ عَلَى بَغْلَتِهِ كَالْمُتَطَاوِلِ عَلَيْهَا إِلَى قِتَالِهِمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَا حِينَ حَمِيَ الْوَطِيسُ قَالَ ثُم أَخَذَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَصَيَاتٍ فَرَمَى بِهِن وُجُوهَ الْكُفارِ ثُم قَالَ انْهَزَمُوا وَرَب مُحَمدٍ قَالَ فَذَهَبْتُ أَنْظُرُ فَإِذَا الْقِتَالُ عَلَى هَيْئَتِهِ فِيمَا أَرَى قَالَ فَوَاللهِ مَا هُوَ إِلا أَنْ رَمَاهُمْ بِحَصَيَاتِهِ فَمَا زِلْتُ أَرَى حَدهُمْ كَلِيلًا وَأَمْرَهُمْ مُدْبِرًا.

6656 ــ ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھۇنەيىن غازىتىغا قاتناشتىم. ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابــدۇلمۇتتەلىب ئىككىمىــز پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي تۇردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فەرۋە ئىبنى نۇفاســە جۇزامى ســوۋغا قىلغــان ئــاق قېچىرغــا مــىنگەن ئــىدى. كاپىرلار قوشۇنى بىلەن تۇتۇشقاندا، مۇسۇلمانلار ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قېچىــشقا باشــلىدى. لــېكىن پەيغەمــبەر ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەسەللەم ناھايىتى غەيۇرلۇق بىلەن قېچىرنى دۈشمەنلەر تەرەپكە دېــۋەتتى. مەن قېچىرنىــڭ تېــز چېپىــپ، ئالــدىمىزدا كېتىــپ قېلىــشىدىن ئەنــسىرەپ، چۇلــۋۇرىنى چىــڭ تۇتــۇپ تــارتتىم. ئەبــۇ

سۇفيان بولسا، ئۆزەڭگىگە ئېسىلىۋالغانىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ــ ئى ئاببا! رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلارنى چاقىرغىن! ــ دېدى (ئاببانىڭ ئاۋازى بەكمۇ جاراڭلىق ئىدى). مەن بار كۈچۈم بىلەن:

ــ رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلار قېنى؟ ـ دەپ توۋلىدىم. اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، خۇددى موزىيىغا چىدىماي قايتىپ يۈگۈرۈپ كەلگەن كالىدەك تېز قايتىپ كەلدى. ئۇلار چاقىرىقا:

ــ پەرمانبەردارمىز، پەرمانبەردارمىز، ـ دەپ جاۋاب قايتۇراتتى. ئۇلار كاپىرلار بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. ئاندىن:

ــ ئى ئەنسارىلار جامائەسى! ئى ئەنسارىلار جامائەسى! ــ دەپ ئەنسارىلار چاقىرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بەنى ھارىس ئىبنى خەزرەج جەمەتى چاقىرىلدى. دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېچىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ بوينىنى سوزۇپ بىر نەزەر سالدى ۋە:

ــ مانا بۇ، جەڭنىڭ راسا قىزىغان ۋاقتى، ـ دېدى. ئاندى ئالقىنىغا شېغىل تاش ئېلىپ كاپىرلارنىڭ يۈزلىرىگە قارىتىپ ئاتتى ۋە:

ــ مۇھەممەدنىڭ رەببىگە قەسەمكى، مەغلۇپ بولۇڭلار! ــ دېدى. بېرىپ قارىدىم، ھەقىقەتەن ئۇرۇشنىڭ ۋەزىيىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك بولۇشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەنگە قارىتىپ شېغىل تاش ئېتىشتىن باشقا ئىش قىلمىغانىدى. دۈشمەن كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىپ، سەپلىرىنىڭ يېمىرىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

(مۇسلىم: 1775)

6657 ـ عن أبي إسحاق قال جاء رَجُلٌ إلى الْبَرَاءِ فقال أَكُنْتُمْ وَلَّيْتُمْ يوم حُنَيْنٍ يا أَبا عُمَارَةَ فقال أَشْهَدُ على نَبِيِّ اللهِ صلى الله عليه وسلم ما وَلَّى وَلَكِنَّهُ انْطَلَقَ إخفاء مـن الناس وَحُسَّرٌ إلى هذا الْحَيِّ من هَوَازِنَ وَهُمْ قَوْمٌ رُمَاةٌ فَرَمَوْهُمْ بِرِشْقٍ من نَبْلٍ كَأَنَّهَا رِجْلٌ من جَرَادٍ فَانْكَشَفُوا فَأَقْبَلَ الْقَوْمُ إلى رسول اللهِ صلى الله عليه وسلم وأبو سُـفْيَانَ بـن الْحَارِثِ يَقُودُ بِهِ بَغْلَتَهُ فَنَزَلَ وَدَعَا وَاسْتَنْصَرَ وهو يقول: أنا النبي لَا كَذِبْ أنا بـن عبـد الْمُطَّلِبْ اللهم نَزِّلْ نَصْرَكَ. قال الْبَرَاءُ كنا والله إذا احْمَرَّ الْبَأْسُ نَتَّقِي بِهِ وَإِنَّ الشُّجَاعَ مِنَّا لَلَّذِي يُحَاذِي بِهِ يَعْنِي النبي صلى الله عليه وسلم.

6657 ـ ئەبۇ ئىسھاقتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ ئى ئەبۇ ئۇمارە! ھۇنەيىن غازىتىدا ھەممىڭلار قاچقانمىدىڭلار؟

ـ دەپ سورىغانىدى، بەرا:

ـــ مەن پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەمنىڭ قاچمىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن. مۇسۇلمانلار سىپىدىن يۈكى يەڭگىل ۋە ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسىز كىشىلەر ھەۋازىن قوشۇنىنىڭ بىر قانىتىغا قاراپ ئالدىراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ھالبۇكى، دۈشمەننىڭ ئۇ قانىتىغا ئوقچىلار يەرلەشتۈرۈلگەنىدى. دۈشمەن ئـــوقچىلىرى خـــۇددى چـــېكەتكە توپـــدەك ھۇجـــۇم قىلىـــپ، مۇسۇلمانلارغا ئوق ياغدۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمان سېپى بۇزۇلۇپ كەتتى. (بۇنى پۇرسەت بىلگەن) دۈشمەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئەبۇ سۇفيان ئىبنـى ھـارىس پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ قېچىرىنـــىڭ چۇلـــۋۇرىنى مەھـــكەم تۇتۇۋالغانـــدى. پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالام يەرگە چۈشۈپ، دۇئا قىلدى ۋە ﷲتىن نۇسرەت تىلەپ مۇنداق دېدى:

مەن ﷲ ئەلچىسى، يوق قىلچە گۇدرەت،
مۇتتەلىب ئوغلىمەن، بەر ﷲ نۇسرەت!

ئاندىن سەپنى تۈزەشتۇردى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇرۇش داۋامىدا بىرەر پىششكەللىككە يولۇقساق، دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاناھىغا كىرەتتۇق. ئەڭ جەسۇر ۋە قەھرىمانلىرىمىزلا پەيغەمبە سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تەڭ سەپ تۈزۈپ تۇرالايتتى.

(مۇسلىم: 1776)

6658 ـ وَإنا لَما حَمَلْنا عليهم انْكَشَفُوا فَأكْبَبْنا على الْغَنائِمِ فَاسْتَقْبَلُونَا بِالسهَامِ.

6658 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىنىمىزدا، قېچىشقان ئىدى، بىز غەنىمەتلەرگە دوم چۈشتۇق. دەل شۇ چاغدا، ئۇلار بىزگە قارىتىپ ئوق ياغدۇرۇۋەتتى.

(مۇسلىم: 1776)

6659 ـ عن أبِي سَلَمَةُ بْنُ الْأكْوَعِ قَالَ غَزَوْنا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَوَازِنَ فَبَيْنا نَحْنُ نَتَضَحى مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إذْ جَاءَ رَجُلٌ عَلَى جَمَلٍ أحْمَرَ فَأنَاخَهُ ثُم انْتَزَعَ طَلَقًا مِنْ حَقَبِهِ فَقَيدَ بِهِ الْجَمَلَ ثُم تَقَدمَ يَتَغَدى مَعَ الْقَوْمِ وَجَعَلَ يَنْظُرُ وَفِينا ضَعْفَةٌ وَرِقةٌ فِي الظهْرِ وَبَعْضُنا مُشَاةٌ إذْ خَرَجَ يَشْتد فَأتى جَمَلَهُ فَأطْلَقَ قَيْدَهُ ثُم أنَاخَهُ وَقَعَدَ عَلَيْهِ فَأثَارَهُ فَاشْتد بِهِ الْجَمَلُ فَاتبَعَهُ رَجُلٌ عَلَى نَاقَةٍ وَرْقَاءَ قَالَ سَلَمَةُ وَخَرَجْتُ أشْتد فَكُنْتُ عِنْدَ وَرِكِ الناقَةِ ثُم تَقَدمْتُ حَتى كُنْتُ عِنْدَ وَرِكِ الْجَمَلِ ثُم تَقَدمْتُ حَتى أخَذْتُ بِخِطَامِ الْجَمَلِ فَأنَخْتُهُ فَلَما وَضَعَ رُكْبَتَهُ فِي الْأرْضِ اخْتَرَطْتُ سَيْفِي فَضَرَبْتُ رَأسَ الرجُلِ فَنَدَرَ ثُم جِئْتُ بِالْجَمَلِ أقُودُهُ عَلَيْهِ رَحْلُهُ وَسِلَاحُهُ فَاسْتَقْبَلَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالناسُ مَعَهُ فَقَالَ مَنْ قَتَلَ الرجُلَ قَالُوا ابْنُ الْأكْوَعِ قَالَ لَهُ سَلَبُهُ أجْمَعُ.

6659 ـ سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھەۋازىن قەبىلىسىگە يۈرۈش قىلدۇق. بىر يەرگە چۈشۈپ، چۈشلۈك

تاماق يەۋاتقاندا، تۆگىلىك بىرى يېتىپ كەلدى. تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ باغلىدى، ئاندىن كېلىپ بىز بىلەن بىللە تاماق يېگەچ، ئەتراپنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىشكە باشلىدى. تۆگىلىرىمىزنىڭ ئازلىقىنى، پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆردى. ئاندىن بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆگىسىنى يەشتى ۋە چۆكتۈرۈپ مىندى. بىرەيلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. مەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ يېتىشىۋالدىم ۋە تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇۋېلىپ، پەسكە تارتتىم. تۆگە ئىككى تىزىنى يەرگە قويۇپ چۆكۈپ تۇرۇشىغا، قىلىچىمنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇ ئادەمنىڭ كاللىسىنى چاپتىم، كاللىسى دومىلاپ چۈشتى. ئاندىن تۆگىنى ئۈستىدىكى مال ۋە قورال بىلەن بىللە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا هەيدەپ كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىمغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە:

ــ ئۇ ئادەمنى كىم ئۆلتۈردى؟ ـ دەپ سورىدى، ئەتراپتىكىلەر:

ــ ئىبنى ئەكۋەئ، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكى ئۇنىڭ بولسۇن! ــ دېدى.

(مۇسلىم: 1754)

6660 ـ عَنْ أَبِي قَتَادَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَامَ حُنَيْنٍ فَلَما الْتَقَيْنَا كَانَتْ لِلْمُسْلِمِينَ جَوْلَةٌ فَرَأَيْتُ رَجُلًا مِنْ الْمُشْرِكِينَ عَلَا رَجُلًا مِنْ الْمُسْلِمِينَ فَاسْتَدَرْتُ حَتى أَتَيْتُهُ مِنْ وَرَائِهِ حَتى ضَرَبْتُهُ بِالسيْفِ عَلَى حَبْلِ عَاتِقِهِ فَأَقْبَلَ عَلَي فَضَمنِي ضَمةً وَجَدْتُ مِنْهَا رِيحَ الْمَوْتِ ثُم أَدْرَكَهُ الْمَوْتُ فَأَرْسَلَنِي فَلَحِقْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ فَقُلْتُ مَا بَالُ الناسِ قَالَ أَمْرُ اللهِ ثُم إِن الناسَ رَجَعُوا وَجَلَسَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَنْ قَتَلَ قَتِيلًا لَهُ عَلَيْهِ بَينَةٌ فَلَهُ سَلَبُهُ فَقُمْتُ فَقُلْتُ مَنْ يَشْهَدُ لِي ثُم جَلَسْتُ ثُم

قَالَ مَنْ قَتلَ قَتِيلًا لَهُ عَلَيْهِ بَينَةٌ فَلَهُ سَلَبُهُ فَقُمْتُ فَقُلْتُ مَنْ يَشْهَدُ لِي ثُم جَلَسْتُ ثُم قَالَ الثالِثَةَ مِثْلَهُ فَقُمْتُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا لَكَ يَا أَبا قَتَادَةَ فَاقْتَصَصْتُ عَلَيْهِ الْقِصةَ فَقَالَ رَجُلٌ صَدَقَ يَا رَسُولَ اللهِ وَسَلَبُهُ عِنْدِي فَأَرْضِهِ عَني فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ الصديقُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ لَاهَا اللهِ إِذًا لَا يَعْمِدُ إِلَى أَسَدٍ مِنْ أُسْدِ اللهِ يُقَاتِلُ عَنْ اللهِ وَرَسُولِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعْطِيكَ سَلَبَهُ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَدَقَ فَأَعْطَاهُ فَبِعْتُ الدرْعَ فَابْتَعْتُ بِهِ مَخْرَفًا فِي بَنِي سَلِمَةَ فَإِنهُ لَأَولُ مَالٍ تَأَثلْتُهُ فِي الْإِسْلَامِ.

6660 ــ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھۆنەين غازىتىغا چىقتۇق. دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىمىزدا، مۇسۇلمانلار سېپىدا داۋالغۇش پەيدا بولدى. مەن بىر مۇشرىكنىڭ بىر مۇسۇلماننى بېسىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ قىلىچ بىلەن پاتىقىغا چاپتىم. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. مەن ئۇنىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. بىردەمدىلا جېنى چىقىپ، مېنى قويۇۋەتتى. دەرھال ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ كىشىلەرنىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ ـ دېدىم، ئۇ:

ــ ﷲنىڭ ئەمرى غالىب، ـ دېدى. ئاندىن (ئۇرۇش ئاياغلىشىپ) مۇسۇلمانلار قايتىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرۇپ:

ــ كىمكى بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى (ئۆلتۈرگەنلىكىنى) ئىسپاتلىيالىسا، ئۇ دۈشمەننىڭ نەرسە ــ كېرەكلىرى شۇنىڭ بولىدۇ، ـ دېدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

ــ كىم ماڭا گۇۋاھچى بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم، ئاندىن ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى تەكرارلىدى، مەن يەنە ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

ــ كىم ماڭا گۇۋاھچى بولىدۇ؟ - دەپ سورىدىم، ئاندىن يەنە ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىدى. مەن يەنە ئورنۇمدىن تۇرۇۋىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى ئەبۇ قەتادە! نېمە بولدۇڭ؟ - دەپ سورىدى. مەن بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردىم. بىر كىشى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ راست ئېيتتى. ئۇ كىشىنىڭ نەرسە ــ كېرەكلىرى مەندە. سەن بۇنى رازى قىلىپ قويساڭ، ماللار مەندە قالغان بولسا، - دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ:

ــ ياق! ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساڭا بېرىپ قويسا، ﷲ ۋە ﷲنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن جىھاد قىلىدىغان ﷲنىڭ شىر يۈرەك ئىنسانلىرىدىن بىرىنىڭ ئىززىتىنى قىلمىغان بولۇپ قالامدۇ؟ - دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ راست ئېيتتى، - دەپ، ئۇنىڭ نەرسە ــ كېرەكلىرىنى ماڭا بەردى. مەن بۇ مالغا بەنى سەلەمە مەھەللىسىدىن بىر خورمىلىق باغ سېتىۋالدىم. بۇ، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئېرىشكەن تۇنجى مېلىم ئىدى.

(بۇخارى: 3142)

6661 ـ عَنْ أَنسٍ: أن أُم سُلَيْمٍ اتخَذَتْ يَوْمَ حُنَيْنٍ خِنْجَرًا فَكَانَ مَعَهَا فَرَآهَا أَبـو طَلْحَةَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ هَذِهِ أُم سُلَيْمٍ مَعَهَا خِنْجَرٌ فَقَالَ لَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ مَا هَذَا الْخِنْجَرُ قَالَتْ اتخَذْتُهُ إِنْ دَنَا مِني أَحَدٌ مِنْ الْمُشْرِكِينَ بَقَرْتُ بِهِ بَطْنَهُ فَجَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَضْحَكُ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ اقْتُلْ مَنْ بَعْدَنَا مِنْ الطلَقَـاءِ انْهَزَمُوا بِكَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا أُم سُلَيْمٍ إِن اللهَ قَدْ كَفَى وَأَحْسَنَ

وفي رواية نحوه وفيه: فَقَتَلَ أبو طَلْحَةَ يَوْمَئِذٍ عِشْرِينَ رَجُلًا وَأَخَذَ أَسْلَابَهُمْ.

6661 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھۆنەين غازىتىدا ئۇممۇ سۇلەيم بىر خەنجەرنى كۆتۈرىۋالغانىدى. ئەبۇ تەلھە ئۇنى كۆرۈپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئۇممۇ سۇلەيم بولىدۇ، قولىدا خەنجەر بار ئىكەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

ــ بۇ خەنجەرنى نېمە قىلىسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇممۇ سۇلەيم:

ــ بىرەر كاپىر ماڭا يېقىن كېلىپ قالسا، بۇنىڭ بىلەن قورسىقىنى يۆسۈۋېتەي دەپ ئېلىۋالدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈپ كەتتى. ئۇممۇ سۇلەيم:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەككە فەتھىسىدە ئەپۇ قىلىنغان مەككىلىكلەرنى قەتلى قىلىۋەتكىن. چۈنكى ئۇلار ئۇرۇشتىن قېچىپ، سېنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقىلى تاس قالدى، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى ئۇممۇ سۇلەيم، الله تائالا ھەممىگە كۇپايە، ئۇ ئۆزى بۇ ئىشنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ بولدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1809)

يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، شۇ كۈنى، ئەبۇ تەلھە يىگىرمە كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئولجىلىرىغا ئېرىشكەن.

(ئەبۇ داۋۇد: 2718)

6662 ـ عن عُرْوَة: أن مَرْوَانَ بن الْحَكَمِ وَالْمِسْوَرَ بن مَخْرَمَةَ أَخْبَرَاهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قام حين جَاءَهُ وَفْدُ هَوَازِنَ مُسْلِمِينَ فَسَأَلُوهُ أَنْ يَرُد إِلَيهِمْ أَمْوَالَهُمْ وَسَبْيَهُمْ فقال لهم رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحَب الحديث إلي أَصْدَقُهُ فَاخْتَـارُوا إِحْدَى الطائِفَتَيْنِ إما السبْيَ وَإِما الْمَالَ وقد كنت اسْتَأْنَيْتُ بِهِمْ وقد كان رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ انْتَظَرَهُمْ بِضْعَ عَشْرَةَ لَيْلَةً حين قَفَلَ من الطائِفِ فلما تَبَينَ لهم أن رَسُـولَ

اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غَيْرُ رَاد إِلَيْهِمْ إلا إِحْدَى الطائِفَتَيْنِ قالوا فَإِنا نَخْتَارُ سَبْيَنَا فَقَـامَ رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ في الْمُسْلِمِينَ فَأَثْنَى على اللهِ بِمَا هو أَهْلُهُ ثُم قال أَما بَعْدُ فإن إِخْوَانَكُمْ هَؤُلَاءِ قد جاؤونا تَائِبِينَ وَإِني قد رأيت أَنْ أَرُد إِلَيْهِمْ سَبْيَهُمْ فَمَـنْ أَحَـب مِنْكُمْ أَنْ يُطَيبَ بِذَلِكَ فَلْيَفْعَلْ وَمَنْ أَحَب مِنْكُمْ أَنْ يَكُونَ على حَظهِ حتى نُعْطِيَهُ إِياهُ مِـن أَول ما يُفِيءُ الله عَلَيْنَا فَلْيَفْعَلْ فقال الناس قد طَيبْنَا ذلك لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لهم فقال رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إنا لَا نَدْرِي من أَذِنَ مِنْكُمْ في ذلك مِمنْ لم يَأْذَنْ فَارْجِعُوا حتى يرفع إِلَيْنَا عُرَفَاؤُكُمْ أَمْرَكُمْ فَرَجَعَ الناس فَكَلمَهُمْ عُرَفَاؤُهُمْ ثُم رَجَعُـوا إلى رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرُوهُ أَنهُمْ قد طَيبُوا وَأَذِنُوا.

6662 ـ مەرۋان ئىبنى ھەكەم بىلەن مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەۋازىننىڭ مۇسۇلمان ئەلچىلىرى ماللىرىنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ مانا بۇلار، مېنىڭ قول ئاستىمدىكىلەر (يەنى ساھابىلىرىم). مەن راست سۆزنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن. مېلىڭلارنى ئالامسىلەر، (ئەسىرگە چۈشكەن) بالا ـ چاقاڭلارنىمۇ؟ مەن سىلەرنى كۈتكىلى نەچچە كۈن بولدى، ـ دېدى. دەرۋەقە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائىفتىن قايتىپ كېلىپ، ئۇلارنى ساقلاۋاتقىلى ئون نەچچە كۈن بولغانىدى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىدىن بىرىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن:

ــ بالا ـ چاقىلىرىمىزنى ئالىمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئۆرە تۇرۇپ، الله تائالاغا لايىق رەۋىشتە ھەمدۇ سانا ئوقۇغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

ــ مەقسەتكە كەلسەك، بۇ قېرىنداشلىرىڭلار ئالدىمىزغا تەۋبە قىلىپ كەپتۇ. مەن ئۇلارغا بالا ــ چاقىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش قارارىغا كەلدىم، سىلەردىن كىمكى ئۆز رازىلىقى بىلەن قولىدىكى ئەسىرلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى خالىسا، شۇنداق قىلسۇن، خالىمىسا بىز ئۇنىڭ ئورنىغا كەلگۈسىدە ئالدىغان تۇنجى غەنىمەتتىن ئۇنىڭ نېسىۋىسىنى بېرىمىز، ـ دېدى. مۇسۇلمانلار بەس ـ بەستە:

ــ پەيغەمبىرىمىزنىڭ قارارىغا رازى بولدۇق، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ كىمنىڭ قوشۇلۇپ، كىمنىڭ قوشۇلمىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. شۇڭا ھەممىڭلار ئۆز ئورنۇڭلارغا قايتىپ، قارارىڭلارنى ئۆز مەسئۇللىرىڭلارغا بىلدۈرۈڭلار، ئۇلار كېلىپ ماڭا يەتكۈزسۇن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممىسى ئۆز ئورنىغا قايتتى. ئاندىن ھەر بىر قەبىلىنىڭ مەسئۇلى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ كېلىپ، ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ چىن كۆڭلىدىن قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈردى.

(بۇخارى: 4319)

6663 ـ عن عَمْرِو بن شُعَيْبٍ عن أبيه عن جَدِهِ رفعه، وفيه: قال كنا عِنْدَ رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ أَتَتْهُ وَفْدُ هَوَازِنَ فَقَالُوا يا محمد إنا أَصْلٌ وَعَشِيرَةٌ وقد نَزَلَ بِنَا من الْبَلَاءِ ما لَا يَخْفَى عَلَيْكَ فَامْنُنْ عَلَيْنَا مَن الله عَلَيْكَ فقال اخْتَارُوا من أَمْوَالِكُمْ أو مـن نِسَائِكُمْ وَأَبْنَائِكُمْ فَقَالُوا قد خَيرْتَنَا بين أَحْسَابِنَا وَأَمْوَالِنَا بَلْ نَخْتَارُ نِسَاءَنَا وَأَبْنَاءَنَا فقـال رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَما ما كان لي وَلِبَنِي عبد الْمُطلِبِ فَهُوَ لَكُمْ فإذا صَلَيْتُ الظهْرَ فَقُومُوا فَقُولُوا إنا نَسْتَعِينُ بِرَسُولِ اللهِ على الْمُؤْمِنِينَ أو الْمُسْلِمِينَ في نِسَائِنَا وَأَبْنَائِنَا فلما صَلَوْا الظهْرَ قَامُوا فَقَالُوا ذلك فقال رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فما كـان لي

وَلِبَنِي عبد الْمُطلِبِ فَهُوَ لَكُمْ فقال الْمُهَاجِرُونَ وما كان لنا فَهُوَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَتْ الْأَنصَارُ ما كان لنا فَهُوَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فقال الْأَقْرَعُ بن حَابِسٍ أَما أنا وَبَنُو تَمِيمٍ فلا وقال عُيَيْنَةُ بن حِصْنٍ أَما أنا وَبَنُو فَزَارَةَ فلا وقال الْعَباسُ بن مِرْدَاسٍ أَما أنا وَبَنُو سُلَيْمٍ فلا فَقَامَتْ بَنُو سُلَيْمٍ فَقَالُوا كَذَبْتَ ما كان لنا فَهُوَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فقال رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يا أَيهَا الناس رُدوا عليهم نِسَاءَهُمْ وَأَبْنَاءَهُمْ فَمَنْ تَمَسكَ من هذا الْفَيْءِ بِشَيْءٍ فَلَهُ سِت فَرَائِضَ من أَول شَيْءٍ يُفِيئُهُ الله عز وجل عَلَيْنَا.

6663 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئىدۇق، ھەۋازىن ئەلچىلىرى كېلىپ:

ــ ئى مۇھەممەد! بىز ئۇرۇق ــ تۇغقان كىشىلەرمىز، بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتلەر ساڭا ئايان. شۇڭا بىزگە ئىلتىپات قىلغان بولساڭ، اللهمۇ ساڭا ئىلتىپات قىلسۇن! ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

ــ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاڭلار، يەنى يا مال ــ مۈلكىڭلارغا ياكى خوتۇن ۋە بالا ــ چاقىلىرىڭلارغا تۇرۇڭلار! ـ دېۋىدى، ئۇلار:

ــ بىزنى ئىززەت ــ نومۇسىمىز بىلەن مال ــ مۈلكىمىزدىن بىرىنى تاللاشقا بۇيرىدىڭ، بىز ئەلۋەتتە خوتۇن ۋە بالا ــ چاقىلىرىمىزنى (يەنى ئىززەت ـ نومۇسىمىزنى) تاللىدۇق، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مېنىڭ ۋە بەنى ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىنىڭ نېسىۋىسى سىلەرنىڭ بولسۇن، پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇشۇمغا، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ: "بىز مۇئمىنلەرنىڭ خوتۇن ۋە بالا ــ چاقىلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىش ئىشىدا رەسۇلۇللاھتىن ياردەم سورايمىز" دەڭلار! ـ دېدى.

پېشىن نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆگىتىپ قويغان سۆزلەرنى دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— مېنىڭ ۋە بەنى ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىنىڭ نېسىۋىسى سىلەرنىڭ بولسۇن! - دېدى. مۇھاجىرلارمۇ:

- بىزنىڭ نېسىۋىمىزمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بولسۇن! — دېيىشتى، ئەنسارىلارمۇ:

- بىزنىڭ نېسىۋىمىزمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بولسۇن! - دېيىشتى. ئەقرەئ ئىبنى ھابىس:

— مېنىڭ ۋە بەنى تەمىم قەبىلىسىنىڭ نېسىۋىسىنى بەرمەيمىز، - دېدى. ئۇيەينە ئىبنى ھىسنمۇ:

- مېنىڭ ۋە بەنى فەزارە قەبىلىسىنىڭ نېسىۋىسى قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ، - دېدى، ئۇنىڭ ئارقىدىن ئابباس ئىبنى مىرداسمۇ:

— مېنىڭ ۋە بەنى سۇلەيم قەبىلىسىنىڭ نېسىۋىسى بېرىلمەيدۇ، - دېدى. لېكىن بەنى سۇلەيم قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— يالغان ئېيتتىڭ، بىزنىڭ نېسىۋىمىزمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بولسۇن! - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئى خالايىق! ئۇلارغا خوتۇن ۋە بالا — چاقىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار. كىمكى ئولجىدىن ئالغان نېسىۋىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە رازى بولمىسا، بىز ئۇنىڭ بەدىلىگە الله تائالا بىزگە ئۇرۇشسىز ئولجا قىلىپ بەرگەن غەنىمەتتىن ئالتە ھەسسە بېرىمىز، - دېدى[1].

(نەسائى: 3688)

[1] ئەلبانى (3449): ھەسەن، - دېگەن.

6664 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ لَما اسْتَقْبَلْنَا وَادِيَ حُنَيْنٍ قَالَ انْحَدَرْنَا فِي وَادٍ مِنْ أَوْدِيَةِ تِهَامَةَ أَجْوَفَ حَطُوطٍ إِنمَا نَنْحَدِرُ فِيهِ انْحِدَارًا قَالَ وَفِي عَمَايَةِ الصبْحِ وَقَدْ كَانَ الْقَوْمُ كَمَنُوا لَنَا فِي شِعَابِهِ وَفِي أَجْنَابِهِ وَمَضَايِقِهِ قَدْ أَجْمَعُوا وَتَهَيئُوا وَأَعَدوا قَالَ فَوَاللهِ مَا رَاعَنَا وَنَحْنُ مُنْحَطونَ إِلا الْكَتَائِبُ قَدْ شَدتْ عَلَيْنَا شَدةَ رَجُلٍ وَاحِدٍ وَانْهَزَمَ الناسُ رَاجِعِينَ فَاسْتَمَروا لَا يَلْوِي أَحَدٌ مِنْهُمْ عَلَى أَحَدٍ وَانْحَازَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ ذَاتَ الْيَمِينِ ثُم قَالَ إِلَي أَيهَا الناسُ هَلُم إِلَي أَنَا رَسُولُ اللهِ أَنَا مُحَمدُ بْنُ عَبْدِ اللهِ قَالَ فَلَا شَيْءَ احْتَمَلَتْ الْإِبِلُ بَعْضُهَا بَعْضًا فَانْطَلَقَ الناسُ إِلا أَن مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَهْطًا مِنْ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ وَأَهْلِ بَيْتِهِ غَيْرَ كَثِيرٍ وَفِيمَنْ ثَبَتَ مَعَهُ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَبُـو بَكْرٍ وَعُمَرُ وَمِنْ أَهْلِ بَيْتِهِ عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ وَالْعَباسُ بْنُ عَبْدِ الْمُطلِبِ وَابْنُهُ الْفَضْلُ بْـنُ عَباسٍ وَأَبُو سُفْيَانَ بْنُ الْحَارِثِ وَرَبِيعَةُ بْنُ الْحَارِثِ وَأَيْمَنُ بْنُ عُبَيْدٍ وَهُوَ ابْـنُ أُم أَيْمَـنَ وَأُسَامَةُ بْنُ زَيْدٍ قَالَ وَرَجُلٌ مِنْ هَوَازِنَ عَلَى جَمَلٍ لَهُ أَحْمَرَ فِي يَدِهِ رَايَةٌ لَهُ سَوْدَاءُ فِي رَأْسِ رُمْحٍ طَوِيلٍ لَهُ أَمَامَ الناسِ وَهَوَازِنُ خَلْفَهُ فَإِذَا أَدْرَكَ طَعَنَ بِرُمْحِهِ وَإِذَا فَاتَهُ الناسُ رَفَعَهُ لِمَنْ وَرَاءَهُ فَاتبَعُوهُ قَالَ ابْنُ إِسْحَاقَ وَحَدثَنِي عَاصِمُ بْنُ عُمَرَ بْنِ قَتَادَةَ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ جَابِرٍ عَنْ أَبِيهِ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ بَيْنَا ذَلِكَ الرجُلُ مِنْ هَوَازِنَ صَاحِبُ الرايَةِ عَلَى جَمَلِهِ ذَلِكَ يَصْنَعُ مَا يَصْنَعُ إِذْ هَوَى لَهُ عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ وَرَجُلٌ مِنْ الْأَنْصَارِ يُرِيدَانِهِ قَالَ فَيَأْتِيهِ عَلِي مِنْ خَلْفِهِ فَضَرَبَ عُرْقُوبَيْ الْجَمَلِ فَوَقَعَ عَلَى عَجُزِهِ وَوَثَبَ الْأَنْصَارِي عَلَى الرجُلِ فَضَرَبَهُ ضَرْبَةً أَطَن قَدَمَهُ بِنِصْفِ سَاقِهِ فَانْعَجَفَ عَنْ رَحْلِهِ وَاجْتَلَدَ الناسُ فَوَاللهِ مَا رَجَعَتْ رَاجِعَـةُ الناسِ مِنْ هَزِيمَتِهِمْ حَتى وَجَدُوا الْأَسْرَى مُكَتفِينَ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ

وزاد الموصلي: فصرخ حين كانت الهزيمة كلدة أخو صَفْوَان بْنُ أُمية وهو يَوْمَئِـذٍ مُشْرِك فِي الْمُدةِ التِي ضَرَبَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: أَلا بَطَلَ السحْرُ الْيَـوْمَ فَقَالَ لَهُ صَفْوَانُ اسْكُتْ فَض اللهُ فَاكَ فَوَاللهِ لأَنْ يَلِيَنِي رَجُلٌ مِنْ قُرَيْشٍ أَحَب إِلَي مِنْ أَنْ يَلِيَنِي رَجُلٌ مِنْ هَوَازِنَ

6664 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ھۆنەين ۋادىسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، تۇھامە جىلغىلىرىدىن بىرىگە يۈزلەندۇق. دۈشمەن بۇ

جىلغىنىڭ تار يوللىرى ئۈستىگە تولۇق قوراللانغان بۆكتۈرمە قويغانىكەن، سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا جىلغىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ تۇرۇشىمىزغا، بۆكتۈرمىدىكى ئەسكەرلەر بىردەك يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتۇق. مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىگە قارىماي، ئارقىغا بۇرۇلۇپ قېچىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنى يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تارتىپ تۇرۇپ:

ــ ئى خالايىق! مەن تەرەپكە كېلىڭلار! مەن اللهنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھدۇرمەن، ـ دەپ توۋلىدى. لېكىن بۇ چاقىرىق ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا مۇھاجىر، ئەنسارى ۋە ئەھلى بەيتتىن ئازغىنە كىشىلەرلا قالغان بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا تەۋرەنمەي تۇرۇپ، قاتتىق غەيرەت كۆرسەتتى. ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ۋە ئوغلى فەزل ئىبنى ئابباس، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس، رەبىيئە ئىبن ھارىس، ئۇممۇ ئەيمەننىڭ ئوغلى ئەيمەن ئىبنى ئۇبەيد ۋە ئۇسامە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار شۇلاردىن ئىدى.

ھەۋازىن قەبىلىسىدىن قىزىل تۆگىگە مىنگەن بىر ئادەم ئۇزۇن نەيزىنىڭ ئۇچىغا قادىۋالغان قارا تۇغنى كۆتۈرگەن ھالدا دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا مۇسۇلمانلاردىن بىرى يېتىپ بارسىلا، ئۇنىڭ نەيزە زەربىسىگە دۇچ كېلەتتى. ئالدىغا ھېچكىم چىقمىسا، تۇغنى كۆتۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب بىلەن ئەنسارىلاردىن بىرى ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئەلى ئۇنىڭ ئارقىدىن كېلىپ، تۆگىسىنىڭ ئارقا ئىككى پۇتىنى چېپىۋىدى، تۆگە كەينىچىلاپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئەنسارى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىلىپ بېرىپ، قىلىچ ئۇردى ۋە تىزىنىڭ

ئاستىدىن ئۆرۈپ تاشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تۆگىسىدىن موللاق ئېتىپ چۈشتى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۇ كۈنى قاتتىق قەيسەرلىك كۆرسەتتى. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، دۈشمەن قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا قوللىرى باغلانغان ئەسىرلەر دۆۋىلىنىپ كەتتى.

مەۋسىلىنىڭ رىۋايىتىدە يەنە مۇنداق كەلگەن: مۇسۇلمانلار قاچقان پەيتتە، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەنىڭ كەلەدە (تېخى مۇشرىك ئىدى) ئىسىملىك بىر تۇغقىنى:

ــ ھەي خالايىق! بۈگۈن سېھىر كارغا كەلمىدى، ـ دەپ ۋارقىرىغانىدى، سەفۋان ئۇنىڭغا:

ــ زۇۋانىڭنى يىغ! چىشلىرىڭ تۆكۈلۈپ كەتسۇن، ئىلاھىم! ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ماڭا قۇرەيشلىك بىرىنىڭ باش بولغىنى ھەۋازىنلىق بىرىنىڭ باش بولغىنىدىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر، ـ دېدى[①].

(ئەھمەد: 14609؛ مەۋسىلى: 1863)

6665 ـ قال عبد اللهِ بن مَسْعُودٍ كنت مع رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يوم حُنَيْنٍ قال فَوَلى عنه الناس وَثَبتَ معه ثَمَانُونَ رَجُلاً مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالأَنصَارِ فَنَكَصْنَا على أَقْدَامِنَا نَحْواً من ثَمَانِينَ قَدَماً ولم نُوَلِّهِمُ الدُّبُرَ وَهُمُ الذِينَ أَنزَلَ الله عز وجل عَلَيْهِمُ السكِينَةَ قال وَرَسُولُ اللهِ على بَغْلَتِهِ يمضي قُدُماً فَحَادَتْ بِهِ بَغْلَتُهُ فَمَالَ عَنِ السرْجِ فقلت له ارْتَفِعْ رَفَعَكَ الله فقال ناولني كَفّاً من تُرَابٍ فَضَرَبَ بِهِ وُجُوهَهُمْ فَامْتَلأَتْ أَعْيُنُهُمْ تُرَاباً ثُم قـال قال أَيْنَ الْمُهَاجِرُونَ وَالأَنصَارُ قلت هُمْ أُولاَءِ قال اهْتِفْ بِهِمْ فَهَتَفْـتُ بِهِـمْ فَجَـاءُوا وَسُيُوفُهُمْ بِأَيْمَانِهِمْ كَأَنَّهَا الشهُبُ وَوَلى الْمُشْرِكُونَ أَدْبَارَهُمْ.

[①] ھەيسەمى (10265): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئىبنى ئىسھاقتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

6665 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھۇنەين غازىتىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدىم. كىشىلەر ئۇنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن سەكسەن كىشى تەۋرەنمەي تۇردى. ئەنە شۇلار اللە تائالا تەرىپىدىن دىللىرىغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلىنغان كىشىلەر ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېچىرىنىڭ ئۇستىدە ئىدى. قېچىر ئۈركۈپ كېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىگەردىن چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالغانىدى، مەن:

ــ ئۆرلىگىن، اللەمۇ سېنى ئۆرلەتسۇن! ــ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بىر ئوچۇم توپا ئېلىپ بەرگىن! ــ دېدى. ئاندىن توپىنى دۈشمەننىڭ يۈزىگە شۇنداق بىر چاچقان ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى توپا بىلەن توشۇپ كەتتى. ئاندىن مەندىن:

ـ مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلار قېنى؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئەنە، ئاۋۇ يەردە. ـ دېگەنىدىم:

ـ ئۇلارنى چاقىرغىن! ــ دېدى، مەن ئۇلارنى چاقىرىۋىدىم، ئۇلار بىردىنلا يالتىراپ تۇرغان شەمشەرلىرىنى ئوڭ قوللىرىغا ئېلىپ كېلىشتى، مۇشرىكلار ئارقىغا قاراپ بەدەر تىكىۋەتتى.

(ئەھمەد: 4336؛ بەززار؛ «ئەلكەبىر»)

6666 ـ وله عن يَزِيدَ بن عَامِرٍ السوَائِي أنه صلى اللهُ عليه وسلم أخذ قَبْضَةً مِنَ الأَرْضِ فَرَمَى بِهِ وُجُوهَهُمْ وقال ارْجِعُوا شَاهَتِ الْوُجُوهُ فما مِنا أَحَدٌ يَلْقَى أَخَاهُ إلا وَهُو يَشْكُو الْقَذَى وَيَمْسَحُ عَيْنَيْهِ.

6666 ــ يەزىد ئىبنى ئامىر سۇۋائىيدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەردىن بىر ئوچۇم توپا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئاتتى ۋە:

ــ چېكىنىش، ھۇ قارا يۈز بولۇپ كەتكۈرلەر! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، دۈشمەنلەر بىر تەرەپتىن كۆزنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي ۋايىسسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆزىدىكى تۇپىنى تازىلاشقا تىرىشاتتى[①].

(«ئەلكەبىر»: 237/22)

6667 ـ عن أبي جَرْوَلٍ زُهَيْرَ بن صُرَدٍ: لما أَسَرَنَا رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يوم حُنَيْنٍ يوم هَوَازِنَ وَذَهَبَ يُفَرِّقُ الشبانَ وَالسبْيَ أَنْشَدْتُهُ هذا الشعْرَ:

امْنُنْ عَلَيْنَا رَسُولَ اللهِ في كَرَمٍ فَإِنكَ الْمَرْءُ نَرْجُوهُ وَنَنْتَظِرُ
امْنُنْ على بَيْضَةٍ قد عَاقَهَا قَدَرٌ مُفَرقًا شَمْلُهَا في دَهْرِهَا غِيَرُ
أَبقَتْ لنا الدهْرَ هَتافًا على حُزُنٍ على قُلُوبِهِمُ الْغماءُ وَالْغُمُرُ
إن لم تَدَارَكْهُمُ نَعْمَاءُ تَنْشُرُهَا يا أَرْجَحَ الناس حِلْمًا حين يُخْتَبَرُ
امْنُنْ على نِسْوَةٍ قد كُنتَ تَرْضَعُهَا وَإِذْ يَزِينُكَ ما تَأْتِي وما تَذَرُ
لا تَجْعَلنا كَمَنْ شَالَتْ نَعَامَتُهُ فَاسْتَبِقِ مِنا فَإِنا مَعْشَرٌ زُهُرُ
إنا لَنَشْكُرُ لِلنعْمَاءِ إِذْ كُفِرَتْ وَعِنْدَنَا بَعْدَ هذا الْيَوْمِ مُدخَرُ
فَأَلْبِسِ الْعَفْوَ من قد كُنتَ تَرْضَعُهُ من أُمهَاتِكَ إن الْعَفْوَ مُشْتَهَرُ
يا خَيْرَ من مَرَحَتْ كُمْتُ الْجِيَادِ بِهِ عِنْدَ الْهيَاجِ إذا ما اسْتَوْقَدَ الشرَرُ
إنا نُؤملُ عَفْوًا مِنْكَ تَلْبَسُهُ هَادِي الْبرِيةِ إِذْ تَعْفُو وَتَنْتَصِرُ
فَاعْفُ عَفَا اللهُ عَما أنت رَاهِبُهُ يوم الْقِيَامَةِ إِذْ يَهْدِي لك الظفَرُ

فلما سمع هذا الشعْرَ قال ما كان لي وَلِبَنِي عبد الْمُطلِبِ فَهُوَ لَكُمْ وَقَالَتْ قُرَيْشٌ ما كان لنا فَهُوَ لِلهِ وَلِرَسُولِهِ وَقَالَتِ الأَنصَارُ ما كان لنا فَهُوَ لِلهِ وَلِرَسُولِهِ.

6667 ـ ئەبۇ جەرۋەل زۇھەير ئىبنى سۇرادتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ھۇنەين

---

[①] ھەيسەمى (10267): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ ھارىس ئىبنى ھۇسەيرەدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

غازىتىدا ئەسىر ئالغاندىن كېيىن، خوتۇن ۋە بالا ــ چاقىلارنى تەقسىم قىلىشقا باشلىغاندا، مەن ئۇنىڭغا مۇنۇ بېيىتلارنى ئوقۇغان ئىدىم:

كەچۈرگىن ئى رەسۇلۇللاھ! قىلىپ سەن مەرھەمەت،
كۈتەرمىز ئىلتىپاتىڭنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن ھەردەم.
كەچۈرگىن سەن ئەمگۈزگەن ئايالىلارغا قىلىپ شەپقەت،
ئۇلارنىڭ مول سۈتى بىلەن ئىدى ئاغزىڭ ھەمىشە نەم.
ئېيتارمىز كۆپ تەشەككۈرلەر سېنىڭ بۇ ئىلتىپاتىڭغا،
قالۇر مەڭگۈگە ئۇنتۇلماي كۆڭۈللەر ئىچرە نامىڭ ھەم.
ئۈمىد شۇكى ئېرىشكەيمىز ئاجايىپ كاتتا ئەپۇڭگە،
كەچۈرسەڭ قانچە كۆپ، شۇنچە ساڭا نۇسرەت بولۇر ھەمدەم.
سېنى ئاق سۈت بېرىپ باققان ئايالىلارنى كەچۈرگەيسەن،
بۇرۇندىن مەرتىلىكىڭ مەشھۇر، بىلەر بۇنى جىمى ئالەم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ـ ماڭا ۋە بەنى ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىگە تەۋە نېسىۋىلەرنىڭ ھەممىسى سىلەرگە بولسۇن! ـ دېدى. مۇھاجىرلارمۇ:

ـــ بىزگە تەۋە بولغان نېسىۋىمۇ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بولسۇن! ـ دېيىشتى. ئارقىدىنلا ئەنسارىلارمۇ:

ـــ بىزگە تەۋە بولغان نېسىۋىمۇ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بولسۇن! ـ دېيىشتى[1].

(«ئەلكەبىر»: 5303)

6668 ـ عن عَمْرِو بن العاص: أن وَفْدَ هَوَازِنَ لَما أَتَوْا رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم بِالْجِعْرَانَةِ وقد أَسْلَمُوا قالوا إنا أَصْلٌ وَعَشِيرَةٌ وقد أَصَابَنَا مِنَ الْبَلاءِ مـا لا يَخْفَـى

[1] ھەيسەمى (10292): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تەرجىمىھالى نامەلۇم كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

عَلَيْكَ فَامْنُنْ عَلَيْنا مَن اللهُ عَلَيْكَ وَقَامَ رَجُلٌ من هَوَازِنَ ثُم أَحَدُ بني سَعْدِ بن بَكْرٍ يُقَالُ له زُهَيْرٌ يُكْنَى بِأَبِي صُرَدٍ فقال يا رَسُولَ اللهِ نِسَاؤُنا عَماتُكَ وخَالاتُكَ وحَوَاضِنُكَ اللاتِي كَفَلْنَكَ وَلَوْ أنا لَحِقْنا الْحَارِثَ بن أبي شِمْرٍ وَالنعْمَانَ بن الْمُنْذِرِ ثُم نَزَلَ بنا منه الذي أَنزَلْتَ بنا لَرَجَوْنا عَطْفَهُ وَعَائِدَتَهُ عَلَيْنا وَأَنتَ خَيْرُ الْمَكْفُولِينَ ثُم أَنْشَدَ: امْنُنْ عَلَيْنا رَسُولَ اللهِ... فَإِنا مَعْشَرٌ زُهُرُ فذكر الحديث.

6668 ـ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ مۇسۇلمان بولغان ۋەكىللىرى يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىئىرانە دېگەن جايدا ئىدى. ئۇلار:

ـ ئى مۇھەممەد! بىز ئۇرۇق ـ تۇغقان كىلىمىز. بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەت ساڭىمۇ ئايان. شۇڭا بىزگە ئىلتىپات قىلغان بولساڭ، اللهمۇ ساڭا ئىلتىپات قىلسۇن! ـ دېدى.

ئاندىن كېيىن، ھەۋازىنلىق بەنى بەكىر قەبىلىسىنىڭ بەنى سەئد جەمەتىدىن زۇھەير ئىسىملىك (كۇنيەسى ئەبۇ سۇراد) بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ ئاياللىرىمىز سىنىڭ ھاممالىڭ، سىنى ئېمىتكەن ئېنىكئاناڭ بولىدۇ. ناۋادا بىز سىنىڭ قولۇڭدا كۆرگەن بۇ كۈننى ھارىس ئىبنى ئەبۇ شەمەر بىلەن نۇئمان ئىبنى مۇنزىرنىڭ قولىدا كۆرگەن بولساقمۇ، ئۇلارنىڭ بىزگە مېھىر ـ شەپقەت ۋە ئىلتىپات كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلغان بولاتتۇق. سەن بىزنىڭ ھىمايىمىزدە چوڭ بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا قارىغاندا بىزگە ياخشىلىق قىلىشقا بەكرەك ھەقلىقسەن، ـ دەپ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يۇقىرىقى ھەدىستىكى شېئىرنى ئوقۇدى...[1].

(«ئەلكەبىر»: 5304)

[1] ھەيسەمى (10293): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى ئىسھاق ئىسىملىك ھەدىسى مۇدەللەس بىرى بار. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئىشەنچلىك دەپ قارىلىدۇ. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## ئەۋتاس ۋە تائىف غازاتلىرى

6669 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ لَما فَرَغَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ حُنَيْنٍ بَعَثَ أَبا عَامِرٍ عَلى جَيْشٍ إِلى أَوْطَاسٍ فَلَقِيَ دُرَيْدَ بْنَ الصمةِ فَقُتِلَ دُرَيْدٌ وَهَزَمَ اللهُ أَصْحَابَهُ قَالَ أَبو مُوسَى وَبَعَثَنِي مَعَ أَبِي عَامِرٍ فَرُمِيَ أَبو عَامِرٍ فِي رُكْبَتِهِ رَمَاهُ جُشَمِي بِسَهْمٍ فَأَثْبَتَهُ فِي رُكْبَتِهِ فَانْتَهَيْتُ إِلَيْهِ فَقُلْتُ يَا عَم مَنْ رَمَاكَ فَأَشَارَ إِلى أَبِي مُوسَى فَقَالَ ذَاكَ قَاتِلِي الذِي رَمَانِي فَقَصَدْتُ لَهُ فَلَحِقْتُهُ فَلَما رَآنِي وَلى فَاتبَعْتُهُ وَجَعَلْتُ أَقُولُ لَهُ أَلَا تَسْتَحْيِي أَلَا تَثْبُتُ فَكَف فَاخْتَلَفْنَا ضَرْبَتَيْنِ بِالسيْفِ فَقَتَلْتُهُ ثُم قُلْتُ لِأَبِي عَامِرٍ قَتَلَ اللهُ صَاحِبَكَ قَالَ فَانْزِعْ هَذَا السهْمَ فَنَزَعْتُهُ فَنَزَا مِنْهُ الْمَاءُ قَالَ يَا ابْنَ أَخِي أَقْرِئْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ السلَامَ وَقُلْ لَهُ اسْتَغْفِرْ لِي وَاسْتَخْلَفَنِي أَبو عَامِرٍ عَلى الناسِ فَمَكُثَ يَسِيرًا ثُم مَاتَ فَرَجَعْتُ فَدَخَلْتُ عَلى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي بَيْتِهِ عَلى سَرِيرٍ مُرْمَلٍ وَعَلَيْهِ فِرَاشٌ قَدْ أَثرَ رِمَالُ السرِيرِ بِظَهْرِهِ وَجَنْبَيْهِ فَأَخْبَرْتُهُ بِخَبَرِنَا وَخَبَرِ أَبِي عَامِرٍ وَقَالَ قُلْ لَهُ اسْتَغْفِرْ لِي فَدَعَا بِمَاءٍ فَتَوَضأَ ثُم رَفَعَ يَدَيْهِ فَقَالَ اللهُم اغْفِرْ لِعُبَيْدٍ أَبِي عَامِرٍ وَرَأَيْتُ بَيَاضَ إِبْطَيْهِ ثُم قَالَ اللهُم اجْعَلْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَوْقَ كَثِيرٍ مِنْ خَلْقِكَ مِنْ الناسِ فَقُلْتُ وَلِي فَاسْتَغْفِرْ فَقَالَ اللهُم اغْفِرْ لِعَبْدِ اللهِ بْنِ قَيْسٍ ذَنْبَهُ وَأَدْخِلْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مُدْخَلًا كَرِيمًا.

6669 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇنەين ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، (ئۇرۇش كۇنى قېچىپ كەتكەن ھەۋازىنلىقلارنىڭ بىر قىسمىنى قوغلاش ئۇچۇن) ئەبۇ ئامىر باشچىلىقىدا ئەۋتاسقا قوشۇن ئەۋەتتى. ئەبۇ ئامىر يولدا دۇرەيد ئىبنى سىممەنى ئۇچراتتى ۋە ئۇنى ئۆلتۇردى. دۇرەيدنىڭ ھەمراھلىرىنى الله تالاپەتكە ئۇچراتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

ئەلەيهى ۋەسەللەم مېنىمۇ (تاغام) ئەبۇ ئامىر بىلەن بىللە ئەۋەتكەن ئىدى. بىر يەرگە بارغاندا، ئەبۇ ئامىرنىڭ تىزىغا ئوق تەگدى. ئوقنى جۇشەم قەبىلىسىدىن بىرى ئاتقانىدى. ئەبۇ ئامىرنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ ئى تاغا! ساڭا ئوق ئاتقان كىم؟ ـ دەپ سورىدىم، ئۇ:

ــ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان قاتىل ئەنە ئاۋۇ، ـ دەپ، ئىشارەت بىلەن جۇشەملىكنى كۆرسىتىپ قويدى. مەن ئۇنى كۆزلەپ مېڭىپ، يېتىشىۋالاي دېگەندە، ئۇ مېنى كۆرۈپ قېلىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاچتى. مەن بىر تەرەپتىن قوغلىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن:

ــ قېچىشتىن هايا قىلمامسەن. نوچى بولساڭ، كېلە قېنى؟! ــ دەپ ۋارقىرىدىم. ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ توختىدى. بىر ـ بىرىمىزگە قىلىچ بىلەن بىر ـ ئىككى قېتىم هەملە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. ئاندىن ئەبۇ ئامىرنىڭ يېنىغا قايتىپ:

ــ الله قاتىلىڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ـ دېدىم. ئەبۇ ئامىر:

ـــ تىزىمدىكى ئوقنى تارتىۋەتكىن! ــ دېدى. مەن ئوقنى تارتىۋەتكەن ئىدىم. ئوقنىڭ ئورنىدىن توختىماي قان ئېقىشقا باشلىدى. ئەبۇ ئامىر:

ـــ ئى جىيەنىم! قايتىپ بارغىنىڭدا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا سالامىمنى يەتكۈزگىن ۋە ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن مەغفىرەت تەلەپ قىلىشىنى ئېيتقىن! ــ دېدى. ئاندىن مېنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا قوماندانلىققا تەيىنلەپ قويۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتتى. مەن قايتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىردىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قومۇچ پاخىلى بىلەن توقۇلغان، ئۈستىگە سېلىنغان كارىۋاتتا ياتقان بولۇپ، دۈمبىسى ۋە ئىككى بىقىنىغا قومۇشنىڭ ئىزى چىقىپ قاپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا بېشىمىزدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئەبۇ ئامىرنىڭ: ”پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ مەن ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ قويۇشىنى ئېيتقىن!“ دېگەن سۆزلىرىنى يەتكۈزدۈم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ ئەكەلدۈرۈپ تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

ــ ئى الله! ئۇبەيد ئەبۇ ئامىرنى مەغپىرەت قىلغىن! ــ دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قولىنى بەكمۇ ئېگىز كۆتۈرىۋالغاچقا، قولتۇق ئاستىنىڭ ئاقلىقى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

ــ ئى الله! قىيامەت كۈنى، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى نۇرغۇنلىغان مەخلۇقاتلىرىڭ ياكى ئىنسانلىرىڭنىڭ مەرتىۋىسىدىن ئۈستۈن قىلغىن! ــ دېدى. مەن:

ــ ماڭىمۇ مەغپىرەت تىلەپ قويغان بولساڭ، ــ دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى الله! ئابدۇللاھ ئىبنى قەيسنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن، قىيامەت كۈنى ئۇنى ئېسىل ماكانغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزگىن! ــ دېدى.

(بۇخارى: 4323)

6670 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ لَمَّا حَاصَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الطَّائِفَ فَلَمْ يَنَلْ مِنْهُمْ شَيْئًا قَالَ إِنَّا قَافِلُونَ إِنْ شَاءَ اللهُ فَثَقُلَ عَلَيْهِمْ وَقَالُوا نَذْهَبُ وَلَا نَفْتَحُهُ وَقَالَ مَرَّةً نَقْفُلُ فَقَالَ اغْدُوا عَلَى الْقِتَالِ فَغَدَوْا فَأَصَابَهُمْ جِرَاحٌ فَقَالَ إِنَّا قَافِلُونَ غَدًا إِنْ شَاءَ اللهُ فَأَعْجَبَهُمْ فَضَحِكَ النَّبِيُّ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

6670 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائىفنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ھېچقانداق ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىدى ۋە بىر كۈنى ساھابىلىرىگە:

— الله خالىسا، ئەتە مەدىنىگە قايتىمىز، - دېگەنىدى، بۇ گەپ ساھابىلەرگە ئېغىر كېلىپ:

— تائىفنى فەتىھ قىلمايلا كېتەمدۇق؟ - دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇنداقتا، ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇڭلار! — دېدى. ئەتىسى ساھابىلار ھۇجۇمغا ئاتلاندى، لېكىن نەچچىسى ئېغىر يارىلانغان ھالدا قايتىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

— الله خالىسا، ئەتە مەدىنىگە قايتىمىز، - دېگەنىدى، بۇ گەپ ئۇلارغا خۇش يېقىپ كەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇلارنىڭ ھالىغا قاراپ) كۈلۈۋەتتى.

(بۇخارى: 4325)

6671 - عن أبي بكرة: لما حاصر رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حصن الطائف تدليت إلى رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ببكرة فقال كيف تدليت فقلت تدليت ببكرة قال أنت أبو بكرة.

6671 - ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائىف قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا، بىر چىغرىقتا ئېسىلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا چۈشتۇم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن:

— قانداق چۈشتىڭ؟ - دەپ سورىدى، مەن:

— بىر چىغرىقتا ئېسىلىپ چۈشتۇم، - دېسەم، ئۇ:

— ئۇنداقتا، بۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ بەكرە (چىغرىقنىڭ ئاتىسى) دەپ چاقىرىلىسەن، - دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 5304)

[1] ھەيسەمى (10306): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ مىنھال كەرۋاي ئىسىملىك تەرجىمىھالى نامەلۇم بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

من في مجمع الزوائد ممن استشهد يوم الطائف: سعيد بن سعيد بن العاصي، عبد الله بن أبي أمية أخو أم سلمة لأبيها أمة عاتكة بنت عبد المطلب. ومن الأنصار: ثابت بن أجدع ورقيم بن ثابت.

تائىف غازىتىدا شېھىد بولغانلارنىڭ «مەجمەئۇززاۋائىد»تىكى تىزىملىكى: سەئىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس، ئۇممۇ سەلەمەنىڭ دادا بىر تۇغقىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە (ئۇنىڭ ئانىسى ئاتىكە بىنتى ئابدۇل مۇتتەلىبتۇر) ۋە ھەلىمە بىنتى ئابدۇللاھ قاتارلىقلار. ئەنسارىلاردىن: سابىت ئىبنى ئەجدەئ بىلەن رۇقەيم ئىبنى سابىت ئىككىسى بار.

6672 ـ كانت غَزْوَةُ الطائِفِ في شَوالٍ سَنَةَ ثَمَانٍ قَالَهُ مُوسَى بن عُقْبَةَ.

6672 ـ مۇسا ئىبنى ئۇقبە: تائىف غازىتى ھىجرەتنىڭ سەككىزىنچى يىلى شەۋۋال ئېيىدا بولغان، ـ دېگەن.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

6673 ـ عن عَبْدَ اللهِ بْنَ عَمْرٍو يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ حِينَ خَرَجْنَا مَعَهُ إِلَى الطائِفِ فَمَرَرْنَا بِقَبْرٍ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَا قَبْرُ أَبِي رِغَالٍ وَكَانَ بِهَذَا الْحَرَمِ يَدْفَعُ عَنْهُ فَلَما خَرَجَ أَصَابَتْهُ النقْمَةُ التِي أَصَابَتْ قَوْمَهُ بِهَذَا الْمَكَانِ فَدُفِنَ فِيهِ وَآيَةُ ذَلِكَ أَنهُ دُفِنَ مَعَهُ غُصْنٌ مِنْ ذَهَبٍ إِنْ أَنْتُمْ نَبَشْتُمْ عَنْهُ أَصَبْتُمُوهُ مَعَهُ فَابْتَدَرَهُ الناسُ فَاسْتَخْرَجُوا الْغُصْنَ.

6673 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تائىفقا كېتىۋېتىپ، بىر قەبرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇ ئەبۇ رىغالنىڭ قەبرىسىدۇر. ئۇ مۇشۇ ھەرەمدىكى چاغدا ئۇنىڭغا بالا تەگمىگەنىدى. ئۇنىڭدىن چىقىپ كەتكەندە، قەۋمىگە تەگكەن بالا ئۇنىڭغا مۇشۇ جايدا تەگكەن. شۇڭا ئۇ مۇشۇ جايغا دەپنە

قىلىنغان، بۇنىڭ ئىسپاتى شۇكى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر تال زىخچە ئالتۇن دەپنە قىلىنغان. ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئاچىدىغان بولساڭلار، ئۇ ئالتۇننى تاپىسىلەر، ـ دېگەندى. كىشىلەر دەررىدە بېرىپ قېزىشقا باشلىدى ۋە ئۇ ئالتۇننى تېپىپ چىقتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3088)

[1] ئەلبانى (678): زەئىپ، ـ دېگەن.

## خالىد ئىبنى ۋەلىدنى بەنى جەزىيمە قەبىلىسىگە ئەۋەتىش ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە سەھمىي بىلەن ئەلقەمە ئىبنى مۇجەززىر مۇدلىجىينىڭ قوماندانلىقىدا ئەۋەتىلگەن قوشۇن (بۇ قوشۇن ئەنسارىلار قوشۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)

6674 ـ عَنْ سَالِمٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ بَعَثَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَالِدَ بْنَ الْوَلِيدِ إِلَى بَنِي جَذِيمَةَ فَدَعَاهُمْ إِلَى الْإِسْلَامِ فَلَمْ يُحْسِنُوا أَنْ يَقُولُوا أَسْلَمْنَا فَجَعَلُوا يَقُولُونَ صَبَأْنَا صَبَأْنَا فَجَعَلَ خَالِدٌ يَقْتُلُ مِنْهُمْ وَيَأْسِرُ وَدَفَعَ إِلَى كُل رَجُلٍ مِنا أَسِيرَهُ حَتى إِذَا كَانَ يَوْمٌ أَمَرَ خَالِدٌ أَنْ يَقْتُلَ كُل رَجُلٍ مِنا أَسِيرَهُ فَقُلْتُ وَاللهِ لَا أَقْتُلُ أَسِيرِي وَلَا يَقْتُلُ رَجُلٌ مِنْ أَصْحَابِي أَسِيرَهُ حَتى قَدِمْنَا عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرْنَاهُ فَرَفَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدَهُ فَقَالَ اللهُم إِني أَبْرَأُ إِلَيْكَ مِما صَنَعَ خَالِدٌ مَرتَيْنِ.

6674 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىد ئىبنى ۋەلىدنى بەنى جەزىيمە قەبىلىسىگە ئەۋەتتى. خالىد ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى، ئۇلار ”ئەسلەمنا“ (مۇسۇلمان بولدۇق) دېگەن سۆزنى قاملاشتۇرۇپ دېيەلمەي، ”سەبەئنا، سەبەئنا“ (دىنىمىزنى ئۆزگەرتتۇق) دەۋەرگەندى، خالىد ئۇلارنىڭ بەزىسىنى ئەسىر ئېلىپ، بەزىسىنى ئۆلتۈردى ۋە ھەر بىرىمىزگە ئەسىرلەرنى تارقىتىپ بەردى. ئەتىسى، خالىد:

— ھەر كىم ئۆز ئەسىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن! — دەپ بۇيرۇق چىقاردى. مەن:

— الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئەسىرىمنى ئۆلتۈرمەيمەن. ھېچبىر بۇرادىرىممۇ (تاكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم بىلەن كۆرۈشمىگىچە) ئەسىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ. ـ دېدىم. نىھايەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەرھال ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئىككى قېتىم:

ـ ئى الله! مەن خالىدنىڭ قىلمىشىدىن ئادا ـ جۇدا. ـ دېدى. (بۇخارى: 4339)

6675 ـ عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ بَعَثَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَرِيةً فَاسْتَعْمَلَ رَجُلًا مِنْ الْأَنصَارِ وَأَمَرَهُمْ أَنْ يُطِيعُوهُ فَغَضِبَ فَقَالَ أَلَيْسَ أَمَرَكُمْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ تُطِيعُونِي قَالُوا بَلَى قَالَ فَاجْمَعُوا لِي حَطَبًا فَجَمَعُوا فَقَالَ أَوْقِدُوا نَارًا فَأَوْقَدُوهَا فَقَالَ ادْخُلُوهَا فَهَموا وَجَعَلَ بَعْضُهُمْ يُمْسِكُ بَعْضًا وَيَقُولُونَ فَرَرْنَا إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ النارِ فَمَا زَالُوا حَتى خَمَدَتْ النارُ فَسَكَنَ غَضَبُهُ فَبَلَغَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَوْ دَخَلُوهَا مَا خَرَجُوا مِنْهَا إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ الطاعَةُ فِي الْمَعْرُوفِ.

6675 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا ئەنسارلاردىن بىرىنى سەركەردە قىلدى ۋە قوشۇندىكىلەرنىڭ سەركەردىگە ئىتائەت قىلىشىنى قاتتىق تاپىلىغاندىن كېيىن، مەلۇم بىر جايغا ئەۋەتتى. قوشۇن سەركەردىسى (بىر ئىش توغرىسىدا) غەزەپلىنىپ:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەرنى ماڭا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىغان ئەمەسمۇ؟ ـ دېۋىدى، ئۇلار:

ـ شۇنداق، ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىغان، ـ دېيىشتى. سەركەردە:

ـ ئۇنداقتا، ماڭا ئوتۇن يىغىپ كېلىڭلار! ـ دېدى. ئوتۇن يىغىلدى. سەركەردە:

ـ ئوت يېقىڭلار! ـ دېدى، ئوتمۇ يېقىلدى. ئاندىن سەركەردە:

ــ ئوتقا كىرىڭلار! ـ دېدى. ئۇلار ئوتقا كىرىشنىمۇ ئويلىدى ـ يۇ، بىر ـ بىرىنى تۇتۇۋېلىپ:

ــ بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئوتتىن قېچىپ بارغان ئەمەسمىدۇق؟! ـ دېيىشتى. ئۇلار بىر قارارغا كېلىپ بولغۇچە ئوت ئۆچۈپ قالدى، سەركەردىنىڭمۇ ئاچچىقى ياندى. بۇ ئىشتىن ۋاقىپ بولغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەگەر ئۇلار ئوتقا كىرگەن بولسا، تاكى قىيامەتكىچە ئوتتىن چىقالمايتتى. ئىتائەت قىلىش دېگەن توغرا ئىشلاردا بولىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4340)

6676 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعَثَ عَلْقَمَةَ بْنَ مُجَزِرٍ عَلَى بَعْثٍ وَأَنَا فِيهِمْ فَلَما انْتَهَى إِلَى رَأْسِ غَزَاتِهِ أَوْ كَانَ بِبَعْضِ الطرِيقِ اسْتَأْذَنَتْهُ طَائِفَةٌ مِنْ الْجَيْشِ فَأَذِنَ لَهُمْ وَأَمرَ عَلَيْهِمْ عَبْدَ اللهِ بْنَ حُذَافَةَ بْنِ قَيْسٍ السهْمِي فَكُنْتُ فِيمَنْ غَزَا مَعَهُ فَلَما كَانَ بِبَعْضِ الطرِيقِ أَوْقَدَ الْقَوْمُ نَارًا لِيَصْطَلُوا أَوْ لِيَصْنَعُوا عَلَيْهَا صَنِيعًا فَقَالَ عَبْدُ اللهِ وَكَانَتْ فِيهِ دُعَابَةٌ أَلَيْسَ لِي عَلَيْكُمْ السمْعُ وَالطاعَةُ قَالُوا بَلَى قَالَ فَمَا أَنَا بِآمِرِكُمْ بِشَيْءٍ إِلا صَنَعْتُمُوهُ قَالُوا نَعَمْ قَالَ فَإِنِي أَعْزِمُ عَلَيْكُمْ إِلا تَوَاثَبْتُمْ فِي هَذِهِ النارِ فَقَامَ نَاسٌ فَتَحَجزُوا فَلَما ظَن أَنهُمْ وَاثِبُونَ قَالَ أَمْسِكُوا عَلَى أَنْفُسِكُمْ فَإِنمَا كُنْتُ أَمْزَحُ مَعَكُمْ فَلَما قَدِمْنَا ذَكَرُوا ذَلِكَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَمَرَكُمْ مِنْهُمْ بِمَعْصِيَةِ اللهِ فَلَا تُطِيعُوهُ.

6676 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلقەمە ئىبنى مۇجەززىرنى بىر قوشۇنغا قوماندان قىلىپ ئەۋەتتى. مەنمۇ شۇ قوشۇندا ئىدىم. ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ بارغاندا (ياكى يېرىم يولدا)، بىر نەچچە كىشى قوشۇندىن بۆلۈنۈپ مېڭىش ئۈچۈن

ئۇنىڭدىن ئىجازەت سورىۋىدى، ئۇ ئىجازەت بېرىپ، ئۇلارغا ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە ئىبنى قەيس سەھمىينى سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدى. مەنمۇ شۇلار بىلەن بىللە ئىدىم. مەلۇم مۇساپە ماڭغاندىن كېيىن، ئىسسىنىش (ياكى تاماق پىشۇرۇش) ئۈچۈن توختاپ ئوت ياقتۇق. ئابدۇللاھ چاقچاقچى ئادەم بولۇپ، قوشۇنغا:

ـ سىلەر ماڭا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇڭلار، شۇنداققۇ؟ ـ دېدى، مۇجاھىدلار:

ـ شۇنداق، ـ دېيىشتى. ئۇ:

ـ ئۇنداقتا، مەن نېمىگە بۇيرىسام، چوقۇم قىلامسىلەر؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ـ ھەئە، ـ دېيىشتى، ئۇ:

ـ ئۇنداقتا، مەن سىلەرنى مۇشۇ ئوتقا سەكرەشكە بۇيرۇيمەن، ـ دېدى. بەزى مۇجاھىدلار ئورنىدىن تۇرۇپ سەكرەشكە تەييارلانغانىدى، ئابدۇللاھ ئۇلارنىڭ راستىنلا سەكرەيدىغانلىقىنى پەملەپ:

ـــ توختاڭلار! راستىنى ئېيتسام، مەن سىلەرگە چاقچاق قىلغان ئىدىم، ـ دېدى. (مەدىنىگە) قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئىش پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزۈلگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ كىم سىلەرنى گۇناھ ئىشقا بۇيرۇيدىكەن، ئۇنىڭغا ھەرگىز بويسۇنماڭلار! ـ دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 2863)

---

[1] ئەلبانى (2312): ھەسەن، ـ دېگەن.

## ئەبۇ مۇسا بىلەن مۇئازنىڭ يەمەنگە ئەۋەتىلىشى، يەنە ئەلى بىلەن خالىدنىڭمۇ يەمەنگە ئەۋەتىلىشى (بۇ ئىككى قوشۇن ۋىدالىشىش ھەججىدىن بۇرۇن ئەۋەتىلگەندى)

6677 ـ عَنْ أَبِي بُرْدَةَ قَالَ بَعَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَبَا مُوسَى وَمُعَاذَ بْنَ جَبَلٍ إِلَى الْيَمَنِ قَالَ وَبَعَثَ كُل وَاحِدٍ مِنْهُمَا عَلَى مِخْلَافٍ قَالَ وَالْيَمَنُ مِخْلَافَانِ ثُم قَالَ يَسرَا وَلَا تُعَسرَا وَبَشرَا وَلَا تُنَفرَا فَانْطَلَقَ كُل وَاحِدٍ مِنْهُمَا إِلَى عَمَلِهِ وَكَانَ كُل وَاحِدٍ مِنْهُمَا إِذَا سَارَ فِي أَرْضِهِ كَانَ قَرِيبًا مِنْ صَاحِبِهِ أَحْدَثَ بِهِ عَهْدًا فَسَلمَ عَلَيْهِ فَسَارَ مُعَاذٌ فِي أَرْضِهِ قَرِيبًا مِنْ صَاحِبِهِ أَبِي مُوسَى فَجَاءَ يَسِيرُ عَلَى بَغْلَتِهِ حَتى انْتَهَى إِلَيْهِ وَإِذَا هُوَ جَالِسٌ وَقَدْ اجْتَمَعَ إِلَيْهِ الناسُ وَإِذَا رَجُلٌ عِنْدَهُ قَدْ جُمِعَتْ يَدَاهُ إِلَى عُنُقِهِ فَقَالَ لَهُ مُعَاذٌ يَا عَبْدَ اللهِ بْنَ قَيْسٍ أَيمَ هَذَا قَالَ هَذَا رَجُلٌ كَفَرَ بَعْدَ إِسْلَامِهِ قَالَ لَا أَنْزِلُ حَتى يُقْتَلَ قَالَ إِنمَا جِيءَ بِهِ لِذَلِكَ فَانْزِلْ قَالَ مَا أَنْزِلُ حَتى يُقْتَلَ فَأَمَرَ بِهِ فَقُتِلَ ثُم نَزَلَ فَقَالَ يَا عَبْدَ اللهِ كَيْفَ تَقْرَأُ الْقُرْآنَ قَالَ أَتَفَوقُهُ تَفَوقًا قَالَ فَكَيْفَ تَقْرَأُ أَنْتَ يَا مُعَاذُ قَالَ أَنَامُ أَولَ الليْلِ فَأَقُومُ وَقَدْ قَضَيْتُ جُزْئِي مِنْ النوْمِ فَأَقْرَأُ مَا كَتَبَ اللهُ لِي فَأَحْتَسِبُ نَوْمَتِي كَمَا أَحْتَسِبُ قَوْمَتِي.

6677 ـ ئەبۇ بۇردەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ مۇسا بىلەن مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە ئەۋەتتى. يەمەن ئىككى رايونغا بۆلۈنگەچكە، ئىككىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم رايونغا ئەۋەتكەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئاسانلاشتۇرۇڭلاركى، تەسلەشتۇرۇپ قويماڭلار. كىشىلەرگە خۇش بېشارەت بېرىڭلار، ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويماڭلار» دەپ تاپىلىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ھەر ئىككىسى ئۆز يولىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئۆز رايونلىرى ئىچىدە بىر ـ بىرىگە يېقىن مېڭىشقا كېلىشىۋالغان بولۇپ، پات ـ پات بىر يەرگە كېلىپ، سالاملىشىپ تۇراتتى.

مۇئاز ئۆز تەۋەلىكىدە كېتىۋېتىپ، بۇرادىرى ئەبۇ مۇساغا يېقىنلىشىپ قالدى ۋە قېچىرىنىڭ بېشىنى ئۇ تەرەپكە بۇرىدى. ئەبۇ مۇسانىڭ يېنىدا ئىككى قولى گەدىنىگە باغلاقلىق بىر ئادەم تۇراتتى. مۇئاز ئۇنىڭدىن:

ــ ئى ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس! بۇ نېمە ئىش؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ مۇسا:

ــ بۇ ئادەم مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، دىنىدىن يېنىپ كاپىر بوپتۇ، ـ دېدى. مۇئاز:

ــ ئۇ ئۆلتۈرۈلمىگىچە ئۇلاغدىن چۈشمەيمەن، ـ دېدى. ئەبۇ مۇسا:

ـ چۈشكىن، بۇ ئادەم شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن) ئېلىپ كېلىنگەن، ـ دېگەن بولسىمۇ، مۇئاز:

ــ ئۇ ئۆلتۈرۈلمىگىچە چۈشمەيمەن، ـ دەپ تۇرۇۋالدى. ئەبۇ مۇسا دەرھال ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مۇئاز ئۇلىغىدىن چۈشتى. مۇئاز:

ــ ئى ئابدۇللاھ! قۇرئاننى قانداق ئوقۇۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ مۇسا:

ـــ كېچە ــ كۈندۈزنىڭ سائەتلىرىدە دەم ئېلىپ، دەم ئېلىپ ئوقۇپلا تۇرىمەن. سەن قانداق ئوقۇۋاتىسەن؟ ـ دېدى. مۇئاز:

ــ مەن كېچىنىڭ ئاۋۋالقى قىسمىدا ئۇخلايمەن. ئاندىن قوپۇپ ئىبادەت قىلىمەن، ئاندىن الله ماڭا قانچىلىك نېسىپ قىلسا، شۇنچىلىك (قۇرئان) ئوقۇيمەن. ئىبادىتىمگە ساۋاب ئۈمىد قىلغاندەك، ئۇيقۇمغىمۇ ساۋاب ئۈمىد قىلىمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4342)

6678 ـ عن الْبَرَاءِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: بَعَثَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَعَ خَالِدِ بْنِ الْوَلِيدِ إِلَى الْيَمَنِ قَالَ ثُم بَعَثَ عَلِيا بَعْدَ ذَلِكَ مَكَانَهُ فَقَالَ مُرْ أَصْحَابَ خَالِدٍ مَنْ شَاءَ مِنْهُمْ أَنْ يُعَقبَ مَعَكَ فَلْيُعَقبْ وَمَنْ شَاءَ فَلْيُقْبِلْ فَكُنْتُ فِيمَنْ عَقبَ مَعَهُ قَالَ فَغَنِمْتُ أَوَاقٍ ذَوَاتِ عَدَدٍ.

6678 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى خالىد ئىبنى ۋەلىد بىلەن بىرگە يەمەنگە ئەۋەتتى. ئاندىن خالىدنىڭ ئورنىغا باشقا قوشۇن بىلەن ئەلىنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا:

ـ خالىد بىلەن مەدىنىگە قايتىپ كېلىۋاتقان قوشۇندىكىلەرگە ئېيتقىن، سەن بىلەن كەينىگە يېنىشنى خالىغانلار كەينىگە يانسۇن، مەدىنىگە يېنىپ كېلىشنى خالىغانلار يوللىرىغا راۋان بولسۇن، ـ دېدى. يەمەنگە قايتقانلارنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم، شۇ قېتىمقى سەپەرىمدە بىر نەچچە ئۇقىيە ئالتۇن غەنىمەت ئالدىم.

(بۇخارى: 4349)

6679 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ بَعَثَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلِيا إِلَى خَالِدٍ لِيَقْبِضَ الْخُمُسَ وَكُنْتُ أُبْغِضُ عَلِيا وَقَدْ اغْتَسَلَ فَقُلْتُ لِخَالِدٍ أَلَا تَرَى إِلَى هَذَا فَلَما قَدِمْنَا عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَكَرْتُ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ يَا بُرَيْدَةُ أَتُبْغِضُ عَلِيا فَقُلْتُ نَعَمْ قَالَ لَا تُبْغِضْهُ فَإِن لَهُ فِي الْخُمُسِ أَكْثَرَ مِنْ ذَلِكَ.

6679 ـ بۇرەيدەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلىنى غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن خالىدنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئەلى غۇسلى قىلىۋاتقان ئىدى، مەن خالىدقا:

ــ بۇنىڭغا قارىماسەن؟! ــ دېدىم. مېنىڭ (ئەلىنىڭ غەنىمەتلەردىن بىر دېدەكنى تاللاپ ئېلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى غەنىمەتكە خىيانەت قىلدى دەپ ئويلىغاچقا) ئۇنىڭغا ئاچچىغىم بار

ئىدى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئى بۇرەيدە! ئەلىگە ئاچچىغىڭ بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. مەن:

— شۇنداق، - دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇنىڭغا ئاچچىغىڭ كەلمىسۇن، چۈنكى غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىدە ئەلىنىڭ ئۇ دېدەكتىنمۇ كۆپرەك ھەققى بار، - دېدى. (بۇخارى: 4350)

6680 ـ عَنْ الْبَرَاءِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعَثَ جَيْشَيْنِ وَأَمرَ عَلَى أَحَدِهِمَا عَلِي بْنَ أَبِي طَالِبٍ وَعَلَى الْآخَرِ خَالِدَ بْنَ الْوَلِيدِ فَقَالَ إِذَا كَانَ الْقِتَالُ فَعَلِي قَالَ فَافْتَتَحَ عَلِي حِصْنًا فَأَخَذَ مِنْهُ جَارِيَةً فَكَتَبَ مَعِي خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَشِي بِهِ فَقَدِمْتُ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَرَأَ الْكِتَابَ فَتَغَيرَ لَوْنُهُ ثُم قَالَ مَا تَرَى فِي رَجُلٍ يُحِب اللهَ وَرَسُولَهُ وَيُحِبهُ اللهُ وَرَسُولُهُ قَالَ قُلْتُ أَعُوذُ بِاللهِ مِنْ غَضَبِ اللهِ وَغَضَبِ رَسُولِهِ وَإِنمَا أَنَا رَسُولٌ فَسَكَتَ.

6680 - بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قوشۇن ئەۋەتىپ، بىرىگە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى، يەنە بىرىگە خالىد ئىبنى ۋەلىدنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى ۋە:

— ئەگەر ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ئەلى باش قوماندان بولىدۇ، - دەپ تاپىلىدى.

ئەلى بىر قەلئەنى فەتھى قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر كېنىزەكنى ئولجا ئالغان ئىدى، خالىد ئىبنى ۋەلىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلىنى چېقىشتۇرۇپ، مەن ئارقىلىق بىر پارچە مەكتۇب يوللىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەكتۇبنى ئوقۇپ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. ئاندىن:

ـ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى سۆيىدىغان، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىمۇ سۆيىدىغان بىر ئادەمگە قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ اللهنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن اللهتىن پاناھلىق تىلەيمەن. مەن پەقەت بىر ئەلچىمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لام ـ جىم دېمىدى[1].

(تىرمىزى: 1704)

[1] ئەلبانى (286): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

## زۇلخەلەسە، زاتۇسسەلاسىل ۋە تەبۇك غازاتلىرى

6681 ـ عَنْ جَرِيرٍ قَالَ كَانَ بَيْتٌ فِي الْجَاهِلِيَةِ يُقَالُ لَهُ ذُو الْخَلَصَةِ وَالْكَعْبَةُ الْيمانِيَةُ وَالْكَعْبَةُ الشأمِيةُ فَقَالَ لِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَا تُرِيحُنِي مِنْ ذِي الْخَلَصَةِ فَنفَرْتُ فِي مِائَةٍ وَخَمْسِينَ رَاكِبًا فَكَسَرْنَاهُ وَقَتلْنا مَنْ وَجَدْنا عِنْدَهُ فَأَتَيتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرْتُهُ فَدَعَا لَنا وَلِأَحْمَسَ.

6681 ـ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: جاھىلىيەت دەۋرىدە، زۇلخەلەسە، ”يەمەنلىكلەرنىڭ كەئبىسى“ ۋە ”شاملىقلارنىڭ كەئبىسى“ دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىبادەتخانا بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ـ مېنى زۇلخەلەسەنىڭ پىتنىسىدىن ئارام تاپتۇرماسەن؟! ـ دېدى. مەن ئەھمەس قەبىلىسىدىن 150 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ يولغا چىقتىم. ئۇ ئىبادەتخانىنى پاچاقلاپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى خەۋەر قىلسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ۋە ئەھمەس قەبىلىسى كىشىلىرىگە دۇئا قىلدى.

(بۇخارى: 4355)

6682 ـ وفي رواية: وَكُنْتُ لَا أُثْبتُ عَلَى الْخَيْلِ فَضَرَبَ فِي صَدْرِي حَتى رَأَيْتُ أَثَرَ أَصَابِعِهِ فِي صَدْرِي وَقَالَ اللهُم ثَبتْهُ وَاجْعَلْهُ هَادِيًا مَهْدِيا فَانْطَلَقَ إِلَيْهَا فَكَسَرَهَا وَحَرقَهَا ثُم بَعَثَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ رَسُولُ جَرِيرٍ وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق مَا

جِئْتُكَ حَتى تَرَكْتُهَا كَأَنهَا جَمَلٌ أَجْرَبُ قَالَ فَبَارَكَ فِي خَيْلِ أَحْمَسَ وَرِجَالِهَا خَمْسَ مَراتٍ.

6682 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: مەن ئاتقا مىنەلمەيتتىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەيدەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ـ ئى الله! ئۇنى ئات مىنەلەيدىغان، توغرا يولدا ماڭىدىغان ۋە توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان قىلغىن! ـ دەپ دۇئا قىلىپ قويدى. مەن بېرىپ، ئۇ ئىبادەتخانىنى چېقىپ، كۆيدۈرۈۋەتتىم ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەرچى يوللىدىم. خەۋەرچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ ياققا ماڭغاندا، ئۇ ئۆي خۇددى قوتۇر تۆگىدەك بولۇپ كەتكەنىدى، ـــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھمەس قەبىلىسى كىشىلىرىگە ۋە ئاتلىرىغا بەرىكەت تىلەپ بەش قېتىم دۇئا قىلدى.

(بۇخارى: 4356)

6683 ـ وفي رواية: قَالَ فَمَا وَقَعْتُ عَنْ فَرَسٍ بَعْدُ قَالَ وَكَانَ ذُو الْخَلَصَةِ بَيْتًا بِالْيَمَنِ لِخَثْعَمَ وَبَجِيلَةَ فِيهِ نُصُبٌ تُعْبَدُ يُقَالُ لَهُ الْكَعْبَةُ.

6683 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: شۇندىن (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىدىن) كېيىن، ئاتتىن يىقىلىپ باقمىدىم. زۇلخەلەسە ـــ يەمەندىكى خەسئەم ۋە بەجىلە قەبىلىلىرىنىڭ ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇتلار (تىكلەپ قويۇلغان تاشلار) بار ئىدى ۋە ''كەئبە'' دەپ ئاتىلاتتى.

(بۇخارى: 4357)

6684 ـ عَنْ أَبِي عُثْمَانَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعَثَ عَمْرَو بْنَ الْعَاصِ عَلَى جَيْشِ ذَاتِ السلَاسِلِ قَالَ فَأَتَيْتُهُ فَقُلْتُ أَي الناسِ أَحَب إِلَيْكَ قَالَ عَائِشَةُ قُلْتُ مِنْ الرجَالِ قَالَ أَبُوهَا قُلْتُ ثُم مَنْ قَالَ عُمَرُ فَعَد رِجَالًا فَسَكَت مَخَافَةَ أَنْ يَجْعَلَنِي فِي آخِرِهِمْ

6684 ـ ئەبۇ ئوسماندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەمر ئىبنى ئاسنى بىر قوشۇنغا قوماندان قىلىپ، زاتۇسسەلاسىلغا ئەۋەتتى. ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ (ئىنسانلاردىن) كىم ساڭا ئەڭ سۆيۈملۈك؟ ـ دەپ سورىسام:

ـ ئائىشە، ـ دېدى. مەن:

ـ ئەرلەردىنچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ـ ئۇنىڭ دادىسى (ئەبۇ بەكرى)، ـ دېدى. مەن يەنە:

ـ ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ ـ دەپ سورىدىم:

ـ ئۆمەر، ـ دېدى. يەنە بىر قانچە قېتىم سورىغانىدىم، بىر قانچە كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھنىڭ مېنى ئەڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ جىم بولدۇم.

(بۇخارى: 4358)

6685 ـ عَنْ عَامِرٍ قَالَ بَعَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَيْشَ ذَاتِ السلَاسِلِ فَاسْتَعْمَلَ أَبَا عُبَيْدَةَ عَلَى الْمُهَاجِرِينَ وَاسْتَعْمَلَ عَمْرَو بْنَ الْعَاصِ عَلَى الْأَعْرَابِ فَقَالَ لَهُمَا تَطَاوَعَا قَالَ وَكَانُوا يُؤْمَرُونَ أَنْ يُغِيرُوا عَلَى بَكْرٍ فَانْطَلَقَ عَمْرٌو فَأَغَارَ عَلَى قُضَاعَةَ لِأَن بَكْرًا أَخْوَالُهُ فَانْطَلَقَ الْمُغِيرَةُ بْنُ شُعْبَةَ إِلَى أَبِي عُبَيْدَةَ فَقَالَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَعْمَلَكَ عَلَيْنَا وَإِن ابْنَ فُلَانٍ قَدْ ارْتَبَعَ أَمْرَ الْقَوْمِ وَلَيْسَ لَكَ مَعَهُ أَمْرٌ فَقَالَ أَبُو عُبَيْدَةَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَنَا أَنْ نَتَطَاوَعَ فَأَنَا أُطِيعُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَإِنْ عَصَاهُ عَمْرٌو.

6685 ـ ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زاتۇسسەلاسىل قوشۇنىنى تەشكىللەپ، مۇھاجىرلارغا ئەبۇ ئۇبەيدەنى، ئەئرابىيلارغا ئەمر ئىبنى ئاسنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۇلارغا: ــ ئىختىلاپلاشماي، كېڭەش بىلەن ئىش كۆرۈڭلار! ــ دەپ تاپىلىدى.

قوشۇن بەكر قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئەمر ئاتلىنىپ قۇزائە قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلدى. چۈنكى بەكر قەبىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ تاغىلىرى بولاتتى. مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە بۇنى كۆرۈپ، ئەبۇ ئۇبەيدەگە:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېنى بىزگە قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. لېكىن پالانچى كىشى قوشۇنغا قوماندان بولۇشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. سەن ئۇنىڭغا چارە قوللانمايۋاتىسەن، ـ دېدى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇنىڭغا:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئىختىلاپلاشماي، كېڭەش بىلەن ئىش كۆرۈشىمىزگە بۇيرىغان. شۇڭا ئەمر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلمىسىمۇ، مەن ئىتائەت قىلىمەن، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 1700)

6686 ـ هِيَ غَزْوَةُ لَخْمٍ وجُذَامَ ، وقيل: هِيَ بِلادُ بَلِي وعُذْرَةَ وَبَنى القَيْنِ.

6686 ــ زاتۇسسەلاسىل غازىتى لەخم ۋە جۇزام قەبىلىلىرىگە قارشى قىلىنغان غازاتتۇر. بەزىلەر ئۇنى: بەلىي، ئۇزرە ۋە بەنى ئەلقىين دېگەن ئۈچ قەبىلىنىڭ يۇرتلىرى دېگەن.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

[1] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد مۇرسەل رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

6687 ـ عن أبي مُوسَى رضي الله عنه قال أَرْسَلَنِي أَصْحَابِي إلى رسول اللهِ ﷺ أَسْأَلُهُ الْحُمْلَانَ لهم إِذْ هُمْ معه في جَيْشِ الْعُسْرَةِ وَهِيَ غَزْوَةُ تَبُوكَ فقلت يا نَبِيَّ اللهِ إن أَصْحَابِي أَرْسَلُونِي إِلَيْكَ لِتَحْمِلَهُمْ فقال والله لَا أَحْمِلُكُمْ على شَيْءٍ وَوَافَقْتُهُ وهو غَضْبَانُ ولا أَشْعُرُ وَرَجَعْتُ حَزِينًا من مَنْعِ النبي ﷺ وَمِنْ مَخَافَةِ أَنْ يَكُونَ النبي ﷺ وَجَدَ في نَفْسِهِ عَلَيَّ فَرَجَعْتُ إلى أَصْحَابِي فَأَخْبَرْتُهُمْ الذي قال النبي ﷺ فلم أَلْبَثْ إلا سُوَيْعَةً إِذْ سمعت بِلَالًا يُنَادِي أَيْ عَبْدَ اللهِ بن قَيْسٍ فَأَجَبْتُهُ فقال أَجِبْ رَسُولَ اللهِ ﷺ يَدْعُوكَ فلما أَتَيْتُهُ قال خُذْ هَذَيْنِ الْقَرِينَيْنِ وَهَذَيْنِ الْقَرِينَيْنِ لِسِتَّةِ أَبْعِرَةٍ ابْتَاعَهُنَّ حِينَئِذٍ من سَعْدٍ فَانْطَلِقْ بِهِنَّ إلى أَصْحَابِكَ فَقُلْ إن اللهَ أو قال إن رَسُولَ اللهِ ﷺ يَحْمِلُكُمْ على هَؤُلَاءِ فَارْكَبُوهُنَّ فَانْطَلَقْتُ إِلَيْهِمْ بِهِنَّ فقلت إن النبي ﷺ يَحْمِلُكُمْ على هَؤُلَاءِ وَلَكِنِّي والله لَا أَدَعُكُمْ حتى يَنْطَلِقَ مَعِي بَعْضُكُمْ إلى من سمع مَقَالَةَ رسول اللهِ ﷺ لَا تَظُنُّوا أَنِّي حَدَّثْتُكُمْ شيئا لم يَقُلْهُ رسول اللهِ ﷺ فَقَالُوا لي والله إِنَّكَ عِنْدَنَا لَمُصَدَّقٌ وَلَنَفْعَلَنَّ ما أَحْبَبْتَ فَانْطَلَقَ أبو مُوسَى بِنَفَرٍ منهم حتى أَتَوْا الَّذِينَ سَمِعُوا قَوْلَ رسول اللهِ ﷺ مَنْعَهُ إِيَّاهُمْ ثُمَّ إِعْطَاءَهُمْ بَعْدُ فَحَدَّثُوهُمْ بِمِثْلِ ما حَدَّثَهُمْ بِهِ أبو مُوسَى.

6687 ــ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەمراھلىرىم تەبۇك غازىتىغا چىقماقچى بولدى ۋە مېنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇلاغ سوراپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ھەمراھلىرىم سەندىن ئۇلاغ سوراپ كېلىش ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتى، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە ئۇلاغ بېرەلمەيمەن، ـ دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئىشقا غەزەبلىنىپ تۇرغان ۋاقتىدا بېرىپ قالغانلىقىمنى، (لېكىن بۇنى) بىلمەپتىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلاغ بەرمىگەنلىكىنىڭ ئۈستىگە مەندىن خاپا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كۆڭلۈم

پەرىشان هالدا قايتىپ كەتتىم ۋە ھەمراھلىرىمغا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدۈم. كۆپ ئۆتمەي، بىلالنىڭ:

— ئى ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس! قېنى سەن؟ - دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

- مانا مەن، - دەپ جاۋاب بەردىم. بىلال:

- رەسۇلۇللاھ سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، دەرھال كەلگىن! — دېدى. دەرھال باردىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

— بۇ بىر جۈپ تۆگىنى ئال، ماۋۇ بىر جۈپ تۆگىنىمۇ ئال، (جەمئىي) ئالتە تۇياق. بۇلارنى سەئدتىن سېتىۋالدىم. ھەمراھلىرىڭغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا: "الله تائالا ياكى پەيغەمبىرى سىلەرگە ئۇلاغ ئاتا قىلدى، مۇشۇ تۆگىلەرنى مىنىڭلار" دېگىن! - دېدى. تۆگىلەرنى ئېلىپ ھەمراھلىرىمنىڭ قېشىغا قايتتىم ۋە:

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەرگە مۇنۇ تۆگىلەرنى بەردى. لېكىن الله بىلەن قەسەمكى، مەندىن "پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتمىغان سۆزنى ئېيتتى" دەپ گۇمانلىنىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، بىرىڭلار مەن بىلەن بىللە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەسلەپتە قىلغان سۆزىنى ئاڭلىغان ۋە تۆگە بەرگىلى ئۇنىماي، كېيىن قايتا چاقىرىپ، مۇشۇ تۆگىلەرنى بەرگەنلىكىنى كۆرگەن بىرىدىن (ئىشىنىڭ راست - يالغانلىقىنى) سورىمىغىچە، سىلەرگە بۇ تۆگىلەرنى بەرمەيمەن، - دېدىم. ئۇلار:

— بىز سېنىڭ سۆزۈڭنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىمىز. شۇنداقتىمۇ سەن دېگەندەك قىلايلى، - دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردىن بىرى ئەبۇ مۇسا بىلەن بىللە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەسلەپتە تۆگە بەرگىلى ئۇنىماي، كېيىن بەرگەنلىكىنى كۆرگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلاردىن (ئەھۋالنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى) سورىدى. ئۇلار (يەنى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلار)مۇ ۋەقەنى ئەبۇ مۇساغا ئوخشاش سۆزلەپ بەردى.

(مۇسلىم: 1649)

6688 ـ عن وَاثِلَةَ بن الْأَسْقَعِ قال نادى رسول اللهِ ﷺ في غَزْوَةِ تَبُوكَ فَخَرَجْتُ إلى أَهْلِي فَأَقْبَلْتُ وقد خَرَجَ أَولُ صَحَابَةِ رسول اللهِ ﷺ فَطَفِقْتُ في الْمَدِينَةِ أُنَادِي ألا من يَحْمِلُ رَجُلًا له سَهْمُهُ فَنَادَى شَيْخٌ من الْأَنصَارِ قال لنا سَهْمُهُ على أَنْ نَحْمِلَهُ عَقَبَةً وَطَعَامُهُ مَعَنَا قلت نعم قال فَسِرْ على بَرَكَةِ اللهِ تَعَالَى قال فَخَرَجْتُ مع خَيْرِ صَاحِبٍ حتى أَفَاءَ الله عَلَيْنَا فَأَصَابَنِي قَلَائِصُ فَسُقْتُهُن حتى أَتَيْتُهُ فَخَرَجَ فَقَعَدَ على حَقِيبَةٍ من حَقَائِبِ إِبِلِهِ ثُم قال سُقْهُن مُدْبِرَاتٍ ثُم قال سُقْهُن مُقْبِلَاتٍ فقال ما أَرَى قَلَائِصَكَ إلا كِرَامًا قال إنما هِيَ غَنِيمَتُكَ التي شَرَطْتُ لك قال خُذْ قَلَائِصَكَ يا ابن أَخِي فَغَيْرَ سَهْمِكَ أَرَدْنَا.

6688 ـ ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇك غازىتىغا سەپەرۋەرلىك قىلدى، ساھابىلەرنىڭ ئالدى يولغا چىققىلى تۇردى. مەنمۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشتۇم ۋە ئائىلەم بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، مەدىنە كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ:

— ئۇلىغىغا ئادەم مىنگەشتۈرۈۋالىدىغانلار بارمۇ؟ ئۇنىڭغا ئۇرۇشتىن ئېلىنغان غەنىمەت بېرىلىدۇ، ـ دەپ توۋلاشقا باشلىدىم. ئەنسارىلاردىن بىر ئاقساقال:

ـ ئۇلىغىمغا مىنگەشتۈرۈۋالسام ۋە يولدا ئوزۇق ـ تۈلۈكىمنى بۆلۈشسەم، راستىنلا ئۇرۇش غەنىمىتى مېنىڭ بولامدۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ شۇنداق، سېنىڭ بولىدۇ، ـ دېدىم. ئاقساقال:

ـ ئەمىسە، اللهنىڭ بەرىكىتى بىلەن يولغا چىقايلى! ـ دېدى.

شۇنداق قىلىپ مەن ياخشى بىر ھەمراھ بىلەن يولغا چىقتىم. الله تائالا بۇ غازاتتا بىزگە كۆپلەپ غەنىمەت ئاتا قىلدى. ماڭا بىر قانچە تۇياق ياش تۆگە تەگدى. تۆگىلەرنى ھەيدەپ، ھەمراھىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدىم. ئۇ تۆگىلەردىن بىرىنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرۇپ:

ــ قېنى، ئالدىغا ھەيدەپ باققىن! ــ دېدى. ئاندىن:

ــ بېشىنى بۇراپ، كەينىگە ھەيدەپ باققىن! ــ دېدى. ئاخىرىدا:

ــ بۇ تۆگىلىرىڭ بەكمۇ ئېسىل كۆرۈنىدۇ، ــ دېدى، مەن:

ــ بۇلار ئىككىمىز شەرت قىلغان غەنىمەتلەر (يەنى سېنىڭ ماللىرىڭ)، ــ دېدىم، لېكىن ئۇ:

ــ ئى جىيەنىم! تۆگىلىرىڭنى ئېلىپ كەتكىن. بىز سېنىڭ نېسىۋەڭدىن باشقا بىر نەرسە (يەنى ئاخىرەت ساۋابى) مەقسەت قىلغانىدۇق، ــ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2676)

6689 ــ عن عِمْرَان بن حُصَيْنٍ أَنَّهُ شَهِدَ عُثْمَانَ بن عَفانٍ أيامَ غَـزْوَةِ تُبُـوكٍ في جَيْشِ الْعُسْرَةِ فَأَمَرَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم بِالصدَقَةِ وَالْقُوةِ وَالتأَسِـي وَكَانَـتْ نَصَارَى الْعَرَبِ كَتَبُوا إلى هِرَقْلَ إن هذا الرجُلُ الذي خَرَجَ يَنْتَحِـلُ النُبُـوةَ قَـد هَلَـكَ وَأَصَابَتْهُمْ سُنُونَ فَهَلَكَتْ أَمْوَالُهُمْ فَإِنْ كُنْتَ تُرِيدُ أَنْ تَلْحَقَ دِينَكَ فَالآنَ فَبَعَثَ رَجُلا مِـن عُظَمَائِهِمْ يُقَالُ له الضنَادُ وَجَهزَ معه أَرْبَعِينَ أَلْفًا فلما بَلَغَ ذلك نَبِي اللهِ صلى اللهُ عليـه وسلم كَتَبَ في الْعَرَبِ وكان يَجْلِسُ كُل يوم على الْمِنْبَرِ فَيَدْعُو اللهَ وَيَقُـولُ اللهُـم إن تَهْلِكَ هذه الْعِصَابَةُ فَلَنْ تُعْبَدَ في الأرْضِ فلم يَكُنْ لِلناسِ قُوةٌ وكان عُثْمَانُ بن عَفانَ قَـد جَهزَ عِيرًا إلى الشامِ يُرِيدُ أَنْ يَمْتَارَ عليها فقال يا رَسُولَ اللهِ هذه مِئَتَـا بَعِـيرٍ بِأَقْتَابِهَـا وَأَحْلاسِهَا وَمِئَتَا أُوقِيةٍ فَحَمِدَ اللهَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم وَكَبرَ الناس ثُـم قَـام مَقَامًا آخَرَ وَأَمَرَ بِالصدَقَةِ فَقَامَ عُثْمَانُ فقال يا رَسُولَ اللهِ وَهَاتَا مِئَتَان وَمِئَتَا أُوقِيةٍ فَكَبرَ اللهَ

[1] ئەلبانى (572): زەئىپ، ــ دېگەن.

وَكَبَّرَ الناس وَأَتى عُثْمَانُ بِالإِبِلِ وَأَتى بِالْمَالِ فَصَبَّهُ بين يَدَيْهِ فَسَمِعْتُهُ يقول لا يَضُر عُثْمَانَ ما عَمِلَ بَعْدَ الْيَوْمِ.

6689 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: تەبۇك غازىتىغا تەييارلىنىۋاتقان كۈنلەر ئىدى. ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەبۇك غازىتى ئۈچۈن ئىئانە توپلاش چاقىرىقىغا ئالاھىدە كۆچ چىقاردى.

بەزى خىرىستىئان ئەرەبلەر ھىرەقلىگە مەكتۇب يوللاپ: ”پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ چىققان بۇ ئادەم تۈگەشتى. بۇلار قەھەتچىلىككە ئۇچراپ، مال ـ مۈلۈكلىرى ۋەيران بولۇپ كەتتى. ئەگەر سەن دىنىڭنى قۇتقۇزاي دېسەڭ، مانا بۇ دەل پەيتى“ دېگەنىدى. ھىرەقل كاتتىلىرىدىن زەنناد ئىسىملىك بىرىنى 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تەييارلاپ يولغا سالدى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندىن كېيىن، پۈتۈن ئەرەبلەرگە مەكتۇب يوللىدى. ھەر كۈنى مۇنبەردە ئولتۇرۇپ، الله تائالاغا دۇئا قىلىپ مۇنداق دەيتتى:

«ئى الله! مۇشۇ بىر گۇرۇپ مۇسۇلمان جامائەتنى ھالاك بولۇپ كەتسە، ساڭا زېمىندا ئىبادەت قىلىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ».

مۇسۇلمانلاردا كۆچ يوق ئىدى، ئوسمان ئىبنى ئاففان شامغا بېرىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىپ كېلىشكە بىر كارۋان تەييارلىغان بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مانا بۇ، ئەگەر ـ توقۇملىرى بىلەن ئىككى يۈز تۆگە. مانا بۇ، ئىككى يۈز ئۇقىيە ئالتۇن، ـ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالاغا ھەمدى ئېيتتى، جامائەتمۇ تەكبىر ئېيتتى.

ئاندىن يەنە بىر سورۇندا سەدىقىگە بۇيرىغانىدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مانا بۇ ئىككى يۈز تۇياق تۆگە بىلەن ئىككى يۈز ئۇقىيە ئالتۇن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەكبىر ئېيتتى، جامائەتمۇ تەكبىر ئېيتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگىلەر بىلەن ئالتۇنلارنى ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويدى. شۇ چاغدا، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

ـ بۈگۈندىن تارتىپ ئوسماننىڭ ھېچبىر ئىشىنىڭ ئۇنىڭغا زىيىنى يەتمەيدۇ، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 18/231 ـ 232)

6690 ـ عن ابن شِهَابٍ قال: ثُم غَزَا رسول اللهِ ﷺ غَزْوَةَ تَبُوكَ وهو يُرِيدُ الرومَ وَنَصَارَى الْعَرَبِ بِالشامِ.

6690 ــ ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رىم ۋە شامدىكى ئەرەب خرىستىئانلىرىغا قارشى ئاتلاندى، مانا بۇ تەبۇك غازىتى ئىدى.

(مۇسلىم: 2769)

---

[1] ھەيسەمى (10311): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابباس ئىبنى فەزل ئەنسارى ئىسملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

## بەنى مۇلەۋۋەھ زەغبەتۇسسۇھەيمى قاتارلىق قەبىلىلەرگە ئەۋەتىلگەن قوشۇنلار

6691 ـ عَنْ جُنْدُبِ بْنِ مَكِيثٍ قَالَ بَعَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَبْدَ اللهِ بْنَ غَالِبٍ اللَّيْثِي فِي سَرِيةٍ وَكُنْتُ فِيهِمْ وَأَمَرَهُمْ أَنْ يَشُنوا الْغَارَةَ عَلَى بَنِي الْمُلَوحِ بِالْكَدِيدِ فَخَرَجْنَا حَتى إِذَا كُنا بِالْكَدِيدِ لَقِينَا الْحَارِثَ بْنَ الْبَرْصَاءِ اللَّيْثِي فَأَخَذْنَاهُ فَقَالَ إِنمَا جِئْتُ أُرِيدُ الْإِسْلَامَ وَإِنمَا خَرَجْتُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْنَا إِنْ تَكُنْ مُسْلِمًا لَمْ يَضُركَ رِبَاطُنَا يَوْمًا وَلَيْلَةً وَإِنْ تَكُنْ غَيْرَ ذَلِكَ نَسْتَوْثِقُ مِنْكَ فَشَدَدْنَاهُ وِثَاقًا.

6691 ـ جۇندۇب ئىبنى مەكىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھ ئىبنى غالىب لەيسىنىڭ قوماندانلىقىدا بىر قوشۇننى كەدىد دېگەن جايدىكى بەنى مۇلەۋۋەھ قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، مەنمۇ شۇ قوشۇندا بار ئىدىم. بىز يولغا چىقىپ، كەدىدكە بارغىنىمىزدا، ھارىس ئىبنى بەرسائ لەيسىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنى تۇتۇۋالدۇق. ئۇ:

ـ مەن ئەسلىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا مۇسۇلمان بولۇشقا ماڭغان ئىدىم، ـ دەپ تۇرىۋالدى. بىز ئۇنىڭغا:

ـ مۇسۇلمان بولغان بولساڭ، بىر كېچە ـ كۈندۈز باغلاقتا تۇرۇشىنىڭ ساڭا ھېچ زىيىنى بولمايدۇ. ئەگەر مۇسۇلمان بولمىغان

بولساڭ، سەندىن خاتىرجەم بولىمىز، ـ دەپ ئۇنى ئارغامچا بىلەن باغلىدۇق[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2678)

6692 ـ ولأحمد والكبير: أن جُنْدُبِ بن مَكِيثٍ الجهني قال بَعَثَ رسول اللهِ ﷺ غَالِبَ بن عبد اللهِ الكلبي كَلْبَ لَيْثٍ إلى بني مُلَوحٍ بِالْكَدِيدِ وَأَمَرَهُ أَنْ يُغِيرَ عليهم فَخَرَجَ فَكُنْتُ في سَرِيتِهِ فَمَضَيْنَا حتى إذا كنا بِقُدَيْدٍ لَقِيَنَا بِهِ الحارث بن مَالِكٍ وهو بن الْبَرْصَاءِ الليثي فَأَخَذْنَاهُ فقال إنما جِئْتُ لأُسْلِمَ قال غَالِبُ بن عبد اللهِ إن كُنْتَ إنما جِئْتَ مُسْلِماً فَلَنْ يَضُرَكَ رِبَاطُ يَوْمٍ وَلَيْلَةٍ وَإِنْ كُنْتَ على غَيْرِ ذلك أستأخرت مِنْكَ قال فَأَوْثَقَهُ رِبَاطاً ثُم خَلفَ عليه رَجُلاً أَسْوَدَ كان مَعَنَا فقال أمكث معه حتى نَمُر عَلَيْكَ فَإِنْ نَازَعَكَ فَاحْتَز رَأْسَهُ قال ثُم مَضَيْنَا حتى أَتَيْنَا بَطْنَ الْكَدِيدِ فَنَزَلْنَا عُشَيْشِيَةً بَعْدَ الْعَصْرِ فبعثني أصحابي في رَبِيئَةٍ فَعَمَدْتُ إلى تَل يطلعني على الْحَاضِرِ فَانْبَطَحْتُ عليه وَذَلِكَ الْمَغْرِبَ فَخَرَجَ رَجُلٌ منهم فَنَظَرَ فرآني مُنْبَطِحاً على التل فقال لِامْرَأَتِهِ والله إني لأرى على هذا التل سَوَاداً ما رَأَيْتُهُ أولَ النَهَارِ فانظري لا تَكُونُ الْكِلاَبُ اجْتَرتْ بَعْضَ أَوْعِيَتِكِ قال فَنَظَرَتْ فقال لاَ والله ما أَفْقِدُ شَيْئاً قال فناوليني قوسي وَسَهْمَيْنِ من كنانتي قال فَنَاوَلَتْهُ فرماني بِسَهْمٍ فَوَضَعَهُ في جنبي قال فَنَزَعْتُهُ فَوَضَعْتُهُ ولم أَتحَرَكْ ثُم رماني بِآخَرَ فَوَضَعَهُ في رَأْسِ منكبي فَنَزَعْتُهُ فَوَضَعْتُهُ ولم أَتحَرَكْ فقال لِامْرَأَتِهِ والله لقد خَالَطَهُ سهماي وَلَوْ كان دَابةً لَتَحَركَ فإذا أَصْبَحْتِ فابتغي سهمي فَخُذِيهِمَا لاَ تَمْضُغُهُمَا عَلَى الْكِلاَبُ قال وَأَمْهَلْنَاهُمْ حتى رَاحَتْ رَائِحَتُهُمْ حتى إذا احْتَلَبُوا وَعَطَنُوا أو سَكَنُوا وَذَهَبَتْ عَتَمَةٌ مِنَ اللَيْلِ شَنَنا عَلَيْهِمُ الْغَارَةَ فَقَتَلْنَا من قَتَلْنَا منهم وأستقنا النعَمَ فَتَوَجهْنَا قَافِلِينَ وَخَرَجَ صَرِيخُ الْقَوْمِ إلى قَوْمِهِمْ مُغَوثاً وَخَرَجْنَا سِرَاعاً حتى نَمُر بالحارث بن الْبَرْصَاءِ وَصَاحِبِهِ فَانْطَلَقْنَا بِهِ مَعَنَا وَأَتَانَا صَرِيخُ الناس فَجَاءَنَا مالا قِبَلَ لنا بِهِ حتى إذا لم يَكُنْ بَيْنَنا وَبَيْنَهُمْ إلا بَطْنُ الوادي أَقْبَلَ سَيْلٌ حَالَ بَيْنَنا وَبَيْنَهُمْ بَعَثَهُ الله تَعَالَى من حَيْثُ شَاءَ ما رَأَيْنَا قبل ذلك مَطَراً وَلاَ حَالاً فَجَاءَ بِمَا لاَ يَقْدِرُ أَحَدٌ أَنْ يَقُومَ عليه فَلَقَدْ رَأَيْنَاهُمْ وُقُوفاً يَنْظُرُونَ إِلَيْنا ما يَقْدِرُ أَحَدٌ منهم أَنْ يَتَقَدمَ.

[1] ئەلبانى (573): زەئىپ، ـ دېگەن.

6692 ــ جۇنــدۇب ئىبنــى مەكــس رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇدىن يەنە مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنــدۇ: پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام لەيــس قەبىلىســىنىڭ كەلــب جەمەتىــدىن غالــب ئىبنــى ئابــدۇللاھ كەلبىينــى كەدىــد دېگەن جايــدىكى بەنــى مــۇلەۋۋەھ قەبىلىــسىگە هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ قوشۇنىدا ئىدىم. بىــز يولغا چىقىپ، قۇدەيد دېگەن يەرگە بــارغىنىمىزدا، هــارىس ئىبنــى بەرسائ لەيسىينى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنى تۇتۇۋالدۇق، ئۇ:

ــ مەن مۇســۇلمان بولۇشــقا ماڭغانىــدىم، ـ دەپ تۇرۇۋالغانىــدى، غالىب ئىبنى ئابدۇللاھ:

ــ مۇسۇلمان بولغان بولساڭ، بىر كېچە باغلاقتا تۇرغىنىڭنىــڭ هېچ زىيىنى يوق. مۇسۇلمان بولمىغان بولساڭ، سەندىن خاتىرجەم بولىمەن، ـ دەپ، ئۇنى ئارغامچا بىلەن باغلىــدى. ئاندىن زەڭگىــدىن بىرنى ئۇنىڭغا نازارەتچى بەلگىلەپ:

ــ بىز قايتىــپ، سىنىڭ قېشىڭدىن ئۆتكىچە، ئۇنىــڭ بىــلەن بىللــە تــۇرۇپ تــۇرغىن. قــاچىمەن دەپ قالــسا، كاللىــسىنى ئېلىۋەتكىن، ـ دەپ تاپىلىدى.

بىــز ئاتلىنىــپ، ئەســىردىن كېيىنــرەك كەدىــد تــۈزلەڭلىكىگە كېلىپ چۈشتۇق. هەمراهلىرىم مېنى ئەتراپنى چارلاشقا ئەۋەتتــى. مەن تۇرالغــۇلارنى كــۆرگىلى بولىــدىغان بىــر دۆڭــگە چىقىــپ، يەرگە چاپلىشىپ ياتتىم، بۇ شام ۋاقتى ئىدى. مېنى كۆرۈپ قالغان بىــرى ئايالىغا:

ــ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاۋۇ دۆڭنىــڭ ئۈستىــدە بىــر نەرسىنىــڭ قارىــسىنى كــۆردۈم. قــاراپ بــاق، ئىــتلار قاچىلىرىڭدىن بىرەرسىنى سۆرەپ كەتكەن بولمىــسۇن يەنە، ـ دېدى، ئايالى قاراپ بېقىپ:

ــ ياق، هەممە نەرسەم جايىدا تۇرىدۇ، ـ دېدى. ئۇ:

ــ ئۇنداقتا، يا بىلەن ئىككى تال ئوق سۇنۇپ بەرگىن! ــ دېدى، ئايالى سۇنۇپ بېرىۋىدى، ماڭا قارىتىپ بىر تال ئوق ئېتىپ، بېقىنىمغا تەگكۈزدى. مەن ئوقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، يېنىمغا قويۇپ مىدىرلىماي ياتتىم. ئارقىدىن يەنە بىر تال ئوق ئېتىپ، مۈرەمگە تەگكۈزدى. ئۇنىمۇ سۇغۇرۇپ ئېلىپ، يېنىمغا قويۇپ قويدۇم، لېكىن مىدىرلىمىدىم. ئۇ ئايالىغا:

ــ اللّٰهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭغا ئىككى تال ئوقۇم تەگدى. ناۋادا ئۇ بىرەر جانىۋار بولغان بولسا، مىدىرلىغان بولاتتى. تاڭ ئاتقاندا، ئوقلىرىمنى ئىزدەپ تېپىپ ئېلىۋالغىن، ئىتلار غاجىلاپ ئوقلىرىمنى بۇزىۋەتمىسۇن، ـ دېدى.

ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئالدىراپ كەتمىدۇق. ئۇلار تۇرالغۇلىرىغا قايتىپ، سۈتلىرىنى سېغىپ ئىچىپ، ئۇلاغلىرىنى قوتانلىرىغا سولاپ جىمىقىشتى. كېچىنىڭ بىر قىسمى ئۆتۈپ بولغاندا، ئاندىن ھۇجۇم قوزغىدۇق. ئادەملەرنىڭ بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلاغلارنى ھەيدەپ قايتتۇق. ئۇلار قىيا ـ چىيا قىلىشىپ، ئۆز قەبىلىلىرىدىن ياردەم چاقىرىشتى. بىز تېزدىن قايتىپ، ھارىس ئىبنى بەرسائ بىلەن ئۇنىڭغا نازارەت قىلىپ قالغان ئادىمىمىزنىمۇ ئېلىپ ماڭدۇق. دۈشمەنلەر ئارقىمىزدىن بىزدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن قوشۇن باشلاپ كەلدى. ھاۋا شۇنداق ئوچۇق بولۇپ، ئاسماندا نە بۇلۇت، نە يامغۇر تامچىسى كۆرۈنمەيتتى. ئارىمىزدا پەقەت بىر جىلغىنىڭ تۇزلەڭلىكىلا قالغاندا، اللّٰه تائالا ئاللىقەيەرلەردىن سەل ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن ئوتتۇرىمىزنى توسۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بىز تەرەپكە بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمەي، يىراقتىن قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى[1].

(ئەھمەد: 15882)

[1] ھەيسەمى (10343): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6693 ـ عن رِعْيَةَ السحيمي قال كَتَبَ إليه رسول اللهِ ﷺ في أَدِيمٍ أَحْمَرَ فَأَخَذَ كِتَابَ رسول اللهِ ﷺ فَرَقَعَ بِهِ دَلْوَهُ فَبَعَثَ رسول اللهِ ﷺ سَرِيةً فلم يَدَعُوا له رَائِحَةً وَلاَ سَارِحَةً وَلاَ أَهْلاً وَلاَ مَالاً إلا أَخَذُوهُ وَانْفَلَتَ عُرْيَاناً على فَرَسٍ له ليس عليه قشره حتى ينتهي إلى ابْنَتِهِ وهي مُتَزَوجَةٌ في بني هِلاَلٍ وقد أَسْلَمَتْ وَأَسْلَمَ أَهْلُهَا وكان مَجْلِسُ الْقَوْمِ بِفَنَاءِ بَيْتِهَا فَدَارَ حتى دخل عليها من وَرَاءِ الْبَيتِ قال فلما رَأَتْهُ أَلْقَتْ عليه ثَوْباً قالت مالك قال كُل الشر نَزَلَ بِأَبِيكِ ما تُرِكَ له رَائِحَةٌ وَلاَ سَارِحَةٌ وَلاَ أَهْلٌ وَلاَ مَالٌ إلا وقد أُخِذَ قالت دُعِيتَ إلى الإِسْلاَمِ قال أَينَ بَعْلُكِ قالت في الإِبِلِ قال فَأَتَاهُ فقال مالك قال كُل الشر قد نَزَلَ بِهِ ما تُرِكَتْ له رَائِحَةٌ وَلاَ سَارِحَةٌ وَلاَ أَهْلٌ وَلاَ مَالٌ إلا وقد أُخِذَ وأنا أُرِيدُ مُحَمداً أُبَادِرُهُ قبل أَنْ يَقَسمَ أهلي ومالي قال فَخُذْ راحلتي بِرَحْلِهَا قال لاَ حَاجَةَ لي فيها قال فَأَخَذَ قُعُودَ الراعي وَزَودَهُ إِدَاوَةً من مَاءٍ قال وَعَلَيْهِ ثَوْبٌ إذا غَطى بِهِ وَجْهَهُ خَرَجَتِ أسته وإذا غَطى أسته خَرَجَ وَجْهُهُ وهو يَكْرُهُ أَنْ يُعْرَفَ حتى انْتَهَى إلى الْمَدِينَةِ فَعَقَلَ رَاحِلَتَهُ ثُم أتى رَسُولَ اللهِ ﷺ فَكَانَ بِحِذَائِهِ حَيْثُ يصلي فلما صلى رسول اللهِ ﷺ الْفَجْرَ قال يا رَسُولَ اللهِ ابْسُطْ يديك فَلأُبَايِعْكَ فَبَسَطَهَا فلما أَرَادَ أَنْ يَضْرِبَ عليها قَبَضَهَا إليه رسول اللهِ ﷺ قال فَفَعَلَ النبي ﷺ ذلك ثَلاَثاً قَبَضَهَا إليه وَيَفْعَلُهُ فلما كَانَتِ الثالِثَةُ قال من أنت قال رِعْيَةُ السحيمي قال فَتَنَاوَلَ رسول اللهِ ﷺ عَضُدَهُ ثُم رَفَعَهُ ثُم قال يا مَعْشَرَ الْمُسْلِمِينَ هذا رِعْيَةُ السحيمي الذي كَتَبْتُ إليه فَأَخَذَ كتابي فَرَقَعَ بِهِ دَلْوَهُ فَأَخَذَ يَتَضَرعُ إليه قلت يا رَسُولَ اللهِ أهلي ومالي قال أَما مَالُكَ فَقَدْ قُسمَ وَأَما أَهْلُكَ فَمَنْ قَدَرْتَ عليه منهم فَخَرَجَ فإذا ابْنُهُ قد عَرَفَ الراحِلَةَ وهو قَائِمٌ عِنْدَهَا فَرَجَعَ إلى رسول اللهِ ﷺ فقال هذا ابني فقال يا بِلاَلُ اخْرُجْ معه فَسَلْهُ أَبُوكَ هذا فَإِنْ قال نعم فَادْفَعْهُ إليه فَخَرَجَ بِلاَلٌ إليه فقال أَبُوكَ هذا قال نعم فَرَجَعَ إلى رسول اللهِ ﷺ فقال يا رَسُولَ اللهِ ما رأيت أَحَداً اسْتَعْبَرَ إلى صَاحِبِهِ فقال ذَاكَ جَفَاءُ الأَعْرَابِ.

6693 ــ رىئيە سۇھەيمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر پارچە چەمگە (ئىسلامغا) دەۋەت مەكتۇبى يازدۇرۇپ، ئۇنىڭغا يوللىغانىدى، ئۇ مەكتۇبنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى يىرتىپ، سوغىسىنى

يامىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇن ئەۋەتتى. قوشۇن ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈك، بالا ـ چاقا، قوي، كالا، تۆگىسىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئېلىپ كەتتى. ئۇ يالىڭاچ ھالەتتە ئىگەرسىز ئېتىغا مىنىپ قېچىپ، بۇرۇندىنلا مۇسۇلمان بولغان قىزى بىلەن كۈيئوغلىنىڭ قېشىغا بېرىۋالدى. قىزى ئۇنى كۆرۈپ، كىيىم ئەپچىقىپ بېرىپ:

ــ ساڭا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن:

ــ ئېرىڭ قېنى؟ ـ دەپ سورىدى. قىزى:

ـ تۆگىلەرنىڭ يېنىدا، ـ دېدى، دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا باردى. كۈيئوغلىمۇ:

ــ ساڭا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ يامانلىقنىڭ ھەممىسى بېشىمغا كەلدى. مال ـ مۈلۈك، بالا ـ چاقا، قوي ـ كالىلىرىمدىن ھېچنېمىنى قويماي ئېلىپ كەتتى. مال ـ مۈلكۈم بىلەن بالا ـ چاقىلىرىمنى تەقسىم قىلىۋېتىشتىن بۇرۇن مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بارمىسام بولمايدۇ، ـ دېدى. كۈيئوغلى:

ــ ئۇنداقتا، مېنىڭ تۆگەمنى مىنىپ بارغىن، ـ دېۋىدى، ئۇ:

ــ ئۇنىڭغا ھاجىتىم يوق، ـ دەپ پادىچىنىڭ يۈك تۆگىسىنى مىنىپ، ئۆزىگە بېرىلگەن بىر تۇلۇم سۇ بىلەنلا يولغا چىقتى.

ئۇنىڭ كىيىمى شۇنداق قىسقا ئىدىكى، بېشىنى يۆگىسە، قوڭى ئېچىلىپ قالاتتى. قوڭىنى يۆگىسە، بېشى ئېچىلىپ قالاتتى. بىرەرسىنىڭ ئۆزىنى تونۇپ قېلىشىنى پەقەتلا ياقتۇرمايتتى. ئاخىرى، مەدىنىگە بېرىپ تۆگىسىنى باغلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىدىن پارىغ بولغاندا، ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئىككى قولۇڭنى ئاچقىن، ساڭا بەيئەت قىلاي، ــ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالىقانلىرىنى ئاچتى. ئۇ قولىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى ئۈستىگە قويماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى يىغىۋالدى. ئۈچ قېتىم مۇشۇنداق تەكرارلانغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سەن كىم؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ مەن رىئيە سۇھەيمى بولىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

ــ ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! مانا بۇ، مەن مەكتۇپ ئەۋەتسەم، مەكتۇبىمنى يىرتىپ، سوغىسىنى يامىغان رىئيە سۇھەيمى بولىدۇ، ـ دېدى.

ئۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يالۋۇرۇشقا باشلىدى ۋە ئاخىرىدا:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بالا ــ چاقىلىرىم بىلەن مال ــ مۈلكىم قېنى؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مال ــ مۈلكۈڭ تەقسىم قىلىنىپ بولدى، بالا ــ چاقىلىرىڭنىڭ تاپالىغىنىڭنى ۋە كۆچۈڭ يەتكىنىنى ئېلىپ كەت! ـ دېدى.

ئۇ دەرھال چىقىپ قارىسا، ئوغلى دادىسىنىڭ تۆگىسىنى تونۇپ قېلىپ، شۇ يەردە تۇرغان ئىكەن. ئۇ دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كىرىپ:

ــ مانا بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى بىلال! چىقىپ ئۇ بالىدىن: ”بۇ سېنىڭ داداڭمۇ؟“ دەپ سورىغىن. ئۇ: ”ھەئە“ دېسە، ئۇنى دادىسىغا بەرگىن! ـ دېدى.

بىلال چىقىپ سورىغاندى، ئۇ بالا:

ــ ھەئە، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى دادىسىغا بېرىۋەتتى. بىلال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قايتىپ كىرىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ياش تۆككىنىنى كۆرمىدىم، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇلار ئەئرابىيلار (بەدەۋىيلەر) بولۇپ، بۇلارنىڭ باغرى قاتتىق كېلىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئىمام ئەھمەد: 22519؛ «ئەلكەبىر»: 4635)

6694 ـ وله من طريق غيره: فقال له رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم: أما مـا أَدْرَكْتَ من مَالِكَ بِعَيْنِهِ قبل أنْ يُقَسمَ فَأَنتَ أَحَق بِهِ.

6694 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ــ مال ـ مۈلكۈڭ تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن بولساڭ، ئۇلارنى ئېلىشقا سەن ھەممىدىن ھەقلىق ئىدىڭ، ـ دېگەن[2].

(«ئەلكەبىر»: 4636)

6695 ـ عن أسماء بنت يزيد: أن النبي ﷺ بعث بعثا الى ضاحية مضر فـذكروا أنم نزلوا في ارض صحراء فأصبحوا فإذا هم برجل في قبة بفنائه غنم فجاءوه حتى وقفوا عليه فقالوا أجزرنا فأجزرهم شاة فطبخوا منها ثم أخرى فسحطوها فقال ما بقي في غنمي من شاة لحم الا شاة ماخض أو فحل فسطوا فأخذوا منها شاة فلما أظهروا واحترقوا وهم في يوم صائف لا ظل معهم قال غنمة في مظلته فقالوا نحن أحق بالظل من هـذه الغـنم

[1] ھەيسەمى (10348): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ئىككى خىل سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مۇشۇ سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. بۇنى يەنە تەبەرانىمۇ رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (10349): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەججاج ئىبنى ئەرتەئە ئىسىملىك ھەدىسى مۇدەللەس بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

فجاءوا فقالوا أخرج عنا غنمك نستظل فقال انكم متى تخرجونا تلك فتطرح أولادهـا واني قد آمنت بالله ورسوله وقد صليت وزكيت فأخرجوا غنمه فلم تلبث الا ساعة مـن نار حتى تناغرت فطرحت أولادها فانطلق سريعا حتى قدم على النبي ﷺ فأخبره خـبره فغضب النبي ﷺ غضبا شديدا ثم قال اجلس حتى يرجع القوم فلما رجعوا جمع بينهم وبينه فتواتروا على كذب فسرى عن النبي ﷺ فلما رأى الاعرابي ذلك قال أما والله أن الله ليعلم اني صادق وانم لكاذبون ولعل الله يخبرك ذلك يا نبي الله فوقع في نفس النبي ﷺ انه صادق فدعاهم رجلا رجلا يناشد كل رجل منهم بنشده فلم ينشد رجلا منهم الا قال كما قال الاعرابي فقام النبي ﷺ فقال ما يحملكم أن تتابعوا في الكذب كما يتتابع الفراش في النار الكذب يكتب على ابن آدم الا ثلاث خصال رجل كذب على امرأته لترضى عنه ورجل يكذب في خدعة الحرب ورجل يكذب بين أمرأين مسلمين ليصلح بينهما.

6695 ـ ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇزار قەبىلىسى تەرەپكە بىر قوشۇن ئەۋەتتى. (ئىبىتىپ بىرىلىشچە) قوشۇن بىر چۆللۈككە چۈشۈپ، تاڭ ئاتقاندا، بىر ئەئرابىنىڭ چېدىرىنى كۆردى، چېدىرنىڭ ئالدىدا قويلار تۇراتتى. ئۇلار ئەئرابىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ـ بىزگە بىر قوي بوغۇزلاپ بېرەمسەن؟ ـ دېۋىدى، ئۇ دەرھال بىر قوي سويۇپ بەردى. ئۇنى پىشۇرۇپ يەپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىرنى سويدۇردى. لېكىن ئۇلارغا گۆش تېتىمىدى. ئەئرابى:

ـ گۆشى تېتىغۇدەك قويۇم قالمىدى. قوزىلاش ئالدىدا تۇرغان ساغلىق بىلەن قوچقارلا بار، ـ دېدى، ئۇلار ئۇنىڭ قويلىرىدىن يەنە بىرنى بولاپ ئېلىۋېلىشتى. چۈش ۋاقتى، ھاۋا بەكمۇ ئىسسىپ كەتتى، ئەتراپتا سايىدىغۇدەك يەر يوق ئىدى. ئۇلار: ''بۇ ئەئرابىنىڭ قويلىرى سايىدا تۇرىدىكەن، سايىدا تۇرۇشقا ئۇنىڭ قويلىرىدىن بىز بەكرەك ھەقلىق'' دېيىشىپ، ئۇ ئادەمگە:

ـــ قــويلــرىڭنى چىقىرىــۋەت، بــۇ يەردە بىـــز ســـايىدايمىز، ـ دېيىـشتى، ئۇ ئادەم:

ـ قويلارنى ئاپتاپقا چىقىرىۋەتسەم، قوزىلىرىنى تاشلىۋېتىدۇ. مەن اللّٰه ۋە رەســۇلىغا ئىمـــان ئېيتىـــپ، نامـــاز ئوقــۇپ، زاكـــات بېرىــۋاتىمەن، ـ دېسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭ قويلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۆزلىرى سايىداشقا باشلىدى. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتمەيلا، قويلار مەرىشىپ قوزىلىرىنى تاشلىۋەتتى. ئەئرابىي دەرھـال پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم قاتتىق غەزەبلەندى. ئاندىن ئەئرابىغا:

ـ سەن تۇرۇپ تۇرغىن، ئۇلار قايتىپ كەلسۇن! ـ دېدى. قوشۇن قايتىـــپ كەلگەنـدە يۈزلەشــتۈرۈلدى، ھەممىـــسى بىـــردەك يالغـان ئېيتىـــپ تۇرىۋېلــشتى. شــۇنىڭ بىــلەن، پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيهــى ۋەســەللەمنىڭ چىرايــى ســەل ئېچىلىــپ قالــدى. بــۇنى كۆرگەن ئەئرابى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! اللّٰهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن راست ئېيتتىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان ئېيتىۋاتىدۇ. بەلكى اللّٰه تائالا ساڭا ھەقىقەتنى ۋەھيي قىلىپ قالار، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهـــى ۋەســـەللەمنىڭ كـــۆڭلىگە ئەئرابىنىـــڭ راســـت ئېيتىۋاتقانلىقى ئايان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنى بىردىن ـ بىردىن ئەكىلىپ، اللّٰهنىڭ نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ سورىغاندى، (اللّٰهنىـــڭ نـــامىنى شـــېپى كەلتـــۈرۈپ ســـورىغاچقا) ھەممىـــسى ئەئرابىنىڭ سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

ـــ ســـلەر نــېمە ئۇچــۇن خــۇددى پەرۋانــلەر ئــۆزلىرىنى ئوتقا تاشلىغاندەك ئارقا ـ ئارقىدىن يالغان سۆزلەيسىلەر. مۇنداق ئــۈچ خىل يالغاندىن باشقىسى ئىنسانغا گۇناھ بولۇپ يېزىلىدۇ: بىرى،

ئايالىنى رازى قىلىش ئۈچۈن يالغان سۆزلەپ قويۇش؛ ئىككىنچىسى، ئۇرۇشتا قارشى تەرەپنى گوللاش ئۈچۈن يالغان سۆزلەش؛ ئۈچىنچىسى، ئىككى مۇسۇلماننىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن يالغان سۆزلەش، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 164/24)

6696 ـ عَنِ ابن عَباسٍ أَنّ النبي صلى اللهُ عليه وسلم بعث سَرِيةً فَغَنِمُوا وَفِـيهِمْ رَجُلٌ فقال لهم إني لَسْتُ منهم عَشِقْتُ امْرَأَةً فلحقتها فَدَعُونِي أَنظُرْ إِلَيْهَا ثُم اصْنَعُوا ما بَدَا لَكُمْ فإذا امْرَأَةٌ طَوِيلَةٌ أدماءُ فقال لها اسْلِمِي حُبَيشُ قبل نفاد الْعَيشِ... قالت نعم فَـدَيْتُكَ قال فَقَدمُوهُ فَضَرَبُوا عُنقَهُ فَجَاءَتِ الْمَرْأَةُ فَوَقَعَتْ عليه فَشَهقتْ شَهْقَةً أو شَهْقَتَينِ ثُم مَاتَتْ فلما قَدِمُوا على رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أَخْبَرُوهُ الْخَبَرَ فقال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أَمَا كان فِيكُمْ رَجُلٌ رَحِيمٌ.

6696 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتتى. ئەسىر ئېلىنغانلار ئارىسىدىن بىر ئەر كىشى:

ــ مەن ئۇلاردىن ئەمەس، مەن بىر ئايالغا ئاشىق بولۇپ كەلگەن ئىدىم. شۇڭا ئۇنىڭغا بىر قارىۋالغىلى قويۇڭلار، ئاندىن خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، ـ دېدى.

ئۇ قارامتۇل، ئېگىز بويلۇق ئايال ئىدى. ئۇ كىشى ئايالغا:

ـــ ئى ھۇبەيش! ئۆمۈر ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغىن!... دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئايال:

ــ جېنىم ساڭا پىدا بولسۇن! ـ دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ئۇ ئادەمنى ئاپىرىپ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئۇ ئايال

[1] ھەيسەمى (10354): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە شەھر ئىبنى ھەۋشەب ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

كېلىپ، ئۇنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى تاشلاپ، بىر ياكى ئىككى ئاھ تارتىپلا ئۆلۈپ كەتتى.

قوشۇن قايتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

ــ ئاراڭلاردا بىرەر رەھىمدىل ئادەم يوقمىدى، ـ دېدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 12037؛ «ئەلئەۋسەت»)

6697 ـ عن عِصَامٍ الْمُزَنِي وَكَانَتْ له صُحْبَةٌ قال: كان رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم إذا بَعَثَ جَيْشًا أو سَرِيةً يقول لهم إذا رَأَيْتُمْ مَسْجِدًا أو سَمِعْتُمْ مُؤَذِّنًا فَلا تَقْتُلُوا أَحَدًا فَبَعَثَنَا النبي صلى اللهُ عليه وسلم في سَرِيةٍ وَأَمَرَنَا بِذَلِكَ فَخَرَجْنَا نَسِيرُ بِأَرْضِ تِهَامَةَ فَأَدْرَكْنَا رَجُلًا يَسُوقُ ظَعَائِنَ فَعَرَضْنَا عليه الإِسْلاَمَ فَقُلْنَا أَمُسْلِمٌ أنت قال وما الإِسْلامُ فَأَخْبَرْنَاهُ فإذا هو لا يَعْرِفُهُ قال فَإِنْ لم أَفْعَلْ فما أَنْتُمْ صَانِعُونَ قُلْنَا نَقْتُلُكَ قال فَهَلْ أنتم مُنْتَظِرِي حتى أُدْرِكَ الظعَائِنَ فَقُلْنَا نعم وَنَحْنُ مُدْرِكُوهُ فَخَرَجَ فإذا امْرَأَةٌ في هَوْدَجِهَا فقال أَسْلِمِي حُبَيْشُ قبل انْقِطَاعِ الْعَيْشِ فقالت أُسْلِمُ عَشْرًا أو تِسْعًا تَتْرًا...ثم أَتَانَا فقال شَأْنَكُمْ فَقَرَّبْنَاهُ فَضَرَبْنَا عُنُقَهُ وَنَزَلَتِ الأُخْرَى من هَوْدَجِهَا فَجَثَتْ عليه حتى مَاتَتْ.

6697 ـ ئىسام مۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر يەرگە قوشۇن ئەۋەتمەكچى بولسا: «مەسجىد كۆرگەن ياكى مۇئەززىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان يەرلەردە بىرمۇ ئادەمنى ئۆلتۈرمەڭلار!» دەپ تاپىلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزدىن بىر قوشۇن تەشكىللەپ، بىر يەرگە ئەۋەتتى ۋە بىزگىمۇ يۇقىرىقى سۆزلەرنى تاپىلىدى. بىز يولغا چىقىپ، تىھامە زېمىنىدا كېتىۋاتقىنىمىزدا، كاجۋىلىق تۆگىلەرنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان بىر ئەئرابىنى ئۇچراتتۇق. ئۇنىڭدىن:

[①] ھەيسەمى (10355): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

ــ سەن مۇسۇلمانمۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدۇق، ئۇ:

ــ ئىسلام دېگەن نېمە؟ ـ دېدى، بىز چۈشەندۈردۇق، ئۇ پەقەت بىلمەيدىكەن. ئۇ:

ــ ئەگەر مەن ئىسلامنى قوبۇل قىلمىسامچۇ؟ ـ دەپ سورىدى، بىز:

ــ ئۇنداقتا، سېنى ئۆلتۈرىمىز، ـ دېدۇق، ئۇ:

ــ كاجۋىنىڭ يېنىغا بېرىپ ـ كەلگىچە تەخىر قىلىپ تۇرامسىلەر؟ ـ دېدى، بىز:

ـ ھەئە، ئەمما بىزمۇ ئارقاڭدىن يېتىشىپ بارىمىز، ـ دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدۇق. كاجۋىدا بىر ئايال ئولتۇراتتى، ئۇ ئايالغا:

ــ ئى ھۇبەيش! ئۆمۈر ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولىۋال! ــ دېۋىدى، ئۇ ئايال ئارقا ــ ئارقىدىن (توققۇز ياكى ئون قېتىم):

ـ مۇسۇلمان بولىمەن، ـ دېدى... ئاندىن ئۇ يېنىمىزغا قايتىپ كېلىپ:

ــ ئەمدى خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار! ــ دېدى، بىز ئۇنى ئەكىلىپ كاللىسىنى ئېلىۋىدۇق، ھېلىقى ئايال كاجۋىسىدىن چۈشۈپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپلا ئۆلۈپ قالدى.[1]

(«ئەلكەبىر»: 9686؛ بەززار)

[1] ھەيسەمى (10356): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

## مۇرتەدلەرگە قارشى قىلىنغان غازاتلار

6698 ـ عن عامر قال لما قبض رسول الله ﷺ وارتد من ارتد من الناس قال قوم نصلي ولا نعطي الزكاة فقال الناس لأبي بكر اقبل منهم فقال لو منعوني عناقا لقاتلتهم فبعث خالد بن الوليد وقدم عدي بن حاتم بألف رجل من طيء حتى أتى اليمامة قال وكانت بنو عامر قد قتلوا عمال رسول الله ﷺ وأحرقوهم بالنار فكتب أبو بكر إلى خالد أن اقتل بني عامر وأحرقهم بالنار ففعل حتى صاحت النساء ثم مضى حتى انتهى إلى ماء خرجوا إليه فقالوا الله أكبر الله أكبر نشهد أن لا إله إلا الله نشهد أن محمدا رسول الله فإذا سمع ذلك كف عنهم فأمره أبو بكر أن يسير حتى ي ل الحيرة ثم يمضي إلى الشام فلما نزل بالحيرة كتب إلى أهل فارس ثم قال إني لأحب أن لا أبرح حتى أفزعهم فأغار عليهم حتى انتهى إلى سورا فقتل وسبى ثم أغار على عين التمر فقتل وسبى ثم مضى إلى الشام قال عامر فأخرج إلي بن بقيلة كتاب خالد بسم الله الرحمن الرحيم من خالد بن الوليد إلى مرازبة أهل فارس السلام على من اتبع الهدى فإني أحمد الله الذي لا إله إلا هو بالحمد الذي فصل حرمكم وفرق جماعتكم ووهن بأسكم وسلب ملككم فإذا جاءكم كتابي هذا فاعتقدوا مني الذمة وأدوا إلي الجزية وابعثوا إلي بالرهن وإلا فوالذي لا إله إلا هو لألقينكم بقوم يحبون الموت كحبكم الحياة سلام على من اتبع الهدى.

6698 ـ شەئبىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بەزى ئىنسانلار دىندىن يېنىۋالدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى:

ـ ناماز ئوقۇساق، ئەمما زاكات بەرمىسەك، ـ دەپ تۇرىۋالغاندى، بەزى ساھابىلار خەلىپە ئەبۇ بەكرىگە:

ــ ئۆلارنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلغىن! ــ دېيىشتى. لېكىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، زاكاتتىن بىر تۇياق قوزا چاغلىق نەرسىنى بەرمەيدىغان بولسا، ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچىمەن، ـ دېدى ۋە خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتتى. ئەدىي ئىبنى ھاتەممۇ تەي قەبىلىسىدىن مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يولغا چىقىپ، يەمامەگە چۈشتى.

بەنى ئامىر قەبىلىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋالىيلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، كۆيدۈرىۋەتكەن بولغاچقا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ خالىدقا:

ــ بەنى ئامىر قەبىلىسىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنى كۆيدۈرىۋەتكىن! ــ دەپ مەكتۇب يازدى. خالىد بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا باشلىغاندى، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى قىقاس ـ چۇقان چىقىرىۋەتتى. خالىد ئۇ يەردىن ئالغا ئىلگىرىلەپ، سۇلۇق بىر يەرگە يېتىپ بارغاندا، بەنى ئامىر قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

ــ الله ئەكبەر، الله ئەكبەر! بىز: ”لا ئىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ“ دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز، ـ دەپ توۋلاشتى. خالىد ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەتلى قىلىشنى توختاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى ئۇنى ھىيرەگە بېرىپ، ئۇ يەردىن شامغا ئاتلىنىشقا بۇيرىدى. خالىد ھىيرەگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، فارس ئەھلىگە خەت يازدى ۋە: ”مەن مېڭىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى بىر قورقىتىۋېتەي دەيمەن“ دەپ ئۇلارغا تېگىش قىلدى. ئاندىن سۇرا دېگەن جايغا يېتىپ بېرىپ، نۇرغۇن كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، قالغىنىنى ئەسىرگە ئالدى. ئۇ يەردىن يەنە ئەينۇل تەمر

دېگەن جايغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلاردىنمۇ نۇرغۇن كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، قالغىنىنى ئەسىرگە ئالدى، ئاندىن شامغا قاراپ ئاتلاندى.

شەئبى مۇنداق دەيدۇ: بەنى بەقىلە قەبىلىسى ماڭا خالىدنىڭ مەكتۇبىنى كۆرسىتىپ قويدى، ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغانىدى:

"بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم! خالىد ئىبنى ۋەلىدتىن فارسنىڭ ئەمىر ـ ئۇمەرالىرىغا: ھەق يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام. مەقسەتكە كەلسەك، مەن ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان يەككە ـ يېگانە اللهقا ھەمدۇ ئېيتىمەن. الله سىلەرنىڭ ھۆرمىتىڭلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى، قوشۇنلىرىڭلارنى پاچاقلىدى، كۈچۈڭلارنى ئاجىزلاشتۇردى، مۈلكىڭلارنى تارتىۋالدى. ئۇشبۇ مەكتۇبنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان مەندىن ئەھدۇ ـ پەيمان ئېلىپ، ماڭا جىزيە تۆلەڭلار ۋە ماڭا گۆرۈگە قويىدىغان نەرسىلەرنى ئەۋەتىڭلار. ئۇنداق قىلمايدىغان بولساڭلار، ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۈستۈڭلارغا خۇددى سىلەر ھاياتنى قانداق سۆيسەڭلار، ئۆلۈمنى شۇنداق سۆيىدىغان بىر قەۋمنى باشلاپ كېلىمەن، ھەق يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام!"[1].

(مەۋسىلى: 7190)

6699 ـ ابن إسْحَاقَ: لَما فَرَغَ خَالِدُ بن الْوَلِيدِ مِنَ الْيَمَامَةِ بَعَثَ أبو بَكْرٍ الصديقُ رَضِي اللهُ عنه الْعَلاءَ بن الْحَضْرَمِي إلى الْبَحْرَيْنِ وكان الْعَلاءُ هو الذي بَعَثَهُ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم إلى الْمُنذِرِ بن ساوي الْعَبْدِي فَأَسْلَمَ الْمُنذِرُ وَأَقَامَ الْعَلاءُ بها أَمِيرًا لِرَسُولِ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم وَارْتَدتْ رَبِيعَةُ بِالْبَحْرَيْنِ فِيمَن ارْتَد مِنَ الْعَرَبِ إلا الْجَارُودَ بن عَمْرٍو فإنه ثَبَتَ على الإِسْلامِ وَمَنْ تَبِعَهُ من قَوْمِهِ وَاجْتَمَعَتْ رَبِيعَةُ بِالْبَحْرَيْنِ وَارْتَدتْ وَقَالُوا نَرُد الْمُلْكَ في آلِ الْمُنْذِرِ فَمَلَكُوا الْمُنْذِرَ بن النعْمَانِ بن الْمُنْذِرِ وكان

[1] ھەيسەمى (10388): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇجالىد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. لېكىن بەزىلەر ئۇنى ئىشەنچلىك دەپ قارىغان، ـ دېگەن.

يُسَمى الْغُرُورُ وكان يقول بَعْدَ ذلك حين أَسْلَمَ وَأَسْلَمَ الناس وَعَلَيْهِمُ السَّيْفُ لَسْتُ بِالْغُرُورِ وَلَكِني الْمَغْرُورُ فلما اجْتَمَعَتْ رَبِيعَةُ بِالْبَحْرَيْنِ سَارَ إِلَيْهِمُ الْعَلاءُ بن الْحَضْرَمِي وَأَمدهُ بِثُمَامَةَ بن أُثَالٍ الْحَنَفِي وكان قد أَسْلَمَ وَأَسْلَمَ قَوْمُهُ فلما أُمِرَ الْعَلاءُ بن الْحَضْرَمِي بِثُمَامَةَ بن أُثَالٍ سَارَ معه بِمَنْ معه من بني سُحَيْمٍ حتى خَاضَ إلى رَبِيعَةَ الْبَحْرِ فَسَارَتْ رَبِيعَةُ إِلَيْهِمْ فَحَصَرُوهُمْ وَهُمْ بِجوَاثَا حِصْنٌ بِالْبَحْرَيْنِ حتى كَادَ الْمُسْلِمُونَ أَنْ يَهْلَكُوا مِنَ الْجَهْدِ...فَبَيتَهُمُ الْعَلاءُ فِيمَنْ معه مِنَ الْمُسْلِمِينَ مِنَ الْعَرَبِ وَالْعَجَمِ فَقَتَلُوهُمْ قَتْلا شَدِيدًا وَانْهَزَمُوا.

6699 ـ ئىبنى ئىسهاقتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: خالىد ئىبنى ۋەلىد يەمامەدىكى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلائ ئىبنى ھەزرەمىينى بەھرەينگە ئەۋەتتى. ئەلائ ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنزىر ئىبنى ساۋا ئەبدىيگە ئەۋەتكەن كىشىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، مۇنزىر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەۋە ئەمىر بولۇپ تۇرۇپ قالغان ئىدى. بەھرەيندىكى رەبىيئە قەبىلىسىمۇ باشقا ئەئرابىيلارغا ئوخشاش مۇرتەد بولۇپ كەتتى، پەقەتلا جارۇد ئىبنى ئەمىر ۋە قەۋمىدىن ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرلا ئىسلام دىنىدا مۇستەھكەم تۇردى.

شۇنداق قىلىپ، بەھرەيندىكى رەبىيئە قەبىلىسى توپلىشىپ مۇرتەد بولۇپ:

ــ پادىشاھلىقنى مۇنزىر جەمەتىگە قايتۇرىمىز، ـ دېيىشىپ، مۇنزىر ئىبنى نۇئمان ئىبنى مۇنزىرنى كۆشكۆرتتى. مۇنزىرنىڭ ئالدامچى دېگەن نامى بار ئىدى. ئۇ ۋە باشقا ئەرەبلەر مۇسۇلمان بولۇپ باشلىرىدا قىلىچ پۇلاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ:

ـ مەن ئالدامچى ئەمەس، ئالدانغۇچىمەن، ـ دەيدىغان بولغانىدى.

رەبىيئە قوشۇنلىرى بەھرەيندە توپلاشقاندىن كېيىن، ئەلائ ئىبنى ھەزرەمىي ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. ئەبۇ بەكرى

ئۇنىڭغا سۇمامەنى ھەمدەمگە ئەۋەتتى. سۇمامە ۋە ئۇنىڭ قەۋمى مۇسۇلمان بولغان ئىدى. سۇمامە كېلىپ قېتىلغاندىن كېيىن، ئەلائ ئىبنى ھەزرەمىي بەنى سۇھەيم قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ، دېڭىز ساھىلىدىكى رەبىيئە قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلدى. رەبىيئە قوشۇنلىرى ئۇلارنى بەھرەيندىكى جۇۋاسا دېگەن قەلئەدە مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى، مۇسۇلمانلار ھېرىپ ــ چارچاپ ھالاك بولغىلى تاس قالدى... شۇ ئەسنادا ئەلائ ئەرەب ۋە ئەجەمدىن بولغان مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن دۈشمەنگە كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارغا ئېغىر تالاپەت يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن، دۈشمەن مەغلۇب بولدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 95ـ93/18)

6700 ـ عن خُرَيْم بن أَوْسٍ: سمعت رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يقول هذه الْحِيرَةُ الْبَيضَاءُ قد رُفِعَتْ لي وَهَذِهِ الشيْمَاءُ بنتُ بُقَيْلَةَ الأَزْدِيَةُ على بَغْلَةٍ شَهْبَاءَ مُعْتَجِرَةٌ بِخِمَارٍ أَسْوَدَ فقلت يا رَسُولَ اللهِ فَإِنْ نَحْنُ دَخَلْنَا الْحِيرَةَ وَوَجَدْتُهَا على هذه الصفَةِ فَهِي لي قال هِي لك ثُم ارتدت الْعَرَبُ فلم يَرْتَد أَحَدٌ من طيىء وَكُنا نُقَاتِلُ بني أَسَدٍ وَفِيهِمْ طُلَيحَةُ بن خُوَيلِدٍ الْفَقْعَسِي ثُم سَارَ خَالِدٌ إلى مُسَيلِمَةَ فَسِرْنَا معه فلما فَرَغْنَا من مُسَيلِمَةَ وَأَصْحَابِهِ أَقْبَلْنَا إلى نَاحِيَةِ الْبصْرَةِ فَلَقِينَا هُرْمُزَ بِكَاظِمَةٍ في جَمْعٍ عَظِيمٍ ولم يَكُنْ أَحَدٌ أَعْدَى لِلْعَرَبِ من هُرْمُزَ قال أبو السكَيْنِ وَبِهِ يُضْرَبُ الْمَثَلُ تَقُولُ الْعَرَبُ أنت أَكْفَرُ من هُرْمُزَ فَبَرَزَ له خَالِدُ بن الْوَلِيدِ وَدَعَا إلى الْبرَازِ فَبرزَ له هُرْمُزُ فَقَتَلَهُ خَالِدٌ رضي اللهُ عنه وَكَتَبَ بِذَلِكَ إلى أبي بَكْرٍ رضي اللهُ عنه فَنفلَهُ سَلَبَهُ فَبلَغَتْ قَلَنسُوَةُ هُرْمُزَ مائة أَلْفِ دِرْهَمٍ ثُم سِرْنَا على طَرِيقِ الطف حتى دَخَلْنَا الْحِيرَةَ فَكَانَ أولَ من تَلَقَانَا فيها شَيْمَاءُ بنتُ بُقَيْلَةَ الأَزْدِيةُ على بَغْلَةٍ لها شَهْبَاءَ بِخِمَارٍ أَسْوَدَ كما قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فَتَعَلقْتُ بها وَقُلْتُ هذه وَهَبَهَا لي رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فَدَعَانِي خَالِدٌ عليها الْبَينَةَ فَأَتَيْتُهُ با

---

[①] ھەيسەمى (10389): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىبنى ئىسھاققىچە بولغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

فَسَلمَهَا إلى وَنَزَلَ إِلَيْنَا أُخُوهَا عبد الْمَسِيحِ فقال لي بِعْنِيهَا فقلت لا أُنقُصُهَا وَاللهِ من عَشْرِ مِائَةٍ شيئا فَدَفَعَ إلي أَلْفَ دِرْهَمٍ فَقِيلَ لي لو قُلْتَ مِائَةَ أَلْفٍ لَدَفَعَهَا إِلَيْكَ فقلت ما أَحْسِبُ أن مَالا أَكْثَرَ من عَشْرِ مِائَةٍ.

6700 ـ خـۇرەيم ئىبنـى ئەۋس رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇدىن مۇنـداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم:

ــ مانـا ئـاق ھـىـرە شـەھـىرى ماڭـا كۆرسـىتىلدى. ئەنە شـەيمائ بىنتى بۇقەيلە ئەزدىيە قـارا رومـال بىـلەن بېشىنى ئـوراپ، قىـزىـل قېچىرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ، ـ دېدى. مەن:

ــ ئـى رەسـۇلۇللاھ! ئەگەر بىـز ھـىـرەگە كىرىـپ، ئـۇنى مۇشـۇ سۈپەتتە ئۇچراتسام، ئـۇ مېنىـڭ بولـسۇنمۇ؟ ـ دېـسەم، پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسالام:

ــ ئۇ سېنىـڭ بولسۇن! ـ دېدى.

كېيىنكـى چـاغلاردا، ئەرەبـلەر دىنـدىن يېنىـپ كېتىـشكە باشلىدى، لېكىن تەي قەبىلىسىدىن ھېچكىم يانماي چىڭ تۇردى. بىـز بەنـى ئەسـەد قەبىلـىسى بىـلەن ئۇرۇشـۋاتاتتۇق، ئۇلارنىـڭ ئارىسىدا تۇلەيهە ئىبنـى خۇۋەيلىـد فەقئەسـي بـار ئىـدى. كېيىـن خالىد مۇسەيلەمەگە جازا يۈرۈشى قىلدى، بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە يولغـا چىقتـۇق. مۇسـەيلەمە ۋە ئۇنىـڭ مـۇردلىرىنى بىـر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، بەسرە تەرەپكە يـۈرۈپ كەتتـۇق. كـازىمە دېگەن جايدا ھۇرمـۇزنى سـان ـ ساناقـسىز ئەسـكىرى بىـلەن ئۇچراتتـۇق. ئەرەبلەرگە ھۇرمۇزدىنمۇ ئۆچ ئادەم يوق ئىدى (شۇڭا ئەرەبلەر بەزىدە ئۇنى مىسال كەلتۈرۈپ: ”ھۇرمۇزدىنمۇ يامان كـاپىر“ دېيىـشەتتى). خالىـد ئىبنـى ۋەلىـد مەيـدانغا چۈشـۈپ، يەكمـۇ يەك ئېلىشىـشقا چاقىرغانىدى، ھۇرمۇز ئوتتۇرىغا چىقتى. خالىد رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتى. ئاندىن بـۇ ۋەقەنـى ئەبـۇ بەكرىگە مەلـۇم قىلىـپ مەكتۇب يازدى، ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭغا ھۇرمۇزنىڭ قورال ـ جابدۇقىنى

ئىنئام قىلدى. ئۇنىڭ قورال - جابدۇقلىرى يۈزمىڭ تەڭگىگە يارايتتى.

ئاندىن كېيىن، تاف تەرەپتىن ھىرەگە كىردۇق. ئالدىمىزغا بىرىنچى بولۇپ شەيمائ بىنتى بۇقەيلە ئەزەدىيە ئۇچرىدى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆپەتلىگەندەكلا قارا رومال بىلەن بېشىنى ئوراپ، قىزىل قېچىرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇراتتى. مەن دەرھال ئۇنىڭغا ئېسىلىۋېلىپ:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ماڭا بېرىۋەتكەنىدى، - دەپ تۇرىۋالدىم. خالىد بۇنى ئىسپاتلاشقا بۇيرىدى، مەن ئىسپاتلىدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ماڭا تاپشۇردى. ئۇنىڭ ئاكىسى ئابدۇل مەسىھ يېنىمىزغا كېلىپ:

- ئۇنى ماڭا سېتىپ بەرگىن! - دېدى، مەن:

— اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى مىڭدىن كەم بەرمەيمەن، - دېدىم، ئۇ دەرھال ماڭا مىڭ تەڭگە بەردى. ھەمراھلىرىم ماڭا:

- ئەگەر يۈز مىڭ دېگەن بولساڭمۇ، ساڭا بېرەتتى، - دېيىشتى. مەن:

- مەن مىڭدىنمۇ جىقراق پۇل بار دەپ ئويلىمايمەن، - دېدىم[1].

(«ئەلكەبىر»: 4168)

---

[1] ھەيسەمى (10393): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تەرجىمىھالى نامەلۇم كىشىلەر بار، - دېگەن.

## مۇندەرىجە


**جىھاد بۆلۈمى ........................................................ 9**

چېگرا قوغداش (پوستا تۇرۇش) ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى............................................................. 9

شېھىدلىك ۋە شېھىدلارنىڭ پەزىلىتى ................................. 35

جىھاد قىلىشنىڭ پەرزلىكى ۋە جىھاد ئەسناسىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقلار............................................. 59

جىھادقا ئالاقىدار ھۆكۈملەر ۋە سەۋەبلەر.......................................... 73

ئامانەت، سۈلھى، جىزيە، ئەھدىنى بۇزۇش ۋە خىيانەت قىلىش.......... 101

غەنىمەتلەر، غەنىمەتكە خىيانەت قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر ............................................................................ 129

(نورمال غەنىمەت تەقسىماتىدىن) ئارتۇق بېرىش ۋە غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى ئايرىش ............................................ 151

غەنىمەتلەر ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈلۈشى ........................................................................ 163

مۇسابىقىلىشىش، ئوق ئېتىش ۋە ئاتلار ھەققىدە............................ 179

**قوشۇن ئەۋەتىش ۋە غازاتلار بۆلۈمى.................................... 193**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تېگىنىڭ ئېسىللىكى، پەيغەمبەرلىكىنىڭ قەدىمقى زامانلارغا تۇتىشىدىغانلىقى، نەسەبى ۋە نام ـ شېرىپلىرى................................ 193

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇغۇلۇشى، سۈت ئېمىشى، كۆكرىكىنىڭ يېرىلىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى ............... 207

ۋەھىينىڭ باشلىنىشى ۋە قانداق نازىل بولغانلىقى........................ 223

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدا قەۋمى يەتكۈزگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغانلىقى ۋە بۇتلارنى چېقىۋەتكەنلىكى.............................................. 233

ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىش ........ 249
پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىجرەت قىلىپ چىقىشى ........ 263
ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق ئەقەبە ئۇچرىشىشى ........ 269
پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى ........ 289
پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غازاتلىرىنىڭ سانى ۋە بەدر غازىتىدىن ئىلگىرىكى ۋەقەلەر بايانى ........ 333
بەدر غازىتى ........ 341
بەدر غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭ ئىسمىلىكى (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) ........ 383
بۇنىدىن باشقا، «مەجمەئۇززاۋائىد» ناملىق كىتابتا ئىسمى ئاتالغانلار: ........ 385
بەنى نەزىر غازىتى، مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىش ۋە كەئب ئىبنى ئەشرەف بىلەن ئەبۇ رافىئنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ........ 403
ئۇھۇد غازىتى ........ 419
«مەجمەئۇززاۋائىد» تا ئىسمى بايان قىلىنغان ئۇھۇد شېھىدلىرى ........ 457
رەجىئ غازىتى، بىئرى مەئۇنە غازىتى ۋە فەزارە غازىتى ........ 461
خەندەك ئۇرۇشى ۋە بەنى قۇرەيزە غازىتى ........ 483
زاتۇررىقائ، بەنى مۇستەلىق ۋە ئەنمار غازاتلىرى ........ 501
ھۇدەيبىيە غازىتى ........ 505
زۇقەرەد غازىتى، خەيبەر غازىتى ۋە (ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە ئاساسەن ئادا قىلىنماي قالغان) ئۆمرىنىڭ قازاسى ........ 547
شام زېمىنىدىكى مۇئتە غازىتى ۋە ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ جۇھەينە قەبىلىسىنىڭ ھۇراقات جەمەتىگە ئەۋەتىلىشى ........ 563
مەككىنى فەتھ قىلىش غازىتى ........ 575
ھۇنەين غازىتى ........ 605
ئەۋتاس ۋە تائىف غازاتلىرى ........ 633

خالىد ئىبنى ۋەلىدنى بەنى جەزىيمە قەبىلىسىگە ئەۋەتىش ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە سەھمىي بىلەن ئەلقەمە ئىبنى مۇجەززىر مۇدلىجىينىڭ قوماندانلىقىدا ئەۋەتىلگەن قوشۇن (بۇ قوشۇن ئەنسارىلار قوشۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ................................ 639

ئەبۇ مۇسا بىلەن مۇئازنىڭ يەمەنگە ئەۋەتىلىشى، يەنە ئەلى بىلەن خالىدنىڭمۇ يەمەنگە ئەۋەتىلىشى (بۇ ئىككى قوشۇن ۋىدالىشىش ھەجىدىن بۇرۇن ئەۋەتىلگەنىدى) ................................ 643

زۇلخەلەسە، زاتۇسسەلاسىل ۋە تەبۇك غازاتلىرى .............................. 649

بەنى مۇلەۋۋەھ زەغبەتۇسسۇھەيمى قاتارلىق قەبىلىلەرگە ئەۋەتىلگەن قوشۇنلار ................................................................ 659

مۇرتەدلەرگە قارشى قىلىنغان غازاتلار ......................................... 673